
ياسىنجان سادىق چوغلان



# جاللات خېنىم

(1)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ياسىنجان سادىق چوغلان

# جاللات خېنىم

(تارىخىي رومان)

(1)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

魔鬼夫人/亚森江·沙迪克著.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.10

ISBN 7—228—08354—7

Ⅰ.魔…　Ⅱ.亚…　Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)　Ⅳ.1247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 089124 号

责任编辑：买买提吐尔地·米尔孜艾合买提
责任校对：艾加尔古丽·吐尔逊
封面画者：阿布都秀库尔·克里木
封面设计：阿里甫·夏

魔鬼夫人(维吾尔文)
亚森江·萨迪克　著
艾尔肯·伊不拉音　编辑


新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市 348 号 邮编：830001)
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆金版印务有限公司印刷
850×1168 毫米　32 开本　29.75 印张　20 插页
2003 年 12 月第 1 版　2003 年 12 月第 1 次印刷
印数：1—5000

ISBN7—228—08354—7/I　总价(上、下集 )：52.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换



بۇ كىتابىمنى مېھرىبان ئانامغا، كۆيۈمچان
ئايالىمغا ۋە بارلىق سۆيۈملۈك خانىم - قىزلارغا
ئېھتىرام بىلەن بېغىشلايمەن.

— ياسىنجان سادىق چوغلان



ئاپتور ئايالى ۋە بالىلىرى بىلەن بىللە



ئاپتور كەندىكى قەلەمكەشلەر بىلەن بىللە

# مۇھەررىردىن

ياش يازغۇچى ياسىنجان سادىق چوغلان 1966 ـ يىل 3 ـ ئايدا يەكەن ناھىيە بازىرىدا ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1983 ـ يىلى شىنجاڭ سۇ ـ ئېلېكتر تېخنىكا مەكتىپىنىڭ سۇ باشقۇرۇش كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. 1986 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يەكەن دەريا باشقارمىسىغا ئورۇنلاشقان، ھازىرغىچە مۇشۇ ئورۇندا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

ياسىنجان سادىق چوغلان 1988 ـ يىل 4 ـ ئايدا «يەكەن گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئاددىي ـ ساددا باشلىق» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەندىن بۇيان تىرىشچانلىق بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپە قوشۇپ كەلدى. ئۇنىڭ «ئېھ، سەھرا»، «ئەتە يەنە پوچتالىيون كېلىدۇ»، «قاغا»، «چىلان تۇپراق»، «بېلىقچى ھەققىدە ھېكايە»، «كالا»، «چاشقان ئاپتى»، «قارا قۇمچاق»، «ئېچىل پاختام»، «تاز ۋە چىۋىن» قاتارلىق ھېكايىلىرى؛ «قۇرۇپ كەتكەن دەريا»، «قۇملۇق»، «كاككۇك بالىسى»، «سۆيگۈ قېرىمايدۇ» قاتارلىق پوۋېستلىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭ «ئېھ سەھرا» ناملىق ھېكايىسى 1994 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» غا، «ئاي مۆككەن كېچە» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى 1999 ـ يىلى مەملىكەتلىك 6 ـ نۆۋەت-

لىنىڭ «تۇلپار ئەدەبىياتى مۇكاپاتى»غا، «قۇملۇق» ناملىق پوۋېس-
تى «تارىم مۇكاپاتى»غا، «قۇرۇپ كەتكەن دەريا» ناملىق پوۋېس-
تى 2001 - يىلى «ئالتۇن توي» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئۇنىڭ هازىرغىچە «يۇرىكىم يىغلايدۇ» (هېكايە - نەسرلەر توپلىمى)، «ئاي مۆككەن كېچە» (هېكايىلەر توپلىمى)، «جا-نانغا يېزىلغان خەت» (پوۋېستلار توپلىمى)، «كاككۇك بالىسى» (پوۋېستلار توپلىمى)، «سۇكۇتتىكى زېمىن» (پوۋېست - هې-كايىلەر توپلىمى)، «داۋان» (رومان)، «كۈيلەر خانىشى — ئامانىنساخان» (باللار پوۋېستى)، «ئادالەت هامىيسى — سەئىدخان» (باللار پوۋېستى)، «ئاتەش قەلب، ساخاۋەتلىك زېمىن» (ماكرو ئەدەبىي ئاخبارات)، «يوللار ئېسىڭدە بولسۇن» (ئەدەبىي ئاخباراتلار توپلىمى) قاتارلىق كىتابلىرى هەرقايسى نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. «شېرىن چۈشتىكى قارا كۆلەڭگە»، «ئاق يۆگەك»، «يۈرەكسىز سۆيگۈ»، «قەشقەردە توي»، «ئۇيغۇر پوۋېستلىرىدىن تاللانمىلار»، «ئۇيغۇر هېكايە-لىرىدىن تاللانمىلار» قاتارلىق كىتابلارغا بىر قىسىم ئەسەرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

ياسىنجان سادىق چوغلان هازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئى-يىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ هەيئەت ئەزاسى. قولىڭىزدىكى «جاللات خېنىم» ناملىق بۇ ئىك-كى قىسىملىق تارىخىي رومان ياش قەلەم ساھىبىنىڭ ئون بەش يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىكى ۋەكىللىك ئەسەر بولۇپلا قالماس-تىن، بەلكى تارىخىي رومانچىلىقىمىزدا مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ هېسابلىنىدۇ. بىز بۇ رومانىنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا تىنىمسىز، مىننەتسىز، تەمەسىز هالدا ئۇن-تىنسىز ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان بۇ تۆھپىكار ياش يازغۇچىنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، بەخت، ئىجادىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم


بىرىنچى باب شاھ قىلىچى قانسىرىغان ...... 1
ئىككىنچى باب مەزھەپ توپانى ...... 57
ئۈچىنچى باب تەخت غوۋغاسى ...... 137
تۆتىنچى باب تىترىگەن زېمىن ...... 191
بەشىنچى باب پاجىئەلىك قىسمەتلەر ...... 249
ئالتىنچى باب سۈلۈك تۇمانلىرى ...... 344
يەتتىنچى باب تۇندىكى قىساسخورلار ...... 428


## ئىككىنچى قىسىم


سەككىزىنچى باب ئەمەلگە ئاشمىغان سۇيىقەست ...... 493
توققۇزىنچى باب داغ ...... 589
ئونىنچى باب مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ...... 692
ئون بىرىنچى باب شەيتان ئەلچىسى ...... 812
ئون ئىككىنچى باب قىساسكار خېنىم ...... 870
خاتىمە ئورنىدا ...... 944

# بىرىنچى باب

# شاھ قىلىچى قانسىرىغان

## 1

مىلادىيە 1666 ـ يىلى تومۇز ئايلىرى. چىڭقىچۈش.

قۇياش كۆيدۈرگۈچ نۇرلىرىنى گويا مۇشۇ زېمىنغىلا چېچىۋاتقاندەك يەر ـ جاھان تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى. سۇسىز چۆلنىڭ كۆز يېتىم دائىرىسىدە سەراپ كۆل سۈيىدەك زاھىر بولۇپ، ئەينەكتەك جۇلالىناتتى. تاش ـ داڭگاللار گۆش قويسا كاۋاپ بولغۇدەك قىزىپ كەتكەنىدى. باھار يامغۇرىدا كۆكەرگەن قومۇش، يانتاق، قامغاق، ئازغان، چاكاندىلار تومۇزنىڭ كۆيۈك ئاپتىپىدا سارغىيىپ قۇرۇشقا باشلىغانىدى. قىپقىزىل يۇلغۇن چېچەكلىرى خۇددى كۆيۈۋاتقاندەك قىزغۇچ يالقۇن چاچاتتى. زېمىندىن كۆتۈرۈلگەن ئىسسىق شامال ئادەمنىڭ نەپسىنى بوغاتتى. بەئەينى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدەك مۇدھىش تىمتاسلىققا چۆمگەن بۇ سايىنىڭ جىمجىتلىقىنى يىراقتىن ئاڭلانغان تۇچ كولدۇرمىنىڭ يېقىملىق جىرىڭلاشلىرى بۇزۇۋەتتى. شۇ ھامان يۇلغۇن سايىسىدە زېمىننىڭ ھارارىتىگە بەرداشلىق بېرەلمەي گاھ ئالدى ئوڭ پۇتى بىلەن ئارقا سول پۇتىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئالدى سول پۇتى بىلەن ئارقا ئوڭ پۇتىدا يەر دەسسەپ، گاھ ئالدى سول پۇتى

ھاۋادىنىڭ پەردىلىرى قايرىۋېتىلگەندى.
— سەركەردە، ھەي سەركەردە!
باشتىكى مەپىدىن ئاڭلانغان ئايال كىشىنىڭ زىل ئاۋازى مەپكەشنىڭ مۇگدىشىگە ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئالدىدا يول باشلاپ كېتىپ بارغان سەركەردىنى چۆچۈتتى. ئۇ چاقماق تېزلىكىدە قەددىنى رۇسلىدى. ئوڭ قولى يېنىغا ئېسىۋالغان قىلىچىنىڭ سېپىغا، سول قولى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىغا يۆگۈردى. تاي چېغىدىن تارتىپ كۆكتۆل قويۇپ كۆندۈرۈلگەن، ھازىرغىچە بىرقانچە قېتىملىق جەڭلەرگە قاتناشقان جەدە ئايغىر چۇلۋۇرنىڭ يەڭگىل سىلكىنىشىدىن چەپپىدە توختىدى. سەركەردە بۇركۇتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا چاقچانلىق بىلەن تەكشى نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن، ئاتنىڭ بېشىنى مەپە تەرەپكە بۇرىدى ـ دە، مەپىدىن بىر قەدەم نېرىدا توختاپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپ سورىدى:
— لەببەي، خان ئاغىچا خېنىم.
سايىۋەننىڭ ھاۋادىنىدىن يۈزىنى ھىلھىلە رومال بىلەن يېرىم يۆگىۋالغان ئوتتۇز نەچچە ياشلاردىكى جۇۋاننىڭ تۇجۇپىلەپ قويغان ئۇسمىسى سىڭىپ ئېچكەن قىياقتەك قېشى، سۇرمە سۈرۈلگەن قايرىما كىرپىكلىك شەھلا كۆزلىرى كۆرۈندى.
— سالقىنراق جاي تېپىپ ئۇسسۇزلۇق ئىچكەچ بىردەم شامالدىساق بولاتتى.
— خوش، ئاغىچا خېنىم، — سەركەردە قولىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ ئالدى تەرەپكە نەزەر تاشلىدى ـ دە، يەنە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى، — ئالدىمىز تەرەپتە دەل ـ دەرەخلىك كۆرۈنگەندەك قىلىدۇ. شۇ يەرگە بېرىپ سالقىندىساق قانداق بولۇر؟
— مەيلى، — دېدى ئاغىچا خېنىم، — مەلىكىنىڭ مەپىسىگە قاراپ باقسىلا، ئۇسساپ قالدىمىكىن؟

بىلەن ئارقا ئۇلۈك پۇتىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئالدى ئۇلۈك پۇتى بىلەن
ئارقا سول پۇتىدا يەر دەسسەپ تۇرغان پاتمىچۇق، كەسلەنچۈكلەر
چۆچۈشكىنىچە بوغۇم - بوغۇم قاسىراقلىق قۇيرۇقلىرىنى تىك
كۆتۈرۈشكىنىچە يەر بېغىرلاپ قېچىشقا باشلىدى. قومۇشلارنىڭ
سايىسىدە مۆكۈنۈپ ياتقان تورغايلار پۇررىدە ئۇچۇپ يەنە بىر
قومۇشلۇقتىكى يۇلغۇنلارنىڭ ئارىسىغا شۇڭغۇدى. ئىككىدىن
خىل ئات قېتىلغان بەش مەپە ئاستانە تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى.
بامدات ۋاقتى بىلەن يېڭىسار قەلئەسىدىن يولغا چىققان بۇ ئاتلار
تېخى ھېرىپ قالمىغان بولسىمۇ، سايىنىڭ ئاتەشلىك ھارارىتىگە
بەرداشلىق بېرەلمەي ئېزىلىپ - ئېزىلىپ قۇشقۇن تارتاتتى.
ئاتلارنىڭ بويۇنلىرىغا، ئېگەر - جابدۇقلىرىغا، مەپىنىڭ ئوقىغا
ئېسىپ قويۇلغان مىس قوڭغۇراقلارمۇ ئاتلارنىڭ مېڭىشىغا ماس-
لىشىپ جانسىز جىرىڭلايتتى. مەپىنىڭ شادىلىق يوغان چاقلىرى
گويا بۇ سايدىن، چۆل ئاپتىپىدىن زارلانغاندەك نالىلىك غىچىر-
لايتتى. مەپىلەرنىڭ ئالدىدا جەدە ئارغىماققا مىنگەن، دۇبۇلغا -
ساۋۇت كىيىپ، يېنىغا قىلىچ، بوينىغا ئوقيا ئاسقان يول باشلى-
غۇچى سەركەردىمۇ، مەپىگە يۆلىنىپ پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ
ئولتۇرغان مەپىكەشلەرمۇ ۋە مەپىلەرنىڭ كەينىدىن قوراللىنىپ
ماڭغان، دۇبۇلغا - ساۋۇت كىيىپ، جەڭ قوراللىرى بىلەن
تولۇق قوراللانغان ئەللىككە يېقىن ئاتلىق سەرۋازلارمۇ يۇلۇپ
تاشلىۋەتكەن گىياھتەك سولىشىپ قالغانىدى. مەپىنىڭ قۇببە
شەكىللىك سايىۋىنى كۆك مەخمەل بىلەن قاپلانغان بولۇپ، چۆ-
رىسىگە تەتىللادىن جىيەك تۇتۇلۇپ، رەڭلىك چۇچا، چىلتەكلەر
بىلەن بېزەلگەنىدى. سايىۋەننىڭ ئالدى ۋە ئۇلۈك - سول ئىككى
يېنىدىن باش پاتقۇدەك چوڭلۇقتا كۆزنەك ئېچىلىپ، ئالتۇن رەڭ
تاۋار پەردە تارتىلغانىدى. بۇ كۆزنەكلەردىن مەپىدە ئولتۇرغۇچى-
لار ھەم سىرتنى كۆزىتىش، ھەم ھاۋا ئۆتكۈزۈپ شامالداش
ئۈچۈن پايدىلىناتتى. شۇ تاپتا مەپىلەرنىڭ ئىككى يان تەرىپىدىكى

نىڭ سايىسى چۈشكەن تۆت پارچە كىگىز ئورنىدەك چىملىقنى
مولجاللىدى ـ دە، كەينىدىن دەمبەس قەدەم ئات چاپتۇرۇپ كەل-
گەن سەرۋازغا بۇيرۇق قىلدى:

— زىلچا ـ كۆرپىلەرنى ئاشۇ سۆگەتنىڭ سايىسىگە سېلىڭ-
لار. چاققان بولۇڭلار، ئاغىچا خېنىم ساقلاپ قالمىسۇن.

سەرۋازلار قاتار كېلىپ توختىغان مەپىلەرنىڭ تۆتىنچىسى-
دىن ئىككى پارچە گىلەمنى ئېلىپ سايىدىكى چىملىققا سالدى.
ئۇنىڭغىچە ئۈچىنچى مەپىدىن ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياشلار
چامىسىدىكى ئۈچ كېنىزەك بىلەن قىرىق ياشلار چامىسىدىكى
قاۋۇل بىر خىزمەتكار ئايال چۈشۈپ بىرىنچى مەپىنىڭ قېشىغا
كەلدى ـ دە، مەپىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئىشىكنى ئاچتى. قىز-
لاردىن بىرى قولىدىكى تۆت پۇتلۇق دەسسىگۈچنى مەپىنىڭ لېۋىگە
توغرىلاپ قويدى. يەنە بىر قىز مەپىدىن چۈشۈش ئۈچۈن تەمشەل-
گەن ئاغىچا خېنىمنىڭ قوش ـ قوش ئالماس كۆزلۈك ئالتۇن
ئۈزۈك سېلىنغان ئىنچىكە بارماقلىرىدىن ئاۋايلاپ تۇتتى. ئاغىچا
خېنىم مەرۋايىت ۋە ھەر خىل رەڭدار تاشلاردىن بېزەك قويۇپ
تىكىلگەن قىزىل رەڭلىك ئاياغ كىيگەن پۇتىنى مەپىنىڭ لېۋىگە
توغرىلاپ قويۇلغان دەسسىگۈچكە پەم بىلەن قويدى ھەمدە ئىككى
كېنىزەكنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ يـاردەم بېرىشى بىلەن ئاۋاي-
لاپ يەرگە چۈشتى. ئۇ مەپىنىڭ ئىچىدىكى دىمىق ھاۋادا خېلىلا
تەرلەپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئالتۇن ئۈزۈكلەرگە تولۇپ كەت-
كەن بارماقلىرى بىلەن مايسا رەڭ شايى كۆڭلىكىنىڭ كۆنجىكى-
دىن چىمداپ تۇتۇپ، ئۆزىنى يەلپۈشكە باشلىدى. بوستانلىقنىڭ
سالقىن غـۇر ـ غـۇر شـامىلى شايى كـۆڭلەكنىڭ ئېتىكىنى
يەلپۈيتتى.

— ئۇھ، شۈكـرى خۇدايىم. ئەجـەب بىر راھەتكە چىقتى-
مـا، — ئاغىچا خېنىم شۇنداق دېگەچ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى ـ
دە، ئىككىنچى مەپىدىن چـۈشـۈپ قاراپ تۇرغان ئىككى كېنى-

— خوش.
سەركەردە ئېتىنىڭ بېشىنى ئىككىنچى مەپىگە بۇرىدى ۋە هاۋادادىن مەپە ئىچىگە نەزەر تاشلىدى.
مەلىكە شېرىن سۈت ئۇيقۇسىغا كەتكەنىدى. ئۇششاق ئۆرۈل-گەن كوكۇلا چاچلىرى يولدا ئوقۇپ كەلگەن كىتابىنىڭ ئوچۇق بەتلىرىدە يېيىلىپ ياتاتتى. مەلىكىنىڭ ئىككى كېنىزىكمۇ بىرى-نىڭ ساغرىسىغا بىرى بېشىنى قويۇپ، مەپىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئۇخلاپ قېلىشقانىدى.
سەركەردە باشتىكى مەپىنىڭ قېشىغا كېلىپ جاۋاب بەردى:
— ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم بولغاي، مەلىكە مەھلىيا خېنىم ئۇخلاپ قاپتۇ، ئويغىتىشقا پېتىنالمىدىم.
مەپە ئىچىدىن سادا چىقمىدى. سەركەردە بىرنەچچە دەقىقە جاۋاب كۈتكەندىن كېيىن يەنە سورىدى:
— مېڭىشقا ئىجازەتمىكىن، ئاغىچا خېنىم!
— ئىجازەت. مەلىكە ئۇخلاپ قالغان بولسا ئويغىتىپ كەتمە-سۇن. مەپىنى سىلىقراق ھەيدەڭلار.
— خوش، ئاغىچا خېنىم.
بىر چۆگۈن چاي قاينىمى يول ماڭغاندىن كېيىن سەركەردە-نىڭ كۆز ئالدىدا ياپيېشىل بىر بوستانلىق نامايان بولدى. تاپتا-قىر سايلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا خۇددى بىر پارچە يېشىل كىمخابنى تاشلاپ قويغاندەك تاسادىپىي ۋە ئاجايىپ يېقىملىق تۈيغۇلارنى قوزغاتقۇچى توغراق، تاغ تېرىكى، سۆۋادان، جىگدە ۋە سۆگەتلەر بىلەن بېزەلگەن بوستانلىقنىڭ نېرىقى چېتى مەھەللىگە تۇتىشات-تى. يول مۇشۇ بوستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتەتتى. كۈنپې-تىش تەرەپتىكى كۆيۈك تاغلاردىن ئېقىپ كەلگەن، ئىككى تاش تۈگمەن چۆرگىلەتكۈدەك بىر ئېقىن مۇشۇ بوستانلىققا كەلگەندە يېيىلىپ، تارامىلارغا بۆلۈنۈپ ئاقاتتى. ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن سەركەردە ئېقىن بويىدىكى قۇچاق يەتكۈسىز ئىككى تۈپ سۆگەت-

بولۇپ قالغانىدى. يەنە بىر تۈپ سۆگەتنىڭ ئادەم بويى بىلەن
تەڭ يېرىدە ئادەم بېشىدەك ۋە قوش مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتا بىر-
نەچچە پوقىقى ساڭگىلاپ تۇراتتى. سۆگەتنىڭ شاخلىرىغا قاغا -
قۇزغۇنلار ئۇۋا سالغان بولۇپ، نېمە سەۋەبتىندۇر بىراۋلار ئې-
سىپ قويغان قاپاقلار سەلكىن چۆل شامىلىدا تىنىمسىز پۇلاڭ-
لاپ تۇراتتى، شۇنداقلا قارىغان كىشىگە بۇ قاپاقلار خۇددى
ئىككى - ئۈچ ياشلىق بالىلارنى بويىنىدىن ئېسىپ قويغاندەك
ۋەھىمىلىك تۇيغۇ بېرەتتى.
— ئانامەي، — دېدى ئاغىچا خېنىم ھودۇققان ھالدا، —
ئادەمنىڭ تېنى ئەيمىنگۇدەك سۆگەتكەنغۇ بۇ، داستىخاننى دەرھال
باشقا يەرگە يۆتكەڭلار.
— بۇ سۆگەتلەرنىڭ سايىسى بەلەنتى، ئاغىچا خې-
نىم، — دېدى سەركەردە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.
— ئالۋاستى ئۈۋۈسىدەك بۇ يەردە قانداقمۇ خاتىرجەم ئارام
ئالغىلى بولسۇن، دەرھال يۆتكەڭلار، — دېدى ئاغىچا خېنىم
قەتئىيلىك بىلەن قولىنى سىلكىپ، — قېرى سۆگەتلەرگە،
بولۇپمۇ مۇشۇنداق چۆلدىكى پورلىشىپ كەتكەن قارنى يوق سۆ-
گەتلەرگە ئالۋاستى ئۈۋۈلىۋالىدۇ. بۇنداق خالىي ئەمەس جايدا
ئارام ئالساق ئالۋاستى چېپلىۋالمىسۇن يەنە. سۆگەتنىڭ سايى-
سىگە چىدىمىسىلا سەرۋازلار بىلەن ئۆزلىرى ئارام ئالسىلا.
زىلچا، كۆرپە، داستىخانلار قول - قولچە يۆتكەلدى.
— توشقان! ئەنە قاچتى، ئەكە ئوقيانى، ئىلدام بول...
ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەن مەلىكىنىڭ كەپسىزلىك بىلەن
چۇقان سېلىشى ئاغىچا خېنىمنىڭ دىققىتىنى بۆلدى. مەلىكىنىڭ
يېنىدىكى كېنىزەك يۈگۈرۈپ بېرىپ مەپىدىن چاقىقانغىنە بىر
ئوقيا بىلەن لىق ئوق قاچىلانغان، زەر يىپلار بىلەن كەشتىلەنگەن
ئوقداننى ئەكەلدى. ئاغىچا خېنىم مەلىكىنىڭ كەپسىزلىكىنى
ياقتۇرمىغان ھالدا تاقەتسىزلىنىپ ۋارقىرىدى:

زەكتىن سورىدى، — مەلىكىنى نېمىشقا مەپىدىن چۈشۈرمەيسىلەر؟

ئىككى كېنىزەك دەرھال قول قوۋۇشتۇرۇپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جاۋاب بەردى:

— مەلىكە تېخىچە ئويغانمىدى، ئاغىچا خېنىم.

— ئويغىتىڭلار، سەگەدەپ بىردەم ئوينىۋالسۇن. يەنە ئۇخلىۋالىدۇ تېخى، — ئاغىچا خېنىم ئەمدى يېنىدىكى كېنىزەكلەرگە قارىدى، — خالىيىراق بىر جايغا باشلاڭلار.

بىر كېنىزەك ئالدىدا يول باشلاپ، ئىككى كېنىزەك ئاغىچا خېنىم يىقىلىپ چۈشسە ھازىرلا يۆلىۋېلىشقا تەييار تۇرغان ھالەتتە ئىككى يېنىدا مېڭىپ، ھاجەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن قويۇق ئورمانلىقنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

خىزمەتكار ئايال ئاغىچا خېنىمنىڭ مەپىسىدىن ئىككى تەتىللا كۆرپىنى ئالدى - دە، سەرۋازلار سالغان زىلچىنىڭ تۆر تەرىپىگە قوشلاپ سالدى. ئاندىن مەپىدىن يەنە ئىككى پەي ياستۇقنى ئېلىپ ئاغىچا خېنىمنىڭ يۆلىنىپ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن كۆرپىنىڭ ئۈستىگە ئاۋايلاپ جايلاشتۇردى. ئۇنىڭغىچە سەرۋازلار تۆتىنچى مەپىدىن سوغۇق ساقلاش ئۈچۈن بۇيا - بېدىلەر بىلەن مەھكەم چۈمكەلگەن قوغۇن - تاۋۇز، توغاچ - ئالۇچىلارنى، ساپال كومزەكتىكى قېتىق، مىس كومزەكلەردىكى ھەر خىل شەربەت - مۇراببالارنى، قاتلىما، گۆشنان، سوغۇق گۆشلەرنى ئەكېلىپ داستىخانغا تىزدى.

ئاغىچا خېنىم كېنىزەكلەر مىس ئاپتۇۋىدا قۇيۇپ بەرگەن سۇدا قولىنىڭ ئۇچىنى — خېنە قويغان تىرناقلىرىنى دېگۈدەك چايقىدى - دە، داستىخاندا ئولتۇرۇش ئۈچۈن بىر قەدەم چامداپلا، باراقسان ئۆسكەن ئىككى تۈپ سۆگەتكە ئەيمىنىپ قارىدى. سۆگەتلەردىن بىرى يوغىناپ پورلىشىپ كەتكەن بولۇپ، پورى تۆكۈلۈپ كەتكەنلىكتىن قارنى ئېچىلىپ، ئادەم پاتقۇدەك كاۋاك

چۆرگىلىتىپ كۆزەتتە تۇرغۇزدى ـ دە، ئىككى سەرۋازنى ئەگەش-
تۈرۈپ مەلىكىنىڭ كەينىدىن ئورمانلىققا كىرىپ كەتتى.
خىزمەتكار ئايال ساپال كومزەكتىكى قېتىقتىن ئالتۇن جام-
غا بەش ـ ئالتە قوشۇق بۆلۈپ، ئۈستىگە ناۋات شىرنىسىدىن
قۇيۇپ، قوشۇق بىلەن قوچۇدى. ئاندىن مەخسۇس ئاغىچا خېنىم
بىلەن مەلىكىگە ئاتاپ ئېلىنغان ساپال كوزىدىكى مۇزدەك بولاق
سۈيىدىن تۆكۈپ دوغ قىلدى ـ دە، ئالتۇن جامنى ئاغىچا خېنىمغا
ئىككى قوللاپ تۇتتى:
— ئۇسسۇزلۇق ئىچىۋالسىلا، ئاغىچا خېنىم.
ئاغىچا خېنىم ئالتۇن جامنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئەتراپىدى-
كى كۆزەتتە تۇرۇۋاتقان سەرۋازلارنىڭ باشقا تەرەپكە قاراپ تۇ-
رۇشقىنىنى كۆرۈپ، يۈزىگە يېرىم تارتىۋالغان ھىلھىلە چۈمبىلى-
نى ئېلىۋەتتى. ئويماقتەك كىچىك، چىلاندەك قىزىل لەۋلىرىنى
ئالتۇن جامغا تەگكۈزۈپ مۇزدەك دوغنى ئاستا سۈمۈردى. شۇ
ئەسنادا ئىككى كېنىزەك توز پېيىدە ياسالغان يەلپۈگۈچ بىلەن
ئاغىچا خېنىمنى ئىككى تەرەپتىن ئاستا يەلپۈشكە باشلىدى.

## 2

تۇمەنلىگەن ئالماسلارنى چېچىۋەتكەندەك چاراقلاپ كۆزنى
قاماشتۇرۇپ تۇرغان كېچە ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلار بىلەن ساھىب-
جامال ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ قېشىنى ئەسلىتىدىغان ئالتە كۈنلۈك
ئەگىم ئاي سۇس نۇرىنى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاستانىسى
قەدىمكى شەھەر يەكەننىڭ ھەممە يېرىگە تەكشى چاچاتتى. شەھەر
سېپىلىنىڭ ئۈستىدىكى قاراۋۇلخانىلاردا، ئوردا سېپىلىنىڭ
كۈنگۈرە ـ مۇنارلىرىدا كۆزەتتە تۇرغان لەشكەر ـ ياساۋۇللارنىڭ
قولىدىكى قىلىچ ـ نەيزىلەر سۇس ئاي نۇرىدا سوغۇق يالتى-

— مەلىكەم، ھاي مۆھتەرەم خېنىم. كەلسىلە، سەكرەپ يۈرمەي مۇزدەك شەربەتتىن بىر ئوتلام ئىچىۋالسىلا. ئىسسىق ئۆتۈپ قالمىسۇن يەنە.

— ئۇسسىمىدىم، سەل تۇرۇپ ئىچىمەن.

مەلىكە جاۋابەن شۇنداق دېدى ـ دە، ئوقداندىن بىر تال ئوقنى ئېلىپ، يانىڭ كىرىچىگە بەتلىگىنىچە توشقان قېچىپ كەتكەن توغراقلىققا يۈگۈردى. ئۇنىڭ بېلىدىكى ئالتۇن توقىلىق كەمىرىگە ئېسىۋالغان ئىككى غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى خەنجىرى تىنىمسىز پۇلاڭلاپ تۇراتتى. خەنجەرنىڭ كۈمۈش غىلىپىغا قويۇلغان جاۋاھىر كۆزلەر قۇياش نۇرىدا يالتىرايتتى. مەلىكىنىڭ كەينىدىن ئۇسساپ ھالىدىن كەتكەن ئىككى كېنىزەكى بىلەن ئون نەچچە سەرۋازمۇ جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈشتى.

— ئەتىگەندىن بېرى ھارۋىدا مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ زېرىكىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدى ئاغىچا خېنىم مەلىكىنىڭ شوخلۇقىدىن سۆيۈنگەن ھالدا ۋە نېرىراقتا تۇرغان سەركەردىگە بۇيرۇق قىلدى، — سەركەردە، سىلى بېرىپ مەلىكىنى قايتۇرۇپ كەلسىلە، شۇنچە ئۇزۇن يولنى تىنچ ـ ئامان بېسىپ كەلدۇق. ئەمدى ئاستانىنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغاندا بىرەر پېشكەللىككە يولۇقۇپ قالمايلى يەنە.

— خوش، ئاغىچا خېنىم.

— ئاستانىگە چاپارمەن ماڭدۇرۇۋەتسىلە، خان ئالىيلىرىغا كەلگەنلىكىمىزدىن خەۋەر بېرىۋەتكەي.

— خوش، ئاغىچا خېنىم.

سەركەردە ئون سەرۋازنى ئۇستى مەھكەم چۈمكەلگەن بەشىنچى مەپىدىن نېرى بولماسلىققا تاپىلىدى. چۈنكى، بۇ مەپىدە تۇرپاننىڭ نائىب ئەمىرى سەئىد باباخاننىڭ ئاكىسى خاقان ئابدۇللاخانغا ئەۋەتكەن شاھانە سوۋغا ـ سالاملىرى بار ئىدى. قالغان سەرۋازلارنى ئاغىچا خېنىمدىن قىرىق ـ ئەللىك قەدەم نېرىدا

ساراي خىزمەتكارلىرىغىچە، شاھنىشىندىكى ۋەزىر - ۋۇزرالار-
دىن تارتىپ ھۆدەيچى - ئىشىكباقارلارغىچە گويا چوڭراق نەپەس
ئالسا دەرھاللا جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك ۋەھىمە بىلەن سۈكۈت-
كە چۆمگەنىدى. بارلىق ئوردا ئەركانلىرىنىڭ بېشى مەيدىسىگىچە
ساڭگىلىغان، كۆزلىرى پۇتىنىڭ ئۇچىغا تىكىلگەن بولۇپ، شاھ-
نىشىننىڭ نەقىشلىك تام - تورۇسلىرىغا ئېسىلغان كۈمۈش
شامدانلاردىكى يۇلتۇزدەك يېنىپ كەتكەن شاملارنىڭ يورۇقىدا
چىرايلىرىدىكى يوشۇرالمىغان ۋەھىمىلىك ئىپادىلەر مانا مەن دەپ
كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تۆردىكى ئۈچ گەز ئېگىزلىكتە مەرمەردىن
ياسالغان توققۇز پايىلىك شاھ سۇپىسىنىڭ ئۈستىدىكى چوغدەك
خوتەن گىلىمىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان، تۇتقۇچ ۋە قۇببىلىرى
قۇيما ئالتۇندىن ياسىلىپ، ھەر خىل رەڭدىكى ئالماس، ياقۇت،
قاشتېشىدىن كۆز قويۇپ بېزەلگەن ھەشەمەتلىك تەختتە دۆلەتپاناھ
سۇلتان ئابدۇللاخان غەزەپلىك ئەلپازدا سەلتەنەت بىلەن ئولتۇرات-
تى. ئۇنىڭ چوڭ - چوڭ سۇرلۇك قوي كۆزلىرى تۆۋەندىكى
ئوردا ئەركانلىرىغا گۇمانخورلۇق بىلەن تىكىلگەنىدى. شاھنىشىن
ئىچىدە قاتتىق ئىزتىراپتا قالغان چوڭ - كىچىك ئەمىرلەرنىڭ
ۋەھىمە ئىلكىدىكى پۇشۇلداپ تىنىشلىرى ۋە يۈرەكلىرىنىڭ ئەن-
سىز سوقۇشلىرىدىن باشقا ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمايتتى.

ئەلياتقۇ مەھەلدە خاننىڭ تۇيۇقسىز كېڭەشكە چاقىرتقانلىقى-
دىن تەئەججۈپلىنىپ، تۈرلۈك ئوي - خىياللار بىلەن شاھنىشىن-
غا ئالدىراپ - تېنەپ جەم بولغان بۇ ئوردا ئەركانلىرى ئولتۇ-
رۇشقا ئىجازەت بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، خاننىڭ چىرايىدىكى
غەزەپتىن ئەس - ھوشلىرىنى يوقىتىشىپ، ئەركىنرەك تىنىشقى-
مۇ جۈرئەت قىلالماي قوۋۇشتۇرغىنىچە يەرگە قاراپ تۇرۇ-
شاتتى. بارلىق ئەمىرلەرنىڭ تولۇق كېلىپ بولغانلىقىغا كۆزى
يەتكەن دىۋانبېگى تەختكە يېقىنراق كېلىپ سۇلتان ئابدۇللاخانغا
مۇراجىئەت قىلدى:

رايىتتى. ھەرەمدىكى ھەشەمەتلىك قەسىر - راۋاقلارنىڭ، ھەيۋەت-لىك خان سارىيىنىڭ گۈمبەز - قۇببىلىرىدىكى رەڭدار كاھىشلار بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ سەلتەنىتىنى كۆز - كۆز قىلىشۋاتقاندەك ھەشەمەت بىلەن پارقىرايتتى. ئاستانە رەستىلىرىدە كەچكى بازار قىزغىن داۋام قىلىشۋاتاتتى. قىسمەن دەڭ - سارايلار، ئاشخانى-لار، كاۋاپچىلار، ھېسىپچىلار، غالتەك گۆشى ساتقۇچىلار، نا-مازشام بازىرىدىكى ھاجەتمەن ئېلىپساتارلار، ئۇششاق تىجارەتچى-لەر، باققاللار، ھۆپىگەرلەر تېخىچە دۇكانلىرىنى يىغىشمىغان-دى. شەھەرنىڭ چېلتەنلىرىم، ھەزرىتى پىر مازارلىرى ۋە خانىقا دەرۋازىسى تەرەپلەردىن ئاڭلانغان قەلەندەرلەر، سوپى - دەرۋىش-لەرنىڭ «ھۇ - ھۇ»، «ھۆم ئاللاھ، ھەق دوست» دەپ زىكرى قىلىشلىرى شەھەردىكى قىزغىن ھايات شاۋقۇنلىرىغا ماسلاشمى-غان ھالدا خۇددى شەھەرگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر توپ يىرتـ-قۇچلارنىڭ ھۇۋلاشلىرىدەك ۋەھىمىلىك تۇيغۇ بېرەتتى ۋە ئاشۇ مازار - خانىقالارغا قانداقتۇر بىر ئىلاھىي كۈچ بەخش ئېتىپ، سىرلىق ھەم مۇدھىش كۆرسىتەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئالتۇن-لۇقۇم مازىرىدىكى خانلار قەبرىستانلىقىدا تىلاۋەت قىلىشۋاتقان قارىينىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىنى كېچىنىڭ غۇر - غۇر شامىلى ئۇچۇ-رۇپ كېلەتتى. مۇڭلۇق كۈيگە ئوخشاش بۇ ئاۋاز گويا ئېچىنىش-لىق بىر نالە - پەريادتەك ئادەمنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزەتتى.

شەھەرنىڭ قايسىبىر چېتىدىن ئاڭلانغان ساتارغا تەڭكەش قىلىنغان بۇ مۇقام ئاۋازى ئاستا - ئاستا ئەۋجىگە چىقىپ، سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ ۋەھىمىلىك «ھۇ - ھۇ» لىرىنىمۇ، قارىينىڭ نالىلىك قىرائىتىنىمۇ بېسىپ چۈشتى. نامەلۇم مۇقام-چىنىڭ تاغ سۇلىرىدەك سۈزۈك ۋە جاراڭلىق، سېھىرلىك ئاۋازى ئاستانە ئاسمىنىدا جاراڭلايتتى.

شۇ دەقىقىدە خان سارىيى گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆككە-نىدى. ساراي ئەتراپىدىكى مۇھاپىزەتچى ياساۋۇللاردىن تارتىپ،

كۆشكۆرتمەكتە. ئۆزۈندىن بىرى خانلىقىمىزنىڭ تۈزىنى يەۋاتقان بىر قىسىم ئەمىر ـ بەگلىرىمىز تۈزكورلۇق قىلىپ، بىزدىن يۈز ئۆرۈپ، شاھزادىگە مايىل بولماقتا. مەن قەشقەر ئەمىر ـ بەگلىرىنىڭ مۇناپىقلىق قىلغىنىغا ئىشەنسەممۇ، لېكىن ئوردام-ىدىكى ئەمىرلەردىن ماڭا ساتقۇنلۇق قىلىدىغانلار چىقار دەپ زىنھار ئويلىمىغان. مانا بۈگۈن ئوردىمىزنىڭ يۇقىرى مەرتىۋە ۋە ئالىي ئىنئاملىرىغا ئۆزۈندىن بىرى نائىل بولۇپ كەلگەن بىر ئاسىي ئەمىر ئۆزىنى ئاشكارىلىدى.

خاننىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە شاھنىشىندىكى بارلىق ئەمىرلەر خانغا يەر تېگىدىن خۇدۇكسىرەپ، بىر ـ بىرىگە گۇمان-سىراپ قارىشىۋالدى ـ دە، ئولتۇرغان ئورۇنلىرىدا ئىختىيارسىز قىمىرلاشتى. قانداقتۇر بىر قورقۇنچتىن يۈرەكلىرى ئەنسىز سو-قۇپ كىمخاب تونغا قىمدالغان ۋۇجۇدلىرىنى سوغۇق تەر باستى.

شاھزادە يولۋاسخاننىڭ دادىسىدىن خانلىق تەختنى تارتىۋې-لىش نىيىتى ئاشكارىلانغان بىرنەچچە يىلدىن بىرى سۇلتان ئاب-دۇللاخاننىڭ ئوغلىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن قاتتىق رەنجىپ، گۇمان-خور، ئاسان غەزەپ قىلىدىغان، رەھىمسىز، چېچىلغاق بولۇپ قالغانلىقى بارلىق ئەمىرلەرگە ئايان ئىدى. خان غەزەپلەندىمۇ، بولدى، بىرەر كىمنىڭ كاللىسىنى ئالماي بولدى قىلمايدۇ. ئاھ تەڭرىم! بۈگۈن قايسى شور پېشانە ئەمىرنىڭ ئەجىلى توشتى-كىن؟! خان ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلىگە ئۆزۈڭ ئىنساپ ـ تەۋپىق بەرگەيسەن...

سۇلتان ئابدۇللاخان ۋەھىمىدىن كىرپىدەك تۈگۈلۈپ كەت-كەن ئەمىرلىرىگە سوغۇق نەزەر تاشلاپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىر ھەپتىدىن بىرى ئۇۋ قىلغاچ لەشكەرلىرىمنى مەشىق قىلدۇرىمەن دەپ ئاستانىدىن چىقىپ كەتكەن مۇناپىق، ئاسىي ئەمىر مىرزا يۈسۈپبەگ ئىككى مىڭ لەشكىرى بىلەن قەشقەرگە بېرىپ شاھزادىدىن پاناھلىق تىلەپتۇ...

— ئادالەتپاناھ ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، كېلىشكە تې-
گىشلىك ئوردا ئەئيانلىرىنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولدى.
سۇلتان ئابدۇللاخان تەختىنىڭ ئالتۇن قۇببىسىگە يۆلەنگەن
سېمىز گەۋدىسىنى سەل رۇسلىدى - دە، تۆۋەندە قول قوۋۇشتۇ-
رۇپ تۇرغان ئەمىرلىرىگە بىر قېتىم تېز - تېز نەزىرىنى يۈگۈرت-
كەندىن كېيىن، جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان دىۋانبېگىگە قول ئىشارى-
سى قىلدى. خاننىڭ قول ئىشارىسىنى كۆرگەن دىۋانبېگى ئەمىر-
لەرگە يۈزلىنىپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا پەرمان يەتكۈزدى:
— خان ئالىيلىرى ئەمىرلەرنى ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى.
— ئانھەزرىتىمنىڭ شەپقىتىگە ھەشقاللا!
ئەمىرلەر بىردەك خانغا تەشەككۈر ئېيتىشىپ، يەڭگىل تىن
ئېلىشتى - دە، ئەمەل - مەرتىۋىسى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ئورۇن-
لىرىنى تېپىپ ئولتۇرۇشتى. قىسقىغىنە ئۆرىتۆپىدىن كېيىن
شاھنىشىن يەنە ئىلگىرىكىدەك تىمتاس ھالىتىگە كەلدى. كۆر-
سىلارغا جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغان ئەمىرلەر يەر تېگىدىن خانغا
ئېھتىيات بىلەن قارىشىپ، يەنە بېشىنى تۆۋەن سىلىشتى. نېمە-
گىدۇر ئاچچىقلىنىپ قالغان خاننىڭ قاپىقى تېخىچىلا تۈرۈك
بولۇپ، قوشۇمىلىرى كىرىشىپ كەتكەندى.
سۇلتان ئابدۇللاخان كۆنگەن ئادىتى بويىچە گېلىنى ئىككى
قېتىم قىرىۋەتكەندىن كېيىن سۆز باشلىدى:
— ئىشەنچلىك مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، قەشقەردىكى بىر
قىسىم مۇناپىق رىياكارلارنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن شاھزادە يول-
ۋاسخان خۇتبىنى ئۆزىنىڭ نامىغا ئوقۇتۇپتۇدەك. ئەلۋەتتە شاھ-
زادىنى ئاق دېمەكچى ئەمەسمەن. ئول نائىنساپ شاھزادىنىڭ
نىيەت - ئىقبالى بىزگە خېلى بۇرۇنلا ئايان بولغان. ئەمما،
سەلتەنىتىمىزنىڭ بىر قىسىم يوشۇرۇن ئەغيارلىرى[1] شاھزادى-
نىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ، پەرزەنتىنى پەدەرگە قىلىچ كۆتۈرۈشكە

[1] ئەغيار — دۈشمەن.

خەزىنىگە ئېلىنىپ، تۇرالغۇسى كۆيدۈرۈۋېتىلگەي.

سۇلتان ئابدۇللاخان پەرمانىنى بېرىپ بولۇپ تەختىنىڭ ئالتۇن تۇتقۇچىغا تايانغىنىچە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭغىچە بارلىق ئەمىرلەر دۇررىدە ئورنىدىن تۇرۇشۇپ قول باغلاشقىنىچە خانغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. خان ئەمىرلەرگە كۆز قىرىنىمۇ سالماستىن خاس ئېلىنغان يان ئىشىك ئارقىلىق شاھنىشىندىن چىقىپ كەتتى.

— ئەمىرلەرنىڭ قايتىشىغا ئىجازەت.

دىۋانبېگىنىڭ يېقىملىق، بوم ئاۋازى بىلەن تەڭ بارلىق ئەمىرلەر يەڭگىل تىن ئېلىشقىنىچە ئاللاغا شۈكرى - سانا ئېيتىشتى. يۈرەكلىرى قاتتىق مۇجۇلۇپ كەتكەن ئەمىرلەرنىڭ بايامقى ۋەھىمىسى تېخى تارقىلىپ كەتمىگەنىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ شاھنىشىندا بىر - ئىككى ئېغىز ئۆز ئارا گەپ قىلىشقىمۇ رايى بارماي، شاھنىشىندىن جىم - جىملا چىقىپ كېتىشكە ئالدىراشتى.

## 3

شاھنىشىندىن يېنىپ چىققان ئابدۇللاخاننىڭ نېمە ئۈچۈندۇر ھەرەمگە كىرىشكە كۆڭلى تارتمىدى. ئۇ ئوردا بېغىغا يانداش سېلىنغان ھەرەمدىن ئاڭلىنىۋاتقان ئايال كىشىنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسىغا بىر پەس قۇلاق سالدى - دە، ئوردا بېغىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى قەسىرگە قاراپ ماڭدى.

ئوردا سېپىلىنىڭ توققۇز دەرۋازىسىنىڭ ھەربىرىنى ئۈچ يۈزدىن ياساۋۇل بىردىن سەركەردىنىڭ باشچىلىقىدا قوغدىغاندىن سىرت، ئوردا ئىچىنىڭ ھەممە يېرىدە ھەر ئون - يىگىرمە قەدەمدە بىردىن نۆكەر قاراۋۇللۇق قىلاتتى. سۇلتان ئابدۇللاخان-

بۇ يىگى شۇم خەۋەردىن ئەمدىلا خەۋەر تاپقان ئەمىرلەرنىڭ كىمخاب، بەقەسەم تونلارغا ئورالغان گەۋدىلىرى يەنە قايتىدىن قىمىرلاشقا باشلىدى. ئەمىر مىرزا يۇسۇپبەگ بىلەن يېقىن بۇرا-دەرچىلىك قىلىپ ئۆتكەن بىرقانچە ئەمىرلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ خائىنغا چېتىلىپ قېلىپ، خانىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىشىدىن قور-قۇپ، يۈرەكلىرى شۇنداق قاتتىق ئاغدىكى، پەيلىرى سىرقىراپ، پۇت - قوللىرىدا جان قالمىدى، پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى قارا تەر بېسىپ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپلا قويۇشتى. ئەمىر مىرزا يۇ-سۇپبەگ بىلەن چىقىشالماي ئاداۋەتلىشىپ كېلىۋاتقان ۋە شۇ مۇنا-سىۋەت بىلەن خانغا بىرقانچە قېتىم ئەرز قىلىشقان ئەمىرلەر بولسا، ئوشۇقى سىيا چۈشكەن قىمارۋازلاردەك شۇنداق خۇش بولۇشۇپ كەتتىكى، خاندىن ئېخىمۇ چوڭراق مەنسەپ، كاتتا ئىنئامغا ئېرىشىش تەمەسىدە شۆلگەيلىرى ئېقىپ مەست بولۇپ كەتتى.

— خۇدا بۇيرۇسا بۇ رىياكار ئەمىرلەرنىڭ ئەدىپىنى پات يېقىندا بەرگەيمىز، — ئابدۇللاخان تەختكە يېقىنراق جايدا ئالدى-دىكى شىرەگە قەغەز، قومۇش قەلەم، سىياھ تەييارلاپ يارلىق يېزىشقا ھازىر بولۇپ ئولتۇرغان سەرمۇنشىغا[①] قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مىرزابەگ دەرھال يارلىق پۈتۈك تەييارلى-غاي. قاغىلىق، پوسكام، مەكىت بەگلىرى ئۆزىگە قاراشلىق نۆكەرلەرنى يىغىپ، ئوزۇق - تۈلۈك، قورال - ياراغلارنى تەق قىلىپ، پەرمان كۈتكەي. ئاستانىدىكى سىپاھبەگلەر مېنىڭ رۇخسىتىمسىز لەشكەرلىرى بىلەن ئاستانىدىن ئايرىلمىغاي. شە-ھەرگە كىرىپ - چىققۇچىلار قاتتىق تەكشۈرۈلگەي. پەرمانغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ. ئەمىر مىرزا يۇ-سۇپبەگنىڭ يەتتە ئەۋلادىغىچە قىرىپ تاشلانغاي. مال - مۈلكى

---

① سەرمۇنشى — باش كاتىپ.

لايىھىلىشى بىلەن ئالتە بۇرجەكلىك، ئۈستى قۇببە شەكىللىك
تال بارىڭى ياسالغان بولۇپ، ئۇردا باغۋەنلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ
پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈشى بىلەن پۈتكۈل خانلىق تەۋەسىدە بار
ئۈزۈم خىللىرىدىن بىر كۆتەكتىن سېلىپ تۇجۇپلەپ باراڭغا
ئېلىنغانىدى، ئۈزۈم تاللار پۈتكۈل باراڭنى تولۇق چۈمكىگەن-
دى. ياغاچچىلىق، مىمارچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك سەنئىتى بىر
گەۋدىلەشتۈرۈلگەن بۇ تال باراڭلىق سورۇن ھەرقانداق كىشىنىڭ
زوقىنى كەلتۈرەتتى. سورۇننىڭ ئالدى تەرىپىگە كولانغان ئون
مو كۆلەمدىكى كۆل پۈتۈنلەي مەرمەر تاشلار بىلەن سۇ سىڭىشمەي-
دىغان قىلىپ ياساپ چىقىلغان بولۇپ، ئۇردىنىڭ غەربىدىكى
ھەيدەر باغىنىڭ ئىچىدىكى چوڭ كۆلدە ئالاھىدە سۈزۈلدۈرۈپ
ئاندىن بۇ كۆلگە باشلاپ كېلىنگەنلىكى ئۈچۈن كۆل سۈيى ئەينەك-
تەك سۈزۈك ئىدى. كۆلنىڭ تېگىگە ياتقۇزۇپ قويۇلغان ھەر
خىل رەڭلىك تاشلار ئەينەن كۆرۈنۈپ، كۈندۈزى قۇياش نۇرىدا
ئاجايىپ رەڭدار جۇلالىيتتى. ئادەم بويى سۇ تولدۇرۇلغان بۇ
كۆلگە، ئابدۇللاخان تومۇز ئايلىرىنىڭ دىمىق كېچىلىرىدە
پات - پات چۈشۈپ سەگىدەپ تۇراتتى. گاھى ۋاقىتلاردا بىرنەچچە
كېنىزەكلىرىنى ئەكەلدۈرۈپ بىللە چۆمۈلۈپ كۆڭۈل ئاچاتتى.
ئۇردا بىلەن ھەرەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ ئۇردا بېغىدا
يۇقىرىقى «لالىزار راۋاق» ناملىق يازلىق سورۇندىن باشقا،
«ھۆزۈرى ساباھ» ناملىق كۈزلۈك سورۇن، «ھۆزۈرى ناۋا»
ناملىق قىشلىق سورۇن بار ئىدى. باھار ۋە كۈز پەسىللىك
سورۇنلار بەئەينى كاتتا قەسىرلەرنىڭ شەكلىدە ياسىلىپ، تو-
رۇسلىرى ھەر خىل رەڭدار گۈل نۇسخىلىرى بىلەن ھەشەمەتلىك
يېپىلغان بولۇپ، قەسىرنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئەتراپنىڭ مەنزىرى-
سىنى بىمالال كۆرۈش ئۈچۈن تۆت تېمىغا ھەرخىل شەكىل
چىقىرىپ توقۇلغان ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان؛ سوغۇقتىن،
شامالدىن داldىلىنىش ئۈچۈن پەنجىرىنىڭ ئىچى تەرىپىگە ئەينەك

نىڭ كېلىشۋاتقانلىقىنى كۆرگەن نۆكەرلەر قەددىنى رۇسلاپ خانغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. خاندىن ئىككى - ئۈچ قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ ئەلەم ماھارىتى ۋە ساداقەتمەنلىكتە ئىشەنچكە ئېرىشىپ تاللانغان بەستلىك كەلگەن تۆت نەپەر خاس يىگىت سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ دىققىتىنى چاچماسلىققا تىرىشىپ، خاندىن ئىككى - ئۈچ قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ، ئەتراپنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلاردىن يەنە تۆت - بەش قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ دىۋانبېگى، ھەرەمئاغىسى ۋە بىكاۋۇلبەگ① بىرقانچە مۇلازىمىنىڭ ھەمراھلىقىدا پايپاسلاپ كېلىشمەكتە ئىدى.

ئابدۇللاخان قەسىرنىڭ ئالدىدىكى ئون مو چوڭلۇقتىكى كۆلنىڭ قارامتۇل پارقىراپ تۇرغان سۈيىگە خىيالچانلىق بىلەن نەزەر تاشلىدى. سۇ بېتىدە ساناقسىز يۇلتۇزلار خانغا قاراپ غەمكىن كۆز قىسىۋاتاتتى. بۇ مەنزىرە خاننىڭ دىلخەستەلىكىنى تېخىمۇ بەك ئاشۇرۇۋەتتى.

«لالىزار راۋاق» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ قەسىر خاننىڭ تومۇز پەسلىدە ئارام ئالىدىغان، بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ كۆڭۈل ئاچىدىغان سورۇنى بولۇپ، بىر مو كەلگۈدەك دائىرىدىكى مەرمەر سۇپىنىڭ تۆر تەرىپىگە گىلەم ئورنىدەك چوڭلۇقتا شاھ سۇپا چىقىرىلىپ، ئارقىسى ۋە ئىككى يېنى ياغاچ سالاسۇنلار بىلەن توسۇلۇپ، ئۈستى مېھراب شەكلىدە گۈلدار نەقىش چىقىرىلىپ يېپىلغان، شاھ سۇپىنىڭ ئۈستىگە ئوتقاشتەك قىزىل زىلچا، قات - قات تەتىللا كۆرپە ۋە يۆلىنىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن پەي ياستۇقلار تاشلاپ قويۇلغانىدى. مەرمەر سۇپىنىڭ قالغان يېرىگىمۇ گىلەملەر سېلىنىپ، چۆرگىلىتىپ يېكەندازلار جايلاشتۇرۇلغانىدى. قەسىرنىڭ تۆت ئەتراپى خارەت ۋە مىمارلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ

---

① بىكاۋۇلبەگ — خاننىڭ مەخسۇس يېمەك - ئىچمىكىگە مەسئۇل ئەمىر.

لاخان كۆل سۈيىدە يۇيۇنۇپ، بىرئاز سەگىدىمەكچى بولدى ـ دە، شاھانە تون ـ سەرپايلىرىنى يېشىشكە باشلىدى. بۇتتەك قېتىپ تۇرغان ئىككى نۆكەر خاننىڭ يېشىنمەكچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال ياردەملەشتى. تامبالدىن باشقا كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلىغان خان مەرمەر پەشتاق ئارقىلىق كۆلگە ئاستا ـ ئاستا كىرىشكە باشلىدى. قويۇق دەل ـ دەرەخلەر بىلەن قورشالغان كۆل سۈيى خېلىلا سالقىن ئىدى. سۇلتان ئابدۇللاخان كۆل سۈيىگە بىرقانچە قېتىم چۆمۈلگەندىن كېيىن نۆكەرلىرى تاشلاپ بەرگەن يارىيار هارۋىنىڭ چاقىدەك يوغانلىقتىكى تۇلۇمنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ ياتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى تۇلۇمدىن ئارتىلىپ سۇغا چىلىشىپ تۇراتتى. ئۇ قولى بىلەن سۇنى چايقىغاچ ئاستا ـ ئاستا خىيالغا كەتتى.

«پارچىلىنىپ تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى جەننەتماكان پەدەرۇ بۇزرۇكۇم سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ۋەسىيىتى ۋە دۇئالىرىنىڭ بەراكاتى بىلەن قايتىدىن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلۇغ بابائى بۇزرۇكلىرىم سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرەشىدخانلارنىڭ زامانىسىدىكى كاتتا سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردۈم. گەرچە قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان ئۇششاق يېغىلىقلار بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر قېتىمدا غەلىبە ـ نۇسرەت بىز تەرەپتە بولدى. ئىچكى جەھەتتە ئاچىكىم نىزالارنى ۋە قىرغىز بەگلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەل ـ رەئىيەت تىنچ ـ خاتىرجەملىككە ئېرىشتى. ئەمدى ئىلى تەرەپلەرگە بېسىپ كىرگەن جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوشۇنىنى قوغلاپ چىقىرىپ، قۇمۇل، تۇرپان تەرەپلەردىكى ئاۋامنى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرسەم بارلىق ئارمانلىرىم ئەمەلگە ئاشقان بولاتتى. ئەپسۇس، خۇدا ماڭا ئوغۇل بەرگەن بىلەن ئىنساپ ـ دىيانىتىنى، ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى ئاياپتۇ. شاھزادە يولۋاسخاننىڭ خانلىق تەختكە كۆز تىككىۋاتقىنىغا ئۈچ يىل بول-

ئورنىتىلغانىدى. «ھۆزۈرى نورۇز» ناملىق سورۇنىنىڭ ئەتراپىغا
باھار پەسلىدە ئەڭ ئاۋۋال بىخلىنىدىغان، نورۇز ئايەم كۈنى
چېچەكلەپ ئېچىلىدىغان، يوپۇرماق چىقىرىدىغان ھەر خىل
گۈل - گىياھلار، دەل - دەرەخلەر تىكىلگەن بولۇپ، ھەر يىلى
نورۇز ئايەم كۈنى سۇلتان ئابدۇللاخان خانلىق تەۋەسىدىكى داڭ-
لىق شائىرلارنى، ئاتاقلىق سەنئەتكارلارنى، مۇقامچىلارنى
تەكلىپ قىلىپ، مۇشائىرە - بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ بېرەتتى ۋە
ئۇلارغا ھەميان - ھەميانلاپ ئىنئاملارنى بېرەتتى. شائىرلارنىڭ
تۆرلۈك تېمىدىكى مەسنەۋى، غەزەل، رۇبائىي، قەسىدىلىرىدىن
ھۇزۇرلىناتتى.

«ھۆزۈرى ساباھ» نىڭ ئەتراپىغا يازنىڭ ئاخىرىدىن تاكى
كەچ كۈز پەسلىگىچە مېۋىلىرى تۆكۈلۈپ كەتمەي تۇرىدىغان ئال-
ما، ئانار، ئامۇت... قاتارلىق ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەر،
غازىڭى ئاسان سارغىيىپ تۆكۈلۈپ كەتمەيدىغان مەنزىرە دەرەخلە-
رى تىكىلگەن بولۇپ، ئابدۇللاخان بۇ يەردە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا
توقال - كېنىزەكلىرى بىلەن مەيخورلۇق قىلغاچ قونۇپ قالاتتى.

«ھۆزۈرى ناۋا» ناملىق قىشلىق سورۇنخانا سوغۇقتىن دال-
دىلانغۇدەك پۇختا سېلىنغان بىر ئېغىز ساراي، ئۈچ ئېغىز
قازناق خاس ئۆيدىن تۈزۈلگەن قەسىر بولۇپ، بۇنىڭدا خان قىش-
نىڭ ئۇزاق تۈنلىرىنى گاھى بەزمە - مەشرەپ بىلەن، گاھى
ۋائىز - مەدداھلارغا جەڭنامىلەرنى سۆزلىتىپ ئاڭلاش بىلەن،
گاھى كىتاب - دىۋانلارنى ئوقۇتۇپ ئاڭلاش بىلەن تاڭ
ئاتقۇزاتتى.

بۇ كۈنكى كېچە ھاۋاسى تولىمۇ تىنچىق بولۇپ، دەرەخ يو-
پۇرماقلىرىنى مىدىرلاتقۇدەك شامالمۇ يوق ئىدى. باغدىكى تومۇز-
غىلارنىڭ چىرىلداشلىرىنى، پاقىلارنىڭ كوركىراشلىرىنى ھېساب-
قا ئالمىغاندا «لالىزار راۋاق» نىڭ ئەتراپى گۆرىستان جىمجىتلى-
قىغا چۆككەنىدى. كۆلگە بىر ھازا قاراپ تۇرغان سۇلتان ئابدۇل-

ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، ئىچكى دۈشمەنلىرى-دىن تازا خاتىرجەم بولالمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەلگە ئاشۇرالماي كېلىۋاتقان ھەج تاۋاپ قىلىش ئارزۇسىنى يەنە ئېسىگە ئالدى - دە، ئوردا ئەركانلىرىنىڭ مەسلىھەتىگە سالدى.

— ئۇزۇندىن بېرى بەيتۇل مۇبارەككە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىش ئارزۇيۇم بار ئىدى. تۇرلۇك ئىچكى - تاشقى نىزالار سەۋەبىدىن بۇل ئارزۇيىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمى-غانىدى. ھالا بۇگۇنكى كۈنگە كەلگەندە دۈشمەنلىرىمىز بىزگە كۆز تىكەلمەس بولۇپ، ئەل ئاسايىشلىقىقا يۈزلەندى. بۇنى ئول مۇقەددەس مۇددىئايىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ياخشى پۇرستى دەپ قارىدىم. بۇ ھەقتە جانابىي ئەمىرلىرىمدىن بىرەر مەسلىھەت ئاڭلاپ باقاي دېگەن ئۈمىدتە مەن.

خاننىڭ مەقسىتىنى بىلگەن ئەمىرلەر ئاغزى - ئاغزىغا تەگ-مەي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

— ئەينى مۇددىئا، شاھىمىزنىڭ بەيتۇل مۇقەددەسكە بېرىشى ئاجايىپ كاتتا ساۋاب ئىشتۇر.

— ئانھەزرىتىمىنىڭ سەلتەنەت ئىشلىرىدىن ۋاقتىنچە پارىغ بولۇپ، بۇ ساۋابلىق سەپەردە رىيازەت چېكىشنى نىيەت قىلغان ھىممىتىگە مىڭ - مىڭ تەسەننا.

— ئۇلۇغ خۇداۋەندەكەرىم سەلتەنەتلىرىنى تېخىمۇ كاتتا قىل-غاي، دۆلەتپاناھىم.

سۇلتان ئابدۇللاخان شۇ كۈنى بىرقانچە ئەمىرلىرى بىلەن بىللە ھەج تاۋاپ قىلىش سەپىرگە چىقىشنى قارار قىلىپ، سەپەر تەييارلىقى قىلىشنى بۇيرۇدى. خاننىڭ ھەج تاۋاپ قىلىشقا ماڭى-دىغانلىقىنى ئاڭلىغان يىراق - يېقىندىكى ئەمىر - بەگلەر نۇر-غۇن قىممەت باھا سوۋغا - سالاملارنى ئەكېلىپ خان بىلەن خوشلاشتى. ئىككىنچى شاھزادە، ئاقسۇنىڭ نائىب ئەمىرى نۇر-دۇنخان، نەۋرىسى، خوتەننىڭ نائىب ئەمىرى ئەبەيدۇللا سۇلتان

دى. ئۇ بۇ نىيىتىدىن يېنىش تۇگۇل ماڭا — سەلتەنەتكە قارشى لەشكەر جۇغلاۋاتىدۇ. ئوردىدىكى بىر قىسىم رىياكار ئەمىرلەر بىلەن خۇپىيانە تىل بىرىكتۈرۈۋاتىدۇ. ئوتتۇرانچى شاھزادەم نۇردۇنخان ئەلەم ماھارىتىگە ماھىر بولغان بىلەن زىيادە مەمەدان ۋە شارابخور، قەلەم ماھارىتىگە ئېپى يوق. ئۇنىڭ سەلتەنەتكە ۋارىسلىق قىلىشىغا كۆزۈم يەتمەيدۇ. شاھزادە ئابدۇمۆمىنخان بولسا ئەلەم ۋە قەلەم ماھارەتلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن شاھزادىلەرنىڭ كىچىكى بولغاچقا ئۇنى ۋەلىئەھدى قىلسام ئىككى ئاكىسى ھەرگىز قايىل بولمايدۇ. بەلكىم ئاغا - ئىنىلەر ئوتتۇرىسىدا تەخت ماجىراسى پەيدا بولۇپ، سەلتەنەت ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا قېلىشى مۇمكىن. شاھزادە يولۋاسخان بۇنچە ئالدىراپ كەتمىسىمۇ بۇ تەخت شۇنىڭكى ئىدىغۇ! ئاتا بىلەن بالا تەخت تالىشىپتۇ دېسە ئەل - رەئىيەت نېمە دەيدۇ؟ ئاۋامنىڭ ئىشەنچىسى سۇسلاپ قالمامدۇ؟ تەسەررۇپىمىزدا پىتنە - پاسات پەيدا بولمامدۇ؟ بىزگە ئىتائەت قىلىپ ئولپان تاپشۇرۇۋاتقان خانلىقلار ئىتائەتتىن باش تارتمامدۇ؟ بىزگە دۈشمەن خانلىقلار ئارىدىن پايدىلىنىپ كەتمەمدۇ؟... يولۋاستەك غەيۇر، باھادىر، مەرد ئادەم بولسۇن، ئاتا ئىزىنى بېسىپ خانلىقنى تېخىمۇ روناق تاپقۇزسۇن دەپ، ئىسمىنى يولۋاس قويۇپ يېگەن شۇنچە ئارمانلىرىم، سۆيۈنگەنلىرىم قېنى؟ ئارزۇلىغان پۇشتۇمنىڭ بەرگەن جاۋابى شۇ بولدىمۇ؟...»

سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ كۆز ئالدىدىن بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئاۋۋالقى بىر ئىش غىل - پال قىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

پەرغانە، بەدەخشان يۇرۇشلىرىنىڭ نۇسرىتى ۋە ئويراتلار بىلەن بولغان بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىنكى ئۈچ - تۆت يىلدا پۈتكۈل خانلىقتا تىنچلىق، ئاسايىشلىق ئەسلىگە كېلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى خېلىلا ياخشىلىنىپ قالغانىدى. سۇلتان ئابدۇللاخان مۇشۇنداق بىر تىنچ شارائىتتا

— ئەينى مۇددىئا، — دەپ شاھزادىنىڭ پۇتىغا ھـﯚل خىش قويـدى قەشـقەردىن بىللە كەلگەن ئاتالىقى[1] خىرقىراپ سۆز-لەپ، — شاھزادەم ئاستانىگە كېلىپ بولغۇچە مۇھتەرەم ئانەزرد-تىم يولغا چىقىپ بوپتۇ. بولمىغان بولسا قىبلىگاھىمىز شاھزا-دەمنى ئۆز قولى بىلەن تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، خاتىرجەم ھىجرەتكە ماڭغان بولاتتى.

— شۇنداق، شاھزادەم دېگەن ۋەلىئەھدىدۇر، — دەپ سۆز قاتتى يەنە بىر قەشقەر ئەمىرى، — ۋەلىئەھدىنىڭ خان يوق ۋاقتىدا تەختتە ئـولتۇرۇپ سـەلتەنـەتكە پاسىبان بولمىقى بەر-ھەقتۇر.

ئەمىرلەر شاھزادىدىن ئەيمىنىپ جىم - جىملا تۇرۇشاتتى. بۇ ئىشتىن بىرەر شۇملۇقنى سەزگەن ئوردا باش مىرزىسى گۇماڭ-لانغان ھالدا تەختتە گىدىيىپ ئولتۇرغان شاھزادىگە مۇراجىئەت قىلدى:

— بۇ ھەقتە خان ئالىيلىرىنىڭ ھېچقانداق پەرمانى يوق ئىدىغۇ، شاھزادەم؟! ئەجەبا...

— مانا مەن ھازىر پەرمان بېرىمەن، — شاھزادە يولۋاسخان تەختتىن چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، باش مىرزىنى سۆزلەش-كىمۇ يول قويماي، غەزەپ بىلەن قول شىلتىدى، — كېلىڭلار! مۇنۇ باش مىرزىنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار!

شۇ ھامان بـەستلىك كەلگـەن ئىككى جاللات يۈگۈرۈپ كىردى - دە، داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغان باش مىرزىنى قولتۇقـ-دىن سۆرىگىنىچە شاھنىشىندىن ئاچىقىپ كەتتى. ئوچۇق ئاسمان-دا چاقماق چاققاندەك يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن ئەمىرلەرنى سۈر باستى، ۋەھىمىدىن تىللىرى كالۋالاشقان ھالدا قېتىپ قېلىشتى.

— ھە، يەنە قايسى ئەمىرنىڭ گېپى بار؟

---

[1] ئاتالىق — ئۇستاز.

(بۇ شاھزادە يولۋاسخاننىڭ ئوغلى) لارمۇ ئالايىتەن كېلىپ، خاننىڭ سەپىرىگە ئاقىيولىلۇق تىلىدى. لېكىن سەپەرگە چىقىش ۋاقتى قىستاپ قالغان بولسىمۇ چوڭ شاھزادە، قەشقەرنىڭ نائىب ئەمىرى يولۋاسخان تېخىچىلا كەلمەيۋاتاتتى.

سۇلتان ئابدۇللاخان بەلگىلەنگەن سەپەرگە چىقىش ۋاقتى توشقان كۈنى ئوغلى يولۋاسخان بىلەن دىدار ـ مۇلاقەتتە بولۇپ، خوشلىشالمىغىنىغا كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا ھىندىستانغا قاراپ ماڭدى①.

شاھزادە يولۋاسخان بىلەن بىر قىسىم قەشقەر ئەمىرلىرى، سۇلتان ئابدۇللاخاننى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئاستانىگە كەلگەندە، خان ئاللىبۇرۇن يولغا چىقىپ بولغانىدى. شاھزادە يولۋاسخاننىڭ كۈتكىنىمۇ شۇ ئىدى. ئۇ قەشقەردە ئەمىرلىرى بىلەن قىلغان مەسلىھەتى بويىچە ۋاقىتنى قەستەن كەينىگە سوزۇپ، ئاستانىگە كېچىكىپ كەلدى، ئۇ ئۆزىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا ئىستىقبالغا چىققان ئوردا ئەمىرلىرىنى باشلاپ ئوردىغا كىردى ـ دە، ئۇدۇل شاھنىشىنغا كىرىپ بەخىرامان ھالدا تەختتە ئولتۇردى.

شاھزادىنىڭ قاپ يۈرەكلىك بىلەن قىلغان بۇ قىلىقى ئوردا ئەمىرلىرىنى قاتتىق چۆچۈتتى. چۈنكى، خاندىن ئىجازەتسىز تەختتە ئولتۇرۇش كاللا كېتىدىغان ئېغىر گۇناھ ئىدى. بۇ شاھزادىلەر ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا تەتبىقلىناتتى. شاھزادە يولۋاسخان ئۆزىگە تەئەججۈپ ئىلكىدە قاراۋاتقان ئوردا ئەمىرلىرىگە قاراپ چوڭچىلىق بىلەن كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى:

— سەلتەنەتتە خان بولمىسا بولمايدۇ. ھەزرىتى پەدەرۇ بۇزرۇك ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كەلگۈچە مەن تەختتە ئولتۇرۇپ سەلتەنەت ئىشلىرىنى باشقۇرغاچ تۇرىمەن.

---

① شۇ مەزگىلدە ھەج سەپىرىگە ماڭغانلار كەشمىر، ھىندىستان ئارقىلىق ماڭاتتى.

ۋە ھودۇقۇش ئىلكىدە تۇرغان ئەمىرلەرنى بىر قۇر ئۆتكۈدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، خەزىنىچىبەگكە پەرمان قىلدى:

— بۈگۈنكى قۇتلۇق كۈنىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن بارلىق ئەمىرلەرگە بىر ھەميانىدىن تىللا ئىنئام قىلىنسۇن!

بىر ھەميانىدىن تىللانى قويۇنلىرىغا سېلىشقان ئەمىرلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ۋەھىمە خېلىلا بېسىقتى. گاھى ئەمىرلەر شاھزادىنىڭ تەختتە ئولتۇرغىنىغا چىن كۆڭلىدىن خۇشمۇ بولۇشتى.

قەشقەر بىلەن ئاستانە ئارىلىقىدىكى يول شاھزادىگە خېلىلا ھاردۇق يەتكۈزگەنىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ ئەمىرلەرگە قايتىشقا ئىجازەت بېرىپ، ئۆزى ئارام ئېلىش ئۈچۈن شاھنىشىندىن چىقىپ كەتتى.

شاھزادە يولۋاسخاننىڭ دادىسى ئابدۇللاخاننىڭ ئىجازىتىسىزلا تەختتە ئولتۇرۇۋالغانلىقىغا قايىل بولمىغان ھىندىقۇش مىرزا، مىرزا تىنىبەگ، مىرزا نەقىبەگ، مىرزا پولاتبەگ، مىرزا شاھبەگ، مىرزا فازىلبەگ، مىرزا ئابدۇللاخوجا، پالۋان قازى، زامان خوجا... قاتارلىق بىرقانچە ئەمىرلەر، ئاستانە ئەمىرى، قوشۇمچە ئاستانە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى مىرزا باباقبەگنىڭ قەسىرىگە جۈغلاشتى ـ دە، خاس خانىدا قىسقىلا مەسلىھەت قىلىشتى. بىرلىككە كەلگەن مەسلىھەت بويىچە ئوردىدىكى بۇ سىياسىي ئۆزگىرىشنى تەپسىلىي يېزىپ، چەۋەنداز ئارقىلىق سۇلتان ئابدۇللاخاننى ۋاقىپلاندۇرۇش ۋە خاننىڭ پەرمانى بويىچە تەدبىر قوللىنىش بەلگىلەندى. ئىككى چەۋەنداز يول بويى ئۆتەڭ ـ لەڭگەردە ئات يەڭگۈشلەپ مېڭىپ، ئۈچ كۈندە سۇلتان ئابدۇللاخانغا يېتىشۋالدى ۋە ھىندىقۇش مىرزا، مىرزا باباقبەگ قاتارلىق ئەمىرلەرنىڭ ئىمزا قويۇپ يازغان جىددىي مەلۇماتىنى تاپشۇردى. سۇلتان ئابدۇللاخان مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تېپىپ، شاھزادە يولۋاسخاننىڭ باشباشتاقلىقىغا شۇنچىلىك غەزەپلەندىكى، سەپەرداشلىرىغا بۇ جىددىي مەلۇماتنىڭ

شاھزادىنىڭ چوڭچىلىق بىلەن سورىغان سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، بارلىق ئەمىرلەر دۇررىدە ئورنىدىن تۇرۇشتى - دە، قول باغلاشقىنىچە ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى، تىترەك ئاۋازلىرى بىلەن شاھزادىنى قۇتلۇقلاشتى.

— ماشائاللا[1]، شاھزادىمىز تەختتە بەرقارار بولغاي!

— مۇبارەك بولغاي، ئانھەزرىتىم!

— ئادالەتپاناھىمىزنىڭ دۆلىتى تېخىمۇ زىيادە بولغاي!

شاھزادە خاس خانلارغا مەنسۇپ بولغان «ئانھەزرىتىم»، «ئادالەتپاناھ» دېگەن سۆزلەردىن مەست بولۇپ، باياmقى پەيلىدىن بىرئاز ياندى - دە، ئەمىرلەرگە ئىللىق چىراي ئاچتى.

شۇ دەقىقىدە ئوردا ئەمىرلىرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك. ئۇلار يېڭىلا تەختتە ئولتۇرغان بۇ خاقان قايسىمىزنىڭ مەنسەپ-مەرتىۋىمىزنى ئېلىۋېتىپ، قايسىمىزنى جازاغا بۇيرىكىن دەپ، سۇلتان ئابدۇللاخاننى ھەج تاۋاپ قىلىشقا زىيادە قىزىقتۇرۇپ قويۇشقانلىرىدىن پۇشايمان يېيىشمەكتە ئىدى. باش ئۈستىدە ئەگىۋاتقان ئەجەل، بالا - قازا سايىسىدىن ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى مۇزلىماقتا. شاھزادىگە ئەگىشىپ كەلگەن قەشقەر ئەمىرلىرى بولسا، ئوردىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپ - مەرتىۋىلىرىنى تەمە قىلىشىپ، قىزغىنىشىپ، بىر - بىرىگە ئاداۋەت بىلەن قاراشماقتا. شاھزادىنىڭ ئىلتىپات، ئىنئامىغا ئېرىشىش ئۈچۈن چىرايلىرىغا كۈلكە - تەبەسسۇم پەيدا قىلىپ ھىجىيىشماقتا...

ئەپسۇسكى، شاھزادە يولۋاسخان نېمە سەۋەبتىندۇر، ئوردا ئەمىرلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ مەنسەپ -. مەرتىۋىسىنى ئېلىپ تاشلىمىدى ياكى جازالىمىدى، شۇنداقلا ئۆزى بىلەن ئاستانىگە بىللە كەلگەن، بىرپىلا تەختتە ئولتۇرۇش مەسلىھەتىنى بەرگەن ئەمىرلەرنىڭ بىرىگىمۇ ئىلتىپات كۆرسەتمىدى. ئۇ چەكسىز تەمە

---

[1] ماشائاللا — كۆز تەگمىسۇن.

سۇلتان ئابدۇللاخان ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىكى قاراۋۇلخانىدا ھودۇقۇپ تەمتىرەپ تۇرغان لەشكەر بېشىغا قەھر ـ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— شاھزادە ھازىر نەدە؟

سۇلتان ئابدۇللاخاننى تونۇغان لەشكەر بېشى شۇنداق قاتتىق چۆچۈدىكى، ئالدىغا مۇدۇرۇپ كېتىپ، سېپىل ئۈستىدىن يەرگە ئۇچۇپ چۈشكىلى قىل قالدى ـ دە، چىرايىدا قان قالمىغان ھالدا ئاران جاۋاب بەردى:

— ئانەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، شاھزادە ئالىيلىرى ھەرقا-چان شاھنىشىنىدىمىكىن...

سۇلتان ئابدۇللاخان لەشكەر بېشىنىڭ جاۋابىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەستىنلا يەنە ۋارقىرىدى:

— ھاڭقىيىپ تۇرماي ئاچ دەرۋازىنى، بەتبەخت!

ئوردا سېپىلىنىڭ قويىما تۆمۈر دەرۋازىسى نالىلىك غىچىر-لاپ ئېچىلدى. سۇلتان ئابدۇللاخان شۇ ھامان ئوردىغا قاراپ ئات سالدى ـ دە، ئۇدۇل شاھنىشىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

سىرتتىكى ۋەھىمىلىك دۈپۈر ـ دۈپۈردىن قانداقتۇر بىر خەۋپنى سېزىپ، يۈرىكى ئاغقاندەك قىلغان شاھزادە يولۋاسخان نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىپ بېقىشقا مۇلازىم چىقارتىپ بولغۇچە، شاھنىشىنىنىڭ بوسۇغىسىدىن قەھر ـ غەزەپ بىلەن كىرىپ كېلىۋاتقان دادىسى — سۇلتان ئابدۇللاخاننى كۆرۈپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بىر خىل ۋەھىمە ئىلكىدە تەختتىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، ئۆرە تۇرۇشقا ماجالى يەتمىدىمۇ ياكى مۇدۇ-رۇپ كەتتىمۇ، ئەيتاۋۇر پۇلاڭىدە قىلىپ شاھ سۇپىنىڭ توققۇز پايىلىك پەلەمپىيىدىن يۇمىلىنىپ چۈشۈپ، يىقىلغان ئورنىدا يۈكۈنۈپلا ئولتۇردى. سۇلتان ئابدۇللاخاننى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشقان بىر قىسىم ئەمىرلەر بولسا قېتىپلا قېلىشقانىدى.

مەزمۇننى ئېيتىشقا ئالدىراپ، ئۇلارنى ئاستانىگە دەرھال قايتىشقا پەرمان بەردى - دە، ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىشۋالغان قورۇقچى يىگىتلەرنى باشلاپ ئاستانىگە قاراپ ئات سالدى.

دادىسى سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ قايتىپ كېلىشىنى زىنھار خىيالىغا كەلتۈرمىگەن شاھزادە يولۋاسخان خاتىرجەم ھالدا تەختتە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى مۇبارەكلەپ كەلگەن ئەمىر - بەگلەرنى قوبۇل قىلىپ، زىياپەت - بەزمە سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، تەڭ كېچىلەرگىچە شارابخورلۇق قىلىپ، كەيپ - ساپا سۇرمەكتە ئىدى. ھېلىقى ئىككى چەۋەنداز ئۈچ كۈندە باسقان يولنى سۇلتان ئابدۇللاخان بارلىق نۆكەرلىرى بىلەن ئۈچ قېتىمدىن ئات يەڭگۈشلەپ، كېچىلىرىمۇ تۇزۇك ئارام ئالماي ئىككى كۈندە بېسىپ تۈگەتتى - دە، بامدات نامىزىنى زىلچاق ئۆستەڭ① بويىدا ئوقۇپ، ئاشۋاقتى بىلەن ئاستانىگە يېتىپ كەلدى. خانىقا دەرۋازىسى قوۋۇقىدا كۆزەتتە تۇرغان سەركەردە - لەشكەرلەر خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان سۇلتان ئابدۇللاخاننى كۆرۈپ، كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن ھالدا تۇرۇپلا قالدى، دەرۋازا ئوچۇق ئىدى. ئابدۇللاخان نۆكەرلىرى بىلەن توختىماي ئات چاپقىنىچە شەھەر ئىچىگە باستۇرۇپ كىردى - دە، ئۇدۇل ئوردا دەرۋازىسىنى نىشانلاپ ئات سالدى. شەھەر كوچىلىرىنى ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ - توزان ۋە ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازىدىن چىققان دۇپۇر - دۇپۇرلەر بىر ئالدى، ھېچنېمىدىن بىخەۋەر ئاستانە ئاھالىسى شەھەرگە كۆچلۈك ياغى باستۇرۇپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈشتى - دە، ئىشىك - دېرىزىلىرىنى مەھكەم تاقاشتى. ھۈنەرۋەن، كاسىپ، تىجارەتچى، دۇكاندارلار ئەمدىلا ئېچىشقا باشلىغان دۇكان - يايمىلارنى يىغىشتۇرۇپ تاقاشقا باشلىدى.

---

① زىلچاق ئۆستەڭ — ھازىرقى يەكەن ناھىيىسىنىڭ تومئۆستەڭ، چاھارباغ، ئارال يېزىلىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ ئۆستەڭ.

— خان ئالىيلىرى شەپقەتلىكتۇر. شاھزادەم قورقۇپ كېتىپ قالايمىقان سۆزلەۋاتىدۇ.
— بىز گۇناھسىزدۇرمىز، خان ئالىيلىرى.
سۇلتان ئابدۇللاخان بۇ نالە - پەريادلارغا پەرۋا قىلماستىن ۋارقىرىدى:
— مىرغەزەپ!
— لەببەي، قىبلىگاھىم!
— مۇنۇ تۇزكور، مۇناپىق ئەمىرلەرنىڭ دەرھال كاللىسى ئېلىنسۇن!
شۇ ھامان شاھنىشىن بوسۇغىسىدا پەرمان كۈتۈپ تۇرغان نۆكەرلەر ئاللا - تۇۋا سېلىشقىنىچە «ئۇۋال بولدى!» دەپ تولۇلاۋاتقان مۇھەممەد رەئۇپ خوجا، ئاخۇن خوجا، مىرزا ئابدۇسەمەتبەگ، مىرزا ئەرەببەگ، ئاخۇن نەسىر بەگ... قاتارلىق قەشقەرلىك بەگ - تۆرىلەرگە قاپلاندەك تاشلاندى - دە، قولتۇقلىرىدىن دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە شاھنىشىندىن ئاچىقىپ كەتتى. بىردەملىك ئۆرىتۆپىدىن كېيىنكى شاھنىشىن ئىچى يەنە چۆپىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە تىمتاسلىققا چۆمدى. ئەمما، ئەس - ھوشىنى يوقىتىشىپ بۇتتەك قېتىپ تۇرۇشقان ئەمىرلەرنىڭ سەزگۈلىرى بولسا خۇددى ۋەھىملىك قايىنامغا كىرىپ قالغاندەك، نائۈمىد ئازابلار ئىلكىدە تىنچسىز ئىدى. قەشقەردىن بىللە ئەكەلگەن ئەمىرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانلىقىنى كۆرگەن شاھزادىنىڭ ۋۇجۇدى قورقۇنچتىن بوشىشىپلا كەتكەنىدى.
شاھزادىنىڭ ئەمىرلىرىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپ بىرئاز پۇخادىن چىققاندەك بولغان سۇلتان ئابدۇللاخان تەخت ئالدىدا كىرپىدەك تۈگۈلۈپ كەتكەن ئوغلىغا قاراپ بىرنەچچە دەقىقە ئويلىنىپ قالدى. ئوتتۇز ياشتىن ھالقىغان شاھزادىنى ئەمىرلىرىنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ دەپ، گۇناھىنى باشقىلارغا ئارتىپ قويۇپ كە-

— نېمە بولدى سىزگە، شاھزادەم؟ — دېدى سۇلتان ئاب-
دۇللاخان يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان شاھزادىگە سوغۇق نەزەر تاشلاپ
كىنايە قىلغان ھالدا، — تەخت دېگەندە راۋۇرۇس ئولتۇرۇپ،
راۋۇرۇس تۇرۇش كېرەك. بولمىسا مۇشۇنداق مۇدۇرۇپ كېتىدى-
غان، يىقىلىپ چۈشىدىغان گەپ.

ۋەھىمىدىن پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى قارا تەر باسقان شاھزادە
يولۋاسخان لەۋلىرىنى قىمىرلاتقىنىچە مىڭ تەستە زۇۋانغا كەل-
دى. ئۇنىڭ يارىشىملىق قاپقارا بۇرۇتلىرىغا ماسلاشقان، يىگىت-
لىك سۈمباتىنى نامايان قىلىپ تۇرغان گىردە ناندەك مەڭزىنىڭ
قېنى قاچقان بولۇپ، بەئەينى مۇردىدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى:

— مى … مى … مېنى … كە… كەچۈرسىلە، خان ئاتا،
ئا … ئالدىلىرىدا گۇناھىمنى تىلەيمەن. مە … مەن ئالدىنىپ-
تىمەن…

شاھزادىنىڭ بىچارىلىك بىلەن مۆلدۈرلەپ تۇرغان چوڭ -
چوڭ قوي كۆزلىرىگە قاراپ سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ بىردىنلا
ئاتىلىق مېھرى قوزغالدى - دە، دەسلەپكى پەيلىدىن بىر ئاز
ياندى. خاننىڭ كۆزلىرىدىكى مېھىر - شەپقەت ئۇچقۇنلىرىدىن
پۈت - قولىغا ئازراق ماغدۇر كەلگەن شاھزادە بىردىنلا ئەقلىنى
ئىشقا سالدى - دە، بارلىق گۇناھلىرىنى قەشقەردىن بىللە كەل-
گەن ئەمىرلىرىگە يۈكلەپ ئۆزىنى ئاقلاشقا باشلىدى:

— مېنى ئاشۇ تۇزكور ئەمىرلىرىم ئازدۇرۇپتۇ، خان ئاتا.
مەن ئۇلارنىڭ ناشۇكۇر مەسلىھەتىگە كىرىپ…

شاھزادىنىڭ قارايۈزلۈك بىلەن قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ
قەشقەر ئەمىرلىرى تۇيۇقسىز يىلان چېقىۋالغاندەك قاتتىق چۆ-
چۈشتى - دە، تۇرغان جايىدىلا موككىدە تىزلانغىنىچە داد - پەرياد
كۆتۈرۈشتى:

— شاھزادەم، خۇدانىڭ ھەققىدە بولسىمۇ بىزنى ئوتقا تاش-
لىمىسىلا.

— ئاتا! !...

شاھزادە جانسىز ئىڭرىدى- دە، سۇلتان ئابدۇللاخانغا قاراش ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەن بېشى لەسسىدە چۈشۈپ كەتتى. قاتتىق قورقۇپ كەتكەن شاھزادە ھوشىدىن كەتكەنىدى. شۇ دەقىقىدە سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ تەختتىن سەكرەپ چۈشۈپ ئوغلىنى يۆلىگۈسى، بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ پېشانىسىگە سۆيگۈسى كېلىپ كەتتىيۇ، لېكىن چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ تەختتە خۇددى چوغ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك پۇچىلىنىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن شاھنىشىنغا كىرىپ كەلگەن ئىككى نۆكەر تەخت ئالدىدىكى گىلەم ئۈستىدە ھوشسىز ياتقان شاھزادىنىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ سىرتقا سۆرەپ مېڭىشقا باشلىدى. شۇ دەقىقىدە سۇلتان ئابدۇللاخانمۇ كۈچلۈك بىر قول يۈرىكىنى بېغىشىدىن ئۈزۈۋالماقچى بولۇپ تارتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، تەڭداشسىز بىر ئازاب ئىلكىدە قىينالدى. خاننىڭ كۆڭلىگە پۈككەن مۇددىئاسىنى چۈشەنمىگەن ئەمىرلەر تېخىمۇ قاتتىق ۋەھىمىگە پېتىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىشقىنىچە بۇتتەك قېتىپ تۇرۇشاتتى. خان ئۆلۈمگە كېتىۋاتقان ئوغلىغا قاراپ پەرماندىن يېنىۋېلىشتىن ئۆزىنى ئاران- ئاران تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئاھ، تەڭرىم، بىر ئەلنىڭ خاقانىنىڭ چۈشۈرۈپ بولغان پەرماندىن سەۋەبسىزلا يېنىۋېلىشىدىنمۇ شەرمەندە ئىش بارمۇ جاھاندا؟! بارلىق ئۈمىدى يوققا چىقىپ، ئامالسىز قالغان سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى. ئەمىرلەرنىڭ كۆزىگە يېلىنىش، ئىلتىجا ئىلكىدە تەلمۈردى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد شامى جانسىز پىلدىرلاپ نىدا قىلاتتى: «تېزرەك ئەقلىڭلارنى تېپىڭلار، سۆيۈملۈك ئەمىرلىرىم. ئانچىكىم ئەمىرلەرنىڭ گۇناھىنىمۇ تىلەيتتىڭلارغۇ؟! بۈگۈن نېمە بولدى سىلەرگە؟ خۇدا ھەققى، مەندىن تېزرەك شاھزادىنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەڭلار...»

سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ئىلتىجالىق كۆزلىرى ئەمىركەبىر

چۇرۇم قىلسا، ئوردا ئەركانلىرى غىڭ قىلالمىغىنى بىلەن كۆڭ-
لىدە ھەرگىز قايىل بولمايدۇ. خاننىڭ ئادالىتىدىن، سەلتەنەت
قانۇنىنىڭ باراۋەرلىكىدىن گۇمانلىنىدۇ. ئۆزىنى پۇتكۇل سەئىد-
دىيە خانلىقىنىڭ ئادالەتپاناھى، ئادىل خانلار سۇلتانى دەپ ھې-
سابلىغان سۇلتان ئابدۇللاخان شۇ تاپتا ئوردا ئەھكاملىرىغا،
قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان شاھزادىنى ئەڭ ئاۋۋال جازالىشى، ئۆ-
لۇمگە بۇيرۇشى كېرەك. لېكىن، قايسىبىر ئاتىنىڭ قاراپ تۇ-
رۇپ ئۆز ئوغلىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇشقا تىلى بارسۇن؟ ئاھ، تەڭ-
رىم! شۇ تاپتا شاھزادىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇمايمۇ ئۆزىنىڭ ئادالىتى-
نى نامايان قىلغىلى، شۇ ئارقىلىق ئەمىرلەرنى قايىل قىلغىلى
بولسا ئىدى كاشكى...

كاللىسىغا تۇيۇقسىز كەلگەن بىر ئەقىلدىن سۇلتان ئابدۇللا-
خاننىڭ كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. قەلبىدە ئۆچەي دەپ
قالغان ئۈمىد شامى قايتىدىن يورۇدى: «توغرا، شۇنداق قىلىش
كېرەك. شاھزادىنىمۇ ئۆلۈمگە بۇيرۇش كېرەك. ئۆلۈمگە بۇي-
رۇلغان شاھزادىنى ئوردا ئەركانلىرى تىلىۋالماي قالمايدۇ. ئۇ
چاغدا مەن ئەمىرلەرنىڭ يۈزىنى قىلغان بولىمەن – دە، مۇشۇ
يول ئارقىلىق شاھزادىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالىمەن. بۇنداق
قىلسام بىر تەرەپتىن نائىنساپ، ۋاپاسىز شاھزادىنى قاتتىق چۆ-
چۈتۈپ، تەختكە كۆز تىكمەس قىلىۋېتىمەن. يەنە بىر تەرەپتىن
ئوردا ئەركانلىرىغا، ئەل – يۇرتقا ئۆزۈمنىڭ ئادالەتلىك خان
ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىپ قويىمەن...»

سۇلتان ئابدۇللاخان خىيالىنى شۇ يەردە يىغىشتۇردى – دە،
غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.

— كېلىڭلار، مۇنۇ بەتبەخت، ناشۇكۇر شاھزادىنىمۇ ئاچى-
قىپ كاللىسىنى ئېلىڭلار!

سۇلتان ئابدۇللاخان پەرمانىنى جاكارلاپ بولۇپلا، يۈرىكى
خۇددى خەنجەر ئۇرغاندەك سىرقىراپ كەتتى!

تەينلەپ يولغا سالغانىدى. ئەپسۇس، ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتە -
ئۆتمەي شاھزادە يەنە ئاسىيلىق قىلىپ دادىسى سۇلتان ئابدۇللا-
خانغا بايقۇت قىلدى. بايقۇت قىلغاندىمۇ قايسىبىر قارانىيەت،
سۇيىقەستچى مۇناپىقنىڭ مەسلىھەت بېرىشى، يول كۆرسىتىشى،
ئەقىل ئۆگىتىشى بىلەن پۇختا تەييارلىق قىلىپ قىلىچ يالىڭاچلاپ
تەختكە خىرىس قىلىۋاتاتتى...
قاياقتىندۇر پەيدا بولغان بىر توپ پاشا - كۇمۇتىلار سۇلتان
ئابدۇللاخاننىڭ يالىڭاچ بەدىنىنى چېقىشقا باشلىدى. خان پاشى-
لارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، تولۇمدىن ئۆزىنى سۇغا
ئاتتى. ھەددىدىن ئاشقان پاشا - كۇمۇتىلار خاننىڭ باش ئۇستىدە
بېزەڭلىك بىلەن ۋىڭىلدايتتى. سۇلتان ئابدۇللاخان ئارقىمۇ ئارقا
ئۈچ قېتىم چۆمۈلدى - دە، سۇدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ
كۆلنىڭ لېۋىگە قاراپ ئۈزدى.
نۆكەرلەر ئاپئاق يىپەك رومال بىلەن خاننىڭ بەدىنىنى سۇر-
تۇۋاتقاندا، بىكاۋۇلبەگ خاننىڭ قېشىغا يېقىنراق كېلىپ
سورىدى:
— ئالىيجاناب ئىشتىھاسى نېمىگە تارتىدىكىن؟
— شاراب ئىچەيلى، داستىخاننى لالىزار راۋاقىلا راسلاڭ-
لار. مېنى ھېچكىم ئاۋارە قىلمىسۇن. ماڭا دىۋانبېگى بىلەن
ئىككىلىرى ئۇلپەت بولسىلا.
— سازەندىلەرنىمۇ چاقىرىمىزمۇ؟
بىكاۋۇلبەگ ھايال ئۆتمەيلا لالىزار راۋاقىنىڭ شاھ سۇپىسىغا
داستىخان راسلىدى. ئادەتتە سۇلتان ئابدۇللاخان شارابنى دۇملەپ
پىشۇرۇلغان سوغۇق قوزا گۆشى بىلەن ئىچەتتى. قوغۇنغا ئالاھى-
دە ئامراق ئىدى. داستىخان سۇلتان ياخشى كۆرىدىغان نازۇ-
نېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇلدى.
سېھىرلىك مۇقام كۈيلىرى ياڭراۋاتقان تەمبۇرنىڭ يېقىملىق
ئاۋازىدىن ھوزۇرلىنىۋاتقان سۇلتان ئابدۇللاخان خۇددى يۈرىكىگە

ھىندىقۇش مىرزا بىلەن ئاستانە ئەمىرى مىرزا باباقبەگنىڭ كۆز-لىرى بىلەن ئاخىرى تـوقۇنۇشتى. خـاننىڭ كـۆز چانقىدا تاشاي ـ تاشاي دەپ لىغىرلاپ تۇرغان ئاچچىق ياشنى كۆرۈپ، بۇ ئىككى ئەمىر خاننىڭ يۈرەك نىداسىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئۇلار بىردىنلا ئەقلىنى تاپتى. شاھزادىنى شاھىنشىنىڭ ئىگىز بوسۇغىسىدىن سـۆرەپ ئاچىـقىۋاتقان ئىككى نۆكەرگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— توختاڭلار!

ئىككى نۆكەر جايىدىلا چىپپىدە توختىدى.

سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ قەلبىدە پىلىلداپ قالغان ئۈمىد شا-مى يەنە قايتىدىنياندى، خاتىرجەملىك بىلەن چوڭقۇر نەپەس ئالدى، يۈرىكىنىڭ ئەنسىز سوقۇشى بىر ئاز رىتىمغا چۈشتى.

ھىندىقۇش مىرزا بىلەن مىرزا باباقبەگ قول باغلاپ تۇرۇپ سۇلتان ئابدۇللاخانغا يىلىندى:

— مەلۇم بولغاي، ئادالەتپاناھىم. شاھزادىنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچكەيلا. شاھزادەم راستتىنلا گۇناھسىزدۇر. ھەقىقە-تەنمۇ ئاشۇ رىياكار ئەمىرلەرنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچرىغاندۇر.

باشقا ئەمىرلەرمۇ ئالمان ـ تالمان خانغا ئىلتىجا قىلدى:

— شاھزادىنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچكەيلا، ئانەزىرد-تىم!

چوڭقۇر ھاڭغا چـۈشۈپ كېتىپ بـارغان ئادەم بىر تال شاخ ـ شۇمبىغا قولى ئىلىشىپ قالغاندەك تۈيغۇغا كەلگەن سۇلتان ئابدۇللاخان ئارتۇقچە تىركىشىپ تۇرمايلا ئەمىرلەرنىڭ «يۈزىنى قىلىپ» شاھزادىنىڭ گۇناھىدىن كەچتى.

ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ گۇناھىنى تىلىگەن شاھزادىگە سۇلتان ئابدۇللاخان نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قىلىپ، ۋاقتى كەل-گەندە سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ بۇ تەختىنى چوقۇم بىرىدىغانلىقى-نى ئېيتىپ، ئۇنى يەنىلا قەشقەرنىڭ نائىب ئەمىرلىك مەنسىپىگە

— ئانەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، — دېدى ھۆدەيچىبەگ سەپىنىڭ ئالدىغىراق چىقىپ، — تۇرپانىنىڭ نائىب ئەمىرى سۇل-تان سەئىد باباخان ئالىيلىرىنىڭ خان ئاغىچىسى شەمشىبانۇ مە-لىكە قىزى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنى ئېلىپ ئاستانىگە قاراپ كېلىۋېتىپتۇ.

— ئۇلار ھازىر قەيەردە ئىكەن؟ — سورىدى سۇلتان ئابدۇل-لاخان بۇ خەۋەرگە كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا.

— ئاخشام كەلگەن چاپارمەننىڭ مەلۇم قىلىشىچە، — دېدى ھۆدەيچىبەگ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، — تۇنۇگۇن كەچ خانلەڭ-گەردىكى[1] ئاۋۇت بەگنىڭ ھويلىسىغا چۈشكۈن قىلىپتۇ. بۈگۈن چۈش - ئاشۋاقتىغىچە كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

سۇلتان ئابدۇللاخان شاھزادە يولۋاسخاننىڭ ئاشۇ يىلدىكى ئەمەلگە ئاشمىغان سىياسىي ئۆزگىرىشىنى يىغىشتۇرغاندىن كې-يىن، زىيادە گۇمانخورلۇق قىلىپ، بىر قىسىم يېقىن ئەمىرلى-رىنى جازالاپ ياقا يۇرتلارغا سۇرگۇن قىلىۋېتىش بىلەن بولدى قىلماي، بىر تۇغقان ئىنىلىرى شاھزادە ئىسمائىلخان بىلەن شاھ-زادە ئىبراھىمخاننىمۇ ھاكىمىيەتتىن، ئوردىدىن چەتلەشتۈرۈش مەقسىتىدە، ئۇلارنى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى تولا پاراكەندىچىلىك سالىدىغان، پات - پات ئۇرۇش - توپىلاڭ بولۇپ تۇرىدىغان ئۇچتۇرپان بىلەن چالىشنىڭ[2] نائىب ئەمىرلىكىگە تەيىنلەپ، يە-راققا ئەۋەتىۋەتكەن ۋە ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرنى ئۆزىنىڭ ئوغۇل - نەۋرىلىرىگە سۇيۇرغال قىلىپ بېرىۋەتكەنىدى. بۇ ئىش ئىنىلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ ئاكا-ئۇكىلار خېلى ئوبدانلا سوغۇقلىشىپ قالغانىدى. ھازىر ئۆز ئوغ-لى تەختكە خىرىس قىلىپ تۇرغان مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە،

---

① خانلەڭگەر — ھازىرقى يەكەن ناھىيە چارەك بازىرىنىڭ كونا ئاۋات تەۋەسىدىكى بىر كەنت. ئۆز ۋاقتىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى.

② چالىش — ھازىرقى قاراشەھەر ناھىيىسى.

ناخۇن ئۇرۇلۇۋاتقاندەك بىر تۇيغۇدا چوڭقۇر مۇڭغا چۆمگەنىدى. تەمبۇرچى يىگىتنىڭ سوزۇك، مۇڭلۇق ئاۋازى لالىزار راۋاقتىن كۆتۈرۈلۈپ، كېچە قۇچىقىغا سىڭىپ كېتىپ باراتتى.

*يامان يولۋاس يولدا ياتىپ شىرغا يول بەرمەس،*
*ئاتا - ئانىسىدىن قارغىش ئالغان ئىلگىرى كەلمەس.*
......

تەمبۇرغا تەڭكەش قىلىپ ياڭراۋاتقان ناخشا بايا سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ كۆڭلىدىن بىردەملىك كۆتۈرۈلگەن ۋاپاسىز ئوغلى شاھزادە يولۋاسخان ھەققىدىكى ئازابلىق خىياللىرىنى قايتا قوزغاپ قويدى. خان ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىندى - دە، ئەپيۇن چىلانغان كۈچلۈك شارابتىن قاشتېشى جامدا ئارقىمۇ ئارقا ئۈچنى ئىچىۋەتتى.

## 4

ناشتىدىن كېيىن شاھنىشىنغا كىرىپ كەلگەن سۇلتان ئابدۇللاخاننى كۆرۈپ، خېلىدىن بېرى خاننىڭ ئەتىگەنلىك قوبۇلىنى كۈتۈپ تۇرغان بارلىق چوڭ - كىچىك ئوردا ئەركانلىرى دەررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، سالام بېرىشكىنىچە خاندىن ئېسەنلىك سوراشتى.

ئاخشام شارابنى كۆپ ئىچىۋەتكەنلىكتىنمۇ، سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. يۈرەكلىرى پوكۇلداپ تۇرغان ئەمىرلەرگە خاننىڭ بۇ كۆزلىرى غەزەپتىن قان قۇيۇلغاندەك تۇيۇلۇپ، ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كېتىشتى ۋە ئاخشامقى ئۆلۈم ۋەھىمىسى يەنە پەيدا بولدى. خان ئەمىرلەرگە سالقىن نەزەر تاشلاپ ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى.

بەگنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى ئالدىنقى كۇنلا ئاستانىدىن چىقىپ كېتىپتىكەن. مال ـ مۇلكى خەزىنىگە ئېلىنىپ، هويلا ـ ئارام-لىرى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. هەرقايسى بەگلىك، ئۆتەڭ ـ لەڭگەر، كەنت ـ قىشلاقلارغا قاچقۇنلارنى تۇتۇش توغرۇلۇق ئالاقە ئەۋەتىل-دى. ئىزدەپ تۇتۇش ئۈچۈن يارامىلىق ئىزچىلار، پايلاقچى ـ يايىلار يولغا سېلىندى.

مىرزا باباقبەگنىڭ جاۋابىدىن سۇلتان ئابدۇللاخان ئانچە رازى بولمىدى.

— دېمىدىممۇ ئوردىدا ساتقۇن بار دەپ، — سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ تەڭدىن تولىسى ئاقىرىشقا باشلىغان، قىسقا قويۇۋالغان ساقىلى غەزەپتىن تىترىدى. سۇۋارى ئالتۇن قاپلىغان چىشلىرى غۇچۇر-لىدى، — قاچقۇنلارغا ئايغاقچىلار ئالدىن خەۋەر بېرىۋەتكەن گەپ.

سۇلتان ئابدۇللاخان گېپىنى توختىتىپ، ئاسىي ئەمىرلەرنى تونۇۋالماقچى بولغاندەك قول باغلاپ تۇرغان ئوردا ئەركانلىرىغا نەشتەردەك تىكىلدى. شاهىنشىننى يەنە ۋەھىمە تۇمانلىرى باس-تى. شۇ ئەسنادا بايا پەرمان يەتكۈزۈش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتكەن هۆدەيچىبەگ بىر پارچە مەكتۇپ سېلىنغان پەتنۇسنى كۆتۈرگىنىچە شاهىنشىنغا كىرىپ كەلدى.

— مەلۇم بولغاي، ئانھەزرىتىمگە شاھزادە يولۋاسخان مەك-تۇپ يوللاپتۇ.

شۇ هامان بارلىق ئەمىرلەرنىڭ نەزىرى پەتنۇستىكى مەكتۇپقا تىكىلدى. سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ چىرايىنى قىزىقىش، گۇمان ۋە ئىزتىراپ ئارىلاشقان مۇرەككەپ تۇيغۇ چىرمىۋالدى. مەكتۇپ-نى قائىدە بويىچە باش مىرزا ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى ـ دە، خانغا ئېھتىرام بىلەن ئۇزاتتى. خان مەكتۇپنى ئېچىپ شۇنداقلا نەزىرى-نى ئاغدۇردى ـ دە، يەنە باش مىرزىغا قايتۇرۇپ بەردى. ئادەتتە جەڭ مەزگىللىرىدە يوللانغان مۇھىم، مەخپىي خەت ـ ئالاقىلەر-

ئىنىلىرى بىلەن گىن - ئاداۋەتنى يۇيۇپ، مۇناسىۋەتنى بىر ئامال قىلىپ ياخشىلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان سۇلتان ئابدۇللاخانغا ئىنىسى سۇلتان سەئىد باباخاننىڭ ئاغىچىسى بىلەن مەلىكىسىنى ئاستانىگە مېھماندارچىلىققا ئەۋەتىشى بىر ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى بولۇپ تۇيۇلماقتا ئىدى. يىراق يۇرتلاردىكى ئىنىلىرىنىڭ لەشكەرىي ياردىمىسىزمۇ ئۆزىنى قوللاپ ھەمدەمدە بولۇپ تۇرۇشى ھازىرقىدەك ھالقىلىق پەيتتە سەلتەنەت ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ياردەم ئىكەنلىكىنى سۇلتان ئابدۇللاخان ناھايىتىمۇ ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇڭلاشقا، ئۇ ئىنىلىرىنىڭ خان ئاغىچىلىرىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن خانىشقا بىرقانچە ئەمىرلەرنى ھەمراھ قىلىپ كۈتۈۋالىدىغان ئوردا قائىدىسىنى بۇزۇپ، شەخسەن ئۆزى ئىستىقبالغا چىقىشنى كۆڭلىگە پۈكتى - دە، ھۆدەيچىبەگكە پەرمان قىلدى:

— ھەرەمگە خەۋەر قىلىنسۇن. تۇرپاندىن كەلگەن يەڭگە خان ئاغىچىنى بارلىق خانىش - شاھبانۇلار ئاستانە ئەمىرى مىرزا باباقبەگنىڭ ھەمراھلىقىدا خانكۆۋرۈكچە[1] ئىستىقبالغا چىقىپ كۈتۈۋالغاي. مەن باشقا ئەمىرلەر بىلەن شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدا ئىستىقبالغا چىقىمەن. مېھماننى كۈتۈۋېلىشقا بارلىق ئەمىرلەر ئاغىچىلىرىنى بىللە ئېلىپ چىققاي.

خاندىن پەرمان ئالغان ھۆدەيچىبەگ قۇللۇق بىلدۈرۈپ شاھنىشىندىن يېنىپ چىقتى.

سۇلتان ئابدۇللاخان يەنە ئىش بارمۇ دەپ ئەمىرلىرىگە قارىدى. ئەمىرلىرىدىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن ئاستانە ئەمىرى مىرزا باباقبەگدىن سورىدى:

— ئاسىي ئەمىر مىرزا يۈسۈپبەگنىڭ جەددى - جەمەتى قىرىپ تاشلاندىمۇ؟

— ئالىيھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي. ئاسىي ئەمىر مىرزا يۈسۈپ-

---

① خانكۆۋرۈك — يەكەن ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى ئودانلىق يېزىسى تەۋەسىدە.

راڭغۇ، ئەتراپلىرىنى، ئوردىنى نەچچە ئونلاپ تۈزكور، ھارام تاماق، يىلان - چايان مەسەللىك رىياكار ئەمىرلەر ئورىۋالغاندۇر. گەرچە قىبلىگاھىمىزنىڭ نەزىرى كائىناتتەك كەڭرى، كۆزى بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر، مەرھەمەتى ئاپتاپتىن زىيادە، ۋۇجۇدى تەڭداشسىز ئىلىم - پاراسەتكە تولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەتراپىدىكى ئول تىلى ھەسەل، دىلى زەھەر خۇشامەتچى ئەمىرلەرنىڭ يالغان - ياۋىداق بىلجىرلاشلىرى ساداسىدا ياخشى - ياماننى ئىلغا قىلالمايۋاتىدىلا. شۇ سەۋەبلىك نۇرغۇن ساداقەتمەن، ئىستىبداتلىق ئەمىرلەر، بەگ - سىپاھلار ئېتىبارسىز قارىلىپ خارلىنىۋاتىدۇ. گەرچە مەن جانابىي پەدەرىمنىڭ ئاپتاپتەك جامالىغا، زىيادەك مېھرىگە بىر قېنىۋېلىشنى كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلسامۇ، لېكىن ئاشۇ يىلان - چايان مەسەللىك ئەمىرلەرنىڭ تۈيدۇرماي نەشتەر سېلىپ قويۇشىدىن ۋايىم يەپ، بىئىلاجلىق پىغانىغا غەرق بولۇپ، ھەسرەت - نادامەت ياشلىرىدا كۆزۈمنى سۇلاپ، جانابىي ئاللادىن پەدەرىمنىڭ مۇبارەك ئەزىز تېنىگە سالامەتلىك تىلەپ ئولتۇرماقتىمەن.

ئەقىلسىز پەرزەنتىنىڭ ساداقىتىدىن مۆھتەرەم پەدەرىم زىنھار گۇمانلانمىغاي.

مېنىڭ بىلىشىمچە، جانابىي پەدەرىمگە يىگىرمە ئالتە - يىگىرمە يەتتە يېشىدىلا خانلىق سەلتەنەت تەختىدە بەرقارار بولۇش نېسىپ بولغانىكەن. مانا مەن ھازىر ئوتتۇز ئالتە - ئوتتۇز يەتتە ياشقا يېقىنلاشتىم. ئاز كەم ئوتتۇز يىل قەشقەرنىڭ نائىب ئەمىرلىك تىزگىنىنى تۇتۇپ، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا خېلىلا پىشتىم. سەلتەنىتىمىزنىڭ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرى خان ئاتامنى كۆپ ھاردۇرۇۋەتتى. مېنىڭچە، پەدەرۇبۇزرۇكۇم ئەمدى كۆپرەك ھاردۇق ئېلىپ خانلىقىمىزنىڭ ئۇششاق - چۇششەك يۇرتدارچىلىق ئىشلى-

دىن باشقىلىرىنى سۇلتان ئوقۇمايتتى. باش مىرزا مەكتۇپنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى:

«ئەسسالامۇئەلەيكۇم، جانابىي دۆلەتپاناھ پەدەرۇ بۇزرۇك ئانھەزرىتىمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن، دۆلەت ـ سەلتەنىتىنىڭ زىيادە بولۇشىنى تىلەپ ئۇشبۇ مەكتۇپنى يېزىشىمىزدىكى مۇددىئايىمىز شۇلكى، بىزلەركىم نادان پەرزەنتلىرىنىڭ قىبلىگاھى بولمىش جانابىي خان ئاتىمىز ئوردىدىكى بىر قىسىم سۇخەنچى، پىتنىخور ئەمىرلەرنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرى ۋە تۆھمەتلىرىگە ئىشىنىپ، ئاداۋەت تۇگمىنىگە سۇ باشلىغان ئوخشايلا. مۆھتەرەم پەدەرىمىنىڭ مەندەك پۇشتىغا ئىشەنمەي ياتلارنىڭ پىتنىسىگە ئىشىنىپ قالغىنىدىن تولىمۇ ھەيرەتتە قالدىم. ئۇل سۇخەنچىلەرنىڭ مۇددىئاسى پەدەرنى پەرزەنتىگە دۇشمەن قىلىپ، ئارىنى بۇزۇپ، قالايمىقانچىلىق، ياغى پەيدا قىلىپ تەخت سەلتەنىتىنى تارتىۋېلىشتۇر. پەدەرىمنى ئۇل چېقىمچىلار ئەينى يىللى بىر قىسىم رىياكار ئەمىرلىرىمىنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىپ، جانابىي قىبلىگاھىمدىن بىسوراق تەختتە ئولتۇرۇپ قالغان ئەدەپسىزلىكىمنى مىسال كەلتۈرۈپ ئىشەندۈرمەكچى بولۇشقاندۇر. ئۇل چاغدا خام، ساددا، نادان، ئەقىلسىز ئىكەنمەن. ھازىر شۇ ئىشلارنى ھەر ئويلىسام قاتتىق ئۆيىلىمەن. مەن ھەرگىزمۇ پەدەرگە قىلىچ تەڭلەيدىغان، پەدەرنىڭ تەخت ـ سەلتەنىتىگە خىرىس قىلىدىغان تۇزكور پەرزەنت ئەمەسمەن.

ئۆز نۆۋىتىدە خان ئاتامغا شۇ ئىشمۇ ئاشكارا بولغايكى، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا ئاستانىگە ئاياغ باسمىغانلىقىم ھەرگىزمۇ جانابىي پەدەرۇ بۇزرۇكۋارىمدىن رەنجىگەنلىكىم، تاجۇتەخت تەمەسىدە باتنىغانلىقىم ئەمەس. ئانھەزرىتىمگە قا-

دىنىڭ بۇل مەكتۇپىغا خاننىڭ ئىشەنمەسلىكىنى خۇدادىن توختى-
ماي تىلىشەتتى. شاھزادە ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ يۇقىرى مەنسەپ-
كە تەۋسىيە قىلغان مىرزا غەنىبەگ بىلەن مىرزا نەجىببەگنىڭ
چىراي ئىپادىسىدىن شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمەك
تولىمۇ تەس ئىدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدا ھاياجانلىنىش تۇيغۇلىرى-
دىن كۆرە، ئەجەبلىنىش تۇيغۇسى كۆپرەك ئىدى. خاننىڭ تۇيۇق-
سىز غەزەپكە كەلگىنىنى كۆرۈپ، ۋۇجۇدلىرىنى مۇزدەك تىترەك
باستى. شۇ تۇرقىدا خاننىڭ نېمە سەۋەبتىن غەزەپلەنگىنى بارلىق
ئەمىرلەرگە قاراڭغۇ ئىدى.
— ئەقلىڭىزگە بارىكاللا، شاھزادەم، — دېدى سۇلتان
ئابدۇللاخان مەسخىرە ئارىلاش كۈلكىسى بىلەن گەپ باشلاپ، —
بىزلەركىم خان ئاتىڭىزغا كۆرسەتكەن ۋاپادارلىقىڭىزغا تەشەك-
كۇر! مەن ئۇششاق - چۈششەك يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا ئۆزۈم-
نى ئۇپراتماي تەختتە خاتىرجەم ئولتۇرۇمىشمەنۇ، ئول بولسا
قەشقەردە تۇرۇپ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرارئىمىش. بۇ
مەندىن ئوپئوچۇق تەخت تالاشقىنى بولماي نېمە؟ ئاپىرىن! ئاپى-
رىن! ھىيلىگەرلىكتە كەمەك ھەييارىدىن ئېشىپ كېتىپسىز،
شاھزادەم. ئۆگەتمىسىڭىزمۇ قايسى ئەمىرنى قايسى مەنسەپكە قو-
يۇشنى ئوبدان بىلىمەن. شۇ كۇنلەردە ئوردىدىكى ساتقۇن، ئاسىي
ئەمىرلەرنى بىلەلمەي يۈرەتتىم. مانا، قۇۋ تۈلكە تۇمشۇقىدىن
ئىلىنار دەپ، شاھزادەم ئول رىياكارلارنى ئۆز ئاغزى بىلەن
ئاشكارىلاپ بەردى ئەمەسمۇ! — سۇلتان ئابدۇللاخان شۇنداق
دېدى - دە، قول باغلاپ تۇرغان مىرزا غەنىبەگ بىلەن مىرزا
نەجىببەگكە نەپرەت بىلەن ئالايدى. شۇ ھامان بۇرنىغا ئۆلۈم
پۇراشقا باشلىغان بۇ ئىككى شور پېشانە ئەمىرنىڭ يۈرىكى قېپى-
دىن چىقىپ، پۇت - قوللىرىدا جان قالمىدى.
— كېلىڭلار! — دېدى سۇلتان ئابدۇللاخان قولىنى غەزەپ
بىلەن شىلتىپ، — ساتقۇن ئەمىر غەنىبەگ بىلەن نەجىببەگنى

رىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەي، مۇبارەك تېنىنى ئاسراپ، تەختتە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ بەرسە، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى بىزلەركىم پەرزەنتلىرى قەشقەردە تۇرۇپ دۆلەتپاناھىمغا ۋاكالىتەن ئاقتۇرسام دېگەن مۇددىئادىمەن.

يەنە بىر ئىش: ئەمىر مىرزا يۇسۇپبەگ جانابىي ئانھەزرىتىمدىن رەنجىپ ئەمەس، بەلكىم ئوردىدىكى چوڭ مەنسەپلەرنى چاڭگىللىغا كىرگۈزۈۋالغان بىر قىسىم ھارام تاماق، ناكەس ئەمىرلەرنىڭ يەكلىشىدىن، پىتنە - پاساتلىرىدىن رەنجىپ بۇل دەرگاھىمىزغا كەلگەنىكەن. ئۇنىڭغا كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلدىم. خۇدا خالىسا پات يېقىندا ئالدىلىرىغا لەشكەرلىرى بىلەن قايتۇرىمەن. ئاداۋەت تۇتماي ياخشى مۇئامىلە قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن. ئەڭ ئاخىرقى ئۆتۈنۈپ قىلىدىغان ئىلتىماسىم شۇلكى، ئوردىغا يوشۇرۇنۇۋالغان رىياكار ئەمىرلەرنى تازىلاش ئۈچۈن، جانابىي قىبلىگاھىمغا ئەڭ ساداقەتمەن بولغان، ئەلەم ۋە قەلەم ماھارىتىدە كامالەتكە يەتكەن مىرزا غەنىبەگ بىلەن مىرزا نەجىببەگكە يۇقىرى مەنسەپ ئىنئام قىلىپ، ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن. مىرزا غەنىبەگنى ئاستانە ئەمىرلىكىگە، مىرزا نەجىببەگنى ئوردا ئىشىكئاغىلىق مەنسىپىگە كۆتۈرۈشلىرىنى ئىلتىجا قىلىمەن...»

— بولدى، بەس!!!

خانىنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئەمىرلەرنى خۇددى بېشىغا توقماق تەگكەندەك چۆچۈتۈۋەتتى. باش مىرزا مەكتۇپنى تۇتقىنىچە قېتىپلا قالدى. ئاستانە ئەمىرى مىرزا باباقبەگ بىلەن ئوردا ئىشىكئاغىسى مىرزا تەڭرىبەردىبەگنىڭ مەنسەپلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىدە ئاداۋەت ۋە قىزغىنىش تۇيغۇلىرى چىرمىۋالغان يۈرىكى قىسىلىپ ئەنسىز سوقۇۋاتاتتى. ئۇلار شۇ تۇرقىدا شاھزا-

لۇقى شۇنچىلىك چېكىگە يەتتىكى، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا بارلىق ئەمىرلىرىنى زىندانغا مەھكۇم قىلىشتىن ئۆزىنى ئاران - ئاران تۇتۇۋالدى.

— ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، — دەپ ئالدىغىراق چىقتى باياتىن بېرى پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان مىرزا ھاجىم ياتىشبېگى① ئېگىلگىنىچە قوللۇق بىلدۈرۈپ.

خان ياتىشبېگىنىڭ قاپقارا، كوسا چىرايىغا شۇنداقلا قاراپ قويۇپ ئىجازەت بەردى. ئادەتتە ياتىشبېگىنىڭ شۇم خەۋەردىن ئۆزگە مەلۇمات يوللىمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان ئەمىرلەر ئۆزلىرىنى يەنە ئاللىقانداق پالاكەتنىڭ كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ۋايىم يەپ يۈرەكلىرى سۇ بولدى - دە، بارلىق سەزگۈلىرىنى قۇلاققا ئايلاندۇرۇشتى.

— ئانھەزرىتىمنىڭ كېچىلىك مۇھاپىزەتنى، چارلاشنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى پەرمانىغا بىنائەن شەھەرنىڭ بارلىق چوڭ - كىچىك كوچا، دەڭ - راباتلىرىغا پايلاقچى - خۇپىيەلەرنى ئورۇنلاشتۇرغانىدۇق. كېچە ئېغىر ئەلياتقۇ مەھەلدە گۆر باغدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن قەلەندەر سىياقىدىكى بىر ساياق گۇمانىمىزنى قوزغاپ قويدى. تەكشۈرۈپ ئاختۇرساق، يېنىدىن شاھزادە يولۋاسخاننىڭ يازغان مۇنۇ مەكتۇپى تېپىلدى.

شاھزادىنىڭ نامى بىلەن چېتىشلىق مەخپىي مەكتۇپنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن ئەمىرلەرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. سۇلتان ئابدۇللاخان بولسا قىزىققان ھالدا تەختكە يۆلەنگەن گەۋدىسىنى رۇسلىدى.

باش مىرزا ياتىشبەگىنىڭ قولىدىكى قاتلانغان بىر ۋاراق خوتەن قەغىزىنى ئېلىپ خانغا ئۇزاتتى. خان كىرلىشىپ كەتكەن

---

① ياتىشبەگ — ئاستانە كېچىلىك چارلىغۇچىلار ئەترىتىنىڭ، قوشۇمچە ئاستانە ساقچى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى؛ ھەربىي يۈرۈشلەردە كېچىلىك مۇھاپىزەتچىلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل سەركەردە.

دەرھال زىندانغا تاشلاڭلار!

ياساۋۇللارنىڭ چاڭگىلىدا توشقاندەك تېپىرلاۋاتقان ئىككى ئەمىر «ئاھ، ناھەقچىلىك! ئادالەت!» دەپ پەرياد كۆتۈرۈشتى.

خاننىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ كەتكەن باشقا ئەمىرلەر ئۇ ئىككى ئەمىرنىڭ گۇناھىنى تىلەش تۇگۇل چوڭراق نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالمىدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ كۆزىگە شاھنىشىننىڭ تام - تورۇسلىرىدىكى ئالتۇن سۈيى يالىتىلغان نەپىس گۈل نۇسخىلىرى، نەقىش - ئۆرنەكلەر خۇددى تام - تورۇستىن مىڭلىغان يىلان - چايانلار لۆمۈلدەپ چىقىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ، ۋۇجۇدىغا ھەسىلەپ دەھشەت سالاتتى.

ئاستانىنىڭ ئەمىرلىك مەنسىپى بىلەن ئوردا ئىشىكئاغىلىق مەنسىپى ئوردىدىكى بارلىق ئەمىرلەرنىڭ كۆزى قىزىرىدىغان، قولغا كىرگۈزۈشنى كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلىدىغان مەنسەپلەردىن ئىدى. چۈنكى، ئاستانىگە ھاكىم بولغان كىشى قوشۇمچە تۈمەن كىشىلىك ئاستانە قورۇقچى لەشكەرلىرىنىڭ قوماندانلىقىنى، ئوردا ئىشىكئاغىسى بولغان كىشى خىللانغان ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرلىك ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەيتتى. بۇ مەنسەپلەر ۋاپاسىز، تۈزكور شاھزادە يولۋاسخانغا سېتىلغان ئەمىرلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ھېچنېمىگە كۆچى يەتمەيدىغان ئادەتتىكى ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشى بىردەملىك ئىش ئىدى. شاھزادىنىڭ مۇشۇنداق مۇھىم ئورۇنغا مەكتۇپ ئارقىلىق باشقا ئەمىرلەرنى قويۇشقا تەۋسىيە قىلىشى شۇ تاپتا گۇمانخور خاننى ھازىرلا ئەسىرگە ئايلىنىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قاتتىق غەزەپلەندۈرگەنىدى.

مىرزا غەنىبەگ بىلەن مىرزا نەجىببەگنىڭ ھەر ئىككىلىسى سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، ئەتىۋارلىنىشقا نائىل بولغان ئەمىرلەردىن ئىدى. يېقىن ئەمىرلىرىنىڭمۇ شاھزادىگە سېتىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن ئابدۇللاخاننىڭ گۇمانخور-

ۋارمەن.
خانۇ خاقان يولۋاسخان سۇلتاندىن دەپ بىلۇرسىلەر»

خەت ئوقۇلۇپ تاماملىنىشى ھامانلا، شاھنىشىننى داد-
پەرياد قاپلىدى. شاھزادە يولۋاسخاننىڭ مەخپىي خېتىدە تىلغا
ئېلىنغان ئەمىرلەر شاھزادىنى تۆھمەتخورلۇقتا ئەيىبلەپ قاقشايت-
تى. ئۆزلىرىنىڭ خانغا، سەلتەنەتكە ساداقەتمەن ئىكەنلىكىنى
بىلدۈرۈشۈپ زارلىشاتتى. ئامان قالغان ئەمىرلەر بولسا خۇداغا
مىڭ - مىڭ قەتلە شۈكرى ئېيتىشىپ، سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ
بۇ كۆتۈلمىگەن بالا - قازانى بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتۈپ
تۇرۇشاتتى.
بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدە ئارقىمۇ ئارقا يۈز بەرگەن
بۇ دىشۋارچىلىقتىن نېمىنىدۇر سېزىپ، گۇمانىي تۇيغۇلارغا ئە-
سىر بولغان بىر قىسىم ئەمىرلەر خىيالىدىن كەچكەنلىرىنى خانغا
ئېيتىشقا بىرقانچە قېتىم تەمشىلىشتىيۇ، خاننىڭ دەھشەتلىك
ئەلپازىغا قاراپ ئۆزلىرىنىڭمۇ بۇ كېلىشمەسلىككە چېتىلىپ قې-
لىشىدىن ئەنسىرەپ، سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار
خاننىڭ قاتتىق غەزەپلەنگەن ۋاقتىدا ھېچكىمنىڭ نەسىھەتكە قۇ-
لاق سالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىشەتتى.
قەھر - غەزىپى چېكىگە يەتكەن سۇلتان ئابدۇللاخان ھېلىقى
بەختى قارا ئەمىرلەرنىڭ نالە - پەريادلىرىغا، يېلىنىش - يالۋۇ-
رۇشلىرىغا قۇلاقمۇ سالماستىن ھەممىسىنى زىندانغا بۇيرۇدى -
دە، تۇرپاننىڭ نائىب ئەمىرى — ئىنىسى سەئىد باباخان سۇلتان-
نىڭ ئاغىچىسىنى كۆتۈۋېلىش ئۈچۈن، كىيىم ئالماشتۇرماقچى
بولۇپ، شاھنىشىندىن چىقىپ كەتتى.
ئامان قالغان ئەمىرلەر «ئۇھ» دەپ يەڭگىل تىن ئې-
لىشتى - دە، خاننىڭ پەرمانىغا بىنائەن، تۇرپاندىن كەلگەن خان
ئاغىچىنىڭ ئىستىقبالىغا بىللە ئاچىقىدىغان ئاغىچا - ئايىملىرىنى

قەغەزگە شۇنداقلا نەزىرىنى ئاغدۇردى ـ دە، باش مىرزىنى ئو-قۇشقا بۇيرۇدى. باش مىرزا گېلىنى قىرىپ مەكتۇپنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«زالىم خاننىڭ دەرگاھىدا ئېتىبارسىز قارىلىپ خار-لىنىۋاتقان، ئەدلۇ ئادالەت ئىزدەپ كېچە ـ كۈندۈز ئاللاغا نالە قىلىۋاتقان مۆھتەرەم مىرزا غەنىبەگ، مىرزا نەجىب-بەگ، ئەمىر ئەييۇپ، مىرزا يامغۇرچىبەگ، مىرزا خەلىل-بەگ، مىرزا سەيپۇللابەگ، مىرزا شاھبەگ، مىرزا نەۋرۇز-دىۋان قاتارلىق ئەمىرلەرگە يېتىپ مەلۇم بولغايكى، سىز-لەركىم ساداقەتمەن يارۇ بۇرادەرلەرنىڭ دەردۇ ئەھۋالىڭىز-لارنى ئەمىر مىرزا يۇسۇپبەگ جانابلىرىدىن ئاڭلاپ خەۋەر تاپتۇق. شۇنداقلا ساداقىتىڭىزلارنى بىلدۇرۇپ ئەۋەتكەن مەكتۇپ، قىممەتلىك سوۋغا ـ سالاملىرىڭلارنىمۇ تاپشۇرۇ-ۋالدۇق. مۆھتەرەم جانابلار، ئول قارا كۆنلەرنىڭ يوقالمى-قىغا ئاز قالدى. پات يېقىندا ئاستانە ئاسمىنىدا ئادالەت قىلىچى جەۋلان قىلىپ، ناھەقچىلىك، زالىملىق مەھشەر-گاھقا ئۆزىتىلىدۇ. سىلەر شۇنىڭغىچە قانچىكى خورلۇق تارتساڭلارمۇ يەنىلا تەخىر قىلغايسىلەر.

خۇدا خالىسا پات يېقىندا ئەمىر مىرزا يۇسۇپبەگنى لەشكەرلىرى بىلەن ئاستانىگە يولغا سالىمەن. ئۇنىڭغىچە قەشقەرگە جەمئىي بولغان ھەق ـ ئادالەت غازاتچىلىرىمۇ ئاستانىگە يېتىپ بارىدۇ. شۇ چاغدا سىلەر مىرزا يۇسۇپبەگ بىلەن ئىچىدىن ماسلىشىپ، سېپىل قوۋۇقلىرىنى ئىگىلى-سەڭلار، بىز تېشىدىن ھۇجۇم قىلىپ، ئىچى ـ تېشىدىن ماسلىشىپ ئاستانىنى پەتھ قىلغايمىز.

سىر ئاشكارىلانمىغاي. نامە ئوقۇپ بولۇنغاندىن كېيىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەي. جانابىي ئەمىرلەردىن كۆپ ئۈمىد-

لىرى تۇرپاننىڭ قوغۇنلىرىدەك تەملىك ئەمەس، شۇنداق بولسى-
مۇ ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ.

— ئاستاننىڭ قوغۇنلىرىمۇ تىلنى يارغۇدەك شېرىن ئىكەن، — دېدى شەمشىبانۇ ئاغىچا قولىغا ئالغان بىر تىلىم قوغۇنغا ئۇنچىدەك چىشلىرىنى نازاكەت بىلەن پاتۇرۇپ.

— تەمى تۇرپاننىڭ قوغۇنلىرىغا يەتمەيدۇ، — دېدى سۇلتان ئابدۇللاخان سۆز قىستۇرۇپ، — كىچىك ۋاقتىمىزدا يېگەن قوغۇنلارنىڭ تەمى هازىرغىچە ئاغزىمدا بار. هازىرغىچە ئۇنچىلىك شېرىن قوغۇن يەپ باقماپتىمەن.

سۇلتان ئابدۇللاخان شۇنداق دېگەچ تۇرپاندا ئۆتكەن بالىلىق دەۋرىنى ئىختىيارسىز ئېسىگە ئالدى. شۇ زامانلاردا تۇرپان، قۇمۇللارنىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان دادىسى ئابدۇرەھىمخان-نى[①] كۆز ئالدىغا كەلتۇردى.

— جەننەتماكان پەدەرىمىز ئابدۇرەھىمخان ھەزرەتلىرى قو-غۇنغا ئاجايىپ ئامراق ئىدى. ئۇنىڭ قىشمۇ ياز قوغۇن يېگىنىنىلا كۆرەتتىم. شۇل سەۋەبتىنمۇ قۇمۇل - تۇرپان دىيارىنىڭ دېهقان-لىرىنىڭ قوغۇن پەرۋىش قىلىشقا بۆلەكچە ئېپى بار. ياراتقان ئىگەم پەدەرىمىزگە جەننەتتىمۇ ئاشۇ جەننەت نېمەتلىرىنى تېتىشقا نېسىپ قىلغاي ئىلاهىم!

مېهمان بىلەن كۆرۈشۈپ سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ئەتىگەنكى كۆڭۈل غەشلىكى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ داستىخاندا بۆلەكچە ئېچىلىپ ئولتۇردى. سورۇن ئەھلىگە قۇ-مۇل، تۇرپاندا ئۆتكەن بالىلىقى ھەققىدە بىر قىسىم ئەسلىمىلىرى-نى، ئىنىلىرى بىلەن قىلغان كۈلكىلىك، بەڭۋاش قىلىقلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، سورۇندىكىلەرنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

---

① ئابدۇرەھىمخان — سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئون ئىككىنچى ئوغلى. تارىخىي مەنبەلەر-دە ئابدۇرەھىمخاننى باشقا خانزادىلەر ۋە بىر قىسىم ئوردا ئەمىرلىرىنىڭ «سەھرالىق خوتۇننىڭ بالىسى» دەپ كۆزگە ئىلمايدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. مۇشۇنىڭغا قاراپ بىر قىسىم تارىخچىلار ئۇنى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ سەھرالىق خانىشى ئامانىنىساخانىدىن تۇغۇلغان ئوغلى دېيىشىدۇ.

جابدۇش ئۇچۇن ئوردىدىن چىقىپ، ئۇدۇل قەسىرلىرىگە يۈگۈ-
رۈشتى.

## 5

مەلىكە شەمشىبانۇ ئاغىچىدىن ھاردۇق سوراپ سېلىنغان شاھانە داستىخان ئوردا بېغىدىكى لالىزار راۋاقتا ھازىرلاندى.

سۇلتان ئابدۇللاخان ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسىتىپ شەمشىبا-نۇ مەلىكە بىلەن ئون ياشلىق قىزى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا ئوڭ يېنىدىن ئورۇن بەرگەنىدى. خاننىڭ سول تەرىپىدە چوڭ خانىشتىن تارتىپ تۆتىنچى خانىشقىچە تەرتىپ بويىچە ئورۇن ئېلىشتى. باشقا ئەمىرلەرمۇ ئاغىچىلىرى بىلەن ئۆزلىرىگە مۇنا-سىپ جايدىن ئورۇن ئېلىشتى. مېھمانلار بىلەن ساھىبخانا جايلى-شىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈ-شۈپ قىسقىلا پاتىھە قىلىشتى ــ دە، قايتىدىن تىنچلىق ــ ئاماز-لىق سوراشتى.

سۇلتان ئابدۇللاخان، شەمشىبانۇ مەلىكىدىن ئىنىسى سەئىد باباخان سۇلتاننىڭ ئەھۋالىنى قايتىدىن سورىدى ۋە ئىنىسىنى سېغىنغانلىقىنى بىلدۈردى. مەلىكە شەمشىبانۇ خان ئاغىچىمۇ خانغا ئېرى سەئىد باباخان سۇلتاننىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى ۋە ئەۋەتكەن مەكتۇپىنى، ئالغاچ كەلگەن سوۋغا ــ سالاملارنى تاپ-شۇردى. بىر قاتار رەسمىيەت ــ يوسۇنلار ئاخىرلاشقاندىن كې-يىن، داستىخانغا سىنچاينىڭ ئورنىدا ئالتۇن ــ قاشتېشى جاملار-دا مۇزدەك ساقلانغان شەربەتلەر كەلتۈرۈلدى. قوغۇن ــ تاۋۇز، ئۈرۈك ــ شاپتۇل، ئەينۇلا... قاتارلىق مېۋىلەر تىزىلدى.

— قېنى، قوغۇنغا باقسىلا، — دېدى چوڭ خانىش، يەڭگە ئاغىچىغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، — ئاستانىنىڭ قوغۇن-

لەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇ ئارىدا بىكاۋۇلبەگ مۇلازىم-
لارنى جورۇپ ئەپچىلگىنە قەلەمتىراشلارنى كەلتۈردى ۋە بىر تال
قەلەمتىراشنى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا ھۆرمەت - ئېھتىرام
بىلەن ئۇزاتتى. مەلىكە قەلەمتىراشقا شۇنداقلا قاراپ ياراتمىغان
ھالدا سورىدى:
— نېمانداق كىچىك بەكە بۇ، چوڭراق پىچاقلار يوقمۇ؟
مىسالەن خەنجەر دېگەندەك.
— بۇ ... بۇ ...
بىكاۋۇلبەگ مەلىكىنىڭ بۇ غەلىتە سوئالىدىن بىر نەچچە
دەقىقە دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى - دە، بىردىنلا ئېسىنى يىغىپ
جاۋاب بەردى:
— مەلىكەمگە چوڭراق پىچاق لازىم بولسا، ھازىرلا ئەكەل-
دۈرەي.
— بولدى، ھاجەتسىز، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم
بىكاۋۇلبەگكە نەزەر كۆزىنى سېلىپمۇ قويماستىن گېپىنى داۋام-
لاشتۇرۇپ، — ماڭا لازىملىق پىچاق مۇشۇ يەردە بار.
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم شۇنداق دېدى - دە، دەس ئورنىدىن
تۇرۇپ، ئۆزىگە قىزىقىپ قاراپ تۇرغان سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ
قېشىغا كېلىپ، خان يېنىغا ئېسىۋالغان ھەرخىل دۇر، ئالماس،
ياقۇتلاردىن كۆز قويۇپ ياسالغان غىلاپتىن چىقىپ تۇرغان ئالتۇن
ساپلىق خەنجەرگە قول ئۇزاتتى.
بۇ خەنجەرنى ئابدۇللاخانغا پەرغانە خانى يىللىق تاپشۇرىدىغان
ئولپانلار قاتارىدا شەخسىي نامىدىن سوۋغا قىلغان بولۇپ، ئاجا-
يىپ ھۈنەر بىلەن ياسالغان بۇ خەنجەرنى خان تولىمۇ ئەتىۋارلاپ
يېنىدىن ئايرىمايتتى.
— مەلىكە، ئەدەپسىزلىك قىلماي جايىڭىزدا ئولتۇرۇڭ، —
دېدى شەمشىبانۇ ئاغىچا قىزىنىڭ كەپسىزلىكىدىن خىجىل بولغان
ھالدا.

مەلىكە شاھبانۇ ئاغىچىنىڭ قېشىدا خۇددى چوڭ كىشىلەر-
دەك تارتىنماي ئولتۇرغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا كۆزى چۈش-
كەن خاننىڭ دىققىتى بۇ جىيەن قىزىغا مەركەزلەشتى. ئۇزۇن
تال- تال كىرپىكلىرى، توغاچتەك مەڭزىگە سايە تاشلاپ تۇرغان
بۇلاقتەك كۆز، ئىلىپتەك تۇز، ناچىدەك نۇقسانسىز بۇرۇن، بىر
تال گىلاسنى پاتۇرۇپ قويغاندەك ئويماقتەك ئېغىز ۋە نېپىز
لەۋلەر ئارىسىدىن ماراپ تۇرغان گۆرۈچتەك چىشلار ... قىز
ھەقىقەتەنمۇ داڭلىق رەسسامنىڭ قولىدىن پۈتكەن يېگانە گۈزەل
سۈرەتكە ئوخشايتتى. سەپەرنىڭ ھاردۇقىدىنمۇ ياكى كۆڭلى تارت-
مىدىمۇ مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ھېچنېمە يېمىگەنىدى. سۇلتان
ئابدۇللاخان قىزدىن ئىچ كۆيەرلىك بىلەن سورىدى:

— مەلىكەمگە قوغۇن تېتىمىدىمۇ، قانداق؟

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم خانغا قاراپ تاتلىققىنا كۈلدى -
دە، تارتىنمايلا جاۋاب بەردى:

— قوغۇنغا تېخى ئېغىز تەگمىگەن تۇرسام، تەمىنىڭ قانداق-
لىقىنى نەدىن بىلەي، خان ئاتا؟!

— ئەمسە تېتىپ بېقىڭ، مەلىكەم.

مەلىكە ئالدىدىكى بىر كاسا كۆكچىنى ئىشارە قىلىپ جاۋاب
بەردى:

— ئويۇپ يەي دېسەم پىچاق يوق.

سۇلتان ئابدۇللاخان شۇ چاغدىلا بارلىق كاسا قىلىنغان قو-
غۇنلارغا پىچاق سانجىپ قويۇلمىغانلىقىنى سەزدى - دە، قاقاقلاپ
كۈلۈپ كەتتى:

— ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، بايامىنىڭزى مەلىكەمنى نېمىگە
تۇرۇپ قالدىكىن دېسەم، كاسا قىلىنغان قوغۇنلارنى ئاستانىدە
نېمە بىلەن يېيدىغان بولغىيتتىكى دەپ ئويلىنىپ قاپتىكەن
ئەمەسمۇ؟!

خاننىڭ قىزىقچىلىق قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرىدىن ھەممەي-

— تەشەككۈر، تەشەككۈر، — دېدى سۇلتان ئابدۇللاخان
ھاياجانلىنىپ، — ئەقىل ـ پاراستىڭىز، غەيرەت ـ شىجائىتى-
ڭىزگە باركاللا، مەلىكەم. يېشىڭىز كىچىك بولسىمۇ جاسارىتى-
ڭىز زىيادە ئىكەن. ئىنىم سەئىد باباخان سۇلتان سىزنى قىز
بالا دەپ ئولتۇرماي ئەر ھەممەتلىك قىلىپ تەربىيىلىگەن ئوخشاي-
دۇ. باھادىر مەلىكە بولغايسىز.

— سۇلتان ئائىلىلىرى تولا رايىغا بېقىپ ئەركە كۆندۈرۈپ
قويىدى، — دېدى مەلىكە شەمشىبانۇ ئاغىچا سۇلتان ئابدۇللاخانغا
ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، — نېمىشقىكىنتاڭ، مەلىكىنىڭ تەڭ دې-
مەتلىكلىرى كەشتە تىكىش، قونچاق، تاشتەرمەك ئويناشقا ئامرا-
قۇ، مەلىكەم بولسا ياراغقا ئامراق، خەنجەر ـ پىچاققا ئالاھىدە
ئىشتىياقى بار. تۇرپاندىكى ھۇجرىسىدا يىغىپ ساقلىغان خەن-
جەرلىرى ئوتتۇزدىن ئاشىدۇ. تېخى جانبازلىققا زوقمەنلىكىنى
دېمەيلا.

— نېمە؟ جانبازلىققىمۇ زوقى بارمۇ مەلىكەمنىڭ؟ — دېدى
چوڭ خانىش ھەم ھەيران بولغان، ھەم ياراتمىغان بىر خىل
تەرزدە، ھەممەيلەننى ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئاۋازىنى ئۈنلۈكرەك
چىقىرىشقا تىرىشىپ.

— شۇنداق، شاھبانۇ ئائىلىلىرى، — دېدى مەلىكە شەمشى-
بانۇ ئاغىچا، چوڭ خانىشقا قاراپ، — مەلىكە ئوقيا ئېتىش،
نەيزە ـ قىلىچ ئوينىتىشتا خېلىلا ماھارەت ئىگىلىدى.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ مەلىكىلەرگە يات بۇ ھەۋەسنى
ياراتمىغان چوڭ خانىش چاندۇرماي تۈمشۇقىنى ئۈچلىدى. لې-
كىن، بۇ جاۋاب ئابدۇللاخاننى تېخىمۇ بەك قىزىقتۇردى.

— شۇنداقمۇ تېخى، ئۇنداق بولسا مەلىكەم بىلەن كېلەر
ھەپتە بىللە ئوۋغا چىققاچ ماھارىتىنى كۆرۈپ باقسام قانداق
بولۇر؟

— ئەمىسە، ۋەدىلىرى ۋەدە ـ ھە، خان ئاتا، — دېدى

سۇلتان ئابدۇللاخان بولسا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ غىلاپتىن خەنجەرنى ئېلىشىغا يول قويىدى. مەلىكە خەنجەرنى قولىغا ئېلىپ زوقلانغان ھالدا بىرنەچچە دەقىقە قارىۋەتكەندىن كېيىن ئورنىغا قايتىپ كەلدى ـ دە، خەنجەرنىڭ ئۇچى بىلەن قوغۇندىن بىر چىشلەم ئويۇپ ئاغزىغا سالدى.

— قوغۇننىڭ تەمى قانداقراقكىن، مەلىكەم؟ — سورىدى ئابدۇللاخان مەلىكىنى گەپكە سالماقچى بولۇپ.

— تاتلىق ئىكەن، — دېدى مەلىكە تەمكىنلىك بىلەن، — قوغۇندىن كۆرە مۇنۇ خەنجەر تېخىمۇ تاتلىق ئىكەن. خان ئاتام ئىجازەت بەرسە بۇ خەنجەرنىمۇ يەۋەتسەم دەيمەن.

سۇلتان ئابدۇللاخان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ تولىمۇ چېچەنلىك بىلەن خەنجەرنى ئۆزىدىن سوراۋاتقانلىقىنى بىلىپ، قىزنىڭ ئەقلىگە ۋە سۆز ماھارىتىگە شۇنداق قايىل بولدىكى، ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئەڭ ئەتىۋار بۇيۇملىرى قاتارىدا ساقلايدىغان خەنجەرنى مەلىكىگە سوۋغا قىلىۋەتتى.

— مەلىكەمگە ئىجازەت، — دېدى ئابدۇللاخان ئالتۇن توقىلىق كەمىرىگە ئېسىۋالغان غىلاپنى يېشىۋېلىپ مەلىكىگە تەڭلەپ تۇرۇپ، — ئېلىڭ، مەلىكەم، ئۇل خەنجەرنى مۇنۇ غىلاپقا سېلىپ ساقلاپ، ئالدىرىماي يەۋېلىڭ.

خان بىلەن مەلىكە ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بۇ سۆز ئويۇنىدىن سورۇندىكىلەر ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشتى.

مەلىكە خاننىڭ ئالدىغا كېلىپ غىلاپنى ئىككى قوللاپ تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ تۇرۇپ ئالدى ـ دە، خەنجەرنى غىلاپقا سېلىپ، غىلاپنىڭ بېغىنى قاشتېشى كەمىرىگە ئۆتكۈزۈپ يېنىغا ئېسىۋالدى.

— خان ئاتامنىڭ ئىلتىپاتىغا ھەشقاللا، بۇ خەنجەر ۋاقتى كەلگەندە سەلتەنىتىمىزنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ كۆكرىكىگە ئەجەل تىغى بولۇپ ئۇرۇلغاي!

# 6

ئاستانىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى چوڭقۇر يارلىقنىڭ لېۋىگە جايلاشقان قەتلىگاھ ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. چەمبەرچاس باغلانغان سەككىز نەپەر ساتقۇن يارنىڭ لېۋىگە قاتار تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغانىدى. قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان ياساۋۇللار قەدەمدە بىر ياي شەكىللىك سەپ تۈزۈپ دەۋرەپ تۇرغان خەلقنى ئۆتكۈزمەي جازا مەيدانىنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇراتتى.

قەتلىگاھنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى بىر گەز ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈپ ياسالغان شاھانە لاپاسنىڭ سايىسىدە سۇلتان ئابدۇللا خان قەلەمدار – ئەلەمدار ئەمىرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاتلىق ھالەتتە ھەيۋە بىلەن تۇراتتى. بېشىدىكى شاھانە دۇبۇلغىسىنىڭ ئالتۇن قۇببىلىرى قۇياش نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئۇچىسىدىكى ساۋۇتقا بېزەك ئورنىدا تۇتۇلغان تۈرلۈك جاۋاھىراتلار يۇلتۇزدەك چاقنايتتى. ئالتۇن توقىلىق كەمىرىگە تەڭداشسىز ھوقۇق، كۈچ – قۇدرەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئالماس ساپلىق زۇلپىقارى ئېسىقلىق ئىدى. باشقا ئەمىرلەرمۇ جەڭ كىيىمى كىيىشىۋالغان بولۇپ، قەتلىگاھ بەئەينى جەڭ مەيدانىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ئوڭ يېنىدا تۇم قارا ئايغىرغا مىنىۋالغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىممۇ بېشىغا دۇبۇلغا، ئۇچىسىغا ساۋۇت كىيىۋالغان بولۇپ، تېخى بايىلا ئابدۇللاخاندىن سوراپ ئېلىۋالغان ئالتۇن ساپلىق خەنجىرىنى كەمىرىگە ئېسىۋالغانىدى. ئۇ ئات ئۈستىدە تولىمۇ جەسۇر كۆرۈنەتتى، تۇرپاندىن ئالغاچ كەلگەن ئوقياسىنى يېنىغا ئېسىۋالغان بولۇپ، ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇرغان نەقىشلىك كۆن ئوقدانىغا لىق ئوق قاچىلانغانىدى.

جازا دىۋانىنىڭ ئەمىرى خاننىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ جاكارچىنى خان يارلىقىنى جاكارلاشقا بۇيرۇدى. جاكارچى ئېتىنى

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم چاقىقانلىق بىلەن.

شۇ ئارىدا سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ قېشىغا كەلگەن بىكاۋۇل-بەگىنىڭ قولىقىغا بىرنېمىلەرنى كۇسۇرلىدى.

— ئەمىرلەر ساقلاپ تۇرسۇن، مەن ھازىرلا چىقىمەن، — دېدى ئابدۇللاخان بىكاۋۇلبەگكە ۋە مەلىكە شەمشىبانۇ ئاغىچىغا قاراپ ئۆزرە ئېيتتى، — كېلىن ئاغىچا خېنىمغا كۆپرەك ھەمراھ بولالمايدىغان بولدۇم. بۈگۈن بىرقانچە ساتقۇن ئەمىرلەرنى جازا-لاپ رەئىيەتكە ئىبرەت قىلدۇرماقچىدىم. مەن ئوردىغا چىقاي. يەنە باشقا كۈنى مۇلاقەتتە بولارمىز.

— خان ئاتام بىللە بىلەن بارسام بولامدۇ؟ — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم مېڭىشقا تەمشەلگەن خاننىڭ ئالدىنى توسۇپ.

— ئۇ دېگەن تاماشا كۆرىدىغان سورۇن ئەمەس، مەلى-كەم، — دېدى چوڭ خانىش خاننىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىنلا مەلىكىگە قاراپ، — قەتلىگاھقا[1] قىز بالا بارسا بولمايدۇ. ئۇ يەرگە بېرىپ قورقۇپ كېتىپ ئاغرىپ قالمىسىلا يەنە.

— قورقمايمەن، — دېدى مەلىكە قەتئىيلىك بىلەن، — مەن تۇرپاندىمۇ پەدەرىم سەئىدباباخان ئالىيلىرىنىڭ قەتلىگاھىغا ئىشتىراك قىلغانمەن. بىللە بېرىپ خان ئاتامنىڭ ئول ساتقۇنلار-نى جازالىغىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگۈم بار. قىلىچىدىن قان تامدۇرۇشنى بىلگەن كىشى ئاندىن يۇرت سورىيالايدۇ. شۇنداق-مۇ، خان ئاتا؟!

مەلىكىنىڭ يېشىغا ماس كەلمىگەن ھالدا سورىغان بۇ سوئا-لى سۇلتان ئابدۇللاخاننىمۇ، خانىشلارنىمۇ ۋە باشقا سورۇن ئەھ-لىنىمۇ ھەيران قالدۇردى.

---

① قەتلىگاھ — رىگىستان دېمۇ ئاتىلىدۇ، كاللا كېسىدىغان مەيدان.

ھەققىدىكى پەرماننى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن جاللاتلار مىرغە-
زەپنىڭ[1] باشچىلىقىدا ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. ئاۋۋال
مىرزا غەنىبەگ بىلەن مىرزا نەجىببەگنى پورۇقلاپ قايناۋاتقان
ياغقا باستى. ئاندىن ئەمىر ئەييۇپبەگ بىلەن مىرزا يامغۇرچىبەگ-
نىڭ كاللىسىنى بىر قىلىچ بىلەن ئۈزۈپ تاشلىدى. مىرزا خە-
لىلبەگ بىلەن مىرزا سەيپۇللابەگ دارغا ئېسىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا
مىرزا شاھبەگ بىلەن مىرزا نەۋرۇز دېۋان ئوقيا بىلەن ئېتىپ
ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇلدى.

ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان بەگلەر بىردىن
تۈۋرۈككە ئۆرە تۇرغۇزۇلۇپ باغلىنىپتى - دە، تاللانغان ئون نەپەر
مەرگەن يۈز قەدەم يىراقلىقتىن نۆۋەت بويىچە ئوق ئېتىپ ئۆلتۈ-
رەتتى. مەرگەنلەر ئاۋۋال مىرزا شاھبەگنىڭ كۆكرىكىنى نىشانغا
ئېلىپ ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى. شۇئان سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ
يېنىدا تۇرۇپ تاماشا قىلىۋاتقان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ
تىرناقلىرىغا تۇجۇپىلەپ خېنە يېقىلغان نازۇك بارماقلىرى بويىنغا
ئېسىۋالغان ئوقياغا يۇگۈردى. مەلىكە دەقىقە ئىچىدە يانى ئوقلە-
دى - دە، قېشىدىكى سۇلتان ئابدۇللاخانغا مۇراجىئەت قىلدى.

— خان ئاتام ئىجازەت قىلسا، مەنمۇ بىر تال ئوق ئېتىپ
باققان بولسام.

خان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ نازۇك بارماقلىرى مەھ-
كەم تۇتۇپ تۇرغان، نەپىس ياسالغان ئوقياغا ھەۋەس بىلەن قاراپ
قويۇپ، رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ ئىجازەت بەردى.

— ئېھتىيات قىلىڭ، مەلىكەم، — دېدى ئابدۇللا خان
يانىڭ كىرىچىنى تارتىۋاتقان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنى ئاگاھلان-
دۇرۇپ، — ئوقىڭىز نىشانغا تەگمەي بىگۇناھ رەئىيەتنى زەخمە-
لەندۈرۈپ قويمىسۇن.

---

① مىرغەزەپ — جاللاتلار باشلىقى.

دىۋىتىپ جازا مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىغا كەلدى ـ دە، مەخسۇس خان يارلىقى سىلىنىدىغان، نەپىس ئىشلەنگەن تېرە قاپچۇقتىن بىر يۆگەم قەغەزنى ئېلىپ ئوقۇشقا تەييارلاندى. ئۇنىڭغىچە جاكارچىنىڭ ياردەمچىسى قولىدىكى مىس تېۋىلبازنى بىرنەچچە قېتىم چالدى ـ دە، كانىيى يىرتىلىپ كەتكۈدەك ۋارقىراپ، خەلقنى تەرتىپكە جۆنىدى. دېڭىزدەك دەۋرەپ تۇرغان ئادەملەر شۇ هامان تىمتاسلىققا چۆمدى.

جاكارچى گېلىنى ئىككى قېتىم قىرىپ، يارلىقنى ئوقۇشقا باشلىدى:

— ئەييۇھە ـ نناس! ئەييۇھەنناس! يارلىققا قۇلاق سېلىڭلار ئاموخاس! هازىر ئادالەتنى نوشىرۋان، ئەل ـ رەئىيەتكە پاسىبان، ئەغيارلىرى يەر بىلەن يەكسان دۆلەت پاناهىمىز سۇلتان ئابدۇللاخان ئالىيلىرىنىڭ يارلىقى جاكارلىنىدۇ.

يارلىق:

ئاستانىدىكى بارلىق ئۇلۇغ ـ ئۇششاق، ئەر ـ ئايال ئاۋام رەئىيەتكە، باشقا شەھەر، يۇرت ـ قىشلاقلاردىكى پۇقرالارغا يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، ئۇزۇندىن بېرى ئوردىنىڭ تۇزىنى يەپ، ئالىي شاهانە ئىنئاملارغا ئېرىشىپ، سەلتەنىتىمىزدە ئەتىۋارلىنىپ كېلىۋاتقان سەككىز ئەمىرنىڭ خانغا ئاسىيلىق، سەلتەنەتكە ساتقۇنلۇق قىلىش گۇناهى ئۈچۈن، ئەل ـ رەئىيەت ئالدىدا جازالاپ ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى. ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى كۆرسەتكەن تۆهپىسىنى نەزەرگە ئېلىپ، مال ـ مۈلكى ۋە جەددى ـ جەمەتى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىمايدۇ. بارلىق سەئىدىيە پۇقرالىرى بۇ ئىشتىن قاتتىق ئىبرەت ئالغاي!...

جاكارچى گۇناهكار ئەمىرلەرگە قانداق جازا بېرىلگەنلىكى

# ئىككىنچى باب

# مەزھەپ توپانى

## 1

كۈن چۈشتىن قىيىلغان مەھەل.
تونۇردەك قىزىپ كەتكەن قەشقەر شەھىرىدە سەئىدىيە دۆلە-
تىنىڭ كاتتا شەھەرلىرىگە خاس قاينام ـ تاشقىنلىق هايات داۋام-
لاشماقتا. بولۇپمۇ دوغاپچى، باققاللارنىڭ بازىرى چاپ ـ چاپ،
دوغچىلار سايىۋەنلەرئاستىغا توختىتىۋالغان دوغ غالتىكى ئۈستى-
دىكى تۈگمەن تېشىدەك يوغانلىقتىكى خرۇستالدەك سۈزۈك مۇز-
لارنى تۆمۈر ۋاشاق بىلەن گۈرۈچتەك ـ گۈرۈچتەك تاراشلاپ سول
قولىدىكى ھېجىر تاۋاقلارغا زايە قىلماي چۈشۈرۈپ، كۆپتىكى
پاكىز سۇ بىلەن چايقاپ، خېرىدارلارنىڭ تەلىپى بويىچە
ساراڭ دوغ①، شىرنە دوغ②، قېتىق دوغ③، كاشكاپ دوغ④، شەربەت
دوغ⑤... لارنى چاققانلىق بىلەن تەييارلاپ، قوشۇق بىلەن قوچۇپ

---

① ساراڭ دوغ — قېتىق بىلەن شىرنە ياكى شەربەتلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلىدۇ.
② شىرنە دوغ — ناۋات شىرنىسىدە ئېتىلىدۇ.
③ قېتىق دوغ — قېتىقتا ياكى سۈزمىدە ئېتىلىدۇ.
④ كاشكاپ دوغ — گۈلە، قاق، جىگدە، چىلان، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىق قۇرۇق يەل-
يېمىشلەرنى پۇراقلىق دورا ـ دەرمەككە چىلاپ، تەمى چىققان سۈيىدە ئېتىلىدۇ.
⑤ شەربەت دوغ — تۈرلۈك شەربەتلەردە ئېتىلىدۇ.

مەلىكە ئۆزىنىڭ ئوقيا ئېتىش ماھارىتىگە ئابدۇللاخاننىڭ ئانچە ئىشەنچ قىلالمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ ھەم رەنجىدى، ھەم ماھارىتىنى بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى - دە، ئاستىنقى لېۋىنى مەھكەم چىشلىگىنىچە ئوقلانغان يانىڭ كىرىچىنى تارتىپ تولۇن ھالەتكە كەلتۈردى - دە، نىشاننى قارىغا ئېلىپ تۇرۇپ كىرىچىنى قويۇۋەتتى. شۇ ھامان تۇۋرۇككە مىخلانغان مىرزا نەۋرۇز دىۋان ئېچىنىشلىق داد - پەرياد كۆتۈردى. مەلىكىنىڭ ئاتقان ئوقى ئۇنىڭ دەل ئوڭ كۆزىگە بېرىپ قادالغانىدى.

— بارىكاللا، مەلىكەم، ھەقىقەتەن مەرگەنىكەنسىز، — دېدى سۇلتان ئابدۇللاخان مەلىكىنىڭ ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ.

— ئاپىرىن! ئاپىرىن!

— كاتتا ماھارەت!

باشقا ئەمىرلەرمۇ خانغا ئەگىشىپ مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم-نى ماختاپ كېتىشتى.

ماختاش سادالىرىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن مەلىكە ھاياجانلانغان ھالدا ئوقداندىن يەنە بىر تال ئوق ئالدى - دە، ئوقنى ياغا سېلىپ كىرىچىنى كۇچەپ تارتقىنىچە مىرزا نەۋرۇز دىۋاننىڭ سول كۆزى-نى نىشانغا ئالدى...

تۆۋەن تەرىپىدە شاھزادىگە ئۆدۈلمۇ ئۆدۈل ئولتۇرغان يەنە بىر جۇۋان دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ سوزۇك، يۇمشاق، لەرزان ئاۋازى جىمجىت ئوردا ئىچىنىڭ بارلىق بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا تەكشى تارقىلاتتى:

*كىشى ئاشىق ئىسە ئوتتىن يانارمۇ؟*
*ئەزىز مەئشۇقىغە جانىن ئايارمۇ؟*
*دىلۇجان بىرلە ھەر كىم بولسە ئاشىق،*
*بولۇر مەشۇقىغە جانەك مۇۋاپىق.*①

مۇڭ بولۇپ ئولتۇرغان شاھزادە ناخشا ئاخىرلىشىشى ھامان ئالدىدىكى قاشتېشى جامنى قولىغا ئالدى-دە، ناخشىچى جۇۋانغا تەڭلىدى:

— بۇگۈن خېلىلا پەيزىڭ بارغۇ، گۈلشەن، تۇتە ماۋۇ بىر قەدەھ شارابنى ئىچىۋېتىپ شوخراق پەدىگە چال.

— ئىلتىپاتلىرىغا ھەشقاللا، شاھزادەم، — دېدى جۇۋان ئورنىدىن تۇرۇپ شاھزادىگە نازاكەت بىلەن ئېگىلىپ سالام قىلىپ، — ھېلىمۇ باياتىن ئىچكەن شاراب بىلەن خېلىلا مەست بولۇپ قاپتىمەن. ئەمدى ئىچمەي، ناخشىنى سىلى زېرىكىپ قالغۇچە ئېيتىپ بېرەي.

— نېمانچىۋالا تولا گەپ قىلىسەن، گۈلشەن، — دېدى شاھزادە تەئەددى قىلىپ، — مەن بىلەن ئىچمەي كىم بىلەن ئىچەتتىڭ، مەست بولۇپ قالساڭ ھېچ ۋەقەسى يوق. سەن مەست بولمىساڭ قىزىقچىلىق قانداق چىقىدۇ. مەن سېنىڭ ناخشاڭ-

---

① بۇ ھىرقەتنىڭ شېئىرى، مەنىسى:
ئاشىق كىشى ئوتتىن يانامدۇ؟
قەدىردان مەشۇقىدىن جېنىنى ئايامدۇ؟
كىمدە كىم بەجانىدىل ئاشىق بولسا،
مەشۇقىنىڭ ۋۇجۇدىغا جانىغا ئوخشاش قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

بېشىدىن ئىككى - ئۈچ گەز ئېگىزلىكتە ئىككى - ئۈچ قېتىم سورۇيتتى، تولىمۇ سەنئەتلىك سورۇلغان دوغلار بىر تېمىمۇ زايە بولماي، يەنە ھېجىرغا قۇيۇلاتتى، ئەنە شۇ يوسۇندا تەييار بولغان دوغلارنى خېرىدارغا قوش قوللاپ ئۇزىتاتتى.

ھەم سوغۇق، ھەم ئۆزگىچە تەملىك، ھەم پۇراقلىق بۇ سوغۇق ئىچىملىكلەر ئۇسسۇلۇقنى باسقاننىڭ سىرتىدا بەزىلىرى ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەن بىمارغا، بەزىلىرى سوغۇقى ئېشىپ كەتكەن بىمارلارغا شىپا بولاتتى. بەدەننىڭ ھارارىتىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان بۇ ئىچىملىك بىر يۇتۇم ئىچكەن ئادەمنى خۇمار قىلىپ قوياتتى. كوچىغا چىققان ھەرقانداق ئادەم بىرەر ھېجىر ئىچمەي قالمايتتى. شۇ كۈنلەردە قەشقەر شەھىرىدە دوغنىڭ بازىرى ئەڭ ئىتتىك ئىدى.

ئوردا بېغىدىكى تالزارلىق راۋاقتا كىيىملىرى بىلەنلا سەگىدەپ ئولتۇرغان قەشقەرنىڭ نائىب ئەمىرى شاھزادە يولۋاسخان قاشتېشى قەدەھتىكى ئەپيۇن ئارىلاشتۇرۇلغان كۈچلۈك شارابنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى - دە، ئالتۇن تاۋاقتىكى ساراڭ دوغنى قولىغا ئېلىپ گۇپۇلدىتىپ سۇمۇرۇشكە باشلىدى. ئادەتتە يالغۇز ئولتۇرۇپ بەزمە - ئىچكۈۋازلىق قىلمايدىغان شاھزادە بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر ئۆلپەتسىز ئىدى. ئىككى يېنىدا ئولتۇرغان ئىككى كېنىزەك توز پېپىدە ياسالغان يەلپۈگۈچ بىلەن يەڭگىل يەلپۈيتتى.

يەنە ئىككى كېنىزەك داستىخاندىكى تۈرلۈك يەل - يېمىش، يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەرگە قونماقچى بولغان چىۋىنلەرنى تىنىمسىز قورۇيتتى. يەنە بىر كېنىزەك (شاھزادىنىڭ ھەرىمىدىكى خاس توقاللىرىدىن بولسا كېرەك) بوشىغان قاشتېشى جامغا مەي تولدۇرۇۋاتاتتى. شاھزادە ساقىيلىق قىلىۋاتقان بۇ كېنىزەككىمۇ ئىچكۈزگەن بولسا كېرەك، ھەر ئىككىلىسىنىڭ چىرايى قىزىرىپ - كۆزلىرى خۇمارلىشىپ قالغانىدى. داستىخاننىڭ

رەسىۋا قىلىۋالاتتى ـ دە، ئۇدۇل كەلگەن بىر يەردە يېتىۋ
قالاتتى. مەستلىكىدىن يېشىلگەندە تورقىغا قاراپ ئۆزى بىلەن
كارى بولمىغان خىزمەتكارلارنى بولدى دېگۈچە قارغايتتى. ئىك-
كىنچىلەپ ئوردىغا ئاياغ باسماسلىققا، شاھزادىنىڭ بەزمە سورۇن-
لىرىغا قاتناشماسلىققا قەسەمياد قىلاتتى. ئەمما، شاھزادە قىچ-
قارتىپ مەپە ئەۋەتكەن هامان، هېلىقى قەسەملىرىنى پۈتۈنلەي
ئۇنتۇيىتتى ـ دە، ياسىنىپ ـ جابدۇنۇپ ئوردىغا يۈگۈرەيتتى.
گۈلشەننىڭ مەست ۋاقتىدا قىلغان سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى خىز-
مەتكارلىرىغا سۆزلىتىپ ئاڭلىغان شاھزادە يەنە قانغۇچە كۈلەتتى.
«مەن گۈلشەننىڭ ناخشىسىغىمۇ، مەستلىكىگىمۇ خۇشتار» دەيت-
تى شاھزادە ھۇزۇرلانغان ھالدا. شۇ تاپتا شاھزادە گۈلشەننىڭ
ئاشۇ قىزىقارلىق ھەرىكەتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كۈلۈپ
كەتكەنىدى.
— خاتىرجەم ئىچىۋەر، — دېدى شاھزادە كۈلكىدىن ئۆزىنى
تۇتالمىغان ھالدا، — خىزمەتكارلارغا تاپىلاپ قويىمەن. ئۇلار
سېنى ئارامخانىغا ئەكىرىپ قويىدۇ.
گۈلشەن شاھزادە بىلەن ئارتۇقچە تالاشمىدى. گەرچە ئۇ
ھازىر كەيپ بولغان بولسىمۇ ئەدەپتىن چىقىپ كەتكۈدەك دەرىجى-
دە ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا شاھزادىگە
مۇراجىئەت قىلدى:
— ئۇنداقتا مەن باشقا جامدا ئىچەي. شاھزادەمنىڭ مۇبارەك
لەۋلىرى تەگكەن قەدەھكە لەۋ تەگكۈزۈپ ئەدەپسىزلىك قىلىشقا
ھەددىم ئەمەس.
— ئەجەب ئەقىللىق جۇمۇسەن، گۈلشەن، — دېدى شاھزادە
شەھۋەت ئۇچقۇنلىرى چاچراۋاتقان كۆزلىرىنى گۈلشەننىڭ خۇمار-
لاشقان كۆزلىرىگە تىكىپ تۇرۇپ، — توغرا، شاھزادىنىڭ لەۋ-
لىرى تەگكەن يەرگە باشقىلارنىڭ لەۋ تەگكۈزۈشىگە قەتئىي
بولمايدۇ.

غىمۇ، مەستلىكىڭگىمۇ خۇشتار.

شاھزادە ئۇيۇشتۇرغان بەزمىلەرگە داۋاملىق ئىشتىراك قى-
لىپ تۇرغاچقىمۇ، ناخشىچى چوكان سۇر - ھەيۋىسى بىلەن
پۇتكۇل قەشقەرنى تىترىتىپ تۇرىدىغان شاھزادىدىن ئانچە ھېيى-
قىپ كەتمەيدىغاندەك قىلاتتى.

— مېنى شارابقا زورلاپ تاماشا كۆرۈشنىلا بىلىلا، شاھزا-
دەم، — دېدى گۇلشەن تۇجۇپىلەپ ئوسما قويغان چىرايلىق ئەگىم
قاشلىرىنى نازلىق ئېتىپ، چىرايىغا ھەرقانداق بىر ئەركەكنىڭ
ئىچى كۆيگۇدەك تەبەسسۇم يۇگۇرتۇپ، — مەست بولۇپ يىقىلىپ
قالسام، ھېچكىمنىڭ كارى يوق مەن بىلەن.

گۇلشەننىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ شاھزادە قاقاقلاپ كۇلۇپ
كەتتى. قەشقەردىكى بەگزادە، بايۋەچچە، زەردارلار ئۇچۇن
«ھىندى سارىيى» دەپ ئاتىلىدىغان سارايىنىڭ ئىچكىرىسىدە خۇ-
پىيانە ئېچىلغان بەزمىخانىنىڭ ناخشىچىسى بولغان بۇ چوكانىنىڭ
خېلىلا داڭقى بار ئىدى. شاھزادە يولۋاسخان ئۆزىنىڭ نائىب
ئەمىرلىك ۋە شاھزادىلىق سالاھىيىتى بىلەن بۇ بەزمىخانىغا بې-
رىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقى ئۇچۇن بۇ چوكاننى پات - پات
ئوردىغا قىچقارتىپ بەزمە سورۇنلىرىدا دۇتار چالدۇرۇپ ناخشى-
سىدىن ھۇزۇر ئالاتتى.

گۇلشەنمۇ ئانچە - مۇنچە ناز قىلىپ قويغان بىلەن خېلى-
خېلى ئەركەكلەردىن قېلىشماي شاراب ئىچەتتى - دە، ئوبدانلا
مەست بولۇپ قالاتتى. بەزمە ئاخىرلاشقاندا شاھزادە ۋە باشقا
ئەمىرلەر، بەگ - تۆرىلەرنى، زەردار مېھمانلارنى خىزمەتكار -
مۇلازىملار يۆلەپ خاس مېھمانخانىلارغا ئەكىرىپ، مەپە - خادىك-
لىرىغا چىقىرىپ ھالىدىن خەۋەر ئالغىنى بىلەن، بۇ مەيخور،
دۇتارچى جۇۋان بىلەن نېمە ئۇچۇندۇر خىزمەتكارلارنىڭ كارى
بولمايتتى. ئۇ مەستچىلىكتە جايلاپ ماڭالماي يىقىلىپ چۇ-
شۇپ، توپا - تۇمانلارغا مىلىنىپ كىيىم - كېچەكلىرىنى

شۇ تاپتا شاھزادە يولۋاسخاننىڭ ئۇنى ئەخمەق ئېتىپ ئېيتقان بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۆيىنتىۋەتتى ـ دە، دەس ئورنىدىن تۇرۇپ شاھزادىنىڭ قولىدىكى قاشتېشى قەدەھنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى، ئاندىن قەدەھنىڭ گىرۋەكلىرىنى پاك ـ پاكىز يالىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن شاھزادە يولۋاسخان ۋە كېنىزەكلەر كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قېلىشتى.

— قېنى ئەمدى شوخ پەدىلەردىن بىرنىگە چاله، — دەپ بۇيرۇق قىلدى شاھزادە. خېلىلا مەست بولۇپ قالغان گۈلشەن دۇتارنى قولىغا ئېلىپ پەدىسىنى سەل ـ پەللا تەڭشەپ، نازۇك بارماقلىرى بىلەن دۇتارنىڭ تارىسىنى چېكىشكە باشلىدى:

*تامدىن ئېگىز چىتلارى،*
*بارسام قاۋار ئىتلارى.*
*ئاخشام ياتسام غوجام بىلەن،*
*ئۇخلاتمىدى پىتلارى.*

ناخشىنى ئاڭلاپ شاھزادىمۇ، كېنىزەكلەرمۇ تېلىقىپ كۈلۈشكە باشلىدى. گۈلشەن بولسا شاھزادىنى كۈلدۈرەلىگەنلىكىدىن ھاياجانلىنىپ ناخشىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىرىشقا باشلىدى. ئۇ ھەربىر كۇپلېت ناخشا ئاخىرلاشقاندا ئاخىرىغا «ئاھ غوجام»، «تاتلىق غوجام»، «ۋايجان ـ ۋاييەي» دېگەندەك سۆزلەرنى نەقرات قىلىپ غىلجىڭلايتتى.

*چايقايدۇيا، چايقايدۇ،*
*ئىلمان سۇدا چايقايدۇ.*
*ئاشۇ غوجامنى بىر سۆيسەم،*
*بەدەن ـ بەدەنگە تارقايدۇ.*

شاھزادە ساقىيلىق قىلىۋاتقان كېنىزەككە قاراپ بۇيرۇدى:
— گۈلشەنگە ئۆزىنىڭ پىيالىسىدە شاراب تۇت.
— ئازراق قۇيسىلا، خېنىم، — دېدى گۈلشەن ساقىيلىق قىلىۋاتقان كېنىزەككە قاراپ.
داستىخان راسلىغاندا گۈلشەنگە شاراب قۇيغىلى مەخسۇس قەدەھ تەييارلانمىغانلىقى ئۈچۈن شەربەت قۇيۇلغان كىچىكرەك ئالتۇن پىيالىدىن بىرنى بىكارلاپ شاراب قۇيۇپ بەرگەنىدى.
شۇ تاپتا گۈلشەن، ساقىي كېنىزەكنىڭ پىيالىنى تولدۇرۇ-ۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى. بىراق، گۈلشەننى راسا بىر مەست قىلىپ تاماشىسىدىن ھوزۇرلىنىشنى كۆڭلىگە پۈككەن شاھزادە يولۋاسخان، كېنىزەكنى ئالتۇن پىيالىگە لىق شاراب قۇيۇشقا ئىشارە قىلدى. گۈلشەن غودۇرىغان ھالدا لىپمۇ لىق بىر پىيالە شارابنى ئۈچكە بۆلۈپ ئىچىۋەتتى-دە، رەنجىگەننى قىلىپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرگىنىچە سورىدى:
— ئەمدى قايسى پەدىنى ئاڭلاشنى خالايلىكىن، شاھزادەم.
— توختاپ تۇر، — دېدى شاھزادە يولۋاسخان ئالدىدىكى قاشتېشى قەدەھنى قولىغا ئېلىپ، — مەن ساڭا ھازىر مېنىڭ لېۋىم تەگكەن يەرگە لەۋ تەگكۈزۈشۈڭگە پەرمان بېرىمەن. ھازىر-چە مۇشۇ قاشتېشى قـەدەھ ئـارقىلىق لـەۋلىرىمىز جۈپلەشكەچ تۇرغاي.
بەزمە، ئىشقۋازلىق سورۇنلىرىدا تولا يۈرۈپ پىشىپ كەت-كەن، ئەمدىلا ئوتتۇز بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، تېخى ياشلىق جەزبىسىنى يوقاتمىغان گۈلشەننىڭ ئولتۇرسا-قوپسا ئارمان قىلىدىغىنىمۇ شاھزادە يولۋاسخاننى ئىشق قارمىقىغا بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئىلىندۇرۇش، شۇ ئارقىلىق شاھزادىنىڭ كۆڭ-لىنى ئۇتۇپ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، شاھزادە ھەرىمىنىڭ كېنى-زەكلىرىنى باشقۇرۇش مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ تىرىكچىلىك يولى تېپىش، بەزمىخانىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىش ئىدى.

قاراۋۇللار بېشىغا دەرھال بۇيرۇق قىلدى:

— ماڭ، پىرىمنى دەرھال باشلاپ كىر.

قاراۋۇللار بېشى سەل دېلىغۇل بولغان ھالدا يەنە سورىدى:

— ئىشان پىرىمنى نەگە باشلايمەن، ئالىيلىرى؟

بۇ سوئالنى ئاڭلاپ شاھزادە يولۋاسخاننىڭ بىردىنلا ئۇغىسى قايىندى:

— ھوي كالۋا، نېمە تىلىڭنى چايناپ تۇرىسەن، ئىشان پىرىمنى مېنىڭ قېشىمغا باشلاپ كەلمەي، ئاناڭنىڭ قېشىغا باشلامتىڭ...

شاھزادىنىڭ تىل - ھاقارەتلىرى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە قاراۋۇللار بېشى غايىب بولدى. چۈنكى، ئۇ قەشقەر خەلقىنىڭ تەڭدىن تولىسى دېگۈدەك «ئىشان پىرىم»، «پىر بۇزرۇكۋار»، «خوجا ئىشان ھەزرەت» دەپ قول بېرىپ مۇرىت - مۇخلىس بولغان ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ بۇ كاتتا پېشۋاسىنى مۇشۇنداق مەي - شاراب، ناخشا - ساز ۋە نامەھرەم بىلەن بەزمە - سۆھبەت قۇرۇپ ئولتۇرغان سورۇنغا باشلاپ كېلىشنى لايىق كۆرمىگەن ۋە بۇنى ئۆزى ھەم شاھزادە ئۈچۈنمۇ قاتتىق گۇناھ ھېسابلىغاندى. شۇ سەۋەبتىن شاھزادىدىن ياندۇرمىلاپ سورىغانىدى. ئەپسۇسكى، شاراب بىلەن ناخشىچى جۇۋاننىڭ ناز - كەرەشمىسىدە مەست بولۇپ كەتكەن شاھزادىنىڭ بۇلارنى ئويلاشقا چولىسى يوق ئىدى.

بىردەمدىلا بېشىغا ئاق داكىدا چاقما كاۋىدەك يوغانلىقتا سەللە ئورىۋالغان، ئىشانلىق جەندىسىنى چۈچىلىق ناۋات رەڭ رومال بىلەن باغلىۋالغان، ئېڭەكىدىكى بىر تۇتام قاپقارا ساقىلى قان تەپچىرەپ تۇرغان، گىردىدەك چېھرىگە خويمۇ ياراشقان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان تالزار راۋاققا يېتىپ كەلدى - دە، شاھزادە يولۋاسخانغا پۈكلىنىپ تۇرۇپ سالام قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خانۇ خاقان ئالىيلىرى، ئالتۇن

كۈچلۈك شاراب بىلەن گۈلشەننىڭ شوخ پەدىدىكى شەھۋانىي تۈيغۇلارنى قوزغاتقۇچى ناخشىسى ۋە ناخشىغا قوشۇپ قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ خۇلق قىلىشى شاھزادىنى ئوبدانلا مەست قىلىپ قويغانىدى. شاھزادىگە يېقىنلىشىش ئارزۇ - ئۈمىدىنى بۈگۈنكى مۇشۇ خاس سورۇنغا باغلىغان گۈلشەن بارلىق ھۈنەر- ماھارەت، نازۇكەرەشمىسىنى ئىشقا سېلىۋاتاتتى. شەھۋانىي ھە- ۋىسى قوزغىلىشقا باشلىغان شاھزادە ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئۇن- تۇغان ھالدا، گۈلشەننىڭ سۈرمە سۈركەلگەن چوڭ - چوڭ كۆزلىرىگە شەيدالىق بىلەن تىكىلىپ قالغانىدى...

دەل مۇشۇ دەقىقىدە ئوردا بېغىنىڭ قاراۋۇللار بېشى پالاقلاپ كەلگىنىچە شاھزادىنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى - دە، قول باغلاپ تۇرغىنىچە ئىجازەتمۇ سورىماستىن سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەلۇم بولغايكى، سۇلتان ئالىيلىرى، خوجا ھىدايىتۇللا پىر بۈزرۈكۋار ھەزرەتلىرى دىدارلىرىغا مۇلاقەتتە بولۇش ئۈچۈن دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ قالدى.

شاھزادىنىڭ چېكىگە يېتىشكە باشلىغان شەھۋانىي تۈيغۇلى- رى خۇددى بىر چېلەك سۇ قۇيۇۋەتكەندەك سوۋۇپ كەتتى. ھايا- جاندىن چىڭقالغان ۋۇجۇدى لاسسىدە بوشاشتى. بىمەھەل ۋاقىتتا كېلىپ كەيپىنى بۇزغان قاراۋۇللار بېشىغا غەزەپ بىلەن ئالايدى. ئەمما، ئۇنى جازاغا بۇيرۇمىدى. چۈنكى، شاھزادە خوجا ھىدايە- تۇللا ئىشانغا قول بېرىپ پىر تۇتقاندىن بېرى، ئىشاننىڭ شېرىن سۆزلىرى، دەبدەبىلىك ئۇچۇرۇپ ماختاشلىرى، كەلگۈسى تەقدى- رى ھەققىدىكى ئاجايىپ كاتتا بېشارەتلىرى شاھزادىنى ۋەسۋەسى- گە سېلىپ قويغانىدى. ئىشاننىڭ بۇنداق سۆزلىرىگە خۇددى ئەپ- يۇن ئارىلاشتۇرۇلغان كۈچلۈك شارابقا خۇمار بولۇپ قالغاندەك خۇمار بولۇپ قالغان شاھزادە يولۋاسخان شۇ تاپتا بۇ ئەدەپسىز چاكارنى جازالايمەن دەپ دەرۋازا ئالدىدا قالغان پىر بۈزرۈك ھەزرەتلىرىنى ساقلىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ

كەلدى، — دېدى شاھزادە يولۋاسخان بۇ خۇش خەۋەردىن سۆيۈ-
نۈپ، — ئەتتەڭ ئاستانە ئەمىرى مىرزا باباقبەگ بىلەن ئوردا
ئىشىكئاغىسى مىرزا تەڭرىبەردىبەگلەر ئامان قالدى - دە، پې-
رىم، يەنە تېخى ئەمىر كەبىر ھىندىقۇش مىرزىمۇ بار دېسىلە.
مەكتۇپقا ئول ئەمىرلەرنىڭ ئىسمىنىمۇ كىرگۈزۈپ قويىدىغان
ئىش ئىكەن.
— ئول ئۈچ ئەمىر سۇلتان ئابدۇللاخان ئالىيلىرىنىڭ تولى-
مۇ يېقىن مەھرەملىرىدىندۇر، شاھزادەم. ناۋادا ئۇلارنىڭ ئىس-
مىنىمۇ مەكتۇپقا پۈتۈپ قويغان بولساق، خان ئالىيلىرى ئول
مەكتۇپتىن گۇمانلىنىپ قېلىشى، سىر - مۇددىئايىمىز پاش
بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئىنشائاللا ئۇلارنىمۇ پات ئارىدا
يوقاتقايمىز. جانابلىرىنىڭ بۈيۈك سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەخت -
سەلتەنىتىدە بەرقارار بولماقلىرىغا، مۇبارەك باشلىرىغا خانۇ خا-
قانلىق تاجىنى كىيمەكلىرىگە ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى، شاھزادەم.
— ھەزرىتى ئىشان بۇزرۇكنىڭ دۇئاسىنىڭ بەراكاتى، شۇن-
داقلا ئەقىل - پاراسەت نۇرلىرىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن خان
ئاتامنىڭ كۆڭلىگە ئاللا ئىگەم ئىنساپ بېرىپ قالسا ئەجەب ئە-
مەس، — دېدى يولۋاسخان ھاياجانلانغان ھالدا.
— خان پەدەرلىرىنىڭ ئالىقاچان تەخت سەلتەنىتىنى ئۆزلى-
رىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇددىئاسى بار، شاھزادەم. ئەپسۇسكى
خان پەدەرلىرىنىڭ ئەتراپىنى قارا بۇلۇتتەك ئورىۋالغان سۇلۇكى
ئىسھاقىيەچى قارا مۇسۇلمان ئەمىرلەر خان پەدەرلىرىنىڭ كاللى-
سىنى ئايلاندۇرۇپ تاجۇ تەختنى ئۆزلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە
يول قويمايۋاتىدۇ، — دېدى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان سۆھبەتنىڭ
تېمىسىنى ئەسلىي مۇددىئاسىغا يېقىنلاشتۇرۇپ، — ئۇلار ئادا-
ۋەت تۈگمىنىنىڭ سۈيىنى ئۇلغايتىپ ھەمدە تۈرلۈك پىتنە -
پاساتلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىدەك ئەزىز پەرزەنتىنى خان پەدەرگە
دۈشمەن كۆرسىتىپ، پەدەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچ-

بويلىرى ئىپسەنمىكىن؟

شاھزادە، ئىشانىنىڭ سالىمىنى دەلدۇگۇنۇپ دىگۇدەك ئورنى-دىن تۇرۇپ ئىلىك ئالدى ـ دە، يېنىدىن جاي كۆرسەتتى.

— كە... كە ... كەلسىلە ... پىر بۇزرۇكۇم. ھە، بۇياققا ئۆتسىلە.

خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ناخشىچى ـ چوكان بىلەن مەي كوزىلىرىغا ھېرىسمەنلىك بىلەن، داستىخاندىكى نېمەتلەرگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن تېزلا نەزىرىنى يۈگۈرتتى ـ دە، كالىچىنى سېلىپ تاشلاپ مەسىسى بىلەن سۇپىغا چىقىپ قات ـ قات سېلىنغان ئەتلەس كۆرپىنىڭ ئۈستىدە شاھزادىگە ياندىشىپ دىگۇدەك جايلى-شىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈردى ۋە ئاۋازىنى ئۈنلۈك چىقىرىپ ئاھلىتىپ تۇرۇپ شاھزادىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇ-زۇن، دۆلىتىنىڭ زىيادە، دۈشمەنلىرىنىڭ زەبۇن ـ خار بولۇشى-نى تىلەپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن دۇئا قىلغاندىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ يۈزىنى سىيپىدى ـ دە، ئورنىدىن قوپۇپ، قول باغلاپ تۇرغىنىچە شاھزادىدىن قايتا ئىپسەنلىك سورىدى.

—ئىنشائاللا، — دېدى ئىشان ئەتلەس كۆرپە ئۈستىگە قايتا جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆز باشلاپ، — ئىشلەتكەن «قارا خەت» پەنتىمىز تولۇق كۈچىنى كۆرسىتىپتۇ، سۇلتانىم. ئاستانىدىكى يارەنلەرنىڭ ئەۋەتكەن مەكتۇپىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ھېلىقى مەكتۇپنى كۆرگەن پەدەرلىرى ئابدۇللاخان ئالىيلىرى قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ ـ دە، نېرى ـ بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، مەكتۇپتا تىلغا ئېلىنغان ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسىنىلا شۇ ھامان زىندانغا بۇيرۇپ ئەتىسى قەتلىگاھتا كاللىسىنى ئاپتۇ. بىر پارچە مەكتۇپ بىلەنلا پەدەرلىرىنىڭ قولى ئارقىلىق بىرمۇنچە دۈشمەنلىرىمىزنى يوق قىلدۇق.

— بۇ نۇسرەت يەنىلا جانابىي ئىشان پىرىمىنىڭ كامالى ئەقلى ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ كۆرسەتكەن تەدبىرىدىن قولغا

— ئاستانىگە لەشكەر تارتىش دېگەنلىك، خان پەدەرگە قىلىچ تەڭلەش دېگەنلىك ئەمەسمۇ، پىرىم؟ بۇ ئىش ئەل - رەئىيەتنىڭ كۆڭلىگە ياقماسمىكىن.

— يېڭىلىشتىلا، سۇلتان ئالىيلىرى، — دېدى خوجا ھىدا- يىتۇللا ئىشان يولۋاسخاننى «شاھزادەم» دېمەستىن «سۇلتان ئالىيلىرى» دەپ ئاۋازىنى ۋەزمىن چىقىرىپ، — جانابلىرىنىڭ ئاستانىگە لەشكەر تارتىشتىكى مەقسەتلىرى ھەرگىزمۇ خان پەدەر- لىرىگە قىلىچ تەڭلەش ئەمەستۇر. بەلكىم خان پەدەرلىرىنىڭ نۇرانە كۆزلىرىنى قارا بۇلۇتتەك سايە تاشلاپ ئېتىۋالغان ئىسھاق- يەچى مۇرتەت، مۇناپىق، قارا نىيەت ئەمىرلەرنى جازالاشتۇر، شۇنداقلا خان پەدەرلىرىنى ئول رىياكارلارنىڭ قارا چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇشتۇر.

— بۇ خان پەدەرلىرىنى سەلتەنەت، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرى- نىڭ جاپاسىدىن خالاس قىلىپ، پەرزەنتلىك بۇرچلىرىنى ئادا قىلىدىغان، ئاللاتائالانىڭ رەھمىتىگە نائىل بولىدىغان كاتتا سا- ۋابلىق ھەم ئۇلۇغ ئىشتۇر. سۇلتان ئالىيلىرى، — ئىشان سۆزلىرىنىڭ شاھزادە يولۋاسخانغا تەسىر قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەنە قوشۇپ قويدى، — بۇ ئىشتا ئىككىلەنمىگەيلا. مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك ھېلىغۇ ئەل - رەئىيەت ئىكەن، ناۋادا جانابىي خان پەدەر ئالىيلىرى خاتا چۈشىنىپ قالسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق. ئاۋۋال تاجۇ تەخت ئەتراپىدىكى مۇناپىق رىياكارلارنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى روياپقا چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئاذ- دىن خان پەدەرلىرىگە مەقسەت - مۇددىئالىرىنى ئالدىرىماي سۆز- لەپ چۈشەندۇرۇۋالسىلىمۇ، زىنھار كېچىككەن بولمايلا، ئول چاغدا پەدەر بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت - نىزا پەيدا قىلىدىغان ھېچقانداق توسالغۇ قالمايدۇ، شەۋكەتلىك سۇلتانىم.

— پىرىمنىڭ بەرگەن تەلىمى كۆڭلۈمدىكى تۇمانلارنى تارقى- تىۋەتتى، — دېدى شاھزادە يولۋاسخان، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان-

سىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا، خان ئالىيلىرى تاجۇ تەختىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىشىنى كەينىگە سۈرەپ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

ئىشاننىڭ بۇ سۆزلىرىدىن غەزەپلىنىپ، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈشكە باشلىغان شاھزادە خۇددى كۆزى چۈشكەن نەرسىگە ئېرىشەلمەي، رەنجىپ قالغان كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ ئەلەم بىلەن تىناتتى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئاللىكىملەرگە غەزەپ قىلاتتى، يۈرىكىدىن چىقىرىپ خەپلەيتتى.

شاھزادە ئىشانغا قاراپ مۇراجىئەت قىلدى:

— ئېيتىسىلاچۇ، پىرىم. ئەمدى قانداق قىلسام بولۇر؟

خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان شۇ تاپتا شاھزادە يولۋاسخاندىن دەل مۇشۇ سوئالنى كۈتۈۋاتاتتى. ئەمدىلا قىرىق ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئىشان ۋۇجۇدىدىكى تۈگىمەس ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى، جىن ـ شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالالىغۇچى ئاجايىپ سېھرىي ئەپسۇنلىرى ۋە مۇزنىمۇ ئېرىتىۋەتكۈدەك ياغلىما تىلى بىلەن ئۆزىدىن ئالتە ـ يەتتە ياش كىچىك شاھزادە يولۋاسخاننى بەئەينى ئالتە ـ يەتتە ياشلىق بالىغا ئايلاندۇرۇپ تاجۇ تەخت ۋەسۋەسىسىدىن ئىبارەت بىر ئوتنى يۈرىكىگە تۇتاشتۇرۇۋەتكەنىدى.

ئىشان شاھزادىنىڭ ئۆزىدىن مەدەت تىلەپ تەلمۈرۈپ تۇرغان، شاراب تەسىرىدىن بەقەسەمدەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ كۆڭلىگە پۈككەن مۇددىئاسىنى ئاشكارىلىدى:

— ئاستانىگە لەشكەر تارتماقلىق كېرەك، شاھزادەم.

— ئاستانىگە لەشكەر تارتامدۇق؟

قاتتىق چۆچۈگەن شاھزادە يولۋاسخان تەئەججۈپلەنگەن ھالدا ئىشانغا تىكىلدى. خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ يىلاننىڭ كۆزلىرىدەك سۇرلۇك كۆزلىرى ئىپادىسىز ئىدى. پىر بۇزرۇكتىن سادا چىقمىغانلىقىنى كۆرگەن شاھزادە ئۆزىگە سۆزلىگەندەك غۇدۇردى:

ئالتۇن پىيالىنى قولىغا ئالغان گۈلشەن چىرايىغا ئاستىرتىن شەھۋانىيلىق بىلەن تىكىلىپ تۇرغان ئىشاننىڭ يىلان كۆزلىرىگە نازلىق بېقىپ.

خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان بىردەم شاھزادىگە، بىردە ئۆزىگە نازۇكەرەشمە بىلەن تىكىلىپ تۇرغان گۈلشەنگە، بىردە ئالتۇن پىيالىدىكى شارابقا قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇسساپ كەتكەنلىكىدىنمۇ ئەيتاۋۇر تەكەللۇپسىزلا ئالتۇن پىيالىنىڭ گىرۋىكىگە تۇمشۇقىنى تەگكۈزدى - دە، خۇددى خامانغا قاتقان كالا سۇ ئىچكەندەك، شارابنى غورتۇلدىتىپ ئىچكىنىچە، پىيالىنى قۇرۇقداپ قويدى.

## 2

پۇتكۇل ئەزايىدا تىرناقچىلىك قارىسى يوق ئاق ئارغىماقنى ئىختىيارىي مېڭىشىغا قويۇۋەتكەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان، رىتىملىق يورغىلاپ كېتىپ بارغان ئارغىماقنىڭ ئۈستىدە يەڭگىل تەۋرەنگىنىچە ئولتۇرۇپ ئاللىقانداق شېرىن خىياللارغا غەرق بولۇپ كەتكەنىدى. ئاتنىڭ كەينىدىن ئىشاننىڭ بىر توپ سوپى - دەرۋىشلىرى ئاياغلىرى ئاستىدىن توزۇغان بۇلۇتتەك چاڭ - توزانلار ئارىسىدا ھاسىراپ - ھۆمۈدەشكىنىچە كېلىشىۋاتاتتى. نەپەس ئالغۇسىز قويۇق چاڭ - توزانلار بىلەن تىنچىق ھاۋادا ئۇستىۋاشلىرىدىكى جەندە - كۇلالىرى ئۇلارغا خۇددى مىڭ پاتمانلىق يۈك ئارتىلغاندەك ئېغىر كەلگەن بولۇپ، باش - كۆزلىرىدىن قۇيۇلغان تەرلەر، بويۇنلىرىدىن يەلكە - بەللىرىگىچە سالۋىراپ تۇرغان پاخماق چاچلىرى ئارىسىدىن يۇندى بولۇپ ئاقاتتى. روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئېزىلىپ كەتكەن بۇ سوپى-دەرۋىشلەرنىڭ گەرچە بىقىنلىرى يەر تارتىپ، سايىراق بىرەر

نىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋۇجۇدىنى بېسىپ تۇرغان غەم - ئەندىشىلەردىن قۇتۇلغاندەك بولۇپ، — جانابىي ئىشان پىر بۇزرۇكۇمنىڭ ئەمرى شۇ بولسا شۇنداق قىلايلى ئەمىسە.

— ماشائاللا، دانا پىكىر بولدى، سۇلتانىم، — دېدى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان گۇلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا، — بۇ ئۇلۇغ ئىشقا تېزرەك تۇتۇش قىلغىنىمىز ئەۋزەلدۇر.

— لەشكىرىي ئىشلارغا ئالدىراش بىھاجەت، پىرىم، — دېدى يولۋاسخان ئويچانلىق بىلەن. شۇ تاپتا ئۇنىڭ مەستلىك كەيپى پۇتۇنلەي يېشىلىپ كەتكەندى، — ئاۋۋال ئەتراپلىق تەييارلىق كۆرۈپ، لەشكەرلەرنى پۇختا مەشقلەندۈرەيلى. ئات - ئۇلاغ، قورال - ياراغ، ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى تولۇق غەملىۋېلىپ ئاندىن ئاستانىگە يۈرۈش قىلساقمۇ كېچىككەن بولمايمىز.

— ئارى، — دېدى ئىشان مەمنۇنلۇقىنى بىلدۈرۈپ، — مەن شاھزادەمنىڭ خانۇ خاقانلىق تەختىدە بەرقارار بولۇپ ئولتۇرغىنىنى تېزرەك كۆرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن. ئىنشائاللا پىر بۇزرۇكلىرىمىز، مازار - ماشايىخلارنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن ئۇل مۇراد - مەقسەتلىرىمىز ئاز كۈندە روياپقا چىققاي.

ئىشاننىڭ سۆزلىرىدىن ھاياجانلىنىپ ھازىرلا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالتۇن تەختىدە ئولتۇرىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان شاھزادە يولۋاسخان قاشتېشى قەدەھ بىلەن ئالتۇن پىيالىگە شاراب قۇيدۇردى - دە، ئالتۇن پىيالىنىڭ بىرىنى ھىدايىتۇللا ئىشانغا، يەنە بىرىنى باياتىن بېرى مۈگدەپ ئولتۇرغاندەك بولۇۋېلىپ شاھزادە بىلەن ئىشاننىڭ قىلىشقان گەپلىرىنى تىڭشاپ ئولتۇرغان گۇلشەنگە تەڭلىدى.

—قېنى ئالسىلا، پىرىم، مۇراد - مەقسەتلىرىمىزنىڭ تېزرەك روياپقا چىقىشى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!

— بەخت - ئامەتلىرىمىز ئۈچۈن كۆتۈرەيلى! — دېدى

ھاپىز ئـاۋازىنى تېخىمۇ بەك قـويـۇۋېتىپ ھـۆكمەت ئوقۇماقتا ئىدى.

*دۇنيا مېنىڭ دېگەنلەر،*
*جاھان مالىن ئالغانلار.*
*ئاچ كۆز قۇشتەك بولۇبان،*
*ئول ھارامغا پاتقانلار.*

ھاپىزنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىغا تەڭكەش بولۇپ سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ جەررىلىرى گۇرۇلدەيتتى:

*ھۆم ئاللا ھۆم - ھۆم!*
*ھۇۋۋى ئاللا ھۆم!*

ياش ھاپىز جەررىگە ئۇلاشتۇرۇپ يەنە ھۆكمەت ئېيتىشقا باشلايتتى:

*پانىي دۇنيا دېگەنلەر،*
*سۇلۇكنى تەرك ئەتكەنلەر،*
*ھەمدۇسانا دېمەستىن،*
*كەيپ - ساپا سۇرگەنلەر،*
*گۇناھلىرى ھېسابسىز،*
*قىيامىتى مەدەتسىز.*

سوپى - دەرۋىشلەر كۆزلىرىنى يۇمۇپ، باشلىرىنى ئىككى تەرەپكە، ئالدى - كەينىگە گىلدىڭلىتىپ، قوللىرىنى ھەرە تارتقاندەك ئۇسۇلدا ھەرىكەتلەندۇرۇپ، بىردە ئوڭغا، بىردە سولغا پىرقىراپ، يەرگە گۇلۇپ - گۇلۇپ دەسسەپ، شالا - تۇكۇرۇك-

جاينى تېپىپ سەگىدىگەچ تازا بىر ئېغىناپ يېتىۋالغۇسى كېلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئاق تۇلپار ئۇستىدە خۇددى بىر پارچە ئاق بۇلۇت ئۇستىدە ئولتۇرغاندەك سۇر ـ ھەيۋە بىلەن كېتىپ بارغان ئىشان پىرىدىن ئىجازەت بېرىلمىگىنى ئۇچۇن نائىلاج قەدەملىرىنى تەستە يۆتكىشەتتى. ئۇسساپ چاپلىشىپ كەتكەن تاڭلايلىرىنى چاكىلدىتىشقىنىچە، شۇ دەقىقىدە بىرەر ئەھلى ـ سۇلۇكتىكى باينىڭ ھەشەمەتلىك قورۇسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئىشان پىرىنىڭ ئاق ئارغىمىقىنىڭ چۇلۋۇرىغا ئېسىلغىنىچە، ھويلىسىغا كىرىپ بىرەر پىيالىدىن ئۇسسۇلۇق ئىچىپ مېڭىشقا ياكى بېغىغا كىرىپ بىرەر تالدىن يەل ـ يېمىش يەپ سەگىدەشكە تەكلىپ قىلىشىنى تەمە قىلىشاتتى.

سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ بارغانسىرى روھى چۇشۇپ ئېزىلىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرگەن ئابدۇراززاق خەلىپە سوپى ـ دەرۋىشلەرنى روھلاندۇرۇش ھەم ئىشان پىرىنىڭ سۇر ـ ھەيۋىسىنى نامايىش قىلىش، ھەم شەھەردىكى ئەھلى ـ سۇلۇككە كىرىشكە ئانچە ئېرەنشىمەيۋاتقان بىر قىسىم نادان خەلقنى سۇلۇككە كىرىشكە دەۋەت قىلىش ئۇچۇن توپ ئارىسىدىكى ياش ھاپىزنى تەلقىن ئوقۇشقا بۇيرۇدى. ياش ھاپىزنىڭ ئاۋازى ھەقىقەتەن جاراڭلىق ھەم سۇزۇك ئىدى. مۇڭلۇق تەلقىن ساداسى ئۇيقۇ بېسىپ، ئەسنەپ، مۇگدەپ كېتىپ بارغان سوپى ـ دەرۋىشلەرگە خۇددى روھلاندۇرۇش دورىسى بەرگەندەك دەرھال تەسىرىنى كۆرسەتتى.

دەسلەپ ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئاڭلانغان «ھۇم، ئاللا ھۇم! »، «ھەق دووست، يائاللا! » دېگەن ئاجىز، بوغۇق جەررە ساداسىغا بىردەمدىلا پۇتكۇل توپ قېتىلدى. شۇ ھامان قەشقەرنىڭ تۆشۈك دەرۋازىسىغا ئېلىپ بارىدىغان بۇ كوچىنى مۇڭلۇق تەلقىن ساداسى، ساپايىلارنىڭ رىتىملىق جالداقلاشلىرى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۆتۈرۈلگەن ھەيۋەتلىك جەررە سادالىرى بىر ئالدى. ياش

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، پىرۋۇلھەق!①.

تۇيۇقسىز بېرىلگەن بۇ سالامدىن چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان ئىشانمۇ ھەم ئاستىدىكى ئاق ئارغىماقمۇ چۆچۈپ كەتتى. ئارغىماق قومۇش قۇلاقلىرىنى شىڭگايتىپ، يورغىسىنى سوكۇلداشقا ئۆزگەرتتى. ھىدايىتۇللا ئىشان شېرىن خىياللىرىغا ھالاقىت يەتكۈزگەن بۇ ئەدەپسىزگە نارازىلىق بىلەن شۇنداقلا قارىدى-دە، ئۆزىنىڭ ئاللىقاچان شەھەرنىڭ تۆشۈك دەرۋازىسىغا كېلىپ قالغانلىقىنى، بايا سالام بەرگەن كىشىنىڭ تۆشۈك دەرۋازىسىنى قوغدايدىغان لەشكەرلەرنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، چىرايىدىكى نارازىلىقنىڭ ئورنىغا ياسالما كۈلكە ئالماشتۇردى. شۇ تاپتا دەرۋازا تۈۋىدىكى، دەرۋازا ئۈستىدىكى قاراۋۇلخانىدىكى ۋە سېپىل ئۈستىدىكى بارلىق لەشكەرلەر ئىشانغا سالام بېرىپ، ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلەن قول باغلاپ تۇراتتى. ئىشان ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ سالام قايتۇردى-دە، ئاق ئارغىماقنى مېڭىشقا بۇيرۇپ كالىچى بىلەن يەڭگىل بىقىندىدى. دەرۋازىدىن كىرىپ-چىقىۋاتقان خالايىق دەرھال ئىككى تەرەپكە ئۆتۈپ، قول باغلاشقىنىچە ئىشانغا يول بەردى.

قەشقەر شەھىرىنىڭ بۇ دەرۋازىسىنى شاھزادە يولۋاسخان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانغا قول بېرىپ مۇرىت بولغاندىن كېيىن، ئىشان پىرىنىڭ شەھەرگە كىرىپ-چىقىشىغا ۋە ئەھلى-سۇلۇكتىكى مۇرىت-مۇخلىسلارنىڭ ئىشان پىرىنى ۋە ھەزرەت مازىرىنى زىيارەت-تاۋاپ قىلىشىغا ئاسان بولۇشى ئۈچۈن ئالايىتەن سېپىلدىن تۆشۈك ئاچقۇزۇپ ياساتقۇزغان بولۇپ، شەھەر خەلقى بۇ دەرۋازىغا «تۆشۈك دەرۋازىسى» دەپ نام بەردى. ئادەتتە شەھەرنىڭ بارلىق دەرۋازىلىرى ناماز ئەسىردىن كېيىن تاقىلىپ تاكى بامداتقىچە ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ئېچىلمايتتى. ئەمما،

① پىرۋۇلھەق — ھەقنى، يەنى ئاللاھنى كۆرگەن پىر.

لىرىنى چاچرىتىشىپ، بارلىق ئاۋازى بىلەن جەررە سالاتتى:

يائاللا دوس، يائاللا!
ھەق دوست، يائاللا!

بۇ «گۇلدۇر - غالاپ»، «ھۇ - ھۇ» لار ئاق ئارغىماق
ئۈستىدە يەڭگىل چايقىلىپ كېتىپ بارغان خوجا ھىدايىتۇللا
ئىشاننىڭ شېرىن خىياللىرىغا ھالاقىت يەتكۈزەلمىگەنىدى. شاھ-
زادە يولۋاسخاننىڭ ھۇزۇرىدا ئارقىمۇ ئارقا ئىچكەن تۆت پىيالە
كۈچلۈك شارابىنىڭ كەيپىدىنمۇ ياكى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى پۇ-
كۈپ كەلگەن پىلانلىرىغا شاھزادىنى ئاسانلا ماقۇل كەلتۈرگەنلى-
كىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر، ئىشاننىڭ كەيپى تولىمۇ چاغ ئىدى. پۈت-
كۈل ۋۇجۇدى خۇددى قىز كۆچۈرۈپ كېتىپ بارغان يىگىتتەك
شېرىن ھېس - تۇيغۇ، خىياللارغا ئەسىر بولغانىدى.
«... ئەنە، پەدەرى سۇلتان ئابدۇللاخاندىن سەئىدىيە تەختى-
نى تارتىۋالغان شاھزادە يولۋاسخان سەلتەنەتلىك ئالتۇن تەختتە
گىدىيىپ ئولتۇرماقتا. پۈتكۈل خانلىقنىڭ دىنىي ھوقۇقىنى قول-
غا كىرگۈزۈۋالغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان بولسا پىر بۇزرۇك-
لۇق سالاھىيىتى بىلەن پادىشاھىئالەم يولۋاسخانغا ئەقىل ئۆگەت-
مەكتە. سەلتەنەت، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، مەس-
لىھەت بەرمەكتە، يول كۆرسەتمەكتە، ئەل - يۇرتقا يولۋاسخان
نامىدىن تۈرلۈك يارلىق، پەرمانلارنى چۈشۈرمەكتە، قىيامەتلىك
دۈشمەنلىرى بولغان ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكى قارا تاغلىق ئى-
شان - خوجىلارنى، سوپى - دەرۋىش، مۇرىتلارنى ھەپسىگە
ئېلىپ، زىندانلارغا تاشلاپ، تۈرلۈك جازالار بىلەن قىينىماقتا،
ئۆلتۈرۈپ ئۆچ ئالماقتا...»

يېشىن، قارا ـ بوراندىن دالدا بولغۇدەك بىرقانچە ئېغىز ئۆي،
شۇنداقلا ئاتخانا، ئېغىل، سامانخانا، كەپتەرخانا، ئانچە مۇھىم
بولمىغان لاقا ـ لۇقىلارنى قويىدىغان ئامبار، لاپاس ۋە سوپى-
خىزمەتكارلارنىڭ تۇرالغۇلىرى جايلاشقانىدى. ھەزرەت مازىرى-
نىڭ تۇنەكخانا، ئېتىكاپخانا ۋە قەلەندەرخانىلىرىغا سىغماي قالغان
سوپى ـ دەرۋىشلەر يازنىڭ يامغۇر ـ يېشىنلىرىدا، قىشنىڭ
قار ـ سوغۇقلىرىدا تاشقىرىقى سارايىنىڭ بوش ئۆيلىرىگە، لاپاس-
لارنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىپ پاناھلىناتتى. تاشقىرىقى سارايىنىڭ
كەڭرى سەيناسىدا ئۆيدەك يوغانلىقتىكى، ئىچىگە مەخسۇس شوتا
قويۇپ يۇمىسا قول يەتمەيدىغان، ئادەم بويلاشمايدىغان چوڭقۇر-
لۇقتىكى چوڭ ـ كىچىكلىكى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان تۆت
دانە داش قازان يەرنى ئويۇپ ياسالغان ئوچاقلارغا مىندۇرۇلگەن
بولۇپ، جۇمە كۈنلىرى تاۋاپچى، زىيارەتچىلەرنىڭ ۋە سوپى ـ
دەرۋىشلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ بىر ياكى ئىككى داش
قاينىتىلاتتى.

ئوتتۇرا ساراي، باغ، گۈللۈك، كۆل، راۋاق بىر گەۋدى-
لەشتۈرۈلۈپ بىنا قىلىنغان بولۇپ، غاز ـ ئۆردەك، توز، شاتۇ-
تى، كەكلىك، تورغاي ۋە ئاللىقانداق قۇشلار، شۈنىگدەك بۇغا،
كېيىك دېگەندەك ئەتىۋارلىق ھايۋانلار كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.
ئوتتۇرا سارايىنىڭ تۆر تەرىپىگە ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ خاس خۇت-
بىخانىسى، مۇھىم ئىشلىرىنى مەسلىھەت قارار قىلىدىغان كې-
ڭەشخانىسى، مۇھىم مېھمانلارنى، مۇرىتلىرى ئارىسىدىكى زىيا-
رەتكە كەلگەن ئەمەلدار، بايلارنى، زەردار ـ تۆرىلەرنى كۈتۈۋالى-
دىغان قوبۇلخانىسى، زىياپەتخانىسى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلى-
پە ـ سۇلۇك مەسئۇللىرىنى، كاتتا مېھمانلىرىنى قوندۇرۇۋېلىش
ئۈچۈن ئالاھىدە زىننەتلەپ ياساتقان ھەشەمەتلىك تەكيىخانىلىرى
بار ئىدى. سارايىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە — تاشقىرىقى سارايغا مەخ-
سۇس ئىشان جەمەتىنىڭ ئۈچ ۋاخ تامىقىنى تەييارلايدىغان ئاشخانا

ھىدايىتۇللا ئىشان قولىغا دەستەك يېزىپ بەرگەن بىر قىسىم مۇھىم سوپى - دەرۋىشلەر ئۈچۈن تۆشۈك دەرۋازىسى ھەرقاچان ئوچۇق ئىدى. چۈنكى، ھىدايىتۇللا ئىشان ئاچقۇزغان بۇ دەرۋازىغا يولۋاسخاننىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىدىكى ئۆزىگە قول بەرگەن ئەڭ ئىشەنچلىك مۇرىت - مۇخلىسلىرىدىن تاللاپ قاراۋۇللۇققا تەيىنلەتكۈزگەنىدى. شۇڭلاشقا، ھىدايىتۇللا ئىشان تۆشۈك دەرۋازىسىدىن مەيلى كىرىۋاتقاندا، مەيلى چىقىۋاتقاندا بولسۇن، دەرۋازىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى بارلىق لەشكەرلەر، ھەتتا دەرۋازا ئۈستىدىكى كۆزىتىش مۇنارىسىدا تۇرۇۋاتقان قاراۋۇللارغىچە ھىدايىتۇللا ئىشانغا پۈكلىنىپ سالام بېرەتتى، ئېسەنلىك سورايتتى. باشقا ئاددىي كىشىلەر دەرھال ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ يول بېرىشەتتى.

خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ھەزرەت مازىرىنىڭ يېنىدىكى ھەشەمەتلىك قەسىرىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، قەسىرنىڭ ئالدىدىكى شەربەت كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى سۆگەتلەرنىڭ سايىسىدە توپىلارغا مىلىنىپ، بەدەنلىرىنى قۇرت - قوڭغۇزلارغا چاقتۇرۇپ، سۆڭگەچ - تېقىملىرىنى كارتىلدىتىپ قاشلاپ، ئەسنەپ يېتىشقان جۇل - جۇل كىيىملىك، قاسماق چىراي بىر توپ سوپىلار دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ قول باغلاپ تۇرۇشتى. ئىشان ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن سوپى خىزمەتكارنىڭ قولىغا ئاق ئارغىماقنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئابدۇراززاق خەلىپە قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك خەلىپە سۇلۇك مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا دەرۋازىدىن كىرىپ ئۇدۇل كېڭەشخانىسىغا قاراپ ماڭدى.

خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ قەسىرى تاشقىرىقى ساراي، ئوتتۇرا ساراي ۋە ئىچكىرى ساراي دەپ ئۈچكە بۆلۈنەتتى. تاشقىرىقى ساراي — ھەزرەت مازىرى بىلەن تام تۇتاش بولۇپ، ئۇنىڭدا كاتتا ھەزرەت خانىقاسى ۋە خانىقاغا ياندىش سېلىنغان يامغۇر -

سېلىپ، داستىخان ئۈستىنى يېڭىلا تونۇردىن سويۇۋالغان پېتىر قاتلىما، پاقلان گۆشى ۋە سوغۇق باچكا كاۋىپى، قېتىق، قايماق، كاشكاپ، شەربەت ۋە قوغۇن - تاۋۇزلار بىلەن كۆمۈۋەتتى. ئىشان ئانچە ئىشتىھاسىزلا، باشقا خەلىپىلەر يىرتقۇچلارچە ئاچ كۆزلۈك بىلەن داستىخانغا تاشلاندى.

بىر چۆگۈن چاي قايىنىمىچىلىك ۋاقىتتا ئۆزىنى ئۇنتۇغان هالدا يالماپ - يۇتۇش، يەپ - ئىچىشلەردىن كېيىن داستىخاندىكى گۆش - كاۋاپ سېلىنغان لېگەن - تاۋاقلار پۇتۇنلەي قۇرۇقدالدى. باشقا نازۇنېمەتلەرمۇ ئاساسەن ئېشىپ قالمىغان بولۇپ، داستىخاندا سۆڭەك ۋە قوغۇن - تاۋۇز شاپاقلىرى دۆۋىسى پەيدا بولغانىدى. قورسىقىنىڭ تويغىنىنى بىلەلمەي ئاچ كۆزلۈك بىلەن زىيادە جىق يەۋەتكەن خەلىپىلەرنىڭ بىرقانچىسى سىڭىرەلمەي «كارت - كارت» قىلىپ كېكىرىشكە باشلىدى. قىسقىلا دۇئادىن كېيىن، داستىخان يىغىۋېتىلدى. ئىشان ئىشىك تۈۋىدە قول باغلاپ تۇرغان سوپى خىزمەتكارنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى - دە، قورسىقى تويۇپ مۈگدەشكە باشلىغان خەلىپىلىرىگە قاپىقىنى تۈرۈپ قارىۋەتكەندىن كېيىن سۆز باشلىدى:

— بىردەم مۈگدەشمەي ئولتۇرۇشىلا، تەقسىرلىرىم، — دېدى ئىشان ئۇلارنى ئادىتى بويىچە «ئەهلى - سۇلۇكنىڭ باهادىرلىرى» دەپ تەرىپلىمەستىن قوپاللىراق بىر خىل تەرزدە گەپ باشلاپ. ئىشاننىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئېسىگە كەلگەن خەلىپىلەر قايتىدىن يۇكۇنۇپ قەددىنى رۇسلاشتى. هىدايىتۇللا ئىشان قەلەمتىراشنىڭ ئۇچى بىلەن چىشىنى كولاۋاتقان موللا نەقى خەلىپىگە ئالىيىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بايام شاهزادە ئالىيلىرى بىلەن مۇلاقەتتە بولۇپ، ئاستانىگە لەشكەر تارتىش ئىشىنى قارارىدىن ئۆتكۈزدۈم، ئىنشائاللا، بۇ ئىش پات يېقىندا ۋۇجۇدقا چىققۇسى. شۇل ۋەجىدىن بىزمۇ

ۋە يۇيۇنۇش ئۇچۇن مۇنچا ـ ھاممام، تەرەت ئېلىش ئۇچۇن مۇستەھەپخانا جايلاشقاندى.

ئىچكىرىكى ساراي ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ خاس ھەرىمى بولۇپ، بۇ سارايىنىڭ باشقا سارايلاردىن پەرقى: تاملىرى ئېگىز ھەم مۇستەھكەم بولۇپ، ئىشاننىڭ ئاغىچا ـ توقاللىرى ۋە ئۇلارنىڭ كېنىزەكلىرى تۇراتتى. بۇ سارايغا ئالاھىدە تەربىيىلەنگەن، پىچىپ ئاختا قىلىۋېتىلگەن سوپى خىزمەتكارلاردىن باشقا ئىشان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇل پەرزەنتلىرىلا بىمالال كىرىپ ـ چىقالايتتى.

ئىشان قەسرىنىڭ ئالدىدا ناھايىتىمۇ چوڭ ۋە ھەشەمەتلىك ياسالغان، قۇببە ـ مۇنارلىرى كۆككە بوي سوزۇپ تۇرىدىغان ھەزرەت خانىقاسى ھەيۋەت بىلەن چوقچىيىپ تۇراتتى. ئىچكىرىكى خانىقا ۋە تاشقىرىقى خانىقا دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن بۇ كاتتا ئىمارەتتە تۆت ـ بەش مىڭ سوپى ـ دەرۋىش بىمالال ھەلقە ـ سۆھبەت قۇرۇپ، جەررە ـ ساما سېلىپ، ئىبادەتكە مەشغۇل بولالايتتى.

خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان خەلىپىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۈدۈل كېڭەشخانىسىغا كىرىپ توختىدى. ئۇنىڭغىچە ئىشانغا سوڭدىشىپ دىگۈدەك كىرىپ كەلگەن سوپى خىزمەتكار ئىشاننىڭ بېشىدىن يوغان سەللىسىنى ئېلىپ قوزۇققا ئاستى، ناۋات رەڭ رومىلىنى يېشىپ، ئېغىر جەندىسىنى سالدۇردى. ئاخىرىدا مەسە ـ كالىچىنى سالدۇردى ـ دە، تۆر تەرەپتىكى قوشلاپ سېلىنغان تەتىللا كۆرپىنىڭ ئۈستىگە يانپاشلىغان ئىشاننىڭ بىقىنىغا ئاجايىپ ماھارەت بىلەن قۇراپ تىكىلگەن ئىككى تەكيىنى يۆلىدى ۋە يوغان يەلپۈگۈچ بىلەن چىپ ـ چىپ تەرلەپ كەتكەن ئىشاننى يەلپۈشكە باشلىدى.

ئابدۇراززاق خەلىپىدىن باشا خەلىپىلەر ئىشاننىڭ ئالدىدا جەندىلىرىنى يېشىپ بەھۇزۇر ئولتۇرۇشتىن ئەيمىنىپ، پەگاھدىلا يۈكۈنۈشتى. ھايال ئۆتمەي سوپى خىزمەتكارلار داستىخان

يۈزلىرىنى سىيپاشتى.
دۈئادىن كېيىن ئىشان چاۋاك چېلىپ خىزمەتكارنى چاقىر-
دى ۋە ئىشىك تۈۋىدە قول باغلاپ پەيدا بولغان سوپى خىزمەتكارغا
«چىلىم» دەپ بۇيرۇق قىلدى. كېچەشتىن كېيىن چىلىم ئىلتى-
پات قىلىش ئىشانىنىڭ كېچەشتىن مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىپادى-
لەيتتى. چىلىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خەلىپىلەر قايتىدىن روھلان-
دى. تاماقتىن كېيىنلا خۇمارى تۇتۇشقا باشلىغان ئابدۇراززاق
خەلىپىنىڭ گاللىرى قىمىلداپ، بۇرنىدىن سۇ ئېقىشقا باش-
لىغانىدى.
هايال ئۆتمەي ئىككى نەپەر سوپى خىزمەتكار مۇشتۇمدەك
سەيخانىسى بار، نەپىس ياسالغان ئىككى چىلىم بىلەن چويۇن
چوغدانىنى كۆتۈرۈپ كىردى ـ دە، بىرىنچى چىلىمنى ھىدايىتۇللا
ئىشانغا ھۆرمەت بىلەن تەڭلىدى. ئىشان چىلىمنى قولىغا ئېلىپ
بولغۇچە يەنە بىر سوپى خىزمەتكار لىق نەشە بېسىلغان چىلىمنىڭ
سەيخانىسىغا چويۇن چوغدانىدىكى ئۆرۈك ئوتۇنىنىڭ چوغىنى لاخ-
شىگىر بىلەن قىسقۇچلىپ سالدى. ئىشان چىلىمنى خورۇلدىتىپ
شوراشقا باشلىدى. چىلىمنىڭ سەيخانىسىدىن دەسلەپتە كۆكۈچ
ئىس كۆتۈرۈلدى، كېيىن لاپپىدە قىلىپ ئوت ياندى. ئىشان
چىلىمنى ھەر قېتىم ئىشتىھا بىلەن شورىۋالغاندا چىلىمنىڭ سەي-
خانىسىدىن بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلەتتى.
ئىشانىنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىدىن يەڭدەك تۇتۇن پۇرقىراپ چىقاتتى.
بىرئاز خۇماردىن چىققاندەك بولغان ئىشان چىلىمنى نەپسى تاقىل-
داپ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىشقا باشلىغان ئابدۇراززاق خەلىپىگە
تەڭلىدى. چىلىمغا نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان باشقا خەلىپىلەر بولسا
ئۆي ئىچىدە لەيلەپ تۇرغان كۆكۈچ ئىسلارنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن
ئىچىگە تارتىشقا باشلىدى. ئىككىنچى چىلىممۇ ھىدايىتۇللا ئى-
شاندىن باشلاپ ئەنە ئاشۇ تەرزدە ئايلىنىشقا باشلىدى.
چىلىمنى خۇماردىن چىققۇچە تارتىپ كۆزلىرىگە ھەررەڭ ـ

دەرھال ئاستانىدىكى مۇرىدىل ھىدايەتچى يارۇ بۇرادەرلەرنى ھەرد-
كەتلەندۇرۇپ تەييارلىق قىلىپ تۇرۇشىمىز كېرەك، —
ھىدايىتۇللا ئىشان بىر باغ بېدىدەك ئاپئاق ساقاللىرى كىندىكىگە
چۇشۇپ تۇرغان قېرى خەلىپىسى ئابدۇراززاق خەلىپىگە قاراپ
قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئابدۇراززاق خەلىپەم قەشقەر-
دىكى يارەنلەردىن ياش - كۇچتۇڭگۇرلەرنى يىغىپ بىر سوپى
لەشكەرلەر قوشۇنى تەشكىللەپ، ئۆزى بۇ قوشۇنغا باش بولىدۇ.
لازىملىق قورال - ياراغلارنى شاھزادە ئالىيلىرىغا دەپ ئوردا
لەشكەرخانىسىدىن ئالدۇرۇپ بېرىمەن. قالغانلىرىڭلار موللا سا-
قى خەلىپەم بىلەن موللا نەقى خەلىپەمگە ياردەملىشىسىلەر. ھا-
زىرلا ئاستانىگە يولغا چىقىپ، ئاستانە، مەكىت، قاغىلىقتىكى
يارەنلەردىن سوپى لەشكەرلەر قوشۇنى تەشكىللىگەندىن سىرت،
ئۇشبۇ يۇرتلاردىكى سۇلۇكنى تەرك ئەتكەن ئاۋام ئارىسىدا شاھزا-
دە يولۋاسخان ئالىيلىرىنىڭ ئەدلۇئادالىتى، مېھىر - شەپقەتلىرى
ھەققىدە، سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ئادالەتسىزلىكى ۋە زالىملىقى
ھەققىدە تەرغىبات ئېلىپ بارىسىلەر. ئول يۇرتلاردىكى سوپى
لەشكەرلەر دەرھال قەشقەرگە جەمئىي بولغاي. ئاستانىگە
لەشكەر تارتىشتىن ئىبارەت مەقسەت - مۇددىئالار ناھايىتىمۇ
پىنھان تۇتۇلغاي. بولۇپمۇ مەخدۇمزادىلەر باشچىلىقىدىكى ئىسھا-
قىيە سۇلۇكىدىكى قارا تاغلىق مۇرتەتلەردىن تولىمۇ ئېھتىيات
قىلىسۇنلار. ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە شاھزادە يولۋاسخان ئالىي-
لىرىنىڭ نۇسرىتى ئۇچۇن، ئاستانىنى بېسىپ ياتقان، سەلتەنەتنى
چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ئىسھاقىيەچى قارا مۇسۇلمانلارنى قوغلاپ
چىقىرىش ئۇچۇن تەك كۇچ چىقارغايمىز.

— ئىلاھائامىن!

— پىرىمىنىڭ ئەمرى خۇدانىڭ ئەمرى!

خەلىپىلەر شۇنداق دېيىشكىنىچە ھىدايىتۇللا ئىشانغا ئەگى-
شىپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى - دە، «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ

كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغان ۋاقىتتا ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان گۈلشەن تۆشەكتە ئۆزىنىڭ قىپيالىڭاچ ھالەتتە يالغۇز ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەم تەئەججۈپلەندى، ھەم مەيۇسلەندى، لېكىن شاھزادە بىلەن بايام قىلىشقان ئىشقۋازلىقىنى خىيالىدىن قايتا ئۆتكۈزگەندە ۋۇجۇدىنى قايتىدىن بىر بەختىيارلىق تۇيغۇسى چىرمىۋالدى. ئەمما، ئۇ مەستلىكىدىن يېشىلىپ، ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان شاھزادە يولۋاسخاننىڭ ئۆزىنى ئويغىتىپ قويۇشقىمۇ رايى بارماي كىيىملىرىنى چالا - بۇلا كىيىپلا بەخىرامان ھالدا باغدىن چىقىپ كەتكەنلىكىدىن زىنھار خەۋەرسىز ئىدى.

گۈلشەننىڭ خىياللىرى تىنىمسىز ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا شاھزادە بىلەن ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئاستانىگە لەشكەر تارتىش توغرۇلۇق قىلىشقان مەسلىھەتى ۋە شاھزادىنىڭ ئۆزىنى ئەسەبىيلەرچە سۆيۈۋېتىپ «خۇش بول، گۈلشەن، سېنى ھازىر قەشقەرنىڭ بىر نائىب ئەمىرى ئەمەس، پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىنىڭ خاقانى سۆيۈۋاتىدۇ، پات يېقىندا خانلىق تەختىدە ئولتۇرسام سېنىمۇ ئاستانىگە ئەكېتىمەن» دېگەن سۆزلىرى خىرە - شىرە زاھىر بولدى - دە، ۋۇجۇدى ئېيتقۇسىز خۇشاللىققا چۆمدى. شارابىنىڭ تەسىرىدە بېشىنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىشىنىمۇ ئۇنتۇدى. ھەئە، ئەمىر ئوردىسىنىڭ ھەرىمىدىكى كېنىزەكلەرنى باشقۇرۇش مەرتىۋىسىدىن كۆرە، خان ئوردىسىنىڭ ھەرىمىدىكى كېنىزەكلەرنى باشقۇرۇش مەرتىۋىسىگە ئېرىشىش نېمىدېگەن زور بەخت - ھە! ئۇ چاغدا گۈلشەن تاۋار - دۇردۇن، ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلارغا پۈركىنىپ ياشايدىغان مەرتىۋىلىك، زەردارئاغىچا خېنىملاردىن بولۇپ قالىدۇ. نۇرغۇن خىزمەتكارلار، دېدەكلەر، كېنىزەك قىزلار ئۇنىڭ خىزمىتىگە قول باغلاپ خوش - خوش دەپ تۇرىدۇ. ھەرەمگە كېنىزەك تاللاش، ھەرەمدىكى كېنىزەك خىزمەتكارلارنىڭ خىراجەتلىرىنى باشقۇرۇش، تارقىتىش ... ھەممىسى گۈلشەننىڭ باشقۇرۇشىدا بولى-

سەررەڭ نەرسىلەر كۆرۈنۈشكە باشلىغان خەلىپىلەر «ئىشقى، ئىشقى» دەپ توۋلاشقا باشلىدى. ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ كۆزىگە بايا شاھزادە يولۋاسخاننىڭ ھۇزۇرىدا بىللە شاراب ئىچكەن دۇتار- چى جۇۋاننىڭ نازلىق جىلۋىسى قايتىدىن زاھىر بولۇپ، تومۇرلى- رىدا شەھۋەت تۇيغۇلىرى غەليان كۆتۈرۈشكە باشلىدى ـ دە، كۆڭلى ئىختىيارسىز ھەرىمنى تارتىشقا باشلىدى. ئۇ بىرلىرى تامغا يۆلەنگىنىچە، بىرلىرى بېشىنى ئىككى تىزىنىڭ تۆۋىنىگىچە ساڭگىلاتقىنىچە ئالىلقانداق شېرىن خىياللارغا ئەسىر بولۇپ كەتكەن خەلىپىلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، دەلدۇگۇنۇپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، سوپى خىزمەتكارىنىڭ يۆلەشتۇرۇشى بىلەن كېچەش- خانىسىدىن چىقىپ ئۇدۇل ھەرەمخانىسىغا قاراپ ماڭدى.

## 3

ئوردا بېغىنىڭ خاس خانىسىدا پۇتكۈل قەشقەرنىڭ ئەمىرى بولغان شاھزادە يولۋاسخاننىڭ نەزىرىگە ئىلىنىپ، ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشكە، ئەركىلىتىشكە، ۋىسال لەززىتى بەخش ئېتىشكە نائىل بولغان گۈلشەن، شاھزادە بىلەن ئۇزۇنراق ئىشقۋازلىق قىلىشقا ۋە بارلىق ناز ـ خۇلقىنى چىقىرىپ شاھزادىنىڭ كۆڭلى- نى تولۇق ئۇتۇۋېلىشقا نىيەت قىلغان بولسىمۇ، شارابنى كۆپ ئىچىپ قويغان شاھزادە بىر قېتىملىق پەيزىدىن كېيىن خورەككە چۈشۈپ كەتكەنىدى.

ئۆزىنى ئوردا كېنىزەكلىرىنى باشقۇرۇش مەرتىۋىسىگە ئې- رىشىپ بولغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان گۈلشەن شاھزادىنى ئەنە ئويغىنىپ قالار، مانا ئويغىنىپ قالار دېگەن تەمە بىلەن، كەلگۈسىدىكى تاتلىق خىياللىرىغا ئەسىر بولۇپ قايسى ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى.

كۆزلىرىگە سۈرمە، نازۇك ئىنچىكە بارماقلىرىغا خېنە يېقىپ، ئاياللاردەك ناز ـ خۇلق بىلەن سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدىغان ئوتتۇز ـ ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى بۇ غىتمەك خوجايىندىن گۇلشەن ئادەتتە ئۆلگۈدەك قورقاتتى، ھەرقانداق بۇيرۇقىدىن چىقالمايتتى. ئۇنىڭ سىزغان سىزىقىدىن قىلدىن قىيىق كەتمەسلىككە تىرىشاتتى.

ئايدەك جامالى، يېقىملىق، سۇزۇك ئاۋازى، تەڭداشسىز دۇتار چېلىش ماھارىتى سەۋەبلىك بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ بىر نامەردگە ئەگىشىپ بۇ بەزمىخانىغا كىرىپ قالغان گۇلشەن نۇرغۇن قەرز ھېسابىغا مۇشۇ بەزمىخانىغا گۆرۈگە تۇتۇپ قېلىنغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇ ھىندى سارىيىدىن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بىر قېتىممۇ ئايرىلىپ باقمىدى. دۇتار چېلىپ، ناخشا ئوقۇپ بېرىپ بەزمىخانىغا كىرگەن بايۋەچچىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاچتى. ئەمما، بەزمىخانىدىن بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە ھەرگىز جۈرئەت قىلالمايتتى. نامى پۈتكۈل قەشقەر شەھىرىگە پۇر كەتكەن بۇ ناخشىچى خوتۇننى ھىندى سارايۋەن بىلەن مۇشۇ غىتمەك خوجايىنلا، شەرئى مەھكىمىسىنىڭ چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇشىدىن قوغداپ كېلىۋاتاتتى. گۇلشەن تۈرلۈك بەزمىلەرگە چىللاپ ئەۋەتكەن ياسىداق مەپىلەرگە چىقماي، كوچىغا پىيادە چىقسىلا ئون نەچچە قەدەم ماڭمايلا شەھەر خەلقىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ چاغدا ئۇنى ھېلىقى بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ ھېچقايسىسى قوغداپ قانات ئاستىغا ئالالمايتتى. شۇڭلاشقا، ئۇ ھەرقانچە خورلۇق تارتسىمۇ، بۇ غىتمەك خوجايىننىڭ كۆزىگە قاراشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇنىڭسىزمۇ بەزمىخانىسى ۋە مال ـ دۇنياسى بىلەن قەشقەرنىڭ لۈكچەك ـ كاللا كېسەرلىرىنى ئىندەككە كەلتۈرۈۋالغان بۇ غىتمەكنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغانلىقىغا گۇلشەن ئىشىنەتتى. شۇڭلاشقىمۇ، ھەر ئامال-

دۇ. مەنمەن دېگەن ئەمىرلەر، بەگزادىلەر، بايۋەچچە، زەردار ـ تۆرىلەر ئۇنىڭ ئىتىكىگە دۇم چۈشىدۇ. ساندۇق ـ ھەميانلىرىنى تىللا، جاۋاھىراتلار بىلەن تولدۇرۇۋىتىدۇ. ھەئە، ئۇ چاغدا گۈل-شەن بەزمىخانىنىڭ ھېلىقى غىتمەك خوجايىنىنى قانداق خورلاش-نى، قانداق جازالاشنى ئالدىرىماي ئويلىشىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان ھاقارەت ـ خورلۇقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ كۆزىگە كۆرسىتىدۇ...

گۈلشەن ئەنە شۇنداق تىنىمسىز خىياللار ئىلكىدە سۇرە ئوقۇشنىمۇ ئۇنتۇپ غۇسۇل قىلدى. ئاندىن كىيىملىرىنى كى-يىپ، بېزەكلىرىنى تاقاپ، ئوردا بېغىنىڭ دەرۋازىۋىنى تەييارلاپ قويغان مەپىگە چىقتى ـ دە، ئۇدۇل ھىندى سارىيىدىكى بەزمىخا-نىغا جۆنىدى.

ئادەتتە ئەسىر ۋاقتىدىن بۇرۇن ئانچە قىزىمايدىغان بەزمىخانا بۈگۈن قازاندەكلا قايناپ كەتكەنىدى. سارايىنىڭ كەڭرى سەيناسى-دىكى ئون نەچچە مەپىگە قاراپ گۈلشەن بۈگۈن بەزمىخانىغا خېلى كۆپ مېھمان كەلگەنلىكىنى پەملىدى. بەزمىخانا ئىچىدىكى ئايرىم خانىلاردىن ئاڭلانغان «ئاللا، ئاللا» سادالىرى بەزمىخانىنىڭ قې-لىن تاملىرىدىن ئەكس سادا قايتۇراتتى.

گۈلشەن ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ يوغان تىكلىمە ئەي-نەكنىڭ ئالدىدا گىرىم قىلىشقا تۇتۇندى. شۇ ئەسنادا تەكەللۇپ-سىزلا كىرىپ كەلگەن بەزمىخانا خوجايىنى بوسۇغىدىن پۇتىنى ئالا ـ ئالمايلا گۈلشەنگە تەنە تاشلىرىنى ئېتىشقا باشلىدى:

—ۋاي ئاللا، گۈلبېلىق خېنىم، ئەمدى كەللىمۇ، سىلىنىڭ جودالىرىنى قىلىپ يوللىرىغا تەلمۈرۈپ تۇرغان بايۋەچچىلەر بې-شىمنى ئوچاق ئېتىۋېتەيلا دېدى. ماڭا قايلىسىلا، مىسلداپ ئولتۇرماي پەردازلىرىنى غاچ ـ غۇچلا قىلىپ، مېھمانلىرىنىڭ ئالدىغا چىقسىلا.

ئاۋازى ئاياللارنىڭكىدەك زىل، يۇمشاق چىقىدىغان، ساقال-سىز كوسا يۈزىگە سۇس ئەڭلىك، چاقماق كىرپىكلىك چىرايلىق

قارىمامدىغان، شاھزادە ئۇنىڭغا بىرەر ئىشنى ۋەدە قىلغان ئوخ-
شىمامدۇ؟ شاھزادە ئۇنىڭغا راستتىنلا ھامىيلىق قىلارمۇ؟ مۇم-
كىن ئەمەس. بەلكىم بۇ جالاپنىڭ قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ،
ناز قىلىپ خۇلق چىقىرىشىغا چىداپ تۇرالماي بىرەر قېتىم
كۆڭلىنى ئاچسىمۇ ئاچقاندۇر. شۇنداق، شاھزادىنىڭ ھەرىمىدە
ئەركەك چىۋىن قونمىغان نى - نى قىزلار ساماندەك تۇرسا، بۇ
قېرى جالاپقا قاراشقا شاھزادىنىڭ نەدە چولىسى؟! خەپ توختاپ-
تۇر. ئەتىگىچە راسا بىر ئەدىپىڭنى بېرىپ ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىڭ-
نى ئۆزۈڭگە تونۇتۇپ قويمايدىغان بولسام...»
— ئاستانىدىن كەلگەن بايۋەچچە غوجام نېمىشقا ھازىرغىچە
يېنىمغا كىرمەيدۇ دەپ كايىپ كېتىپ بارىدۇ.
مۇغبەچەنىڭ[1] بۇ سۆزلىرى غىتمەك خوجايىنىنىڭ خىيالىنى
ئۈزۈپ قويدى. ئۇ دەرھال ئىشىكگە كەلدى - دە، گۈلشەنگە قاراپ
چىرايىغا ياسىما كۈلكە يۈگۈرۈتتى.
— ئەينا، دىمىدىممۇ، گۈلبېلىق خېنىم، باياتىن بېرى
سىلىنىڭ قەغىشلىرىنى قىلىپ، جودا قىلغان دەل ئاشۇ ئاستانى-
دىن كەلگەن بايۋەچچە. شۇ خەقنى تولا تەقەززا قىلماي ئىلدام
بولسىلا، ئالتۇن بېلىقىم.
غىتمەك خوجايىنىنىڭ «ئالتۇن بېلىقىم» دەپ پەپىلەشلىرى-
دىن كۆرە «ئاستانىدىن كەلگەن بايۋەچچە» گۈلشەنىنىڭ بەكرەك
دىققىتىنى تارتقانىدى.
«ئاستانىدىن كەلگەن بايۋەچچە بولسا تونۇشۇپ قويۇش كې-
رەك. پات يېقىندا شاھزادە يولۋاسخان بىلەن ئاستانىگە بارسام،
دەماللىققا تونۇش - بىلىشسىز، ئۆلپەتسىز قالمايمەن. بۇنىڭ
قىلچىلىك زىيىنى يوق...»
گۈلشەن تارتىنىپ تۇرمايلا ئورنىدىن تۇردى - دە، غىتمەك

---

[1] مۇغبەچە — بەزمىخانا خىزمەتكارى، مەي توشۇغۇچى.

لارنى قىلىپ شاھزادە يولۋاسخاننىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىقىشنى كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلاتتى.

بۈگۈن شاھزادىنىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتىغا نائىل بولغان گۈلشەن خېلىلا يۈرەكلىك بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ خوجايىنىنىڭ غۇنچىدەك قەددىگە، قېنىق پەرداز قىلىنغان ئاق پۇسمىلاق چىرايىغا ياراتمىغان قىياپەتتە نەزەر تاشلىدى - دە، لەۋلىرىنى يىمىرىپ جاۋاپ بەردى.

— نېمانچىۋالا ئالدىرىتىلا، غوجام، — دېدى گۈلشەن «غوجام» دېگەن سۆزنى مەسخىرە بىلەن سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىپ، — شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ قېشىدىن خالىغانچە يېنىپ كەلگىلى بېشىم ئونمىدى مېنىڭ. شاھزادە ئالىيلىرى ماڭغىلى قويماي تۇتۇپ قالدى. ھېلىمۇ خېلىلا ئالدىرىدىم، بولمىسا بىز دېگەن شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا بىر تال خەستەكلا ئادەملەرمىز.

غىتمەك خوجايىن گۈلشەننىڭ شاھزادىنى پەش قىلىپ تەئەددى قىلىۋاتقانلىقى، يەنە تېخى سەن شاھزادىنىڭ ئالدىدا نېمەتىڭ؟ بىر تال خەسكىمۇ ئەرزىمەيسەن دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ غەزەپتىن تىترىدى.

شۇنداقتىمۇ ئىچكى تۇيغۇسىنى ئاشكارىلىمىدى. ئۇ گۈلشەننىڭ چاچلىرىنىڭ يۇيۇلغان بولسىمۇ ئۆرۈلگەنلىكىنى، چىرايىدىكى گىرىملەرنىڭ، ھەتتا كۆزلىرىگە سۈرۈلگەن سۈرمىنىڭمۇ پاكىز يۇيۇلۇپ كەتكەنلىكىگە قاراپ، بۈگۈن گۈلشەننىڭ شاھزادىگە يالغۇز دۇتارلا چېلىپ بەرمىگەنلىكىنى، شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ بىردىنلا يۈرەكلىك، تەكەببۇر بولۇپ قالغانلىقىنى جەزم قىلدى - دە، ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتتى.

«راستتىنلا شاھزادە ئالىيلىرىغا ياراپ قالغانمىدۇر بۇ جالاپ، تۇرقىدىن قارىغاندا شۇنداقتەك قىلىدۇ، ھاكاۋۇرلۇقىنى

شىك تۇۋىدىكى كۆتكۆچىگە مېھماننىڭ بۆيرۇتمىلىرىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئەكىرىپ بېرىپ، ياخشى كۆتۈشنى ئالاھىدە تاپىلاپ قو-يۇپ غايىب بولدى.

— ئەھۋالىرى ياخشىمۇ، بايۋەچچە غوجام؟ — دېدى گۈل-شەن مېھماندىن قايتىدىن ئەھۋال سوراپ، — شۇ كەتكەنچە بۇ بەزمىخانىغا پەقەتلا ئاياغ باسمىدىلا. ھەر قېتىم ئەسلىگىنىمدە بىلىپ ـ بىلمەي كۆڭلىنى چىگىپ قويغان بولغىيمىدىم دەپ كۆپ ئىزتىراپ چەكتىم.

— يوقسۇ، مەنمۇ خېنىمنى دائىم ئەسلەپ تۇردۇم. مانا بۈگۈن قەشقەرگە كېلىپلا ئۇدۇل بەزمىخانىغا كەلدىم. ئۆزلىرىنى سىرتقا چىقىپ كەتكەن، ھېلىغىچە كېلىدۇ دېيىشتى. گېلىمدىن ھېچنېمە ئۆتمەي يوللىرىغا قاراپ تۇرۇشۇم.

گۈلشەن يىگىتنىڭ شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرىدىن خۇددى چايغا سالغان قەنتتەكلا ئېرىپ كەتتى ۋە بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئاۋۋالقى ئىشلارنى غىل ـ پاللا كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى.

شۇ چاغدا يىگىتنى بۇ بەزمىخانىغا قەشقەردىكى بىر نەچچە بەگزادىلەر تاسادىپىي باشلاپ ئەكىرگەن ۋە گۈلشەننى قىچقارتقۇ-زۇپ، دۇتار چالدۇرۇپ بەزمە قىلىپ بەرگەنىدى. شۇ چاغدا گۈلشەننىڭ يېقىملىق ئاۋازى ۋە ماھارەتلىك دۇتار چېلىشلىرىغا شەيدا بولۇپ قالغان يىگىت گۈلشەندىن كۆزىنى ئۈزەلمىگەنىدى. ئىشقۋازلىقتا خېلىلا پىشىپ قالغان گۈلشەنمۇ قاش ـ كۆزلىرى ۋە مەنىلىك بېقىشلىرى ئارقىلىق يىگىتكە كۆڭۈل ـ مەيلىنى بىلدۈرگەنىدى. بەزمە ئاخىرلاشقاندا يىگىت دوستلىرى بىلەن چىقىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەيلا ئۆزى يالغۇز يېنىپ كىردى ـ دە، گۈلشەن بىلەن بىر كېچە بىللە بولدى ۋە ئەتىگىنى خوجايىنىغا بېرىشقا تېگىشلىك ھەقنىڭ سىرتىدا گۈلشەنگە ئىككى تىللا ھەدى-يە قىلدى. گۈلشەن بۇ ئىككى تىللانى غىتمەك خوجايىندىن يوشۇرۇپ، بويىنىغا ئېسىۋالغان تۇمارنىڭ قېتىغا تىكىپ ساقلاپ

خوجايىنىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

خاس خانىغا كىرىپ كەلگەن گۈلشەن تۆردىكى كىمخاب كۆرپىنىڭ ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان، ئەمدىلا ئوتتۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، قاپقارا بۇرۇتلىرى گۈل رەڭ چىرا-يىغا خويمۇ ياراشقان، قارا قاشلىق، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدى-غان، ئوڭ قېشىنىڭ ئۈستىدە بىر ئىلىك تارتۇقى بار سۆلەتلىك بۇ يىگىتنى بىر قاراپلا تونۇدى ــ دە، خۇشاللىقتىن يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى.

يىگىت گۈلشەنىنىڭ جاۋابەن سالىمىغا ئورنىدىن تۇردى.

مېھمانىنىڭ سۆلەتلىك كىيىنىشىدىن، يەپ ـ ئىچىش ئۈچۈن زىيادە كۆپ نازۇنېمەتلەرنى بۇيرۇتۇپ، سېخىيلىق بىلەن پۇل تاپشۇرۇشىدىن، مېھمانغا گۈلشەننى تېپىپ بەرسە تېخىمۇ كۆپ نەپكە ئېرىشىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن غىتمەك خوجايىن باياتىن بېرى گۈلشەنىنىڭ يولىغا ئۈنىگدىنمۇ بەكرەك تەلمۈرۈپ كەتكەنىدى. شۇڭلاشقا، گۈلشەننى كۆرۈپلا ئاچچىقلاپ كېتىشىنىڭ سە-ۋەبىمۇ شۇ ئىدى.

— ئۆزلىرى باياتىن بېرى تولا جېدىللىنى قىلىپ كەتكەن ئالتۇن بېلىق خېنىم مانا مۇشۇ، — دېدى غىتمەك خوجايىن بايۋەچچە يىگىتكە گۈلشەننى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇپ، — قېنى بېلىقنى ئالدىلىرىغا ئەكېلىپ بەردىم. ئەمدى ئۇ سىلىنى ئېرى-تىپ بىر دەريا سۇغا ئايلاندۇرۇپ ھاللىرىدىن كەتكۈزۈۋەتمىسە ھېساب ئەمەس. بۇ بېلىقنى قارماقلىرىغا ئىلىندۇرۇش ـ ئىلىنـ-دۇرەلمەسلىك قارماقلىرىنىڭ دەستىسىنىڭ چىڭ ـ بوشلۇقىغا باغلىق بولۇپ قالدى، ئەمىسە.

غىتمەك خوجايىن قىلغان گېپىگە ئۆزىنىڭ مەستلىكى كې-لىپ، قوشلاپ ئالتۇن ئۈزۈك سېلىنۋالغان بارماقلىرىنىڭ دۈمبە-سى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ نازلىق كۈلدى ـ دە، بەللىرىنى تولغاپ، كاسىسىنى ئويناتقىنىچە خانىدىن چىقىپ كەتتى ۋە ئە-

بىرپىلا قالسام بۇنداق شاراب ئىچىشكەچ كۆڭۈل ئاچىدىغان پۇرسەتلەر كۆپ بولىدۇ، غوجام.

شۇ تاپتا يىگىت گۈلشەننىڭ چىرايىدىن كۆرە، گېپىگە بەكراق ئېتىبار بېرىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەشقەر سەپىرىگە چىققانلىقىدىن ھەم بۇ بەزمىخانىغا كەلگەنلىكىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولغاندەك كۆرۈنەتتى.

يىگىت گۈلشەننىڭ ئاغزىدىن ھەممە سۆزلەرنى يۇلۇۋېلىۋېلىشقا ئالدىراۋاتاتتى. لېكىن، يىگىت ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بولۇپ، تولىمۇ ئېھتىياتچان ئىدى. كۆڭلىدىكىنى چاندۇرۇپ قويماسلىق، گۈلشەننى قىلچىلىك گۇمانى تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويماسلىق، ئۇنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن سۆزلىتىش ئۈچۈن كۆڭلىدە قىسقىلا پىلان تۈزدى – دە، بۇلۇڭدىكى خۇرجۇننىڭ ئىزمىسىنى ئېچىپ، يەكەننىڭ بىر كىيىملىك خانئەتلىسىنى، بىر كىيىملىك يېشىل شايىسىنى، بىر تال ھىلھىلە رومالنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەمىيىنىدىن ئىككى تال تىللا ئالدى – دە، ھەممىسىنى گۈلشەننىڭ ئالدىغا قويدى.

— خېنىمنىڭ لايىقىدا بولمىسىمۇ، بۇ ئەرزىمەس سوۋغاتلارنى ئالغاچ كەلگەنىدىم. ئاز بولسىمۇ قوبۇل قىلغايلا.

سوۋغا – سالاملارنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن گۈلشەننىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى – دە، باشقىچە ناز – خۇلقلىرى بىلەن يىگىتنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا تىرىشتى. يىگىت تولىمۇ سەگەك ئىدى. ئۇ شارابنى ئۆزى ئازراق ئىچىپ گۈلشەننى كۆپرەك ئىچىشكە دەۋەت قىلاتتى ۋە چاندۇرمايلا گەپنى گۈلشەننىڭ ئاستانىگە بېرىش ئىشىغا يۆتكەيتتى. ھېچنېمىدىن بىخەۋەر گۈلشەن بولسا يىگىتكە بۈگۈن چۈشتە شاھزادە يولۋاسخاننىڭ ئوردا بېغىدا ھىدايىتۇللا ئىشان بىلەن قىلىشقان مەسلىھەتلىرىنى ۋە مەستلىكتە ئۆزىگە بەرگەن ۋەدىسىنى تولۇقى بىلەن سۆزلەپ بەردى.

قويغان بولۇپ، بۇ ئىككى تىللا ھازىرمۇ ئاشۇ تۇمار بىلەن بويىندا بار ئىدى: گۈلشەن يىگىتنىڭ مەردلىكى، سېخىيلىقى ۋە ئىشق-ۋازلىقتا تولىمۇ يېگانە بىر يىگىت ئىكەنلىكىنى ھەر قېتىم ئېسى-گە ئالغاندا، ئاشۇنداق بىر كېچىنىڭ يەنە بىر تەكرارلىنىشىنى تولىمۇ ئارمان قىلاتتى.

مانا بۈگۈن گۈلشەن بارلىق تىلەكلىرىگە يېتىدىغان ئوخشاي-دۇ. چۈشتە شاھزادىنىڭ ئىلتىپاتىغا نائىل بولدى. مانا ئەمدى ئۈچ يىلدىن بېرى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ئۆچمەس ئىز قال-دۇرۇپ كەتكەن يىگىتى بىلەن قايتا دىدارلاشتى.

— ئۆزلىرىنىڭ كېلىدىغانلىقلىرىنى بىلگەن بولسام ھېچ يەرگە چىقماي كۈتكەن بولاتتىم، — دېدى گۈلشەن شاراب تولدۇ-رۇلغان جامنى يىگىتكە تەڭلەپ تۇرۇپ، — خۇدا خالىسا پات يېقىندا ئاستانىگە بېرىپ قالسام، پات - پات دىدار كۆرۈشۈپ تۇرىمىز.

— ئىنشائاللا، دېگەنلىرى كەلگەي ئىلاھىم، — دېدى يى-گىت، — جامدىكى شارابنى ئىچەيلى، ئاشۇ چاغدا بىللە شاراب ئىچكىنىمىز پەقەتلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ، — يىگىت نېمە ئۈچۈن-دۇر ئىچكىرىلەپ سوراپ قالدى، — ئاستانىگە نېمە ۋەجىدىن بارىدىغان بولۇپ قاللا، خېنىم.

— شاھزادە يولۋاسخان ئائىلىسى بىللە ئاپىرىدىغان بولدى، — دېدى ھاياجانلانغان گۈلشەن ماختانغان ھالدا ئەزۋەي-لەپ سۆزلەپ، — بۈگۈن مېنى شاھزادە ئائىلىسى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ مەپە ئەۋەتىپتىكەن، ئوردا بېغىدا بەزمە قىلىپ ئولتۇر-ساق، ھىدايىتۇللا ئىشان پىر بۇزرۇك ھەزرەتلىرى كىرىپ كەل-دى. شاھزادە بىلەن ئىشان ھەزرەتلىرى ئاستانىگە لەشكەر تارتى-دىغانىنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشتى. ئىشان ھەزرەتلىرى كەتكەندىن كېيىن شاھزادە ئائىلىسى ماڭا پات يېقىندا ئاستانىگە بېرىپ تەختتە ئولتۇرسام سېنىمۇ بىللە ئەكېتىمەن دېدى. ئاستانىگە

لاشتۇراتتى. «ھۆم - ھۆم» سادالىرى خۇددى خانىقانىڭ چىغۋاسلىق ئۆگزىسىنى ئېچىۋەتكۈدەك دەرىجىدە گۈرۈلدەيتتى. بۇ گۈرۈلدەشلەر ئىچىدە ھاپىزلارنىڭ تەلقىنلىرى خۇددى يەرنىڭ تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك ناھايىتىمۇ ئاجىز ئاڭلىناتتى. ئۇلارنىڭ نېمىدەپ مۇناجات ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلمەك تولىمۇ تەس ئىدى.

جەررە - ساما بولسا بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقماقتا. شۇ دەقىقىدە ئوڭ - تەتۈر پىرقىراشقىنىچە ھەرە تارتىشماق ئۇسسۇلى ئويناۋاتقان بۇ سوپىلارنى بايام چەككەن نەشىنىڭ كەيپى ئۇبدانلا تۇتقان بولۇپ، پىرقىراۋېرىپ خۇدىنى يوقىتىشقانىدى. شۇ تاپتا بىرلىرى ئۆزىنى ھاۋادا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك، بۇلۇتلار ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەندەك ياكى جەننەتتىكى ھۆرلەرنىڭ پاختىدەك يۇمشاق، بېلىقتەك شوخ قۇچاقلىرىغا ھەشقىپىچەكتەك چىرماشقاندەك سېزىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ پىرقىراۋاتقانلىقىنى ياكى خانىقا تاملىرىنىڭ پىرقىراۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قېلىشقانىدى. مانا بىرقانچە سوپى ئاغزىدىن كۆپۈك يېنىپ، يەرگە يىقىلىشقا باشلىدى. بىردەمدىلا خۇددى ئۇجمە تۆكۈلگەندەك يىقىلىشقا باشلىغان بۇ سوپىلارنى سورۇندىن چەتكە تارتىپ ئاچىقىپ ئۇلگۈرمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئابدۇراززاق خەلپە «ئەۋۋۇ! ...» دەپ نەرە تارتتى. بۇ سورۇندا تېخىچىلا پىرقىراۋاتقان جەررە - ساماچىلارغا توختاشقا بېرىلگەن بۇيرۇق ئىدى. ئابدۇراززاق خەلپە بىرقانچە قېتىم نەرە تارتقاندىن كېيىن خۇدىنى يوقىتىش دەرىجىسىگە تېخى يەتمىگەن بىر قىسىم سوپىلار توختاپ شاققىدە سورۇندىن چىقىشتى. ئەمما، خۇدىنى يوقىتىپ ياكى ئۆزىنىڭ ۋە ياكى خانىقا تېمىنىڭ پىرقىراۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگۈدەك دەرىجىگە يەتكەن بىر قىسىم سوپىلار بولسا ھەربىر نەپەس ئېلىشىدا بىر قېتىمدىن «ھۆم - ھۆم - ھۆم!» دەپ بىر ئىزىدا چۆرگىلەپ، جەررە - سامادىن توختىمايۋاتاتتى. ئابدۇراززاق خەلپە بۇلارنىمۇ ھاسىسىنى شىلتىپ يۈرۈپ مىڭ بىر جاپادا ئاران توختاتتى.

## 4

«پەگاھدا ئېشەك ھاڭرىسا، ئۇنى تۆرگە يەتمىگۇدەك» چوڭ-
لۇقتىكى ھەزرەت خانىقاسىنىڭ ئىچى تۈت - بەش يۈزچە
سوپى - دەرۋىشنىڭ «ھۆم - ھۆم »، «ھۇ - ھۇ»لىرى بىلەن
قايناپ كەتكەنىدى. خانىقانىڭ قىبلە تەرىپىدىكى مېھرابتا ئىشان
پىر بۇزرۇكنىڭ ئورنىلا بوش بولۇپ، ئاشۇ بوش ئورۇننىڭ
ئىككى تەرىپىدە تام بويلاپ ئولتۇرۇشقان ساقاللىرى كىندىكىگە
چۈشكەن قېرى دەرۋىشلەر، قىزىتىۋاتقان جەررە - سامانىڭ رىتىمى-
غا ماسلاشتۇرۇپ، گەۋدىسىنى ئىككى تەرەپكە تەڭ ئىرغاڭلى-
تىپ، باشلىرىنى ئالدى - كەينىگە گىلدىڭشىتقىنىچە «ھۆمئاللا-
ھ ھۆم - ھۆم، ھۇۋۋى ئاللاھ ھۇم!» دەپ جەررە تارتىپ
ئولتۇرۇشاتتى. پۇت - قوللىرىنىڭ ماغدۇرى بار تەندۇرۇس ياش
ۋە ئوتتۇرا ياش سوپىلار تۇكۇرۇكلىرىنى چاچراتقىنىچە «ھۆم -
ھۆم!» دېيىشىپ، ھېلى ئوڭ، ھېلى تەتۈر پىرقىراشقىنىچە،
يەرگە گۈلۈپ - گۈلۈپ دەسسەپ، سورۇننىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا
ساپايىلىرىنى جالداقشىتىپ چالغىنىچە تەلقىن ئېيتىۋاتقان تۆت
نەپەر ھاپىزنى چەمبەر شەكلىدە ئوراپ، ساما — ھەرە تارتىشماق
ئۇسسۇلى ئويناشماقتا ئىدى.

ئابدۇراززاق خەلپە بولسا جەررە - سامادا تولا چۆرگىلەپ
ھېرىپ كەتكەن ياكى بېشى قېيىپ ئولتۇرۇۋالغان سوپىلارنى
قولىدىكى ھاسىسى بىلەن خۇددى قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋالغان ئې-
شەكنى ھەيدىگەندەك سۆڭگەكلىرىگە سانجىپ، بىقىنلىرىغا نىق-
تاپ، گەدەنلىرىدىن ئىتتىرىپ، سورۇنغا چۈشۈشكە ھەيدەكچى-
لىك قىلاتتى. جەررە بىلەن سامانىڭ رىتىمى بۇزۇلۇپ، پۇت -
قوللىرى ھۆكمەتنىڭ ئۇدارىغا كەلمەي قالغان توپنىڭ قېشىغا
كېلىپ، خۇددى دىرىژورلارغا ئوخشاش ئىما - ئىشارەتلەر بىلەن
جەررە - سامانى قايتىدىن ھۆكمەتنىڭ رىتىمىغا چۈشۈرۈپ ماس-

تۇرلۇك قىيناق ـ ئازابلىرى ۋەھىمە سالغان ساددا، ئاق كۆڭۇل،
نادان سوپى ـ دەرۋىشلەر قورقۇنچ، تەشۋىش ئىلكىدە ئازابلىنىپ
ئۇتقا چۇشكەن قىلدەك تولغىناتتى. تۇغۇلغىنىغا، ئادەم بولغىنى-
غا، تىرىكچىلىك ئۇچۇن تىرماشقىنىغا مىڭ بىر پۇشايمان قى-
لىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن ئېزىلىپ، ھۇ تارتىشىپ يىغلىشاتتى.
بۇ ئازابلاردىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن ئىشان پىرىدىن مەدەت تىلىشەت-
تى. ئىنسانلىق غۇرۇرى، ئەركەكلىك جاسارىتى، ئادەمىيلىك
ئېڭى پايخان بولغان بۇ سوپى ـ دەرۋىشلەر شۇ دەقىقىدە ئۆزلىرى-
نىڭ ئاللاتائاللا دۇنيادىكى بارچە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەقىللىقى،
ئەزىزى، كاتتىسى، مۇرۇۋۋەتلىكى قىلىپ ياراتقان سۆيۇملۇك
ئىنسان ئىكەنلىكىنى پۇتۇنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشقانىدى.
ھەلقى ـ ساما سورۇنىنى باشلاپ بېرىپ خانىقادىن يېنىپ
چىققان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان پات يېقىندا شاھزادە يولۋاسخان
بىلەن ئاستانىگە لەشكەر تارتىپ بارغاندىن كېيىن قىلىدىغان
ئىشلىرى ھەققىدە خىيال سۇرۇپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ
دادىسى خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشاننىڭ قەبرىسى تۇۋىگە كېلىپ
قالغىنىنىمۇ تۇيماي قالدى.
كىچىكرەك بىر ئېغىز ئۆيدەك ياسالغان ھەزرەت گۇمبىزى[1]
كېچە قاراڭغۇسىدا ئانچە كۆزگە چېلىقمايتتى. ھىدايىتۇللا ئىشان
گۇمبـەزنىڭ ياغـاچ پەنجىرىلىك ئىشىكىنى ئېچىپ ئىچىگە كىر-
دى ـ دە، جايناماز ئورنىدا ئۆچكە، قوي تېرىسى سېلىنغان ئۇچ
پايىلىك قەبرىنىڭ تۇۋىدە يۇكۇندى. پېشانىسىنى قەبرىگە تەگكۇ-
زۇپ تۇرۇپ ئۆكسۇپ ـ ئۆكسۇپ يىغلىۋەتتى. شۇ تاپتا دادىسى
خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشاننىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۇمى ئۇنىڭ يۇرى-
كىدىكى قىساسخورلۇق ئـوتىنى لاۋۇلداتماقتا ئىدى. ئـۇ ھەر
قېتىم مەيلى خۇشال بولسۇن، مەيلى خاپىلىق تارتسۇن، سۇلۇك

[1] ھەزرەت گۇمبىزى — ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ دادىسى دەپنە قىلىنغان بۇ يەر دەسلەپتە ھەزرەت گۇمبىزى، كېيىنچە ھەزرەت مازىرى، سىر مازار دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

جەررە ـ ساما تىنچىغاندىن كېيىن، باياتىن بېرى ئاۋازىنى بولدى دېگۈچە قويۇپ بېرىپ ھۆكمەت ئوقۇپ ئۇنى بوغۇلۇپ قالغان ھاپىزلارنىڭ ئورنىغا باشقا ھاپىزلار ئالماشتى ـ دە، سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، يۈرەكنى ئەزگۈدەك مۇڭلۇق ئاۋازدا ھۆكمەت ئوقۇشقا باشلىدى:

ئىشق دەفتەرى سىغماس، دوستلار، دەرگاھىغا،
جۈملە ئاشىق يىغىلىپ بارغاي بارگاھىغا.
يەتتە دەۋزەخ تاقەت قىلماس بىر ئاھىغا،
ھەرنە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل، پەرۋەردىگار.

ئىشق دەردىنى تەلەپ قىلدىم دەرمانى يوق،
ئىشق يولىدا جان بەرگەننىڭ ئارمانى يوق.
بۇ يوللاردا جان بەرمىسە ئىمكانى يوق،
ھەرنە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل، پەرۋەردىگار.

ئىشق بازارى ئۇلۇغ بازار سودا ھارام،
ئاشىقلارغا سەندىن ئۆزگە غەۋغا ھارام.
ئىشق يولىغا كىرگەنلەرگە دۇنيا ھارام،
ھەرنە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل، پەرۋەردىگار.①

ھەم ۋەھىمە، ھەم مۇڭ ـ ھەسرەت ئارىلاشقان بۇ تەلقىن سادالىرى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىپ، ئىختىيارسىز ھالدا بىلىپ ـ بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھىنكەبىرلىرىنى ئەسلەشكە، توۋا قىلىشقا، گۇناھىدىن پاكلىنىش ئۈچۈن ئىشانغا قول بېرىپ سۈلۈككە كىرىشكە مەجبۇرلايتتى. ۋۇجۇدىغا قىيامەتنىڭ

① بۇ كلاسسىك شائىر ئەھمەد يەسەۋىنىڭ شېئىرى.

ئىشتانلىرىنىڭ ئېغىلىرىدىن پىتلارنى ئېقىتىپ، نېرىراقتا قايناۋاتقان داشنىڭ تېزرەك پىشىشىنى كۈتۈپ، تەمەگەرلىك بىلەن ئولتۇرۇشاتتى. يەنە كىملەردۇر ھەزرىتى مازار پادىشاھى پىر بۇزرۇك[1] خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشاننىڭ چەكسىز مېھىر - شەپقەتلىرى، ئاجايىپ كەشپۇ كارامەتلىرى ھەققىدە ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ سۆزلەۋاتاتتى. ھەئە، ئۇلارنىڭ شۇتاپتا كەچ كۈزنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقىدا ئاپتاپسىنىپ، پىت بېقىپ ئولتۇرۇشلىرىمۇ، كۈندە ئۈچ ۋاخ قايناۋاتقان داشقا تەلمۈرۈپ، ئەمگەك قىلماي قارنىنى بېقىشلىرىمۇ ئاشۇ پىر بۇزرۇكنىڭ چەكسىز شەپقەت - ئىنايەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى، ئەلۋەتتە.

خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان بولسا شۇ تاپتا باھاردەك ئىللىپ كەتكەن ياسىداق خۇتبىخانىسىدا ئۆرۈك ئوتۇنىنىڭ چوغىدا يال - يال ئىسسىق چىقىرىپ تۇرغان چويۈن سەندەلگە يېپىلغان يوتقانغا پۇتىنى تىققىنىچە يېلىڭ يەكتىكى بىلەنلا پەي ياستۇققا يۆلەنگىنىچە ئولتۇراتتى. ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشلىق خىزمەتكار سوپىچاق يۇمران مۇشتۇملىرى بىلەن ئىشاننىڭ گەجگىسىگە يەڭگىل مۇشتلاۋاتاتتى.

شۇ ئەسنادا ئابدۇراززاق خەلپە يەڭگىل قەدەم بىلەن كىرىپ كەلدى - دە، ئىشانغا ئېگىلىپ تۇرۇپ سالام بەردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھەزرىتى پەيزۇلئەنۋار[2] پىرىم!

خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان سالامغا جاۋابەن «لەببەي!» دېگىنىچە ئاستا قىمىرلىدى - دە، پەي ياستۇقتىن سىمىز گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ تىكلەندى ۋە نېمە ئىش دېگەندەك قىلىپ تاپسىدا قول باغلاپ تۇرغان خەلپىگە قارىدى.

— نېمەتلىك ئىشان پىرىمغا مەلۇم بولغاي، ئاستانىدىكى

---

① مازار پادىشاھى پىر بۇزرۇك — خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشاننىڭ ئۇنۋانى بولۇپ، بارلىق مازار - ماشايىخلارنىڭ پادىشاھى دېگەن مەنىدە.

② پەيزۇلئەنۋار — بۇمۇ خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشاننىڭ ئۇنۋانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، پۈتكۈل جاھانغا پەيزى چاچقۇچى دېگەن مەنىدە.

تەۋرىتىش ئىشلىرى مەيلى ئوڭغا تارتسۇن، مەيلى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسۇن، ئۇدۇل دادىسىنىڭ قەبرە بېشىغا كېلەتتى - دە، يالغۇز ئولتۇرۇپ تۈننى تاڭغا ئۇلايتتى. يېڭىدىن - يېڭى پىلانلارنى، ھەرخىل قۇۋلۇق - شۇملۇقلارنى دادىسىنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ تۈزەتتى. دادىسى بىلەن خىيالىي مۇڭدىشاتتى، ئوي - خىياللىرىنى دەيتتى ۋە كۆڭلىگە پۈككەن مەقسەتلىرى ئۈچۈن مەسلىھەت سورايتتى. دادىسىنىڭ ئىشقىيە سۇلۇكىنى تارقىتىش يولىدا ئېلىپ بارغان جاپالىق رىيازەتلىرىنى ئەسلەيتتى.

بۇ يەردە ئۆزىگە يېڭىدىن - يېڭى ئىشەنچ، غەيرەت - شىجائەت تاپاتتى. شۇ تاپتا ئۇ بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇن دادىسىنى قازا شەربىتىنى ئىچىشكە ئېلىپ بارغان ئاستانە سەپىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋىدى، ئىچى ئاچچىق بولۇپ كەتتى. ۋۇجۇدىغا بىر ھەسسە زەھەر يىغىلدى...

## 5

مىلادىيە 1646 - يىل كەچ كۈز.

قەشقەر شەھىرىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە جايلاشقان ياغدۇدىكى[1] خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشانىنىڭ خانىقاسى يۈزلىگەن سوپى - دەرۋىشلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. چاچ - ساقاللىرىنى بولدى دېگۈچە قويۇۋېتىشكەن، جۇل - جۇل جەندىلىك بۇ دەرۋىشلەر خانىقا سەيناسىدىكى ئەسكى كىگىز - بورىلارنىڭ ئۈستىدە ۋە خانىقا تاملىرىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاپتاپسىنغاچ، سۆڭەكچ - ئېغىزمانلىرىنى كارتىلدىتىپ قاشلاپ، قويۇنلىرىدىن،

---

① ياغدۇ — ھازىر بۇ يەر ھەزرەت دەپ ئاتىلىدۇ.

قولىنى كۆزلىرىگە سۈردى ۋە سۆيدى.
خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان ئىسسىق قولىغا بۇ مۇخلىس-
نىڭ ساقال - بۇرۇتىدىكى قىرو - مۇزلارنىڭ تېگىپ سۇۋىشىشى-
دىن يىرگەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىچكى تۇيغۇسىنى يوشۇرۇپ،
بۇ مۇخلىسىنىڭ ساداقەتمەنلىك بىلەن قىلىۋاتقان ھەرىكەتلىرىگە
سۇكۇت قىلىپ تۇردى.
ھەزرىتى مازار پادىشاھ پىر بۇزرۇكنىڭ جامالىنى كۆرۈش-
كە، مۇبارەك قوللىرىنى سۆيۇشكە، تون - سەرپايلىرىنىڭ پەش-
لىرىدىكى چاڭلارنى كۆزىگە سۈرتۈشكە مۇشەررەپ بولغان مۇخ-
لىس نەچچە كۈندىن بېرى تارتقان يول ئازابىنى پاك - پاكىز
ئۇنتۇپ ھاياجاندا ئىچ - ئىچىدىن ئېزىلىپ يىغلىماقتا ئىدى.
— سەبرى قىلغايسىز، ئى زاتىل ئەقتاب[①] مۇرىتىم، —
دېدى خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان مۇرىتىنىڭ تۆگە تاپىنىدەك
يوغان، قوپال - يىرىك، مۇزدەك ئالىقانلىرى ئارىسىدىن قولىنى
ئاستا تارتىۋېلىپ.
ئۆزىنى پىر بۇزرۇكنىڭ «زاتىل ئەقتاب» دەپ ئاتاۋاتقانلىقى-
نى ئاڭلاپ ھېلىقى مۇرىت قايتىدىن ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.
ئابدۇراززاق خەلىپىنىڭ بولسا بۇ ئاتاققا تارلىقى كېلىپ ئىچى
ئاداپ كېتىپ باراتتى. چۈنكى ئۇ ھازىرغىچە خوجىسىدىن تەمە
قىلىپ كېلىۋاتقان زاتىل ئەقتابلىق ئىرشادنامىسىنى ئالالمىغان،
ھەتتا باشقا سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ ئالدىدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ
ئىشان پىرىنىڭ ئاغزىدىن زاتىل ئەقتاب دەپ ئاتىلىشقا مۇيەسسەر
بولالمىغانىدى. خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان بولسا ئەشەددىي
دۈشمىنى، نەۋرە ئىنىسى خوجا شادىنىڭ[②] ئۆلۈم خەۋىرىنى ئەكەل-
گەن بۇ مۇرىتىغا ئىنئام بېرىش تەرىقىسىدە زاتىل ئەقتاب دېگەن

① زاتىل ئەقتاب — پېشۋالىق، يولباشچىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن مۇرىت دېگەن مەنىدە، ئىشانلار ئالاھىدە يېقىن مۇرىتلىرىنى ئاشۇنداق ئاتايدۇ.

② خوجا شادى — خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشاننىڭ تاغىسى خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ ئوغلى.

يارەنلەردىن خەۋەر كەلدى. ئىسھاقىيەچى قارا مۇسۇلمانلارنىڭ پىر بۇزرۇكى خوجا شادى دېگەن-مۇرتەت ئۆلۈپتۇ.

— نېمە، خوجا شادى ئۆلۈپتۇ؟ — خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشان چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، بىرنەچچە دەقىقىدىن كېيىن يەنە جايىدا ئولتۇردى. پۈتىنى سەندەلگە يېپىلغان ئىسسىق يوتقانغا تىقتى. تاپىسىدا ھىجايغىنىچە قول باغلاپ تۇرغان ئابدۇراززاق خەلپىدىن قايتۇرۇپ سورىدى:

— بۇ خەۋەر ئىشەنچلىكمۇ، خەلپەم؟

— ئىنشائاللا، راستتۇر، پىرىم، — دېدى ئابدۇراززاق خەلپە، — ئاستانىدىن خەۋەر ئەكەلگەن بۇرادىرىمىز تاشقىرىقى ھويلىدا ھەزرىتىمنىڭ قوبۇلىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشاننىڭ چىرايىدىن خۇشاللىنىقىدىمۇ، قايغۇغىمۇ ئوخشاشمايدىغان بىر خىل ئىپادە يالت قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

— دەرھال باشلاپ كىرسلە ئول يارانىنى.

— خوش.

ئابدۇراززاق خەلپە ئىشانغا ئېگىلىپ بىر تەزىم قىلىۋەتكەندىن كېيىن، خۇتبىخانىدىن چىقىپ كەتتى - دە، ھايال ئۆتمەي قىرىق - قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز بوي، تەمبەل بىر ئادەمنى باشلاپ كىردى. مېھمان ئەتىگەندىن بېرى توختىماي ئاتلىق يول ماڭغان بولسا كېرەك، قۇلىقىغىچە چۈكۈرۈپ كىيىۋالغان قارا كۆرپە تۇمىقىنىڭ ئالدى تەرىپىنى، تاشلانمىغان كۆرەك جۇۋىسىنىڭ كۆرپە ياقىسىنى قېلىن بىر قەۋەت قىرو باغلاپ كەتكەندى، ساقال - بۇرۇتلىرىدا قېتىپ قالغان مۇزلار تېخى ئېرىمىگەندى. ئۇ خۇتبىخانىغا كىرىپ خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشاننى كۆرۈپلا سەندەل قويۇلغان سۇپىغا ئۆزىنى گۈلۈپپىدە تاشلىدى - دە، ئۇمىلەپ بارغىنىچە ئاۋۋال ئىشاننىڭ پۈتىنى، ئاق يەكتىكىنىڭ پېشىنى، ئاندىن كېيىن گۆشلۈك، يۇمشاق

ھەم ئىشلار توغرۇلۇق مەشۋەرەت① قىلغايمىز.

— خوش.

ئابدۇراززاق خەلپە ئىشانغا ئېگىلىپ سالام بەرگەندىن كې-
يىن مېھماننى باشلاپ چىقىپ كەتتى. خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ
ئىشان بولسا ئاللىقانداق بىر پىلانلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قولىدىكى
كەھرىۋا تەسۋىنى تېز - تېز سىيرىماقتا ئىدى.

قوش ئالىقانچىلىك چوڭلۇقتىكى ساپالدىن ياسالغان بوي
ئوچىقىنىڭ② ئىچىدىكى ئادراسمان، ئارچا ياغىچى ۋە قوي يېغى،
ئۆرۈك ئوتۇنىنىڭ چوغىدا تۇتەپ كۆيۈپ، ئىشانىنىڭ خۇتبىخانى-
سىنى خۇشبۇي ھىدقا تولدۇرغانىدى. سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا
جايلاشتۇرۇلغان چويۇن سەندەلنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان تۆمۈر پەن-
جىلىك قاپقاقتىن يال - يال ئىسسىق تارقىلاتتى. خۇتبىخانىنىڭ
ئىچى باھاردەك ئىللىپ كەتكەنىدى. خۇتبىخانىغا يىغىلغان سەك-
كىز نەپەر خەلپە ئۈچىلىرىدىكى جەندە - جۇۋا، پاختىلىق تونلى-
رىنى سېلىۋېتىپ، خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشاننى چۆرىدەپ،
كىمخاب كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدە كالاچسىز مەسە ئۆتۈكلىرى بىلەن
بەھۇزۇر ئولتۇرۇشاتتى. داستىخان تاۋاق - تاۋاق، لېگەن -
لېگەنلەردىكى قىزىرىپ پىشقان ياغلىق توقاچ، شېخىدىن ھازىرلا
ئۈزگەندەك تۇجۇپىلەپ ساقلىغان ئالما - ئانار، كۆك ئامۇت،
قوغۇن - ئۈزۈملەر بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. خوجا شادى
ئۆلۈمىنىڭ خۇشاللىقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، خوجا مۇھەممەديۇسۇپ
ئىشان داستىخاندىكى نېمەتلەرگە ئىشتىھا بىلەن تېگىش قىلىۋاتات-
تى. خوجىسىنىڭ پەيلىگە قاراپ، خەلپىلەرنىڭ قوللىرى بىلەن
ئاغزى تىنىمسىز ھەرىكەتلەنمەكتە ئىدى. پەقەت خوجا مۇھەممەد-
يۇسۇپ ئىشانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان يە-

① مەشۋەرەت — مەسلىھەت، كېڭەش.
② بوي ئوچىقى — تام ئوچاق دېمۇ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر بىر پارچە خام كېسەكنى ئويۇپ ياسايدۇ ۋە ئۇنى چالما ئوچاق دەپ ئاتايدۇ.

بۇ سۆزنى ئالاھىدە ئىشلىتىۋاتاتتى.

ئىشان پىرنىڭ «سەبرى قىلغايسىز» دەپ قايتا - قايتا تەسەللى بېرىشى بىلەن ھېلىقى خەۋەرچى سوپى ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغىسىنى توختاتتى. خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان خوجا شادىنىڭ ئۆلۈم سەۋەبىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە تەپسىلىي سورىدى:

— ئاستانىدىكى بارلىق يارانلىرىمىز ئۇزۇندىن بېرى ئول مۇلھىد① ئىسهاقىيەچى قارا تاغلىق مۇرتەتلەرنىڭ زۇلمىنى يەتكۈچە تارتتى، — دېدى خەۋەرچى سوپى - ئىشان پىرىنىڭ سوئاللىرىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مانا ئەمدى جانابىي پەيزۇلئەنۋار پىر بۇزرۇكنىڭ قارغىشى تۇتۇپ ئول مۇرتەت خوجا شادى ئۆلدى. ئاستانىدىكى بارلىق يارەنلىرىمىز تۆت كۆزى بىلەن ھەزرىتى مازار پادىشاھى بۇزرۇكۋارىمىزنىڭ يولىغا، قۇياشتەك جامالىغا تەلمۈرمەكتە. ئىشان پىرىمىز تېزرەك ئاستانىگە ھىجر②قىلىپ، دەھرىي سۇلتان ئابدۇللاخان ۋە ئۇنىڭ ئەمىرلىرىنى، ئاستانىدىكى تېخىچىلا سۇلۇككە كىرمىگەن ئازغۇنلارنى سۇلۇككە دەۋەت قىلىپ، بارلىق مۇرىت - يارانلارنى ئازاب - سىتەملەردىن خالاس قىلغاي.

— ئىنشائاللا، — دېدى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشان ۋە ئابدۇرراززاق خەلىپىگە قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇل مۇرىتىمىز خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز توختىماي يول يۈرۈپ كۆپ رىيازەت چېكىپتۇ. تەكىيخانىغا③باشلاپ غىزا - تائاملار بىلەن ئايرىم كۈتسۇنلەر. ناماز پېشىندىن كېيىن بارلىق خەلىپە - مەسئۇللار خۇتبىخانىدا مۇھەييا④بولغاي، مۇ-

① مۇلھىد — لەھەتكە، يەنى ئۆلۈمگە مەھكۇم دېگەن مەنىدە.
② ھىجر — سەپەر.
③ تەكىيخانا — مېھمانخانا.
④ مۇھەييا — تەييار بولۇش، جەم بولۇش.

غۇچىلارنىڭ جاھان ئەينىكىدۇر. مۇناپىق ئىسھاقىيەچى مۇرتەت-
لەر دەھرىي سۇلتان ئابدۇللا خاننى ھىيلە - نەيرەڭلىرى بىلەن
ئازدۇرۇپ، ئۆز سۇلۇكىگە كىرگۈزۈۋېلىپ، ئەقىل كۆزلىرىنى
ئېتىۋالمىغان بولسا، ئۇل دەھرىي خان ئاللىبۇرۇن نېمەتلىك
پىرىمىزغا قول بېرىپ مۇرىت بولغان، سائادەتمەن ئىشقىيە سۇ-
لۇكىمىزگە ئىرادەت قىلغان، پەيزۇلئەنۋار بۇزرۇكىمىزنى ئوردى-
غا تەكلىپ قىلىپ ئاپىرىپ، مۇرتەت خوجا شادىنىڭ ئورنىغا
دۆلەت ئۇستازى دەپ جاكارلىغان بولار ئىدى. ھېلىمۇ ھەم كې-
چىكىپ بولسىمۇ سەئىدىيە تەسەررۇپىنىڭ بۇرجىدا سائادەتمەن
ئىشقىيە سۇلۇكىمىزنىڭ يۇلتۇزلىرى چاقنايدىغان پەيت يېتىپ
كەلگەن ئوخشايدۇ. شۇنداق قىلسىلا، پىرىم، ئاستانىگە دەرھال
ھىجرەت قىلسىلا. دەھرىي سۇلتاننى سۇلۇكىمىزگە دەۋەت قى-
لىپ، ئازغۇن ئىسھاقىيەچى ئەغيارلىمىزنىڭ قارا يۈرەكلىرى-
نى داغلاپ جازالىسىلا.

باشقا خەلىپىلەرمۇ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەشكە باشلىدى:

— شۇنداق قىلسىلا، پىرىم. ئاستانىگە بېرىپ، ئەھلى تەرىقەتنىڭ بىناسىنى قايتا قۇرسىلا.

— شەرىئەتنىڭ مەرىكە مەيدانىدا ئات چاپتۇرسىلا.

— ساخاۋەتنىڭ ئاچقۇچىنى مۇبارەك قوللىرىغا ئالسىلا - دە، جاھالەتنىڭ قۇلۇپىنى ئاچسىلا.

— كەشپىيۇ كارامەتلىرى بىلەن ئۇل غەنىملەرنى[1] ھەيرەتتە قالدۇرسىلا.

— ئەدلۇ ئادالەتنىڭ خالىس شەمشىرى، پىرىم...

— ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى، پېشۋاسى، پىرىم.

— شەرىئەتنىڭ، تەرىقەتنىڭ، ھەقىقەتنىڭ، ئۇممەتلەرنىڭ

[1] غەنىملەر— قارشى گۇرۇھ، باشقا مەزھەپتىكىلەر.

گىرمە بىر ـ يىگىرمە ئىككى ياشلاردىكى قاشلىق، كىرپىكلىرى
قىزلارنىڭكىدەك تال ـ تال، ئىككى مەڭزى چىكىپ قويسىلا قان
تەپچىرەپ چىققۇدەك قىزىل، باھار مايسىسىدەك يۇمران، ساقال
ـ بۇرۇتلىرى چىرايىغا خويمۇ ياراشقان، ئاپئاق خەسە كۆڭلەك
ئۈستىدىن كىمخاب تون كىيىۋېلىپ، بېلىنى ئىشانچە زەررەڭ
بەل رومال بىلەن باغلىۋالغان زىلۋاغىنا كەلگەن ياش يىگىت،
ئۇيقۇچان خۇمارلىق كۆزلىرىنى قولىدىكى قىزىل ئالمىغا تىككى-
نىچە خىيالچانلىق بىلەن ئىشتىھاسىز ئولتۇراتتى. بۇ خوجا مۇ-
ھەممەديۇسۇپ ئىشاننىڭ قۇمۇلدا تۇغۇلغان ئوغلى خوجا ھىدايى-
تۇللا ئىدى.
— مۇناپىق خوجا شادىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئىسھاقىيەچى
مۇرتەتلەرنىڭ سۇر ـ ھەيۋىسى پۈتۈنلەي سۇندى. يۆلەنگەن تېغى-
دىن، ئىشەنگەن يولباشچىسىدىن ئايرىلدى، — دېدى خوجا مۇ-
ھەممەديۇسۇپ ئىشان كەيپى چاغ ھالەتتە قولىغا ئېلىۋالغان بىر
شىڭگىل ئۈزۈمنىڭ كەھرىۋادەك دانىلىرىدىن بىر تالدىن ئۈزۈپ
ئاغزىغا سېلىپ تۇرۇپ، — بۇ ئاستانىنى ئىشقىيە سۇلۇكىمىز-
نىڭ تەسەررۇپىغا ئېلىشىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى. خوجا
شادىنىڭ ئىككى مەخدۇمزادىسى تېخى كىچىك. ئۇلارنىڭ سۇلۇك-
كە باش بولۇشىغا ۋاقتى بار. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
ئاستانىگە بېرىپ، دەھرىي سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ مايىللىقىنى
قولغا كەلتۈرۈپ، سەلتەنەت سۇرى بىلەن سۇلۇكىمىزنى پۈتكۈل
سەئىدىيە تەسەررۇپىغا كېڭەيتمەكچىمەن. ئى جانابىي زاتىل ئەق-
تابلىرىم، بۇنىڭغا سىلەر قانداق قارايسىلەر؟
— ماشائاللا، — دېدى ئابدۇرراززاق خەلپە خۇشامەتگۇيلۇق
بىلەن ھىجىيىپ، ئاغزىدىكى لوقمىنى چالا چايناپ يالمىغى-
نىچە، — ھەزرىتى مازار پادىشاھ پىرىمنىڭ سۆزلىرى ھەزرىتى
ئىمام ئەزەم رەھمەتۇللا ئەلەيھىمنىڭ سۆزلىرىدىن بېشارەتتۇر.
بۇزرۇكۋارىمىز ھەقىقەتچىلەرنىڭ سۇلتانى، سائادەت يولىغا ماڭ-

خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان خوجىزادىسىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈ-
شەنگەندىن كېيىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — مەن بۇ قېتىم
ئاستانىگە سۇلۇك تەۋرىتىش نامى بىلەن ئەمەس، مەرھۇم نەۋرە
قېرىندىشىم خوجا شادى ئىشاننىڭ مۇسىبەت تەزىيىسى ئۈچۈن
پاتىھە ئوقۇغىلى بارىمەن. مۇشۇنداق نام بىلەن ئاستانىگە بارسام،
بىرىنەنچىدىن، ئول ئىسھاقىيەچى مۇرتەتلەر زىنھار گۇماندا بول-
مايدۇ؛ ئىككىنەنچىدىن، بىخۇدلىشىپ ئۆز غېمى بىلەن بولىدۇ؛
ئۈچىنەنچىدىن، دەھرىي سۇلتان ئابدۇللاخان بىلەن كۆرۈشۈپ،
خاننى ئەھلى ئىشقىيە سۇلۇكىمىزگە دەۋەت قىلىشىمغا پۇرسەت
چىقىدۇ. ناۋادا كۆڭلۈمگە پۈككەن مۇددىئايىم تولۇق ئەمەلگە
ئېشىپ قالسا، خوجا شادىنىڭ ئىككى مەخدۇمزادىسىنى تەربىيەم-
گە ئېلىپ باشپاناھ بولىمەن دەپ، پەم بىلەن قەشقەرگە قايتۇرۇپ
كېلىپ، يولىمىزنى توسۇپ تۇرغان يىلاننىڭ تۇخۇمىنى بىراقلا
قۇرۇتۇپ تاشلايمەن.
— ئارى!
— ئەينى مۇددىئا!
— ھەسەنات!
خەلىپىلەر خوجىسىنىڭ پىلانىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن شا-
لىلىرىنى ئېقىتىشىپ ماختايتتى.
— ناۋادا پەدەرى بۇزرۇك ئاستانىگە ھىجرەت قىلىش نىيىتى-
دىن يانمىسا، ئۇنداقتا مەنمۇ ھەمراھ بولۇپ بىللە بارىمەن، —
دېدى خوجا ھىدايىتۇللا جاھىللىق بىلەن.
— ئى ئەزىز خوجىزادەم، كۆيۈنگىنىڭىزگە رەھمەت، —
دېدى خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان تەسىرلەنگەن ھالدا كۆزىگە
ياش ئېلىپ، — مەن سىزدەك ئوغلۇم ۋە ۋارىسىم بولغانلىقى
ئۈچۈن سۇلۇكىمىزنىڭمۇ كەلگۈسىدىن ۋايىم يېمەيمەن. سىز
ئىلىمۇ كامالەتتە ۋايىغا يېتىپ، تەرىقەت سۇلۇكىمىزنى ھىدايەت
يولىغا باشلىغۇچى قۇتبىل ئەقتابلىق مەقامىغا ئۇلاشتىڭىز. بىھۇ-

شاھ تاجى، پىرىم.

— ئىشلار ئۇنچە ئاسان يۇرۇشمەسمىكىن دەيمىنا، ئى پەدەرى بۇزرۇك، — دەپ سۆز ئالدى باياتىن بېرى باشقا خەلىپىلەرنىڭ دادىسىنى دەيدەيگە سېلىشلىرىغا جىمجىت قولاق سېلىپ ئولتۇرغان خوجا ھىدايىتۇللا دادىسىغا قاراپ.

— بۇنداق دېيىشلىرىنىڭ بائىسى① نېمىكىن، ئى پەرزەنت؟ — سورىدى خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان بىرئاز قاپىقىنى تۈرۈپ، چۈنكى خەلىپىلىرىنىڭ مەدھىيىلىرىدىن مەست بولغان ئىشاننىڭ قۇلىقىغا ئوغلىنىڭ بۇ سۆزلىرى ھە دېگەندە ياقمايۋاتاتتى.

— بائىسى شۇلكىم، پەدەرىم، — دېدى خوجا ھىدايىتۇللا بېشىنى سەل ئېگىپ، — ئاستانە ئۇزۇندىن بېرى ئىسھاقىيەچى قارا مۇسۇلمانلارنىڭ سۇلۇك تەسەررۇپىدا بولۇپ كەلدى. گەرچە خوجا شادىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئۇلار چوڭ بىر توۋرۇكىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز سۇلۇكى، خوجىسى ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان خەلىپە، سۇلۇك مەسئۇللىرى بار. ئۇلار ئۆز سۇلۇك تەسەررۇپىنى قوغداش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشتىن يانمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دەھرىي سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ئوردا ئەمىرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى دېگۈدەك ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ ساداقەتمەن مۇرىتلىرىدۇر. مۇشۇلارنى ھېسابقا ئالغاندا مۆھتەرەم پەدەرۇ بۇزرۇكىنىڭ ئاستانىگە ئالدىراپ ھىجرەت قىلمىقى تولىمۇ يەڭگىللىك بولۇپ قالماسمۇ. ناۋادا بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ بۇزرۇكۋار پەدەرىمگە خېيىمخەتەر يېتىپ قالسا، پېقىر ئاجىز پەرزەنتلىرى شۇنداقلا پۈتكۈل ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى مۇرىت - مۇرشىد يارانلار ئۆمۈرلۈك داغۇ ھەسرەتتە قالىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن دەيمىنا.

— ئارتۇقچە غەم يەپ كەتمەڭ، ئى ئەزىز پەرزەنت، — دېدى

---

① بائىس — سەۋەب.

قوللىرىنى قاقلاشقىنىچە يەر تېگىدىن سۇلتان ئابدۇللاخانغا قاراپ جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى.
— جانابىي ئەمىرلىرىم، — دېدى سۇلتان ئابدۇللاخان ئۇزۇن سۈكۈتتىن كېيىن ئىمتاسلىقنى بۇزۇپ، — بەلكىم ھەممىلىرى خەۋەر تېپىشقانلا، قەشقەردىن ئاستانىگە مەرھۇم جەننەتماكان پىر بۇزرۇكۋارىمىز خوجا شادى ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ مۇسىبەت تەزىيىسىگە ئالايىتەن كەلگەن بىر نەۋرە قېرىندىشى بولمىش، مۆھتەرەم ئەزىز خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان جانابلىرى بىزلەر بىلەن مۇلاقەتتە بولۇشنى ئۈچ كۈندىن بېرى تەلەپ قىلىپ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. گەرچە ئۇلار مەخدۇم ئەزەم پىر ئىشان كالان ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ مۇبارەك ۋۇجۇدىدىن ئاپىرىدە بولغان پۇشتى - ئۇرۇقلىرىدىن بولسىمۇ، ئەھلى تەرىقەتتە تۇتقان سۇلۇكلىرى، ماڭغان يوللىرى بىر بولماسلىقى سەۋەبىدىن ئوتتۇرىلىرىدا ئۇزۇندىن بېرى كېلىشتۇرمەك تەس بولغان نىزا - ئاداۋەتلەر مەۋجۇتتۇر. ئۇشبۇ نىزا - ئىختىلاپلار سەۋەبىدىن ئەل- رەئىيەت ئۇزاق ۋاقىتدىن بېرى مەزھەپ - سۇلۇك توپاندا قېلىپ، بىھېساب تۈگىمەس جەڭگى - جېدەل، رەنجۇ مۇشەققەتلەرنى تارتتى. بىز بولساق ئەھلى تەرىقەتنىڭ ئىسھاقىيە سۇلۇكىگە كىرىپ مەخدۇمزادىلىرىمىزگە مۇرىت بولغانلىقىمىز سەۋەبلىك بۇ نىزا - ئاداۋەتلەرنى كېلىشتۇرۇپ، پاك - پاكىز يۇيۇپ تاشلاپ، ئەل - رەئىيەتنى ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالغان مەزھەپ توپاندىن تەلتۆكۈس قۇتقۇزالىمىدۇق. ھالا بۇگۈنكى كۈندە پىر بۇزرۇكىمىز خوجا شادى ئىشان ھەزرەتلىرى بىزلەركىم مۇرشىدلىرىنىڭ يۈرەك - باغرىنى داغلاپ، ئاللانىڭ دەرگاھىغا بەندىچىلىك قىلدى. جانابىي خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان ئەزىزلەر بولسا، ئوتتۇرىدىكى نىزا - ئاداۋەتلەرنى قايرىپ قويۇپ، مۇسىبەت ئىشلىرى بىلەن ئاستانىگە قەدەم بېسىپتۇ ۋە بىزلەر بىلەن دىدار مۇلاقەتتە بولۇشنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. مەرھۇم جەننەتماكان پىر

دە ئىشلار ئۈچۈن ئارتۇقچە ۋايىم يېمىگەيسىز. ئەسلىدە قەشقەر-
نىڭ نائىب ئەمىرى شاھزادە يولۋاسخاننى دادىسىنىڭ ئورنىغا
تەختكە چىقىرىش ئارقىلىق پۈتكۈل سەئىدىيەنى ئىشقىيە سۇلۇكى-
مىزنىڭ تەسەررۇپىغا ئېلىش مۇددىئايىم بار ئىدى. ئەمما، شاھ-
زادە تېخى گۆدەك بولغاچقا بۇ مۇددىئايىمىزنى روياپقا چىقىرىش
ئۈچۈن خېلى كۆپ ھەرەج تارتىشقا، نۇرغۇن مۈشكۈلاتلارنى يې-
ڭىشقا، ئۇن نەچچە يىللاپ پۇرسەت كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى.
مانا، ئويلىمىغان يەردىن خوجا شادىنىڭ ئۆلۈمى بۇ پىلانىمىز-
سىزمۇ بۈيۈك مەقسەتلىرىمىزنى روياپقا چىقىرىشقا پۇرسەت يارد-
ىتىپ بەردى. بىلىشىڭىز كېرەككى، ئى پەرزەنت، بۇ ئاللاتائالا-
نىڭ بىزگە ياغدۇرۇپ بەرگەن چەكسىز ئىنايىتىدۇر. يەنە ئارد-
سالدى بولۇپ تۇرسام، نۆۋەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، پۇشايمان
غورسىنى تېتىپ قېلىشىم چوقۇم. مېنى بۇ نىيىتىمدىن زىنھار
توسمىغايسىز ھەم قەشقەردە قېلىپ بىزلەركىم پەدەرى بۇزرۇك-
ىڭىزنىڭ ئورنىدا مۇرىت - مۇرشىدلىرىمىزنى ئەھلى ئىشقىيە
سۇلۇكىمىزنىڭ ھىدايەت يولىغا باشلاپ تۇرغايسىز، ئىلاھا
ئامىن!...

خوجىزادە ھىدايىتۇللا يەنە جاھىللىق قىلسا پەدەرى بۇزرۇك-
نىڭ غەزىپىگە ئۇچرىشىدىن قورقۇپ جىم بولدى.

## 6

بۈگۈن شاھىنشىندىكى ئەتىگەنلىك قوبۇلنى ئاخىرلاشتۇرغان
سۇلتان ئابدۇللاخان تەختتە تولىمۇ خىيالچان ئولتۇراتتى. خان
ئالىيلىرىدىن ئىجازەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن شاھىنشىندىن چى-
قىپ كېتەلمىگەن ئوردا ئەركانلىرىمۇ ئالدىلىرىغا قويۇلغان چو-
يۈن ئاتەشداندىكى يېلىنجاپ تۇرغان ئۆرۈك كۆمۈرنىڭ چوغىغا

سۇلۇك ـ مەزھەپ تەرغىباتى ھۆكۈمران ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ سۇلتان ئابدۇللاخان ئۈچ كۈندىن بېرى كۆڭۈل ئارامى بۇزۇل-غان، ئۇيقۇسىدىن، ئىشتىھاسىدىن قالغانىدى. مانا مۇشۇ بىر قاتار مەسىلىلەرنى كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزگەن سۇلتان ئابدۇللاخان ئۈچ كۈندىن بېرى خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان بىلەن كۆرۈشۈشنى ئۆز ئالدىغا يەككىللىك بىلەن قارار قىلىشنىڭ سەلتەنىتىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ئۈچۈن زور خەۋپ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئوردا ئەركانلىرى بىلەن كېڭىشىپ بىر قارارغا كېلىشنى لايىق تاپقانىدى.

سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ بۇ ئىككى سۇلۇك ـ مەزھەپ ئوتتۇ-رىسىدىكى نىزا ـ ئاداۋەتنى يۇيۇپ تۈگىتىپ، پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىنى قاپلاشقا باشلىغان ئاداۋەت تىكىننىنى يوقىتىشقا ئال-دىرىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇ ئىدىكى: قەشقەرنىڭ نائىب ئەمىرى بولۇپ تۇرۇۋاتقان چوڭ شاھزادە — ۋەلىئەھدى يولۋاس-خان خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشانغا قول بېرىپ مۇرىت بولۇپ، ئىشقىيە سۇلۇكىگە كىرگەنىدى. يېقىندىن بېرى ئوردىغا كېلىد-ۋاتقان مەخپىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان ئەشەددىي رەقىبى ئىسھاقىيە سۇلۇكىنى يوقىتىپ، سەئى-دىيە خانلىقى تەۋەسىدە ئىشقىيە سۇلۇكى ئۈچۈن مۇستەھكەم زېمىن ھازىرلاش ۋە سەلتەنەتنىڭ ھامىيسىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، شاھزادە يولۋاسخاننى يېنىغا تارتىپ، سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىت-لىرىنى جازالاشقا ئاستىرتىن كۈشكۈرتۈۋاتاتتى. ئوردا ئىچىدىمۇ خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشانغا قول بېرىپ مۇرىت بولغانلار، ئىشقىيە سۇلۇكىنى قوللايدىغانلار بار ئىدى، ئەلۋەتتە. ئەگەر سۇلتان ئابدۇللاخان مۇۋاپىق يول بىلەن بۇ ئىككى سۇلۇك ئوتتۇ-رىسىدىكى ئۆچ ـ ئاداۋەتنى تۈگەتمىسە، بۇ ئۆچ ـ ئاداۋەت ئاخىر-قى ھېسابتا سۇلۇك ـ مەزھەپلىرى ئوخشاش بولمىغان ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچ ـ ئاداۋەتكە، نىزا ـ ئىختىلاپقا ئايلىنىپ

بۇزرۇكۋارلىرىمىزدىن ئىككى مەخدۇمزادىمىز يادىكار قالغان بول-
ىسمۇ ئۇلار تېخى گۆدەك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئول خوجا مۇھەم-
مەديۇسۇپ ئىشان ئەزىزلەر بىلەن مۇلاقەتتە بولۇش ئىشىنى جانا-
بى ئەمىرلىرىم بىلەن كېڭەشىشنى لايىق تاپتىم. مۇشۇ خۇسۇس-
تا ياخشى تەدبىر، مەسلىھەتىڭىزلەر بولسا كۆرسەتكەيسىزلەر.
شاھىنشىن ئىچى يەنە تىمتاسلىقا چۆمدى. ئەمما، ئوردا
ئەركانلىرىنىڭ خىياللىرى تىنچسىز ئىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇلار-
نىڭ تەگىدىن تولىسىنىڭ كۆزلىرىدە، چىرايلىرىدا نارازىلىق ئىپا-
دىلىرى روشەن ئەكس ئېتىۋاتاتتى. كىملەردۇر قەستەن يۆتىلىپ
ئۆز مەسلەك ـ مەزھەپداشلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، كۆز ئىشا-
رىسى، چىرايى ئىپادىسى ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرۇۋاتاتتى. بۇ
كۆزئىشارىسى، چىراي ئىپادىسى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان
پىكىر بىرلىكلىرى سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ نەزىرىدىن قېچىپ
قۇتۇلالمايتتى.
بۇ ئوردا ئەركانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مەرھۇم خوجا شادى
ئىشاننىڭ مەزھىپىدىكى ساداقەتمەن سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلى-
رى ئىدى، بۇ سۇلتان ئابدۇللاخانغا بەش قولدەك ئايان ئىدى.
شۇ سەۋەبلىك ئۇلار ئەشەددىي رەقىبى ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ پىر
بۇزرۇكى خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان بىلەن كۆرۈشۈپ، مۇلا-
قەتتە بولۇشنى خالىمايتتى. سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ئۇزۇندىن
بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىككى سۇلۇك، ئىككى مەزھەپ
ئوتتۇرىسىدىكى نىزا ـ ئاداۋەتلەرنى يۇيۇپ، تېرىقتەك چېچىلىپ
كەتكەن يەكەن سەئىدىيە خەلقىنى بىرلىك، ئىناقلىق، ئىتتىپاق-
لىق تۇغى ئاستىغا جەم قىلىپ، خانلىقىنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەم-
لەش، سەلتەنىتىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش پىلانىنى خىيالىغىمۇ كەل-
تۈرۈشمەيتتى. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ئىشان پىرلىرى يىمىرىلمەس
قىلىپ سىڭدۈرۈۋەتكەن: «يا سەن ھالاك بولىسەن، يا مەن ھالاك
بولىمەن»، ئۇنىڭدىن ئۆزگە يول يوق، دېگەن ئەشەددىي

شىش تەمەسىدە.
— گىنە - ئاداۋەت تۇتىماق ئىسلامىي شەرىئەتتە هارام-
دۇر، — دەپ سۆز باشلىدى قىرى ئەمىر، — پەيغەمبەر سەللەللا-
هۇ ۋەسەللام مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن گىنە - ئاداۋەتنى
بىر كۆڭلەكنى يۇيۇپ ئاپتاپتا قۇرۇتقۇچىلىك ۋاقىتتىن ئاشۇرۇپ
ساقلىماسلىق كېرەك دېگەن ھەم «ھەدىس شېرىپ»تىمۇ ئۈچ
كۈندىن ئاشۇرۇپ ئاداۋەت ساقلىماقلىق ئىماندىن ئاجرىغانلىق
بىلەن ئوخشاش دەپ يېزىلغاندۇر. ئەمما، بىزنىڭ بۇ بۈيۈك
سەئىدىيە خانلىقىمىزدا يىراقنى قويۇپ، يېقىنقى ئون يىلنى ئې-
لىپ ئېيتساق، ئىشقىيە ۋە ئىسهاقىيەدىن ئىبارەت ئىككى سۇلۇك
ئوتتۇرىسىدا ئون قېتىم چوڭ كۆلەمدە، يىگىرمە - ئوتتۇز قېتىم
كىچىك كۆلەمدە قىرغىنچىلىق، جەڭگى - جېدەل يۈز بېرىپ،
نەچچە مىڭلىغان بىگۇناھ قېرىنداشلىرىمىز ئەزىز جېنىدىن ئاي-
رىلدى ياكى پۇت - قوللىرىدىن، كۆز - قۇلاقلىرىدىن ئايرىلىپ
ئەيىبناق بولۇپ قالدى. جانابىي دۆلەتپاناھىم بايام ئېيتقاندەك
ئەل - رەئىيەت مەزهەپ توپاندا قېلىپ، ئاق تاغلىق، قارا
تاغلىق بولۇشۇپ، بىر - بىرىنىڭ پېيىنى قىرقىپ، جېنىغا
زامىن بولۇشماقتا. بۇ بۈيۈك سەلتەنىتىمىزنىڭ روناق تېپىشى،
ئەل - يۇرتنىڭ گۈللىنىپ ئاۋات بولۇشى ئۈچۈن تولىمۇ زىيانلىق-
تۇر. قاچانكى دۆلەتپاناھ سۇلتان ئالىيلىرى ئادالەت شەمشىرىنى
قولىغا ئېلىپ، ئۇششاق پارچىلىنىپ، تېرىقتەك چېچىلىپ كەت-
كەن سەئىدىيە ئېلىنى قايتىدىن بىرلىك، ئىتتىپاقلىق تۇغىغا
جەم قىلىپ، خانلىقىمىزنىڭ ئىلگىرىكى شانۇ شۆھرىتىنى ئەسلى-
گە كەلتۈرگەندىن بېرى، ئەل كۈندىن - كۈنگە روناق تېپىپ
دۈشمەنلىرىمىز سەلتەنىتىمىزنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش تۇگۇل
كۆز قىرىنىمۇ سالالمىدى. ئەمماكى خانلىقىمىزنىڭ ئىچكى قىس-
مىدىكى سۇلۇك - مەزهەپ نىزالىرى بىر كۈنمۇ بېسىقمىدى.
ئانهەزرىتىم بۇ گىنە - ئاداۋەتلەرنى يۇيۇپ، رەئىيەتنىڭ كۆڭ-

قالاتتى ـ دە، سەلتەنەتنىڭ ئۇلى تەۋرەيتتى، سەئىدىيە خانلىقى
سۇلۇك ماجىراسىدىن ھالقىپ تەخت ـ ھاكىمىيەت تالىشىشتەك
ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا قالاتتى. بۇنىڭ ئاخىرىنى تەسەۋۋۇر قى-
لىش تولىمۇ دەھشەتلىك ئىدى. شۇ سەۋەبلىك بۇ مەسىلىدە
سۇلتان ئابدۇللاخان تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈ-
ۋاتاتتى.

ئەمىرلەردىن بىرەر سادا چىقمىغىنىنى كۆرگەن ئابدۇللاخان
سەۋرسىزلىك بىلەن قىمىرلاپ قويدى.

— ئالىھەزرىتىمنىڭ دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي، — دەپ شاھ-
نىشىندىكى تىمتاسلىقنى بۇزدى ئاپئاق ساقاللىرى مەيدىسىگە
چۈشكەن يەتمىش ياشلاردىن ھالقىغان قېرى ئەمىر ئورنىدىن
تۇرۇپ.

شۇ ھامان سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ خىيالچان كۆزلىرى بۇ
قېرى ئەمىرگە ئۈمىد بىلەن تىكىلدى. باشقا بارلىق ئوردا ئەركان-
لىرىمۇ ئۇنىڭ نېمە دېيدىغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىرىغاندەك كۆ-
ڭۈللىرىدىكى باش ـ ئاخىرى يوق دېلىغۇل خىياللىرىنى يىغىشتۇ-
رۇشتى.

ئوردىنىڭ جۇلدۇ ـ جاساق، قانۇن ـ شەرىئەت دىۋانىنىڭ
ئەمىرلىك مەنسىپىدە ئۇزۇندىن بېرى ئادىللىق بىلەن ئولتۇرۇپ
كېلىۋاتقان مىرزا ھۇسەيىن قازى سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ئەتى-
ۋارلىشىغا ئېرىشىپ كەلگەن ئەمىرلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ مۇشۇ
يېشىغىچە ھېچقانداق سۇلۇككە كىرمىگەنلىكى ئۈچۈن، سۇ-
لۇك ـ مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ماجىرالار سەۋەبلىك
ئوردىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمە، دەتالاشلاردا ئۆزىنىڭ پىكرى-
نى ئەركىن ئوتتۇرىغا قويالايتتى. ئوردىدىكى ئەمىرلەرنىڭ ھەم-
مىسى ئۇنىڭدىن خېلىلا تەپ تارتاتتى.

— قېنى سۆزلىسىلە، ئەمىر جانابلىرى، — دېدى ئابدۇللا-
خان ئەمىر مىرزا ھۇسەيىن قازىدىن كۆڭۈلدىكىدەك جاۋابقا ئېرى-

لەرنى تۈگىتىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ چارىسى پەقەت بىرلا. ئۇ بولسىمۇ ئۇل خوجا مۇھەممەدىيۇسۇپ ئىشان ئىشقىيەدىن ئىبارەت ئازغۇن سۇلۇك تەرغىباتىدىن يېنىپ، سائادەتمەن ئىسھاقىيە سۇ-لۇكىمىزگە كىرىدۇ. مەخدۇمزادىلىرىمىزنى پىر تۇتۇپ ئۇلارغا ئىرادەت قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئۇنىمايدىكەن كۇدە - كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ سەئىدىيە تەسەررۇپىمىزدىن چىقىپ كېتىدۇ. بۇ-نىڭدىن ئۆزگە يەنە بىر يول زىنھار يوقتۇر. ئۇل سوكال دىۋانە، ئازغۇن تەرغىباتچى، لاماكان ئىشاننى تەسەررۇپىمىزدىن چىقى-رىشقا جەننەتماكان خوجا شادى ۋەلىيۇللا بۇزرۇكۋارىمىزغا قول بېرىپ مۇرىت بولغان، سائادەتمەن ئىسھاقىيە سۇلۇكىمىزنىڭ كاتتا ھامىيسى سۇلتان ئابدۇللاخان ئالىيلىرىنىڭ سەلتەنەت سۇ-رى يېتىپ ئاشىدۇ.

شۇ تاپتا ئىككى سۇلۇكتىكى ئوردا ئەركانلىرى ئۆز سۇلۇكى-نى، ئىشان خوجىسىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۆزگە سۇلۇكتىكى-لەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشان خوجىسىنى چۆكۈرۈپ، ھەدەپ دەتالاش قىلىشماقتا ئىدى. سۇلتان ئابدۇللاخان بولسا ئەمىر خوجا مۇ-سەللىمنىڭ، ئەمىر مىرزا ھۇسەيىن قازىغا دېگەن بولۇپ خاننىڭ ئىسھاقىيە مۇرىتى ئىكەنلىكىنى، مەرھۇم خوجا شادىغا قول بەر-گەنلىكىنى ئۇنتۇلۇپ قالماسلىقىنى، ئىشقىيە سۇلۇكىدىكىلەرگە يان باسماسلىقىنى، مۇرەسسە قىلىمەن دەپ بىھۇدە ئاۋارە بولماس-لىقىنى ئەسكەرتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ ئولتۇراتتى.

— بۇنچىۋالا تەنە - ھاقارەت تاشلىرىنى ئېتىش نە ھاجەت، مۆھتەرەم جانابلار، — دەپ سۆز ئالدى باياتىن بېرى ئىسھاقىيە-چى ئەمىرلەرنىڭ، سۇلۇكى ئىشقىيە پېشۋاسى خوجا مۇھەممەدىيۇ-سۇپ ئىشاننى شۇنچە ھاقارەتلەشلىرىگە چىداپ تۇرالمىغان ئەمىر خوجا جەرراھ. ئوردا ئەركانلىرى ئارىسىدا ئىسھاقىيە سۇلۇكىدى-كى ئەمىرلەر كۆپ سانلىق بولغانلىقى، خانمۇ سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىدىكى

لىنى ئەمىن تاپقۇزۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بۇ ئۇلۇغ ئىش تا
بۇگۈنگىچە روياپقا چىققىنى يوق. مېنىڭچە، خوجا مۇھەممەديۇ-
سۇپ ئىشان ئەزىزلەرنىڭ ئاداۋەت - نىزانى بىر چەتكە قايرىپ
قويۇپ، قەشقەردىن ئالايتەن ئاستانىگە كېلىشى، قىبلىگاھىم-
نىڭ ئەل ئارىسىدىكى مەزھەپ - سۇلۇك نىزالىرىنى تۈگىتىش-
تىن ئىبارەت بۈيۈك مەقسەتلىرىنىڭ روياپقا چىقىشى ئۈچۈن
ياخشى بىر پۇرسەتتۇر. شۇڭلاشقا، سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ خوجا
مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان ئەزىزلەرنى قوبۇل قىلىپ، نىيەت -
ئىقبالىنى بىلىپ باقمىقى، مەرھۇم پىر بۇزرۇك خوجا شادى
ھەزرەتلىرىنىڭ ئىككى مەخدۇمزادىسىنى دەرقەمتە تۇرۇپ كۆ-
رۈشتۈرۈپ، قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتنى يۇمىقى تولى-
مۇ ساۋابلىق ئىشتۇر.
— ۋۇجۇدىدا مۇسۇلمانچىلىق دىيانەتلىرىدىن زەررىمۇ تاپقى-
لى بولمايدىغان، ئىمانى ناشۇكۇرلۇك بىلەن تامامىي بۇلغانغان،
ئەھلى تەرىقەتنىڭ گۈل - ئەنبەر پۇرايدىغان كوچىلىرىنى ئىپ-
لاس، پاسىق ئاياغلىرى بىلەن بۇلغىغان مۇرتەت سۇلۇكى ئىشقى-
يەچىلەرنىڭ كاتتىسىنى قانداقمۇ شەرىئەتنىڭ، تەرىقەتنىڭ، ھە-
قىقەتنىڭ ئۇممەتلىرىنىڭ سۇلتانۇل مۇھەققىقىنى[1]، جەننەتماكان
پىر بۇزرۇكۋارىمىز خوجا شادى ۋەلىيۇللا[2] ئىشان خوجىمىز بى-
لەن تەڭلەشتۈرگىلى بولسۇن، — دەپ مىرزا ھۇسەيىن قازىنىڭ
سۆزىگە قارشى چىقتى ئەمىر خوجا مۇسەللىم دەس ئورنىدىن
تۇرۇپ، ئۆڭۈپ - تاتارغان ھالدا، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئول
مۇرتەت خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشاننىڭ شانۇ شەۋكەتلىك خان
ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، مۇلاقەتتە بولغۇدەك قانچىلىك سالا-
ھىيىتى بار ئىدى شۇنچە. ئەلۋەتتە، خانلىقىمىزنىڭ گۈللەپ،
روناق تېپىشى ئۈچۈن چوقۇم ئىچكى قىسىمدىكى نىزا - ئاداۋەت-

① سۇلتانۇل مۇھەققىقىن — ھەقنى، يەنى ئاللانى تونۇغۇچىلارنىڭ سۇلتانى دېگەن مەنىدە.
② ۋەلىيۇللا — ئاللانىڭ بەندىلىرىگە ئەۋەتكەن ئەۋلىياسى.

تۇراتتى. شۇ ئەسنادا شاھىنشىنغا كىرىپ كەلگەن ھۆدەيچىبەگ تەختكە يېقىنراق كېلىپ ئابدۇللاخانغا ئېگىلدى.

— نېمە ئىش؟ — سورىدى ئابدۇللاخان كەيپى ئۇچقان ھالدا.

— مەلۇم بولغاي، مەخدۇمزادىلەرنىڭ ئەتەكەسى خەلىپە سەئىدمۇھەممەد خوجا ئىككى مەخدۇمزادىنى باشلاپ كېلىپ، ئوردا ئالدىدا ئانھەزرىتىمنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

— بۈگۈن ۋاقتىم يوق. ئەتىگىچە بىر گەپ بولۇر، — دېدى ئابدۇللاخان قاپىقىنى تۈرۈپ.

خاننىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكى ئەمىرلەرنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى ئەمىرلەرنىڭ تاتارغان چىرايلىرىغا سۈس كۈلكە يۈگۈردى. شاھىنشىن ئىچىنى يەنە سۈكۈت باستى.

بىر چىلىم تاماكا چەككۈچىلىك ۋاقىت ئۆتمەيلا ھۆدەيچىبەگ شاھىنشىنغا يەنە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قەدەم ئېلىشلىرى تېز، چىرايى تولىمۇ جىددىي ئىدى. ئۇنىڭ ئالاقزادە تۇرقىغا قاراپ ئوردا ئەركانلىرى تەئەججۈپ ئىلكىدە بىر - بىرىگە قاراشتى.

— خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، — دېدى ھۆدەيچىبەگ ھاسىراپ - ھۆمۈدىگىنىچە.

— ئىجازەت! — دېدى سۇلتان ئابدۇللاخان تېرىككەن ھالدا.

— خەلىپە سەئىدمۇھەممەد خوجا ئوردا ئالدىدىكى سەيناغا ئىككى مەخدۇمزادىسى بىلەن نەچچە مىڭلىغان مۇرىدىل ئىسھاقىيەچىلەرنى يىغىپ، ئوردىغا كىرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ. ئۇلار سۇلتان ئالىيلىرى بىزنى قوبۇل قىلمىسا، ئوردا ئالدىدىن زىنھار كەتمەيمىز دەپ سۈرەن سېلىشىۋاتىدۇ.

ئابدۇللاخان لام - جىم دېمەي، بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇپ قالدى.

ئەمىرلەر ئىمكان بار سىلىق - سىپايە سۆزلەر بىلەن ئۆزسۆلۈك
پېشۋاسىنى ئاقلاپ ئولتۇراتتى. ئەمما، ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ سا-
داقەتمەن مۇرىتى بولغان ئەمىر خوجا جەرراھ ئاخىرى سەۋرى
قىلىۋېرىشكە تاقەت قىلالمىدى، — قۇتبىل ئەقتاب[1] سەئىدىل
ھەزرىتى پىر بۇزرۇكۋارىمىز خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان كالانمۇ
خۇددى خوجا شادى ئىشان ئەزىزلەرگە ئوخشاش جانابىي مەخدۇم
ئەزەم پىر بۇزرۇكۋارىمىزنىڭ پۇشتىدىن تامغان. گەرچە نەسەبى
تەڭ بولسىمۇ كەشپىيۇ كارامىتى ئىسھاقىيەچى پىر ئەزىزلەردىن
كاتتىدۇر. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالتۇن تەختىدە جانابىي قىبلە-
گاھىمىز سۇلتان ئابدۇللاخاندەك كەڭ قورساق، ئادىل، ئادالەت-
لىك، پازىل خانۇ خاقان ئادالەت شەمشىرىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان
يەردە، سائادەتمەن سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىغىمۇ بۇل بىپايان
تەسەررۇپىمىزدا پۇت دەسسەپ تۇرغۇدەك يەر، ئاللاغا سېغىنىپ
ساما سالغۇدەك، ھەلقى - سۆھبەت سورۇنى تۇزگۇدەك خانىقا
تېپىلماي قالماس. ناشۇكۇرلۇك مۇسۇلمانچىلىق ئەخلاقىغا يات،
گۇناھلىق قىلمىشتۇر.
سۇلتان ئابدۇللاخان ئەمىر جەرراھنىڭمۇ سۇلۇكى ئىسھاقى-
يەچىلەرگە يان بېسىپ، سۇلۇكى ئىشقىيەچىلەرنى بۇ زېمىندىن
قوغلايدىغان بولساڭ، تۈمەنلىگەن ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ لەنىتى-
گە قالىسەن، ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقار دەپ ئاگاھلاندۇرۇۋات-
قانلىقىنى چۈشەندى.
شاھىنشىن خۇددى قايناۋاتقان قازاندەك پورۇقلاپ كەتكەنى-
دى. سۇلتان ئابدۇللاخان ئىككى سۇلۇكتىكىلەرنى ياراشتۇرۇپ،
ئەل ئارىسىدا كۈندىن - كۈنگە كۆكلەۋاتقان نىزا - ئاداۋەت،
مەزھەپ - تەپرىقە بىخلىرىنى يوقىتىش ئارزۇسىنىڭ ئۇنچە ئاسان
ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، تەختتە تولىمۇ مەيۇس ئول-

① قۇتبىل ئەقتاب — ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى، مىڭ يىلدا بىر قېتىم دۇنياغا كېلىدىغان كاتتا ئەۋلىيا دېگەن مەنىدە.

مۇھەممەد خوجا بىلەن ئىككى مەخدۇمزادىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ھايال ئۆتمەي خەلىپە سەئىدمۇھەممەد خوجا ئىككى مەخدۇمزادىنى يېتىلگىنىچە شاھىنشىنىغا كىرىپ كەلدى. مەخدۇمزادىلەرنىڭ چوڭى سەككىز - توققۇز ياشتا، كىچىكى ئالتە - يەتتە ياشتا ئىدى. شاھىنشىندىكى ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكى ئەمىرلەر دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئىككى مەخدۇمزادىغا ئېگىلىپ سالام بەردى. سۇلتان ئابدۇللاخان ئىككى مەخدۇمزادىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ قويدى. بۇنى كۆرۈپ ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى ئەمىرلەرمۇ ئىككى مەخدۇمزادىگە ئېھتىرام بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

خەلىپە سەئىدمۇھەممەد خوجا ئىككى مەخدۇمزادىنى باشلاپ تەختنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى - دە، ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ، تەختنىڭ توققۇز پايىلىك مەرمەر پەشتىقىغا سېلىنغان خوتەن گىلىمىگە يۈزىنى ياقتى ۋە «داد، پادىشاھىئالەم!» دېگىنىچە ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئابدۇللاخان تەئەججۈپ ئىلكىدە قىمىرلاپ قويدى، قىسقا ياستۇۋالغان قويۇق قارا ساقىلىنى سىلىدى. خەلىپە سەئىدمۇھەممەد خوجىنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ، بىر قىسىم ئىسھاقىيەچى ئەمىرلەرمۇ خىرتىلداشقا باشلىدى.

خەلىپە سەئىدمۇھەممەد خوجا مەرھۇم پىر ئۇستازى خوجا شادى ئىشاننىڭ ھازىسىنى ئېچىپ، ئىشان پىرىنىڭ پەزىلەتلىرى، ياخشى سۈپەتلىرىنى قوشاققا قېتىپ بىر ھازا يىغلىغاندىن كېيىن، ئاۋازىنى پەسلىتىپ مىشىلداشقا باشلىدى:

— سەۋرى قىلىڭ، ئى خەلىپە، قانداق ئەرزۇ دادىڭىز بولسا بىزگە ئېيتىڭ، — دېدى سۇلتان ئابدۇللاخان ھېچ ئىش بولمىغان قىياپەتتە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ.

— ئى ئادالەتلىك سۇلتانىم، — دەپ داد ئېيتتى خەلىپە

مانا ئەمدى ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى ئەمىرلەرنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۇشۇپ، ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكى ئەمىرلەرنىڭ چىرايىغا سۇس كۈلكە يۇگۇردى.

ئىسھاقىيەچى سوپى - ئىشانلار كۈچ كۆرسىتىپ خانغا بې-سىم ئىشلىتىۋاتاتتى. قەشقەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خوجا شادى ئىشان كۈيئوغلى ۋە خەلىپە - سوپىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئاستا-ندىن باشقا ئۇ يېقى ئاقسۇغىچە ئىسھاقىيە سۇلۇكىنى تەۋرىتىشكە ئۇلگۇرگەنىدى. كۇچا، چالىش، كورلا، تۇرپان، قۇمۇللاردا سۇلۇك تەرغىباتى ئېلىپ بېرىپ، يەنە قانچىلىك مۇرىت قوبۇل قىلغانلىقى سۇلتان ئابدۇللاخانغا نامەلۇم ئىدى. ئەگەر ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكى خەلىپە - ئىشانلارنىڭ شۇنداقلا چىشىغا تېگىپ قويسا، پۇتكۈل سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەۋرەپ كېتىدىغانلىقى سۇلتان ئابدۇللاخانغا ئايان ئىدى. شۇنداق، پارچىلىنىپ كەتكەن سەئىدىيە خانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ سەلتەنىتىنى ئېلىش، خانلىق تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلەر-رىگە جازا يۈرۈشى قىلىش قاتارلىق چوڭ ئىشلاردا سۇلتان ئاب-دۇللاخان مەرھۇم خوجا شادىنىڭ قوللىشىغا، سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنىدى. خان شۇ سەۋەبلىك خوجا شادىغا قول بېرىپ، ئۇنى ئۇستاز تۇتقانىدى. مانا ئەمدى سەلتەنە-تىنى تىنچ، مۇقىم ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يەنىلا ئىسھاقىيە سۇلۇكىگە تايانماي بولمايدىغانلىقىنى سۇلتان ئابدۇللاخان ئاستا - ئاستا ھېس قىلىۋاتاتتى. گەرچە خوجا شادى ئىشان ئۆلگەن بىلەن ئەشەددىي جاھىل خەلىپە - سۇلۇك مەسئۇللىرى، سوپى - مۇرىتلىرى ھايات ئىدى. ئۇزلىرىنى ئابدۇللا خان سەلتە-نىتىنىڭ تۆھپىكارلىرى دەپ ھېسابلايدىغان بۇ تەكەببۇر خە-لىپە - سۇلۇك مەسئۇللىرىغا ھۆرمەت، ئىززەت كۆرسەتمەي بولمايتتى.

سۇلتان ئابدۇللاخان ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا خەلىپە سەئىد

مەيلى ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكى بولسۇن، مەيلى ئىشقىيە سۇلۇكى-
دىكى بولسۇن ۋە ياكى سۇلۇكنى تەرك ئەتكەن رەئىيەت بولسۇن،
ھەممىسى مېنىڭ پۇقرالىرىمدۇر. بىلىپ قېلىڭكى، ئى خەلىپە،
سەلتەنەت ئەدلۇ ئادالەت قىلىچى سايىسىدە دەۋران سۈرىدۇ. مەن
ئاشۇ ئادالەت قىلىچىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى سۇلتان بولۇش سۈپىتىم
بىلەن بىر سۇلۇككە يان بېسىپ، يەنە بىر سۇلۇكنى چەتكە
قاقمايمەن. تەسەررۇپىمىزدىكى ئاۋام - رەئىيەتنىڭ مەزھەپ-
تەبىقىلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىشىنى تېخىمۇ خالىمايمەن. ئۇنداق بول-
مايدىكەن، رەئىيەتنىڭ سەلتەنەتتىن رايى قايتىدۇ. ھاكىمىيەت
مەزھەپتىن مۇستەسنا، سۇلۇكتىن تېخىمۇ مۇستەسنا بولۇشى
كېرەك. مېنىڭ پۈتكۈل مەملىكەتتىكى تامامىي ئاۋامنى ئىتتى-
پاقلاشتۇرۇپ، ئۆملۈك، ئىناقلىق تۇغى ئاستىغا جەم قىلىش
بۇرچۇم بار. سىز ھەم مەخدۇمزادىلەر، شۇنداقلا بارلىق ئىسھا-
قىيە مۇرىتلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە. مەيلى ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكى
مەخدۇمزادىلەر بولسۇن، مەيلى ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى خوجىزادى-
لەر بولسۇن، ھەممىسى پىر بۇزرۇكۋارىم مەخدۇم ئەزەم ھەزرەت-
لىرىنىڭ پۇشتى - ئۇرۇقىدۇر. ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ، ئوتتۇر-
دىكى نىزا - ئاداۋەتنى تۈگىتىپ، تەسەررۇپىمىزدا تىنچ، ئاسا-
يىش، ئۆم - ئىناق، مېھىر - شەپقەت گۈلخانلىرىنى يېقىپ،
ئەل - يۇرتنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بىرلىكتە كۈچ چىقى-
رىش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ئارزۇسىدۇر.
سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ تەئەددى ئارىلاش، يۇمشاق ئەمما
قەتئىي ھەم ۋەزىنلىك سۆزلىرى خەلىپە سەئىدمۇھەممەد خوجىنى
بىرئاز تەمتىرەتتى. ئۇ دەسلەپكى كۆرەڭلىكىدىن خېلىلا پەسكويغا
چۈشتى. ئۇ سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ يالغۇز ئىسھاقىيە سۇلۇكىدى-
كى سوپى - دەرۋىش، مۇرىت - مۇرشىدلارنىڭلا سۇلتانى ئەمەس-
لىكىنى، گەرچە ئىسھاقىيە سۇلۇكىگە كىرگەن بولسىمۇ، ئۆزگە
سۇلۇكتىكىلەرگىمۇ ئىككى كۆزىدە بابباراۋەر قارايدىغانلىقىنى،

سەئىدمۇھەممەد خوجا مىشىلداپ تۇرۇپ، — ئەدلۇ ئادالەتلىك قىلىچلىرىنىڭ سايىسىدە بىراۋ سەۋەبسىزلا بىراۋنىڭ مال - مۈلكىنى ئىگىلىۋالسا شەرىئەت ئەھكاملىرىغا راۋامىدۇر؟

بۇ تومتاقلا سورالغا سوئالدىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن ئابدۇللاخان ياندۇرۇپ سورىدى:

— ئەلۋەتتە راۋا ئەمەستۇر، خەلىپەم. ئەرزلىرىنى ئوچۇقراق ئېيتسىلا.

— جەننەتماكان بۇزرۇكۋارىمىز خوجا شادى ئىشان كالان ھەزرەتلىرىنىڭ كىرپىكىگە تېخى توپا قونماي تۇرۇپلا، مۇلھىد ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ كاتتىسى خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان دېگەن، ۋەيلۇن دوزاخقا تۇتۇرۇق بولغۇر مۇرتەت ناپاك ئاياغلىرى بىلەن بۇيۇك ئاستانىمىزگە قەدەم بېسىشقا پېتىنىپتۇ، ھېيىقماستىن ئول بىزلەركىم ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ سايىۋەنى بولمىش ئانھەزرىتىم بىلەن مۇلاقەتتە بولۇپتۇ ۋە يەنە ئاڭلىدۇقكى، جانابىي قىبلىگاھىمىز سائادەتمەن ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىن يېنىپ، ئاشۇ مۇرتەت ئىشانغا قول بەرگۇدەكمىش. ئازغۇن ئىشقىيە سۇلۇكىگە ئىرادەت قىلىپ، مۇرىت - مۇرشىدلىق ساداقىتىنى بىلدۇرگۇدەكمىش.

— ئى خەلىپە، سۇخەنچىلەرىنىڭ ئارىنى بۇزۇش ئۈچۈن توقۇغان بەتنام - تۆھمەتلىرىگە زىنھار ئىشەنمىگەيسىز، — دېدى ئابدۇللاخان غەزەپتىن ئۆزىنى ئاران بېسىۋېلىپ، — ھەزرىتى خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان ئەزىزلەرىنىڭ ئاستانە تۇپرىقىغا قەدەم كەلتۈرگىنى راست. بىراق، تېخىچە دىدار مۇلاقەتتە بولمىدۇق. مانا ھازىر بارلىق ئوردا ئەركانلىرى بىلەن شۇ خۇسۇستا كېڭەش قىلىپ ئولتۇرۇپتىمىز. گەرچە مەن جەننەتماكان بۇزرۇكۋار خوجا شادى ۋەلىيۇللا ھەزرىتىمگە قول بېرىپ مۇرىت بولغان، ئەھلى تەرىقەتنىڭ ئىسھاقىيە سۇلۇك يولىنى تۇتقان بولسامۇ، لېكىن يەنىلا بىر مەملىكەتنىڭ سۇلتانىمەن.

بىراقلا قارىنغا ئالغانىدى. شۇ تاپتا تەڭلىكتە قالغان سۇلتان
ئابدۇللاخاننىڭ كۆزىگە شاھنىشىندىكى خېلى كۆپ قىسىم ئىسھا-
قىيەچى ئەمىرلەرمۇ ھازىرلا مەخدۇمزادىلەرنىڭ كەينىدىن ئەگى-
شىپ كېتىپ قالىدىغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. خوجا شادىنىڭ
جەسىتى كۆمۈلگەن تۇپراقتىن قوزغالدى دېگەنلىك پۈتكۈل سەئى-
دىيە خانلىقى تەۋەسىدىكى نەچچە تۈمەنلىگەن ئىسھاقىيە مۇرىتلى-
رى قوزغالدى دېگەنلىك. ئاھ، بۇ نېمىدېگەن دەھشەت ـ ھە!

سۇلتان ئابدۇللاخان بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى. خەلىپە سە-
ئىد مۇھەممەد خوجىغا قاراپ زورىغا كۈلۈمسىرىدى.

— ئى خەلىپە، بىھۇدە گۇمانلاردا بولماي ئىككى مەخدۇمزا-
دىمىزنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغايسىز. ئول مەخدۇمزادىلە-
رىمىزمۇ جەننەتماكان پىر بۇزرۇكۋارىمىز خوجا شادى ئىشان
ھەزرەتلىرىگە ئوخشاشلا بىزلەر ئۈچۈن پىر بۇزرۇكۋاردۇر، —
ئابدۇللاخان بىرنەچچە دەقىقە سۈكۈتتىن كېيىن، ئوردا ئەركانلى-
رىغا قاراپ بوشقىنا ئەمىر قىلدى، — جانابىي ئەمىرلىرىم،
سىلەرگىمۇ ئىجازەت.

ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى ئەمىرلەر خۇددى ساپان سۆرىگەن كا-
لىدەك پۇشۇلداشقىنىچە، ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكى ئەمىرلەر تۇ-
يۇقسىز ئالتۇن تېپىۋالغان قەلەندەردەك ھىجىيىشقىنىچە شاھنى-
شىندىن ئايرىلىشتى.

## 7

ئاستانىگە كېلىپ كۆڭلىگە پۈككەن مەقسەتلىرىنىڭ بىرىنى-
مۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان خوجا مۇھەممەديۈسۈپ ئىشان سۇلتان
ئابدۇللاخاننىڭ قوبۇلىغا مۇشەررەپ بولالمىغانىنىڭ ئۈستىگە ئۆل-
مەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك خەلىپە سەئىدمۇھەممەت خو-

ھەرگىزمۇ يالغۇز ئىسھاقىيە سۇلۇكىگە ھامىي بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى - دە، بىشەملىكىنى يىغىشتۇرۇپ، كۆكەرمە-لىك، ئۇششۇقلۇق قىلىشقا ئۆتتى:

— ئى جانابىي قىبلىگاھىم، گەرچە خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان دېگەن پالاندى، لاماكان ساياق، تېجىمەل دىۋانە ئۇلۇغ پىر بۇزرۇكۋارىمىز مەخدۇم ئەزەم ھەزرەتلىرىنىڭ پۇشتى - ئۇرۇقى-دىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مەخدۇم ئەزەم باشلاپ بەرگەن ئەھلى تەرىقەت يولىدىن تېيىپ كەتكەن ئازغۇنلاردۇر. ئۇلار بىلەن يارى-شىش خۇددى ئوت بىلەن سۇنى بىر قۇتىغا قاچىلىغىلى بولمىغان-دەك بىر ئىشتۇر. بۇزرۇكۋار خوجا شادى ئىشان پىرىمىز ئەجەل شارابىنى تېتىپ، بىز بىلەن خوشلاشقىنى بىلەن نارەسىدە بولسى-مۇ ئىككى مەخدۇمزادىمىز باردۇر. ئەلھەمدۇلىللا ئول مەخدۇم-زادىلىرىمىزگە يار - يۆلەك بولغۇدەك دۆلەتپاناھ سۇلتانىمىز، خىزمىتىنى قىلغۇدەك ھەم بىزلەردەك خەلىپە - مۇخلىسلىرى باردۇر. ئاشۇ مەخدۇمزادىلىرىمىز پىر بۇزرۇكۋارىمىزدۇر. بىز ھەرگىز پىرىمىز باشلاپ بەرگەن سائادەتمەن ئىسھاقىيە يولىمىز-دىن تېيىپ، ئول ئازغۇن، مۇرتەت، نامۇسۇلمان ئىشقىيەچىلەر بىلەن ياشىماسمىز، ھەتتا ئاچلىقتىن ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالساقمۇ، بىر داستىخاندا غىزا يېمەيمىز. ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭ-قاپ، يۈرەك - باغرىمىز چاك - چاك بولۇپ كەتسىمۇ بىر ئېرىق، بىر كۆلدە سۇ ئىچمەسمىز. ناۋادا سەلتەنەتنىڭ سۇرى بىلەن زورلايمەن دەيدىكەنلا، ئىجازەت قىلغايلىكى، مەخدۇمزادى-لىرىمىزنى ۋە ئىشان پىرىمىزنىڭ مۇبارەك تەن - جەسەتلىرىنى ئېلىپ باشقا ئەللەرگە كەتكەيمىز. شۇ سەۋەبلىك جاھان سۇلتانى-لىرى ئارىسىدا ئۆز پىر بۇزرۇكىنىڭ پەرزەنتىنى، تەن - جەسەت-لىرىنى زېمىنىغا سىغدۇرمىغان دېگەن بەتنام، توقۇ لەنەتكە قال-سىلا بۇنىڭغا بىز ئىگە بولالمايمىز.

خەلىپە سەئىدمۇھەممەد خوجا ئۇششۇقلۇق قىلىپ توقۇمنى

چىقمىدى. گەرچە سۇلتان ئابدۇللاخان خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان بىلەن كۆرۈشمەسلىك ھەققىدە ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆرۈشۈش مۆھلىتىنى چەكسىز كەينىگە سۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. خوجا جەرراھ قاتارلىق ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى ئەمىرلەرنىڭ قەسىرىدە باراۋەتتە بولۇپ، كاتتا ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈلگەن، كۆڭۈل ئاۋۇندۇرغۇچى نۇرغۇن تەسەللىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجىلاپ تۇرغان شۆھرەت تەمەسى كۆڭۈل ئارامىنى بۇزۇپ تۇراتتى.

بۈگۈن خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان قەشقەرگە قايتىپ كېتىش ياكى خانىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ يەنە ئىككى - ئۈچ كۈن ساقلاپ بېقىش ھەققىدە بىر قارارغا كېلەلمەي ئىككى تايىن بولۇپ، كۆزىنى يۇمغىنىچە قولىدىكى كەھرىۋا تەسۋىسىنى تىنىمسىز سىيرىپ قېشىغا ھېچكىمنى كىرگۈزمەي خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز ئىشىك ئىجازەتسىزلا ئېچىلىپ ئابدۇررازاق خەلپە ھاياجان بىلەن پالاقلاپ كىرىپ كەلدى.

— پىر بۇزرۇكۋارىمغا مەلۇم بولغاي. ئوردا بىكاۋۇل ئەمىرى[①] بىرقانچە مۇلازىمنى باشلاپ كەلدى. ھەزرىتىم بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىشان يېشىغا ماس كەلمىگەن چاققانلىق بىلەن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئالدىراپ - تېنەپ سورىدى:

— قېنى قەيەردە ئۇلار؟

— سىرتتا ساقلاۋاتىدۇ.

— چاپسان باشلاپ كىرسىلە، خەلپەم.

دەقىقە ئۆتمەيلا ئىشان كەينىگە يانغان ئابدۇررززاق خەلپىنى چاقىرىپ توختىتىۋالدى:

---

① بىكاۋۇل ئەمىر — ئوردىنىڭ باش مېھمان كۈتكۈچىسى، قوشۇمچە خانىنىڭ مەخسۇس غىزا - تائاملىرىغا مەسئۇل ئەمىر. بىكاۋۇلبەگ بىلەن ئوخشاش.

جىدىن يەتكۈچە دەشنام ئىشتتى. گەرچە خەلىپە سەئىدمۇھەممەد خوجا ئەدەپ يۈزىسىدىن خوجا مۇھەممەدىيۇسۇپ ئىشانغا يۈزىدىن يۈزىگە ھاقارەت قىلالمىغان، ئىشانىنىڭ تەلىپى بىلەن مەرھۇم خوجا شادى ئىشانىنىڭ تۇپراق بېشىغا باشلاپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، مۇئامىلىسى تولىمۇ سالقىن ۋە قوپال بولدى. ئەتراپىدىكى سوپى خىزمەتكارلارنى ئەيىبلىگەن بولۇپ «لاماكان، كەلگۈندى، ھارامزادە، ھىيلىگەر، نائىنساپ، تەمەخور...» دې-گەندەك تەنە سۆزلىرى بىلەن ئوبدانلا ئەدەپلىۋالدى. ھۆسىلە قىلىپمۇ بولسا مەرھۇم پىر بۈزرۈكى خوجا شادى ئىشان قەسىرىگە تەكلىپ قىلىپ قويمىدى. خوجا مۇھەممەدىيۇسۇپ ئىشانىنىڭ ئىك-كى نەپەر جىيەن قېرىندىشى بولمىش مەخدۇمزادىلەر بىلەن بىر قېتىم بولسىمۇ دىدارلىشىۋېلىش تەلىپىنى كەسكىن، قوپاللا رەت قىلدى.

خوجا مۇھەممەدىيۇسۇپ ئىشان چوتنى خاتا سوقۇپ، ئالدىراپ ئاستانە سەپىرىگە چىققانلىقىدىن كۆپ پۇشايمان قىلدى. ئوغلى خوجا ھىدايىتۇللانىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالمىغانلىقىدىن كۆپ ئۆكۈندى. ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكى جاھىل قارا مۇسۇلمان مۇر-تەتلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى ھەسسىلەپ ئاشتى ۋە كالامۇللانى تۇتۇپ تۇرۇپ، مەخدۇم ئەزەم پەدەرى بۈزرۈكنى شېپى كەلتۈ-رۈپ يەتكۈچە قارغىدى.

خوجا مۇھەممەدىيۇسۇپ ئىشان ھېچبولمىسا سۇلتان ئابدۇللا-خان بىلەن غەيرىي رەسمىي يوسۇندا بىرەر قېتىم بولسىمۇ دىدار مۇلاقەتتە بولۇپ، سۇلتانىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەنلىك ئاتد-قىنى ئېلىپ، ئۆزگە سۇلۇكتىكى مۇرىت ـ مۇخلىسلارنىڭ ئالدى-دا پۇتۇنلەي تۆكۈلۈپ كەتكەن ئابرۇيىنى ئازراق بولسىمۇ تىكلى-ۋېلىشنى ئارزۇ قىلىپ، ئابدۇللاخاننىڭ قوبۇل قىلىشىنى سەۋر-چانلىق بىلەن يەنە بىر ھەپتە كۈتكەن، ئوردىغا نام ـ ئەمالىنى قايتا ـ قايتا مەلۇم قىلغان بولسىمۇ، ئوردىدىن ھېچبىر سادا

سەتتە ئىشان ھەزرىتىمنى ئاستانىگە قايتا چىللايدىغانلىقىنى يەت-
كۈزۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى ھەمدە شاھانە ئېگەر - جابدۇقلىرى
بىلەن بىر ئارغىماق ھەدىيە قىلدى.

بىكاۋۇل ئەمىر گېپىنى تۈگىتىپ ئارغىماقنىڭ باش يېغىنى
ئىشاننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى - دە، چوڭقۇر بىر ھۆرمەت - ئېھتى-
رام بەجا كەلتۈرۈپ كەينىگە ياندى.

خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان بولسا بىردەملىك ۋۇجۇدىنى
لەرزىگە كەلتۈرگەن ھاياجاننىڭ بىردىنلا سوغا چىلىشىپ، كۆڭ-
لىگە پۈككەن تەمە - مەقسەتلىرىنىڭ پاك - پاكىز كۆيۈككە
ئايلانغانلىقىدىن ئۆتى يېرىلغۇدەك بولۇپ، بوتتەك قېتىپ قالغان-
دى. شۇڭلاشقا، ئۇ شۇنچە ھەشەم بىلەن كۈتۈۋالغان بىكاۋۇل
ئەمىرنى ئۇزىتىپ قويۇشنىمۇ ئېسىدىن چىقاردى. بىر ھازادىن
كېيىن بىر ئىزىدا تۇرۇۋېرىپ زېرىككەن ئاق ئارغىماقنىڭ يەڭ-
گىل چاپچىشىدىن ئېسىگە كېلىپ، ھەسرەت بىلەن ئېغىر ئۇھ
تارتىپ قويدى.

«كېتىش كېرەك، بۇ لەنىتى ئاستانىدە بىر دەقىقىمۇ تۇر-
ماسلىق كېرەك. خەپ، دەھرىي ئابدۇللاخان مۇشۇ قىلغان ھۆر-
مەتسىزلىكنىڭ ئۆچۈن پات يېقىندا بۇرنۇڭدىن بۇلاق چىقارمايدىغان
بولسام...»

خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان بارلىق دەرد - ئەلىمىنى ئەت-
راپىدىكى سوپى خىزمەتكارلىرىدىن چىقىرىپ، ئۇلارنى لايىلا-
لىق، ھاڭۋاقتىلىقتا بولدى دېگۈچە ئەيىبلەپ، يۈك - تاقلىرىنى
يىغىشتۇردى - دە، ئاستانىدىكى خوجا جەرراھ، سوپۇرگە خەلىپە
قاتارلىق ئابرۇيلۇق مۆرىتلىرىنىڭ يەنە بىرنەچچە ئاخشام سۇدايى
قوناق بولۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ قايتا - قايتا تۇتۇشلىرىغا
پىسەنتمۇ قىلماي، قەشقەردىن باشلاپ كەلگەن خەلىپە، سوپى -
دەرۋىشلىرىنى ئەگەشتۈرگىنىچە قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى ۋە
نامازشام ۋاقتى بىلەن خانلەڭگەرىكى مۆرىتى ھاشىم كۆككۆزىنىڭ

— بولدىلا، ئۆزۈملا ئالدىغا چىقاي بىكاۋۇلبېگىمنىڭ.

ئىشان سۇپىدىن تاپىسىغا چۈشۈپ، كۆز ئالدىدىكى كالىچىنى تاپالماي بىرنەچچىنى پىرقىرىۋەتتى.

«سەۋرىنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەن مانا مۇشۇ. دەھرىي سۇلتان ئابدۇللاخان مېنى شۇنچە كۈنلەردىن بېرى سەۋەبسىزلا ساقلاتقىنىغا خىجىل بولۇپ، ئالدىمغا ئادەتتىكى مۇلازىملارنى ئەۋەتمەستىن، ئالاھىدە ئوردا بىكاۋۇل ئەمىرىنى ئەۋەتىپتۇ، ئى ياراتقان ئىگەم. ھەر ھالدا كىچىككىنىمۇ بولسا ئاشۇ ئىسھاقىيەچى قارا مۇسۇلمان مۇرتەتلەرنىڭ ئالدىدا ئابرۇيۇمنى تۆكۈپ شەرمسار قىلمىغىنىڭغا مىڭ - مىڭ تەسەننا...»

ئادەتتە خېلىلا تەكەببۇر كۆرۈنىدىغان، دىمىغى ئۈستۈن ئىشان، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوردا ئەمىرىنىڭ ئالدىغا پايپاسلاپ كىرىپ كۆرۈشتى، قىزغىنلىق بىلەن ھال - ئەھۋال سورىدى. سالام - سەھەت ئارىلىقىدا ھەرقانداق نەرسىنى نەزىرىدىن ساقىت قىلمايدىغان تەمەگەر كۆزلىرى، ئوردا بىكاۋۇل ئەمىرىنىڭ قېشىدىكى مۇلازىم ئالاھىدە يېتىلىۋالغان، ئېگەر - جابدۇقلىرى كۈمۈشتىن ياسالغان قارەك ئاق ئارغىماقنى كۆرۈپ ئۈلگۈردى.

«ئوردىغا مىنىپ كىرىشىم ئۈچۈن ئاتمۇ ئەۋەتىپتۇ تېخى. پاھ، نېمىدېگەن ئېسىل ئارغىماق بۇ. ئېگەر - جابدۇقلىرىنىڭ نەپىسلىكىنى قارىمامدىغان، ھەقىقىي شاھانە سوۋغىغۇ بۇ...»

— مەن ئىشان پىر ئەزىزنىڭ ئالدىغا دۆلەتپاناھ سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ سالام ۋە ئۆزرىسىنى ئەكەلدىم، — دېدى بىكاۋۇل ئەمىر ئىشاننىڭ شېرىن خىياللىرىنىڭ بېلىگە تېپىپ ۋە تەكەللۇپسىزلا مۇددىئاسىنى ئۇچۇق بايان قىلىپ، — سۇلتان ئالىيلىرى تۇيۇقسىز تۇمۇ تېگى بىتاب بولۇپ يېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن مېنى ئالدىلىرىغا ئالايتەن سالامغا ئەۋەتتى ۋە بىتاب بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبلىك پىر بۇزرۇك ئەزىز بىلەن دىدار مۇلاقەتتە بولالمايدىغانلىقىدىن كۆپ ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى، مۇۋاپىق پۇر-

چۈشلۈك غىزا يەۋېلىشقا ئىجازەتمۇ بەرمىدى. خۇددى ئۆزىنىڭ
قورسىقى ئاچمىسا باشقىلارنىڭمۇ قورسىقى ئاچمايدىغاندەك قور-
سىقى ئېچىپ غولدۇرلاپ كەتكەن خەلىپە - سوپىلار «بىر يۇتۇم
ئۇسسۇلۇق ئىچىۋالسىلا، بىر لوقما غىزا يەۋالسىلا، پىرىم» دەپ
ئۇزاتقان، جاناشتىكى①شەربەتكىمۇ، پىششىق باچكا گۆشىگىمۇ
قاراپ قويمىدى. ئاخىر خەلىپە - سوپىلار ئات ئۈستىدىلا قورسى-
قىنى ئازدۇر - كۆپتۇر ئەستەرلىۋالغان بولدى. بەش ۋاخ نامازنى
قازا قىلمايدىغان ئىشان بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر پېشىن نامىزىنى
قازا قىلىۋەتكەنىدى. ئات ئۈستىدە يېرىم كۈندىن ئارتۇق ئولتۇ-
رۇپ، پۇت - قوللىرى ئۇيۇشۇپ، تېلىپ، مادارى قالمىغان
خەلىپە - سوپىلارنىڭ پېشىن نامىزىنى ئوقۇش باھانىسىدە،
پۇت- قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بىرەر - يېرىمدەم ھاردۇق
ئېلىش خىياللىرىمۇ يوققا چىققانىدى.

كۈن بويى ئاق ئارغىماق ئۈستىدە مىدىرلىماي ئولتۇرغان
خوجا مۇھەممەديۈسۈپ ئىشانغا ھاردۇق يەتتىمۇ ياكى ئەيتاۋۇر
بۈگۈن كېچە ئوردامدا②تۈنەش پىلانىنى ئەتىگە قالدۇرۇپ، مۇۋا-
پىقراق بىرەر چۈشكۈن ئىزدەپ ئەتراپقا پات - پات بويۇنداپ
قاراشقا باشلىدى. پاكار - پاكار چالما تاملىق، تۇرقىدىن نامرات
كىشىلەرنىڭ ئۆي - ماكانى ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ
تۇرىدىغان ئۆيلەرگە ئانچە نەزىرىنى سېلىپ كەتمىدى. بايلارنىڭ
كاتتىراق قورۇ - جايى ھېچ كۆزگە چېلىقمىدىغاندەك ئەمەس
ئىدى.

— قوش گۈمبەز مازار غوجامغا③يېتىپ كەلدۇقمۇ؟ —
دېدى ئىشان ئاق ئارغىماققا ياندىشىپ كېلىۋاتقان جەدە بايتال
ئۈستىدىكى ئابدۇراززاق خەلىپىگە قاراپ.

---

① جاناش — سەپەردە ئۇسسۇلۇق ساقلاپ ئىچىدىغان تېرە خالتا.
② ئوردام — يېڭىسار ناھىيىسى بىلەن يېڭىشەھەر ناھىيىسى ئارلىقىدىكى كاتتا مازار.
③ قوش گۈمبەز مازار غوجام — ھازىرقى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ توپلۇق يېزىسىدا.

ھويلىسىغا چۈشكۈن قىلدى.

شۇ كۈنى سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ خوجا مۇھەممەديۈسۈپ ئىشانغا ئوردا بىكاۋۇل ئەمىرى ئارقىلىق كۈمۈش جابدۇقلۇق شاھانە ئارغىماق ھەدىيە قىلغانلىقىنى ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق خەۋەر تاپقان خەلىپە سەئىدمۇھەممەد خوجا بۇ ئىشنى سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ئىشقىيە سۇلۇكىدىكىلەرگە بولغان مايىللىقىنىڭ ئالامىتى دەپ چۈشەندى ـ دە، ئىچى ئاداپ، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ئاچچىق ئېچىشتى ۋە ئىسھاقىيە سۇلۇكى ئۈچۈن بىخلىنىش ئالدىدا تۇرغان يوشۇرۇن خەۋپنى بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن مەخدۇمزادىلەر قەسرىدە بىرقانچە كاللا كېسەر مۇرىتلىرى بىلەن بىر ئاش پىشىمغىچە خۇپىيانە كۇسۇرلاشتى.

## 8

خوجا مۇھەممەديۈسۈپ ئىشاننىڭ چىرايى يول بويى پەقەتلا ئېچىلمىدى. بۈگۈن ھاۋامۇ خۇددى ئىشاننىڭ چىرايى بىلەن بەسلەشكەندەك سەت تۇتۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، مەغرىب تەرەپتىكى كۆيۈك تاغدىن ئەسكەن شىۋىرغان ھېمىتنىڭ سېپىدىكى[1] ئاچچىق شور توپىلارنى ئۇچۇرۇپ ئادەمنىڭ ئېغىز، بۇرۇن، كۆزلىرىگە تىقاتتى. كۈن بىلەن تەڭ خانلىقگەردىن يولغا چىققان ئىشان، سۇلتان ئابدۇللاخان ھەدىيە قىلغان ئاق ئارغىماق ئۈستىدە قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ، تۇگۇلگىنىچە مىختەك ئولتۇراتتى. مانا، كۈن پېشىندىن قايرىلدى. ئىشان ئەتىگەن چالا ـ بۇلا قىلغان ناشتىدىن بېرى ئاغزىغا بىر يۇتۇم سۇ، يا بىر بۇردا نان چاغلىق نەرسە سالمىدى. خەلىپە ـ سوپىلىرىغا بىرەر ـ يېرىمدەم توختاپ

---

[1] ھېمىتنىڭ سېپى ــ يەكەن بىلەن يېڭىسار ئارىلىقىدىكى ساي.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئى قۇتبىل ئەقتاب بۇزرۇكۋار پى-
رىم، — دېدى ئۇ كىشى ئىشاننى ئاتتىن يۆلەپ چۈشۈرۈۋې-
تىپ، — غېرىبانە كۆلبىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقلىرى
ئۈچۈن چەكسىز بەختىيارمەن.
— ھال - ئەھۋالىڭ نېچۈك، ئى قېرىندىشىم؟!
— جانابىي ئىشان پىرىمنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرەكاتىدا قەدىر
ئەھۋال.
ئىشاننىڭ تەكەببۇرلۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى يۇ سا-
خاۋەتچىنىڭ ئۇستۈبېشىغا سەپسېلىپ ئۈلگۈرگەندى.
— ئېيتقىنا، قايسى سۇلۇككە ئىرادەت قىلۇرسەن؟
— ئەلۋەتتە سىلى ئۆزلىرى قۇتبىل ئەقتاب سۇلتانۇل-
مۇھەققىقىن بولمىش خوجا مۇھەممەدىيۇسۇپ ئىشان ھەزرەت بۇز-
رۇكۋارىمىز تەۋرىتىۋاتقان، بەندىلەرنى سائادەت يولىغا باشلىغۇچى
ئەھلى تەرىقەتنىڭ ئالتۇن قۇلۇپىنى ئاچقۇچى ئىشقىيە سۇلۇكىگە
ئىرادەت قىلۇرمەن، پىرىم.
— تولا ئوبدان، — دېدى ئىشان چىرايىغا مەمنۇنىيەت
كۇلكىسى يۇگۇرتۇپ، — مېنى قانداق تونۇيسەن، ئى ساخاۋەتچى
زاتىل ئەقتابىم؟
شۇ تاپتا ئىشان مانا مۇشۇنداق بىر چەت ماكاندا ئۆزىنى
تونۇيدىغان ۋە بارلىق ئۇنۋانلىرىنى تولۇق بىلىدىغان بىر مۇخلىس-
قا يولۇققىنىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتكەنىدى.
ھېلىقى ئادەم ئىشاننىڭ سىنچى كۆزلىرىگە دادىل قاراپ
تۇرۇپ، تەمتىرىمەيلا جاۋاب بەردى:
— ئوزا يىلى قەشقەرگە بارغىنىمدا، ھېيتكاھ جامەسىدىكى
جۇمە نامىزىدا مەسلە - مەرۇپ قىلىپ، سۇلۇك تەرغىباتى ئېلىپ
بارغانلىرىدا كۆرگەنىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە جۇمە بې-
رىپ مۇبارەك جاماللىرىنى كۆرۈشكە، خۇش ناۋا ئاۋازلىرىنى
ئاڭلاشقا مۇشەررەپ بولدۇم.

— ئاز قالدۇق، پىرىم، — دەپ ئالدىراپ - تىنەپ جاۋاب بەردى ئابدۇراززاق خەلىپە ئەتىگەندىن بېرى ئىشان پىرىنىڭ تۇنجى قېتىم زۇۋان سۈرگىنىدىن خۇش بولۇپ، — ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۇن يېتىم مۇساپە قالغاندۇر ئېھتىمالىم.

ئىشان لام - جىم دېمەي يەنە تۇگۈلۈۋالدى. شۇۋىرغان بارغانسېرى ئەدىمەكتە ئىدى. ئۇلار ساي تەرەپتىن ئېقىپ كەلگەن كىچىككىنە تارام ئېقىنىدا ئەينەكتەك تۇتقان نېپىز مۇزلارنى چو-قۇۋېتىپ، ئاتلىرىنى سۇغىرىۋالغاندىن كېيىن يەنە يولغا چىقتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەتراپى ئىككى - ئۈچ مو كەلگۈدەك باغ بىلەن قورشالغان، ئانچە ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ كۆك نامراتلارنىڭ چالما تاملىق ئۆيلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان بىر قورۇ - جاي كۆزگە چېلىقتى. ئىشان بۇ قورۇغا ئۈمىد ۋە تەمە بىلەن بويۇنداپ قارىدى. قورۇنىڭ ئىچىدىكى قايسىبىر ئۆينىڭ مورىسىدىن قو-يۇق كۆكۈچ تۇتۇن تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ چىقىۋاتاتتى. تۇتۇننى كۆرۈپ ئىشاننىڭ كۆز ئالدىغا ئىسسىق ھۇجرا ۋە يۇمشاق يوتقان كۆرپە كەلدى.

— ئاشۇ قورۇ - جايغا چۈشكۈن قىلايلى، — دېدى ئىشان ئابدۇراززاق خەلىپىگە.

ئىشاننىڭ ئىجازىتىنى ئاڭلاپ قىرچاڭغۇ جەدە بايتالنىڭ ئۈستىدە روھسىز ئولتۇرغان ئابدۇراززاق خەلىپە قايتىدىن جان-لاندى، ھۇۋقۇشنىڭكىدەك كۆزلىرىنى قورۇ - جاي تەرەپكە خۇد-دى ئولجا ئىزدەۋاتقاندەك تىكتى.

ئۇلار يېقىنلاپ كېلىشىگە، دەرۋازا ئالدىدا خۇددى مۇشۇلار-نىلا ساقلاپ تۇرغاندەك دۈگدىيىپ تۇرغـان ئـەللىك يـاشلار چـامىسىدىكى سـەرپۇش تۇماقلىق بىر كىشى يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كەلدى - دە، ئىشاننىڭ ئاق ئارغىمىقىنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا ئالدى ۋە ئارغىماقنىڭ ئۇزەڭگىسىنى سۆيۈپ، ئىشاننىڭ جۇۋىسى-نىڭ پەشلىرىنى كۆزىگە سۈرتتى.

كى ھۆل - قۇرۇق يەل - يېمىشلەرگىمۇ، ئاغزىغا سالسا ئېرىپ كەتكۈدەك يېقىلغان ياغلىق توقاچقىمۇ، خۇددى قەغەزدەك نېپىز پىشۇرۇلغان ھەمەك نانغىمۇ ئىشتىھاسىزلا قاراپ قويۇپ مۆگدەشكە باشلىدى. ئىشانغا راستىنلا سەپەر ھاردۇقى يەتكەنىدى. خەلپە - سوپىلار تۈزۈتسىزلا داستىخانغا تېگىش قىلىشقا باشلىدى. ھايال ئۆتمەيلا بىر چىنىدىن گۆش بىلەن چامغۇرنى مول تۇغراپ، ئۈستىگە پىننە سېلىپ ئەتكەن ھاردۇق ئېشى — قىيمىلىق ئۇگرە كەلتۈرۈلدى. ئاش بەكمۇ ئوخشىغانىدى. ئىشان تەرلەپ تۇرۇپ بىر چىنە ئۇگرىنى پاك - پاكىز ئىچىپ تۈگەتتى. ئاشنىڭ شۇنچە تېز تەييار بولۇشى ھەممە ئىشقا گۇمان بىلەن قارايدىغان ئابدۇراززاق خەلپىگە پەقەتلا غەيرىي تۇيۇلمىدى. چۈنكى، تولۇق بىر كۈن ئاتلىق يول يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەن ئابدۇراززاق خەلپىنىڭ ئاشنى كۆرۈپ ئىمانى قېچىپ كەتكەنىدى. باشقا سوپى - دەرۋىشلەر بولسا ئاشنىڭ ئۈستىگە ناننى بولدى دېگۈچە چىلاپ، ئاچ كۆزلۈك بىلەن يالماپ يۇتماقتا ئىدى.

ئۇگرىنىڭ كەينىدىلا قول سۈيى ئېلىنىپ، پولۇ تارتىلدى. ئىشاننىڭ ئالدىغا قويۇلغان لېگەننىڭ ئۈستىدىكى پولۇغا توخۇنىڭ ئىككى پاچىقى ئالاھىدە بېسىلغانىدى. باشقىلارغا ئىككى ئادەمگە بىر لېگەندىن توغرىلاپ پولۇ تارتىلغانىدى. ئابدۇراززاق خەلپە، ئىشان پىرىنىڭ ئۆزىنى ئالدىدىكى تاۋاققا تەكلىپ قىلىشىنى تەمە قىلىپ شۇنچە قاراپ كەتكەن بولسىمۇ، خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشاندىن ھېچبىر سادا چىقمىدى. كۆزلىرىنى ئاشۇ ئىككى توخۇ پاچىقىدىن ئۈزەلمىگەن ئابدۇراززاق خەلپە، پىرىدىن ئىجازەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، نائىلاج ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان تاۋاقتىكى پولۇغا قول ئۇزاتتى - دە، تاۋاقدىشىدىن قىزغانغان ھالدا، ئاشنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان توخۇ تۆشىگە ئىنساپسىزلىق بىلەن چاڭ سالدى ۋە كەپكۈردەك ئالقانلىرى بىلەن پولۇنى ئوچۇملاپ - ئوچۇملاپ ئېلىپ ئاغزىغا ھەدەپ ئېتىشقا باشلىدى.

پىر بۇزرۇكنىڭ بىر ناتونۇش مۇخلىسىغا ئالاھىدە ئىلتىپات
كۆرسىتىۋاتقانلىقىدىن تارلىقى كەلگەن ئابدۇرازراق خەلىپە ئۇ-
نىڭغا ئاداۋەت نەزىرى بىلەن شۇنداقلا قارىدى ـ دە، بۇ كىشىنى
بۇگۈن كونا ئاۋات[1] ئۆتىڭىدە ئۆزلىرىنى يانداپ ئۆتۈپ كەتكەن
قاراگىر ئاتلىق كىشىگە ئوخشاتتى. شۇ چاغدا ئابدۇرازرق خەلى-
پىنىڭ كۆزى ئۇ كىشىنىڭ كۆزى بىلەن بىرنەچچە دەقىقە ئۇچ-
راشقان، ھېلىقى ئاتلىق كۆزىنى دەرھال ئېلىپ قېچىپ، ئېتىنى
قامچىلىغىنىچە ئالدىراش يۇرۇپ كەتكەنىدى. ئەتتەڭ، شۇ چاغدا
ئابدۇرازراق خەلىپە بەكراق سىنچىلاپ قارىۋالغان بولسىچۇ،
كاشكى.

— ئى بۇرادەر، — دېدى ئابدۇرازراق خەلىپە ھېلىقى كى-
شىگە قاراپ، — سىز بۇگۈن كونا ئاۋات تەرەپكە ئۆتتىڭىزمۇ؟

— يوقسۇ، خەلىپەم، — دېدى ھېلىقى كىشى ئالدىراش ـ
تېنەش، — بۇگۈن ئەتىگەندىلا ئۇلۇغ مەڭزىم توختىماي تارتىۋۇ-
دى، ھەرقاچان ئۆيگە مېھمان كېلىدىغان چېغى دەپ مەھەللىدىن
نېرى بولمىدىم. ئەسلىدە ئاللا ئىگەم بۇگۈن پىر بۇزرۇكۋارىم-
نىڭ جامالىغا قېنىپ، تەرىتىگە سۇ ئىللىتىپ بېرىشكە
بۇيرۇغانىكەن، — ئۇ دەرھال ئېگىلىپ تۇرۇپ ئۆيگە تەك-
لىپ قىلدى، — قېنى ئۆيگە مەرھەمەت قىلىشسىلا، پىرىم.

خۇددى مېھمان كېلىدىغاندەك ئالدىنئالا ئوت قالاپ ئىسسى-
تىۋەتكەن ئۆيگە كىرگەن ئىشان تەكەللۇپسىزلا تام مەشنىڭ تۇۋۇ-
دىكى قوشلاپ سېلىنغان كۆرپىنىڭ ئۇستىگە چىقتى ـ دە، دۇئاغا
قول كۆتۈرۈپ پاتىھە قىلدى. ئۆي ئىگىسى بىلەن قىسقىلا ئېسەن-
لىك سوراشتى. ئىشان ھەم ھارغان، ھەم ئۇسسىغانىدى. شۇڭا،
لاچىندانىنى جىقراق سېلىپ ئاچچىق قىلىپ دەملەنگەن پۇراقلىق
زەپەر چايدىن ئارقىمۇ ئارقا ئۇچ پىيالە ئىچىۋېتىپ، داستىخاندى-

---

① كونا ئاۋات — يەكەن ناھىيىسى بازىرىنىڭ بىر كەنتى.

— قانداق دەيلا، پىرىم؟ — دېدى ئابدۇراززاق خەلپە قاتتىق ۋەھىمىگە چۈكۈپ.
— ئىچ - باغرىمنى بىر مۇدھىش قول رەھىمسىزلىك بىلەن سۇغۇرۇۋالماقچى بولغاندەك قاتتىق مۇجۇپ ئاغرىپ كېتىپ باردۇ ... تەقدىرى ئەزەلنىڭ ھۆكمى بويىچە بۈگۈن مۇشۇ يەردە ئەجەل شارابىنى ئىچىدىغان ئوخشايمەن. قىلماقچى بولغان يەنە نۇرغۇن پىلانلىرىم بار ئىدى. ئەمدى بۇلارنى روياپقا چىقارماق زاتىل ئەقتاب مۇرىتىم بولمىش خەلپەم بىلەن خوجىزادەم ھىدايىتۇللا ئىشانغا باغلىق بولۇپ قالدى، — ئىشاننىڭ نەپىسى قىسىلغان بولسا كېرەك، بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، — ۋەسىيىتىم شۇكى، يارمۇھەممەد باي بىزگە نەزرە - نىياز قىلىپ بەرگەن ياغدۇدىكى ئون ئىككى پەرسەخ يەرنى ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا بېشارەت قىلىپ بېغىشلىدى. زامانى ئاخىرىدا مۇرىتلىرىم بىلەن شۇ يەردىن قوپارمەن. مېنى شۇ يەرگە دەپنە قىلغايسىزلەر...
ئىشان بىرئازدىن كېيىن ئابدۇراززاق خەلپىگە سەللىسىنى ئاختۇرۇشنى بۇيرۇدى. خەلپە سەللىسىنىڭ قېتىدىن بىر تال تېرە قاپچۇقنى تاپتى. ئىشان خەلپىگە قاپچۇقنى ئېچىشنى بۇيرۇدى. قاپچۇقتا يۈگەكلىك قەغەز بار ئىدى. قەغەزنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— مۆھتەرەم خەلپەم، بۇ ئەزىز پەرزەنتىم ۋە ۋارىسىم ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ قۇتبىل ئەقتابلىق ئىرشادنامىسىدۇر، مەھكەم ساقلاپ قويۇپ، ئاخىرەتلىك ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئەھلى - مۇخلىسلىرىمغا خوجىزادەمنى سۇلۇك پېشۋاسى، قۇتبىل ئەقتاب ئىشان دەپ جاكارلىغايسىز. يارەببىم، پېقىر ئاسىي بەندەڭنىڭ تۆۋىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئاسان ئاغرىق، ئاسان ئۆلۈم بەرگەيسەن...
خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان شۇنداق دەپ نىدا قىلدى - دە،

قۇرۇق ئۇزۇم، گۇلە، بېھى بېسىلىپ ئەتكەن پولۇ ھەقىقە-
تەن ئوخشىغانىدى. خوجا مۇھەممەدىيۇسۇپ ئىشان ھەربىر كاپام
ئاشتىن كېيىن، بىر يۇتۇمدىن ئاچچىق دەملەنگەن چاي ئىچىپ
ئولتۇرۇپ يېرىم تاۋاق پولۇ بىلەن توخۇنىڭ ئىككى پاچىقىنى
پاكىز يەۋەتتى. دۇئادىن كېيىن داستىخان يىغىشتۇرۇلۇشى ھا-
مان، خوجا مۇھەممەدىيۇسۇپ ئىشان ھاردۇقتا قىستاپ كەلگەن
ئۇيقۇ لەشكەرلىرىگە تەسلىم بولۇپ، ئولتۇرغان جايىغا موكلا
چۇشتى ـ دە، ئۇي ئىگىسى قويۇپ بەرگەن قۇراق تەكيىگە
بېشىنى قويۇپ، خورەكنى باشلىۋەتتى. ئىشان پىرىنىڭ خورىكى-
نى ئاڭلاپ باشقا خەلپە ـ سوپىلارمۇ ياتقان يېرىگىلا ئۇڭ ـ
تەتۈر قىڭغىيىشتى.
يەرنىڭ تېگىدىن ئاڭلانغاندەك بىر ئىڭراش ئابدۇراززاق خە-
لىپىنىڭ تاتلىق ئۇيقۇسىغا ھالاقىت بېرىپ ئويغىتىۋەتتى. ئۆي-
نىڭ ئىچىدىكى قارا چىراغ پىل ـ پىل قىلىپ سۇس يورۇقلۇق
چۇشۇرۇپ تۇراتتى. ئابدۇراززاق خەلپە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاۋاز
چىققان تەرەپكە شۇنداقلا قارىدى ـ دە، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ
كەتتى. چۈنكى، خوجا مۇھەممەدىيۇسۇپ ئىشان تولغىنىپ ئىڭراپ
ياتاتتى. خەلپە ئىشاننىڭ قېشىغا چاققانلىق بىلەن كەلدى ـ دە،
بېشىنى يۆلەپ تىزىغا ئالدى. ئىشان لەۋلىرىنى چىشلەپ قانتە-
ۋالغانمۇ ياكى ئاغزىدىن قان يانغانمۇ، جاۋغىيىدىن قان ئېقىپ
قالغانىدى. كۆزلىرىنىڭ گۇنى ئۆچۈپ، چىرايى ئۆلۈكنىڭ چىرا-
يىدەك سارغىيىپ كەتكەنىدى.
— پىرىم... نېمە بولدىلا، پىرىم؟ — دەپ ۋارقىرىدى
ئابدۇراززاق خەلپە ھۆركىرەپ يىغلاشتىن ئۆزىنى ئاران ـ ئاران
تۇتۇۋېلىپ.
ئىشان تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ تۇرۇپ ئۈ-
زۈپ ـ ئۈزۈپ سۆزلىدى:
— پولۇ بىلەن چايغا زوقۇم سېلىنغانمىكىن دەيمەن.

چى مۇلھىد قارا مۇسۇلمانلاردىن سىز پەدەرۇ بۇزرۇكنىڭ قىسا-
سىنى ئېلىپ، قانلىرىدا تۇگمەن چۆرگىلەتمىسەم، پوستلىرىغا
سامان تىقىپ، پۇت - قوللىرىنى كېسىپ كۆتەك قىلىۋەتمىسەم
ۋە ئاختا قىلىپ، ناجىنسلار توپىغا قېتىۋەتمىسەم، سىزنىڭ پۇش-
تىڭىز بولماي كېتەي...

دەرگاھىغا باشىم قويۇپ ناله قىلسام،
كۆزيېشىمنى ئاققۇزىبان ژاله[1]قىلسام،
باياۋانلار كېزىپ ئۆزۈم ۋاله[2]قىلسام،
دوستلار، مېنى خوجام بەندەم دېگەيمىكىن[3]
ھۆم ئاللاھ ھۆم ھۆم،
ھۇۋۋى ئاللاھ ھۆم!
......

ھەزرەت خانىقاسىدىن ئاڭلانغان بۇ جەررە - ساما ساداسى
ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈپ قويدى. ئىشان
قىسقىلا دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ گۈمبەزنىڭ
سىرتىغا چىقتى. كېچە ئاسمىنى تولىمۇ سۈزۈك ئىدى. تولۇن
ئاي ئاسمان گۈمبىزىدە تەنھا ئۈزۈپ يۈرەتتى. ھىدايىتۇللا ئىشانغا
تولۇن ئاي پۈتكۈل ياغدۇ قەبرىستانلىقىغا نۇر - زىيا تۆكۈۋاتقان-
دەك تۇيۇلۇپ كەتتى. خانىقادىكى سوپى - دەرۋىشلەر توختىماي
ساما سېلىپ، تەلقىن ئېيتىۋاتاتتى:

قايدا بارسام ياد ئېتىپ يىغلىسام مەن،
خىزمىتىدە بېلىم مەھكەم باغلىسام مەن،

---

① ژاله — مۆلدۈر.
② ۋاله — ئاشىق.
③ بۇ كلاسسىك شائىر ئەھمەد يەسەۋىنىڭ شېئىرى.

سىلكىنىپ تۇرۇپ قەي قىلغاندىن كېيىن، خارتىتىدە بىرنى تىنىپ جان ئۈزدى، شۇ هامان قۇلاق - بۇرنىدىن سۇس قان كەلدى.

ئەسلىدە ئەشەددىي قىساسخور ئىسهاقىيە مۇرىتلىرىنىڭ خەلىپىسى سەئىدمۇهەممەد خوجىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن قوش گۆمبەزدە كۈتۈپ تۇرۇپ، خوجا مۇهەممەديۈسۈپ ئىشانغا «مۇرىت هىيلىسى» نى ئىشلىتىپ ئىشەندۈرۈپ، تامىقىغا زەهەر سېلىۋەتكەنىدى. ئابدۇراززاق خەلىپە تېخىچىلا ئۇخلاۋاتقان سوپى - دەرۋىشلەرنى ۋارقىراپ ئويغاتقاندىن كېيىن، سىرتقا چىقىپ ئۆي ئىگىسىنى ئىزدىدى، ئەمما هېچ يەردىن تاپالمىدى. ئۆي ئىگىسى هەمراهلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاللىبۇرۇن نەلەرگىدۇر غايىب بولغاندەك قىلاتتى...

باش ئەزان ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغانىدى. خوجا هىدايىتۇللا ئىشان تېخىچىلا دادىسى خوجا مۇهەممەد يۈسۈپ ئىشاننىڭ قەبرىسىگە بېشىنى قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى. ئاچچىق ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ يۈرەك باغرىنى خۇن قىلىپ، قەلبىدىكى ئاداۋەت گۈلخانلىرىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتكەنىدى. ئۇ ئۈنسىز نىدا قىلماقتا ئىدى:

— ئى جەننەتماكان پەدەرى بۇزرۇك، مەهشەرگاهتا خاتىرجەم ياتقايسىزكى، سىز كۆپ رىيازەتلەرنى چېكىپ روياپقا چىقىرىشقا ئۈلگۈرمىگەن بۈيۈك مەقسەتلەرنى مانا مەن روياپقا چىقىرىش ئالدىدا تۇرماقتىمەن. شاهزادە يولۋاسخان بىلەن دەهرىي سۇلتان ئابدۇللاخان ئوتتۇرىسىدىكى نىزا - ئاداۋەت گۈلخانلىرىنى بولدى دېگۈچە ئۇلغايتىپ، ئاتا - بالىنى بىر - بىرىگە دۈشمەنلەشتۈردۈم. ئۇلار هازىر ئۆزئارا خىرىس قىلىشىپ قىلىچ بىلىشىۋاتىدۇ. پات يېقىندا يولۋاسخاننىڭ تۈمەن كىشىلىك لەشكىرى ئاستانىگە قاراپ ئاتلىنىدۇ. ئاستانىدىكى ئاشۇ ئىسهاقىيە-

# ئۈچىنچى باب

# تەخت غوۋغاسى

## 1

مۇشۇ كۈنلەردە سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ كەيپى تولىمۇ چاغ ئىدى. ئوردىنى بىر قىسىم ئاسىي مۇناپىق ئەمىرلەردىن تازىلىغاندىن كېيىن، غەزىپى، گۇمانخورلۇقى خېلىلا بېسىلىپ قالغانىدى. قەشقەرگە ماڭدۇرغان ئايغاقچىلاردىن شاھزادە يولۋاسخاننىڭ تىنچىپ قالغانلىقىنى، باشقا خۇپىيانە ھەرىكەتلەردە بولماي ھەرىمىدە ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن بەزمىگە مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، خېلىلا خاتىرجەم بولدى ۋە ئاللادىن ئوغلىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ، تەۋپىق تىلىدى. ئوردا ئەركانلىرىمۇ ئەتىگەنلىك قوبۇلغا كىرگەندە شاھنىشىن ئىچىدە ئەركىن ـ ئازادە نەپەس ئالالايدىغان بولدى. ئەمما، ئاستاندىكى جىددىي ھالەت، ئوردا ئەركانلىرىغا، بولۇپمۇ لەشكىرىي ئەمىرلەرگە ئېلىپ بېرىلغان تەقىپ بوشاشتۇرۇلمىغانىدى.

لەشكىرىي ئەمىرلەر كۈندە ئىككى قېتىم خانغا كۆرۈنۈش قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ ئاستانىدىن خالىغانچە ئايرىلىشى چەكلەنگەنىدى. ئەلۋەتتە بۇ قاتتىق تەقىبنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا تېخى يېقىندىلا ئىككى مىڭ كىشىلىك لەش-

ھەسرىتىدە يۈرەك باغرىم داغلىسام مەن،
دوستلار، مېنى خوجام بەندەم دېگەيمىكىن[1].
ھۆم ئاللاھ ھۆم ـ ھۆم!
ھۇۋۋى ئاللاھ ھۆم!
......

ھىدايىتۇللا ئىشان بۇ جەررە ـ تەلقىن ساداسىغا قۇلاق سالغاچ خانىقاغا قاراپ تېز ـ تېز مېڭىپ كەتتى.

① بۇ كلاسسىك شائىر ئەھمەدىيەۋىنىڭ شېئىرى.

كۈن بويى ئوردا ئەركانلىرىنىڭ خۇشامەت، تەزىملىرى، سۈنئىي ھۆرمەتلىرى، ياسىما ھىجىيىشلىرى، بىر خىل يوسۇندا تەكرارلىنىدىغان زىيادە ماختاش، كۆككە كۆتۈرۈشلىرىدىن زې-رىككەن سۇلتان ئابدۇللاخان كىچىك بولسىمۇ ئۆز سۆزلۈك، ئەركىن پىكىر قىلىدىغان، خۇش چاقچاق، يېشىغا ۋە جىنسىغا ماس كەلمىگەن ھالدا ھاكىمىيەت، سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان بۇ قىزنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى.

شوخ، چېچەن، مەيلى كىچىك دېمەي ھەرقاند-داق ئادەمنىڭ نۇقسان، سەۋەنلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، تەنبىھ بېرىدىغان بۇ قىز خاننىڭ بىر خىل يوسۇندىكى بۇرۇقتۇرما ئوردا ھاياتىغا يېڭى مەزمۇن، يېڭى مەنە قوشقانىدى. مانا شۇ چاغقىچە ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ھېچقايسىسى شىكارغا چىققاندا سۇلتان ئابدۇللاخان بىلەن شىكار قىلىش، ئوقيا ئېتىشتا بەسلى-شىشكە پېتىنىپ باققان ئەمەس. ئەمما، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم خان بىلەن بىللە شىكارغا چىقىپ ئوقيا ئېتىشتا بەسلىشەتتى، ھەتتا خاننى يېڭىۋالغانىدى. خان مۇشتۇمدەك قىزنىڭ مەرگەنلى-كىگە دەرھال قول قويدى. بۇ ئىش خانغا بەكمۇ يېڭى ۋە كۆڭۈل-لۈك تۇيۇلدى. يېڭىلىق يالغۇز بۇلا ئەمەس. ئۆزىنى پۈتكۈل سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدە شاھماتنىڭ پىرى دەپ ھېسابلايدىغان خان مەلىكە بىلەن شاھمات ئويناشتا بەسلىشىۋىدى، ئون قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا مات بولدى. قايىل بولماي ئۇدا بەش قول تۇتۇشۇۋىدى، ئۈچ قول يېڭىلدى، ئىككى قول تەڭلەشتى. بىرەر قېتىممۇ بولسا ئۇتۇققا ئېرىشەلمىگەن ئابدۇللاخان، شۇنچە يىل-لاردىن بېرى ئوردا ئەركانلىرى بىلەن ئوينىغان نۇرغۇن شاھمات-لىرىدا ھەر قېتىمدا غالىب چىققانلىقىدىن گۇمانلاندى. ئاشۇ خۇشامەتچى ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئۆزىگە قەستەن يېڭىلىپ بەر-گەنلىكىگە، ئۆزىنى مات قىلىشقا ماھارىتى يېتىپ تۇرۇپمۇ جۈر-ئەت قىلالمىغانلىقىغا ئىشەندى ۋە ئۆزىنىڭ خېلى نۇرغۇن ئىشلاردا

كىرى بىلەن خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ، قەشقەرگە شاھزادە يولۋاسخاننى پاناھداپ قېچىپ كەتكەن ئەمىر مىرزا يۇسۇپبەگ ۋەقەسىنىڭ سەۋەب بولغانلىقىنى ھەممە بىلەتتى. بارلىق چوڭ ـ كىچىك ئوردا ئەركانلىرى دەككە ـ دۈككە ئىلكىدە ھەربىر قەدىمىنى ئاۋايلاپ بېسىشاتتى.

بۈگۈن ئەتىگەنلىك قوبۇلدىن كېيىن لالىزار راۋاقنى كۆڭلى تارتىپ قالغان سۇلتان ئابدۇللاخان تۇرپاندىن كەلگەن جىيەن قىزى مەلىكە مۇھتەرەم خېنىمنى چاقىرىپ كېلىشكە چاپارمەن ئەۋەتتى.

مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم لالىزار راۋاققا يېتىپ كەلگەندە ئابدۇللاخان كۆل بويىدىكى شاھانە سۇپىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ مەلىكىنى كۆرۈپ، چىرايىغا يېقىملىق تەبەسسۇم يۈگۈرتتى. مەلىكە بېشىغا ئالتۇن ئوتۇغات قىستۇرۇلغان مەرۋايىت دوپپا كىيىۋالغان بولۇپ، قىرىق تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان سۇمبۇل چاچلىرى يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

ئەتلەس كۆڭلەك ئۈستىدىن باغلىۋالغان قاشتېشى كەمىرىگە سۇلتان ئابدۇللاخان ھەدىيە قىلغان ئالتۇن ساپلىق خەنجەرنى ئېسىۋالغانىدى. قىزنىڭ نازۇك قەددىگە ماس كەلمىگەن يوغان خەنجەر ھەربىر قەدەم ئېلىشىغا ماسلىشىپ، يەڭگىل پۇلاڭلايتتى. مەلىكە ئاشۇ تۇرقى بىلەن سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ كۆزىگە لالىزار راۋاقنىڭ گۈلزارلىقىدا بەخىرامان ئۇچۇپ يۈرگەن رەڭدار كېپىنەكتەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خان ئاتا، — دېدى مەلىكە خاننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، ئىككى قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ ئېھتىرام بىلدۈرۈپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېلىڭ، مەلىكەم، — دېدى خان قىزغا ئاتىلارچە مېھرى بىلەن قاراپ، — كېلىڭ، قېشىمغا كېلىپ ئولتۇرۇڭ.

قىنىمۇ تامامەن ئېسىدىن چىقىراتتى ـ دە، بەئەينى بىر تەنتەك بالىغا ئايلىنىپ قالاتتى. بىر ئاز بولسىمۇ ھاكىمىيەت، يۇرتدارچىلىق غېمىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنى ئەركىن ـ ئازادە سېزەتتى. ۋۇجۇدىدىكى غەم، يۈرىكىدىكى دەرد ـ ھەسرەتلىرى يوقىلىپ، ۋۇجۇدىنى خۇشاللىق، كۆڭۈل ئازادىچىلىك ئىگىلەيتتى. ئەمما يالغۇز قالغان چاغدا مۇشتۇمدەك بىر قىزنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى، ئىلىم ـ كامالىنى، ساداقىتىنى ئوغۇللىرىغا، بولۇپمۇ چوڭ ئوغلى شاھزادە يولۋاسخاننىڭ ئەقىل ـ پاراسەت، ئىلىم ـ كامالەت، ئەخلاق ـ پەزىلىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ مەيۇسلىنەتتى، ھەسرەتلىنەتتى. شۇ سەۋەبلىكمۇ تەڭرى ئەر ھىممەتلىك قىلىپ ياراتقان بۇ قىزنى ھەرگىزمۇ كىچىك بالا قاتارىدا كۆرمەيتتى، چوڭ ئادەملەردەك كۆرۈپ ھۆرمەت قىلاتتى. قىزنىڭ بالىلىق قىلىپ ئەركىلەشلىرىدىن، خۇيلىنىشلىرىدىن ھۇزۇر ئالاتتى. چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ قاقاقلاپ كۈلەتتى. كۈنگە بىر ۋاخ بولسىمۇ مەلىكە بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ غىزالانمىسا، يېگەن تائاملىرى ئاغزىغا تېتىمايتتى، كۆڭلى پەرىشان بولاتتى، خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشاش خۇيلىناتتى، ئەتراپىدىكى مەھرەملىرىگە ئورۇنسىز ئازار بېرەتتى.

سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ بۇ قىلىقىدىن چوڭ خانىش ۋە بىر قىسىم ئەمىرلەر نارازى ئىدى. «بىر ئەلنىڭ خاقانى بولغان كىشى خانلىق سۇر ـ ھەيۋىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ كىچىككىنە بىر قىز بالا بىلەن دوست بولۇپ، ئويۇن ـ تاماشىغا مەشغۇل بولسا سالاپىتىگە نۇقسان يېتىدۇ. شاھانە شەۋكىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ» دەپ غۇدۇرىشاتتى، ئەمما كۆڭۈللىرىدىكى بۇ خىياللىرىنى خانغا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

تۇرپاننىڭ نائىب ئەمىرى سەئىد باباخان سۇلتاننىڭ ئاغىچىسى شەمشىبانۇ مەلىكە بولسا قىزنىڭ سۇلتان ئابدۇللاخان بىلەن زىيادە يېقىنلىقىدىن كۆڭلى ھەم خۇشال، ھەم يېرىم ئىدى.

باشقىلاردىن مۇتلەق ئۈستۈن تۇرمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. ناۋادا مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا يولۇقمىغان بولسا ئۆزىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەقىل - پاراسەت ۋە ھەرقانداق ئىشتا، ھەرقانداق ئادەمدىن ئۈستۈن تۇرىمەن دەپ ھېسابلاپ ئۆتۈپ كېتەر ئىكەن. مانا ئۇ ساختا غالىبلىقنىڭ خۇشاللىقىدىن ھەقىقىي مەغلۇبىيەت-نىڭ لەززىتى ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى، يېڭىلىش، نائۈمىدلىك، خىرىس ۋەھىمىسىدە ئويىنالغان سىنىشىشلارنىڭ ھاياتقا باشقىچە مەنە، خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغانلىقىنى بىلدى. شۇڭلاشقا، سۇلتان ئابدۇللاخان بىردەم ئارام تاپسىلا مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنى يېنىغا چاقىرتاتتى، مەلىكىنىڭ خان ھېس قىلغان ئارتۇقچىلىقلى-رى يالغۇز بۇلا ئەمەس. خان مەلىكىنىڭ يېقىملىق ئاۋازىدىن نەۋائى، لۇتپى، جامى، ئۆمەر ھەييام، قىدىرخان يەركەندى، سەككاكى، مەۋلانا يۈسۈپ، سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىد-خان، مومىسى مۇقامشۇناس، شائىرە، خانىش ئامانىساخانلارنىڭ شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدۇرۇپ ئاڭلايتتى. مەلىكىنىڭ يۇمران قوللىرىدا قومۇش قەلەم بىلەن قەغەز يۈزىگە چۈشۈرگەن گۈزەل ھۆسنخەتلىرىدىن زوقلىناتتى ۋە ئۆزىمۇ قولىغا قومۇش قەلەمنى ئېلىپ ھۆسنخەت ماھارىتىنى مەشىق قىلاتتى. تىل - ئەدەبىيات، فەلەكىيات، ھېساب، ئىلمىي نۇجۇم، لەشكىرىي ئىلىم ... قاتارلىق پەنلەر ھەققىدە كۆز قاراشلىرىنى شەرھلەپ مۇنازىرىلىشەتتى، ئوقۇغان كىتابلىرى ھەققىدە دەتالاش قىلىشات-تى. مەلىكىنىڭ ئەجدادلارنىڭ سەلتەنەت تىكلەش يولىدا ئېلىپ بارغان ھەربىي يۈرۈشلىرى، ئۇرۇش سەنئىتى، قوللانغان تەجرى-بىلىرى ھەققىدىكى باياتلىرى سۇلتان ئابدۇللاخاننى ھەم ھەيران قالدۇراتتى، ھەم قايىل قىلاتتى. ئىككىسىنىڭ لەشكىرىي تەد-بىر، جەڭنامىلەر ھەققىدىكى مۇنازىرىلىرىنىڭ كۆپىنچە ئايىغى چىقمايتتى. بۇنداق چاغدا ئابدۇللاخان ئۆزىنىڭ سۇلتانلىقىنىمۇ، قىرانلىق دەۋرىدىن ھالقىغان چوپچوڭلا بىر ئادەم بولۇپ قالغانلى-

ئاجىزلىقى، يېڭىلىدىغان ۋاقتى بولىدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما بۇنداق غەلىبە ـ نۇسرەت كۆپىنچە تەدبىرلىك، پاراسەتلىك، ماھارەتلىك سەركەردىلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ، — دېدى مەلىكە ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — قاراملاردا كۈچلۈك رەقىبىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلىۋالغۇدەك پاراسەت نېمە ئىش قىلسۇن.

ئۇلار ئەنە شۇنداق مۇنازىرىلىشىپ، شاھمات ئۇرۇقىنى تىزىپ تۇرۇشىغا، ئاستانە ئەمىرى، قوشۇمچە ئاستانە مۇھاپىزەتچىلەر لەشكەرگاھىنىڭ سەركەردىسى مىرزا باباقبەگ يېتىپ كەلدى ـ دە، خانغا سالام بەردى.

— نېمە ئىش؟ —دېدى ئابدۇللاخان كەيپىسىزلەنگەن ھالدا قاپىقىنى تۈرۈپ.

— ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، قەشقەردىن مەخپىي مەلۇمات كەلدى. شاھزادە يولۋاسخان ئاستانىگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كۆرۈۋېتىپتۇ، — دېدى مىرزا باباقبەگ جىددىي يوسۇندا.

— نېمە؟ شاھزادە ئاستانىگە لەشكەر تارتىپ كېلەمدىكەن؟ — دېدى ئابدۇللاخان چۆچۈگەن ھالدا. ئۇ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن چارلاشقان قويۇق ساقاللىرىنى تۇتاملىغىنىچە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — يا ھەزرەت، بۇ شاھزادىدە ئىنساپ، تەۋپىق دېگەن نەرسىلەر راستتىنلا قالمىغانمىدۇر.

ھېچكىمدىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن خان مىرزا باباقبەگدىن سورىدى:

— بۇ خەۋەر ئىشەنچلىكمۇ، ئەمىرىم، يەنە ئالدىراقسانلىق قىلىپ، ئىلگىرىكىدەك دوستلارنى يىغلىتىپ، دۈشمەننى كۈلدۈرىدىغان ئىشلارنى قىلىپ يۈرمەيلى دەيمەنا.

— مەلۇمات ئىشەنچلىكتۇر، ئادالەتپاناھىم، — دېدى مىرزا باباقبەگ گەپنى ئۈزۈپلا ۋە يېنىدىكى ئوق قېشىنىڭ ئۈستىدە بىر

خۇشاللىقى قىزىنىڭ چوڭ خانىنىڭ نەزىرىگە ئىلىنىشىپ، ئەتىۋارلىنىۋاتقانلىقى، ئەمما ھەرەمدىكى خانىش ئايىم، شاھبانۇ، مەلىكىلەرنىڭ تارلىق قىلىپ، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ كەيىنىدىن، ئىسىلزادىلەرگە خاس نازاكىتى، مەلىكىلەرگە خاس لاتاپىتى يوق دەپ غەيۋەت قىلىشىلىرىدىن كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولاتتى، ئەمما قىزىنى خان تاغىسىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى.

— بۈگۈن سىز بىلەن شاھماتتا راۋۇرۇس بىر قول تۇتۇشۇپ باقاي دەيمەن، قىزىم، — دېدى ئابدۇللاخان.

— يېقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ دەپ، يەنە شاھمات خۇمارلىرى تۇتۇپتۇ - ھە، خان ئاتا، —دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ۋىلىقلاپ كۈلۈپ، — بوپتۇ، بۇ دورەم سىلى بىلەن پەرزىنىنى ئېلىۋېتىپ ئويناي، مېنى بىر قول يېڭىۋالغان بولۇپ كۆڭۈللىرىنى ئارام تاپقۇزسىلا.

— بىلىپ قويۇڭ، قىزىم، خان تاغىڭىز ئەزەلدىن سەركەردىسى يوق لەشكەر بىلەن جەڭ قىلغان ئەمەس.

— سەركەردىسى يوق لەشكەر بىلەن جەڭ قىلسا، ئاسان يېڭىۋالغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ، خان ئاتا.

— بۇنداق غەلىبىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى. بۇ دېگەن ئويئوچۇقلا ئاجىزلارنى بوزەك ئەتكەنلىك، نامەردلىك، ھەرگىزمۇ باھادىرلىق ئەمەس.

— رەقىبىنىڭ ئۆزدىن قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇرۇش ئېلان قىلىشچۇ، ئەمىسە؟

— قاراملىق، — دەپ كۈلدى ئابدۇللاخان.

— ياق، نادانلىق، — دەپ كۈلدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم.

— گاھى قاراملىقمۇ غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ، — دېدى سۇلتان ئابدۇللاخان قايىل بولماي، —كۈچلۈك رەقىبنىڭمۇ

باھادىرنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ.
يىگىت قەشقەردىكى بەزمىخانىدا گۈلشەن بىلەن كۆرۈشكىنىنى يوشۇرغاندىن باشقا، گۈلشەننىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان شاھزادە يولۋاسخاننىڭ بارلىق مەخپىيەتلىكلىرىنى ۋە ئەتىسى يولۋاسخاننىڭ ئوردا مەھرەملىرىدىن ئېرىشكەن مەلۇماتلارنى تولۇقى بىلەن سۆزلەپ بەردى ھەمدە ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ شاھزادە يولۋاسخانغا ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى مۇرىت - مۇخلىسلىرىدىن بىر سوپى لەشكەرلەر قوشۇنى تەشكىللەپ قورالландۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئاستانە، مەكىت، مارالبېشى، قارغىلىق، پوسكام ... قاتارلىق يۇرتلاردىكى مۇرىتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن خەلىپە، سۇلۇك مەسئۇللىرىنى ماڭدۇرغانلىقىنىمۇ قوشۇپ قويدى.
— شۇنچە كۆپ لەشكىرىي مەخپىيەتلىكلەرنى قانداق بىلدىڭ، باھادىر يىگىت؟ غايىبنى بىلىش كارامىتىڭ بارمۇ يا سېنىڭ، — دېدى ئابدۇللاخان شىرئەلى باھادىرنىڭ سۆزلىرىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي.
شىرئەلى باھادىر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تەمتىرىمەيلا جاۋاب بەردى.
— ئالتۇن - كۈمۈش، زۇۋانسىزنىمۇ سۆزلىتىدىكەن، قىبلىگاھىم.
— مانا بۇ قارامىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆزىدىن كۈچلۈك رەقىبلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋالالايدىغان كاتتا پاراسەت. ئەقىل بىلەن تەدبىر بىرلەشسە ھەرقانداق مۇشكۈلاتنى يەڭگىلى بولىدۇ، خان ئاتا، — دېدى شىرئەلى باھادىرنىڭ تەدبىرىدىن قايىل بولغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم گەپ ئېلىپ ۋە ئۆزىنىڭ بايام ئابدۇللاخان بىلەن قىلغان مۇنازىرىسىدە كەلتۈرگەن دەلىلگە ئىشارە قىلىپ.
—قايىلمەن، قايىلمەن، — دېدى ئابدۇللاخان چىرايىغا

ئىلىك تارتۇقى بار تەمبەل يىگىتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ خەۋەرنى مانا بۇ سادىق سەركەردىلىرى قەشقەرگە بېرىپ ئۆز ئاغزى بىلەن ئەكەلدى.

— خان ئالىيلىرىنىڭ دۆلەتلىرى مەڭگۈ زىيادە بولغاي، سەلتەنىتى ئەبەدىلئەبەد روناق تاپقاي، — دېدى يىگىت مىرزا باباقبەگنىڭ گېپى تۈگىشى ھامان چاققانلىق بىلەن لەشكىرىي ياساق بويىچە يەكتىزلىنىپ خانغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ.

سۇلتان نەزىرىنى يىگىتكە قايتا ئاغدۇردى، بېشىدىن ئايىغىغىچە ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر تاشلىدى. يىگىتنىڭ ياشلىق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان بەستى سۇلتاننىڭ قايىللىقىنى قوزغىدى.

— ئىجازەت، — دېدى سۇلتان يىگىتنىڭ ئېھتىرامىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ۋە مىرزا باباقبەگدىن سورىدى، — بۇ باھادىر ئوغلان كىم بولىدۇ، ئەمىرىم؟

— ئاستانە قورۇقچى لەشكەرگاھى مىڭبېگى، ئۆزى تۆرلۈك جەڭ ماھارەتلىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن سەرخىل شەمشەرۋازلاردىن. ئىسمى شىرئەلى باھادىر. يېقىندا قەشقەر تەرەپتىن ئەھۋال بىلىپ كېلىشكە ماڭدۇرغانىدىم. تېخى بايىلا ئاستانىگە قايتىپ كېلىشى.

سۇلتان ئۇلارنى شاھ سۇپىغا چىقىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— ھە ئەمدى قەشقەردە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىڭنى خان ئالىيلىرىغا سۆزلەپ بەر، — دېدى مىرزا باباقبەگ يىگىتكە بۇيرۇق قىلىپ.

شىر ئەلى باھادىر سۆزلەشكە تەمشەلدىيۇ، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا قاراپ تەئەججۈپ ئىلكىدە توختاپ قالدى:

— سۆزلەۋەر، باھادىر يىگىت، مەلىكەم ئۇچۇن لەشكىرىي ئىشلارنى سىر تۇتماق بىھاجەت، — دېدى ئابدۇللاخان شىرئەلى

تۈرلۈك ئويۇن ـ تاماشا، بەزمە، نـاشـايان ئىشلارغا ئۆگەتكەن-
لىكىنى، شۇ سەۋەبلىك شاھزادە يولۋاسخاننىڭ ئۆسمۈر چېغىدىلا
بۇزۇلۇپ، ئەنە ئاشۇنداق بەتئەخلاق، رەھىمسىز، نەپسانىيەتچى،
ناشۈكۈر بولۇپ چوڭ بولغانلىقىنى زىنھار ئويلىمايتتى. مانا
مۇشۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبچىسى ئۆزى ئىكەنلىكىنى ھەرگىز خىيالى-
غا كەلتۈرمەيتتى.

— شاھزادىنىڭ پەيلى شۇ بولسا، بىزمۇ تەييارلىق كۆرۈپ
قويايلى، — دېدى ئابدۇللاخان چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ ۋە
ھەرقاچان يېنىدىن بىر قەدەم نېرى كەتمەيدىغان مۆھۈردارى،
قوشۇمچە پەرمانچىبەگكە قاراپ بۇيرۇق چۈشۈردى، — پەرمان!
پېشىندىن كېيىن بارلىق ئوردا ئەركانلىرى ھۇزۇرى مۇبارەككە
جەم بولغاي. لەشكىرىي ئىشلار توغرۇلۇق مەشۋەرەت قىلغايمىز.

— لەشكىرىي مەشۋەرەتكە مەنمۇ قاتناششام بولامدۇ، خان
ئاتا، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم چىرايلىق كېيىك كۆزلى-
رىنى خانغا ئىلتىجالىق تىكىپ.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، ئەقىللىق قىزىم، — دېدى ئابدۇللا-
خان مەلىكىگە ئىچ كۆيەرلىك بىلەن قاراپ.

مىرزا باباقبەگ سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ مەلىكە مۆھتەرەم
خېنىمغا بەرگەن بۇ ئىجازەتنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىدى. ئەمما
باياتىن بېرى مەلىكىنىڭ چاقماقتەك قىلغان ئورۇنلۇق سۆزلىرى-
دىن ھەيران بولۇپ تۇرغان شىرئەلى باھادىر مەلىكىگە قايىللىق
بىلەن قاراپ قويدى.

## 2

قەشقەر.

بۈگۈن شـاھزادە يـولۋاسخاننىڭ نائىب ئەمىرلىك ئوردا

سۈس كۆلكە يۈگۈرتۈپ.
ئىشقىيە سۇلۇكىدىكىلەرنىڭ شاھزادە يولۋاسخاننى تەخت
تارتىۋېلىشقا قۇترىتىۋاتقانلىقى ۋە بۇ ئىش ئۈچۈن كۈچ تەشكىل-
لەپ ھەمدەم بولماقچى بولغىنىنى ئاڭلاپ ئابدۇللاخان ئانچە ئە-
جەبلىنىپ كەتمىدى. چۈنكى، ئۇ ئەينى يىلى خوجا مۇھەممەديۈ-
سۈپ ئىشاننىڭ قوش گۈمبەزدىكى ئۆلۈمىدىن كېيىن ئىشقىيەچى-
لەرنىڭ ئۆزىنى ئىسھاقىيەچىلەرنى قانات ئاستىغا ئالدى،
ئۇلارنى سەلتەنەتنىڭ سۈرى بىلەن قوغدىدى، ھاكىمىيەتنى سۇ-
لۇك – مەزھەپتىن مۇستەسنا تۇتىمەن دېگەن ۋەدىسىگە ئەمەل
قىلمىدى دەپ ئاغرىنىپ، ئاداۋەت تۇتۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان
بىلەتتى. ئەمما ئۆز پۇشتىنىڭ ئەقىلسىزلىق قىلىپ، تەختتە
ئولتۇرۇشقا ئالدىراپ، ئۆز ئاتىسىغا قارشى قىلىچ يالىڭاچلاشقا
تەييارلىنىۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى خېلىلا ئەسكى بولدى، يۈرىكى
مۇجۇلدى. ئاتا – بالا تەخت تالىشىپ قىلىچ يالىڭاچلىشىپتۇ
دېگەن بەتنامغا قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ ۋۇجۇدى نومۇستىن
ئۆرتەندى.
«شاھزادە بۇنچە ناشۈكۈرلۈك قىلمىسىمۇ بۇ تەخت سەلتەنەت
شۇنىڭ ئىدىغۇ، ئاخىر. ئى ياراتقان ئاللا ئىگەم، قايسىبىر گۇ-
ناھلىرىم ئۈچۈن ماڭا بۇ مۈشكۈلاتلارنى، رەنجۇ ئەلەملەرنى راۋا
كۆرگەنسەن. ئۆز تىلىمغا چىققان كۆيدۈرگە بولدىغۇ بۇ بەتئەخلاق
شاھزادە....»
شۇ تاپتا سۇلتان ئابدۇللاخان 1639 – يىلى ئەمدىلا سەككىز
ياشقا كىرگەن شاھزادە يولۋاسخاننى تولىمۇ يەڭگىلتەكلىك بىلەن
قەشقەرنىڭ نائىب ئەمىرى قىلىپ بەلگىلىگەنلىكىنى، بۇ نارەسىدە
ئۆسمۈر ئۈچۈن ئاتا تەربىيىسى، موللا ئۇستاز تەلىمى تولىمۇ
زۆرۈر مەزگىل ئىكەنلىكىنى، ئاستانىدىن، خاندىن يىراق تۇرغان
قەشقەر ئەمىرلىرىنىڭ شاھزادىگە ئەدەپ – ئەخلاق، ئىلىم –
ماھارەت، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدىن تەلىم بەرمەي، شاھزادىنى

دىنى ئاستانىگە يۈرۈش قىلىشقا دەۋەت قىلغۇسى، ئاستانىگە باستۇرۇپ بارغانچە ئەشەددىي رەقىبى ئىسھاقىيەچىلەردىن ئاتا قىساسىنى ئالغۇسى، ئۇلارنى قىر - چاپ قىلىپ قانلىرىدا تۈگمەن چۆرگىلەتكۈسى كېلىپ تۇرسىمۇ، ئىچكى تۇيغۇسىنى زورىغا بېسىۋېلىپ، ئۆزىگە قەستەنگە سىرلىق تۇس بېرىپ ئالدىرىماي سۆزلىدى، — ئەمما زىيادە ئالدىراقسانلىقىمۇ پۇشايمان كەلتۇرگۈسىدۇر. بۈگۈن كېچە جەننەتماكان مازار پادىشاھى پەدەرۈ بۇزرۇكنىڭ مەقبەرىسىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ، ئەۋلىيا ماشايىخلار بىلەن مۇلاقەتتە بولغايمەن ۋە سەججادەنشىن①، كاراموتۇللا كاتىبىن②، بابام پىر بۇزرۇك مەخدۇم ئەزەم ھەزرەتلىرىنىڭ باتىنى ئالەمدىن③ بەرگەن رەھنەما بېشارەتلىرى بويىچە خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللىغايمەن، ئۇنىڭغىچە مۇددىئا - مەقسەتلىرىمىز قەتئىي خۇپىيانە تۇتۇلغايكى، ئاستانىدىكى قارا مۇسۇلمان مۇلھىدلار بىخەۋەر ھالەتتە غەپلەت ئۇيقۇسىنى ئۇخلىغاي، ئاللاتائالا شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ نۇسرەت تەلەيلىرىنى مەڭگۈ ئوڭ قىلغاي، ئىلاھا ئامىن!

ھىدايىتۇللا ئىشانغا ئەگىشىپ بارلىق ئەمىرلەر قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى. ئەپسۇسكى، ئىشاننىڭ لەۋلىرىنى مىتىلدىتىپ قىلىۋاتقان دۇئاسى «ئاللاھۇ ئەكبەر» گە بارماي تۇرۇپ سارايغا پالاقلاپ كىرگەن ھۆدەيچى شاھزادىگە مەلۇمات يەتكۈزدى.

— مەلۇم بولغاي، ئوردا پەرمانچىسى خان يارلىقىنى ئەكەلدى.

ھۆدەيچىنىڭ گېپى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە، سارايغا ئىككى قورۇقچىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىجازەتسىزلا كىرىپ كەلگەن ئوردا پەرمانچىسى نەپەس ئىشلەنگەن شاھانە قاپچۇقنى ئوڭ قولىدا

---

① سەججادەنشىن — سەجدىدە تۇرغۇچى، جايىنامازدا ئولتۇرغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى.
② كاراموتۇللا كاتىبىن — خۇدانىڭ كارامەتلىرىنى خاتىرىلىگۈچى.
③ باتىنى ئالەم — ئىچكى دۇنيا، يوشۇرۇن ئالەم.

كېڭەشخانىسىغا مۇھىم قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگ ـ سىپاھلىرى تولۇق يىغىلغانىدى. شاھانە تون ـ لىباسلارنى كىيگەن شاھزادە نائىب ئەمىرلىك تەختىدە مەغرۇر ئولتۇراتتى. تەختكە يېقىنراق جايغا يېيىلغان ئالاھىدە قويۇلغان مەخمەل كۇرسىدا خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان دادىسى خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشاندىن تەۋەررۇك قالغان كەھرىۋا تەسۋىنى تىنىمسىز سىيرىغىنىچە ئۆزىگە تەمەننا قويغان ھالدا، تاپىسدىكى ئەمىرلەرگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، شاھزادە يولۋاسخاندىن بەكرەك گىدىيىپ ئولتۇراتتى.

شاھزادىنىڭ ئەمىر لەشكىرى[1] ئىبىلشاھبەگ ئۆڭكى سېرىق، چوقۇر يۇزلۇك، قىزىل ساقاللىق، گەۋدىلىك كەلگەن قىرىق بەش ـ ئەللىك ياشلاردىكى كىشى سۆزلەۋاتاتتى:

— ئاستانە يۇرۇشىگە تاللانغان ئىككى تۇمەن لەشكەر بىر ئايلىق ئوزۇق ـ تۈلۈكى بىلەن تەق بولدى. بۇلارنىڭ بىر تۇمىنى ئاتلىق لەشكەر، قالغىنى پىيادە لەشكەر. ئۇنىڭدىن باشقا قۇتبىل ئەقتابى ئىشان پىر بۇزرۇكنىڭ مۇرىت ـ مۇرشىدلىرىدىن تەشكىللەنگەن سوپى لەشكەرلەرنىڭ سانىمۇ تۇمەندىن ئاشقانلىقى ئېنىقلاندى. ئۇلارنىمۇ مەشقاۋۇللار قوراللاندۇرۇپ، پۇختا مەشىق قىلدۇرۇپ چىقتى ۋە بىر ئاي يەتكۈدەك ئوزۇق ـ تۈلۈكى غەملەندى. ھازىر شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغىلا قاراشلىق قالدۇق.

شاھزادە يولۋاسخان رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ نەزىرىنى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانغا يۆتكىدى.

— جانابىي پىر بۇزرۇكۋارىمىز قۇتلۇق بىر كۈننى بەلگىلەپ بەرسە، ئاندىن پەرمان بەرگەيمىز.

— ۋاقىتنى كەينىگە سۇرۇشكە بولمايدۇ، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان تەكەللۇپسىزلا. گەرچە ئىشاننىڭ شۇ تاپتىلا شاھزا-

---

[1] ئەمىر لەشكەر — لەشكەر بېشى، باش سەركەردە دېگەن مەنىدە.

ئابدۇللاخان شۇنداق يارلىق قىلىمەنكى، پەرزەنتىم شاھزادە يولۋاسخانغا مۈلكى قەشقەر دىيارىنى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىپ، ئۇشبۇ ھۇدۇتلۇقنىڭ نائىب ئەمىرلىكىگە تەيىنلەنگەن ھەمدە ئۇنى ۋەلىئەھدى قىلىپ تاللىغانىدىم. ھالا بۇگۈنكى كۈندە پەرزەنتىم بولمىش ئول شاھزادە ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكرى - قانائەت قىلماي، يامانلارغا يانتاياق بولۇپ، سەلتەنىتىمىزنىڭ يوشۇرۇن ئەغيارلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ياخشى - ياماننى ئايرىماي، قەشقەر پۇقرالىرىغا كۆپ زۇلۇملارنى سالدىلەر. رەئىيەتنى چىداپ بولغۇسىز ئازابلارغا دۇچار قىلدىلەر ۋە يەنە بىزلەركىم پەدەرى بۇزرۇك خاقانغا بايقۇت قىلىپ، خۇتبىنى ئۆز نامىغە ئوقۇتۇپ، كەچۈرگۈسىز گۇناھىكەبىر سادىر قىلدىلەر. قەشقەر ھۇدۇتلۇقىدىكى رەئىيەتنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇش، بۈيۈك سەلتەنىتىمىزنىڭ شانۇ شەۋكىتىنى قوغداش بائىسىدىن، شاھزادىنىڭ قەشقەر دىيارىنىڭ نائىب ئەمىرلىك، سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ ۋەلىئەھدىلىك مەرتىۋىلىرىنى ئېلىپ تاشلاش، شاھزادىلىكىنى ساقلاپ قېلىپ، ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىش خۇسۇسىدا ئۇشبۇ يارلىق چۈشۈرۈلدى.

يارلىق تامام، ۋەسسالام.

پەرمانچىبەگ يارلىقنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاۋايلاپ شاھانە قاپچۇقىغا سالدى - دە، چىرايى تاتىرىپ، چىپ - چىپ تەرلەپ كەتكەن شاھزادە يولۋاسخانغا ھۆرمەت بىلەن قوش قوللاپ تەڭلىدى.

ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان شاھزادە يولۋاسخان ياغاچتەك قېتىپ قالغان بولۇپ، پەرمانچىبەگنىڭ قولىدىكى خان يارلىقنى ئېلىشنى ئېسىدىن چىقارغانىدى.

بىشىدىن ئىگىز كۆتۈرگىنىچە ئۇدۇل شاھزادە يولۋاسخاننىڭ ئال-
دىغا كېلىپ توختىدى - دە:
— پەرمانى ئالىي! — دەپ جاراڭلىق ئاۋازدا توۋلىدى.
تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن شاھزادە يولۋاسخانمۇ، تېخى
باشلىغان دۇئاسىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا ئۈلگۈرمىگەن ھىدايىتۇللا
ئىشان ۋە باشقا ئەمىرلەرمۇ ئالىقانلىرىنى ئىگىز كۆتۈرۈشكىنىچە
قېتىپلا قىلىشتى.
پەرمانچىبەگ يەنە بىر قېتىم سۈر - ھەيۋە بىلەن توۋلىدى:
— پەرمانى ئالىي! قەشقەرنىڭ نائىب ئەمىرى شاھزادە يول-
ۋاسخان يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاي.
نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ دەۋەت ۋە رىغ-
بەتلىرى نەتىجىسىدە قاپ يۈرەكلىك بىلەن دادىسى سۇلتان ئاب-
دۇللاخانغا بايقۇت قىلىپ ئۆزىنى خانۇ خاقان دەپ جاكارلاپ،
تېرىسىگە سىغماي قالغان شاھزادە يولۋاسخان مانا ئەمدى ھەقىقىي
سەلتەنەتنىڭ سۈر - ھەيۋىسىدىن چۆچۈپ ئىسىگە كەلدى - دە،
ئىختىيارسىز ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، پەرمانچىبەگنىڭ ئالدىغا
كېلىپ، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە قول باغلاپ تۇردى.
شاھزادىگە ئەگىشىپ باشقا ئەمىرلەرمۇ دۇررىدە ئورنىدىن
تۇردى - دە، قاتار ئىككى سەپ بولۇپ تىزىلىپ قول باغلاشتى.
ھىدايىتۇللا ئىشانمۇ دۇئاسىنى چالا پېتى تاشلاپ قويۇپ،
شاھ سۇپىسىدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ قول باغلاپ تۇرۇشقا مەجبۇر
بولدى. پەرمانچىبەگ شاھانە قاپچۇقتىن بىر يۆگەم يېشىل رەڭ-
لىك قەغەزنى ئاۋايلاپ ئالدى - دە، ئاۋازىنى ۋەزمىنلىك بىلەن
دانە - دانە چىقىرىپ خان يارلىقىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

يارلىق:
بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم.
مەنكى بۈيۈك سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ خاقانى سۇلتان

شۇ هامان سىرتتىن بىر توپ نۆكەرلەر ئېتىلىپ كىردى - دە، پەرمانچىبەگ بىلەن ئىككى قورۇقچىنىڭ قوللىرىنى قايرىپ يەرگە باستى.

— ماڭ، دەرھال ئاستانىگە قايتىپ خان ئاتامغا مەلۇم قىل. مەن ئۆزۈمنى ئاللىقاچان خان دەپ جاكارلاپ بولغانمەن. خان ئاتامنىڭ ھەرقانداق يارلىق - پەرمانلىرىنى ئېتىراپ قىلمايمەن. چىرايلىقچە تەختنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بەرسۇن، ئۇنداق قىلمايدىكەن، لەشكەرلىرىم بىلەن مەجبۇرىي تارتىۋالىمەن، — دېدى يولۋاسخان ھاياجانلانغان ھالدا قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەپ، — كېلىڭلار، مۇنۇ پەرمانچىنىڭ تون - سەرپايلىرىنى تامامىي سالدۇرۇۋېلىپ، شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىغىچە قوغلاپ چىقىرىڭلار.

نۆكەرلەر پەرمانچىبەگ بىلەن ئىككى قورۇقچىنى سىرتقا سۆرىگىنىچە ئاچىقىپ كەتتى. شاھزادە يولۋاسخاننىڭ يېنىدا گىدىيىپ تۇرغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان رازىمەنلىك بىلەن چىرايىغا سۇس كۈلكە يۈگۈرتتى.

## 3

تۈن نىسپى.

قارا لىباسقا پۈركەنگەن ھېمىتىنىڭ سېيى تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. مەغرىب تەرەپتىكى كۆيۈك تاغ بىلەن مەشرىق تەرەپتىكى يۇرت - مەھەللە ئوتتۇرىسىدىكى كەڭرى كەتكەن تاقىر سايلىقنى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قەشقەرگە جازا يۈرۈشىگە ماڭغان خان لەشكەرلىرى تولۇق ئىگىلىگەن بولۇپ، داق يەرنى سېلىنچا، كۆك ئاسماننى يېپىنچا قىلىپ، خۇددى سايىنىڭ تېشىدەك يېتىش-

— يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغايلا، شاھزادەم، — دېدى پەرمان-
چىبەگ ئاۋازىنى ئۇنلۇكرەك چىقىرىپ.

يولۋاسخان چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى - دە، يارلىقنى قوش قوللاپ ئالدى. شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ كاللىسى قۇپقۇرۇق ئىدى. ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى، نېمە قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى.

يارلىق ئوقۇلۇشقا باشلىغاندا خۇددى چايان چېقىۋالغاندەك بىر ئىزىدا تۇرالماي قالغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان پايپاسلاپ شاھزادىنىڭ قېشىغا كەلدى - دە، شاھزادىنىڭ گەۋدىسىنى مېھ- رىبانلىق بىلەن قۇچاقلاپ تۇرۇپ، تۇمشۇقىنى قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ، خۇددى سېھىر - ئەپسۇن ئوقۇۋاتقاندەك پىچىرلىدى. پىچىرلىغاچ شاھزادىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاپىرىپ تەختتە ئول- تۇرغۇزدى، ئولتۇرغۇزۇۋېتىپمۇ پىچىرلاشنى توختاتمىدى. بۇ ھالەت شۇنداقلا قارىغان كىشىگە ئىشان گويا ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالغان شاھزادىگە ئايەت ئوقۇپ دەم سېلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. مانا ئاستا - ئاستان مۆجىزە يۈزبەردى. يولۋاس- خانىنىڭ تاتارغان چىرايىغا بىردىنلا قان يۈگۈردى، تۈگۈلۈپ - سولىشىپ كەتكەن قەددى قايتىدىن رۇسلاندى، ئاجىز پىلىلداپ قالغان كۆزلىرى ئاۋۋال روھلۇق چاقنىدى، كېيىن دەھشەتلىك چەكچەيدى. چىرايىدىكى پەرىشانلىقنىڭ ئورنىغا سۇر - ھەيۋە، تەكەببۇرلۇق ئالماشتى. غايىبتىن بىر كۈچ - مادار بېغىشلىغان- دەك چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، قولىدىكى خان يارلىقى سېلىنغان شاھانە قاپچۇقنى يەرگە غەزەپ بىلەن ئاتتى.

— ئەدەپسىزلىك قىلمىسىلا، شاھزادەم، ئۇ دېگەن قىبلىگا- ھىمىزنىڭ شاھانە يارلىقى، — دېدى پەرمانچىبەگ شاھزادىنىڭ بۇ قىلىقىغا چىداپ تۇرالماي.

— نېمە دېدىڭ؟ سەن ماڭا تەنبىھ بەرگۈدەك كىمتىڭ شۇن- چە؟ — دېدى شاھزادە غەزەپ بىلەن ھۆركىرەپ، — ھاي قاي- سىڭلار بار، تۇتۇڭلار مۇنۇ بەتبەختنى.

جارائىلغان ئەزان ئاۋازى پۈتكۈل سايىنى لەرزىگە كەلتۈردى.

لەشكەرلەر ئۇخلاۋاتقان ئورنىدىن بۇيرۇقسىزلا چەبدەسلىك بىلەن تۇرۇشتى ـ دە، دالدا جايغا ئۆتۈپ تەرەت سىندۇرۇپ بولۇپ، تەييەمۇم[1] قىلىشقا باشلىدى ۋە ھەرقايسى قىسىملار ئۆزلىرىنىڭ ئىماملىرىنىڭ كەينىگە سەپ بولۇپ تىزىلىپ قىبلىگە يۈزلەنگىنىچە بامدات نامىزىنى ئۆتەشكە كىرىشتى.

ئۇزاق ئۆتمەي لەشكەرلەرگە ناشتىلىق تەييارلاش ئۈچۈن ئوت يېقىلغان يۈزلىگەن ئوچاقلاردىن كۆتۈرۈلگەن كۆكۈچ ئىس پۈتكۈل سايىنى قاپلىدى. بامدات نامىزىنى ئۆتەپ بولغان لەشكەرلەرنىڭ سۆزلىشىۋاتقان، كۈلۈشۈۋاتقان، چاقچاقلىشىپ ۋارقىراشقان ئاۋازلىرى ھەممە يەردىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

يۈز نەپەر خاس نۆكەرنىڭ قاتتىق مۇھاپىزىتىدە تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنىدىغان بارگاھى ئالىينىڭ[2] تۆر تەرىپىدىكى ئوتقاشتەك گىلەمنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان تەتللا كۆرپە ئۈستىدە ئەمىرى كەبىر[3] ھىندىقۇش مىرزا سالاپەت بىلەن ئولتۇراتتى. چاچ ـ ساقاللىرى ئۈچتەك ئاقارغان، يەتمىش ياشلاردىن ئاشقان بۇ پېشقەدەم سەركەردە ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ پەرمانىغا بىنائەن قەشقەرگە جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇننى باشلاپ چىققانىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ سۈرلۈك تۇرقىدىن تېخىچىلا كۈچ ۋە جاسارىتىدىن قالمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان كىمخاب داستىخاننىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىدىكى كۆرپىلەردە ئىلغار[4]، جەۋانغار[5]، بەرانغار[6]، يەزەك[7]، ھەزار[8] ۋە ياتىش قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرى ئورۇن ئې-

① تەييەمۇم — سۇ يوق ۋاقىتتا توپىدا ئېلىنىدىغان تەرەت.
② بارگاھى ئالىي — باش لەشكىرىي قوماندانىنىڭ چېدىرى.
③ ئەمىرى كەبىر — ئەڭ ئالىي لەشكىرىي قوماندان.
④ ئىلغار — ئالدىن يۈرگۈچى قوشۇن.
⑤ جەۋانغار — ئوڭ قانات قوشۇن.
⑥ بەرانغار — سول قانات قوشۇن.
⑦ يەزەك — ئالدىن يۈرۈپ چارلىغۇچى قوشۇن.
⑧ ھەزار — مىڭ كىشىلىك قوشۇن.

قىنىچە شېرىن ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى. ھەر ئەللىك قەدەم ئارى-
لىقتا بىردىن قويۇلغان قاراۋۇللارنىڭ ئۇيقۇسىراپ، ئېزىلىپ
ئەسنەشلىرى كېچە تىمتاسلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئۇيقۇسىنى
قاچۇرۇش ئۈچۈن تۆت - بەش قەدەم دائىرە ئىچىدە توختىماي
مېڭىپ - مىدىرلاشلىرىنى تۈن قاراڭغۇسىدا خىرە - شىرە ئىلغا
قىلغىلى بولاتتى.

تومۇز ئايلىرىدىكى قۇياش تەپتىدە كۈندۈزى تونۇردەك قى-
زىپ كەتكەن بۇ ساي مانا ھازىر تاغ تەرەپتىن ئەسكەن غۇر -
غۇر شامالدا ئوبدانلا سوۋۇپ قالغان بولۇپ، ئادەمگە باشقىچە بىر
ھۇزۇر بېغىشلايتتى.

ئېگىزرەك بىر دۆڭگە جايلاشقان ياتىشبەگ چېدىرىدىن ئون
نەچچە لەشكەرنى ئەگەشتۈرۈپ چىققان ياتىش بېشى ئۇخلاۋاتقان
لەشكەرلەرنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن يەڭگىل قەدەم ئېلىشقى-
نىچە، قاراۋۇللارنىڭ ئۇخلاپ قالغان - قالمىغانلىقىنى، ئۆز
ئورنىدا بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ چىققانىدى. ياتىش بېشىنىڭ
يېقىنلاپ كەلگىنىنى كۆرگەن قاراۋۇللار جىددىي ئەھۋال كۆرۈل-
سە ئۇخلاۋاتقان لەشكەرلەرنى ئويغىتىدىغان مىس تىۋىلدىبازىنى
قولىغا ئېلىپ، لەشكىرىي ياساق بويىچە جىددى يوسۇندا
ۋارقىردى.

— ئوران①!

— بېھىش نېمىتى، — دېدى ياتىش بېشى قاراۋۇلغا بۈگۈن-
كى كېچىلىك پارولنى ئېيتىپ بېرىپ.

قاراۋۇل خاتىرجەم بولغان ھالدا چارلىغۇچىلارنى ئۆتكۈزۈ-
ۋەتتى.

— ئاللاھۇئەكبەر! ئاللاھۇئەكبەر!...

شەرقىي ئۇپۇقنىڭ ئاستا - ئاستا سۈزۈلۈشىگە ئەگىشىپ

---

① ئوران — پارول.

نەپىس ئىشلەنگەن تېرە خەرىتىنى يايدى ـ دە، خەرىتىگە بىر ھازا قاراپ چىققاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان سەركەردىلەرگە سۆزلىدى.

— بىز بۈگۈن ئاسىي لەشكەرلەر بىلەن ئەڭ كېچىككەندىمۇ قىزىلنىڭ[①] ئۇ تەرىپىدىكى سايدا ئۇچرىشىدىغان ئوخشايمىز، — ھىندىقۇش مىرزا شىرئەلى باھادىرغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سەركەردە، سىز ھازىرلا يەزەك قوشۇننى باشلاپ يولغا چىقىڭ، قىزىلنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى سايدا بىر ئېقىن بار. سىز لەشكەرلىرىڭىز بىلەن توختىماستىن ئىلگىرىلەپ، ئاشۇ ئېقىنىنىڭ بويىغا قارارگاھ قۇرۇڭ. گىياھسىز، سۇسىز ئۇ تاقىر سايدا بۇ ئېقىن بىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. بۇ قېتىمقى جەڭدە نۇسرەت قازىنىش ـ قازىنالماسلىقىمىز ئاشۇ ئېقىنغا باغلىق، ناۋادا ئاسىي قوشۇن بىزدىن بۇرۇن ئۇ ئېقىننى ئىگىلىۋالسا، لەشكەرلىرىمىز ھەرقانچە باھادىر بولسىمۇ ئۇسسۇزلۇقتىن قىرىلىپ كېتىدۇ، ناۋادا ئېقىننى ياۋغا تارتقۇزۇپ قويسىڭىز، كاللىڭىز بىلەن جاۋاب قىلىسىز.

— پەرمانبەردارمەن، — دېدى شىرئەلى باھادىر دەس ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ھېلىقى غەلۋىخور مەلىكە ئورنىدىن تۇرمىدىمۇ تېخىچە؟ — سورىدى ھىندىقۇش مىرزا مېڭىشقا تەمشەلگەن شىرئەلى باھادىرنى توختىتىۋېلىپ.

— بامداتتىن كېيىنلا نۆكەرلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كەتكەن. ھازىر ناشتا قىلىۋاتامدىكىن ئېھتىمالىم، — دېدى شىرئەلى باھادىر.

— ئۇ بۈگۈن سىز بىلەن بىللە يولغا چىقسا بولمايدۇ. ئۇنى دەرھال مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتىۋېتىڭ. گېپىڭىزگە كىرمىسە،

---

① قىزىل — ھازىرقى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى، ھېمىتىنىڭ سېيىغا جايلاشقان.

لىشقان بولۇپ، ناشتا قىلىشقاچ لەشكىرىي ئىشلار توغرۇلۇق كېڭەش قىلىشىۋاتاتتى.

— ئايغاقچىلارنىڭ كېچە خەۋەر ئېلىپ كېلىشىچە، — دەپ سۆزلەۋاتاتتى يەزەك قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى شىرئەلى باھادىر، — ئۇ سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىدە يەزەك قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىكىگە كۆتۈرۈلگەنىدى، — شاھزادە يولۋاسخاننىڭ ئىككى تۈمەن كىشىلىك ئاسىي قوشۇنى ئەلىشاھبەگ، ئەلىقۇلبەگ قاتارلىق ئاكا - ئۇكا ئەمىرلەرنىڭ ئەمرۇل - ئۆمىرالىقىدا يولغا چىقىپ، تۈنۈگۈن يېڭىسارغا يېتىپ كەپتۇ. بۈگۈن ئۇلار بىلەن روبىرو كېلىدىغان ئوخشايمىز.

— شاھزادە لەشكەرلىرىنىڭ سانى خاتا ئەمەستۇر - ھە، سەركەردەم؟ — دەپ سورىدى ھىندىقۇش مىرزا يەنە قايتىلاپ.

— يوقسۇ، ھەرگىز خاتا ئەمەس، — جاۋاب بەردى شىرئەلى باھادىر، — ئۇلارنىڭ كەينىدە خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ موللا ساقى، موللا نەقى ئىسىملىك خەلىپىلىرىنىڭ باشچىلىقىدىكى تۈمەن كىشىلىك ھەمدەمچى سوپى لەشكەرلەرمۇ بار ئوخشايدۇ.

ھەمدەمچى سوپى لەشكەرلەرنىڭ خەۋىرى ھىندىقۇش مىرزىنىڭ دىققىتىنى ئانچە تارتالمىدى. چۈنكى ئۆمرىدە نۇرغۇن لەشكىرىي يۈرۈشلەرگە قاتناشقان، نى دەھشەتلىك جەڭلەرگە قوماندانلىق قىلغان بۇ پېشقەدەم سەركەردە، تۈزۈك لەشكىرىي مەشىق، جەڭ تەلىمى كۆرمىگەن ئاددىي خەلقتىن تەشكىللەنگەن قوشۇننىڭ شىددەتلىك جەڭلەردە ھېچقانچە رولى بولمايدىغانلىقىنى، مۇنتىزىم تەلىم كۆرگەن لەشكەرلەردەك باھادىرلىق كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى، بىرلا شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۇچرىسا ئۆزلۈكىدىنلا تىرىپىرەن بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، قىلچىمۇ ماسلىشىشچانلىقىنىڭ يوقلۇقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ داستىخاندىكى ناشتىلىقلارنى بىر يانغا سۈرۈپ قويۇپ، بىكارلانغان داستىخانغا

لەشكىنىنى ۋە شاھمات ئويناپ خاننى مات قىلىپ قويغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، شۇنداقلا بىرنەچچە قېتىم ئابدۇللاخان، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىملار بىلەن بىرلىكتە لەشكەرىي ئىلىم، جەڭ تەدبىرلىرى، قەدىمكى جەڭنامىلەر ھەققىدە مۇنازىرىلىشىپ، مەلىكىنىڭ ئۆتكۈر، قايىل قىلارلىق مۇلاھىزىلىرىگە قايىل بولغانلىقى ئۈچۈن خاننىڭ قەشقەر جازا يۈرۈشىگە مەلىكىنىمۇ بىللە ئېلىپ بېرىش پەرمانىغا شەرتسىزلا قوشۇلغانىدى. ئەمما مەلىكە يولغا چىقىپلا ھە دېگەندە ھىندىقۇش مىرزا بىلەن ئىلغار قوشۇندا مېڭىشنى خالىماي، «ئاستا ماڭسام ئىچىم پۇشۇپ كېتىدىكەن» دەپ يەزەك قوشۇنىغا قېتىلىۋالغانىدى.

شۇڭلاشقا، شىرئەلى باھادىرغا جېكىلەپ تاپشۇرغان ۋە «غەلۋىخور مەلىكە» دەپ لەقەم قويۇپ قويغانىدى.

— مەلىكەم، ئالدىڭىزغا ماڭغۇڭىز بارمۇ ياكى ئارقىڭىزغا يانغۇڭىز بارمۇ؟ — سورىدى ھىندىقۇش مىرزا مەلىكىگە قاراپ رەسمىي يوسۇندا.

— قانداق دەيلا، ئەمىرى كەبىر ئاتا، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم تومتاقلا سورالغان بۇ سوئالدىن ھېچنېمىنى چۈشەنمەي.

— بۇيرۇقۇمغا بويسۇنۇپ، ئىلغار قوشۇندا مەن بىلەن بىللە مېڭىشقا ماقۇل بولسىڭىز داۋاملىق ئالدىڭىزغا ماڭالايسىز. يەنە باشباشتاقلىق قىلىمەن دېسىڭىز مەجبۇرىي ئاستانىگە قايتۇرۇۋېتىمەن - دە، ئارقىڭىزغا ماڭىسىز، — دېدى ھىندىقۇش مىرزا چۈشەندۈرۈپ، — بۇنداق قىلىش قولۇمدىن كېلىدۇ، مەلىكەم.

— بوپتۇ، ئۇنداق بولسا ئالدىمغا ماڭاي، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ۋىلىققىدە كۈلۈپ.

مەلىكىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ شىرئەلى باھادىر بارگاھى ئالىيدىن چىقىپ كەتتى.

ئەمرى كەبىر مەجبۇرىي ئاستانىگە ئەۋەتىلىۋېتىمەن دەيدۇ دەپ قورقۇتۇپ قويۇڭ...

— كىم ئۇ ئەتىگەندە غەيۋېتىمنى قىلىۋاتقان؟

ھىندىقۇش مىرزىنىڭ گېپى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم شۇنداق دېگىنىچە بارگاھى ئالىيغا كىرىپ كەلدى.

— كېلىڭ، غەلۋىخور مەلىكەم، بايا سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ تۇراتتۇق، — دېدى ھىندىقۇش مىرزا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — ناشتا قىلدىڭىزمۇ، قىزىم؟

— ناشتا قىلىپ بولدۇم، — دېدى دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيىۋالغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئەمرىكەبىر ھىندىقۇش مىرزىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ۋە ئەركىلەپ سۆزلەپ، — ئۆزلىرى تېخىچىلا خۇددى مېھماندارچىلىقتا ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇپلىغۇ، ئەمىرى كەبىر ئاتا. بۇنداق لاپاسلىق قىلساق ئاسىي قوشۇن بىلەن بۇگۇنمۇ تۇتۇشالمايدىغان ئوخشايمىز.

— ئالدىرىماڭ، مەلىكەم، — دېدى ھىندىقۇش مىرزا مەلىكە بىلەن چېقىشىپ، — رەسمىي جەڭ بولغاندا قورقىنىڭىزدىن پوتلا ـ ماڭقىڭىزنى ئېقىتىپ ماڭا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمىسىڭىزلا بولاتتى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ۋاقتى كەلگەندە كۆرۈرلا، ئەمىرى كەبىر ئاتا، — دېدى مەلىكە خاتىرجەملىك بىلەن.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم سۇلتان ئابدۇللاخاندىن قەشقەرگە قىلىدىغان جازا يۈرۈشىگە قاتنىشىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقتىن، خان نائىلاج ھالدا شەمشىبانۇ مەلىكىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىجازەت بەرگەنىدى.

ھىندىقۇش مىرزا بولسا مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق شىكاردا ئابدۇللاخان بىلەن ئوقيا ئېتىشتا بەس-

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى ناغرا - سۇنايلىرىنى
چېلىشىپ، بىر پەس سۈرەن - چۇقان سېلىشقاندىن كېيىن جىم
بولۇشتى.
قەشقەر قوشۇنلىرى خان لەشكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن ئانچە
بىخەۋەر بولغاچقا، يېرىم كۈندىن ئارتۇق يول بېسىپ، ھې-
رىپ - ئېچىپ، ئۇسساپ كەتكەن لەشكەرلىرىنى ئارام ئالدۇرماي-
لا قاراملىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالماي، توختاپ
قېلىشقانىدى.
ئاسماننىڭ قەرىدە ئېسىلىپ تۇرغان قۇياش غايەت زور ئوت
شارىدەك تاۋلىنىپ، پۈتكۈل ساينى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەنىدى.
سايدىكى تاشلارغا يالاڭ ئاياغ دەسسەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
سايدا ئۇچراشقان ئىككى قوشۇن بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشقى-
نىچە ئۆز قارارگاھلىرىدىكى ياغاچتىن قۇراشتۇرۇلغان كۆزىتىش
مۇنارىنىڭ ئۈستىدە قارشى تەرەپنى كۆزەتكەچ بىر ئاش پىشىم
ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئاخىر پېشىن ۋاقتى بىلەن جازا يۈرۈشى
قىلغۇچى خان لەشكەرلىرىنىڭ ئاساسلىق قوشۇنىمۇ يېتىپ كەل-
دى. ئەمىرى كەبىر ھىندىقۇش مىرزا سەركەردىلىرىنى ئەگەشتۈ-
رۈپ شىرئەلى باھادىرنىڭ ئېقىن بويلىتىپ قۇرغان قارارگاھلى-
رىنى كۆزدىن كەچۈردى - دە، رازىمەنلىك بىلەن باش
لىڭشىتتى.
— ياۋ جەڭگە ئۈندىمىسە بىز ئالدىرىمايلى، — دېدى
ھىندىقۇش مىرزا بارگاھى ئالىيغا قايتىپ كىرگەندىن كې-
يىن، — لەشكەر، ئات - ئۇلاغلىرىمىز ئۇزۇن يول يۈرۈپ ھار-
دى، ئېقىن بويىغا جايلىشىۋالدۇق، سۇدىن غېمىمىز يوق.
ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەكلىرىمىز يەتكۈچە بار، — ئۇ
ياتىشىبېگىگە قاراپ پەرمان چۈشۈردى، — كېچىلىك قاراۋۇللار
بىر ھەسسە كۆپەيتىلگەي، باشقا لەشكەرلەر خاتىرجەم ئۇخلاپ
ئارام ئالغاي، كېچىدە ھېچكىمنىڭ ئۆز قارارگاھىدىن خالىغانچە

## 4

قىزىل سۆگەت[1]، توپلۇقنىڭ[2] ئارىلىقىدىكى كۆز يەتكۈسىز تاقىر سايلىقتا ھەقىقەتەن تاغ تەرەپتىن ئېقىپ كېلىپ، ساينىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان، قىشۇ ياز ئۈچ- تۆت تاش سۇ[3] ئېقىپ تۇرىدىغان بىر ئېقىن بار ئىدى. بۇ سايدا مۇشۇ ئېقىندىن بۆلەك ئىچكۈدەك، ئات - ئۇلاغنى سۇغارغۇدەك سۇ مەنبەسى يوق ئىدى. بۇ غىلىتاڭ سايدا قۇدۇق كولاپ سۇ چىقىرىش بەسى مۈشكۈل ئىدى. ئەتىگەندىن بېرى يەزەك قوشۇننى باشلاپ چاقماق تېزلىكىدە يول يۈرۈپ بۇ ئېقىن بويىغا يېتىپ كەلگەن شىرئەلى باھادىر بۇ ساينىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى كۆزىتىپ ئەتىگەن ئەمرى كەبىر ھىندىقۇش مىرزىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەقىقەتەن راست ئىكەنلىكىگە ئىشەندى ۋە لەشكەرلىرىنى ئارامۇ ئالدۇرماي ئېقىننىڭ قارشى قىرغىقىدىن بىر چاقىرىم ئىلگىرىلەپ قارارگاھ قۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇلار قارارگاھلىرىنى جايلاشتۇرۇپ، غىزاغا تۇتۇنۇپ تۇرۇشىغا قەشقەر قوشۇنلىرىمۇ سايدا ئاسمان - پەلەك توپا - چاڭ توزۇتۇپ يېتىپ كېلىشتى - دە، سايدىكى ئېقىننىڭ ئاللىقاچان خان لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ، ئېقىن بويلىتىپ قارارگاھلىرىنى جايلاشتۇرۇپ بولۇنغىنىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ بىر قەدەم كېچىكىپ قالغانلىقىغا پۇشايمان قىلىشتى ۋە ئىككى چاقىرىم ئارقىغا چېكىنىپ غىلىتاڭ سايغا قارارگاھلىرىنى قۇرۇشقا كىرىشتى. شۇ چاغدىلا شىرئەلى باھادىر ھىندىقۇش مىرزىنىڭ ئەۋلىيارلارچە ھۆكمىگە تولۇق قايىل بولدى ۋە ھەر ئېھتىمالغا قارشى لەشكەرلىرىگە ئۇرۇش سېپى تۈزۈپ سەپراس بولۇپ تۇرۇشقا پەرمان بەردى.

---

① قىزىل سۆگەت — يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ يېزىسى.
② توپلۇق — يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ يېزىسى.
③ تاش سۇ — بىر تاش تۈگمەننى چۆرگىلىتەلەيدىغان سۇنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ كېچە جىمجىت ئۆتتى.
بامدات نامىزىدىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى قارشى تەرەپنىڭ قارارگاھلىرىنى ئېنىق كۆرەلمىگەن بولسىمۇ، ناشتىلىق ئۇچۇن ئوت يېقىلغان ئوچاقلاردىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق ئىس ـ تۈتەكنى ئېنىق ئىلغا قىلدى.
ناشتىدىن كېيىن قەشقەر قوشۇنىنىڭ قارارگاھى تەرىپىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان بۇلۇتلىرى، خان لەشكەرلىرى قارار-گاھى تەرەپكە قاراپ سۈرۈلۈشكە باشلىدى.
ئۇلار جەڭ قىلىش ئۈچۈن كېلىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن ئەمى-رى كەبىر ھىندىقۇش مىرزىمۇ سەركەردىلىرىگە لەشكەرلىرىنى سەپراس قىلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى ـ دە، قارارگاھتىن بىر چاقىرىم ئىلگىرىلەپ جەڭ سېپى تۈزدى. مىڭ كىشىلىك قوشۇن-نى ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەك ۋە قارارگاھنى قوغداشقا قالدۇرۇپ قويدى.
بىر چاقىرىم ئارىلىق قالدۇرۇپ، جەڭ سېپى تۈزگەن ئىك-كى قوشۇن ناغرا ـ سۇنايلىرىنى چېلىشىپ، بىر ھازا چۇقان-سۈرەن سېلىشتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تۇغ ـ ئەلەملىرى سايىنىڭ ئىسسىق شامىلىدا لەرزان لەپىلدەيتتى.
ھىندىقۇش مىرزىدىن باشقا سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى بې-شىغا دۇبۇلغا، ئۇچىسىغا ساۋۇت كىيىشىپ، ئۆزلىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ياراغلىرىنى مەھكەم تۇتۇشقىنىچە ئات ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇرۇشاتتى. چىلان تورۇق قاراشەھەر ئارغىمىقىغا مىنىۋالغان ھىندىقۇش مىرزا بېشىغا ئورىۋالغان چاققانغىنە ئوق-ياسىنى ھازىرلا بىركىمگە ئاتىدىغاندەك قولىغا ئېلىۋالغانىدى. نەيزىسى بولسا ئاستىدىكى قارا ئارغىماقنىڭ ئېگىرىگە غانجۇغىلاق-لىق تۇراتتى. سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ئاغزىدىن «قارا تۈلپار» دەپ تەرىپلىنىدىغان، ئاستانە چەۋەندازلىرى ئۆمرىدە بىر قېتىم بولسىمۇ مىنىپ بېقىشنى ئارمان قىلىدىغان، ئەمما ھازىرغىچە

سىرتقا چىقىشىغا رۇخسەت يوق. پەرمانغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار-نىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ.

— ناۋادا ياۋ قوشۇنلىرى كېچىدە قارارگاھىمىزغا باسقىن قىلىپ قالسىچۇ؟ — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم باللارغا خاس ئېھتىياتچانلىق بىلەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەلىكەم، — دېدى ھىندىقۇش مىرزا كۈلۈپ، — ئۇلار بىزنىڭ ئەھۋالىمىزدىن، لەشكەرلىرىمىزنىڭ سۈر - ھەيۋىسىدىن يامان ئەمەس خەۋەردار بولدى. ئۇلارنىڭ ئاتىنىڭ كاللىسىدەك يۈرىكى بولسىمۇ بۇنداق قاراملىقنى ھەرگىز قىلالمايدۇ. دېسەم، دېمىسەم ئۇلار ھازىر بىزنىڭ كېچىلەپ باس-قىن قىلىشىمىزدىن ئېھتىيات قىلىپ قارارگاھلىرىنى چېكىندۇ-رۇۋاتىدىغۇ دەيمەن.

— ئۇلار قارارگاھلىرىنى ئاللىبۇرۇن جايلاشتۇرۇپ بولغان تۇرسا، يەنە قوزغىلىپ يۈرمەس، — دېدى بەرانغار قوشۇنىنىڭ ئەمىرى چۆپىك مىرزا ئانچە ئىشەنمىگەن ھالدا.

— ئەمىرى كەبىر ئاتامنىڭ دېگەنلىرى توغرا، — دېدى مە-لىكە مۆھتەرەم خېنىم سۆز ئېلىپ، — ئاسىي قەشقەر قوشۇن-نىڭ ئەمىر لەشكىرى ئۇرۇش ئىلمىدىن خەۋەرسىز، كالۋا ئادەم بولمىسىلا، قارارگاھىنى بىرنەچچە چاقىرىم چېكىندۇرۇپ قايتە-دىن جايلاشتۇرىدۇ.

— توغرا دېدىڭىز، مەلىكەم، — دېدى ئەمىر كەبىر مۆھتە-رەم خېنىمنىڭ ھۆكمىنى تەستىقلاپ، — ئىشەنمىسەڭلار سىرتقا چىقىپ قاراپ بېقىڭلار.

سەركەردىلەردىن بىرقانچىسى بارگاھى ئالىيدىن سىرتقا چى-قىپ كۆزىتىش مۇنارىسىدىن قارشى تەرەپ لەشكەرگاھىغا نەزەر تاشلىدى - دە، ھىندىقۇش مىرزىنىڭ ئالدىنئالا قىلغان ھۆكمىگە قايىل بولۇپ بارىكاللا ئېيتىشتى. راستىنلا قەشقەر قوشۇنلىرى قارارگاھلىرىنى چۇۋۇپ چېكىنىش تەرەددۇتىنى قىلىۋاتاتتى.

كېلىشكەنىدى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئى مۆھتەرەم باھادىر سەركەر-
دىلەر! — دەپ سالام بەردى ھىندىقۇش مىرزا ئات ئۈستىدىلا
ئىككى قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ تۇرۇپ.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئى باھادىر ئۇستاز، ئەزىز تەنلى-
رى سالامەتمۇ؟ — دەپ سالامنى ئىلىك ئالدى ئاكا - ئۇكا ئەمىر
لەشكەرلىرىمۇ ئات ئۈستىدىلا ئىككى قولىنى كۆكرىكىگە
ئېلىپ.
ئەلىشاھبەگ بىلەن ئەلىقۇلبەگ ئۆزۋاقتىدا ھىندىقۇش مىر-
زىنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىلەر بولۇپ، ئۇرۇش ئىلمى،
جەڭ ماھارىتى ۋە جەڭ تەدبىرلىرىنى ھىندىقۇش مىرزىدىن ئۆ-
گەنگەنىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ ھىندىقۇش مىرزىغا بولغان
ھۆرمىتى ئالاھىدە چوڭ ئىدى. ھىندىقۇش مىرزىمۇ بۇ ئاكا -
ئۇكا سەركەردىلەرنىڭ ئىلىم - ماھارىتىگە قايىل ئىدى. تۇنۇگۈن
ئۇلارنىڭ قارارگاھىنى چېكىندۇرۇپ قۇرىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز
قىلغانلىقىمۇ شۇ سەۋەبتىن ئىدى. پۇتكۇل سەئىدىيە خانلىقى
تەۋەسىدىكى ھەربىي سەركەردىلەر ئارىسىدا مۇتلەق نوپۇز ۋە ھۆر-
مەتكە ئىگە، كەڭ قورساق، پەم - پاراسەتلىك بۇ پېشقەدەم
سەركەردىنى بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇنىنىڭ بۇيۇك
ئەمىرلىكىگە تەيىنلەشتىمۇ سۇلتان ئابدۇللاخان ھىندىقۇش مىر-
زىنىڭ بۇ نوپۇزى ۋە ھۆرمىتىدىن پايدىلىنىپ قەشقەر سەركەردى-
لىرىنى ئەل قىلىپ، جازا يۈرۈشىنى ئۇرۇشسىز غەلىبىگە ئې-
رىشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق قان تۆكۈلۈشنى ئازايتىپ، ئاتا - بالا
ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن تەخت تالىشىش ماجىراسىنى پەم بىلەن
ئاخىرلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغانىدى.
— ئى باھادىر ئۇستاز، — دېدى ئەلىشاھبەگ ئاۋۋال سۆز
ئېلىپ، — ياشانغان ۋاقىتلىرىدا بۇنچە رىيازەت چەككۈچە،
قەسىرلىرىدە ئارام ئالسىلا بولماسمىدى. بۇيۇك سەئىدىيە سەلتە-

خاندىن باشقا ھېچكىم مىنىپ باقمىغان بۇ ئېسىل ئاتنى ئابدۇللا-
خان ئالتۇن ئېگەر - جابدۇقلىرى بىلەن مەلىكە مۆھتەرەم خې-
نىمغا ھەدىيە قىلىۋەتكەنىدى.

قەشقەر قوشۇنىنىڭ ئەمىر - لەشكەرلىرى ئاكا - ئۇكا
ئەلىشاھبەگ بىلەن ئەلىقۇلبەگ ۋە ئورۇنباسار ئەمىر لەشكەر
ئەمىر مىرزا يۇسۇپبەگنىڭ ئىككى تەرىپىدە، خوجا ھىدايىتۇللا
ئىشاننىڭ سوپى لەشكەرلىرىنىڭ سەركەدىلىرى موللا ساقى بىلەن
موللا نەقى ئۇلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە بەشتىن ئون نەپەر سەركەر-
دە، چاپچىپ تۇرغان ئاتلارنىڭ ئۈستىدە خۇددى شۇڭقاردەك قو-
نۇپ ئولتۇرۇشقىنىچە ھەيۋەت بىلەن تۇرۇشاتتى. موللا ساقى
بىلەن موللا نەقىدىن باشقىلارنىڭ ئۇچىسىدا جەڭ كىيىملىرى بار
بولۇپ، پولات دۇبۇلغىلىرىنىڭ قۇببىلىرى قۇياش نۇرىدا ۋال -
ۋۇل پارقىراپ تۇراتتى. ئەزەلدىنلا جەڭ كىيىمىنى كىيىپ باق-
مىغان موللا ساقى بىلەن موللا نەقى جەڭ كىيىملىرىگە كۆنەل-
مەي، «قولىشالمايدىكەنمىز، ئىسسىقتا تەرلەپ كەتتۇق» دەپ
سىلىۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ سوپى - دەرۋىشلىك جەندىلىرىنى
كىيىۋېلىشقانىدى.

ئەمىرى كەبىرى ھىندىقۇش مىرزا قەشقەر قوشۇنىنى سەر-
كەردە - سەرۋازلىرىنىڭ غەيۇر تۇرقىغا، لەشكەرلەرنىڭ جەڭگى-
ۋار ھالىتىگە، سەپ تۈزۈشلىرىگە قاراپ كۆڭلىدە بارىكاللا ئوقۇ-
دى ۋە ياتىشىپېگىدىن باشقا بارلىق سەركەردىلىرىنى باشلاپ ياۋ
قوشۇنى تەرەپكە بىر يۈز ئەللىك - ئىككى يۈز قەدەم مېڭىپ
توختىدى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ھىندىقۇش مىرزىدىن بىر
قەدەم نېرى بولمىدى. ئۇنىڭغىچە قەشقەر قوشۇنىنىڭ ئەمىر لەش-
كەرلىرى ئاكا - ئۇكا ئەلىشاھبەگ بىلەن ئەلىقۇلبەگمۇ سەركەر-
دىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئات سالدى - دە، بىر ئوق يېتىم ئارىلىق
قالدۇرۇپ توختىدى. مانا ئەمدى ئۇلار بىر - بىرىنىڭ چىرايىنى
ئوچۇق كۆرگۇدەك، ئاۋازلىرىنى ئېنىق ئاڭلىيالىغۇدەك ئارىلىقتا

ئابدۇللاخان ئالىيلىرى ھېلىمۇھەم بۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سا-
ھىبىدۇر. ئەلھال شۇنداق ئىكەن، مەن ئاشۇ خان ئالىيلىرىنىڭ
ئاتقان ئوقىدۇرمەن، خالاس. ئەمىر لەشكەر جانابلىرى ئەقىل -
پاراسەت، ئەلەم ۋە قەلەمدە كامالەتكە يەتكەن يېگانە باھادىر ئىدى-
لە. شۇڭلاشقىمۇ خان ئالىيلىرى جانابلىرىنىڭ ساداقەت ۋە شىجا-
ئىتىگە چەكسىز ئىشىنىپ، قەشقەردەك كاتتا يۇرتنىڭ لەشكىرىي
ئەمىرلىكىنى ئۆزلىرىگە تاپشۇرغانىدى. ھالا بۇگۈنكى كۈندە سەل-
تەنەت ئەغيارلىرى سۇخەنچىلىك قىلىپ پەدەر بىلەن پەرزەنت
ئوتتۇرىسىغا ئاداۋەت - نىزا ئۇرۇقىنى چاچتى. شاھزادىنىڭ
ئالدىراڭغۇلۇقى، پاراسەتسىزلىكى ۋە شۆھرەتپەرەسلىكىدىن پاي-
دىلىنىپ كەتتى. سىلىنى ياخشى - يامانىنى ئايرىغۇچىلىكى بار
دەپ چەكسىز ئىشىنەتتىم. مانا ئەمدى ھەيران قېلىۋاتىمەنكى،
سىلىمۇ ئاشۇ يامانلارنىڭ قولىدىكى ئەجەل قىلىچى بولۇپ چەك-
سىز ھىممىتىگە ۋە ئەتىۋارلىشىغا مۇشەررەپ بولغان خان ئالىي-
لىرىغا يېنىشقا پېتىنىپلا. سۇلۇك غوۋغالىرىنى سۇلۇكتىكىلەر
ئۆزلىرى بىلىشەر، ئاندىن قالسا پۇتكۇل سەئىدىيە تەسەررۇپىدى-
كى ھەرقايسى سۇلۇك مۇرىتلىرى ۋە سۇلۇك - مەزھەپنى تەرك
ئەتكەن، ئەھلى شەرىئەتنى ئۆزلىرىگە مۇسۇلماندارچىلىق مىزانى
قىلغان بارلىق ئۇلۇغ - ئۇششاق ئاۋام رەئىيەتنىڭ قىبلىگاھى،
پۇشتىپاناھى بولمىش خان ئالىيلىرى بىلۇر. چۈنكى، سەلتەنەت
تىزگىنىنى قولىدا تۇتقان كىشى يۇرتدارچىلىق ھارۋىسىنى قايان
ماڭدۇرغۇسى كەلسە قامچىسىنى شۇ يانغا شىلتىغۇسى كېلۇر.
بۇنىڭغا بىزلەرنىڭ ئاۋۇ تەرەپكە ياكى ماۋۇ تەرەپكە ماڭ دېيىشكە
ھېچقانداق ھەققىمىز يوقتۇر. ئەزەل - ئەزەلدىن سەلتەنەت تەخ-
تىنى ئۆز پۇشتى بولمىش شاھزادىلەرگە ئۆتۈنۈپ بېرىش -
بەرمەسلىك خاننىڭ ئۆز ئىختىيارىدىكى ئىشتۇر. بىزلەردەك ئاد-
دىي رەئىيەتنىڭ ئارىلىشىشقا ھەققىمىز يوقتۇر. ئى باھادىر سەر-
كەردە، بۇنداق ئەل - يۇرت ئۈچۈن پۇچۇق تەڭگىچىلىك پايدىسى

نىتى ئۇچۇن كۆرسەتكەن ئەجىر ـ تۆھپىلىرى يېتىپ ئاشاتتىغۇ سىلىنىڭ. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئىسھاقىيەچى قارا مۇسۇلمان ئاز-غۇنلارنىڭ سېھىر ـ جادۇلىرىغا ئالدىنىپ، سەلتەنەتنىڭ تىزگى-نىنى تۇتۇپ تۇرۇشقا ماجالى يەتمىگەن سۇلتان ئابدۇللاخان ئا-لىيلىرى ئالجىپ، سىلىدەك گۆھەر بۇزرۇكنىڭ قەدرىگە يەتمە-گەن ئوخشايدۇ. بىزلەركىم نادان شاگىرتلىرى ئاتكاچىلىق قىل-غان ھېسابتا جانابلىرىغا ئىككى ئېغىز مەسلىھەت بېرەيلى. شاھ-زادە يولۋاسخان ياشلىق شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، مەردۇ مەر-دانە، ئۆزلىرىگە ئوخشاش پېشۋالارنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ئىستې-داتلىق زاتتۇر. ئۇ سىلىگە چوقۇم ئەڭ كاتتا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ. شۇڭلاشقا، يالىڭاچلانغان ئەجەل قىلىچلىرىنى قىنىغا سالسىلا ـ دە، ئارقىلىرىغا يانسىلا. بىزمۇ سىلى ئۇستاز ئۆلىما بۇزرۇكنىڭ خىزمىتىدە بولايلى. بىرلىكتە ئاستانىگە قايتىپ سۇلتان ئابدۇللاخاننى ئارىغا ئېلىۋالغان ئىسھاقىيەچى قارا تاغلىق مۇرتەتلەرنى جازالاپ، سەلتەنەتنى ئول پاسىقلارنىڭ ئىپلاس ئاياغ-لىرىدىن تازىلايلى. سۇلتان ئابدۇللاخان ئالىيلىرى ياشانغان ۋاق-تىدا ھاردۇق ئېلىپ ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزسە، شاھزادە يولۋاسخان تەختتە ئولتۇرۇپ، يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى قولىغا ئالسا، بۇ سەلتەنەت، ئەل ـ يۇرت ئۈچۈنمۇ پايدىلىقتۇر. ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت ـ نىزا تۈگۈنلىرىمۇ ئۆزلۈك-دىن يېشىلىدۇ...

— ھا... ھاھ ... ھا،— ھىندىقۇش مىرزا ئات ئۈستىدىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە تەئەججۇپ ئىلكىدە تۇرۇپ قالغان ئەلىشاھبەگكە قاراپ سۆزلىدى، — ياخشى مەسلى-ھەتلىرىگە ھەسەنات[1]، ئەمىر لەشكەر جانابلىرى. بۇ ئۆمرۈمدە ئۆز خوجىسىغا تۇزكورلۇق قىلغان بەندە ئەمەسمەن، سۇلتان

---

① ھەسەنات — ھەشقاللا، رەھمەت.

ياكى ماھارىتى سەركەردىمۇ[1] ئۆزلىرى بىرنېمە دېگەيلا، مۇھتەرەم ئۇستاز.

— ئەمىر لەشكەر جانابلىرىنىڭ پەيلى شۇ بولسا، بىزمۇ ئارتۇقچە ئېغىز ئۇپرىتىپ ئولتۇرمايلى. لەشكىرىي قىر - چاپ قىلىپ بىھۇدە قان تۆكۈش ھاجەتسىز، مېنىڭچە، ماھارىتى سەركەردە بولسۇن، — دېدى ھىندىقۇش مىرزا ۋە سەركەردىلىرىگە قاراپ تۇۋلىدى، — قېنى باھادىرلىرىم، ئاۋۋال قايسىڭلار مەيدانغا چۈشۈپ ماھارەت سىنىشىپ باقىسىلەر؟

ھىندىقۇش مىرزىنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە شىرئەلى باھادىر شەمشىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ئېتىنى دېۋىتىپ مەيدانغا چۈشتى ۋە ياۋ سېپىگە قاراپ ئېتىلدى. شۇ ھامان ياۋ سېپىدىنمۇ بىر سەركەردە ئەگرى قىلىچىنى ئويناتقىنىچە شىرئەلى باھادىرغا قاراپ ئات سالدى. ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى سۈرەن - چۇقان سېلىشىپ ئۆز سەركەردىلىرىگە مەدەت بېرىشتى.

ئىككى سەركەردە ئۇدا ئون نەچچە مەرتىۋە ئېلىشىپمۇ بىر- بىرىنى يېڭەلمىدى. بىرى شىددەت بىلەن ئۇرغان قىلىچتىن بىرى چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى ئەپقاچاتتى. بىرىنىڭ ئىشلەتكەن پەنتىنى يەنە بىرى دەرھال سېزىۋالاتتى. قىلىچلارنىڭ بىر - بىرىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلۇشىدىن جاراڭلىغان ئاۋازلار چىقىپ، ۋال - ۋۇل ئۇچقۇن چاچرايتتى.

ھەر ئىككى سەركەردە شۇنچىلىك ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىشقاندىكى، قارشى تەرەپنى قىلىچلاپ، ئەجەل شەربىتىنى ئىچۈرۈشتىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى. بۇ ئاجايىپ جەڭبازلىق ماھارىتىگە مەھلىيا بولۇشقان ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سەركەردە - لەشكەرلىرى تاقىر سايدىكى ئوت - ئاتەش كۆيۈك ئاپتاپنى زىنھار ھېس قىلىشمايتتى.

---

① ماھارىتى سەركەردە — بۇنىڭدا ئىككى تەرەپتىن بىردىن سەركەردە مەيدانغا چۈشۈپ، ماھارەت سىنىشىپ، يېڭىش - يېڭىلىشنى ئايرىيدۇ.

يوق، ئەمما ھەسسىلەپ زىيىنى بار تەخت غوۋغاسىغا ئارىلاشمىغان-
لىرى ياخشى. مېنىڭمۇ جانابلىرىغا دەيدىغان ئىككى ئېغىز نەسى-
ھەتىم شۇلكى، قوللىرىدىكى ئەجەل قىلىچىنى تاشلىسىلا، بىز
بىرلىكتە قەشقەرگە بېرىپ، شاھزادىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋال-
غان سۇخەنچى سەلتەنەت ئەغيارلىرىنى جازالايلى. قالغان ئىشلار
بايام سىلى دېگەندەك، ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت - نىزا
تۇگۇنچىلىرىنى ئۆزلىرى يېشۋالسۇن.
— ئۇنداق قىلىشقا بولماسمىكىن، تەقسىر، — دەپ گەپكە
لوقما سالدى ئەلىشاھبەگنىڭ ئىنىسى ئەلىقۇلبەگ تەئەددى قى-
لىپ، — ئاكام بايىتىن ھەزرەتلىرىنى ئۇستاز - ئۆلىما دەپ
بىلىپ ھۆرمەتلىرىنى قىلدى. ئاكا - ئىنى ئىككىمىزنىڭ ھەز-
رەتلىرىنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدىغانلىقىمىزنى ھەممە ئادەم بىلى-
دۇ. ئەمما، شۇنى ئەسلىرىدە تۇتسىلىكى، ھەرقانچە ھۆرمەت-
ئېھتىرامنىڭمۇ چېكى بولىدۇ.
— ئەلۋەتتە شۇنداق، — دېدى ھىندىقۇش مىرزا ئاپئاق
ساقاللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، — خۇددى شۇنىڭ ئەكسىچە ھەرقان-
داق ئىززەتنىڭمۇ، يول قويۇشنىڭمۇ چېكى بولىدۇ. مەن شۇنداق
بىر ھېكمەتنى بىلىمەن، ئۇ بولسىمۇ جاھىللىق ئىنسانغا ياخشى
ئاقىۋەت ئەكەلمەيدۇ. بولۇپمۇ سىلەرگە ئوخشاش يامانغا يانتاياق
بولغان جاھىللارغا.
— جانابلىرى بىلەن ئارتۇقچە دەتالاش قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ
ئەمدى ھاجىتى قالمىدى. ئۆلىما ھەزرەتلىرى، بىز ئاكا - ئىنى
شاگىرتلىرىنى بىھۆرمەتلىك قىلدى دەپ ئەيىبكە بۇيرۇ-
مىغايلا، — دېدى ئەلىشاھبەگ ھىندىقۇش مىرزىغا يەنە بىر قېتىم
ئېگىلىپ سالام بەجا كەلتۈرۈۋېتىپ، — لەشكىرىي قىر - چاپمۇ[1]

---

① لەشكىرىي قىر - چاپ — بۇنىڭدا ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى بىراقلا ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ - دە، قىر - چاپ قىلىپ ئۇرۇش قىلىدۇ.

تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن مەلىكىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— بولۇڭلار، بىرىڭلار بېرىپ ئاۋۇ غەلۋىخور مەلىكىنى قوغداپ قايتۇرۇپ كېلىڭلار!

سەركەردىلەردىن بىرى مەلىكىنى ياندۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئات سېلىپ چىقىپ بولغۇچە، شىرئەلى باھادىر بىلەن ئېلىشىۋات- قان مىرزا يۈسۈپبەگ شىرئەلى باھادىرنى تاشلاپ مەلىكىگە قاراپ ئات سالدى ــ دە، مەلىكىنىڭ نەق گېلىنى چەنلەپ زەرب بىلەن نەيزە ئۇردى. مەلىكىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغان ھىندىقۇش مىرزىنىڭ يۈرىكى ئېغىپ، ئات ئۈستىدە تېپىرلاپلا قالدى. ئۇ بۇ پاجىئەنى كۆرمەي دېگەندەك كۆزىنى يۇمۇۋالدى ــ دە، دەقىقە ئۆتمەي يەنە ئاچتى، ئاچتىيۇ ۋۇجۇدىدا ئۆچەي دەپ قالغان ئۈمىد شامى يەنە پىلىلدىدى. مەلىكە ئۇرۇلغان نەيزىدىن ئۆزىنى ئەپچىل- لىك بىلەن قاچۇرۇپ، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىغىنىچە خان لەش- كەرلىرى سېپىگە قاراپ چېپىپ كېلىۋاتاتتى. ئېتىلىپ كەلگەن سەركەردىنىڭ بىر مەرتەم ئېلىشا ــ ئېلىشمايلا قاچقىنىنى كۆر- گەن مىرزا يۈسۈپبەگ ئۇنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، ئاستىدىكى قارا تۇلپارنى ئولجا ئېلىش ۋەسۋەسىسىدە جېنىنىڭ بارىچە قوغلىدى. مىرزا يۈسۈپ بەگ مەلىكىنىڭ ئاستىدىكى قارا ئارغىماقنىڭ سۇل- تان ئابدۇللاخاننىڭ ئەتىۋارلىق قارا تۇلپارى ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالغانىدى. قېچىپ كېتىۋاتقان مەلىكە قارا تۇلپارنىڭ تىزگىنىنى ئىختىيارىي قويۇۋېتىپ، قولىدىكى نەيزىسىنى ئېگەرگە چاققانلىق بىلەن غانجۇغىلىدى ــ دە، بويىنىغا ئېسىۋالغان ئوقياسىنى ئې- لىپ، كۆن ئوقداندىن بىر تال ئوقنى ئېلىپ، كىرىچقا سېلىپ، يانى تولۇن ھالەتكە كەلتۈرۈپ تارتىۋالغاندىن كېيىن، شاقىدە كەينىگە قايرىلىپ، ئارقىسىدىن يەتتە ــ سەككىز قەدەم يىراقلىقتا جېنىنىڭ بارىچە قوغلاپ كېلىۋاتقان مىرزا يۈسۈپبەگنىڭ كۆزىنى نىشانلاپ كىرىچنى قويۇۋەتتى. شۇ ھامان مىرزا يۈسۈپبەگ ئېچى-

شۇ يوسۇندا بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئېلىشقاندىن كېيىن قەشقەرسەركەردىسى بارا ـ بارا ھالسىراپ ھۇجۇمدىن مۇداپىئەگە ئۆتتى. شۇ ئەسنادا سەركەردىسىنىڭ چاندۇرۇپ قويۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئورۇنباسار ئەمىر لەشكەر مىرزا يۇسۇپبەگ نەيزىسىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ئات سېلىپ مەيدانغا چۈشتى ـ دە، شىرئەلى باھادىرغا شىددەت بىلەن تاشلاندى. شىرئەلى باھادىر ئەمدى بىر نەيزە ۋە بىر قىلىچقا تاقابىل تۇرۇشقا كىرىشتى.

— نامــەردلىك قىلــدى. بىر ئادەمــگە ئىككى ئادەم چىق-تى،— دەپ قىيقاس سېلىشتى لەشكەرلىرى.

شىرئەلى باھادىرنىڭ تاقابىل تۇرالماسلىقىدىن ۋايىم يېگەن ھىندىقۇش مىرزا سەركەردىلىرىگە قاراپ سۆزلىدى:

—مىرزا يۇسۇپبەگ دېگەن نامەرد، قارا يۈزئەمىرنى كۆ-رۈڭ، ئوردىدىن يۈز ئۆرۈگىنىنى ئاز دەپ، تېخى خان لەشكەرلى-رىگە نەيزىسىنى تەڭلەپ چىققىنىنى، قېنى قايسىڭلار ھەمدەمگە چىقىسىلەر؟

شۇ ھامان خان لەشكەرلىرى سېپىدىن بىر سەركەردە ئېتىغا زەرب بىلەن قامچا سالدى ـ دە، قارشى تەرەپكە ئوقتەك ئۇچۇپ كەتتى. ھىندىقۇش مىرزا خاتىرجەملىك بىلەن ساقىلىنى سىلى-ماقچى بولۇپ قولىنى ئېڭىكىگە ئاپىرا ـ ئاپارمايلا «ئاپلا!» دەپ تولغۇەتتى. چۈنكى، ياۋ سېپىگە ئات سېلىپ كەتكىنى باشقا بىرى ئەمەس دەل مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئىدى.

— مەلىكەم، كەينىلىرىگە يانسىلا! — دېدى ھىندىقۇش مىرزا جېنىنىڭ بارىچە تولاپ.

بۇ چاغدا مەلىكە شىرئەلى باھادىر بىلەن ئېلىشىۋاتقان ياۋ سەركەردىلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ بولغانىدى. مەلىكىنىڭ ھاياتى-دىن خەۋپسىرەپ ھەم ئۇنىڭ باشباشتاقلىقىدىن غەزەپلىنىپ، پۈتۈن ئەزايىنى پۈررىدە قارا تەر باسقان ھىندىقۇش مىرزىنىڭ تىلى كالۋالىشىپ قالغانىدى. ئۇ بىرنەچچە دەقىقە داڭقىتىپ

مۆھتەرەم خېنىم ئەركىلەپ تۇرۇپ، — بايام ئۆزلىرى ھەمدەمگە چىقىشقا پەرمان بەردىلە، پەرمان بېرىلگەنىكەن ئەلۋەتتە سەركەر-دىلەردىن بىرى ھەمدەمگە چىقىش كېرەك. گەرچە مەن رەسمىي سەركەردە ھېسابلانمىساممۇ، جانابىي باھادىر سەركەردىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرغانىكەنمەن، پەرمانبەردار بولۇش بۇرچۇم بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە چاپچىپ تۇرغان قارا تۇلپار باشقا سەركەردىلەر-نىڭ ئېتىدىن چاققان چىقىپ قالدى. دېمىسىلىمۇ بۇنىڭ ئويۇن ئەمەس ياغى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن. بولمىسا خان ئاتامغا شۇنچە يالۋۇرۇپ كەلمەس ئىدىم. تۇرپاندىكى ۋاقتىمدىمۇ ئاتامغا ئەگىشىپ بىر قانچە قېتىم ياغى كۆرگەنمەن.

— جاۋابلاشماڭ! باشباشتاقلىق قىلماسلىققا ۋەدە بې-رىڭ، — دېدى ھىندىقۇش مىرزا قاپىقىنى تۈرۈپ.

— خوش، ۋەدە بېرەي، ئەمىرى كەبىر ئاتا، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.

شۇتاپتا ھىندىقۇش مىرزا قەستەن قاپىقىنى تۈرۈۋالغىنى بىلەن مەلىكىنىڭ بايامقى كۆرسەتكەن باھادىرلىقىدىن ۋە كامالەت-كە يەتكەن ئوقيا ئېتىش ماھارىتىدىن سۆيۈنۈپ، ئىچىدە بارىكاللا ئېيتىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

شۇ ئەسنادا ئەلىشاھبەگنىڭ ئەلچىسىنى خان لەشكەرلىرى-نىڭ قاراۋۇللىرى ئالدىغا سېلىپ ئەكەلدى. ئەلچى قوينىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ھىندىقۇش مىرزىغا تاپشۇردى. ئەلشاھبەگ خەتتە، بۈگۈن لەشكەرلەرنى ھاردۇق ئالدۇرۇپ، جەڭنى ئەتە قايتىدىن داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغانىدى.

تىنچىق ھاۋا، كۆيۈك ئاپتاپتا لەشكەرلەرگە ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن ھىندىقۇش مىرزا بۇ تەلەپكە قوشۇلۇپ سەركەردىلىرىگە لەشكەرلەرنى قارارگاھقا قايتۇرۇش پەرمانىنى بەردى. چاناشلىرىدىكى سۇلىرىنى ئاللىقاچان ئىچىپ بولغان لەش-كەرلەر ئۇسسۇزلۇقتا قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاشقىنىچە،

نىشلىق بىرنى ۋارقىراپ ئات ئۈستىدىن ئارقىسىغا ئۇچۇپ چۈش-
تى. مەلىكىنىڭ ئاتقان ئوقى ئۇنىڭ دەل ئوڭ كۆزىگە بېرىپ
سانجىلغانىدى. ئۇنىڭغىچە ئېگەرنىڭ غانجۇغىسىدىن نەيزىسىنى
ئېلىشقا ئۈلگۈرگەن مەلىكە، قارا تۇلپارنىڭ تىزگىنىنى شاققىدە
كەينىگە بۇرىدى - دە، ئاغرىق ئازابىدا قۇمغا چىقىپ قالغان
بېلىقتەك پىلتىڭلاپ تۇرغان مىرزا يۇسۇپبەگنىڭ نەق كېلىغا
توغرىلاپ نەيزىسىنى گاچچىدە سانجىدى. ئۇنىڭغىچە مەلىكىنى
قوغداش ئۈچۈن يېتىپ كەلگەن سەركەردە قارا تۇلپارنىڭ تىزگى-
نىنى قولىغا ئېلىۋالدى.

ئورۇنباسارىدىن ئايرىلغان ئەلىشاھبەگ ناغرا چالدۇرۇپ،
جەڭبازلىق ماھارىتىنى ۋاقىتلىق توختىتىش ھەققىدە ھىندىقۇش
مىرزىغا بېشارەت بەردى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ھاياتىدىن
ئەندىشە قىلىپ تۇرغان ھىندىقۇش مىرزىمۇ دەرھال ناغرا چالدۇر-
دى. ناغرا ئاۋازىنى ئاڭلىغان شىرئەلى باھادىر بىلەن قەشقەر
قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى ئېلىشىشنى توختىتىپ ئۆز سەپلىرىگە
قايتىپ كېلىشتى.

— ئەي غەلۋىخور مەلىكەم، ئاسىي مۇناپىق ئەمىر مىرزا
يۇسۇپبەگنى ئۆلتۈرۈپ، خان لەشكەرلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇر-
غان تۆھپىڭىزنى دېمىسەم، سىزنى شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا لەشكىرىي
جاساققا تارتار ئىدىم. يەنە باشباشتاقلىق قىلىدىغان بولسىڭىز
دەرھال ئاستانىگە قايتۇرۇۋېتىمەن ياكى قارارگاھقا سولاپ نەزەر-
بەند قىلىپ قويىمەن. مۇشتۇمدەك بىر ئاجىزە بولغىنىڭىز بىلەن
يۈرىكىڭىز ئەجەب چوڭ ئىكەنغۇ سىزنىڭ. جەڭگە چىقىشقا سىزگە
كىم ئىجازەت بەردى؛ بىلەمسىز بۇ دېگەن ياغى[①]، ھەرگىزمۇ
ئويۇن ئەمەس.

— رەنجىمىسىلە، ئەمىرى كەبىر ئاتا، — دېدى مەلىكە

---

① ياغى — ئۇرۇش.

ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى.

بارگاھى ئالىينىڭ ئىچى ئادەمنىڭ نەپىسى سىقىلغۇدەك دەرىجىدە دىمىق بولۇپ كەتكەنىدى. سىرتتا قۇياش سايغا ئوت پۈركۈيتتى. ئاپتاپتا بىردەم تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بارگاھى ئالىينىڭ ئىچى بولسا سەركەردىلەرنىڭ تىنىقىدا خۇددى داپخانىسى ئېتىۋېتىلگەن تونۇرغىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

— سىرتقا چىققانىڭىزمۇ پايدىسى يوق، ئەمىرى كەبىر جانابلىرى. سىرتمۇ ئوخشاشلا ئوت - ئاتەش.

— ئات چاپتۇرساق بىردەملا شامالدايمىز، توختىساق قاق بولۇپ، تۇرغىلى بولمايدۇ.

— ئەمىسە بارگاھى ئالىينىڭ ئىچى سۆرۈنمىكەن؟ — دېدى ھىندىقۇش مىرزا چېكە - بويۇنلىرىدىن ساقىپ چۈشۈۋاتقان تەرنى بەلۋېغىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ تېرىككەن ھالدا، — ھېچبولمىسا ئۆزۈڭلارنىڭ چېدىر بارگاھىڭلاردا سايىداڭلار، بۇ يەرگە تىقىلىشىۋالماي.

— بىزنىڭ ئاسىي قوشۇن بىلەن جەڭ قىلماي، خۇددى مۇشۇكتىن قاچقان چاشقاندەك قارارگاھىمىزغا بېكىنىۋېلىشىمىزنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرمىسىلە، سىرتقا زادىلا چىقماسمىز، ئەمىرى كەبىر ئاتا، — دېدى مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم سەركەردىلەرنىڭ مۇددىئاسىنى ئاشكارىلاپ.

— ئارى.

— ئەينى مۇددىئا.

بەس - بەستە ئاۋاز قوشتى باشقا سەركەردىلەرمۇ مەلىكىنى قوللاپ.

— بىھۇدە قان تۆكۈشتىن ساقلىنىشتىن باشقا بىزگە مۇددىئا يوقتۇر، سەركەردىلىرىم، — دېدى ھىندىقۇش مىرزا تومتاقلا قىلىپ.

— قان تۆكۈشتىن قاچساق نۇسرەت ئاسماندىن چۈشمەس.

تېزلىك بىلەن ئېقىن بويىدىكى قارارگاھقا قاراپ ماڭدى.

## 5

ئۈچ كۈن تىپتىنچلا ئۆتۈپ كەتتى. ئەلىشاھبەگ باشچىلىقىدىكى قەشقەر قوشۇنلىرى بىرنەچچە قېتىم جەڭگە ئۈندەپ باققان بولسىمۇ، ئەمىرىكەبىر ھىندىقۇش مىرزا سەركەردىلىرىگە ئۆز قارارگاھلىرىنى مەھكەم ساقلاشقا پەرمان بېرىپ، بارگاھى ئالدىغا بېكىنىۋالغىنىچە مىدىرلىماي يېتىۋالدى ۋە سەركەردىلەرنىڭ جەڭگە چىقىش تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلدى. ئەمىرى كەبىرنىڭ نېمە خىيالى بارلىقىنى بىلەلمىگەن سەركەردىلەرنىڭ بۇ تاقىر سايلىقتا يا ئالدىغا ماڭالماي، يا كەينىگە يانالماي ئىچى پۇشۇپ كەتكەنىدى.

بۈگۈن كۈندىكى ئادىتى بويىچە ئاشۋاقتى بىلەن بارگاھى ئالىيغا سالامغا كىرگەن سەركەردىلەر، سالام ـ سەھەتنى بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ئورۇنلىرىدا مىدىرلىمايلا تۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ چىرايىغا قاراپلا نېمە دەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ بولغان ھىندىقۇش مىرزىمۇ ھېچنېمىنى بىلمىگەن بولۇپ قەستەنگە جىم تۇرۇۋالدى. بۇ جىمجىتلىق خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى. ئەمىرى كەبىرنىڭ ھە دېسىلا ئاستانىگە قايتۇرۇۋېتىمەن دەپ سۈر كۆرسىتىشىدىن خېلىلا بېسىقىپ قالغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىممۇ شوخ ئەركىلىكىگە يات ھالدا جىمىپ قالغانىدى. تۇرقىدىن ئۇلار جىم ئولتۇرۇشتا بەسلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئاخىر بۇ جىمجىتلىقتا ئەمىرى كەبىر چىدىمىدى.

— بۇرۇقتۇرما بولۇپ بىر يەرگە تىقىلىشىۋالغۇچە سىرتقا چىقىپ شامالداپ كىرسەڭلار بولمامدۇ، سەركەردىلىرىم، — دېدى ئۇ ئولتۇرغانلارغا تەكشى قاراپ.

دېدى سەركەردە مىرزا فازىل چۇراس.

— بۇنىڭ جاۋابىنى ھېلىغىچە سەركەردە شىرئەلى باھادىر بېرىدۇ، — دېدى ھىندىقۇش مىرزا خاتىرجەملىك بىلەن.

شۇ چاغدىلا سەركەردىلەر بارگاھى ئالىيدا سەركەردە شىرئەلى باھادىرنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىشتى. ئەسلىدە ھىندىقۇش مىرزا تۈنۈگۈن نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن شىر ئەلى باھادىرنى بارگاھى ئالىيغا چاقىرتىپ، ئۇنى كۆز باغلانغان ۋاقىتتا يەزەك قوشۇنىنى باشلاپ، ياۋ لەشكەرلىرىگە تۇيدۇرماي، ئۇلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، كېچىلەپ ئازغىنا قېرى - چۇرى لەشكەرلەر بىلەن قوغدىغۇچىسىز قالغان يېڭىسار قەلئەسىنى ئېلىپ، ئاسىي قوشۇننىڭ چېكىنىپ مۇداپىئەلىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا پەرمان بەرگەنىدى. بۇ لەشكىرىي مەخپىيەتلىكتىن باشقا سەركەردىلەرنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. شۇ ئەسنادا بارگاھى ئالىيغا كىرىپ كەلگەن مۇلازىم ئەمىرى كەبىرگە سالام قىلدى.

— مەلۇم بولغاي، يەزەك قوشۇندىن چاپارمەن كەلدى.

— كىرسۇن، — دېدى ھىندىقۇش مىرزا.

بارلىق سەركەردىلەرنىڭ كۆزى بارگاھى ئالىيغا كىرىپ كەلگەن چاپارمەنگە تىكىلدى.

— ئەمىر كەبىرى جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي. يەزەك قوشۇن بامـدات ۋاقتـىدىن بۇرۇن يېڭىسار قەلئەسىنى پەتھى قىلدى. ئۆلۈم - يېتىم ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىدى.

سەركەردىلەرنىڭ چېھرىگە كۈلكە قوندى.

— دەرھال قايتىپ سەركەردەڭگە ئېيت. قەلئەنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتسۇن، قەلئە ئىچىدىكى ئاۋامغا زىنھار زۇلۇم سالمىغاي، — دېدى ھىندىقۇش مىرزا چاپارمەنگە.

چاپارمەن پەرماننى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— مۆھتەرەم سەركەردىلىرىم، — دېدى ھىندىقۇش مىرزا ئـولتـۇرغانلارغا قاراپ، — ئۆز قارارگاھىڭلارغا قايتىپ، لەش-

ياغى دېمەكلىك، قان تۆكۈش دېمەكلىك، ئادالەت قىلىچىنى يالىڭاچلىماي تۇرۇپ، ئاسىي قوشۇننى ھەرگىزمۇ ئەل قىلغىلى بولماس. بۇ غىلتاڭ سايىنىڭ تونۇر تەپتىدە مىدىرلىماي تۇرۇۋې-رىپ لەشكەرلەرنىڭمۇ ئىچى پۇشتى، — دېدى بەرانغار قوشۇنى-نىڭ ئەمىر سەركەردىسى.

ھىندىقۇش مىرزا ساقىلىنى سىلاپ بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سەركەردىلەرگە تەكشى قاراپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئېيتىڭلارچۇ، سەركەردىلىرىم، لەشكەرلەر ئاچمۇ؟

— ياق، — دەپ جاۋاپ بەردى سەركەردىلەر.

— ئەمىسە ئۇسسۇزمۇ؟

— ياق.

— ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىسسىق ئۆتۈپ كېسەل بولغانلار بارمۇ؟

— قارارگاھىمىز ئېقىن بويىدا تۇرسا، لەشكەرلەر ئۇسسۇز قالمىغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە ئىسسىق ئۆتۈپ كەتمەيدۇ - دە.

— ھەببەللى، — دېدى ھىندىقۇش مىرزا، — بىزدە ھەممە ئىمكانىيەتلەر تولۇق، غېمىمىز يوق، شۇڭا مىدىرلىمايمىز. بى-راق ئاسىي قوشۇننىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى بولغان بىلەن سۈيى يوق. ئۇلار بىر يۇتۇم سۇنىمۇ يىگىرمە نەچچە چاقىرىم يىراقلىق-تىن توشۇپ ئەكېلىپ ئىچىۋاتىدۇ. تومۇزدىكى غىلتاڭ سايدا ئۇسسۇز قالغان ئادەمگە ئاسان ئىسسىق ئۆتۈپ قالىدۇ. ئۇسسۇز-لۇق بىلەن ئاپتاپ بىز ئۈچۈن ئاسىي قوشۇن بىلەن جەڭ قىلىۋا-تىدۇ. ئەھۋال ئاشۇنداق تۇرسا، يەنە ئاۋارە بولۇپ نېمىشقا جەڭ قىلغۇدەكمىز.

كۆڭۈللىرىدىكى تۈگۈچ يېشىلگەن سەركەردىلەرنىڭ چىرايى-غا كۈلكە يۈگۈردى.

— ئۇلار ئۇسسۇزلۇقتىن قىينىلىپ يېتىۋەرمەس. ناۋادا چېكىنىپ يېڭىسار قەلئەسىگە بېكىنىۋالسا قانداق قىلىمىز؟ —

يالماي بىر كېچىدىلا قېچىپ كەتتى. ئىسسىق ئۆتۈپ ئاغرىپ
يېتىپ قالغانلارمۇ ئىككى مىڭدىن ئاشاتتى. شۇ سەۋەبلىك موللا
ساقى بىلەن موللا نەقى خەلىپىلەرنىڭ ئەمىر لەشكەر ئەلىشاھبەگ-
نىڭ ئالدىدا تىلى تۇتۇق ئىدى، مانا ئەمدى ئۇلار بارگاھى ئالىيد-
غا گىدىيىپ كىرەلمەيتتى. خالىغانچە جەڭ تەدبىرلىرى كۆرسى-
تەلمەيتتى. قۇتبىل ئەقتاب پىر بۇزرۇكى ھىدايىتۇللا ئىشان
خوجىسىنىڭ كەشپىيۇ كارامەتلىرىنى شالىلىرىنى چاچرىتىپ
سۆزلەپ ماختىنالمايتتى. ناۋادا بىلىپ - بىلمەي زۇۋاندارلىق
قىلىپ سالسا، ئەلىشاھبەگنىڭ تەنبىھىگە، مەسخىرىسىگە ئۇچ-
رايتتى. چۈنكى، ئەلىشاھبەگنىڭمۇ بۇ ئەھلى سۇلۇك باھادىرلى-
رىغا بولغان ھۆرمەت - ئىھتىرامى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەنىدى.
ئۇلارنى «مۆھتەرەم باھادىر سەركەردىلەر» دەپ ھۆرمەت بىلەن
ئاتىماستىن، مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا «جانابىي زاتىل ئەقتابلار»
دەپ ئاتايدىغان بولۇۋالغانىدى ۋە خالىغانچە مازاق قىلاتتى. شۇن-
داقتىمۇ موللا ساقى بىلەن موللا نەقى دەردلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ
زورىغا ھىجىيىشىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. چۈنكى، ئۇلار بۇ
سوپى لەشكەرلەرنىڭ رەسمىي جەڭگە دۈچ كەلسە، ھېچقانچە كۈچ
كۆرستەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەنىدى. ئەس - يادى ئەلى-
شاھبەگ باشچىلىقىدىكى قوشۇن خان لەشكەرلىرىنى يېڭىۋالسا،
ئۇلار بىلەن بىللە ئاستانىگە باستۇرۇپ بېرىپ، خوجىسى ھىداي-
تۇللا ئىشاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئاستانىدىكى نەچچە مىڭلى-
غان ئىسھاقىيەچى قارا تاغلىق مۇرىتلارنىڭ قېنىنى ئېرىق قىلىپ
ئاققۇزۇش، تېرىسىنى سويۇپ پوستىغا سامان تىقىش، ئاختا
قىلىپ پېيىنى قىرقىپ تاشلاش، قېنىدا تۈگمەن چۆرگىلىتىش
ئىدى. بۇنداق قىلىش سوپى لەشكەرلىرىنىڭ قولىدىن تولۇق
كېلەتتى. تېخى مۇشۇ تۆھپىلىرى ئۈچۈن خوجىسىدىن ئالىدىغان
ئىنئاملارنى ئويلىشىپ شالۋاقلىرىنى ئاققۇزۇشاتتى.

ئەلىشاھبەگ سەركەردىلىرى بىلەن لەشكەرلەرنىڭ سۇ مەسى-

كەر - سەرۋازلىرىڭلارنى ئوبدان غىزالاندۇرۇپ تەييار تۇرۇڭلار.
پېشىن نامىزىدىن كېيىن ئاسىي قوشۇنىنىڭ قارارگاھىغا ھۇجۇم
قىلىمىز. بارلىق لەشكەرلەرگە ئالاھىدە پەرمان جاكارلانسۇنكى،
ئاسىي قوشۇنىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشكە ماجالى يەتمىگەن كې-
سەل، ئاجىز لەشكەرلىرىگە زىنھار زەخىم يەتكۈزۈلمىگەي. پەر-
مانغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار لەشكىرىي جاساققا تارتىلىدۇ.
سەركەردىلەر روھلۇق ھالدا بارگاھى ئالىيدىن يېنىپ
چىقتى.

## 6

ئەمىرى كەبىر ھىندىقۇش مىرزا ھەقىقەتەن توغرا پەرەز
قىلغانىدى. شاھزادە يولۋاسخاننىڭ ئىككى تۈمەن كىشىلىك مۇن-
تىزىم لەشكىرى بىلەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ تۈمەن كىشى-
لىك ھەمدەمچى سوپى لەشكەرلىرى ئىككى كۈن ئىچىدىلا سۇ
مەسىلىسىنى ھەل قىلالماي پاتىپاراقچىلىقتا چۈشكەنىدى. ئۇلار-
نىڭ مەخسۇس سۇ توشۇغۇچى لەشكەرلىرى سۆگەت، توپلۇق
تەرەپلەردىن يۈزلەپ كۆتەك ھارۋىلارغا ياغاچ تۇڭلارنى بېسىپ
ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىتتا ئاران بىر يول سۇ ئەكېلەلەيتتى.
توشۇپ كېلىنگەن بۇ سۇلار ئۈچ تۈمەن لەشكەر ئۈچۈن ئۇسساپ
گەزباغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى نەمدىۋېلىشقىمۇ يەتمەيتتى. سۇ
تالىشىپ كۆتۈرۈلگەن جەڭگى - جېدەللەر بېسىقمايتتى. ئۇس-
سۇزلۇقتا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپ يىقىلغان لەشكەرلەرنىڭ سانى
ئۈچ كۈن ئىچىدە بەش مىڭدىن ئاشتى. ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەن
بۇ لەشكەرلەر ئىچى سۈرۈپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ ئوت - ئاتەش
بولۇپ، سايىنىڭ تېشىدەك يېتىشاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەمدەمچى
سوپى لەشكەرلەردىن ئۈچ مىڭغا يېقىن ئادەم ئۇسسۇزلۇقتا چىدى-

سۈنى تالىشىپ سوپى لەشكەرلەر بىلەن شاھزادە يولۋاسخاننىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىدا غوۋغا كۆتۈرۈلدى. ھەر ئىككى تەرەپ سۈنى ئۆزلىرىنىڭ قارارگاھىغا ئەكېتىپ چۈشلۈك تاماققا ھازىرلىق كۆرۈشكە ئالدىرايتتى، ئۇلار بىر - بىرىگە يول قويمايتتى، تارتىشىش، ئىتتىرىشىشلار، ياقا سىقىشىشقا، كېيىن بىر- بىرىنى قىلىچلىشىشقا ئۆتتى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئەلىشاھبەگ بىلەن موللا ساقى، موللا نەقىلەر كېلىپ جېدەلنى ئارىچىلاپ بولغۇچە سۇ تالىشىپ ئۆلگەنلەرنىڭ سانى ئوندىن، ئېغىر - يەڭگىل يارىلانغانلارنىڭ سانى ئەللىكتىن ئېشىپ كەتكەنىدى.

ئەلىشاھبەگ غەزىپىنى زورىغا بېسىۋېلىپ تۇرۇپ، سۈنى ھەر ئىككى تەرەپكە تەڭ تەقسىملەپ بەردى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ سۈيىنى ئۆزى ئەكېلىپ ئىچىدىغانغا پەرمان چۈشۈردى.

— بۇ سايدا مۇشۇنداق تۇرۇۋەرسەك لەشكەر - سەرۋازلىرىمىز جەڭ قىلماي تۇرۇپلا ئۇسسۇزلۇق ۋە كېسەل ئازابىدىن قىرىلىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى بارگاھى ئالىيىغا قايتىپ كەلگەن ئەلىشاھبەگ سەركەردىلىرىگە قاراپ، — ھىندىقۇش مىرزا دېگەن قېرى تۈلكىمۇ بىر ئۆستەڭ سۈنى ئوڭچە ئىگىلىۋېلىپ، بىزنى بىر تېمىم سۇغا زار قىلىپ قويدى. قارارگاھىغا مەھكەم بېكىنىۋېلىپ يا جەڭگە چىقمىدى. ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئەمدى بىلىۋاتىمەن. ئۇ بىزنى مۇشۇ سايدا ئۇسسۇزلۇقتىن قىيناپ، لەشكەرلىرىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى سۇندۇرۇپ، جەڭ قىلمايلا ئەل قىلماقچى. شۇڭا، نەچچە مەرتىۋە جەڭگە ئۈندىسەكمۇ، چاشقاندەك ئىنىغا كىرىۋېلىپ يېتىۋالغان گەپ. بىز ئۇنىڭ دامىغا چۈشۈپتۇق. ئىسىت، قاچانمۇ لەشكىرىي تەدبىردە ئۇنىڭغا تەڭلىشەرمىز. بولدىلا بۇ يەردە قۇرۇق ئاۋارە بولۇپ تىركىشىپ، ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرماي دەرھال چېكىنەيلى.

— نەگە چېكىنىمىز؟ ئەمىرلەشكەر جانابلىرى، — دېدى

لىسىنى قانداق ھەل قىلىش، كۈچلۈك ياۋغا قانداق تاقابىل
تۇرۇش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ ئامال تاپالماي رەللە بولاتتى،
ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن لەشكەرلەر
ئاغرىق ئازابىدا ئىڭراپ زار - زار قاقشايتتى. ئەمما، موللا ساقى
بىلەن موللا نەقى بولسا كېسەل تەگمىگەن بىر قىسىم سوپى
لەشكەرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ جەررە - ساما سېلىشىپ، ھۆك-
مەت ئوقۇپ ھۇ - ھۇلىشاتتى. بۇ ھالەت خاھى كېچە، خاھى
كۈندۈز ئوخشاش تەكرارلىناتتى. قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن
لەشكەرلەر بىر - بىرلەپ جان تەسلىم قىلاتتى. ئەمما جەررە-
ساما بولسا بۇ ئوت - ئاتەش قارغىش تەگكۈر ساينى لەرزىگە
سېلىپ، لەشكەرلەرگە ئارام بەرمەيتتى. ئەلىشاھبەگ بۇ قىزىت-
مىنىڭ يۇقۇملۇق كېزىككە ئايلىنىپ پۈتكۈل لەشكەرلەرگە تالا-
پەت يەتكۈزۈشىدىن خەۋپسىرەپ يۈرىكى سۇ ئىدى.

— خانىقاغا بارغاندا سېلىشۋېلىشسىلا بۇ جەررە - سامالىرى-
نى، مۆھتەرەم سوپىلىرىم، — دەپ ۋارقىرايتتى ئەلىشاھبەگ
سەۋر قاچىسى تولۇپ، — ئېشەك ئۆلۈۋاتسا كۆتى غېجەك تارتىپ-
تۇ دەپ، نېمانداق قاملاشمىغان ئىش بۇ، — موللاساقى بىلەن
موللا نەقىگە قاراپ دوق قىلاتتى ئۇ، — جانابىي زاتىل ئەقتابىلى-
رىم، بىلىپ قويۇشسىلا، جەررە - ساما بىلەن كۈچلۈك ياۋنى
يەڭگىلى بولماس. سوپى لەشكەرلەرنى ھەلقى - سۆھبەتكە مەش-
غۇل قىلغۇچە، جەڭبازلىق ماھارىتى بىلەن مەشىق قىلدۇرسىلا،
ئۇلار ساپايى چېلىشنى ئەمەس، قىلىچ - نەيزە ئوينىتىشنى ئۆ-
گەنسۇن. رەسمىي جەڭگە چۈشكەندە يۈز ساپايى ئۇستىدىن بىر
قىلىچ غالىب كېلۇر.

خەلىپىلەر ئەلىشاھبەگكە گەپ ياندۇرالمايتتى، ئەمما ئارقى-
سىدىن «دەھرىي»، «مۇرتەت» دەپ تىللايتتى، ساقاللىرىنى
تۇتاملاپ خەپىلىشەتتى.

بۈگۈن قوزىچۇش مەھەلدە توشۇپ كېلىنگەن ھارۋىدىكى

پەقەت چېكىنىشلا ھالاكەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ئى-
دى. ئەمما شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ياۋنىڭ چاڭگى-
لىدىن ئامان - ئېسەن قـۇتـۇلۇپ چىقىـشمۇ ئۇنچە ئاسانغا
چۈشمەيتتى.

سوپى لەشكەرلەر ئالدىقاچان تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەن بو-
لۇپ، ئۇلارنىڭ لەشكىرى قايسى، سەركەردىسى قايسى ئىلغا
قىلغىلى بولمايتتى. چۈنكى، موللا ساقى بىلەن موللا نەقى لەش-
كەرلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، ئەڭ ئاۋۋال ئۆزلىرى قۇيرۇقىنى خادا
قىلغانىدى. پەقەت قەشقەرنىڭ مۇنتىزىم لەشكەرلىرىلا ئۆز قوشۇ-
نىنىڭ تۇغى ئەتراپىغا جەم بولۇپ، سەركەردىلىرىنىڭ باشچىلىقى-
دا قارشىلىق كۆرسەتكەچ تەرتىپلىك چېكىنىۋاتاتتى. خان لەش-
كەرلىرى ئۇلارنى سۆگەتكىچە سۈر - توقاي قىلغاندىن كېيىن
ئاندىن بولدى قىلىشتى. ئۆز ۋاقتىدا ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلە-
گەن ئەلىشاھبەگ، ئەلىقۇلبەگ ئاكا - ئۇكا سەركەردىلەرنى ھىن-
دىقۇش مىرزا نېمە ئۈچۈندۇر ئاياپ، يەنە بىر قېتىم چىقىش يولى
قالدۇرۇشنى كۆزلەپ، سەركەردە - لەشكەرلىرىگە مەغلۇپ بول-
غان قاچقۇن قـوشـۇننى قـوغلاشنى توختىتىشقا پەرمان چۈشۈر-
گەنىدى.

ئەلىشاھبەگ قىرغىندىن ئاران تەستە قۇتۇلۇپ، بىر قىسمى
ئۆلۈپ، بىر قىسمى قېچىپ ئېشىپ قالغان بەش مىڭغا يېقىن
لەشكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قاش قارايغاندا يېڭىسار قەلئەسىگە يې-
تىپ كەلدى - دە، قەلئە دەرۋازىسىغا، سېپىل ئۈستىگە قادالغان
خان لەشكەرلىرىنىڭ تۇغ - ئەلىمىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ياۋ
بىلەن جەڭ قىلىشنىلا ئويلاپ، يېڭىسار قەلئەسىنى قوغداشقا سەل
قارىغانلىقىدىن يەنە بىر قېتىم پۇشايمان يەپ ھەسرەت چېكىپ
كەتتى. شاھزادە يولۋاسخاننىڭ سۈيۈرغاللىقىدىكى پۈتكۈل قەش-
قەر زېمىنىنى ھىندىقۇش مىرزا پۈتۈنلەي تەسەررۇپىغا ئېلىپ
بولغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى.

موللا ساقى ئەلىشاھبەگنىڭ مەسلىھەتمۇ سالماي ئۆزئالدىغا ھۆ-
كۈم چىقارغىنىغا نارازى بولۇپ.

— يېڭىسارغا بولماي نەگە بولاتتى، — دېدى ئەلىشاھبەگ
قاپىقىنى تۈرۈپ، — بارلىق قارارگاھلار يوك - تاقلىرىنى تېگىپ
تەق بولغاي. تۈن نىسپى بىلەن ياۋغا بىلىندۈرمەي چېكىنىمىز.
يېڭىسار قەلئەسى مۇداپىئەگە ئەپلىك، ھۇجۇم قىلىشقا ئەپسىز
جاي. سۈيىمۇ مول، ھاۋاسىمۇ سالقىن، لەشكەرلەرنى ساقايتى-
ۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئاستانىگە يۈرۈش قىلساقمۇ كې-
چىكمەيمىز.

سەركەردىلەر لەشكەرلىرىنى يېڭىسارغا چېكىندۈرۈش تەي-
يارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن بارگاھى ئالىيدىن چىقىپ كەتتى.

ئەلىشاھبەگ ساي ئوتتۇرىسىدىكى ئېقىنىنى ئىگىلەشتە بىر
قەدەم كېچىكىپ قالىپ قانچىلىك پۇشايمان قىلغان بولسا، نەچچە
كۈندىن بېرى شۇنچە ئۇندەپمۇ جەڭگە چىقىرالمىغان خان لەشكەر-
لىرىدىن خاتىرجەم بولۇپ، سۇ ھەلەكچىلىكىدە بىخۇدلىشىپ،
ياۋنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشنى بوشاشتۇ-
رۇپ قويغانلىقىدىن مانا ئەمدى شۇنچىلىك پۇشايمان يېمەكتە
ئىدى. مانا ھازىر ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ خان لەشكەرلىرى
ئۇلارنىڭ قارارگاھىغا خۇددى قوي قوتىنىغا ئېتىلغان بۆرىلەردەك
باستۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆزى تاش ساناپ بولغۇچە ھىندى-
قۇش مىرزىنىڭ قوم ساناپ، خۇددى ئەۋلىيالاردەك ھۆكۈم چىقى-
رىپ، ھەربىر ئىشتا ئۆزىدىن بىر قەدەم ئالدىدا ماڭىدىغان دانىش-
مەنلىكىگە يەنە بىر قېتىم قول قويدى. لەشكىرىي ئىلىمدە ئۆزى-
نىڭ ھىندىقۇش مىرزىدىن خېلىلا خام ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ
قىلدى.

شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە جەڭگىۋارلىقىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان لەش-
كەرلىرى بىلەن غەيرەت - جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان خان لەش-
كەرلىرىگە تاقابىل تۇرۇش تولىمۇ نادانلىق ئىدى. چېكىنىش -

## 7

ھىندىقۇش مىرزا مەغلۇپ بولغان ئاكا ـ ئۇكا سەركەردىلەرنىڭ قەشقەرگە ئامان ـ ئېسەن قېچىپ بېرىۋېلىشى ئۇچۇن پۇرسەت يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە، لەشكەرلەرنى ئېدىتلاش باھانىسى بىلەن شۇ كۇنى سايدىن مىدىرلىمىدى. ئەتىسى ئاشۇاقتى بىلەن يولغا چىقىشقا تەرەددۇتلىنىپ تۇرۇۋىدى، بارگاھى ئالىيىغا خاس مەھرىمى كىرىپ كەلدى.

— مەلۇم بولغاي، ئاستانىدىن خان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىنى ئېلىپ شاھزادە نۇردۇنخان بىلەن مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان پىر بۇزرۇك ھەزرەتلىرى كەلدى.

ھىندىقۇش مىرزا بۇ تاسادىپىي خەۋەردىن بىر ئاز تەئەججۇپلەندىيۇ، ئارتۇقچە ئويلىنىپ تۇرماي، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئىستىقبالغا چىقتى.

قارارگاھ سىرتىدا نۇردۇنخان بەش نەپەر خاس نۆكىرى بىلەن، مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان بەش نەپەر سوپى – دەرۋىشلىرى بىلەن ھىندىقۇش مىرزىنى كۇتۇپ تۇراتتى. ھىندىقۇش مىرزا ئۇلار بىلەن سالام ـ سەھەت قىلىشىپ، ھال – ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن بارگاھى ئالىيىغا باشلاپ كىردى – دە، شاھزادە نۇردۇنخان بىلەن خوجا ئابدۇللا ئىشاننى تۆرگە باشلىدى. ئۇنىڭغىچە پەرمانچىبەگ خان يارلىقىنى جاكارلىدى.

— پەرمانى ئالىي!

ھىندىقۇش مىرزا قاتارلىق بارلىق چوڭ ـ كىچىك سەركەردىلەر قول باغلاپ تۇرۇشتى. پەرمانچىبەگ شاھانە قاپچۇقتىكى قەغەزنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

— ھىندىقۇش مىرزا دېگەن قۇۋ تۈلكە قاچانلاردا ئىگىلىۋال-
غاندۇر بۇ قەلئەنى. ئۇلارنىڭ ئارقىمىز تەرەپكە ئۆتۈۋالغىنىنى
ئەجەب تۇيماي قاپتىمىزيا؟ — دېدى ئەلىقۇلبەگ غەزەپتىن بوغۇ-
لۇپ، — قاراپ تۇرماي ھۇجۇم قىلىپ تارتىۋالايلى، ئاكا.

— نېمىمىز بىلەن تارتىۋالىمىز، ئى ئەزىز ئىنىم، — دېدى ئەلىشاھبەگ ھەسرەتلەنگەن ھالدا ئاھ ئۇرۇپ ۋە ئېڭىكى بىلەن ئارقىسىدىكى ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن، روھى تولىمۇ چۈشكۈن لەشكەرلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ — مۇنۇ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن لەشكەرلەر بىلەنمۇ؟ ئەڭ ياخشىسى ئىززىتىمىزنى قىلغاننى بىلىپ قەشقەرگە كېتىۋالايلى.

— نېمە دېگەنلىرى بۇ، ئاكا؟ — دېدى ئەلىقۇلبەگ سەل تېرىكىپ.

— بىلمىدىلىمۇ، ئى ئەزىز ئىنىم، — دېدى ئەلىشاھبەگ ئىنىسىغا قاراپ، — ھىندىقۇش مىرزا ئۆز ۋاقتىدا بىزگە سىڭدۇرگەن ئەجرىنى دېمىگەن بولسا مۇنۇ لەشكەرلىرىمىزمۇ تامامىي قىرىلىپ تۈگىگەن ھەم بىزنىمۇ ھېلىغىچە ئامان قويمىغان بولاتتى. بىزنىڭ يۈز - خاتىرىمىزنى قىلىپ ھەم شاھزادە يولۋاسخان ئالدىدىكى يۈز - ئابرۇيىمىزنىڭ پۈتۈنلەي تۆكۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئارقىمىزدىن قىر - چاپ قىلىپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقان سەركەردە - لەشكەرلىرىنى دەرھال توختىتىۋالدى ۋە چېكىنىش يولىمىزنىمۇ پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلىمىدى. بولمىغان بولسا ئاكا - ئىنى ئىككىمىز ئۆزىمىزنى ھېلىغىچە ئاتنىڭ ئۈستىدە ئەمەس، باشقا يەردە كۆرگەن بولاتتۇق. ئەڭ ياخشىسى يولۋاسنىڭ بۇرۇتىنى تارتماي، قەشقەرگە قايتىۋالايلى. قالدى ئىشلارنى كېيىن بىرنېمە دېيىشەرمىز.

ئۇلار يېڭىسار قەلئەسى بىلەن قىيمىغان ھالدا ئۈن - تىنسىزلا خوشلاشتى - دە، ئاتلىرىنىڭ بېشىنى قەشقەر تەرەپكە بۇرىدى.

خاننى ۋەلىئەھدىلىكتىن قالدۇرۇپ، قەشقەرنىڭ نائىپ ئەمىرلىك مەرتىۋىسىنى ئېلىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئىككىنچى ئوغلى ئاقسۇنىڭ نائىب ئەمىرى شاھزادە نۇردۇنخاننى ۋەلىئەھدى دەپ جاكارلاپ، قەشقەرنىڭ نائىب ئەمىرلىكىگە بەلگىلەپ يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئاقسۇدىن قايتۇرۇپ كەلگەنىدى. ۋەلىئەھدى بولغۇچىنى نائىب ئەمىر قىلىپ بەلگىلەش سەئىدىيە خانلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

شاھزادە نۇردۇنخان يارلىقنى تاپشۇرۇۋېلىپلا يولغا چىقىپ ئاۋات①، غوروچۆل②، پىچاقسۇندى③، تۇمشۇق④، مارالبېشى⑤، ئاقساقمارال⑥، سېرىقبۇيا⑦، شېھىتدۆڭ⑧، خاڭدى⑨، ئېلىشقۇ⑩... قاتارلىق يەكەن دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان يۇرتلارنى كېسىپ ئۆتىدىغان، ئاقسۇدىن ئاستانىگە ئەكېلىدىغان ئۇدۇل يول بىلەن تېزلا يېتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئابدۇللاخان ئۇنى قەشقەرگە توختاتمايلا يولغا سالغانىدى. ئەمىرى كەبىر ھىندىقۇش مىرزىنى يارلىق چۈشۈرۈپ ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىشىدە بۇنىڭدىن باشقا چوڭ سەۋەبمۇ يوق ئىدى. مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان بولسا بىر كېچە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ «ئەۋلىيا - ماشايىخلار بىلەن مۇلاقەتتە بولۇپ، ئەۋلىيا - ئەنبىيالاردىن شاھزادە نۇردۇنخانغا ھەمراھ بولۇپ قەشقەرگە بېرىش ھەققىدە بېشارەت ئالغانلىقى»نى سۇلتان ئابدۇللاخانغا ئېيتقانلىقى ئۈچۈن، ئابدۇللاخان ئۇنى شاھزادىگە ئاتالىق قىلىپ بەلگىلەپ شاھزادە بىلەن قەشقەرگە بېرىشقا ئىجازەت قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇ مۇرىت - مۇخلىسلى-

---

① ئاۋات — ھازىرقى ئاۋات ناھىيىسى.
② غوروچۆل — ئاۋات ناھىيىسىدىكى بىر يۇرت.
③ پىچاقسۇندى — ئاۋات ناھىيىسىدىكى بىر يۇرت.
④ تۇمشۇق — ئاۋات ناھىيىسىدىكى بىر يۇرت
⑤ مارالبېشى — ئاۋات ناھىيىسىدىكى بىر يۇرت.
⑥ ئاقساقمارال — ئاۋات ناھىيىسىدىكى بىر يۇرت.
⑦ سېرىقبۇيا — مارالبېشى تەۋەسىدىكى بىر يۇرت.
⑧ شېھىتدۆڭ — مەكىت ناھىيىسىدىكى بىر يېزا.
⑨ خاڭدى — يەكەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بىر يۇرت.
⑩ ئېلىشقۇ — يەكەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بىر يۇرت.

يارلىق:

بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم.

مەنكى يەكەن سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ خاقانى سۇلتان ئابدۇللاخان شۇنداق يارلىق قىلىمەنكى، جانابىي ئەمىرى كەبىر ھىندىقۇش مىرزا پەرمانىغا بىنائەن قەشقەرگە جازا يۈرۈشى قىلىپ كۆپ رىيازەت چەكتى.

سەلتەنىتىمىزنىڭ تەۋەررۇك پېشىۋا باھادىرىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك، لەشكىرىي يۈرۈشلەردە ئارتۇقچە رىيازەت چەكمىگەي. ئوردىغا قايتىپ كېلىپ، خانلىقىمىزنىڭ لەشكىرىي ئىشلىرىغا پاسىبان بولۇپ تۇرغاي. ئورنىغا شاھزادە نۇردۇنخان ئاسىيلارغا جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇننىڭ ئەمىر لەشكەرلىك ئىشلىرىنى جوڭقۇرغاي. مۆھتەرەم پىرى بۇزرۇك خوجا ئابدۇللا ئىشان ھەزرەتلىرى شاھزادىگە ئاتالىق[1] بولۇپ قەشقەردىكى رەئىيەتنىڭ شىكەستىلەنگەن كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزغاي، ئازغۇنلارغا رەھنەما[2] بولغاي. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئەمىرى كەبىر جانابلىرى بىلەن ئوردىغا بىللە قايتىپ كەلگەي.

يارلىق تامام ۋەسسالام.

— ئانەزرىتىمنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە ھەشقاللا! — دېدى ھىندىقۇش مىرزا يارلىقنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ خان لەشكەرلىرى بىلەن بىللە قەشقەرگە بارغۇسى بولسىمۇ خان يارلىقىغا قارشى چىقىشقا پېتىنالماي، ھىندىقۇش مىرزا بىلەن شۇ كۈنىلا ئاستانىگە يۈرۈپ كەتتى.

ئەسلىدە سۇلتان ئابدۇللاخان چوڭ ئوغلى شاھزادە يولۋاس-

① ئاتالىق — ئۇستاز، شاھزادىلەرنىڭ ئۇستازى، مەسلىھەتچى.
② رەھنەما — يول كۆرسەتكۈچ.

تىدىن قەشقەرنى ساقلاپ قېلىشقا كۆزى يەتمەي، قالدى - قاتتى سەركەردە - لەشكەرلىرى بىلەن بالا - چاقىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئويراتلاردىن[1] پاناھلىق تىلەپ ئاللىبۇرۇن كېتىپ قالغانىدى.

— پەخەس بولسىلا، ئى مۆھتەرەم ۋەلىئەھدەم، ئاكىلىرى شاھزادە يولۋاسخان كەتكەن بىلەن شەھەردە ئاكىلىرىنى يولدىن ئازدۇرۇپ جانابىي پەدەرى خاقانغا بايقۇت قىلىشقا قۇتراتقان ئازغۇن، ناكەس ئەغيارلار تېخى باردۇر. بۇ مۇلھىد مۇرتەتلەرنى جازالىماي تۇرۇپ سەلتەنەت ۋە رەئىيەتكە خاتىرجەملىك يوقتۇر، — دېدى خوجا ئابدۇللا ئىشان ئەمدىلا ئوردىغا جايلاشقان شاھزادە نۇردۇنخانغا ئەقىل ئۆگىتىپ.

— ئارى، شۇنداق قىلايلى. مەن ھازىرلا پەرمان جاكارلاي، جانابىي پىرى بۇزرۇك، — دېدى شاھزادە نۇردۇنخان شاراب خۇمارىنى بېسىشقا ئالدىراپ، نېرى - بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا.

شۇنداق قىلىپ مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى، مەيخور شاھزادىنىڭ پەرمان چۈشۈرۈشى بىلەن خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ باشچىلىقىدا «ئاسىي مۇرتەتلەرنى جازالاش، پاسىق قەدىمىنى تازىلاش» مەقسىتىدە قەشقەر شەھىرىدە بىر كۈن قىرغىن بولدى.

گەرچە بۇ قىرغىننى مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان ئەشەددىي رەقىبى، ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ پېشۋاسى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ مۇرىتلىرىدىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە پىلانلاپ روياپقا چىقارغان بولسىمۇ، شاھزادە نۇردۇنخاننىڭ ئاسىيلارنى جازالاش ھەققىدىكى پەرمانىدا «ئاسىيلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكۈچىلەرگە ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى ئىنئام قىلىنىدۇ» دېگەن مەزمۇن

---

① ئويراتلار — موڭغۇللارنىڭ ئويرات قەبىلىسى.

رى ئارىسىدىن كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بەش يۈز
نەپەر سوپى ـ دەرۋىشنى ئەگەشتۈرگىنىچە شاھزادە بىلەن بىللە
كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن قەشقەرگە بېرىشنى خالاپ
قالغانلىقىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى.

ئەمدىلا ئوتتۇز ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان مەخدۇمزادە خوجا
ئابدۇللا ئىشان 1646 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن ئىسھاقىيە سۇلۇك-
نىڭ پېشۋاسى خوجا شادى ئىشاننىڭ يېتىم قالغان ئىككى مەخ-
دۇمزادىسىنىڭ چوڭى ئىدى. ئۇ خەلىپە سەئىد مۇھەممەد خوجى-
نىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولۇپ، ئەھلى سۇلۇك ئىلمىدە كامالەتكە
يېتىپ، يەكەن سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدىكى ئىسھاقىيە سۇلۇ-
كىدىكى قارا تاغلىق مۇرىت ـ مۇخلىسلارنىڭ مەشھۇر پىرى
بۇزرۇكىغا ئايلانغانىدى. بۇ مەخدۇمزادىگە سۇلتان ئابدۇللاخانمۇ
قول بېرىپ مۇرىت بولغان بولۇپ، ئوردىدا ئالاھىدە ھۆرمەت،
مەرتىۋىسى بار ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئاۋۋال ئالايى-
تەن ئاقسۇغا بېرىپ سۇلۇك تەۋرەتكەچ شاھزادە نۇردۇنخاننى
ئەھلى سۇلۇككە دەۋەت قىلىپ، ئۆزىگە مۇرىت قىلىپ ئول-
گۈرگەنىدى.

شاھزادە نۇردۇنخان بىلەن مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان
ئەمىرى كەبىر ھىندىقۇش مىرزا، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىملار
بىلەن خوشلىشىپلا، ئەسىرگە چۈشكەن قەشقەر لەشكەرلىرىنى
خان لەشكەرلىرى ئارىسىغا تارقىتىپ، جازا يۈرۈشى قىلغۇچى
قوشۇننى باشلاپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. يېڭىسارىدا ئالدىغا
ئىستىقبالغا چىققان سەركەردە شىرئەلى باھادىرنى يەنىلا يېڭىسار
قەلئەسىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى ـ دە،
خۇپتەن بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ بويىغا چۈشكۈن قىلدى. ئەتى-
سى ئاشۋاقتى بىلەن قەشقەر شەھىرىگە قارشىلىقسىزلا كىرىپ
كەلدى.

ئەسلىدە شاھزادە يولۋاسخان بۇ قېتىمقى قاتتىق مەغلۇبىي-

# تۆتىنچى باب

# تىترىگەن زېمىن

## 1

مىلادىيە 1666 ـ يىل كەچ كۈز، قەشقەر.

بىر قېتىملىق دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق پەيدا بولغان ئەزـ
ـزانە قەشقەر ئاھالىسىنىڭ كۆڭۈل جاراھىتى ساقىيىش تۈگۈل
مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشانىنىڭ ئەشەددىي ئىسھاقىيەچى مۇـ
ـرىتلىرى تەرىپىدىن رەھىمسىزلىك بىلەن ئاچچىق ـ ئاچچىق
تاتلىنىپ، تېخىمۇ بەك شالۋۇرەپ كەتتى. چۈنكى، قەشقەر شەـ
ـھىرىدە قۇرتتەك مىغىلداپ كەتكەن ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ خۇپىـ
ـيە- پايلاقچىلىرى شاھزادە نۇردۇنخانىنىڭ ئاتالىقى ھەم پىر ئۇسـ
ـتازى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ھامىيلىقىغا ئېرىشكەن مەخدۇمـ
ـزادىسى خوجا ئابدۇللا ئىشانىنىڭ يول كۆرسىتىشى ئارقىلىق
ئۆزسۇلۇكىدىن يېنىپ، ئىسھاقىيە سۇلۇكىگە كىرىشكە ئۇنىمىـ
ـغان سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىدىن كۈنىگە ئاز دېگەندە بىرىنىڭ
كاللىسىنى ئالاتتى. بۇ ۋەھشىيلىكتىن ۋەھىمىگە چۈشكەن قەشـ
ـقەر خەلقى خاتىرجەم بازارغا چىقالمايتتى. ئىككى ئادەم بىر يەرگە
كېلىپ ئەركىن ـ ئازادە مۇڭدىشالمايتتى.

ئاستانىدىكى چېغىدا سۇلتان ئابدۇللاخانىنىڭ سەلتەنىتىدـ

بولغانلىقى ئۈچۈن، توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ ھارامدىن مال-دۇنيا يىغىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان بىر قىسىم ئاچ كۆز، قارانىيەت سەركەردە - لەشكەرلەر ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى بىگۇناھ قەشقەر ئاھالىسىنى قىرىپ تاشلاپ، مال - مۈلكىنى بۇلىدى. خوجا ئابدۇللا ئىشان باشلاپ كەلگەن بەش يۈزدىن ئارتۇق ئەشەددىي ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى ئەڭ ئالدىدا جاللاتلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ ماڭدى. مىڭلىغان قەشقەر خەلقى ئەھلى سۇلۇك غوۋغاسىنىڭ بىگۇناھ قۇربانىغا ئايلاندى. قەشقەر شەھىرىدە قان ئېرىق بولۇپ ئاقتى. مەخدۇمزادە خوجائابدۇللا ئىشان بولسا قەشقەردە ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايىش قىلىپ بۇ قېتىم تولۇق پۇخادىن چىقتى.

ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ پېشۋاسى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن كۆتۈرۈلگەن ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى بۇ تەخت تالىشىش ماجىراسىدا ئىسھاقىيە سۇلۇكى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئۇرۇش باشلىنىپ ئاخىرلاشقۇچە بولغان بىر ھەپتە ئىچىدە جەڭدە ئۆلگەنلەر، ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپ كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۆلگەنلەر ۋە قەشقەردىكى قىرغىنچىلىقتا ئۆلگەنلەر بولۇپ، ئەڭ ئاز دېگەندە ئون مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرۋە ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى بىگۇناھ خەلق ئەزىز جېنىدىن ئايرىلدى. ئۇلارنىڭ گۇناھى پەقەت سەئىدىيە خانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن لەشكىرىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەنلىكى ۋە نادانلىقىدىن سۇلۇككە كىرگەنلىكىدىنلا ئىبارەت ئىدى، خالاس.

ئەينى ۋاقىتتا بۇ پاجىئەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن مەشھۇر تارىخچى، ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ ساداقەتمەن مۇرىتى شاھ مەھمۇد چۇراس «تەۋارىخ» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە «زورلۇق، ئۆكتەملىك ۋە قىرغىنچىلىقلار كىشىلەرنى تەسۋىرلىگۈسىز قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى» دەپ ئادىللىق بىلەن يېزىپ قويدى.

تۇرۇشىغا تۇرتكە بولىدۇ. ئەمما، ئۆزىدە يوق سۇپەتلەر بىلەن
ماختىنىشقا نائىل بولۇپ، بۇنىڭدىن چەكسىز ھۇزۇر ھېس قىل-
غۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەخمەق، مەمەدان كىشىلەردۇر. شاھ-
زادە نۇردۇنخانمۇ ئەنە ئاشۇنداق كىشىلەرنىڭ جۇملىسىدىن ئې-
دى. ئۇ مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللائىشاننىڭ ئۆزىنى زىيادە ماخ-
تاپ، نېرىسى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، ھەزرىتى ئەلى شاھىمەر-
دانلارغىچە، بېرىسى سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان-
لارغا تەققاسلاپ ئۇچۇرۇشلىرىدىن خۇدىنى يوقىتىپ، ئۆزىدە ئۇ-
لاردىنمۇ ئېشىپ چۈشكۈدەك باھادىرلىق، ئىستىبدات، قابىلىيەت
بارلىقىغا چەكسىز ئىشىنىپ، قوشنا ئەل ئەنجانغا لەشكىري
يۈرۈش قىلىپ، ئۇنى سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ تەسەررۇپىغا ئې-
لىش ئارقىلىق ئاشۇ بۈيۈك سەركەردىلەرنى بېسىپ چۈشىدىغانلى-
قىنى ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلاپ، تېخىمۇ زور شان - شەرەپ قۇچ-
قۇسى كەلدى - دە، بۇ ئارزۇ - مەقسىتىنى ئاتالىقى خوجا
ئابدۇللا ئىشان پىرى بۇزرۇكىغا بىلدۈرۈشكىمۇ ئالدىراپ، دەر-
ھاللا دادىسى سۇلتان ئابدۇللاخانغا ئەنجانغا يۈرۈش قىلىش توغرى-
سىدا مەلۇمات سۇندى.

سۇلتان ئابدۇلېتىپخاندىن كېيىنكى دەۋرلەردە شاھزادىلەر
ئارىسىدا ئۆزئارا تەخت تالىشىش. نىزالىرى سەۋەبلىك چاك -
چېكىدىن ئاجراپ، ئۇششاق پارچىلىنىپ ئىلگىرىكى شانۇ شەۋ-
كەتلىك سەلتەنىتىنى يوقاتقان سەئىدىيە خانلىقىنى، ئوغلى شاھ-
زادە نۇردۇنخاندىنمۇ كىچىك ۋاقتىدا قايتا بىرلەشتۇرۇپ، ھەتتا
نۇرغۇن ئىستىبلاچىلىق ھەربىي يۈرۈشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ،
قوشنا ئەللەرنى ئۆزىگە قارام قىلىپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەل-
تەنەتلىك شەۋكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان
سۇلتان ئابدۇللاخانغا، شاھزادە نۇردۇنخاننىڭ بۇ تەكلىپى ياغدەك
ياقتى - دە، نېرى - بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا ئەنجاننى
ئىستىبلا قىلىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى ۋە ئاستانىدىن بەش

نى سۇلۇك - مەزھەپتىن مۇستەسنا تۇتۇش سىياسىتىنىڭ تەسى-
رىدە، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا، قول تىقىشقا ئامال-
سىز قالغان مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان مانا ئەمدى بارلىق
ئارزۇ - ئۈمىدىنى ۋەلىئەھدى شاھزادە نۇردۇنخانغا باغلىغانىدى.
ئۇ ئاتالىق مەرتىۋىسى، پىر بۇزرۇكلۇك سالاھىيىتى بىلەن بىر
تەرەپتىن نۇردۇنخانغا تۇرلۇك مەسلىھەت، تەدبىرلەرنى كۆرسى-
تىپ، مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن تىل
ياغلىمىلىق ۋاستىسىنى قوللىنىپ، شاھزادە نۇردۇنخاننى ماخ-
تاپ كۆككە كۆتۈرۈپ كۆڭلىنى پۇتۇنلەي دىگۇدەك ئۆزىگە مايىل
قىلىشقا ئۇرۇناتتى. شاھزادىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى، سۆزلى-
رىنى، خۇي - پەيلىنى، ئادەتلىرىنى ئۇلۇغلارنىڭ، ئەۋلىيا -
ئەنبىيالارنىڭ، ھەتتا پەيغەمبەرلەرنىڭ پەزىلەت، خۇلق -
مىجەز، ئىش - ئەمەللىرىگە تەققاسلاپ ھالى قالمايتتى.

ئاتالىقى بولمىش بۇ پىرى بۇزرۇكنىڭ بۇ ماختاش، لاپلىرىغا
چىنپۇتۇپلا قالغان شاھزادە نۇردۇنخان خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى
قويارغا يەر تاپالماي قالاتتى - دە، قەشقەرنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلى-
رىنى بۇ شىرىن سۆزلۇك ئىشانغا تاشلاپ بىرىپ، ئۆزى ھەرەمدە
كىنىزەكلىرى بىلەن ئىشقۋازلىق قىلىپ، بەزمە سورۇنلىرىدا
مەي - شاراب ئىچىپ، مەست - ئەلەس يۇرەتتى. ئىشان بولسا
شاھزادىنىڭ ھەر كۇنى ئوردىدىن ئايرىلماي يۇرتدارچىلىق تىزگى-
نىنى ئادالەت بىلەن تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قەشقەر خەلقىگە چەكسىز
مىھرىبانلىقى بىلەن كۆڭۈل بۆلۇۋاتقانلىقى، يۇرت - ماكانلارنى
قايتىدىن ئاۋاتلاشتۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، ئەلنىڭ
كۆڭلىنى تىنچىتقانلىقى ھەققىدە بىر تالاي يالغان - ياۋىداقلارنى
توقۇپ سۇلتان ئابدۇللاخانغا ھەپتىدە بىر قىتىم دىگۇدەك مەلۇمات
يوللايتتى.

قىلغان ئىش - ئەمەللىرىگە لايىق ماختىنىش ئەلۋەتتە ياخشى
ئىش. ئۇ ماختالغۇچىنىڭ ياخشى ئىش - ئەمەللىرىنى داۋاملاش-

پۈتلىرى ئۇششۇپ كەتتى ۋە يول يۈرۈشى قىيىنلاشتى، ھەتتا
لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىدا مۈزلاپ كېتىپ ئۆلۈم - يېتىم ھادىسىسى
كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بىرەر سەۋەب تېپىپ شاھزادە نۇردۇنخاننى
پەيلىدىن ياندۇرۇپ، لەشكەرلەرنى قەشقەرگە قايتۇرۇپ كېتىشنى
يول بويى خىيال قىلىۋاتقان خوجا ئابدۇللا ئىشانغا بۇ ئىش ئوبدانلا
باھانە بولدى.

— ئى ھەزرىتى ئەلى شاھىمەردان مەسەللىك باھادىر ۋەلى-
ئەھدەم، بۇ قەھرىتان سوغۇقتا چىداشلىق بېرەلمىگەن لەشكەر-
لەرنىڭ ئاھۇ زارىغا، بىئەجەل ئۆلۈپ كېتىپ بارغان ئۈممەتلەر-
نىڭ ئەھۋالىغا قاراپ يۈرەك - باغرىم خۇن بولۇپ كەتتى، —
دېدى خوجا ئابدۇللا ئىشان شاھزادە نۇردۇنخانغا قاراپ كۆزىگە
لىققىدە ياش ئالغان ھالدا، — بايام كېتىۋېتىپ كۆزۈم سەل -
پەللا ئۇيقۇغا ئىلىنغاندەك قىلىۋىدى، كۆز ئالدىمدا سەجادەنى-
شىن پىرى بۇزرۇكۋار بابام مەخدۇم ئەزەم ھەزرەتلىرىنىڭ سىي-
ماسى زاھىر بولدى. شۇنداقلا سىنچىلاپ قارىسام ئول بۇزرۇكۋار
سىلىنىڭ جەننەتماكان بابائى بۇزرۇكلىرى شەۋكەتلىك سۇلتان
سەئىدخان ئالىيلىرى بىلەن مۇلاقەتتە بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ، ئۇلار-
نىڭ نۇرانە چىرايى تولىمۇ سولغۇن ۋە پەرىشان، رەنجىگەندەك
قىلىپ ماڭا تەتۈر قارىۋالدى. بۇ ئول بۇزرۇكۋارلىرىمىزنىڭ
ئۇشبۇ قارلىق داۋاندا لەشكەرلىرىمىز ئۇچراۋاتقان ۋابالچىلىقلارغا
بىزنى سەۋەبكار دەپ قاراپ رەنجىگەنلىكى، شۇنداقلا بۇ ئەنجان
يۈرۈشىمىزنى خوپ كۆرمىگەنلىكىنىڭ بېشارىتىدۇر، شۇ ھامان
بىر كەشپۇ كارامەت قىلىپ باتىنى ئالەمگە[1] كۆز تاشلىۋىدىم،
ۋەلىئەھدەمنىڭ سۇھەيل يۇلتۇزى[2] كۆز ئالدىمداتولىمۇ نۇرانە زاھىر
بولدى. بۇ شاھزادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن، بەخت - نۇسىبىتىنىڭ[3]

---

① باتىنى ئالەم — يېپىق ئالەم، يوشۇرۇن ئالەم، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسى.
② سۇھەيل يۇلتۇزى — ئۆمۈر يۇلتۇزى.
③ بەخت - نۇسىبىتى — بەخت - ئامىتى، نېسىۋىسى.

مىڭ ئاتلىق، بەش مىڭ پىيادە خىللانغان چېرىك ئاجرىتىپ بەردى.

خوجا ئابدۇللا ئىشان بۇنىڭدىن كېچىكىپ خەۋەر تاپقاندا بولسا خان يارلىقى ئاللىبۇرۇن يېتىپ كېلىپ بولغانىدى. ئاستانىدىن يولغا چىققان لەشكەرلەرمۇ قەشقەر شەھىرىنىڭ سىرتىدا چېدىر - بارگاھلىرىنى قۇرۇپ شاھزادە نۇردۇنخاننىڭ پەرمانىنى كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى. خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ قەشقەردىن ئايرىلغۇسى، شاھزادە نۇردۇنخاننىمۇ قەشقەردىن بىر قەدەم نېرى يولاتقۇسى يوق ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئەس - يادى بىر ئاماللارنى قىلىپ شاھزادە نۇردۇنخاننى ۋەلىئەھدلىكتىن خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى پەردە ئارقىسىدا ھاكىمىيەت تىزگىنىنى تۇتۇشتا ئىدى. ئەپسۇس ئۇ بۇ خام خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەققىدە ھە دەپ ئامال - چارە ئىزدەۋاتقاندا ئويلىمىغان يەردىن بۇ ئاۋارىچىلىككە يولۇققانىدى.

ئاتالىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن خوجا ئابدۇللا ئىشان شاھزادە نۇردۇنخانغا ھەمراھ بولۇپ بۇ ھەربىي يۈرۈشكە قاتنىشىشقا مەجبۇر بولدى ۋە قەشقەردىن قىيمىغان ھالدا ئايرىلدى.

قەشقەردە تېخى كەچ كۈز پەسلى ئاخىرلاشمىغىنى بىلەن ھەيۋەتلىك قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ باغرىدىكى تېرەكداۋان يوللىرىدا ئاللىقاچان قىش پەسلى باشلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئىككى تۈمەن سەركەردە - لەشكەرلەرنى باشلاپ مىڭيول، قاراڭغۇلۇق، ئوتسالا، جىغىنىئاشلار[1]دىن ئۆتۈپ، تېرەكداۋىنىغا يېقىنلاشقاندا، جاندىن ئۆتىدىغان قەھرىتان سوغۇققا دۇچ كەلدى. قار لەپىلدەپ چۈشۈۋاتاتتى، شىۋىرغان دەھشەتلىك ئۇشقىراتتى. ئاق قار، كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان تېرەكداۋىنىدا ئەسلىدىنلا يېلىڭ يوپۇق كىيىنىۋالغان لەشكەرلەرنىڭ تەگدىن تولىسىنىڭ قولاق،

---

① مىڭيول، قاراڭغۇلۇق، ئوتسالا، جىغىنىئاشلار — قەشقەردىن تېرەكداۋىنىغا بارىدىغان يولدىكى ئۆتەڭلەر.

ئىشان شاھزادىنىڭ ئالدىدا ئىلگىرى ئاتقان لاپلىرىنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئاغزىنى بۇنداق تۇۋاقلاپ قويىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلىمىغانىدى. شۇڭلاشقا، لام ـ جىم دېيەلمەي ئىلاجسىز ھالدا لەشكىرىي يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ خەتەرلىك تاغ يولىدىكى قار ـ شىۋىرغاندا داۋاملاشتۇرۇۋاتقان مۇشەققەتلىك سەپىرىنى بەئەينى چۈمۈلىنىڭ يول مېڭىشىغا ئوخشىتىش مۇمكىن ئىدى. ئۇلار ھەر ئەللىك قەدەم مۇساپىنى كەم دېگەندە بىردىن لەشكىرىنىڭ داۋاندىن تېيىلىپ كېتىش، مۇدۇرۇپ كېتىش، چوڭقۇر ھاڭ ـ جىرالارغا چۈشۈپ كېتىش بەدىلىگە بېسىۋاتاتتى. يول خەتەرلىك، ئىلگىرىلەش تولىمۇ ئاستا ئىدى. ئۇلار ئەنە ئاشۇنداق يۈرۈپ تېرەكداۋىنىدىن ئەڭ خەتەرلىك ئۆتكەل قارتاغ ئېغىزىغىچە[1] بولغان ئوتتۇز چاقىرىملىق مۇساپىنى ئۈچ كۈندە ئاران باستى. مۇشۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن لەشكەرلەرنىڭ سانى مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. قارتاغ ئېغىزىغا ئالدىن يېتىپ كەلگەن لەشكەرلەر ئاق قار، كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان بۇ تىلسىم ئۆتكەلدىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ۋۇجۇدى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن تىترىدى.

شاھزادە نۇردۇنخاننىڭ كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. مانا بۈگۈن ئات ئۈستىدە پەقەتلا ئولتۇرالمىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالماي، لەشكىرىي يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇشتا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋالدى. لەشكەرلەر چېدىر تىكىشتە ئىشلىتىدىغان ياغاچلاردىن جىرغا (ناسولكا) ياساپ، ئۇنى قات ـ قات يوتقان ـ كۆرپىلەرنىڭ ئارىسىغا ياتقۇزۇپ كۆتۈرۈپ ماڭدى. مانا ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىتتىن بېرى شاھزادىنىڭ جاھىللىقىدىن باتناپ قالغان خوجا ئابدۇللا ئىشان ئۇنىڭغا گەپ قىلماي كېتىۋاتاتتى.

---

① قارتاغ ئېغىزى — قەشقەردىن ئەنجانغا بارىدىغان يولدىكى ئەڭ خەتەرلىك ئۆتكەل بولۇپ، بۇ يەردىن يەنە غەربكە قاراپ توققۇزيۈز چاقىرىم ماڭغاندا ئاندىن ئەنجانغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ.

تولىمۇ زىيادە ئىكەنلىكىدىن بېشارەتتۇر. ئەمماكى ئۇلۇغلارنىڭ بېشارىتىگە ۋاجىپ كەلتۈرمەي يولىمىزنى داۋاملاشتۇرساق ئەنجان زېمىنىغا قەدەم بېسىپ بولغۇچە لەشكەرلىرىمىزنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ ئەزىز تەنلىرى بۇ قارغىش تەگكۈر قارلىق داۋان ئاستىدا قالارمىكىن دەپ خاۋاتىرلىنىپ قالدىم، شۇڭا ئارقىمىزغا يېنىپ كېلەر يىلى پۇختا تەييارلىق بىلەن قايتىدىن پەرمانى ئالىينىڭ يارلىقىنى ئورۇندىساقمۇ كېچىككەن بولماسمىز، دەپ ئويلايمەن.

شاھزادە نۇردۇنخان ئالدىنقى كۈنىلا ھېلى قىزىپ، ھېلى مۇزلاپ خېلىلا ساقسىز بولۇپ قالغان بولسىمۇ ئانچە پەرۋا قىلماي ياشلىق كۆچى ۋە جاسارىتىگە ئىشىنىپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. مانا ئەمدى خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ ئۇلۇغلارنىڭ بېشارىتىنى شېپى كەلتۈرۈپ، بىر تالاي ئورۇنلۇق سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن، لەشكىرىي يۈرۈشنى توختىتىش تەكلىپىگە نېمە ئۈچۈندۇر جاھىللىق بىلەن قوشۇلمىدى.

— ئى جانابىي پىرى بۇزرۇك، — دېدى ئۇ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ، — ئۆزلىرى ھەزرىتى ئەلى شاھىمەردان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەسۇلۇللانىڭ دۈشمىنى مۇشرىكلارنى جازالاش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان غازاتلىرىدا بۇنىڭدىنمۇ نەچچە ھەسسە مۈشكۈلاتلارغا دۇچ كەلگەندە قىلچىلىك ئارىسالدى بولماي جەڭ قىلىپ نۇسرەت قازانغانلىقىنى، ئاللانىڭ مەدەتكار بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن ئەمەسمىدىلە. ئالدىمىزدىكى بۇنچىلىك خېيىمخەتەر ئەلى شاھىمەردان ھەزرەتلىرىنىڭ ئالدىغا دۇچ كەلگەن مۈشكۈلاتلارنىڭ ئالدىدا قانچىلىك نېمىتى. جانابلىرىدەك ۋەلىيۇللا پىرى بۇزرۇك تۇرغان يەردە ھېچنېمىدىن غەم يېمەسمەن. بۇ مۈشكۈلاتلارنى دەپئى[1] قىلىشىمىز ئۈچۈن كارامەتلىك دۇئالىرىنى ئايىمىغايلا.

---

① دەپئى — يېڭىش، يوقىتىش.

## 2

مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ شاھزادە نۇردۇنخاننى خانلىق تەختكە چىقىرىش ئارقىلىق ھاكىمىيەت تىزگىنىنى قولىغا ئېلىپ سەلتەنەت سۈرۈش ھەم سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدىكى بارلىق ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى خوجا ئىشانلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، پۈتكۈل خانلىق ۋە خەلقنى ئىسھاقىيە سۇلۇكى تەسەررۇپىغا ئېلىش شېرىن خىيالى شاھزادە نۇردۇنخاننىڭ بىۋاقىت ئۆلۈمى بىلەن پۈتۈنلەي كۆپۈككە ئايلانغان بولسىمۇ، ئەمما قەشقەرنىڭ نائىب ئەمىرلىك مەرتىۋىسىنى قولغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق بۇيۈك مەقسەتلىرىنى كېيىنكى كۈنلەردە باشقىچە ئۇسۇل بىلەن روياپقا چىقىرىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئەپسۇسكى سۇلتان ئابدۇللاخان ئۇنىڭ بۇ خام خىيالىنىمۇ يوقىتا چىقىرىپ قېرى ئەمىر مىرزا مىڭ تۇراق چۇراسنى قەشقەرنىڭ نائىب ئەمىرلىكىگە تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈردى. ئامالسىز قالغان خوجا ئابدۇللا ئىشان ھەسرەت ئىچىدە ئاستانىگە قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر خەلقىمۇ ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ، سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ تەقىبى ۋە زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ ئەركىن نەپەس ئالدى.

مىرزا مىڭ تۇراق چۇراس شەرىئەت يولىنى تۇتقان، ھەرقانداق سۇلۇك ـ مەزھەپنى تەرك ئەتكەن، ياشلىق دەۋرىدە يەكەن خانلىق مەدرىسىدە ھەرخىل ئىلىملەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ مۇتائىلە قىلغان خەلقپەرۋەر، ئادالەتلىك، سۇلتان ئابدۇللاخانغا ئىنتايىن ساداقەتمەن ئادەم ئىدى. ئۇ ئەمىرى كەبىر ھىندىقۇش مىرزىنىڭ زامانىدىشى ۋە يېقىن دوستى بولۇپ، ھىندىقۇش مىرزىغا ئوخشاش سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ھەر قانداق پەرمانىنى توغرا ـ خاتا دەپ ئايرىپ ئولتۇرماي ساداقەتمەنلىك بىلەن بەجانىدىل ئورۇندايتتى.

پات - پات لەشكەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ قويىدىغان شاھزادىمۇ نېمە ئۈچۈندۇر جىمىپ قالدى. كۆتۈرۈپ ماڭغان لەشكەرلەر «ۋەلىئەھدى ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ كارى بولمىدى.

بىر چاغدا ۋەلىئەھدىنىڭ غىزاغا ئىشتىھاسى بار - يوقلۇقىنى سوراپ باقماقچى بولغان بىكاۋۇل ئەمىر لەشكەرلەرنى توختىتىپ، مەھكەم چۈمكەلگەن يوتقاننى شۇنداقلا قايرىپ چۆچۈپ كەتتى - دە، خوجا ئابدۇللا ئىشان قاتارلىق سەركەردىلەرنى چاقىردى.

شاھزادە نۇردۇنخان ئاللىقاچان ئۆلۈپ قالغان بولۇپ، جەستى مۇزدەك قېتىپ قالغانىدى. ئۇلار شاھزادىنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ بىر ھازا ئاللا - توۋا سېلىشىپ ھازا ئېچىشقاندىن كېيىن، قانداق قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى.

— شاھزادىنىڭ مېيىتىنى ئېلىپ ئارقىمىزغا يانايلى، — دېدى خوجا ئابدۇللا ئىشان، شۇ تاپتا ئۇنىڭ قېلىن كالپۇكلىرى تىترەپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ سوغۇقتىن ياكى ئاچچىقتىن تىترەۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

شۇنداق قىلىپ شاھزادە نۇردۇنخاننىڭ ئەنجاننى ئىستېلا قىلىش ئۈچۈن قىلغان لەشكىرىي يۈرۈشى مانا مۇشۇنداق يېرىم يولدا ئاخىرلاشتى. ئەمما، بېرىشتا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق، يېنىشتا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرنىڭ جەسىتى قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ قار - مۇزلىرى ئارىسىدا مەڭگۈلۈك قالدى. يەنە تېخى قۇلاق، پۇت - قوللىرىنى ئۈششۈتۈۋالغان ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر ساقىيىپ ئەسلىگە كېلەلمەي ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولدى.

لىق، نامەردلىك پەزىلەتلىرى ئۈستۈن تۇرىدىغان خوجا ھىدايە-تۇللا ئىشان ئاخىر يەنە ھىيلە - مىكىر خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى.

مىلادىيە 1667 - يىلى يىل بېشىدا سۇلتان ئابدۇللاخان نامەلۇم «ياخشى نىيەتلىك» كىشىلەر تەرىپىدىن قولغا تەگكۈزۈل-گەن مىرزا مىڭ تۇراق چۇراسنىڭ نامىدا شاھزادە يولۋاسخانغا قەشقەرنى تاپشۇرۇپ بېرىش، يولۋاسخاننىڭ خانلىق تەختىگە چى-قىشى ئۈچۈن ئەمىرى كەبىر ھىندىقۇش مىرزا بىلەن بىرلىكتە كۈچ چىقىرىش، شاھزادە يولۋاسخان قەشقەرگە كەلگەن ھامان ھىندىقۇش مىرزا قولىدىكى ئەڭ ئالىي لەشكىرىي ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، سۇلتان ئابدۇللاخاننى نەزەربەند قىلىپ، شاھزادىنى ئاستانىگە تەكلىپ قىلىش خۇسۇسىدا يېزىلغان خەتنى تاپشۇرۇ-ۋالدى - دە، زىيادە گۇمانخورلۇقتىن پەيدا بولغان غەزىپىنى بېسىۋالالماي، ھىندىقۇش مىرزىنى ئاستانىدە، مىرزا مىڭ تۇراق جوراسنى قەشقەردە كاللىسىنى ئالدۇردى ھەمدە قەشقەرگە ئۆز قوۋمىدىكى ئەمىرلەردىن نائىب ئەمىر قويۇشقا كۆڭۈل توختىتال-ماي، قىرغىز مىللىتىدىن بولغان ئەمىر قويسارى بىينى نائىب ئەمىرلىككە تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ قەش-قەر شەھىرىگە چوڭىباغىش ئۇرۇقىدىن بولغان بىر تۈركۈم قىر-غىزلار تۇنجى قېتىم رەسمىي ماكانلاشتى.

سۇلتان ئابدۇللاخان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ «قارا خەت» ھىيلىسىگە يەنە بىر قېتىم ئالدىنىپ، ئۆز ۋاقتىدا سەئىدىيە خانلىقىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈشكە كۆپ كۈچ چىقار-غان، نۇرغۇن لەشكىرىي يۈرۈشلەردە بىللە بولغان، جەڭگاھلاردا قان كېچىپ، دۈشمەننىڭ قىلىچ، نەيزە، يا ئوقلىرىغا ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىپ قوغدىغان، خانلىقنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان سادىق ئەمىرلىرىدىن مەڭگۈ-لۈك ئايرىلدى. مۇشۇ ئېچىنىشلىق پاجىئەدىن كېيىن خەلقنىڭ

سۇلتان ئابدۇللاخان ھاكىمىيىتىنى قوغداش، خانلىقنى روناق
تاپقۇزۇش يولىدا جان تىكىپ ئەجىر سىڭدۈرگەنىدى.
سۇلتان ئابدۇللاخان شاھزادە نۇردۇنخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كې-
يىن تېخىمۇ تېرىككەك، تېخىمۇ گۇمانخور بولۇپ كەتكەنىدى.
ئۇنىڭغا يىراق - يېقىندىكى ھەممە ئەمىرلىرى شاھزادە يولۋاسخان
بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆزىگە قارشى يوشۇرۇن ھەرىكەت قى-
لىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. شۇڭا، ئۇ ئەمىرلىرىنى مۇقىم بىر جايدا
قويماي داۋاملىق ئالماشتۇرۇپ تۇردى. شۇ كۈنلەردە ئۇ كىمگە
ئىشىنىش، كىمگە ئىشەنمەسلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. شاھزادە نۇر-
دۇنخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۆزىنى يالغۇز، يېگانە قالغاندەك
ھېس قىلغان سۇلتان ئابدۇللاخان ئۆز ۋاقتىدا تەختنى تارتىۋې-
لىش خەۋپى بار دەپ گۇمانلىنىپ پالىغان ھېسابتا جۇڭغار ئاقسۆ-
ڭەكلىرى كۆپ پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرىدىغان يىراق، نامرات
يۇرت چالىشقا ھاكىملىققا بەلگىلەپ ئەۋەتكەن ئىنىسى شاھزادە
ئىسمائىلخاننى يارلىق چۈشۈرۈپ ئاقسۇنىڭ نائىب ئەمىرلىكىگە
بەلگىلىگەن بولسىمۇ، ئىنىسى ئىسمائىلخاندىن يەنىلا خاتىرجەم
ئەمەس ئىدى.
شۇ كۈنلەردە جۇڭغارلار يۇرتىدا پاناھداپ، بىر ئامال قىلىپ
قەشقەرگە قايتىپ كېلىۋېلىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈۋاتقان شاھزادە
يولۋاسخان بىلەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان قەشقەرنىڭ نائىب
ئەمىرى مىرزا مىڭ تۇراق چۇراسنى كۆزگە قادالغان مىخ دەپ
بىلىپ، ئۇنى بىر ئامال قىلىپ يوقىتىش ھەققىدە پىلان تۈزۈۋا-
تاتتى. ئۇلار جۇڭغار لەشكەرلىرىنىڭ ھىماتىدا قەشقەرگە ھۇجۇم
قىلىپ كەلسە، لەشكىري ماھارەت ۋە ئۇرۇش تەدبىرلىرىدە ھىن-
دىقۇش مىرزىدىن قېلىشمايدىغان بۇ قېرى ئەمىرگە تەڭ كېلەل-
مەسلىكىدىن، شۇنداقلا قەشقەر خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنى قوللىماس-
لىقىدىن ئەنسىرەيتتى.
ۋۇجۇدىدا باھادىرلىق، مەردلىك پەزىلەتلىرىدىن قورقۇنچاق-

شۇنچە تەپسىلىي يېزىلغان تۇرسا، ئۇلارنىڭ مەندىن نېمە ئۈچۈن يۈز ئۆرۈگۈسى كېلىپ كەتتىكىنا؟ شۇنچە ئەتىۋارلاپ، ھۆرمىتىنى قىلىپ، يۇقىرى مەنسەپ، مەرتىۋە بېرىپ، شۇنچە ياخشى مۇئامىلە قىلغانىدىمغۇ ئۇلارغا. ئوغلۇم، ئىنىلىرىمگە ئىشەنمىگەن بىلەن شۇلارغا ئىشەنگەنىدىمغۇ ئاخىر... بىلگۈچى خۇدا، ئادەملەرنىڭ نىيەت - ئىقبالىنى چۈشىنىپ بولغىلى بولمايدىكەن...»

ھىندىقۇش مىرزىنىڭ كاللىسى ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ئوردىغا كېلىپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتكىنىنى، يىغلاپ تۇرۇپ، «ئېلىشىپ قاپلا، خان ئاتا، پۈتكۈل جاھان سىلىدىن يۈز ئۆرۈسىمۇ ئەمرى كەبىر ئاتام سىلىگە زىنھار ۋاپاسىزلىق قىلمايتتى، چوقۇم يېڭىلىشتىلا. ئاشۇ خەتتە بىر گەپ بار...» دەپ ئەيىبلىگىنىنى ئېسىگە ئالسا، ئالدىراقسانلىق، گۇمانخورلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى مىڭ مەرتىۋە ئەيىبلەيتتى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ھېلىقى خەتنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇۋىدى، خەتنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى ياكى قويغان يېرىنى ئەسلىيەلمىدى. خەت غايىب بولغانىدى. مەلىكىنىڭ تەلىپى بويىچە ئابدۇللاخان ئۇ خەتنى ئىزدەتكۈزدى. پۈتكۈل ئوردىنى يىڭنە ئىزدىگەندەك قىدىرتىۋەتتى، ئەمما خەت ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق ئىدى.

«مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئۇ خەتنى كۆرۈپ قانداق قىلماقچىكىنتاڭ؟ ئۇمۇ ھېچنېمە قىلالمايتتى. ماڭا ئوخشاش گاڭگىرايتتى، تەئەججۈپلىنەتتى، غەزەپلىنەتتى شۇ. مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك مەندىنمۇ قېچىپ يۈرىدۇ بۇ مەلىكە. قىز بالا بولغىنى بىلەن مىڭ يىگىتكە تېگىشكۈسىز قىز ئىدى. بىر ئەمەس، تالاي قېتىم قىچقارتتىم، ئەمما تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ كۆرۈشۈشنى رەت قىلدى. خاننىڭ يېرىمى يولۋاس، ئۇنىڭدىن نېرىراق يۈرەي، مېنىمۇ يەۋەتمىسۇن يەنە دېگۈدەك تېخى

سۇلتان ئابدۇللاخانغا بولغان نارازىلىقى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئوردا ئەركانلىرىنىڭ خانغا بولغان ساداقىتى ۋە ئىشەنچى سۇسلاشتى.

## 3

مىلادىيە 1667 - يىل باش كۈز، ئاستانە.

ئوردا ئىچىدىكى «ھۆزۈرى ساباھ» ناملىق كۆزلۈك سورۇنىڭ ئالدىدىكى شاھانە راۋاقتا سۇلتان ئابدۇللاخان يالغۇز خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. راۋاقنىڭ ئەتراپىدىكى ئالما دەرەخلىرىدە ئەمدىلا قىزىرىپ، سارغىيىپ پىششىقا باشلىغان ئالمىلار يوپۇرماقلار ئارىسىدىن خۇددى ئۇياتچان قىزلاردەك مارايتتى. سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ شۇ تاپتا بۇ مەنزىرىلەردىن زوق ئالغۇدەك ھەپسىلىسى يوق ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم شاھزادە يولۋاسخاننىڭ ۋاپاسىزلىقىنى، شاھزادە نۇردۇنخاننىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمىنى ئېسىگە ئالسا يۈرىكى ئازابتىن ئۆرتىنەتتى، ۋۇجۇدىنى غەم تاغلىرى بېسىۋالاتتى. خانلىقنىڭ پېشقەدەم سەركەردە - ئەمىرلىرى ھىندىقۇش مىرزا بىلەن مىرزا مىڭ تۇراق چۆراسنى ئالدىراپ ئۆلۈمگە بۇيرۇغانلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلىناتتى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلىپ قارا يۈز شاھزادە يولۋاسخان بىلەن يېزىشقان ھېلىقى مۇدھىش خەت ئېسىگە كېلىشى ھامان كاللىسى تۇگمەس زىددىيەتلىك خىياللا بىلەن چىگىشلىشىپ كېتەتتى...

«... ئۇلارنى ئالدىراپ ئۆلۈمگە بۇيرۇمىسام بوپتىكەن، ھېچبولمىسا نەزەربەند قىلىپ جاسۇقا تارتقان بولسام، سوراق قىلىپ ئۆز ئاغزىدىن بىر گەپ ئاڭلاپ باققان بولسام... مىرزا باباقبەگ قاتارلىق بىر قىسىم ئەمىرلەرنىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھىنى تىلىۋېلىپ شۇنچە يالۋۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالغان بولسامچۇ كاشكى، ... ھەي... ھېلىقى مەكتۇپچۇ؟ مەقسەت - مۇددىئالىرى

دەك قارا تەر قۇيۇلاتتى، — شاھزادە يولۋاسخان لەشكەر باشلاپ كېلىپ قەشقەرنى تارتىۋاپتۇ، قەشقەر ئەمىرى قويسارى بىي قېچىپ كېتىپتۇ. شاھزادە بۈگۈن - ئەتە ئىچىدە ئاستانىگە لەشكەر تارتقۇدەك.

كۈتۈلمىگەن بۇ شۇم خەۋەردىن سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلدى - دە، ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. تاپىنىدىن كىرگەن بىر پارچە ئوت پۈتكۈل ئىچ - باغرىنى ئۆرتەپ مېڭىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ يىقىلىپ چۈشۈشتىن ئۆزىنى ئاران - ئاران تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ غەزەپ بىلەن سورىدى:

— نېمە دېدىڭ؟

خاننىڭ دەھشەتلىك تۇرقىنى كۆرۈپ، ھۆدەيچىبەگنىڭ تىلى كالۋالىشىپ دىر - دىر تىترىدى.

ئەسلىدە شەرت - شارائىت پىشىپ يېتىلدى دەپ قارىغان شاھزادە يولۋاسخان بىلەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان قەشقەردىكى مىرزا شەرىپبەگ، مىرزا ئىسكەندەر بەگلەر بىلەن مەخپىي ئالاقىلىشىپ، ئىچ - تېشىدىن ماسلىشىدىغانلىقىغا كېلىشكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بەش مىڭغا يېقىن لەشكىرى ۋە جۇڭغارلارنىڭ ئىككى مىڭ كىشىلىك ھىماتچى قوشۇنى بىلەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئۈچ مىڭغا يېقىن سوپى - لەشكەرلىرىنىڭ ھەمدەملىكىدە قەشقەرگە تېگىش قىلغانىدى.

ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ خەلىپىلىرىدىن موللا ساقى بىلەن موللا نەقى ئاتۇشتا خېلىدىن بېرى مەخپىي سۈلۈك تەرغىباتى ئېلىپ بارغاچقا، شاھزادە يولۋاسخان ئاتۇش خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى - دە، توختىماستىن قەشقەرگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. بۇ چاغدا مىرزا شەرىپبەگ بىلەن مىرزا ئىسكەندەربەگ قىرغىزلارنىڭ زۇلمىغا چىدىماي سەۋر قاچىسى تاشايلا دەپ تۇرغان قەشقەر خەلقىنى مەخپىي تەشكىللەپ ھەممە تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ، تەق بولۇپ تۇرغانىدى. شۇڭلاشقا، شاھزادە

تەپ تارتماي. ئەجەب ئوچۇق سۆزلۈك، يۈرەكلىك قىز ـ دە ئۇ. مانا ھازىر ماڭا مۇڭدىشىپ بەرگۈدەك، ئىچ سىرىمنى تۆكسەم ھال ـ مۇڭ بولۇشۇپ بەرگۈدەك ئادىمىم يوق. مېنى كۆرسە ئەمىرلەر بۆرىدىن ئۈركۈگەن توشقاندەك چۆچۈشىدۇ. ئىمكان بار ئۆزىنى ئەپقاچىدۇ. ھەربىر ئېغىز سۆزۈمگە «خوش، خوش» دىن باشقىنى دېيىشنى بىلمەيدۇ. شاھزادە ئابدۇمۆمىنخان غەيرىي بىر بالا بولدى. گەپ سورىساڭ بىر ئېغىز گەپكە بىر ئېغىز جاۋاب بېرىدۇ، بولمىسا كۈن بويى جىملا ئولتۇرىدۇ. يا ئۆزىنىڭ دەردى-نى ئېيتمايدۇ، يا كىشىنىڭ دەردىگە يەتمەيدۇ. مۇشۇنداق غېرىبى-سىنىپ قالغىنىمدا يېنىمدا تۇرسا، ئىككى ئېغىز تەسەللى بەر-سە، بېشىم ئاسمانغا يەتمەسمىدى. چىرايى، بوي ـ بەستى مېنى تارتقىنى بىلەن خۇي ـ پەيلى مېنى دورىماپتۇ ئۇ بالىنىڭ. ئاقسۇدىكى ئىنىم ئىسمائىلخان ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇر؟ ئاقسۇنىڭ نائىب ئەمىرلىك مەرتىۋىسىگە تەيىنلىگەنلىكىمدىن خۇرسەنمىدۇر؟ ياكى ئۇمۇ تەختكە كۆز تىكىۋاتامدىغاندۇر؟ يې-قىندىن بېرى يۈز بەرگەن بۇ بىر تالاي پاراكەندىچىلىكلەر خېلى كۆپ ئەمىرلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى تەۋرىتىپ قويدى ئېھتىمالىم... كۇچانىڭ ئەمىرى خوجا يار قىپچاقمۇ غەيرىي سۆز ـ ھەرىكەتلەردە بولۇپ يۈرگۈدەك. ئۇنىڭ ئورنىغا ۋاقتىدا ئەمىر ئالماشتۇرۇۋەت-مىسەم بولمىغۇدەك. قەشقەردىكى ئاۋام ـ پۇقرامۇ ئەمىر قويسا-رى بىيدىن بەكلا نارازى ئىمىش. ئۇلارنى مۇھىم ئىشلارغا قويغى-نىم خاتا بولمىغاندۇر ـ ھە...»

«ھۆزۈرى ساباھ» دىكى شاھانە راۋاقتا ھۆدەيچىبەگنىڭ پالا-قلاپ كىرىشى ئابدۇللاخاننى تىنىمسىز خىياللار قورشاۋىدىن قۇ-تۇلدۇردى.

— ئانەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، — دېدى ھۆدەيچىبەگ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ تۇرۇپ، جىددىيلەشكەنلىكتىنمۇ ياكى يۈ-گۈرۈپ كەلگەنلىكتىنمۇ ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ باش ـ كۆزىدىن يامغۇر-

قاراپ تۇرغان ھىدايىتۇللا ئىشانغا ئاق - كۆك بىرنېمە دېمىدى،
ئەمما شۇ كۈنى كېچىسى بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ قەشقەر شەھى-
رىدىن غايىب بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھېچقانداق
ئىز- دېرىكى بولمىدى.

شاھزادە يولۋاسخان بۇ ئاكا - ئۇكا سەركەردىلەرنىڭ ھىداي-
تۇللا ئىشاننىڭ پىلانلىغان نامەردلەرچە سۇيىقەستىدىن قاتتىق
يىرگىنىپ ھەم ئىشانغا يانتاياق بولغان شاھزادىدىن كۆڭلى قې-
لىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى تەرك ئەتكەنلىكىنى زىنھار خىيالى-
غا كەلتۈرمەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ئۆزى بىلەن
خوشلاشمايلا كېتىپ قالغانلىقىدىن ئەپسۇسلانغان بولسىمۇ، ئۇ-
لارنى تېزلا ئېسىدىن چىقاردى - دە، ئۇلارنىڭ ئورنىغا مىرزا
شەرىپبەگ بىلەن مىرزا ئىسكەندەربەگنى ئەمىرلەشكەرلىككە تە-
يىنلەپ، ئاستانىگە يۈرۈش قىلىشقا چىشىنى بىلىدى.

سۇلتان ئابدۇللاخانغا ئوغلى شاھزادە يولۋاسخاننىڭ قەشقەر-
نى تارتىۋېلىپمۇ شۈكرى قىلماي، ئاستانىگە يۈرۈش قىلماقچى
بولغانلىقى، تەختنى تارتىۋېلىش نىيىتىدىن تېخىچە يانمىغانلىقى
قاتتىق ئار كەلدى - دە، قارا يۈز، نائىنساپ ئوغلىنى جازالاش
ئۈچۈن شەخسەن ئۆزى لەشكەر تارتتى. ئاستانە ئەمىرى مىرزا
باباقبەگنىڭ بۇ لەشكىرىي يۈرۈشتە خانغا ھەمدەم بولۇپ بىللە
بېرىش تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئۇنى ئاستانىنى مۇھاپىزەت قى-
لىشقا قالدۇردى. يېڭىسارغا يېتىپ كەلگەندە، يېڭىسار قەلئەسى-
نى ساقلاپ ياتقان سەركەردە شىرئەلى باھادىرنى نېمە ئۈچۈندۇر
ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىۋالغۇسى كەلمەي، ئاستانىگە قايتىشقا
پەرمان بەردى.

— قىبلىگاھىمغا مەلۇم بولغاي، — دېدى شىرئەلى باھادىر
ئابدۇللاخاننىڭ ئۆزىنى ھەمراھ قىلىپ جەڭگە بىللە ئېلىپ بارماي
ياكى يېڭىسار قەلئەسىنى داۋاملىق قوغداشقا بۇيرۇماي، سەۋەب-
سىزلا ئاستانىگە ھەيدىگەنلىكىدىن نارازى بولۇپ، — يېڭىسار

يولۋاسخان سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى باشلاپ قەشقەر شەھىرى-
نىڭ سېپىلى تۈۋىگە كېلىشى ھامان شەھەر خەلقى ئىچىدىن
قوزغالدى. بۇ ئالتوپىلاڭغا تاقابىل تۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەن
قويسارى بىي «سارتلارنىڭ ئىشىنى سارتلار ئۆزى بېجىرگەي.
ماڭا كېرىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش» دېدى ـ دە، خەزىنىنى
پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ، خاس قىرغىز نۆكەرلىرىنى ئەگەشتۈ-
رۈپ، شەھەرنى تاشلاپ قاچتى. يولۋاسخان قەشقەر شەھىرىنى
ئەنە ئاشۇنداق ئاسانلا قولىغا ئالدى.

شاھزادە يولۋاسخانغا ئەگىشىپ جۇڭغارىيىدە بىر مەزگىل
سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئەلىشاھبەگ، ئەلىقۇلبەگ ئاكا ـ ئۇكا
سەركەردىلەر قەشقەر شەھىرىدە تىنچلىق ئورنىتىپ، ئاۋامنى خا-
تىرجەم قىلغاندىن كېيىن، ئۇستازى ھىندىقۇش مىرزىنىڭ سۇل-
تان ئابدۇللاخان تەرىپىدىن ئاسىي دەپ قارىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن-
لىكىدىن خەۋەر تېپىپ ھەم ھەيران بولدى، ھەم قاتتىق ھەسرەت
چەكتى. بۇ ئاجايىپ شۇم خەۋەرنى شاھزادە يولۋاسخان بىلەن
خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانغا ئېيتىپ بېرىشۈدى. بۇنىڭدىن ئاللىبۇ-
رۇن خەۋەر تاپقان، ئەمما ۋاقتىنچە سىر تۇتۇپ كەلگەن شاھزادە
بىلەن ئىشان قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— بۇ ئىشنىڭ ئەمدى يوشۇرغۇدەك يېرى قالمىدى. جانابىي
سەركەردىلەرمۇ خەۋەردار بولۇپ قالغاي، — دېدى شاھزادە يول-
ۋاسخان كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ ئىشلارنى جانابىي پىرى بۇزرۇك
قۇتبىل ئەقتاب ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ كەشپۇ كارامەتلىرىنىڭ
نەتىجىسىدۇر.

خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان بۇ ئاكا ـ ئۇكا سەركەردىلەرگە
ئۆزىنىڭ «قارا خەت ھىيلىسى» ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقارغان بۇ
كاتتا ئىشنى ئالاھىدە ماختىنىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى.

ئاكا ـ ئۇكا سەركەردىلەر بۇ سۇيىقەستىنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇ-
رىغىچە تولۇق خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ماختاش تەمە قىلىپ

نىڭكىدىن خېلىلا ئۈستۈن ئىدى. ئوغلى بىلەن ئۇچرىشىپلا غەزە-
پى قايناپ ــ تاشقان سۇلتان ئابدۇللاخان ئۇزاق يول بېسىپ
كەلگەن لەشكەرلىرىنى ئارام ئالدۇرۇشنى ئېسىدىن چىقىرىپ،
جەڭ قىلىشقا پەرمان چۈشۈرگەنىدى ھەمدە قەشقەر لەشكەرلىرى-
نىڭ ئەمەلىي كۈچىنى تولىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويغانىدى.
ھە دېگەندىلا لەشكەرلىرىنىڭ كۆپلەپ قىرىلىپ، جاسارىتى-
نىڭ سۇسلاپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرگەن سۇلتان ئابدۇللاخان
جەڭ ۋەزىيىتىنى ئوڭشىغۇدەك بىرەر مۇۋاپىق تەدبىر تاپالمىدى-
دە، يېڭىلگەنلىكىگە تەن بېرىپ، لەشكەرلىرىگە چېكىنىشكە بۇي-
رۇق بەردى.
«يېڭىسار قەلئەسىگە چېكىنىپ تۇرۇپ، ئاستانىدىن كۆپ-
رەك لەشكەر يۆتكەپ كېلىپ ئاندىن ئەدىپىنى بېرەي بۇ قارغىش
تەگكۈرنىڭ» دەپ ئويلىدى سۇلتان ئابدۇللاخان.
ئەپسۇسكى خان لەشكەرلىرى تېز سۈرئەتتە چېكىنىپ يېڭى-
سارغا كەلگەندە قەلئەنى ئاللىقاچان شاھزادە لەشكەرلىرىنىڭ ئى-
گىلەپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ ــ تاڭ قالدى. شىرئەلى باھا-
دىرنىڭ گېپىگە كىرمىگىنىگە، ھېچبولمىغاندا ئۇنى يېڭىسار قەل-
ئەسىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ قويمىغانلىقىغا كۆپ پۇشايمان
يېدى.
ئۆز ۋاقتىدا ھىندىقۇش مىرزىدىن يېڭىلىپ قالغان ئەلىشاھ-
بەگ، ئەلىقۇلبەگ ئاكا ــ ئۇكا سەركەردىلەردىن قەشقەرنى تىنچ
ساقلاشقا ۋە مۇستەھكەم قوغداشتا يېڭىسار قەلئەسىنىڭ تولىمۇ
مۇھىملىقىنى، ھىندىقۇش مىرزا يېڭىسار قەلئەسىنى تۇيدۇرماي
تارتىۋالغانلىقى ئۈچۈن چېكىنىش يولى ئۈزۈلۈپ ئاسانلا يېڭىلىپ
قالغانلىقىنى ئاڭلىۋالغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان شاھزادە يول-
ۋاسخانغا يول كۆرسىتىپ، يېڭىسار قەلئەسىنى تارتىۋېلىشقا يو-
شۇرۇن لەشكەر ماڭدۇرغانىدى. مانا ئەمدى ئۇلار يېڭىسار قەلئە-
سىنى تارتىۋېلىپ سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد-

قەلئەسى ئاستانىگە ئۆتۈشتىكى مۇھىم ئۆتكەل. لەشكىرىي ئىش-
لاردىكى ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. شۇڭا، بۇ جايىنى مۇداپى-
ئەسىز ھالەتتە تاشلاپ قويۇشقا بولماسمىكىن.

— دېمىسىڭىزمۇ بىلىمەن، سەركەردەم، — دېدى ئابدۇللا-
خان قاپىقىنى تۈرۈپ، — سىز پەرماننى ئىجرا قىلىشنى بىلىڭ.

— باش ئۈستىگە، — دېدى شىرئەلى باھادىر ئىلاجسىز
بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.

سۇلتان ئابدۇللاخان ئەمىر - سەركەردىلىرىنى بىر ئورۇندا
ئۇزۇن تۇرغۇزماسلىق ئادىتى بويىچە شىرئەلى باھادىرنى ئاستانى-
گە ماڭدۇرۇۋەتتىمۇ ياكى ئاستانىنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىدىن خا-
تىرجەم بولالماي يولغا سالدىمۇ سەۋەبىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.
ئۇ شىرئەلى باھادىرنىڭ تەكلىپىگە قۇلاق سالماي يېڭىسار قەلئە-
سىنىڭ مۇداپىئەسىنى بەش يۈز نەپەر قېرى - چۈرى لەشكەرلەرگە
تاشلاپ قويۇپ، قالغان لەشكەرلەرنى ئىلغار قوشۇنغا قېتىپ قەش-
قەرگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئاتا - بالىنىڭ قوشۇنى ياپچاندا① دوقۇرۇشتى. يولۋاسخان
دادىسى سۇلتان ئابدۇللاخانغا يۈزمۇ يۈز كېلىشتىن خىجىل بولدى-
مۇ قانداق سەپنىڭ ئالدىغا چىقمىدى. ھېيلىگەر خوجا ھىدايىتۇللا
ئىشانمۇ ھەر خىل ئېھتىماللىقنى نەزەردە تۇتۇپ، شاھزادىگە
ھەمراھ بولۇش باھانىسى بىلەن ئارقا سەپتە قالدى. ئۇنىڭ شاھ-
زادە يولۋاسخاندىن بىر قەدەم نېرى بولماسلىقىدىكى ئاساسلىق
مەقسىتى شاھزادىنىڭ دادىسىغا قىلىچ تەڭلەشتىن يالتىيىۋېلىشى-
نى توسۇش ئىدى.

جەڭ تولىمۇ شىددەتلىك بولدى. يېرىم كۈن داۋاملاشقان
قىرغىنچىلىقتا خان لەشكەرلىرىگە كۆپ تالاپەت يەتتى. چۈنكى،
قەشقەر لەشكەرلىرىنىڭ سانى، جەڭگىۋارلىقى خان لەشكەرلىرى-

---

① ياپچان — ھازىرقى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى.

قىيماي، قەشقەرگە بارمايمەن دەپ غەلۋە قىلىپ يىغلىماقتا ئىدى. ئانىسى خانىش ئايىممۇ ئوغلىدىن ئايرىلىشقا قىيماي ئۈنسىز ياش تۆكمەكتە.

— يىغلىماڭ، شاھزادەم، چوڭچوڭلا بولۇپ قالغان يىگىت بالىمۇ يىغلامدىكەن. مۇشۇنداق قىلسىڭىز چوڭ بولغاندا قانداقمۇ بىر ئەلنىڭ خانى بولالايسىز، گەپ ئاڭلاڭ، ھە. مەنمۇ سىزنى پات - پات كۆرگىلى بارىمەن، — دېدى سۇلتان ئابدۇللاخان شاھزادە يولۋاسخاننىڭ بېشىنى ۋە ئېقىپ - چۈۋۈلۈپ كەتكەن پوتلىسىنى ئېرتىپ تۇرۇپ.

«خان بولۇش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى تېخى تولۇق چۈشەنمەيدىغان ئەركە شاھزادىنىڭ قىرقىراپ يىغلىغىنى يىغلىغانىدى.

دادا ئوغلىنى دەس كۆتۈرۈپ باغرىغا مەھكەم باستى - دە، يۈز - كۆزلىرىگە ئاتىلىق مېھرى بىلەن بىرنەچچىنى سۆيۈۋەتكەندىن كېيىن، ئالاھىدە ياساپ، جابدۇغان شاھانە مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، شاھزادىنى قورۇقداپ ماڭىدىغان ئەمىر - سەركەردىلەرگە «مېڭىڭلار» دەپ قول شىلتىدى - دە، شاققىدە كەينىگە ئۆرۈلۈپ تۇرۇۋالدى.

يولۋاسخان قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىنمۇ، ئۇدا ئىككى يىلغىچە ئاتا - ئانىسىنىڭ قەغىشىنى قىلىپ يىغلىدى.

كېيىنچە دادا ۋەدىسىدە تۇرۇپ، ئۇنى يوقلاپمۇ كەلدى. ئاتا-بالا بىر - بىرىگە قانماي قۇچاقلاشتى، سۆيۈشتى.

ئارىدىن يەنە بىرنەچچە يىل ئۆتتى. چوڭ بولۇپ خېلىلا ئەقىل كىرىپ قالغان شاھزادە يولۋاسخانمۇ «ۋەلىئەھدى»، «خان» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەندى.

قەشقەر شاھزادىنىڭ جەننىتىگە، كىچىك پادىشاھلىقىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ بۇ يەردە دېگىنىنى قىلىپ چوڭ بولدى. ئەتراپىدىكى ئەمىرلىرى ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەر

نىمۇ پۈتۈنلەي يوققا چىقارغانىدى.

سۇلتان ئابدۇللاخان مەغلۇپ بولغان قوشۇننى باشلاپ توختىماي ئاستانىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ يېرىم كۈن جەڭ قىلىپ ھالىدىن كەتكەن قوشۇنىغا تېز سۈرئەتتە چېكىنىش — ئەمەلىيەتتە قېچىش — تولىمۇ ئېغىر كەلگەنىدى. شاھزادىنىڭ لەشكەرلىرى مۇشۇ سۈرئەتتە قىر - چاپ قىلىپ قوغلاۋېرىدىغان بولسا خان لەشكەرلىرىنىڭ جەسىتى پۈتۈنلەي ھېممىتىنىڭ سېپىدا قالاتتى.

تولۇق غەلىبىگە يۈزلەنگەن شاھزادە يولۋاسخان دادىسىنىڭ يۈزىنى ئاياپ قالدىمۇ ياكى غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويدىمۇ ۋە ياكى ئاستانىدىن ھەممىگە كېلىدىغان زور قوشۇن بار دەپ خاتا مۆلچەرلەپ قالدىمۇ ئەيتاۋۇر سەركەردە - لەشكەرلەرگە قوغلاشنى توختىتىشقا پەرمان بەردى.

غەلىبە ئىشەنچىسىگە تولۇپ - تاشقان خوجا ھىدايىتۇللا ئەشان مۇشۇ يوسۇندا قىر - چاپ قىلىپ ئۇدۇل ئاستانىگە بېرىش ۋە ئاستانىدىكى ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكى دۈشمەنلىرىدىن قانلىق قىساسىنى ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ تۇرغاندا، شاھزادىنىڭ تۇيۇقسىز چۈشۈرگەن بۇ پەرمانىدىن قاتتىق نارازى بولدى، ئەمما غىدىڭ - پىدىڭ قىلالمىدى. چۈنكى، نىمىلا دېگەنبىلەن لەشكىرىي ھوقۇق شاھزادىنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇ شاھزادە يولۋاسخانىڭ جەڭدە نۇسرەت قازىنىپ تۇرۇپمۇ، پەرىشان كۆرۈنگەن چەرايىغا قاراپ، كۆڭلىدىن ئاللىقانداق خىياللار كەچتى.

ھەئە، شۇ تاپتا يولۋاسخانىنىڭ كاللىسى زىددىيەتلىك خىيال - ئەسلىمىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى:

... ئەنە، ۋەلىئەھدى دەپ جاكارلىنىپ، قەشقەرنىڭ نائىب ئەمىرلىكىگە تەيىنلەنگەن سەككىز ياشلىق شاھزادە يولۋاسخان كۆنگەن ئوردا تۇرمۇشىدىن، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىللىق قۇچىقىدىن، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دوستلىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى

كۈنگە كۈچەيدى، ئولتۇرسا ـ قوپسا كاللىسىدىن چىقمايدىغان بولدى.

ئەنە ئاشۇنداق كۈنلەردە ئۇنىڭغا خۇدا دانىشمەن پىر بۇزرۇك ھىدايىتۇللا ئىشاننى ئۇچراشتۇردى. ئىشان تۇنجى بولۇپ، ئۇنى تۇنجى «سۇلتان» ، «خان» دەپ ئاتاپ يۈرىكىنى چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدۈردى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۇ ئۆزىنى گويا خان بولغاندەك ھېس قىلدى. ئىشاننىڭ بىلىدىغانلىرى تولىمۇ جىق ئىكەن. ئۇنىڭغا ئاستانىدىكى تەختتە ئولتۇرمايمۇ خان بولغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ ئۆزىنى قەشقەردە خان دەپ جاكارلاپ، جۈمە نامىزىدا ئوقۇلىدىغان خۇتبىدىن دادىسىنىڭ ئىسمىنى چىقارغۇزۇۋېتىپ ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇتتى. شۇنىڭدىن كېيىن دادا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ نائىب ئەمىرلىك مەرتىۋىسىنىمۇ، ۋەلىئەھدىلىك مەرتىۋىسىنىمۇ رەسمىي ئېلىپ تاشلىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇ ئاشۇ دانىشمەن ئىشاننىڭ يول كۆرسىتىشى، مەدەت بېرىشى بىلەن قەتئىي غەيرەتكە كېلىپ دادىسىغا بايقۇت قىلدى. دادا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ ماجىرا مۇشۇنىڭ بىلەن رەسمىي تېرىلدى.

ئۇ دادىسى ئەۋەتكەن جازا يۈرۈشى قىلغۇچى تۈمەنلىگەن لەشكەرلەرگە تەڭ كېلەلمەي، ئۆزگىلەردىن پاناھلىق تىلەپ يات ئەللەرگە قاچتى، سەرسان ـ سەرگەردان بولدى. بۇ جەرياندا دادىسىدىن كۆرمىگەن مېھرىبانلىقنى ئىشاندىن كۆردى، تەسەللىلەرگە ئېرىشتى. ئاخىرىدا يەنىلا ئاشۇ ئەۋلىيا ـ ئىشاننىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن قەشقەرنى قايتۇرۇۋالدى. ئەسلىدە دادىسى لەشكەر تارتىپ كەلمىسىمۇ، ئۇ ئاستانىگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ دادىسىدىن تەختنى تارتىۋالماقچى، ئۆزىنىڭ ئاشۇ دادىسىسىزمۇ خان بولالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويماقچىدى. ئۇ سەركەردەلەشكەرلىرىگە ئاستانىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قولىنى شۇنداقلا شىلتىغان بولسا، قىر ـ چاپ، سۈر ـ توقاي قىلىپ خۇددى قوي

خىل ئويۇن - تاماشىلارنى ئۆگەتتى. كۆڭۈل ئېچىش، بەزمە سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى. ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا قۇچىقىغا ئاياللارنى سولاپ بېرىپ، جىما لەززىتىنى تېتىتتى. شۇنىڭدىن كېيىن شاھزادە رەسمىي بۇزۇلدى. بەتئەخلاق قىلىقلارغا بېشىچىلاپلا كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ۋە ئەمىرلىرىنىڭ زۇلمىدىن قەشقەر خەلقى قاڭغىر قاقشىدى.

شاھزادىنى تېزرەك خانلىق تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزلىرى ئوردىنىڭ كاتتا ئەمىرلىرىدىن بولۇش تەمەسىدە ئەتراپىدىكى ئەمىرلەر تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن شاھزادىنىڭ يۈرىكىگە خان بولۇش ۋەسۋەسىسىنى سىڭدۈرۈۋەتتى.

ئۇ ئاشۇ ئەمىرلىرىنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن دادىسى سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ھەجگە ماڭغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ تەختتە ئولتۇرۇپمۇ باقتى. تەخت دېگەن شۇنداق قۇدرەتلىك نەرسە ئىكەن. ئۇ تەختتە ئولتۇرۇۋىدى، بارلىق ئوردا ئەركانلىرى قول باغلاپ ئۇنىڭغا پەرمانبەردار بولدى. نېمە سەۋەبتىندۇر ھەج سەپىرىدىن ئانچە ئۇزاپ كەتمىگەن دادا قايتىپ كېلىپ، تەختتە بىسوراق ئولتۇرغانلىق گۇناھى ئۈچۈن ئوغلىغا قاتتىق غەزەپلەندى، ھەتتا ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. ئەگەر شۇ چاغدا ئوردا ئەمىرلىرى ئۇنى تىلىۋالمىغان بولسا، شۇ چاغقىچە سۆڭەكلىرىمۇ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن بولار ئىدى. ئۇ شۇ چاغدىلا دادىسىغا بالىدىن تەختنىڭ تولىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندى ۋە كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ تەختنى چوقۇم قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدە قەسەمياد قىلدى.

كېيىنكى كۈنلەردە كىملەرنىڭدۇر ئاغزىدىن، خان ئالىيلىرى شاھزادە يولۋاسخاننىڭ ۋەلىئەھدلىكىنى بىكار قىلىپ، ئىنىسى شاھزادە نۇردۇنخاننى ۋەلىئەھدى قىلىدىغان بوپتۇ دېگەن مىش - مىش گەپلىرىنى ئاڭلىدى. بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى تولىمۇ يېرىم قىلدى. خان بولۇش ئارزۇسى كۈندىن -

سۈيىنى ئۆلغايتىش كېرەك. شۇنداق بىر ھىيلە ئىشلىتەيكى،
شاھزادە يولۋاسخاننىڭ ۋۇجۇدىدا يالقۇنلىغان قىساس ئوتى، يۈرە.
كىدىكى دادىسىغا بولغان بارلىق مېھىر ـ مۇھەببەتلىرىنى كۆيدۇ.
رۇپ كۈل قىلىۋەتسۇن...»

## 4

ئوغلى شاھزادە يولۋاسخاندىن قاتتىق يېڭىلگەن سۇلتان ئاب.
دۇللاخان ئابرۇيى تۆكۈلگەندەك ھېس قىلىپ، ھەپتىدىن بېرى
شاھنىشىنغا قوبۇلغا چىقمايۋاتاتتى. ئوردا ئەركانلىرى ھەر كۈنى
ئەتىگىنى سالامغا ھازىر بولاتتى ـ دە، بىرەر ئاش پىشىم ئەسنەپ
ئولتۇرۇپ يەنە بىر ـ بىرلەپ كېتىپ قالاتتى.
بۈگۈن قوبۇلغا مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشانمۇ كەلگەن
بولۇپ، باشقا ئوردا ئەركانلىرىغا ئوخشاش كۇرسىدا ئولتۇرماي،
تەختنىڭ ئۇدۇلىدىلا — مەرمەر تاشلار ياتقۇزۇلغان يەرنىڭ ئوت.
تىدىكى ئوتقاشتەك قىزىل گىلەمدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە،
كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ، قولىدىكى كەھرىۋا تەسۋىنى تىنىمسىز
سىيرىيتتى. قامەتلىك گەۋدىسى توختىماي ئىككى تەرەپكە تەۋ.
رەيتتى. تۇرقىدىن مۇھىم ئىشى باردەك، خان بىلەن قەتئىي
كۆرۈشۈشكە نىيەت باغلىغاندەك، خان قوبۇلغا چىقمىسا شاھنى.
شىنىدىن پەقەتلا كەتمەيدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمىرلەر خاننى كۆ.
تۈۋېرىپ زېرىككەن بولسىمۇ، پىرى بۇزرۇكنىڭ بۇ تۇرقىنى
كۆرۈپ ئەڭ ئاۋۋال شاھنىشىندىن چىقىپ كېتىشكە پېتىنالمى.
دى. شاھنىشىن ئىچى ئىمتاسلىققا چۆمگەن بولۇپ، سارايىنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى فونتاندىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇنىڭ يېقىملىق
شىلدىرلىشىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز يوق ئىدى. ئەمىرلەرنىڭ
خىيالچان تۇرقىدىن ئۇلارنىڭ نېمە ئويدا، نېمە كويلاردا ئىكەنلى.

توپىغا ئېتىلغان بۆرىدەك ماڭغان لەشكەرلىرى ئۇنىڭغا ئاشۇ قۇد-
رەتلىك ئالتۇن تەختنى بوگۇن - ئەتە ئىچىدىلا ئېلىپ بېرەتتى.
ئەمما، قېرىپ چاچ - ساقاللىرىغا ئاق كىرگەن، ماغدۇر-
دىن قالغان دادىسىنىڭ ئوغلىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، جانىنى ئال-
قانىغا ئېلىپ، ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي قېچىشىنى كۆرۈش،
ئوغۇل ئۈچۈن تولىمۇ نومۇسلۇق ئىش ئىكەن. نېمىلا بولسۇن
دادا ئەمەسمۇ؟ ئۇنى ئەركىلەتكەن، پەپىلىگەن، پوتلا - ماڭقىلى-
رىنى ئېرتقان، مېھرى بىلەن قۇچاقلاپ باغرىغا باسقان، قانماي
سۆيگەن، سۆيۈنگەن دادا شۇ ئەمەسمۇ؟ پۈتكۈل بىر ئەلنىڭ خان
ئىگىسى بولغان بىر ئادەم ئەمدىلىكتە ئوغلىنىڭ ئالدىدا خۇددى
مۇشۇكنىڭ ئالدىدىكى چاشقاندەك بىچارىلەرچە قاچسا، ئۇنى كۆر-
گەن ئەل - رەئىيەت نېمە دەيدۇ؟ ئاشۇ بىچارە بەختسىز دادىنى
مەسخىرە قىلامدۇ؟ ياكى ۋاپاسىز ئوغۇلغا لەنەت ئوقۇمدۇ؟...
شاھزادە يولۋاسخان ھالقىلىق پەيتتە قانداق بىر كۈچنىڭ
تۈرتكىسىدىن لەشكەرلىرىنى قىر - چاپنى توختىتىپ، ئارقىغا
قايتىشقا پەرمان چۈشۈرگەنلىكىدىن ئۆزىمۇ تېخىچە ھەيران. بەل-
كىم ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ دادىسىنىڭ پۇشتى ئىكەنلىكىنى بىردىنلا
ئېسىگە ئالغاندۇر، بەلكىم يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدە كۆمۈلۈپ
قالغان پەرزەنتلىك مېھرى بىردىنلا يېلىنجاپ كەتكەندۇر؟...
يەتتە قات يەرنىڭ تېگىدىكى يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى بىلىد-
غان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان شاھزادە يولۋاسخاننىڭ ئۆزىنى
يوقاتقان ھالدا چەكسىز خىيالغا بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئانچە
باش قاتۇرمايلا شاھزادىنىڭ روھىي دۇنياسىدا غەليان كۆتۈرۈۋات-
قان زىددىيەتنى پۈتۈنلەي چۈشىنىپ يەتتى - دە، قاتتىق چۆچۈپ
كەتتى.
«شاھزادىنىڭ كاللىسىدا بۇنداق خىيالنىڭ پەيدا بولۇشى
تولىمۇ خەتەرلىك، بۇنداق قاراپ تۇرماسلىق كېرەك. بىرەر
تەدبىر قوللىنىپ ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت توگمىنىنىڭ

ئابدۇللاخان ئارىدىكى سۈكۈناتنى بۇزۇپ، — سىلەرنى چاقىرتى-
شىمدىكى مۇددىئايىم شۇلكى، مەن بىر ھەپتىدىن بېرى قايتا-
قايتا ئويلىنىپ، شاھزادە ئابدۇمۆمىنخاننى ۋەلىئەھدى، نائىب
خان[1] دەپ جاكارلاپ تەختنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارارىغا كەلدىم.
بۇ ھەقتە سىلەرنىڭ ئىككى ئېغىز مەسلىھەتىڭلارنى ئاڭلاپ باقاي
دەيمەن.
— ئى جانابىي قىبلىگاھىم، — دەپ ئالدىراپ - تېنەپ سۆز
ئالدى خوجا ئابدۇللا ئىشان، — بۈيۈك سەلتەنىتىمىزنىڭ ئەشەد-
دىي دۈشمىنى، ئىشقىيەچى نامۇسۇلمان ئازغۇن مۇرتەتلەرنىڭ
دامىغا چۈشۈپ كەتكەن ئاسىي شاھزادە يولۋاسخان قەشقەر، يېڭى-
سار، مارالبېشى، سېرىققول[2]، ئارتۇچ[3] زېمىنلىرىنى ئۆز تە-
سەررۇپىغا ئېلىپ، يول يۇرتلاردىكى رەئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى
بۇزۇپ، ئەلگە ئېغىر بالايىئاپەت كەلتۈرمەكتە. ئول ئىشقىيەچى
مۇرتەتلەرنىڭ ناپاك ئايىغىنى ئۇ زېمىن - تەسەررۇپلاردىن
پاك - پاكىز تازىلىماي تۇرۇپ، شاھزادە ئابدۇمۆمىنخاننى نائىب
خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇش تولىمۇ ئالدىراقسانلىق بولۇر.
چۈنكى، قەشقەرنى تىنچىتماي، ئىشقىيە مۇرتەتلىرىنى جازالىماي
تۇرۇپ، بۇل سەلتەنەتكە ئاراملىق بولماس.
— ئى مۆھتەرەم پىرى بۇزرۇك، ناھايىتى ئورۇنلۇق مەسلى-
ھەت بەردىلە، — دېدى سۇلتان ئابدۇللاخان يەنىلا شۇ پەرىشان
قىياپەتتە، — ئەمما، شاھزادە يولۋاسخاننىڭ ئىشقىيە سۇلۇكىگە
ئىرادەت قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنى جازالىماقتا، سەئىدىيە
تەسەررۇپىدىن قوغلاپ چىقارماقتا يارلىق چۈشۈرمەك بەسىي
مۈشكۈلدۇر. بۇ ئىش ئاتا - بالا ئوتتۇرىمىزدىكى نىزا - ئاداۋەتنى
يامانلاشتۇرۇشتا ئىنزچىل سەۋەب بولۇپ كەلدى. مەن كۆپ ئوي-

[1] نائىب خان — خانغا ۋاكالىتەن تەختتە ئولتۇرۇپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن رەسمىي خان بولىدۇ.
[2] سېرىققول — تاشقورغان.
[3] ئارتۇچ — ئاتۇش.

كىنى بىلىۋالماق تولىمۇ قىيىن ئىدى.

كۈن چۈش بولاي دېگەندە ھەرەمئاغىسى شاھىنشىنغا كىرىپ كەلدى.

— پەرمانى ئالىي، پىر بۇزرۇك خوجا ئابدۇللا ئىشان ھەز-رەتلىرى، لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئەمىرى كەبىرى چۆپىك مىرزا، ئاستانە ئەمىرى مىرزا باباقبەگلەر ئادالەت سارىيىغا قوبۇلغا كىر-گەي، باشقا ئەمىرلەر سارايدىن يانغاي.

بارلىق ئوردا ئەركانىلىرى دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇ-رۇشتى - دە، «قىبلىگاھىمىزنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا» دېيىـ-شىپ سىرتقا چىقىشتى. ئىسمى چىققان ئۈچەيلەن ئادالەت سارى-يىغا قاراپ مېڭىشتى.

ئادالەت سارىيى ئابدۇللاخاننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىر-لىرى بىلەن مۇھىم ئىشلارنى كېڭەش قىلىدىغان خاس كېڭەشخا-نىسى ئىدى. ئادەتتىكى ئەمىرلەرنىڭ بۇ سارايغا كىرىش سالاھى-يىتى يوق ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ساخاۋەت سارىيى، مەرىپەت سارىيى (خاننىڭ خاس كۇتۇپخانىسى)، باھادىر سارىيى، شادلىق سارىيى (خاننىڭ خاس زىياپەتخانىسى)، ھۆزۈرى مۇبارەك (خاس خانىش، شاھبانۇ، مەلىكە ۋە تەۋەلىك ئەل، سۇيۇرغاللىق زېمىنلاردىن خانغا تارتۇق قىلىنغان كېنىزەكلەرنى قوبۇل قىلى-دىغان ساراي)... قاتارلىق سارايلار بار ئىدى. خان بۇ سارايلاردا ئوردا يوسۇنى، قائىدىسى بويىچە تۈرلۈك قوبۇل، كېڭەشلەرنى، زىياپەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. پەقەت خاننىڭ تەكلىپىگە مۇ-شەررەپ بولغان كىشىلەرلا بۇ سارايلارغا كىرىپ تۈرلۈك كېڭەش-لەرگە قاتنىشالايتتى، زىياپەتلەرگە داخىل بولالايتتى.

شاھانە كۇرسىدا تولىمۇ چۈشكۈن ئولتۇرغان سۇلتان ئاب-دۇللاخان كىرىپ كەلگەن ئىشان بىلەن ئىككى ئەمىرنىڭ سالى-مىنى سۇسلا ئىلىك ئالدى - دە، ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى.

— مۆھتەرەم پىرى بۇزرۇك ۋە جانابىي ئەمىرلەر، — دېدى

مەشىق قىلدۇرۇلۇۋاتقان بولسىمۇ جەڭبازلىق ماھارىتى ئانچە ۋا-
يىغا يەتمىدى. رەسمىي جەڭلەردە باھادىرلىق كۆرسىتىشتىن كۆپ
يىراق. شاھزادە يولۋاسخاننىڭ ئاستانىگە يەنە لەشكەر تارتىش
نىيىتىنىڭ بار - يوقلۇقى تېخىچە قاراڭغۇ. شۇڭا، ئالىمادىس يۈز
بېرىدىغان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاقسۇ بىلەن خوتەن-
دىن ئاستانىگە بىر بۆلەك خىللانغان لەشكەر يۆتكەپ كېلىشكە
پەرمان بېرىلگەن بولسا.

— خوتەندىن ۋاقتىنچە لەشكەر يۆتكىمەي تۇرايلى. ئاڭلى-
شىمچە، نىيە تەرەپتە موڭغۇللار يەنىلا پاراكەندىچىلىك پەيدا قى-
لىپتۇ. خوتەننىڭ تىنچلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ لەشكە-
رىنى كۈچىنى بۆلۈۋەتمەي تۇرايلى. ئەمما ئاقسۇدىن يۆتكەپ كېلى-
دىغان لەشكەرنىڭ سانىنى ئۆزلىرى بەلگىلىسە. ئەتىلا يارلىق
چۈشۈرەيلى، — دېدى ئابدۇللاخان.

— ئانەزەرىتىمگە كىچىككىنە ئىلتىماسىم بار ئىدى، —
دېدى ئاستانە ئەمىرى، قوشۇمچە ئاستانە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى-
نىڭ سەركەردىسى مىرزا باباقبەگ تۆۋەنچىلىك بىلەن.

— قېنى سۆزلىسىلە، — دېدى ئابدۇللاخان.

— بايا ئانەزەرىتىم بۈيۈك سەلتەنىتىمىزنىڭ تىنچلىقى ئۈ-
چۈن شاھزادە يولۋاسخاننىڭ گۇناھىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن
ئەپۇ قىلىپ، شاھزادە بىلەن ئەپلىشىپ قېلىش ئويى بارلىقىنى
ئېيتتى. ئەلۋەتتە ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇقۇشماسلىقنى
تۈگىتىپ، ئاداۋەتنى يۇيۇپ تاشلاپ، بىر داستىخانغا جەم بولسا،
ئەل - يۇرتنىڭ بەختى ئۈچۈن بىسيار[1] ساۋابلىق ئىش بولغان
بولاتتى. ئەمما، نادان شاھزادە ئۇلۇغ دۆلەتپاناھىمىزنىڭ بۇ دانا
ئويىنى تېخى بىلمەيدۇ. پەدەرىنىڭ پەرزەنتكە نەسىھەت قىلغان
ھېسابتا ئوي - خىياللىرىنى بايان قىلىپ، بىر مەكتۇپ پۈتۈپ

---

① بىسيار — كۆپ، نۇرغۇن.

لاندىم. جاھاندا ئاتا - بالا تەخت تالىشىپ، قان تۆكۈشۈپتۇ، لەشكەر تارتىپ قىلىچ تەڭلىشىپتۇ دېگەن توقۇ - لەنەتنىڭ ئاھانىتى بەكمۇ يامان ئىكەن. ئادەمگە زىيادە خورلۇق ھېس قىلدۇرىدىكەن. ئۆز پۇشتىدىن تامغان پەرزەنتتىن زىنھار تانغىلى بولماس. مەيلىلا شاھزادە ئۆز تەسەررۇپىغا ئالغان ئاشۇ زېمىنلارغا شۈكرى - قانائەت قىلىپ، ئىنىسى شاھزادە ئابدۇمۆمىنخاننىڭ نائىب خانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلسىلا، بۇ ئاداۋەت - نىزانى بولدى قىلىپ، بىھۇدە قان تۆكۈشتىن ساقلىنايلى. ھېلىمۇ ئەل بۇ تۈگىمەس جەڭگى - جېدەللەردىن كۆپ رىيازەت چەكتى. ئەل - يۇرتنىڭ خاتىرجەملىكى، ئاسايىشلىقى ھەممىدىن ئەۋزەل.

مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇرەسسە يولىنى تۇتقانلىقىدىن تولىمۇ ئەپسۇسلاندى. ئەشەددىي رەقىبى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان باشچىلىقىدىكى ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ قەشقەردىن ئىبارەت مۇنبەت، كەڭرى زېمىنغا قايتىپ كېلىپ، قايتىدىن باش كۆتۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىدىن ئىچى بەكمۇ ئاداپ كەتتى. ئۇلارنى سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ سەركەردە - لەشكەرلىرىگە تايىنىپ، يەنە بىر قېتىم قىرغىن قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن قاتتىق ھەسرەتلەندى ۋە ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغان سۇلتان ئابدۇللاخانغا ئەمدى گەپ يېگۈزەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ جىم بولدى.

— ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغايكى، — دېدى ئەمىرى كەبىر چۆپىك مىرزا، ئۇ ھىندىقۇش مىرزىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئەمىرلىك مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلگەنىدى، — روياپقا چىقمىغان ئەنجان يۇرۇشىدىكى قار - مۇزلۇق داۋان يولىدا خان لەشكەرلىرىنىڭ خىللانغان قىسمى خېلى كۆپ تالاپەتكە يولۇققانلىقى ئۈچۈن ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولساقمۇ، ئورنىنى تېخىچىلا تولدۇرۇۋالمىدۇق. يېقىندىن ئېلىنغان لەشكەرلەر داۋاملىق

ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئېغىر جاراھەتلەنگەن نادان قەشقەر خەلقى
تېخى يېقىندىلا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن دەھشەتلىك پاجىئەلەرنى ئۇن-
تۇپ، توپ - توپ بولۇپ كېلىشىپ، ھىدايىتۇللا ئىشانغا قول
بېرىشۋاتاتتى. ھەزرەت خانىقاسى ئالدىدىكى مەيداندا بىر مەزگىل
تاشلىنىپ، بىر غېرىچ توپا بېسىپ كەتكەن، ئەشەددىي سۇلۇكى
ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنىڭ پوق - سۈيدۈكلىرى بىلەن تولۇپ كەت-
كەن بۇ داش قازانلار (ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى شاھزادە نۇردۇنخاد-
نىڭ ھامىيلىقىدا قەشقەرگە كىرگەندە ئىشقىيە سۇلۇكىدىكىلەر-
دىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن بۇ تەۋەررۇك داش قازانلارغا سىيىپ،
تەرەت قىلىپ، گەندە - سۈيدۈكلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتكەنىدى)
دەسلەپتە بىرى قايىنىغان بولسا، مانا ھازىر ئۈچى قايناۋاتاتتى.
شۇنداقتىمۇ داشقايناقلار مازار پادىشاھ[①]ھەزرەتلىرى بېسىپ يات-
قان بۇ مۇقەددەس تاۋاپگاھنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن مۇرىت -
مۇرشىد، سوپى - دەرۋىش، قەلەندەر، بىكارچى - لايغەزەللەر-
نىڭ كاشكۇللىرىغا[②]ئۇسۇلۇپ ئۈلگۈرمەيتتى. بىكار تاماقنى يەپ
قورسىقى تويغان بۇ سوپى - دەرۋىشلەر ھەزرەت خانىقاسىدا
ھەلقى - سۆھبەت قۇرۇپ، جەررە - ساما سالاتتى. ئۇلارنىڭ
ھۆم - ھۆملىرى پەلەككە ئۆرلەيتتى. ھەرە تارتىشماق ئۇسۇلى
ئويناپ گۈلۈپ - گۈلۈپ دەسسەشلىرىدىن خانىقانىڭ تاملىرى
تىترەيتتى.

يا ئىلاھىم ھەممىدىڭ بىرلە ھېكمەت ئايتىپ،
زاتى ئۇلۇغ خوجام سېغىنىپ كەلدىم ساڭا.
تۆۋە قىلىپ، گۇناھىمدىن قورقۇپ ياتىپ،
زاتى ئۇلۇغ خوجام سېغىنىپ كەلدىم ساڭا.

---

① مازار پادىشاھ — ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ دادىسى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشاننىڭ ئۇنۋانى.
② كاشكول — دەرۋىش - قەلەندەرلەرنىڭ سەدىقە تىلەپ يەيدىغان خالتىسى.

ئەۋەتكەن بولسا، شاھزادىمۇ ئالىيلىرىنىڭ نىيەت ـ مۇددىئالىرىدىن خەۋەر تېپىپ، يامان يولدىن قايتسا ئەجەب ئەمەس دەپ ئويلايمەن.

سۇلتان ئابدۇللاخان بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مىرزا باباقبەگنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى.

دادىسى سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ئەۋەتكەن خېتىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى باشقا بىر سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر شاھزادە يولۋاسخان خېلىلا تىنچىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن كېلەر يىلى باھارغىچە ئازغىنە كەم بىر قىش ئىچىدە سەئىدىيە خانلىقىدا نىسپىي تىنچلىق ئەسلىگە كەلگەندەك ھالەت شەكىللەندى.

## 5

مىلادىيە 1668 ـ يىلى باش باھار، قەشقەر.

خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان شاھزادە يولۋاسخان بىلەن بىرلىكتە قەشقەرنى قايتىدىن تەسەررۇپىغا ئالغاندىن كېيىن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكى سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ تەقىبىدىن چۆلدەرەپ قالغان ياغدۇدىكى ھەزرەت مازىرى بىلەن ھەزرەت خانىقاسى قايتىدىن ئاۋاتلىشىشقا باشلىدى. مانا ھازىر بۇ يەردىن «قۇتبىل ئەقتاب»، «سۇلتانۇل ـ مۇھەققىقىن» خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان پىر بۇزرۇكنى تاۋاپ قىلىدىغان سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىنىڭ ئايىغى ئۆكسۈمەيتتى. ھىدايىتۇللا ئىشان كامالەتكە يەتكەن سۆزمەنلىكى، ئاڭلىغۇچىلار كۆڭلىنى ۋەسۋەسىگە سالغۇچى تەرغىبات ـ نۇتقى بىلەن كىشىلەر قەلبىنى مايىل قىلىپ، ئۇلارنى ئىشقىيە سۇلۇكىگە دەۋەت قىلىۋاتاتتى. سۇلۇك غوۋغالىرىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ روھىي

سۇرۇپ ئۇلتۇرغاندىن كېيىن، ئاستا مىدىرلاپ ئورنىدىن قوزغال-
دى - دە، ئىشىك تۈۋىدىكى سوپى خىزمەتكارىغا، خانىقادىكى
ھەلقە - سۆھبەتكە باشچىلىق قىلىۋاتقان خەلىپىسى موللا ساقى
بىلەن موللا نەقىنى چاقىرىپ كېلىشنى بۇيرۇدى.

ئۇزاق ئۆتمەي خۇتبىخانىغا ئىككى خەلىپىسى كىرىپ كەل-
دى. ئىشان ئۆزىگە ئىنتايىن ساداقەتمەن، كۈچتۈڭگۈر، ئۆلۈمگە
بۇيرۇسىمۇ باش تارتمايدىغان بۇ ئىككى مۇرىتىغا شۇنداقلا قاراپ،
بىردىنلا قېرى ئەقىلچىسى ۋە پەرۋىشكارى ئابدۇرازاق خەلىپىنى
ئېسىگە ئالدى - دە، كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولدى. بۇ ئىككى
خەلىپىسى ئۇنىڭ ھەرقانداق بۇيرۇقىنى ھەر ئاماللارنى قىلىپ
بەجانىدىل ئورۇندىيالىغىنى بىلەن، ئابدۇراززاق خەلىپىگە ئوخ-
شاش كاللا ئىشلىتىپ، ئىشقىيە سۇلۇكى ئۈچۈن، خوجا ھىدايە-
تۇللا ئىشاننىڭ مەقسەت - مۇددىئالىرى ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا بىرەر
ئىشنى پىلانلاپ قىلىشنى بىلمەيتتى. ناۋادا ئابدۇراززاق خەلىپە
ھېلىغىچە ھايات تۇرغان بولسا، ھىدايىتۇللا ئىشان بۇنداق
چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزى كاللا قاتۇرۇپ،
پىلان تۈزۈپ، ھىيلە - مىكىر تەييارلاپ ھەرەج تارتىپ يۈرمەس
ئىدى.

ھەئە، ئاشۇ ۋاقىتتا ئۇ ئابدۇراززاق خەلىپىنىڭ: «خوجىزا-
دەم، سىلى شاھزادە يولۋاسخان بىلەن بىللە كېتىپ، ياقا -
يۇرتلاردا بىر مەزگىل پاناھداپ تۇرسىلا، مەن بۇ يەردە قېلىپ
سۇلۇك تەۋرەتكەچ تۇراي» دېگەن مەسلىھەتىگە كىرمىسە
بوپتىكەن.

شۇ يىلى شاھزادە نۇردۇنخان بىلەن مەخدۇمزادە خوجا ئاب-
دۇللا ئىشانغا ئەگىشىپ قەشقەرگە كەلگەن ئىسھاقىيە مۇرىتلى-
رى، ھىدايىتۇللا ئىشاننى تاپالماي، ئابدۇراززاق خەلىپىنى تۇتۇ-
ۋالغاندىن كېيىن، خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە قەش-
قەردىكى سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن

هۆم ئاللاھ ھۆم ـ ھۆم!
ھەق دوست يائاللا.

چىن ئاشىقنى ئاللا سۆيۈپ بەندەم دېدى،
ئارا يولدا قالمىسۇن دەپ غېمىن يېدى،
يالغانچىلار دىدارىمنى كۆرمەس دېدى،
ئىشىق بابىدا مەھكەم بولۇپ تۇردۇم مانا.
ھۆم ئاللاھ، ھۆم ـ ھۆم!
ھۇۋۋى ئاللاھ، ھۆم!

ھەقىقەتتىن ھېكمەي ئېيتتىم بىلمەس كىشى،
يالغان ئاشىق ھىلە بىلەن پۈتمەس ئىشى،
چىن ئاشىقنىڭ نۇرغا تولۇر ئىچى ـ تېشى،
ھەقتىن ئېشىپ بۇ سۆزلەرنى ئايتتىم مانا. ①
ھۆم ئاللاھ، ھۆم ـ ھۆم!
ھۇۋۋى ئاللاھ، ھۆم!

ھىدايىتۇللا ئىشان بۇنداق زىكرى ـ سۆھبەت، جەررە ـ سامالارغا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قاتناشمايتتى. شاھزادە يولۋاسخان ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەقىقىدىكى تىنىمسىز خىياللىرى بۇنداق غەلۋە ـ غوۋغا قايىنىغان سورۇندىن تىنچ ـ خاتىرجەم خۇتبىخانىسىغا كىرىشكە ھەيدەيتتى، ئۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن خالىي خۇتبىخانىسىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ، تۈرلۈك پىلان ـ تەدبىرلىرىنى تۈزەيتتى، ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئويلاپ تاپاتتى.

بۈگۈن ئۇ خۇتبىخانىسىدا ئۆزى يالغۇز يېرىم كۈن خىيال

---

① بۇ شائىر كلاسسىك ئەھمەد يەسەۋىنىڭ شېئىرى.

## 6

بۈگۈن «ئالتۇنلۇقۇم»[1] دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر بولغان بۈيۈك سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خان جەمەت قەبرىستانلىقى ۋە ئۇنىڭغا يانداش جايلاشقان چىلتەنلىرىم مازىرى[2] كۆندىكىگە ئوخشاشلا تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن تاۋاپچى - زىيارەتچىلەر، تىلاۋەتچىلەر، مازارگەشت سوپى - دەرۋىشلەر ۋە مۇشۇ مازارلىقنى ماكان تۇتۇپ ياتقان قەلەندەر - سائىللار بىلەن يېڭى بىر ھايات كۈيىنى باشلىغانىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئېسىل تون - سەرپايلىرىنى كىيىشكەن ئېسىلزادىلەرمۇ، نىمكەش، ئەمما پاكىز ئۇستۋاشلارنى كىيىشكەن ئاددىي كىشىلەرمۇ، دېھقانلارمۇ، ئاللىقانداق تەلەپلىرىنىڭ ئىجابەت بولۇشىنى تىلەپ كەلگەن ھاجەتمەنلەرمۇ، ساقايماس كېسەللىرىگە شىپا ئىزدەپ كەلگەن بىچارە بىمارلارمۇ، تاپقان - تەرگىنىگە نەشە ئېلىپ چېكىدىغان تېجىمەل بەڭگىلەرمۇ، كېچىسى قايسىبىر باينىڭ تېمىنى تېشىشنى مولجالاپ قويۇپ، ھازىر ئارامخۇدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئۇخلىۋالماقچى بولغان ئوغرىلارمۇ، تاۋاپچى - زىيارەتچىلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ، قولىنى تەڭلەپ تۇرۇۋېلىپ، سەدىقە تىلەپ جېنىنى باقىدىغان غۇررۇسىز، ھۆررۈن سائىللارمۇ، يىل بويى بەدىنىگە خۇدانىڭ يامغۇرىدىن بۆلەك بىرەر تامچە سۇ دارىتمايدىغان، شۇ سەۋەبلىك ئەزايىنى كىر - توڭرا، كىيىملىرىنى پىت - سىركە بېسىپ كەتكەن، چاچلىرىنى ئۆستۈرۈپ، بەللىرىگىچە قويۇۋېلىپ پاخپايتىۋالغان ئاشىق دەرۋىشلەرمۇ، سۆلۈكى ئىشقىيە تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان «مۇرتەتلەر» نى تۇتۇش ئۈچۈن تىمىسقىلاپ يۈرگەن

① ئالتۇنلۇقۇم — يەكەندىكى خانلار قەبرىستانلىقى. بۇ مازار سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، خانىش ئامانىساخانلار دەپنە قىلىنغانلىقى بىلەن ھازىرمۇ مەشھۇر.

② چىلتەنلىرىم مازىرى — يەكەندىكى قەدىمىي قەبرىستانلىق. بۇ مازارمۇ ھەپتەئى مۇھەممەدان (يەتتە مۇھەممەدنىڭ قەبرىسى) دېگەن نامى بىلەن ھېلىمۇ مەشھۇر تاۋاپگاھ بولۇپ تۇرماقتا.

پۇتكۇل قەشقەر ئاھالىسىنى ھېيتكاھ مەيدانىغا يىغىپ، ئابدۇراز-زاق خەلىپىنى قىپيالىڭاچ قىلىپ، بىر تال توغرا قويۇلغان بادرا ياغاچقا دوڭغايتىپ چەمبەرچاس باغلىغاندىن كېيىن، مەقئەتتىگە مەخسۇس ياسالغان تۇنىكە نوگاينى تىقىپ، پورۇقلاپ قايناۋاتقان ياغنى ئاشۇ نوگايدىن قۇيۇپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان دەھشەت-لىك ئۇسۇل بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى.

ھەر قېتىم بىرەر شۇملۇقنى، بىرەر رەزىل سۇيىقەستنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن ھىدايىتۇللا ئىشان مەسلە-ھەت سالغۇدەك، يول كۆرسەتكۇدەك ئادەمنى تاپالماي، ئابدۇراز-زاق خەلىپىنى ئېسىگە ئالاتتى ـ دە، ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن ھەسرەت-لىنەتتى. چۈنكى، ئۇ ئابدۇراززاق خەلىپىنىڭ ئەقىل كۆرسىتى-شى، پىلان تۈزۈشى بىلەن نۇرغۇن رەقىبلىرىنىڭ پېيىنى قىر-قىپ، يولىدىكى توسالغۇلارنى يوقىتىشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى. مانا ئەمدى ھىدايىتۇللا ئىشان خۇددى بىر قانىتىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولۇپ قالغانىدى.

ئىشان ھەسرەتلىك خىيالدىن ئېسىنى يىغىپ، ئالدىدا «نېمە تاپشۇرۇقلىرى باركىن، ئىشان پىرىم» دەپ پەرمانبەردار بولۇپ تۇرغان موللا ساقى بىلەن موللا نەقىگە تام تۈۋىدىكى نەقىشلىك ساندۇقتىن ئالدىن يېزىپ تەييارلاپ قويغان ئىككى پارچە خەتنى ئېلىپ ئۇزاتتى ـ دە، ئۇلارغا بۇ خەتنى ئېلىپ نەگە بېرىش، كىم بىلەن ئۇچرىشىش، قانداق ئىشلارنى قىلىش ھەققىدە تەپسى-لىي چۈشەنچە بەردى. «ئىشلارنى مەخپىي ئېلىپ بېرىڭلار، سىر قەتئىي ئاشكارىلانمىغاي، خەۋىرىڭلارنى كۈتىمەن» دەپ قايتا ـ قايتا جېكىلىدى.

— مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، — خەلىپە شۇنداق دېگىنىچە تۇتقۇنىنىڭ ئاغزىنى قاراسسىدە بىر تـەستەك سىلـىۋەتكەندىن كې- يىن، قېشىدىكى ھـەمراھلىرىغا بـۇيرۇق قىلدى، — سەگىتىڭلار!

خەلىپە مەسئۇلىنىڭ بۇيرۇقى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە تەمبەل كەلگەن ئىككى سوپى قولىدىكى دەررە بىلەن جاۋابكارنى ساۋاشقا باشلىدى.

— ئەمدىغۇ راستىڭنى دەرسەن؟

— قايسى راست گەپنى، خوجام؟— دېدى جاۋابكار بۇرنى- دىن ئېقىۋاتقان قاننى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— خوتەندىن ئاستانىگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟

— ھەپتەئى مۇھەممەدان خوجامنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلى- غىلى.

— يەنە نەگە بارسەن؟

— قەشقەرگە.

— قەشقەرگە نېمىگە بارسەن؟

— ھەزرىتى مازار پادشاھى خوجامنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلغىلى.

— بۇ سېپى ئۆزىدىن ئىشقىيەچى مۇرتەت ئىكەن. راستىنى دېمىگۈچە توختىماي ئۇرۇڭلار.

دەررىلەر ھاۋادا يەنە پۇلاڭلاشقا باشلىدى.

جاۋابكارنىڭ خاتىرجەم تۇرقىدىن بۇ سوراق - قىيناقلارغا ئالدىن تەييارلىق قىلىپ قويغاندەك، سوراقچىنى قەستەن كول- دۇرلىتىپ دىققىتىنى ئۆزىگە بەكرەك بۇراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— ۋاي خوش بولاي، خوجام، ماڭا رەھىم قىلسىلا، — دېدى باياتىن بېرى ئۇرۇلغان، شۇنچىۋالا دەررىگە غىڭ قىلمىغان جاۋابكار ئەمدى بىردىنلا ئاللا - توۋا سېلىپ.

— ھە، گەپ قىلە؟ — دېدى سوراقچى ئۆزىگە تەمەننا

ئىسھاقىيە سوْلوْكىنىڭ خوْپىيە ـ پايلاقچىلىرىمۇ... ھەممە ـ ھەممىسى بار ئىدى. توْيوْقسىز مازارلىقنىڭ بىر بوْرجىكىدە قىسـ. قىلا ئالىتوپىلاڭ كوْتوْروْلدى. ئەتراپتىكى تاۋاپچىلار ئۇلارغا شوْنـ. داقلا قارىدى ـ دە، ئانچە پەرۋا قىلماي ئۆز ئىشلىرىغا مەشغۇل بولدى. ئەسلىدە ئىسھاقىيە سوْلوْكىنىڭ خوْپىيە ـ پايلاقچىلىرى بىر سوپى سوْپەت ئادەمنى سوْلوْكى ئىشقىيە تەرغىباتچىسى دەپ توْتوْۋېلىپ، باسماقداپ باغلاۋاتاتتى. بوْنداق ئىشلار كوْندە دېگوْ. دەك بولوْپ توْرغاچقا، مازارغا داۋاملىق كېلىپ توْرىدىغان تاۋاپ. چىلارنىڭ ئانچە دىققىتىنى تارتالمايتتى. دىققىتىنى تارتقان تەق. دىردىمۇ خورىكى ئۆسوْپ كەتكەن ئىسھاقىيە سوْلوْكىنىڭ پايلاق. چىلىرىغا ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلىشقا پېتىنالمايتتى.

ئىسھاقىيە سوْلوْكىنىڭ خوْپىيە ـ پايلاقچىلىرى ھېلىقى گوْ. مانلىق ئادەمنى ئالدىغا سېلىپ، مەخدۇمزادە خـوجا ئابـدۇللا ئىـشاننىڭ يان كوچىغا جايلاشقان كاتتا قەسرىگە ئەكەلدى ـ دە، قەسرىنىڭ تاشقىرىقى ھويلىسىدىكى مەخسۇس سوراقخانىغا سولىـ. دى. بىرئازدىن كېيىن توْتقوْن باشقا بىر ھۇجرىغا ئاچىقىلىپ سوراق قىلىندى. سوراقنى مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ جازا جاساقچا مەسئۇل خەلىپىسى قىلدى.

— سەن كىم؟

— مەتروزى مەتتوْرسوْن ئىسىملىك، شەھىدانە خوتەنلىك مۆمىن مۇسۇلمانمەن، خوجام.

— ئېيتە، قايسى سوْلوْككە ئىرادەت قىلوْرسەن؟

— مەن سوْلوْككە كىرمىگەن، خوجام.

— ئەمىسە بايا چىلتەنلىرىم مازار خوجامدا نېمىشقا ئىشقىيە. چى مۇرتەتلەرنىڭ خوجىسى ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدىڭ.

— ئۇل زاتى مۇبارەكنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالسا نېمە بولىـ. دۇ، خوجام؟

— دەرھال مېنى باشلاپ بارسىلا، سوپىم، پىرىمغا مەلۇم قىلىدىغان مۇھىم ئىش چىقىپ قالدى.

— شۇ تاپتا كۆرۈشكىلى بولماسمىكىن، خەلىپەم، — دېدى سوپى خىزمەتكار ئارىسالدى بولۇپ.

— نېمىشقا؟ — دېدى خەلىپە قاپىقىنى تۈرۈپ.

— بايا قارغىلىقتىن بىر ساخاۋەتچى مۇرشىد ساۋاب ئىزدەپ پىرىمغا دۇئا قىلدۇرۇش ئۈچۈن قىزىنى ئەكەپتىكەن. رەجەپ دەرۋىش نىكاھىنى ئوقۇپ قويۇۋىدى. پىر بۇزرۇكىمىز ئاشۇ قىزنى باشلاپ خىلۋەتخانىسىغا كىرىپ كەتكەن. ناۋادا ھازىر پىرىمنى مالال قىلىدىغان بولساق قارغىشىغا ئۇچراپ كېتىمىز، خەلىپەم.

— مەندە پىرىمنىڭ مۇبارەك ۋۇجۇدىغا ئاشۇ قىزدىنمۇ بەكرەك لەززەت بېغىشلايدىغان بىر نەرسە بار، ماڭسىلا مېنى باشلاپ بارسىلا. ھەرنە قارغىش بولسا ئۆزۈمگە ھېساب، — دېدى خەلىپە جاھىللىق بىلەن.

ئۇلار خىلۋەتخانىنىڭ ئىشىكى تۈۋىگە كەلگەندە ھۇجرا ئىچىدىن بىر قىز بالىنىڭ نازۇك، زەئىپ ئاۋازدا چىرقىراپ قىلغان نالە - پەريادى ئاڭلاندى. خەلىپە بىلەن سوپى بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ كۈلۈشتى ۋە بۇ نالىلىك چىرقىراشتىن ئاجايىپ تاتلىق ھۇزۇر ھېس قىلىشىپ، ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرۇشتى.

ھەئە، شۇ دەقىقىدە مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان، كالىدەك بەستى ئاستىغا بېسىۋالغان ئون ئىككى - ئون ئۈچ ياشلارغا كىرگەن قىز بالىنىڭ نازۇك ۋۇجۇدى ئۈستىدە خۇددى ساپان سۆرىگەن بۇقىدەك پۇشۇلدىغىنىچە ھاسىراپ - ھۆمۈدىمەكتە، قىزنىڭ ئاشۇ نالىلىق، ئېچىنىشلىق چىرقىراشلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ، ئاجايىپ شېرىن لەززەتلەرنى ئالماقتا ئىدى.

بىر چاغدا خىلۋەتخانىدىن قىزنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىمۇ، ساپان سۆرىگەن بۇقىدەك ھاسىراشلارمۇ پەسەيدى. سوپى بىلەن

قويغان هالدا.

— بىر مۇھىم ئامانەتنى قەشقەرگە ئاپارماقچىدىم.

— كىمنىڭ خېتىنى كىمگە ئاپارماقچىدىڭ؟

جاۋابكار جىم تۇرۇۋالدى.

سوراقچى خەلپە باشقىدىن سەگەكلىشىپ، تېخىمۇ بەك ئەستايىدىللاشتى.

— قانداق ئامانەت ئىدى ئۇ؟

— سىلىگە دەپ بەرسەم بولمايدۇ، خوجام، — دېدى جاۋاب-كار سوراقچىنى تېخىمۇ ۋەسۋەسىگە سېلىپ.

— ماڭا دەپ بەرمەي ئېگىچەڭنىڭ ئېرىگە دەپ بېرەمتىڭ، مۇرتەت، ئامانەت قېنى؟ دەرھال چىقار.

جاۋابكار ھازىرلا ئاختۇرۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندەك دەرھاللا تۈگۈلۈۋالدى. مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ئىدى. سوراقچى ئىككى ھەمراھىغا بۇيرۇق قىلدى.

— ئاختۇرۇڭلار بۇ مۇرتەتنى.

جاۋابكار ئاللا - توۋا سالغىنىچە ئاختۇرۇشقا قارشىلىق كۆرسىتىپ يەردە يېتىۋالدى. ئىككى سوپى خىزمەتكار سوراقچى خەلپىنىڭ ياردىمىدە ئۇنى تەپسىلىي ئاختۇردى ۋە پاختىلىق تونىنىڭ قويۇنىغا تىكىۋالغان بىر پارچە خەتنى تېپىۋالدى - دە، خۇشاللىقتىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. خەتنىڭ سوراقچى-نىڭ قولىغا چۈشكىنىنى كۆرگەن جاۋابكار مۇھىم بىر ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغاندەك خاتىرجەم بولدى.

سوراقچى خەلپە خەتكە شۇنداقلا كۆز يۈگۈرتۈپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى - دە، ئۇدۇل ئىچكىرىكى سارايغا قاراپ يۈگۈردى.

— ھىممەتلىك پىرىم، ھازىر قەيەردە؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئالدىغا ئۇچرىغان سوپى خىزمەتكاردىن.

— خىلۋەتخانىسىدا.

ئىمزاسىدا، دادىسى شاھزادە يولۋاسخانغا يېزىلغان بۇ مەخپىي خەت شۇ تاپتا ئابدۇللاخاننى بىسۇئالغۇسىز غەزەپ - نەپرەتكە مۇپتىلا قىلىپ خۇددى يارىلانغان يىرتقۇچ شىرغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ھەئە، ئاشۇ مۇدھىش خەتنىڭ مەزمۇنى ئابدۇللاخاننىڭ كاللىسىدا تىنىمسىز جاراڭلاپ ئەكس سادا قايتۇراتتى:

«... ئى پەدەرى بۇزرۇك، زالىم خاقان بولمىش بابام سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ نۇرغۇن زۇلمىغا ئۇچراپ كۆپ رىيازەتلەرنى چەكتىڭىز، ھەتتا ئۆز سۇيۇرغاللىق زېمىنىڭىز بولمىش قەشقەر ھۇدۇتلۇقىدا پۇت دەسسەپ تۇرغۇدەك يەرگىمۇ ئىگە بولالمىدىڭىز. كۆپ قېتىم سىزگە تەسەللى بېرىشنى، شىكەستىلەنگەن كۆڭلىڭىزنى ياساشنى ئويلىغان بولساممۇ، ئارىلىق يىراق بولغاچقا، قېشىڭىزغا بارالماي، داغۇ ھەسرەتتە قالدىم. سىزگە ھەمدەم بولغۇم، پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلغۇم بولسىمۇ قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي قالغانىدىم. مانا ئەمدى سىزنىڭ يازغان مۇبارەك خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ، دىلىم خۇددى تۈيۈقسىز ئاپتاپ چۈشكەن قاراڭغۇ ھۇجرىدەك يورۇپ كەتتى. قانداق قىلىشىمنى بىلىۋالدىم. راست ئېيىتسىز، ئەسلىدە تەخت - سەلتەنەت ئەمدى سىزگە تېگىل بولۇشى كېرەك ئىدى. خان بابام ئوردىدىكى ھارام تاماق، رىياكار ئەمىرلەرنىڭ، ئاستانىدىكى ئىسھاقىيەچى مۇرتەتلەرنىڭ گېپىگە كىرىپ، تاغام شاھزادە ئابدۇمۇمىنخاننى ۋەلىئەھدى قىلىپ، نائىب خانلىق مەرتىۋىگە كۆتۈردى. بۇ ئىش ئەسلىي تەخت ساھىبى بولمىش بىزلەر ئۈچۈن چىداپ تۇرغۇسىز ئېغىر ھاقارەت. ئەمدى قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇۋەرسەك بولماس. مەن سىز بېكىتكەن مۆھلەت - قەرەلدە خوتەندىكى بارلىق سەركەردە - لەشكەرلىرىمنى باشلاپ يولغا چىقىمەن. خۇدا خا-

خەلىپە بىر ـ بىرىگە قاراپ مەنىلىك كۆز ئىشارىسى قىلىشۋال- غاندىن كېيىن خىلۋەتخانىنىڭ ئىشىكىدىكى تۆمۈر زەنجىرنى يەڭ- گىل شىرىقلاتتى. بىرئازدىن كېيىن مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولدى ـ دە، ۋاقىتسىز مالال قىلىپ، پەيزىنى بۇزغان ئىككى مۇرىتىغا سوغۇقلا قارىدى.

خەلىپە خەتنى ئىككى قوللاپ تۇتتى.

— خوتەنلىك بىر ئىشقىيەچى مۇرتەتنىڭ يېنىدىن تېپىۋال- دۇق، پىرىم، ناھايىتىمۇ مۇھىم خەتتەك قىلىدۇ. شۇڭا، زىيادە تەخىر قىلىپ تۇرالماي ئاراملىرىغا مالاللىق يەتكۈزۈپ قويدۇق.

ئىشان خەتنى ئېرەنسىزلىك بىلەن قولىغا ئالدى ـ دە، شۇنداقلا كۆز يۈگۈرتتى. شۇ ھامان چىرايىدا ھەم جىددىيلىق، ھەم خۇشاللىق ئالامەتلىرى جىلۋە قىلدى.

— دەرھال ئات تەييارلاڭلار، ئوردىغا كىرىمەن.

ئىشان خەتنى قاتلاپ قوينىغا سالدى ـ دە، كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئىنئام تەمە قىلىپ تۇرغان خەلىپىسىگە قاراپمۇ قويماستىن، بوينىنى سۇغا سېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ، جۇنۇپ ھالەتتە پايپاسلىغىنىچە سىرتقا قاراپ ماڭدى.

## 7

ئوردىنىڭ ساخاۋەت سارىيى.

مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان مەخمەل كۇرسىدا ئۆزىگە تەمەننا قويغان ھالەتتە گىدىيىپ ئولتۇراتتى. سۇلتان ئابدۇللا- خان ئىشان كۆتۈرۈپ كىرگەن خەتنى مىجىقلىغىنىچە غەزەپتىن غال ـ غال تىترەپ تەگسىز خىياللارغا غەرق بولغانىدى.

سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ نەۋرىسى، شاھزادە يولۋاسخاننىڭ چوڭ ئوغلى، خوتەننىڭ نائىب ئەمىرى خانزادە ئەبەيدۇللاخاننىڭ

ئارقىلىق تاپشۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن، خەتنىڭ مەزمۇنىدىن قىلچىلىك گۇمانلانمىغانىدى. بۇ خەتنى سۇلتان ئابدۇللاخانغا ئەشەددىي رەقىبى مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان ئارقىلىق يەتكۈزۈشمۇ خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ بۇ قېتىم پىلانلاپ يەتمەكچى بولغان مۇددىئاسىنىڭ يەنە بىر تەركىبىي قىسمى ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ ھېلىقى خەتنى ئېلىپ ماڭغان سوپىنى ئاستانىگە بارغاندا ئىسھاقىيە پايلاقچىلىرىنىڭ ئالدىدا ئەتەي چاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش خۇسۇسىدا ئىككى خەلىپىسىگە ئالاھىدە كۆرسەتمە بەرگەنىدى. كېيىنكى ئىشلار خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئالدىنئالا پەرەز قىلغىنىدەك ئۆز تەرتىپى بويىچە روياپقا چىقتى.

— ئول ۋاپاسىز پەرزەنتىنىڭ پەيلى شۇ بولسا بىزمۇ قاراپ تۇرماي ئانداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلايلى، — دېدى تېخىچىلا غەزەپتىن تىترەپ تۇرغان سۇلتان ئابدۇللاخان چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ سۆزلەپ.

ئۇ باشقا ئوردا ئەركانلىرىنى كېڭەشكە چاقىرىشقىمۇ كۆڭلى بارماي ساخاۋەت سارىيىدىلا، نەۋرىسى خانزادە ئەبەيدۇللاخاننىڭ ئاتالىقى، قوشۇمچە خوتەننىڭ ئەمىر لەشكىرى مىرزا مۇھەممەد قاسىمبەگكە مەخپىي يارلىق چۈشۈردى. يارلىقتا، مىرزا مۇھەممەد قاسىمبەگنىڭ سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان قەتئىي كېچىكتۈرمەي خانزادە ئەبەيدۇللاخاننى ئۆلتۈرۈش، يارلىقتا ھەرقانداق باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن سۇسلۇق قىلسا كاللىسى بىلەن جاۋاب قىلىش يېزىلغانىدى ھەمدە مىرزا مۇھەممەد قاسىمبەگنىڭ خانزادە ئەبەيدۇللاخاننىڭ ئورنىغا خوتەننىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكى ئەسكەرتىلگەنىدى.

يارلىق خوتەنگە چاقماق تېزلىكىدە يەتكۈزۈلدى.

خوتەننىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكىدىن خۇشاللىنىپ بې-

لىسا پات يېقىندا ئاستانىدە كۆرۈشكەيمىز ۋە ئىككى تەرەپتىن تەڭ ئىسكەنجىگە ئېلىپ تەختنى تارتىۋالغايمىز…»

سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ۋۇجۇدى مۇزلاپ، سوغۇق تەرلەپ كەتكەنىدى.

— ئى دۆلەتپاناھىم، مەن سىلىگە باشتىلا دېگەن. شاھزادە يولۋاسخاننىڭ پەيلىنى ئۆزگەرتكىلى بولماس، — دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلىشقا باشلىدى خوجا ئابدۇللا ئىشان. شۇ تاپتا ئۇ شاھزادە يولۋاسخان، ئوغلى بىلەن بىرلىشىپ، دادىسىدىن ھازىرلا تەختنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىسھاقىيە سۇلۇكىنى قاتتىق تەقىب ئاستىغا ئالىدىغاندەك ۋەھىمىگە چۆككەنىدى. ئۇ ئابدۇللاخاننى ھەدەپ ۋەسۋەسىگە سېلىشقا باشلىدى، — ئەسلىدە شاھزادىنى ئۆز ۋاقتىدىلا جازالاش، ئەتراپىدىكى ئىشقىيەچى نامۇسۇلمان مۇرتەتلەرنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلاش كېرەك ئىدى. مانا ئەمدى ئوغلى خانزادە ئەبەيدۇللاخاننىمۇ ئازدۇرۇپ، ئاتا - بالا بىرلىشىۋېلىپ سىلىدىن بۇ سەلتەنەتنى سويۇپ[1] ئالماقچى بولۇشۇپتۇ. ۋاقتىدا بىر ئامالىنى قىلمىساق، نۆۋەت قولدىن كېتىپ، چوڭ پۇشايماندا قالۇرمىز، قىبلىگاھىم. ئارىسالدى بولماي تېزرەك بىر قارارغا كەلگەيلا.

گۇمانخورلۇق، ئالدىراڭغۇلۇق ۋە ئۆز پۇشتىدىن تەكرار - تەكرار كېلىۋاتقان دىشۋارچىلىق، شۇنداقلا مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ ۋەسۋەسىگە سېلىشى قوشۇلۇپ سۇلتان ئابدۇللاخاننى يەنە بىر قېتىم ئەقلىدىن ئازدۇردى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئۇ خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ شەيتانىنىمۇ ئازدۇرغۇچى «قاراخەت» ھىيلىسىنىڭ دامىغا يەنە بىر قېتىم چۈشكەنىدى.

ئۇ بۇ خەتنى پىرى بۇزرۇكى خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ قولى

---

① سويۇپ — تارتىۋېلىپ.

# 8

ئاكىسى خانزادە ئەبەيدۇللاخاننىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمىگە ئۇچىر-
نىپ كۆن بويى يىغلاپ چىققان، شاھزادە يولۋاسخاننىڭ قىزى
مەلىكە خانزادەم خېنىم، كۆڭۈل سوراپ كەلگەن دوستى مەلىكە
مۆھتەرەم خېنىمنى كۆرۈپ يەنە قايتىدىن ھازا ئاچتى. ئۇنىڭغا
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ شۇنچە تەسەللىيلىرىمۇ كار قىلمى-
دى. باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان: «سۇلتان ئابدۇللاخان
ئوغلى شاھزادە يولۋاسخاندىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، نەۋرىسى خو-
تەننىڭ نائىب ئەمىرى ئەبەيدۇللاخاننى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ» دېگەن
مىش - مىش پاراڭلار مەلىكە خانزادە خېنىمنىڭ يۈرەك - باغرى-
نى تىلغۇۋەتكەنىدى.

— جېنىم دوستۇم، — دېدى مەلىكە خانزادەم خېنىم يىغى-
سىدىن توختاپ، — بۇ خان بابامنىڭ نېمە قىلغىنى. ئاتامنىڭ
گۇناھى ئۆزىگە ھېساب ئەمەسمىدى. جاھاندا نەدىمۇ بالىسىدىن
ئالالمىغان ئۆچىنى نەۋرىسىدىن ئالىدىغان ئىش بار. ئاكامدا نېمە
گۇناھ، ئۇ ئاتامنىڭ قىلغان ۋاپاسىزلىقىدىن خىجىل بولۇپ،
ئىزچىل تۇردە خان بابامغا سادىق بولۇپ كەلگەن ئەمەسمىدى.
نېمىلا بولمىسۇن بىز خان بابامنىڭ ئۆز پۇشتىغىمۇ ئاخىر.

— ئەھۋال ئۇنداقمۇ ئەمەستۇر، جېنىم دوستۇم، — دېدى
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم يا سۇلتان ئابدۇللاخاننى ئاقلىيالماي،
يا مەلىكە خانزادە خېنىمنى قوللىيالماي رەللە بولۇپ، — خەق
دېگەن نېمە گەپلەرنى تاپمايدۇ دەيسەن. ئاكىلىرىمنىڭ ئۆلۈمىدە
بىز تېخى بىلىشكە ئۈلگۈرمىگەن باشقا بىر سەۋەب باردۇر، بەل-
كىم. خان ئاتام ئۇنچە رەھىمسىز ئادەممۇ ئەمەس.

— ئەجەب بىر گەپ قىلىۋاتىلىغۇ، ئۇزاقى يىلى ھىندىقۇش
مىرزا ئۆلتۈرۈلگەندە ئەجەب بۇنداق دېمىگەنىدىلىغۇ؟ — دېدى
مەلىكە خانزادە خېنىم رەنجىپ، — سىلىمۇ خان بابامغا بەك

شى ئاسمانغا تاقاشقان مىرزا مۇھەممەد قاسىمبەگ نېرى ـ بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا خان يارلىقىنى بەجا كەلتۇرۇپ، خانزادە ئەبەيدۇللاخاننى زەھەر ئىچكۈزۈپ ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. خان يارلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈمگە بۇيرۇلغۇدەك نېمە گۇناھى بارلىقىنى بىلەلمىگەن بىچارە خانزادە بېشىدا قىلىچ تەڭلەپ تۇرغان مىرزا مۇھەممەد قاسىمبەگنىڭ قەستىنى بىلەن، ئۆزىگە ئۆلۈمدىن باشقا چىقىش يولى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، پىيالىدىكى زەھەرنى كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئىچىشكە مەجبۇر بولدى.

شۇنداق قىلىپ ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا كىرگەن خانزادە ئەبەيدۇللاخان ئىككى سۇلۇكتىكى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىغا سالغان نىزا ـ ئاداۋەتلەر سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن تەخت تالىشىش كۈرىشىنىڭ بىگۇناھ قۇربانى بولۇپ كەتتى.

ئەمما، ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ سۇلتان ئابدۇللاخان بىلەن شاھزادە يولۋاسخاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت تۇگمىنىگە سۇ باشلاپ، شاھزادىنى ئاتىسىغا چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ قىلىش ئۈچۈن تۈزگەن پىلانى — «قاراخەت» ھىيلىسى تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى.

خانزادە ئەبەيدۇللاخاننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرى ئاستانىگە يېتىپ كېلىپ، ھەرخىل مىش ـ مىش كوچا پاراڭلىرى تارقالغان مەزگىلدە، ئاستانىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان موللا ساقى بىلەن موللا نەقى خەلپە خوجىسى ھىدايىتۇللا ئىشان تاپشۇرغان ئىككى پارچە خەتنىڭ يەنە بىرىنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش تەرەددۇتىگە چۈشكەنىدى.

يېزىۋاتىمەن. بابائى بۇزرۇك خان ئاتام دادىمىز شاھزادە يولۋاسخاندىن يېتىلىپ قالغاندىن كېيىن، دەرد - ئەلىمىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، ئۆچىنى مەندەك ناتىۋان نەۋرىسىدىن ئالماقچى بولۇپ، مېنى ئۆلتۈرۈشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. بەلكىم مېنى ئۆلتۈرۈپ پۇخادىن چىقمىسا سىزنىمۇ ئۆلتۈ-رۈشى مۇمكىن. قاتتىق پەخەس بولغايسىز. پۇرسەت تېپىپ دادىمىز يولۋاسخاننىڭ قېشىغا كەتكەيسىز...»

مەلىكە خانزادە خېنىم ئوردىغا قاراپ يۈگۈرۈيتتى. بۇ خەت-تىكى ئاكىسىنىڭ نىداسى كاللىسىغا كىرىۋېلىپ، بوراندەك ياش تۆكەتتى.

— ئى خان بابا، مەن سىزنى تولىمۇ مېھرىبان، كەڭ قورساق، ئادالەتلىك خان دەپ بىلىپ، تولىمۇ ھۆرمەتلەپ كەلگە-نىدىم. مانا ئەمدى سىزنىڭ ۋەھشىيلىكتە ھەججاجدىنمۇ① ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىڭىز ئايان بولدى، — دېدى شاھنىشىن بوسۇغىسى-دىن ئاتلاپ كىرگەن مەلىكە خانزادە خېنىم تەختتە غەمكىن ئول-تۇرغان سۇلتان ئابدۇللاخانغا نازۇك قوللىرىنى شىلتىپ تۇ-رۇپ، — سىز ئادەم ئەمەس ئالۋاستى، ۋەھشىي دىۋە ئىكەنسىز.

ئابدۇللاخان نەۋرە قىزىنىڭ قار - يامغۇردەك تىل ھاقارىتى-نى ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ قالدى.

— نېمە بولدى سىزگە، قىزىم، — دېدى خان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، — نېمانچە بىشەملىك قىلىسىز؟

— قىلىمەنغۇ تازا، — دېدى مەلىكە خانغا دىۋەيلەپ، — ئاتامدىن يېتىلىپ قېلىپ چىقىرالمىغان قورساق كۆپۈكىڭىزنى ئاكامدىن چىقىرىپسىز، بىلىپ قويۇڭ، سىز باھادىر خان ئە-مەس، نامەرد خان بولۇشقا مۇناسىپسىز.

---

① ھەججاج — ئەرەب ئۇممەۋىيلەر خاندانلىقىدا ئۆتكەن زالىم خان، تارىختا ۋەھشىيلىكتە داڭق چىقارغان پادىشاھ.

ئامراق، ئۇمۇ سىلىنى بەك ئەتىۋارلايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ يېنىنى
ئالىلا، سىلىنى مەرھۇم ئاكامغا لايىق كۆرۈپتىكەنمەن تېخى، —
مەلىكە خانزادە خېنىم بىر پەس ئۆپكىدەپ يىغلىغاندىن كېيىن
داۋام قىلدى، — مەن ھازىرلا ئوردىغا كىرىپ خان بابامنىڭ
ئالدىغا بارىمەن. ئۇ تايىنلىق مۇنۇ خەنجەر بىلەن مېنىمۇ ئۆلتۈ-
رۈپ، بىراقلا پۇخادىن چىقسۇن.
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم مەلىكە خانزادە خېنىمنىڭ قولىد-
كى پىچاقنى تارتىۋېلىپ ئاران توختىتىۋالدى ۋە كۆڭلى يېرىم
بولغان ھالدا يېنىپ چىقتى.
ھۇجرىسىدا يالغۇز قېلىپ، يىغلاۋېرىپ ئېزىلىپ كەتكەن
مەلىكە خانزادە خېنىم ئۆزىنىڭ قانداق ئۇخلاپ قالغىنىنىمۇ بىل-
مەي قالدى. بىر چاغدا قارا باسقاندەك بولۇپ، ئويغىنىپ كې-
تىپ، ياستۇقىنىڭ بۇرجىكىدە قويۇپ قويۇلغان بىر پارچە خەتكە
كۆزى چۈشتى. ئەجەبلىنىپ خەتنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئاستا
ئوقۇشقا باشلىدى. خەتنى ئوقۇپ بولۇپ چىرىرىدە بىرنى چىرقى-
رىۋەتتى ـ دە، ياغاچتەك قېتىپلا قالدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ خەتنى
ئوقۇۋاتامدۇ ياكى خەت ئۇنى ئوقۇۋاتامدۇ بىلگىلى بولمايتتى.
چىرايى غەزەپتىن تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، چەكچەيگەن كۆزلىرى-
دە قىساس ئوتلىرى يالقۇنجايتتى.
ئۇ شۇ ھالەتتە خەتنى تۇتۇپ بىر ئاش پىشىم ئولتۇرغاندىن
كېيىن، دەس ئورنىدىن تۇردى ـ دە، چاققانغىنە خەنجىرىنى
كەمىرىگە ئېسىپ ئۇدۇل ئوردىغا قاراپ ماڭدى. قۇلاق تۈۋىدە
مەرھۇم ئاكىسى خانزادە ئەبەيدۇللا خاننىڭ ئېچىنىشلىق نىداسى
جاراڭلايتتى:

«... سۆيۈملۈك سىڭلىم. ئەمدى مەن سىزنى ئىككىن-
چىلەپ كۆرەلمەس، ئاكىلىق مېھرىم بىلەن باغرىمغا باسال-
ماس بولدۇم. مەن بۇ خەتنى ئۆلۈم ئالدىدا سىزگە ئالدىراش

قول مەھكەم سىقىمداپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگەن، ۋال - ۋۇل سوغۇق نۇر چېچىپ تۇرغان خەنجەرلا كۆرۈنۈۋاتاتتى. ھەئە، ئاشۇ خەنجەردىن باشقا ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمىغان خان ئۆزىگە بىر ئەجەل خەنجىرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك ۋەھىمىلىك تۈيغۇغا كەلدى ـ دە، يېنىدىن ئالماس دەستىلىك شاھانە زۇلپىقارىنى ئېلىپ زەرب بىلەن شىلتىدى، شۇ ھامان يۈزىگە ئىسسىق، قىپقىزىل قان چاچرىدى.

بىر چاغدا ئېسىنى يىغقان سۇلتان ئابدۇللاخان ئەتىۋارلىق قىز نەۋرىسىنى چېپىپ تاشلىغانلىقىنى بىلىپ، يەردە ئىككى پارچە بولۇپ ياتقان مەلىكە خانزادە خېنىمنىڭ قىپقىزىل قانغا بويالغان جەسىتىگە قاراپ شۇنداق دەھشەتلىك ۋارقىرىۋەتتىكى، شاھنىشىندىكى بىر قىسىم توخۇ يۈرەك ئوردا ئەركانلىرى ئىشتانلىرىغا چىقىرىۋېتىشتى، يۈرىكى ئاجىزراق ئوردا ئەركانلىرى ھوشىدىن كەتتى...

ھەئە، سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ دەھشەتلىك ۋارقىرىشىدىن ئاۋۋال شاھنىشىن، ئاندىن ئوردا، ئاخىرىدا پۈتكۈل زېمىن تىتىرىدى، تىترىگەندىمۇ يۈرەكلەرنى لەرزىگە سېلىپ دەھشەتلىك دەرىجىدە تىترىدى.

## 9

قەشقەر، ياز.

شاھزادە يولۋاسخاننىڭ ئوردا بېغىدىكى ئۆرۈكلەرنىڭ ئالدى سارغىيىپ، يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ماراشقا باشلىغانىدى. باغدا قۇشقاچلار يېقىملىق ۋىچىرلايتتى، كاككۇكلار خەندان ئۇرۇپ سايرايتتى. قارىماققا خۇددى جەننەتتەك، ئەمما ئىككى كۈندىن بېرى ئۆزى يالغۇزلا خۇددى قەپەسكە سولانغان يولۋاستەك ئۇياق-

— ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ! — دەپ تەئەددى قىلدى سۇلتان ئابدۇللاخان يۈرەك يارىسى ئاچچىق تاتىلىنىپ. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئاسان غەزەپلىنىدىغان، غەزەپلىنىپ قالسا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. مانا ھازىر مەلىكە خانزادە خېنىم ئۇنىڭ يۈرەك يارىسىنى تاتىلاپ، تۇز سېپىۋىدى، ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالماي ئۆزىنى يوقىتىشقا باشلىدى.

مەلىكە خانزادە خېنىمنىڭ مىجەزى ئەسلىدىنلا چۇس ئىدى. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ سۇلتان ئابدۇللاخاندىن ئانچە تەپ تارتىپ كەتمەيتتى. ئوردىدىمۇ بىشەملىك بىلەن غىلۋە قىلىپ ھەممىنى بويسۇندۇراتتى. ھازىر ئاشۇ بىشەملىكى تۇتۇۋاتاتتى. ئاكىسىنىڭ دەردىدە زىيادە قارام بولۇپ كەتكەنىدى.

— ئەي ھەججاج، ماڭا ھەيۋە قىلىۋاتامسىنا تېخى. سېنىڭ قولۇڭدىن ئۆلتۈرۈشتىن باشقا ئىشمۇ كېلەمدۇ زادى، — مەلىكە خانزادە خېنىم سۇلتان ئابدۇللاخانغا قار - يامغۇر تىل سالغىنىچە يېنىغا ئېسىۋالغان خەنجىرىنى قولىغا ئالدى - دە، تەختكە قاراپ يۈگۈردى، — مانا مۇنۇ خەنجەر بىلەن مېنىمۇ ئۆلتۈر. ئاتامدىن ئالالمىغان ئۆچۈڭنى بىزدىن ئېلىپ بىراقلا پۈخادىن چىقىۋال!

پۈتكۈل ئوردىدا بىر تىنىقى بىلەنلا ھەممە ئادەمنى دىر - دىر تىترىتىپ كۆنۈپ قالغان، بۇ چاغقىچە ئۆزىنى يۈزىدىن - يۈزىگە تىل سېلىپ ھاقارەتلىگەن ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان سۇلتان ئابدۇللاخانغا شاھىنشىندىكى بارلىق ئەمىرلەرنىڭ ئالدىدا، مەلىكە خانزادە خېنىمنىڭ بۇ ھاقارىتى تولىمۇ ئار كەلدى ۋە غەزىپى تېخىمۇ چېكىگە يەتتى، كۆزىگە قىزىللىق تىقىلدى. غەزەپ قىلغان ئادىمىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپ كۆنۈپ قالغان ئابدۇللاخان جاللاتنى قىچقارماقچى بولدىيۇ، مەلىكە خانزادە خېنىمنىڭ قولىدىكى خەنجەرگە كۆزى چۈشۈپ ئۆزىنى كونتروللۇقتىن پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويدى. شۇ دەقىقىدە ئابدۇللاخاننىڭ كۆزىگە نازۇك بىر

بولسا — ھە؟ ئاشۇ سۆيۈملۈك ئىككى پەرزەنتىمنى ئۆلتۈرگۈچە، ئاشۇ ۋەھشىي پەيلىنى ماڭا بىلدۈرۈپ قويغان بولسا، ئۆزۈم ئالدىغا بېرىپلا قىلىچىغا بوينۇمنى تۇتۇپ بەرمەسمىدىم. ئەمدى ماڭا بۇ جاننىڭ، بۇ سەلتەنەتنىڭ نېمە كېرىكى، مەيلى، ئىنىم شاھزادە ئابدۇمۆمىنخان خاقان بولۇۋەرسۇن، ئەمما مەن ئۇل ئىككى يۈرەك پارەمنىڭ قان — قىساسىنى سۈرۈشتۈرمەي قويمايمەن. ئاتا بولغۇچى ئۆز پۇشتىنى ئۆلتۈرۈشتىن ئەيمەنمىگەندەكەن، ئەمدى مەنمۇ ئەيمەنمەيمەن. ئەل — يۇرت ئارىسىدا پەدەركۇش① دېگەن لەنەتلىك ئاتاقنى ئالسامۇ مەيلى. قەسەمكى ئاشۇ بەتنىيەت، ۋەھشىي ئاتامنىڭ كاللىسىنى ئۆز قىلىچىم بىلەن تېنىدىن جۇدا قىلىمەن...»

شۇ كۈنلەردە سۇلتان ئابدۇللاخانمۇ كۈن ۋە تۈنلىرىنى ئۇيقۇسىز دېگۈدەك تىنىمسىز ئوي — خىياللار بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. خانزادە خېنىمنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئوردا ۋەھىمە، ساراسىمىدە قالغان بولۇپ، ئوردا ئەركانلىرىدىن تارتىپ ئاددىي مۇلازىملارغىچە ئۆزىنى ئىمكان بار خاندىن يىراقلاشتۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئوردا ئىشلىرىدىن پۈتۈنلەي سوۋۇپ كەتكەن سۇلتان ئابدۇللاخان ئوردا بېغىدىكى لالىزار راۋاقتا بېكىنىۋالغانىدى. ئۇ ئاش — تاماقتىن قالغان بولۇپ، توختىماي شاراب — ئىچەتتى، چىلىمنى ئاچچىق — ئاچچىق شورايتتى...

«... شاھزادە ئەبەيدۇللاخاننى ئۆلتۈرۈش توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈرمىسەم بوپتىكەن، مەنسەپ كۇلاسىنى ئېلىپ تاشلاپ بىر مەزگىل نەزەربەند قىلغان بولسام، شاھزادە كېيىنچە ئەقىل — ھوشىنى تاپقانمۇ بولار ئىدى. ھەئە، ئۇنىڭغۇ ئاسىي دەپ ئۆلۈمگە بۇيرۇدۇم، ئەمما سۆيۈملۈك نەۋرە قىزىم خانزادە خېنىمنىچۇ؟ تېخى ئۆز زۇلپىقارىم بىلەن — ھە!... تۇۋا، ئازماس ئاللا،

① پەدەر كۇش — ئاتا قاتىلى، ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرگۈچى.

دىن - بۇيانغا مېڭىپ يۈرگەن يولۋاسخانغا بۇ باغ بەئەينى دوزاختەك كۆرۈنەتتى. يۈرىكىنى توختىماي ئۆرتەۋاتقان قىساس ئوتى ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالاتتى. ھەئە، ئۇ ئوغلى خانزادە ئەبەيدۇللاخان بىلەن قىزى مەلىكە خانزادە خېنىمنىڭ دادىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن، بولۇپمۇ ئەمدىلا ئون ئىككى ياشقا كىرگەن قىزىنى دادىسىنىڭ ئۆز قولى بىلەن چېپىپ تاشلىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي بىر ھازا تۇرۇپ قالدى. تاتىرىپ كەتكەن مەڭزىدە ئىككى تامچە ياش قېتىپ قالدى، ئەمما ئاۋازىنى چىقىرىپ يىغلاپ سالمىدى.

— پەدەرلىرى سىلىدىن قاتتىق يېڭىلگەندىن كېيىن دەرد - ئەلىمىنى، ئۆچ - ئاداۋىتىنى ئاشۇ ئىككى پەرزەنتلىرىدىن ئاپتۇ، شاھزادەم. بالىلاردا نېمە گۇناھ. نېمىلا بولمىسۇن ئۆزىنىڭ نەۋرىسى ئىدىغۇ... ئاھ، بۇ نېمىدېگەن ۋەھشىيلىك، ئادالەتسىزلىك - ھە؟...

ئۇ ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئوت ئۈستىگە ماي چېچىپ ئېيتقان بۇنداق سۆزلىرىگە يا ئاق، يا كۆك بىرنېمە دېمىدى. مانا ئۇنىڭ ئوردا بېغىدا ئۆزى يالغۇز خىيال سۈرۈۋاتقىنىغا ئىككى كۈن بولدى. ئىككى كۈن ئىچىدە ئۇ ئويلاندى، نۇرغۇن خىيال سۈردى. بىرەر - يېرىمدەم مۇگدەپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پەقەتلا كىرپىك قاقمىدى. كۆز ئالدىدىن ساقال - بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان ئوغلى ئەبەيدۇللاخان بىلەن چاچلىرىنى قىرىق تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان، تېخىچىلا قونچاق ئويناشتىن قالمىغان قىزى خانزادەم خېنىمنىڭ قىپقىزىل قانغا بويالغان جەسىتى پەقەتلا نېرى كەتمىدى.

«... ئاشۇ قېتىمقى جەڭدە ئاتام دەپ يۈز - خاتىر قىلغىنىمنىڭ تەشەككۈرى شۇ بولدىمۇ ئەمدى. ئاھ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مېھىر - شەپقەت دېگەن نەرسىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان

«ئۇ نەگە كېتىدىغاندۇر. ئۆز ۋاقتىدا ئانىسى شەمشىبانۇ مەلىكە بىلەن تىرىكىشىپ، مېنى ئارىغا سېلىپ يۈرۈپ بۇ ئوردىدا قالغان ئەمەسمىدى. ئۇ خانلىق مەدرىسىدە ئىلىم مۇتائىلە قىلماقچىدى، ئەجەبا ھەممىنى ئۆگىنىپ بولغانمىدۇر...»

— نەگە بارىسىز، قىزىم؟

— تۇرپانغا، ئاتام سۇلتان سەئىد باباخاننىڭ، ئانام مەلىكە شەمشىبانۇنىڭ قېشىغا كېتىمەن. ئىجازەت بەرگەيلا، خان ئاتا. بۇ ئوردىنىڭ ئەمدى ئارزۇلىغۇچىلىكى، تارتىشقۇچىلىكى قالمىدى.

«راست ئېيتىدۇ، ئۇ ئەمدى نېمىگە تارتىشسۇن، ھە راست، مەنچۇ، ماڭىمۇ تارتىشمايدىكەن - ھە...»

— سىزگە ئىجازەت، قىزىم. ئىنىم سۇلتان سەئىد باباخان ئالىيلىرىغا مەندىن سالام ئېيتىڭ. ئالدىڭىزدا ئەپۇ سورىغۇدەك جۈرئىتىم يوق. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مەڭزىمگە بىرنى سۆيۈپ قويۇشىڭىزنى ئارزۇ قىلىمەن. بىلمىدىم، بۇ بەختكە مۇشەررەپ بولۇشقا مۇمكىن بولارمىكىن.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بىر نەچچە دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ بويىندىن مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ، مەڭزىگە باللارچە مېھرى بىلەن سۆيدى. سۇلتانمۇ ئۇنى ئاتىلارچە مېھرى بىلەن باغرىغا باستى - دە، بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم سەپەر تەييارلىقى قىلىش ئۈچۈن كېتىپ قالدى. لالىزار راۋاقتا يالغۇز قالغان سۇلتان ئابدۇللاخان بىردىنلا ئەقلىنى تاپقاندەك ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى.

«شۇنداق، كېتىش كېرەك. ئەمدى بۇ سەلتەنەتنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى؟ بەيتۇل مۇقەددەسكە بېرىپ ئاللا ئىگەمدىن گۇناھەكەبىرلىرىمنى تىلەي، يىراق - يۇرتلارغا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتەي. بۇ يۇرتقا ئىككىنچىلەپ ئاياغ باسماي...»

قېرىندىشىنىڭ ئۆلۈمىدىن ئەقىل - ھوشىنى يوقاتقان ئاشۇ نارە-
سىدە قىز قولىغا خەنجەر ئېلىۋالغان بىلەن نېمىمۇ قىلالايت-
تى؟... مانا ھازىر ھەممىنىڭ كۆزلىرى دۈشمەنلىك. بىلىمەن،
ئۇلار ماڭا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ. پەقەت خاقان بولغانلىقىم
ئۈچۈنلا مەندىن قورقىدۇ. مېنى ئىككى ئېغىز بولسىمۇ ئەيىبلەش-
كە جۈرئەت قىلالمايدۇ. پەقەت مەلىكە مۇھتەرەم خېنىملا بۇنىڭ
سىرتىدا. ھەئە، بەلكىم ئۇمۇ مېنى تىللىغاندۇر، تىللىماقچى،
ئەيىبلىمەكچى بولسىمۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن ماڭا ئۇدۇل كەلمىگەن-
دۇر. ناۋادا ئاشۇ ئىككى نەۋرەم قايتا تىرىلىدىغان ئىش بولسا،
پۈتكۈل ئەل - رەئىيەت بىرلىشىپ مېنى تىللىسا، ئەيىبلىسە
مەيلى ئىدى. ھەرقانداق خورلۇق، ئازابلارنى تارتىشقا رازى ئە-
دىم. لېكىن ھېلىمۇ ھەم تارتىۋاتىمەنغۇ بۇ خورلۇقلارنى...»
— ئەسسالام، خان ئاتا.
سۇلتان ئابدۇللاخان خىيالىدىن بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ
ئالدىدا مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم چىرايى تۇتۇلغان ھالدا قاراپ
تۇراتتى.
«ئەقىللىق مەلىكە، ياق، پەرىشتە مەندىن كۆڭۈل سوراش،
دىلخەستەلىكىمگە ئورتاقلىشىش ئۈچۈن كەلگەن ئوخشايدۇ. بۇنچە
قىلىش ھاجەتسىز ئىدى، قىزىم، بۇنداق قىلىشىڭىزغا ئەرزى-
مەيتتىم...»
— مەن ئۆزلىرى بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم، خان ئاتا،
خەير، ئامان بولغايلا.
«ياق، ئۇ مەندىن كۆڭۈل سوراپ كەلمەپتۇ، چىرايلىق
كۆزلىرى ھېلىمۇ شۇنچىلىك نەپرەتلىك، ئاداۋەتلىك...»
— خوشلاشقىلى؟ — ئابدۇللاخان ھېچنېمىنى چۈشەنمەي
تەئەججۈپلەندى.
— شۇنداق، خوشلاشقىلى كەلدىم، بۇ مۇدھىش ئوردىدا
ئەمدى تۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى.

غان مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان لەشكەر باشلاپ چىقىپ شاھزادە يولۋاسخان قوشۇنى بىلەن بىرنەچچە مەرتىۋە تۇتۇشۇپ باققان بولسىمۇ، ھەر قېتىمدا مەغلۇپ بولدى، ئەمما يېڭىلگىنىگە ھەرگىز تەن بەرمىدى. ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ مىرزا باباقبەگنى لەشكىرىي كېڭەشلەردىن چەتلەشتۈردى. خان لەشكەرلىرىنىڭ جەڭدە ئۇتۇق قازىنىشىغا كۆزى يەتمىگەن بىر قىسىم ئەمىرلەر، لەشكىرىي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ تۇرغان شاھزادە يولۋاسخانغا مايىل بولۇشقا باشلىغانىدى. شۇ سەۋەبلىك سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ جاسارىتى سۇنغان، باھادىرلىقى سۇسلاپ كەتكەنىدى. خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ ئۆز ئالدىغا قارىغۇلارچە تۈزگەن جەڭ تەدبىرلىرى ھە دېگەندە كارغا كەلمەيۋاتاتتى.

جەڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان شاھزادە ئابدۇمۆمىنخان ئاستانە سېپىلىنىڭ ئېگىز ھەم پۇختىلىقىنى، شەھەردە ئوزۇق ـ تۈلۈكنىڭ كۆپلۈكىنى نەزەرگە ئېلىپ، جەڭگە چىقماي ئوردىغا مەھكەم بېكىنىۋالدى.

شەھەر مۇھاسىرىسى يېرىم ئاي داۋاملاشتى. ئىنىسى جەڭگە چىقماي يېتىۋالغاندىن كېيىن يولۋاسخان شەھەر سىرتىدا پۇختا بارگاھ قۇردى ـ دە، مۇھاسىرىنى چىڭىتىپ، مىدىرلىماي ساقلاپ ياتتى. بۇ ئارىلىقتا خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ شەھەرگە يوشۇرۇن كىرگۈزگەن سوپى ـ دەرۋىشلىرى كوچا ـ كويلاردا ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ھالدا شاھزادە يولۋاسخان قوشۇنىنىڭ سۈرھەيۋىسى، كۈچ ـ قۇدرىتى، شاھزادە يولۋاسخاننىڭ پەزىلەت-ئىقتىدارى ھەققىدە تەرغىبات ئېلىپ بېرىپ، خېلى ئوبدان ئۈنۈمگە ئېرىشتى. شەھەر پۇقرالىرىنىڭ شاھزادە يولۋاسخاننى قوللاش، شەھەرگە باشلاپ كىرىش سادالىرى كۈندىن ـ كۈنگە ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋال ئوردىدىكى بىر قىسىم قەلەمدار ۋە ئەلەمدار ئەمىرلەرنى تېخىمۇ بەك تەۋرىتىپ قويدى. ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى شاھزادە يولۋاسخانغا باغلاپ، ھازىرقى

ئۈچ كۈندىن كېيىن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم يۈز نەپەر نۆكەر بىلەن شىرئەلى باھادىرنىڭ قورۇقچىلىقىدا تۇرپانغا قاراپ، سۇلتان ئابدۇللاخان خانىش، شاھبانۇلىرىنى ئېلىپ بەش يۈز نەپەر مۇلازىمنىڭ قـورۇقچىلىقىدا ھىندىستانغا قـاراپ يـولغا چىقتى.

شاھزادە ئابدۇمۆمىنخان رەسمىي يوسۇندا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇردى.

## 10

شاھزادە يولۋاسخاننىڭ لەشكەرلىرى بىلەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ سوپى لەشكەرلىرىدىن ھاسىل قىلىنغان بىرلەشمە قوشۇننىڭ ئاستاننى مۇھاسىرىگە ئالغىنىغا مانا بۈگۈن توپتوغرا بىر ھەپتە بولدى. ئۇرۇش ۋەھىمىسىدە قالغان ئاستانە پۇقرالىرىنىڭ كۆڭلى پاراكەندە ئىدى.

مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ زەي سالماي ئاتقان پولىرىغا، شىرىن - شېكەر سۆزلىرىگە پۈتۈنلەي ئىشىنىپ، ئوردىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى ئىشانغا تۇتقۇزۇپ قويغان شاھزادە ئابدۇمۆمىنخان، مىرزا باباقبەگ قاتارلىق يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە، مول تەجرىبىگە ئىگە ئوردا ئەركانلىرىنىڭ مەسلىھەت - تەدبىرلىرىگە ئېتىبارسىز قاراپ، سەلتەنەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى ئىشان بىلەنلا كېڭەشەتتى. ئىشاننىڭ دېگىنى بويىچە، كۆرسەتمىسى بويىچە پەرمان چۈشۈرەتتى. شۇ سەۋەبلىك شاھزادىدىن رەنجىپ قالغان مىرزا باباقبەگ قاتارلىق ئەمىرلەر كۈچلۈك، خەۋپلىك ياۋ ئالدىدا ئىلاجسىز بىر چەتتە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئوردىنىڭ لەشكىرىي ۋە مۈلكىي ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىۋال-

قىزى خانزادە خېنىممۇ ئاشۇ تەختنىڭ تۈۋىدە رەھىمسىزلىك بىلەن چېپىپ تاشلانغانىدى.

ئاشۇ تەختتە ئولتۇرغان ئادەم ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلىنى ئۆلتۈرۈش توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈرگەنىدى. شۇ دەقىقىدە يولۋاسخاننىڭ كۆزىگە قىپقىزىل قانغا بويالغان قىزى مەلىكە خانزادە خېنىم كۆرۈنگەندەك بولدى ـ دە، قىلىچىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تەختكە قاراپ تاشلاندى.

— ئەي زالىم ئاتا، ئوغلۇم بىلەن قىزىمنى قايتۇرۇپ بەر!

ئاكىسىنىڭ قولىدىن قانداق قۇتۇلۇشنى بىلەلمەي تەختتە لاغىلداپ، تىترەپ ئولتۇرغان ئىنىسى شاھزادە ئابدۇمۆمىنخاننى دادىسى سۇلتان ئابدۇللاخان دەپ قىياس قىلغان شاھزادە يولۋاسخان نەرە تارتقىنىچە بېرىپ چېپىپ تاشلىدى. شۇ ھامان جىرقىراپ چىققان قاندا ھەشەمەتلىك ئالتۇن قۇببىلىق تەخت قىپقىزىل بويالدى.

ھەئە، شۇ دەقىقىدە ئاستانىگە باستۇرۇپ كىرگەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانمۇ مىڭلىغان تەلۋە سوپى ـ لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ئەشەددىي رەقىبى مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ قەسرىدە قىرغىنچىلىق قىلىۋاتاتتى. ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى ئاللىقاچان ھېس قىلغان مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ، بىر قىسىم سوپى ـ خەلىپىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا سەھەردىلا ئاستانىدىن قېچىپ ئۈلگۈرگەنىدى. خوجا ئابدۇللا ئىشاننى ھەرقانچە ئىزدەپمۇ ھېچ يەردىن تاپالمىغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان سوپى ـ لەشكەرلىرىگە، ئاستانىدىكى بارلىق ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكى قارا مۇسۇلمان مۇرتەتلەرنى جۈملىدىن خوتۇن ـ قىزلىرىنى، جەددى ـ جەمەتىنى تامامىي قىرىپ تاشلاشقا پەرمان بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئاستانىدە سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىدىن ئاشكارا قىساس ئېلىشى باشلاندى.

مەنسەپ ـ مەرتىۋىسىنى، جۇغلىغان مال ـ دۇنياسىنى ساقلاپ
قېلىشنى ئويلىغان بىر قىسىم ئوردا ئەركانلىرى شاھزادە يولۋاس-
خان بىلەن مەخپىي تىل بىرىكتۇرۇپ، بىر كۇنى سەھەردە شە-
ھەرنىڭ ھەممە دەرۋازىسىنى ئېچىۋەتتى.
پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن شاھزادە يولۋاسخان سەركەردە-
لەشكەرلىرىنى باشلاپ ھەرقايسى قوۋۇقلاردىن شەھەرگە باستۇ-
رۇپ كىردى ـ دە، قىر ـ چاپ قىلغىنىچە، كەلكۇندەك دەۋرەپ
بۇ قەدىمىي شەھەرنى تىترىتىۋەتتى. كوچا ـ رەستىلەردە تۇمەنلى-
گەن ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى دۇكۇرلەيتتى. تىغ زەربىسىدىن جان
تالاشقان لەشكەرلەرنىڭ ئاھۇ پەريادى پەلەككە يەتكەندى.
بىر قىسىم سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ئوردىغا
ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن شاھزادە يولۋاسخان ئۇدۇللا شاھنىشىنغا
باستۇرۇپ كىردى ـ دە، تۆردىكى ھەشەمەتلىك ئالتۇن تەختكە
ئۆچ ـ ئاداۋەت بىلەن تىكىلدى.
شاھانە تەختتە ئولتۇرغان شاھزادە ئابدۇمۆمىنخان ئاكىسى-
نىڭ دەھشەتلىك تۇرقىنى كۆرۇپ، ۋەھىمىدىن تامغا تارتىلىپ
قالغان سۇرەتتەك قېتىپ قالغانىدى، پۇتكۇل ئەزايىنى قارا تەر
بېسىپ، پۇت ـ قولىدا جان قالمىغانىدى.
شاھنىشىنغا كىرىپلا بىگۇناھ پەرزەنتلىرىنىڭ قىساس ئوتىدا
پۇتۇنلەي ئېسىنى يوقاتقان شاھزادە يولۋاسخانىنىڭ كۆزىگە تەختتە
ئولتۇرغان ئىنىسى خۇددى دادىسى سۇلتان ئابدۇللاخاندەك كۆرۇ-
نۇپ كەتتى. دېمىسىمۇ شاھزادە ئابدۇمۆمىنخانىنىڭ چىرايى،
بوي- بەستى دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. قىساس ۋە
ئۆچمەنلىكتىن شاھزادە يولۋاسخانىنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەنى-
دى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاشۇ تەختنىڭ ئالدىدا يۇز
بەرگەن پاجىئەلەر چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۇۋاتاتتى.
ھەئە، شاھزادە يولۋاسخان ئاشۇ تەختنىڭ تۇۋىدە بىر قېتىم
ئۆلۇمگە بۇيرۇلغانىدى.

# بەشىنچى باب

# پاجىئەلىك قىسمەتلەر

## 1

مىلادىيە 1670 ـ يىلى ئۈجمە پىششىقى، ئاقسۇ.

بۇ يىل، سۈيى ئەلۋەك، خەلقى ئاق كۆڭۈل ھەم ئىشچان ئاقسۇ دىيارىدا ياز تولىمۇ بۇرۇن باشلانغانىدى. گەرچە ئاقسۇدا سۇلۇك ماجىرالىرى ئانچە يۈز بەرمىگىنى بىلەن موڭغۇل ئاقسۇۋەكىلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكى تولا يۈز بېرىپ تۇراتتى. يىلدا بىرەر قېتىم چوڭ كۆلەمدە، بىرنەچچە قېتىم كىچىك كۆلەمدە بېسىپ كىرگەن موڭغۇل ئاقسۇۋەكىلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئېلىشىپ تۇرغاچقىمۇ، ئاقسۇ خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭى يۇقىرى ئىدى. شۇ سەۋەبلىك يۇرتسۆيەر ئاقسۇ ئوغلانلىرىنىڭ جەڭبازلىق ماھارىتى ئالاھىدە ئۈستۈن ئىدى. ئاقسۇ خەلقى سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدىكى ھەرقايسى يۇرت ـ ئايماقلاردىن كەلگەن قوۋمنى خۇددى بىر تۇغقان قېرىندىشىدەك كۆرۈپ قىزغىن كۈتۈۋالاتتى ۋە ئاسانلا ئارىغا ئالاتتى، بىساتىدا بار نەرسىلەرنى ئايىماي تەڭ پايدىلىناتتى. باشقا يۇرتلاردىن كەلگەن كىشىلەر كەڭ قول، ساخاۋەتچى ئاقسۇ خەلقىنىڭ ئارىسىدا ئاسانلا يەرلىشىپ كېتەتتى.

ئاقسۇ خەلقىنىڭ بۇ خۇي ـ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەن مەخ-

ئىشقىيە سۈلۈكىدىكى سوپى لەشكەرلەرنىڭ تولۇق بىر كۈن قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن ئۆز ۋاقتىدا ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى قەشقەر كوچىلىرىنى سۈلۈكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ قېنى بىلەن قانداق بويىغان بولسا، مانا ئەمدى ئاستانە كوچىلىرىدا بىگۇناھ ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنىڭ قېنى شۇنداق ئېرىق بولۇپ ئاقماقتا ئىدى...

تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈشتىلا شاھزادە ئىسمائىلخان شەھەر-
نىڭ شەرقىدىكى كاتتا باغ ـ سارىيىنى بۇ مەخدۇمزادە پىرى
بۇزرۇكقا ئىنئام قىلىۋەتتى. خوجا ئابدۇللا ئىشان شاھزادە ئىس-
مائىلخانغا ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ بۈيۈك سەئىدىيە سەلتەنىتى-
نى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنى، كې-
چە ـ كۈندۈز ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ، دۇئاگويلۇق قىلىپ تۇرغانلى-
قىنى، شۇ سەۋەبلىك سۇلتان ئابدۇللاخان ھاكىمىيىتى مۇستەھ-
كەملىنىپ، سەلتەنەتلىك شانۇشەۋكىتى يىراق ـ يىراقلارغا تار-
قالغانلىقىنى ماختىنىپ تۇرۇپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن سۆزلىدى.
سۆز ئارىلىقىدا سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ مەرھۇم دادىسى، ئىشان
كالان ۋەلىيۇللاخوجا شادى پىرى بۇزرۇكقا قول بېرىپ مۇرىت
بولغانلىقىنى، دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنى پىر
تۇتۇپ قول بەرگەنلىكىنى، ھەرقانداق چوڭ ـ كىچىك سەلتەنەت
ئىشلىرىنى ئۆزىگە مەسلىھەت سېلىپ تۇرغانلىقىنى بىرنەچچە قې-
تىم ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆلگۈردى. ئاخىرىدا نائىنساپ شاھزادە
يولۋاسخاننىڭ ئەقىلسىزلىق قىلىپ، ئىشقىيەچى مۇرتەت خوجا
ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ دامىغا چۈشۈپ، سېھىر ـ ئەپسۇنلىرىغا
ئالدىنىپ، ئاسىيلىق يولىنى تۇتۇپ، ئىنىسى شاھزادە ئابدۇمۆ-
مىنخاننى ئۆلتۈرۈپ تەخت تارتىۋالغانلىقىدىن دادلىدى.

شاھزادە ئىسمائىلخان سەئىدىيە ئوردىسىدا مەخدۇمزادىلەر-
نىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئەتىۋارلىنىدىغانلىقىنى، ئاكىسى
سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ نېمە ئۈچۈن ئاۋۋال ئاتا مەخدۇمزادە ئى-
شانغا، كېيىن بالا مەخدۇمزادە ئىشانغا قول بېرىپ مۇرىت بول-
غانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ناۋادا كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەئىدىيە
تەختىدە پاسىبان بولۇپ ئولتۇرۇپ قالسا ئۆزىنىڭمۇ ئەلنىڭ مۇ-
قىملىقى، خەلقنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە تەخت دۈشمەنلىرىنى كۆ-
پەيتىۋالماسلىق ئۈچۈن بۇ مەخدۇمزادىلەرگە قول بېرىپ مۇرىت
بولۇشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئۇ شاھزادە يول-

دۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان ئاستانىدىن بىر قىسىم خەلىپە ـ
سوپىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، شەرمەندىلەرچە قاچقاندىن كېيىن،
ئۇدۇللا ئاقسۇ تەۋەسىگە كېلىپ توختىدى ـ دە، خەلق ئارىسىدا
تەرغىبات ئېلىپ بېرىپ، سۇلۇك تەۋرەتتى ۋە قىسقىغىنە ۋاقىت
ئىچىدە نۇرغۇنلىغان خەلقنى ئىسھاقىيە سۇلۇكىگە دەۋەت قىلىپ،
ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەۋلادى، سۇلتانۇل مۇھەققىقىن، ئىشان كا-
لان، كەشپۇ كارامەتچى ئەۋلىيا، پىر بۇزرۇك ۋەلىيۇللا ئىكەنلى-
كى ھەققىدە داۋراڭ سېلىپ، گاھ شېرىن ـ سۇخەن نۇتقى، گاھ
ۋەھىمە پەيدا قىلغۇچى سېھرىي كارامەتلىرى — ئەمەلىيەتتە ئى-
شەنچلىك خەلىپە ـ سوپىلىرى بىلەن ئالدىن تەييارلىق قىلىۋال-
غان ھىيلە ـ مىكىرلىك ئويۇنلىرى — بىلەن ساددا خەلقنى
ئالداپ، ساراسىمىگە سېلىپ، ئىشەندۈرۈپ، ئۆزىگە قول بەرگۈ-
زۈپ، ئەتراپىغا نۇرغۇنلىغان مۇرىتلارنى توپلاشقا ئۈلگۈرگەنىدى.
بۇ سۇيى ئەلۋەك، تۇپرىقى مۇنبەت زېمىنغا بىر تال ھۆل تاياقنى
شۇنداقلا پاتۇرۇپ قويسا، ئاسانلا يىلتىز تارتىپ كۆكلىگىنىگە
ئوخشاش، خوجا ئابدۇللا ئىشانمۇ ئاقسۇغا ئاسانلا ئۆزلىشىپ
خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارتتى ۋە بۇ كارامەتچى ئەۋلىيانىڭ نامى
تەرەپ ـ تەرەپكە چاقماق تېزلىكىدە تارقىلىشقا باشلىدى ھەمدە
ئاقسۇنىڭ نائىب ئەمىرى شاھزادە ئىسمائىلخانىنىڭمۇ خېلىلا دىق-
قىتىنى تارتتى.

مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشانىنىڭمۇ كۆڭلىگە پۈككىنى
شۇ ئىدى. ئۇ ئەنە ئاشۇنداق ھىيلە ـ مىكىر، نەيرەڭلىرى بىلەن
ئاتاق ـ ئابرۇي قازانغاندىن كېيىن شاھزادە ئىسمائىلخانىنىڭ
ھوزۇرىغا بىر قاچقۇن، پاناھلىق تىلەپ كەلگەن بىچارە مەخدۇم-
زادە سۈپىتىدە ئەمەس، كاتتا ئەۋلىيا، پىر بۇزرۇك، ھەممە ئادەم
ھۆرمەت قىلىدىغان ئۇلۇغ سۇلۇك پېشۋاسى سۈپىتىدە دەبدەبە
بىلەن كىرىپ كەلدى ـ دە، شاھزادە ئىسمائىلخانىنىڭ قارشى
ئېلىشىغا تەمە قىلغىنىدىن ئارتۇقراق نائىل بولدى.

قول بېرىپ مۇرىت بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەمىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك ئىسھاقىيە سۇلۇكىگە كىردى. ئۇزاق ئۆتمەي قەشقەر، ئاستانە، خوتەندىكى سۇلۇكى ئىشقىيەچىلەرنىڭ زۇلمىغا، تەقىبىگە ئۇچرىغان سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى توپ - توپ بولۇپ ئاقسۇغا ئېقىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئاقسۇ ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ بۆشۈكىگە ئايلىنىپ قالدى.

## 2

ئىسمائىلخان مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشانغا قول بېرىپ مۇرىت بولغاندىن كېيىن، ئىشاننىڭ ۋەسۋەسىگە سېلىشى بىلەن يۇرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىگە كۆمۈۋەتكەن بىر شېرىن ئارمىنى قايتىدىن يېلىنجاشقا باشلىدى.

— بۈيۈك سەئىدىيە تەختى شاھزادە يولۋاسخاندەك ئاسىي، مۇلھىد تەخت ئوغرىسىغا ئەمەس، جانابلىرىدەك ئىستىبداتلىق شاھزادىگە، بارلىق مۇسۇلمان ئۇممەتلەرنى ھىدايەت يولىغا باشلاپ، سائادەت ئىشىكلىرىنى ئاچقۇچى ئەھلى سۇلۇكنىڭ باھادىر ھامىيسىغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك ئىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە بۈيۈك تەخت - سەلتەنەتنى ئاتا قارغىشىغا مەھكۇم بولغان، ئۆز قېرىنداشىنىڭ خۇنىنى ئىچكەن شارابخور بىلەن خوجا ھىدايىتۇللاغا ئوخشاش ئىشقىيەچى نامۇسۇلمانلارنىڭ كاتتىسى ئىگىلەپ، ئەل - رەئىيەتكە چىدىغۇسىز ئازاب - زۇلۇملارنى سالماقتا، ئاۋامنىڭ پىغانى پەلەككە يەتتى. ئەل - يۇرتنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ كۈلپەتلەرنى ئاللا ئىگەم «ئەۋلىيا» جانابلىرىنىڭ ئادالەت قىلىچى ئارقىلىق دەپئى قىلىشىدىن بېشارەت بەردى. ناۋادا، ئاقسۇدەك كىچىككىنە يۇرتنىڭ نائىب ئەمىرلىكىگە شۈكرى - قانائەت قىلىپ ئولتۇرۇۋېرىدىغان بولسىلا ھېسابسىز گۇناھكەبىر

ۋاسخانىنىڭ ئىزچىل تۇردە ئاتىسى سۇلتان ئابدۇللاخان بىلەن قارشىلىشىپ تەخت تارتىشىۋېلىشقا ئۇرۇنغانلىقى، بۇ جەرياندا نۇرغۇن قانلىق جەڭلەرنى قىلغانلىقى ئاخىرقى ھېسابتا تەخت تارتىشىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولغانلىقىدىن ھەمدە مۇنۇ مەخدۇمزادە ئىشاننىڭ يولۋاسخانىنىڭ چوڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن، يولۋاسخانىنىڭ دادىسىدىن تەخت تارتىشىۋېلىش ئۈچۈن يول كۆرسىتىپ كۆپ كۈچ چىقارغان ئەشەددىي دۈشمىنى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئۈچ ئېلىپ زۇلۇم سېلىشىدىن قورقۇپ ئاستانىدىكى ھەشەمەتلىك قەسرى، مەئىشەتلىك تۇرمۇشىنى تاشلاپ قېچىپ چىققانلىقىدىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. ئەمما بۇ مەخدۇمزادە ئىشاننىڭ ئاقسۇ زېمىنىغا قەدەم بېسىپلا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شۇنچىۋالا خەلقنى ئۆز سۆلۈكىگە كىرگۈزۈپ، شۇنچە تېزلا كاتتا ئاتاق - ئابروي قازانغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى ھەم بۇنىڭدىن ھەيران قالاتتى.

«بۇ خوجا - ئىشانلارنىڭ راستىنىلا شۇنداق كەشپۇ كارامەتلىرى بارمىدۇر؟ ياراتقان ئاللا ئىگەم ئۇلارنى نەگىلا بارسا ئاشۇنداق قوللاپ، ئەزىز قىلامدىغاندۇر؟ ئۇلارغا تايانماي تەختتە ئولتۇرغىلى، خانۇ سۇلتان بولغىلى بولماسمۇ زادى؟...»

ئىسمائىلخان ئاللىقانداق بىر خىياللارنىڭ تۈرتكىسىدە مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشانغا كاتتا ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى. زىيارەت قىلىپ ئوردىغا كەلسە ئالدىغا ئىستىقبالغا چىقتى، كەتسە ئارقىسىدىن چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى. ئىسمائىلخاننىڭ بۇ ھەرىكىتى باشقا ئەمىرلەرگىمۇ تېزلا تەسىرىنى كۆرسەتتى. مانا ئەمدى خوجا ئابدۇللا ئىشان ئىسمائىلخاننىڭ نائىب ئەمىرلىك ئورنىغا خالىغانچە كىرىپ - چىقالايدىغان، ئىسمائىلخانغا خالىغانچە ئەقىل - مەسلىھەت كۆرسىتىدىغان بولۇۋالدى.

شاھزادە ئىسمائىلخان مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ بىرىنچى قېتىملىق سۆلۈك تەرغىباتىنى ئاڭلاش بىلەن ئۇنىڭغا

دىيە تەختىنى تارتىۋېلىشىمنى ئالدىرىتىۋاتىدۇ. مېنىڭمۇ ھەم شۇنداق قىلغۇم بار. ئەمما، قاراملىق قىلىشقا بولمايدۇ، شاھزادە يولۋاسخاننى سەل چاغلاشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. لەشكەرلىرىم ئاز، ئۆز ۋاقتىدا ئاستانىگە لەشكەر يۆتكەش يارلىقىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، ئاكام سۇلتان ئابدۇللاخاننى شۇبھىلىنىپ قالمىسۇن دەپ، بىر تۈمەن خىللانغان ئاتلىق لەشكىرىمنى ئاستانىگە يولغا سېلىۋېتىپ تولىمۇ خاتا قىلغانىكەنمەن. ئەمدى ئالدىرىماي پۇختا تەييارلىق كۆرۈش كېرەك. چالىشنىڭ نائىب ئەمىرى ئىنىم ئىبراھىمخان بىلەن ئۇچتۇرپاننىڭ نائىب ئەمىرى جىيەنىم مۇھەممەدئىمىن باھادىرخانلار[①] بىلەن مەسلىھەتلىشىشىم، ئۇلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىشىم كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن ئاستانىگە ئايغاقچى ماڭدۇرۇپ، جىيەنىم يولۋاسخاننىڭ لەشكىرىي ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشۇم كېرەك. قالدى ئىشلارنى كېڭەش بىلەن مۇۋاپىق بىر ئىزىغا سالارمەن...»

ئىسمائىلخان بىر تەرەپتىن ئاستانىگە سوۋغا ـ سالاملار بىلەن مەكتۇپ ئەۋەتىپ جىيەنى شاھزادە يولۋاسخاننىڭ سەئىدىيە تەختىدە خاقان بولۇپ ئولتۇرغانلىقىنى مۇبارەكلەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتسا، يەنە بىر تەرەپتىن سەركەردىلەرنى ئاقسۇ تەۋەسىدىكى ھەرقايسى كەنت ـ قىشلاقلارغىچە ئەۋەتىپ كۆپلەپ لەشكەر قوبۇل قىلىپ، پۇختا مەشقلەندۈرۈپ، ئاستانە يۈرۈشىگە تولۇق تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى. ئىنىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ھەمدەمدە بولۇشقا ۋەدە بېرىپ ھەربىرى ئىككى مىڭدىن ئاتلىق لەشكەر ۋە مىڭدىن ئېگەر ـ جابدۇقلىرى بىلەن جەڭ ئېتى ئەۋەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئىسمائىلخان مۇۋاپىق بىر لەشكىرىي يۈرۈش ۋاقتىنى بېكىتمەي ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى.

بۈگۈن ئىسمائىلخان مەھكىمە بېغىنىڭ شەرقىدىكى ھەشە-

---

① مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان — سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ئالتىنچى ئىنىسى سۇلتان سەئىد باباخاننىڭ چوڭ ئوغلى، مەلىكە مۇھتەرەم خېنىمنىڭ ئاكىسى.

سادىر قىلغان بولىدىلا. بۇ گۇناھلارغا بىزلەركىم مەخدۇمزادە ۋەلىيۇللا پىرى بۇزرۇكۋارمۇ شېرىك بولۇپ قالىمەن. قاراپ ئولتۇرماي دەرھال ئادالەت قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىسىلا، مېنىمۇ ھەم ئۆزلىرىنىمۇ بۇ گۇناھكەبىردىن تېزرەك ساقىت قىلىسىلا، — دەپ ئالدىراتتى خوجا ئابدۇللا ئىسمائىلخاننى ۋەسۋەسىگە سېلىپ.

ئىشاننىڭ بۇ مەدەت، بېشارەتلىرى ئىسمائىلخاننىڭ يۈرىكىدىكى ئاجىز پىلىلداپ تۇرغان چوغنى ھەدەپ يەلپۈپ يېلىنجىتاتتى. ئىشانغا ئېنىق بىر جاۋاب بەرمىگىنى بىلەن خىياللىرى تىنچسىز ئىدى.

«... پىرى بۇزرۇك راست دەيدۇ. ئەسلىدىمۇ سەئىدىيە تەختى ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە ـ يوسۇن بويىچە ئاكام سۇلتان ئابدۇللاخاندىن كېيىن چوڭ ئىنىسى بولغان ماڭا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك ئىدى. ئاكىدىن كېيىن ئىنىسى تەخت ۋارىسى بولۇش ئەزەلدىن بار ئەنئەنە ئىدى. ئەمما، ئاكام سۇلتان ئابدۇللاخان بۇ قائىدىنى بۇزۇپ چوڭ ئوغلى يولۋاسخاننى ۋەلىئەھدى قىلدى. مېنى ۋە ئىنىم ئىبراھىمخانلارنى خەۋپلىك دۈشمەن، ئىشەنچسىز مەھرەم قاتارىدا كۆرۈپ، چالىش، كۇچا قاتارلىق تاشقى ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى تولا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان يۇرتلارنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلەپ، پالىغان ھېسابتا ئوردىدىن چەتلەشتۈردى. گەرچە كۆڭلۈمدە قايىل بولمىساممۇ بۇ دەرد ـ ئەلەملەرگە چىداشقا مەجبۇر بولدۇم، ئاكام ئابدۇللاخان قابىلىيەتسىز ئوغۇللىرىدىن ۋاپا كۆرمىگەندىن كېيىن قېرىنداشلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، ئۆز سەلتەنىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ماڭا بۇ ئاقسۇ دىيارىنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن بولدى. ھامان بىر كۈنى پۇرسەت ـ نۆۋەت كېلىپ قالار دەپ سەۋر قىلغانىدىم، ھەقىقەتەن سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن ئىكەن. مانا پىرى بۇزرۇك مەخدۇمزادە تېزرەك ئاستانىگە لەشكىرى يۈرۈش قىلىپ، سەئىد-

ۋەبلىك ئەسەر ئىچىگە قىستۇرۇلغان رۇبائىي - بېيىتلارنى يادا بىلەتتى. شۇ تاپتا ئۇ كىتابقا چۆكۈپلا كەتكەن بولۇپ، رەھلىگە ئېڭىشىپ مۇكچىيىپلا قالغانىدى. شۇ ئەسنادا چىرايلىق توقۇلغان ئەپچىلگىنە يۇلغۇن سېۋەتتە ئۈجمە كۆتۈرۈپ كەلگەن خاس مۇلازىمى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتتى.

— باغدىكى ئۈجمە پىشىپ قاپتىكەن. شاھزادە ئالىيلىرىنى ئېغىز تېگىپ باقامدىكىن دەپ، ئۈزۈپ ئەكەلگەنىدىم، — دېدى مۇلازىم سېۋەتنى شىرەگە ئاۋايلاپ قويۇپ.

بودەكلىرىنى تاللاپ بىر تال - بىر تالدىن ئاۋايلاپ ئۈزۈلگەن ئاپئاق ئۈجمىلەرگە شۇنداقلا قارىغان ئادەمنىڭ ئىشتىھاسى ئېچىلىپ ئاغزىغا سېرىقسۇ كېلەتتى. ئۈجمە بۇلاق سۇيىدە ئاۋايلاپ يۇيۇلغان بولۇپ، قۇياش نۇرىدا ۋال - ۋۇل قىلىپ يالتىرايتتى. ئىسمائىلخان ئۈجمىدىن بىر تال ئېلىپ ئاغزىغا سالدى. شۇھامان مۇزدەك ئۈجمە ئاغزىدا ئېرىپ، شېرىن تەمى لەۋلىرىدە قالدى. ئۇ ئۈجمىنى ئىشتىھا بىلەن يېمەكچى بولۇپ قولىنى ئۇزاتتىيۇ، ئېسىگە بىر ئىش كەلگەندەك بىردىنلا توختاپ قالدى.

— بېرىپ مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنى دەرھال چاقىرىپ كەل، — دېدى مۇلازىمغا قاراپ.

ئىسمائىلخان ئۈجمىنى كۆرۈپ، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا قىسىنىپ قالغانىدى.

«ئەجەب ئىلگىرىكىدىن كەم دىدار بولۇپ كەتتىغۇ بۇ مەلىكە، نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىكىنتاڭ. ئالدىراش ۋاقىتلاردا بىمەھەل كېلىپ ئادەمنى ئاۋارە قىلىدۇ.»

ئىسمائىلخان شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ يەنە كىتابقا ئېڭىشتى.

مەلىكە خانزادە خېنىم پاجىئەسىدىن كېيىن كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، تۇرپاندىكى ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا كەتمەكچى بولغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم سۇلتان ئابدۇللاخان بىلەن خوشلىشىپ

مەتلىك راۋاقتا سەگىدەپ ئولتۇرغاچ ئالدىغا قويۇۋالغان رەھلگە[1] ئېگىلگىنىچە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب»[2] ناملىق مەشھۇر كىتابىنى ئوقۇۋاتاتتى:

گاھى تاپتىم پەلەكتىن ناتىۋانلىق،
گاھى كۆردۈم زاماندىن كامرانلىق.
بەسى ئىسسىق - سوغۇق كۆردۈم زەماندىن،
بەسى ئاچچىق - چۈچۈك تاتتىم جەھاندىن.

ئىسمائىلخان بۇ كاتتا ئەسەرنىڭ نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان گۈزەل بايانلىرىنى، پەلسەپىۋى، ئەخلاق قاراشلىرىنى، ئىلمىي يەكۈنلەرنى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلىپ ئوقۇسا، ئارىغا قىستۇرۇلغان رۇبائىيلارنى، قىسقا - قىسقا بېيىتلارنى ھۇزۇرلىنىپ ئوقۇغىنىدا ئىختىيارسىز ئاۋازىنى ئۈنلۈك چىقىرىپ، ھاياجان بىلەن دېكلاماتسىيە قىلاتتى:

گەردون ماڭا گاھ جەفا ۋە دونلۇق قىلدى،
بەختىم كەبى ھەر ئىشتا زەبۇنلۇق قىلدى.
گاھ كام سارى رەھنەمۇنلۇق قىلدى،
ئەلقىسسە، بەسىي بۇقەلەمۇنلۇق قىلدى[3].

ئىسمائىلخان بۇ كىتابقا مەپتۇن بولۇپ قالغان بولۇپ، ھازىرغىچە قانچە قېتىم تەكرار ئوقۇغىنىنى بىلمەيتتى. شۇ سە-

---

① رەھل — كىتاب قويۇپ ئوقۇيدىغان قىسقۇچ شەكىللىك ياغاچ گىرە.
② «مەھبۇبۇل قۇلۇب» — «كۆڭۈللەر سۆيگىنى». بۇ ئەسەرنى نەۋائى مىلادىيە 1500 - يىلى يازغان بولۇپ، پەلسەپە، ئەخلاق قاراشلىرىنى بايان قىلغان.
③ يەشمىسى: پەلەك ماڭا گاھى جاپا سالدى ۋە پەسلىك قىلدى،
بەختىم كەبى ھەر ئىشتا يامانلىق قىلدى.
گاھى بۇ بەخت تېپىشقا يولباشچىلىق قىلدى،
دېمەككى: تولىمۇ رەڭۋازلىق قىلدى.

ئۆرگەنۆردىن قاچقان لەۋەند،
ئەمگەك تارتىپ ئۆرگەنگەن خىرەدمەند①.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم باغقا كىرىپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان هالدا كىتابقا بېرىلىپ كەتكەن تاغىسىغا قاراپ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» تىكى يۇقىرىقى نەزمىنى دېكلاماتسىيە قىلدى. بۇ دېكلاماتسىيىنى ئاڭلاپ ئىسمائىلخان بېشىنى ئاستا كۆتۈردى ـ دە، كىتابتىكى يەنە بىر نەزمىنى جاۋابەن دېكلاماتسىيە قىلدى:

ئىلىم ئوقۇپ، قىلماغان ئەمەل مەقبۇل،
دانە ساچىپ كۆرتەمەدى مەھسۇل②.

دېكلاماتسىيە ئاخىرلىشىپ ھەر ئىككىلىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— مېنى چاقىرىپتىكەنلا، ئەمىر ئاتا، پەرمانلىرىغا بىنائەن پالاقلاپ كېلىشىم، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم تاغىسىغا ئەركىلەپ.

ئاستانىدىن ئايرىلغان ئازغىنە كەم ئىككى يىلدىن بېرى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم خېلىلا بوي تارتىپ، ھۆسن ـ جامالىغا باشقىچە تولۇپ كەتكەنىدى، ئەمما بالىلارچە شوخ، تەنتەك، سۆزمەن خۇسۇسىيىتىنى پەقەتلا تاشلىمىغانىدى.

— يازنىڭ تۈنجى نېمىتىگە بىللە ئېغىز تېگەيلى دېگەنىدىم، — دېدى ئىسمائىلخان سېۋەتتىكى ئۈجمىنى ئىما قىلىپ.

---

① يەشمىسى: بىلمىگەننى سوراپ ئۆگەنگەن ئالىم،
نومۇس قىلىپ سورىمىغان ئۆزىگە زالىم.
ئۆگىنىشتىن قاچقان يارىماس كىشىدۇر.
جاپا چېكىپ ئۆگەنگەن كىشى ئەقىللىق.

② يەشمىسى: بىلىم ئېلىپ ئىشلىتىشنى قىلمىغان قوبۇل،
ئۇرۇق چاچتى ۋە لېكىن يىغمىدى ھوسۇل.

ئاستاندىن يولغا چىققاندىن كېيىن تاغىسى شاھزادە ئىسمائىلخان-نى يوقلاپ ئۆتمەكچى بولۇپ ئاقسۇدا توختىغانىدى. تاغا - جىيەن قايتا كۆرۈشۈپ، بىر - بىرىگە ئوبدانلا ئېچەكىشىپ قالدى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئىسمائىلخان بىلەنمۇ بىللە شىكارغا چىقتى، ئوقيا ئېتىشتا بەسلەشتى، جەڭبازلىق، چەۋەندازلىق ماھارىتى كۆرسەتتى، شاھمات ئوينىدى. مەلىكە ئاقسۇدىمۇ ئوقيا ئېتىش، شاھمات ئويناش، ھۆسنخەت يېزىش ماھارىتى بىلەن تاغىسى ئىسمائىلخاننىڭ ھۆرمىتىگە، ئەتىۋارلىشىغا نائىل بولدى.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئاستانىدىكى ۋاقتىدا ئوردا كۈتۈپ-خانىسىدىكى بىر قىسىم كىتابلارنى تورپانغا ئالغاچ كېتىش مەق-سىتىدە بىر نۇسخىدىن كۆچۈرۈۋالغان بولۇپ، لىق بىر هارۋا كىتاب ئېلىپ ماڭغانىدى. بۇ كىتابلار ئەسلىدىنلا ئىلىمخۇمار ئىسمائىلخاننىڭ دىققىتىنى تارتتى، بىر - بىرلەپ كۆرۈۋىدى، بۇ كىتابلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزى تېخى كۆرۈپ باقمىغان بىر قىسىم كىتابلارنىڭ بارلىقىنى بىلدى - دە، بىر نۇسخىدىن كۆچۈرۈۋال-ماقچى بولدى. ئەنە شۇنداق بىر تالاي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئاقسۇدا تۇرۇپ قالدى. شىرئەلى باھادىرنىڭ جەڭبازلىق ماھارىتىگە قايىل بولغان ئىسمائىلخان ئۇنىڭغىمۇ ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئاقسۇدا تۇرۇپ قېلىشقا كۆندۈردى - دە، لەشكىري مەنسەپ بېرىپ، ئاستانىدىن بالا - چاقىلىرىنى ئەكەلدۈرۈپ بەردى. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق بۇ شاھانە ئەسىرىمۇ مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئاستانىدىن ئەكەلگەن كىتابلارنىڭ بىرى ئىدى.

بىلمەگەننى سوراپ ئۆرگەنگەن ئالىم،
ئارلانىپ سوراماغان ئۆزىگە زالىم.

سوندۇرۇۋالغان بولسىڭىز، ئىنىم سۇلتان سەئىد باباخانغا نېمە-
دەپ جاۋاب بېرەر بولغىيتتىم. ئالا ئۇجمە يەپ قورسىقىڭىزنى
ئاغرىتىۋالغانسىز تايىنلىق.

ئۇلار ئەنە شۇ يوسۇندا مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ، سېۋەتتىكى
ئۇجمىنى يەپ تۈگەتتى. مۇلازىم ئۇلارنىڭ قولىغا يەنە بىر قېتىم
سۇ بېرىپ قول چايقاتقاندىن كېيىن داستىخاننى يىغىشتۇردى.

— ئۇجمىنىمۇ يەپ بولدۇق. باشقا ئىش بولمىسا، مەن
قايتاي، — دېدى مەلىكە ئورنىدىن تۇرۇشقا تەرەددۇتلىنىپ.

— ئولتۇرۇڭ، سىزگە دەيدىغان گېپىم بار، — دېدى
ئىسمائىلخان مەلىكىنى توختىتىپ، — ئېيتىڭا، قىزىم، يېقىنـ-
دىن بېرى ئەجەب مەندىن قاچىدىغان بولۇپ قالدىڭىزغۇ، كۆڭلـ-
ڭىزنى رەنجىتىپ قويمىغاندىمەن؟...

— سىلىدىن نېمىشقا رەنجىگۈدەكمەن، ئاتا، — دېدى مەلىكە
كۈلۈپ.

— ئەمىسە ئەجەب...

— بۇنى ئۆزلىرى بىلىلا، — دېدى مەلىكە يەنە ئۆزىنى
كۈلكىگە زورلاپ.

— مەن بىلەلمىدىم. ئۆزىڭىز ئوچۇق جاۋاب بې-
رىڭ، — دېدى ئىسمائىلخان.

— دېسەم رەنجىپ قالارلىمىكىن.

— رەنجىمەيمەن.

— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى مەلىكە ئورنىغا قايتا چاپلىشىپ
ئولتۇرۇپ، — ئەسلىدە سىلى سورىمىسىلىمۇ دېمەكچىدىم. ئەمـ-
ما، مۇۋاپىق پۇرسەت تاپالماي يۈرەتتىم. ئۆزلىرى گەپ تېشىپ
قالدىلا، كۆڭلۈمدىكىنى قىسقىلا دەي، قالغىنىنى ئۆزلىرى بىلـ-
ۋالسىلا. يېقىندىن بېرى سىلى ئاشۇ كەلگۈندى ئىشان بىلەنلا
بولۇپ كەتتىلە، ھەتتا سىر - ئەسرارلىرىنىمۇ يوشۇرماس بولدى-
لا. مەن سەلتەنەت، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدىكى بەزى ئىچكى

— سىلى تېخى يازنىڭ ئۈچەمىسىنى ئەمدى كۆرگەن ئوخشىماملا، ئاتا، — دېدى مەلىكە شىرەنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرغاچ.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا مەلىكەم ئاللىبۇرۇنلا يېڭىلىققا ئىگىز تېگىپ بوپتىكەن-دە؟ — دېدى ئىسمائىلخان كۈلۈپ، — مۇلازىملارمۇ مەلىكەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى ئوبدان بىلىدۇ بولمىسا.

— سىلىگە ئىگىز تەگكۈزمەي تۇرۇپ بىزگە بېرەمتى ئۇ مۇلازىملار، — دېدى مەلىكە يالغاندىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — ئۆزۈم ئۈزۈپ يېدىم.

— ئاچ پاقىلىقىڭىزنى قارىمامدىغان، مەلىكەم، ئاشنى كۆرگەندە ئىمان قېچىپتۇ، دەپ مەندەك تاغىڭىزنى قىچىرىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپسىز-دە.

— سىلىنى قىچقارسامۇ كەلمەيتتىلە، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم كۈلۈپ.

— نېمىشقا؟ — سورىدى ئىسمائىلخان قىزىقىپ.

— چۈنكى، مەن سىلىنى شاختا چىقىپ تۇرۇپ ئۈجمە يېيىشكە تەكلىپ قىلسام بولمايدۇ-دە، كۆپ قىسىندىم بولمىسا سىلىگە.

— شاختا ئۆزىڭىز چىقىپ ئۈجمە يېدىڭىزمۇ؟ — سورىدى ئىسمائىلخان تەئەججۈپلىنىپ.

— ھەئە، — دېدى مەلىكە بەخىرامان جاۋاب بېرىپ، — ئۈجمە دېگەننى شاختا قونۇپ ئولتۇرۇپ يېمىسە ئۈجمە يېگەندەك بولمايدۇ كىشى.

— قىلغان قىلىقىڭىزنى كۆرمەمدىغان سىزنىڭ، — دېدى ئىسمائىلخان مەلىكىنىڭ شوخلۇقىدىن سۆيۈنۈپ، — سىزنىزە نېمە دېسەم بولار، قىزىم، يا مەلىكىگە ئوخشاشمايسىز، يا شاھزادىگە. ناۋادا ئۈجمە شېخىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ بىر يېرىڭىزنى

ئۆزلىرىنى سۆلۈككە دەۋەت قىلماس ئىدى. خۇدانىڭ زېمىنىنىڭ
خالىغان بىر يېرىدە ئولتۇرۇپ، ئەل - يۇرت، سەلتەنەت ئۈچۈن
خالىس دۇئاگويلۇق قىلسا، ياراتقان ئىگەم مەقبۇل كۆرۈۋېرەر
ئىدى.

ئىسمائىلخان مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم بىلەن مۇنازىرىلە-
شىشنى خالىمىدىمۇ ياكى مەلىكىدىن راستتىنلا رەنجىپ قالدىمۇ،
ئەيتاۋۇر رەھلىدىكى كىتابقا قارىغان بولۇپ جىملا تۇرۇۋالدى.

— مەن سىلىگە ئاشۇ كىتابتىكى دۇردانىلەردىن ئىككى
كەلىمە سۆز ھەدىيە قىلاي، — دېدى مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم
كۆزىنى يىراقلارغا تىكىپ تۇرۇپ، — ئەلىشىر نەۋائى ھەزرىتىم
بۇ شاھانە كىتابىدا بىر قىسىم بارچە خوي - پەيلى ھېيلىگەرلىك
ۋە جەمئىي ھەرىكىتى غەرەزلىك ئالدامچى دىندارلار، شەيخ-
موللىلار ھەققىدە مۇنداق بايانلارنى بەرگەنىكەن: «يەكتىكى ئۇ-
نىڭ ئەيىبىنى ياپقۇچى يەكتىكىنىڭ ھەربىر يىپى ئالدامچىلىق
چاقىدا ئېگىرىلگەن تەسۋى سىيرىمىقى رەڭۋازلىقتۇر، ئۇزاق نا-
ماز ئوقۇمىقى كىشىگە كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر، كۆلا بىلەن سەللە
ئۇل ھەزرەتكە دۆلەتتۇر، ئۇزۇن ساڭگىلىتىلغان سەللە ئۇچى
تۇلكە قۇيرۇقىدىن بەلگە، مەھەلسىز چىققان ئاۋازلىرى ناھايىتى
سوغۇق، گوياكى ۋاقىتسىز قىچارغان تاۋۇق[1]...»

مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم بۇ پارچىنى ئوقۇپ بولغاندىن كې-
يىن، ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىسمائىلخانغا تەۋازۇ بىلەن سالام
بەردى.

— كەچۈرسىلە، ئاتا، مەن بۇ سۆزلەرنى ئۇل ئىشان پىرى
بۇزرۇككا تەققاسلىماقچى ئەمەسمەن. ئەمما، تۇيۇقسىز دوست-
لۇق، ساداقەتمەنلىك كۆرسەتكەنلەرنىڭ نىيەت، مۇددىئا - مەق-
سەتلىرىنى بىلىپ بېقىپراق سىر - ئەسرار بولغان ياخشى.

---

① تاۋۇق — توخۇ.

ئەھۋاللاردىن تازا خەۋەردار بولمىسامۇ، ئەمما بۇ تېجىمەل ئى-
شانلار نەدە پەيدا بولسا، شۇ يەردە جەڭگى - جېدەل بولىدىغانلى-
قىنى، ئەل - يۇرتىنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلىدىغانلىقىنى ئوبدان
بىلىمەن...

— تىلىڭىزنى يىغىڭ! — ئىسمائىلخان بىردىنلا قاپىقىنى
تۈردى، — پۈتكۈل ئەل - يۇرت ئەۋلىيا ئەزىم دەپ ھۆرمەت
قىلىدىغان پىرى بۇزرۇك ئەزىزلەرگە تىل تەگكۈزۈشكە قانداق
پېتىندىڭىز... بۇنىڭ كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلمەم-
سىز، مەلىكەم؟

— ئۇل ئىشاننىڭ ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى ياراتقان ئىگەم ئۆزى
بىلىدۇ، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم خاتىرجەم ھالدا، —
بايام سىلىنى رەنجىپ قالىلا دېگەنىدىم، راستتىنلا شۇنداق
بولدى.

— مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىڭ، قىزىم، — دېدى ئىسما-
ئىلخان خىيالچانلىق بىلەن، — سەئىدىيە سەلتەنىتىنى بەرپا قىل-
غۇچى تەخت ساھىبى جەننەتماكان بابائى بۇزرۇكىمىز سۇلتان
سەئىدخان ئالىيلىرىدىن تارتىپلا بۇ پىر بۇزرۇكلارغا قول بې-
رىپ، ئۇلارنى پىر ئۇستاز تۇتۇپ كەلگەنىكەن. بۇ ئەزەلدىن
داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇدۇم. بىز ھەم بۇ ئۇدۇمدىن باش تارتالماي-
مىز. ئۇلارسىز سەلتەنەتنىڭ تىنچ - ئاسايىشلىقىنى تەسەۋۋۇر
قىلالمايمىز. بىز ھەرقاچان ئۇلارنىڭ دۇئاگۇيلۇقىغا موھتاج-
مىز.

ئىسمائىلخان كۆڭلىدىكىنى يوشۇرمايلا ئېيتتى. ئەمما، ئۆز
سۆزلۈك مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قايىل بولىدىغاندەك ئەمەس
ئىدى.

— ئۆزىنى ئەھلى شەرىئەتنىڭ يولباشچىسى، ئەھلى سۇلۇك-
نىڭ پېشۋاسى دەپ ئاتىۋالغان ئۇل ئىشاننىڭ بىرەر مەقسەت-
مۇددىئاسى بولمىسا، شۇنچە ھەرەج تارتىپ ئاقسۇغا كەلمەس،

كېيىن ئاستانە، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، كورلا، مارالبېشى، چالىش، سېرىققول ... قاتارلىق مۇھىم يۇرتلارغا كىملەرنى ئەمىرلىككە بەلگىلەش ھەققىدە ئالدىن ئويلاپ قويغانلىرىمۇ بار ئىدى، ئەلۋەتتە.

ئەنە، ئاشۇنداق تىنىمسىز شېرىن خىياللارنىڭ ئەللەيلىشىدە ئولتۇرغان ئىسمائىلخاننى شىپىرلاپ كىرىپ كەلگەن ھۆدەيچىنىڭ قەدەم تاۋۇشى چۆچۈتۈۋەتتى.

— مەلۇم بولغاي، ئاستانىدىن كەلگەن بىر مېھمان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، — دېدى ھۆدەيچى قول باغلاپ، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە.

— ئاستانىدىن كەلگەن مېھمان؟ — ئىسمائىلخان بىرئاز تەئەججۇپلەندى، — كىم ئىكەن ئۇ؟

— نام ـ ئەمەلىنى مەلۇم قىلىشنى خالىمىدى. ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلىپ قويسىلا، كۆرۈشىدىغان مۇھىم ئىشىم بار، دەيدۇ. چار ساقال، بەستلىك، ئاتمىش ياشلارغا كىرگەن ئادەم ئىكەن. گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئادەتتىكى ئادەملەردەك قىلمايدۇ.

ئىسىم ـ مەرتىۋىسىنى مەلۇم قىلىشنى خالىمىغان بۇ مېھمانغا ئىسمائىلخان بىردىنلا قىزىقىپ قالدى.

— ئۇنداق بولسا، بىرئازدىن كېيىن كۇتۇپخانىغا باشلاپ كىرسىلە، — دېدى ئىسمائىلخان.

— خوش، — دېدى ھۆدەيچى كەينىگە يېنىپ.

ئىسمائىلخان دەستارپىچنىڭ[1] ياردىمىدە ئۇستىۋاشلىرىنى قايتىدىن يەڭگۈشلىدى ـ دە، نائىب ۋە ئەمىرلىكنىڭ بەلگىسى بولغان باشمالتاقچىلىك چوڭلۇقتىكى گۆھەر تاقالغان سەللىسىنى كىيىپ كۇتۇپخانىغا قاراپ ماڭدى. ئانچە ھايال قالمايلا ھۆدەيچى ھېلىقى مېھماننى باشلاپ كىرىپ كەلدى.

---

① دەستارپىچ — پادىشاھ، شاھزادە، ئەمىرلەرنىڭ ئۇستىۋاشلىرىغا مەسئۇل خادىم.

ئارتۇقچە سۆزلەپ كۆڭۈللىرىنى بىزەۋتە قىلىپ قويغان بولسام ئەپۇ قىلغايلا.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بۇلارنى دەپ بولۇپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئىسمائىلخاننىڭ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزۇۋەتكەنىدى.

## 3

مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ كۈن ئاتلاپ توختىماي دەيدەيگە سېلىشى بىلەن ئاقسۇ ئەمىرى ئىسمائىلخاننىڭ ئاستانىگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ، تەخت - سەلتەنەتنى تارتىۋېلىش ئارزۇسى كۈنساناپ ئېشىپ بارماقتا ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ ئۆزىنى سەئىدىيە تەختىنى تارتىۋېلىشقا ھەقلىق دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇ لەشكىرىي ھازىرلىقلارنى بارغانسېرى كۈچەيتىپ پۇختا تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى. ئەمما، ھە دېگەندە بۇ لەشكىرىي يۈرۈشنىڭ غەلىبىسىگە تازا ئىشەنچ قىلالماي ئىككى تايىن بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

ھەئە، شاھزادە ئىسمائىلخاننىڭ خىياللىرى تىنچسىز، زىددىيەتلىك ھەم شېرىن، ھەم چۇچۇمەل ئىدى. ئولتۇرسا - قوپسا قىلغان خىياللىرىنىڭ ھەممىسى ئاشۇ سەلتەنەتلىك ئالتۇن تەخت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇ لەشكىرىي يۈرۈشنىڭ مۇشەققىتىنىمۇ، خېيىمخەتىرىنىمۇ، جىيەنى شاھزادە يولۋاسخان بىلەن بولىدىغان جەڭنىڭ غەلىبىسىنىمۇ ھەم مەغلۇبىيىتىنىمۇ، تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان پىلانلىرىنىمۇ ... ھەممە - ھەممىسىنى خىيال قىلاتتى. ئالدىنقى خىيالدىن كېيىنكى خىيالى كۆپرەك ھەم شېرىن ئىدى. ۋۇجۇدىغا تۈگىمەس لەززەتلەرنى بېغىشلايتتى. تەختتە ئولتۇرغاندىن

باشلىدى.
يولۋاسخان ئىنىسى شاھزادە ئابدۇمۇمىنخاننى تەختتە ئولتـ
ـۇرغان يېرىدىلا چېپىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنى يەـ
كەن سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ خاقانى دەپ جاكارلاپ، تەختتە ئولـ
تۇردى ـ دە، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي خەۋپسىرەپ، ۋەھىمىدە
قالغان ئوردا ئەركانلىرىغا خۇش چىراي مۇئامىلە قىلىپ، سارا-
سىمىگە چۈشكەن كۆڭۈللەرنى تىندۇردى. بىرمۇ ئەمىرنىڭ مەنـ
سەپ ـ مەرتىۋىسىنى ئېلىپ تاشلىمىدى. ئەمما، مۇھىم يۇرتدار-
چىلىق ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ قەشقەردىن بىللە ئەگەشتۈرۈپ كەلـ
گەن ئەمىر ـ سەركەردىلىرى بىلەنلا كېڭەشتى. خوجا ھىدايىتۇلـ
لا ئىشاننى بولسا ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ تەختنىڭ يېنىدىن ئورۇن
بەردى. ھىدايىتۇللا ئىشان ئوردىغا كىرسە، قائىدىنى بۇزۇپ
ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرەتتى. تەختكە يانداش قويۇلغان
شاھانە كۇرسىغا تەكلىپ قىلاتتى. ھىدايىتۇللا ئىشان ئولتۇرمىـ
غۇچە ئولتۇرمايتتى. ئىشانغا قىلغان ھەربىر سۆزىدە «قۇتبىل
ئەقتاب»، «پىرى بۇزرۇك ئەۋلىيا»، «ۋەلىيۇللا»... دېگەندەك
ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشنى ئېسىدىن چىقارمايتتى، ھەتتا «سەلتەـ
نەتنى سۇلۇكتىن مۇستەسنا تۇتۇش» دىن ئىبارەت ئاتا مىزانىغا
خىلاپلىق قىلىپ، بارلىق ئوردا ئەركانلىرىنى سۇلۇكى ئىشقىيەـ
گە دەۋەت قىلىپ، ھىدايىتۇللا ئىشانغا قول بېرىشكە مەجبۇرلىـ
دى. ئەزەلدىن سۇلۇكى ئىسھاقىيە يولىنى تۇتۇپ كەلگەن خېلى
كۆپ ئەمىرلەر كاللىلىرىدىن ئەنسىرەپ، ھىدايىتۇللا ئىشانغا
مۇرىت بولدى. يولۋاسخانغا، ئىشانغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن
بىساتىدىكى مال ـ دۇنيالىرىنى، قىممەت باھالىق بۇيۇملىرىنى
ئايىماي سوۋغا قىلدى. شاھزادە يولۋاسخانىنىڭمۇ، ھىدايىتۇللا
ئىشانىنىڭمۇ ئوردىدىكى كونا ئەمىرلەرگە بولغان مۇئامىلىسى سىـ
لىق ئىدى، خۇش چىراي مۇئامىلە قىلاتتى. ئەمىرلەرنىڭ قەـ
سىرلىرىگە چاقىرغان مېھماندارچىلىقلىرىغا قالماي باراتتى، يەيدـ

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، شاھزادە ئالىيلىرى، ئەرزىمەس ئېھتىرامىمنى قوبۇل قىلغايلا، — دېدى ھېلىقى مېھمان ئىسما-ئىلخانغا چوڭقۇر سالام بەجا كەلتۈرۈپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خۇش كېلىپلا، ئەزىز مېھ-مان، — دېدى ئىسمائىلخانمۇ سالامنى ئىلىك ئېلىپ.

مېھمان بىلەن ساھىبخانىنىڭ كۆزلىرى بىرنەچچە دەقىقە ئۇچراشتى. تونۇش چىراي كۆرۈنگەن مېھمانغا سىنچىلاپ قارىغان ئىسمائىلخان بىردىنلا سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

— ۋۇي، سىلى مىرزا باباقبەگ ئەمىر جانابلىرى ئەمەسمۇ؟

— مېنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويمىغانلىقلىرىغا كۆپ تە-سەننا①، شاھزادە ئالىيلىرى، — دېدى مىرزا باباقبەگمۇ ئىسما-ئىلخانىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ.

مېھمان بىلەن ساھىبخانا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. مېھمان راستىنلا ئاستانە ئەمىرى، قوشۇمچە ئاستانە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرلەشكىرى، سۇلتان ئابدۇللاخانىنىڭ يېقىن، ئى-شەنچلىك ئادىمى مىرزا باباقبەگ ئىدى.

— تىنچ - ئامان كەللىمۇ، ئەمىر؟ — دەپ، قايتىدىن ئەھۋال سورىدى ئىسمائىلخان مېھمان بىلەن بىللە ئورۇن ئالغان-دىن كېيىن، — بۇ غېرىبانە يۇرتقا قانداق شاماللار ئۇچۇرۇپ كەلدى ئۆزلىرىنى.

— سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا، ئالىيلىرى، — دېدى مىرزا باباقبەگ ئېغىر ئۇھسىنىپ، — ئاستانىگە پاتمىغان بۇ ئەرزىمەس بېشىمنى ئېلىپ ئالىيلىرىنى پاناھداپ كەلدىم.

مىرزا باباقبەگ لاچىندانە، قەلەمپۇر، ھىلىلە ۋە باشقا دورا - دەرمەكلەرنى مول سېلىپ ئاچچىق دەملەنگەن زەپەر چاينى سۇمۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئاقسۇغا كېلىش سەۋەبىنى سۆزلەشكە

---

① تەسەننا — رەھمەت، تەشەككۇر.

ـنىڭ مۇقىملىقى، تىنچلىقى، ئاسايىشلىقى ئۈچۈن دەپ چۈشەندۈ-رەتتى. شاھزادە يولۋاسخان بولسا بۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنەتتى.
ئوردىدىكى نىسپىي تىنچلىق، خاتىرجەملىك ئاز كەم ئالتە ئاي داۋاملاشتى. بۇ جەرياندا قانات - قۇيرۇقىنى ئوڭشىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەن شاھزادە يولۋاسخان بىلەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ئەمدىلىكتە ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاشقا باشلىغانىدى.
بىر جۈمە كۈنى ئەتىگەنلىك قوبۇلدىن كېيىن، شاھزادە يولۋاسخان لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئەمىرى كەبىر چۆپېك مىرزا بىلەن ئوردا ئىشىكئاغىسى قوشۇمچە ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇ-نىنىڭ ئەمىرى مىرزا تەڭرىبەردىبەگنى تۇيۇقسىزلا ئۆلۈمگە ھۆ-كۈم قىلدى - دە، نەق مەيداندىلا كاللىسىنى ئالدۇرۇۋەتتى.
— بۇ ئىككى رىياكار ئەمىر، — دېدى يولۋاسخان چىرايى-دىن دەھشەت ياغدۇرۇپ تۇرۇپ، — خانغا ئاسىيلىق قىلىپ، پەرغانە ئەمىرى بىلەن خۇپىيانە ئالاقە باغلاپتۇ، ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ-سىدىن شۇ خۇسۇستا يېزىلغان «قارا خەت» تېپىلدى. ئەمدى كىمكى بۇيۇك سەلتەنىتىمىزنىڭ ئۇلىنى كولاپ مۇناپىقلارچە ئىش- ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، ئۇلارنىڭ كىم بولۇ-شىدىن قەتئىينەزەر، ھەتتا جانابىي خان ئاتامنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن ئەمىرلەردىن بولۇشىغا قارىماي كاللىسى ئېلىنىدۇ، قىلچە رەھىم - شەپقەت قىلىنمايدۇ، يەتتە جەمەتىگىچە قىرىپ تاشلىنىدۇ.
يولۋاسخان دەلىل - ئىسپات سۈپىتىدە قوينىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ پۇلاڭلىتىپ قويدى. قاتتىق ۋەھىمىدىن كاللىلىرى-نىڭ قايغۇسىدا قالغان ئەمىرلەردىن ھېچقايسىسى ئۇ خەتنى يول-ۋاسخاننىڭ قولىدىن ئېلىپ كۆرۈپ بېقىشقا پېتىنالمىدى. خەت-نىڭ مەزمۇنى: ئەمىرى كەبىر چۆپېك مىرزا بىلەن ئوردا ئىشىك-ئاغىسى مىرزا تەڭرىبەردىبەگ پەرغانە ئەمىرىگە سەئىدىيە خانلى-قىغا لەشكەرتارتىپ كېلىپ، ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىش تەكلىپىنى

تى، ئىچەتتى، بەرگەن سوۋغا ـ سالاملىرىنى تەكەللۇپسىز قو-
بۇل قىلاتتى. ئەمما، ئوردىنىڭ مۇھىم كېڭەشلىرىدە بۇ ئەمىرلەر
يەنىلا سىرتتا قالاتتى. خۇددى يولۋاسخان ئۇنتۇغاقلىق كېسىلىگە
گىرىپتار بولغاندەك، مۇھىم كېڭەشلەردە، ئىشلاردا بـۇ ئـە-
مىرلـەرنى ئېسىدىن چىقىرىپ قوياتتى.

ئوردىدا ئەمىرلەر نىسپىي تىنچلىقتا، خاتىرجەملىكتە ئې-
رىشكىنى بىلەن بىچارە، بىگۇناھ ئاستانە خەلقى تېخىچىلا ئوتنىڭ
ئارىسىدا ياشاۋاتاتتى. ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئىشقىيەچى خەلپە،
سوپىلىرى سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنى تازىلاش باھانىسى
بىلەن كۇندە دېگۇدەك ئادەم تۇتاتتى، ئۆلتۇرەتتى، مال ـ مۇلكى-
نى مۇسادىرە قىلاتتى. دەھشەتلىك سۇلۇك تەقىبىدىن، كوچا ـ
كويلارنى قاپلاپ كەتكەن خۇپىيە ـ پايلاقچىلاردىن پۇقرالار خاتىر-
جەم سىرتقا چىقالمايتتى. ئۆز ۋاقتىدا مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا
ئىشاننىڭ سوپى جاللاتلىرى قەشقەردىكى بىگۇناھ، ئاددىي ئىشقى-
يە مۇرىتلىرىغا قانداق زۇلۇم سالغان بولسا، ھىدايىتۇللا ئىشا-
نىڭ سوپى جاللاتلىرىمۇ ئاستانىدىكى بىگۇناھ، ئاددىي ئىسھاقىيە
مۇرىتلىرىغا ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ زۇلۇم سېلىۋاتاتتى. ئالتۇنلۇ-
قۇم، چىلتــەنلىرىم مازارلىرىدا تىلەمچىلەر توپى كۇندىن ـ
كۇنگە كۆپىيىۋاتاتتى. ئوردا ئەمىرلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئاستانە
خەلقىنىڭ بۇ پاجىئەلىك قىسمەتلىرى ھەققىدە سۇلتان يولۋاسخان-
غا مەلۇمات سۇنۇشقا جۇرئەت قىلالمايتتى. چۇنكى، يولۋاسخان
خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ تەۋسىيىسى بىلەن سۇلۇكى ئىشقىيە
تەرغىباتىنى قوللاش، سۇلۇكى ئىسھاقىيە تەرغىباتىنى چەكلەش
خۇسۇسىدا خانلىق قانۇن ـ جاساقلا تۇزىتىش كىرگۇزگەن بو-
لۇپ، ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىغا ئىچ ئاغرىتىش، ئۇلارنى قانات
ئاستىغا ئېلىش قانۇنغا خىلاپ قىلمىش ھېسابلىناتتى. شۇنداق
كىشىلەرنىڭ جەددى ـ جەمەتى قىرىلىپ كېتەتتى. بۇ پاجىئەلىك
قىسمەتلەرنى، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان يولۋاسخان ھاكىمىيىتى-

ئاستانە مۇھاپىزەتچى قوشۇنىدىكى سەركەردىلەر بۇ پېشقەدەم سەر-كەردىنىڭ جەڭبازلىق ماھارىتى ۋە لەشكىرىي تەدبىرىنىڭ يېگانە-لىقىنى تەرىپلىشىپ، ئۇنى مەرھۇم ئەمىرى كەبىر بۇيۇك ھەربىي سەركەردە ھىندىقۇش مىرزىغا تەققاسلايتتى.

شاھزادە يولۋاسخان بىلەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانمۇ ئاستانە خەلقىنىڭ قوزغىلىپ كېتىشىدىن، شۇ سەۋەبلىك تەخت ـ سەلتە-نەتكە خەۋپ يېتىشىدىن ئەنسىرەپ بۇ پېشقەدەم ئەمىرگە سوغۇق قولىنى ئۇزىتالماي ئىلاجسىز پەيت كۈتۈۋاتاتتى.

مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ ئاقسۇغا قېچىپ كې-تىپ، ئاقسۇنىڭ نائىب ئەمىرى شاھزادە ئىسمائىلخاننىڭ ھامىي-لىقىغا ئېرىشىشى ۋە نۇرغۇنلىغان ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنىڭ قې-چىپ بېرىپ ئاقسۇغا توپلىنىشى يولۋاسخان بىلەن ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئۇغىسىنى قايناتتىپ، كۆڭۈل ئارامىنى بۇزۇۋەتكەنى-دى. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئىككى يىلدىن بېرى ئاھالىنى لەشكىرىي مەجبۇرىيەت ئۈتەشكە زورلاپ، ئاقسۇغا جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن ئىككى تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەر توپلاپ مەشىق قىلدۇرۇ-ۋاتاتتى. بۇ يىل باھار كىرگەندىن بېرى ئۇلارنىڭ لەشكىرىي ھازىرلىقلىرى بارغانسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى. ھەر قېتىملىق ئوردا كېڭىشىدە ئاقسۇدىكى ئىسھاقىيەچى ئاسىي مۇرتەتلەرنى جا-زالاش تەدبىرلىرى مۇزاكىرە قىلىنماي قالمايتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەنلىك قوبۇلدىن كېيىن، شاھزادە يولۋاس-خان ئاستانە ئەمىرى مىرزا باباقبەگنىڭ بۇيۇك سەئىدىيە خانلىقى ئۈچۈن كۆرسەتكەن كاتتا تۆھپىلىرىنى بىر ھازا ماختىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن ئەجىر ـ تۆھپىسىنى تارتۇقلاش، ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشقا شارائىت ھازىرلاپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنى ئەركانى دۆلەتلىك[1] مەرتىۋىسىگە كۆتۈرگەن-

---

① ئەركانى دۆلەت — باش ۋەزىر.

بىرىپ، ئۇنىڭغا ئىچىدىن ماسلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ خەت يازغانىمىش. پەرغانە ئەمىرى بۇلارغا پات يېقىندا سەئىدىيە ئېلىگە قاراپ لەشكەر تارتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغىچە پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ تۇرۇش توغرۇلۇق خەت يازغانىمىش.

- بۇ «قارا خەت» نىڭ راست - يالغانلىقى نامەلۇم بولسىمۇ، لېكىن شاھزادە يولۋاسخاننىڭ بۇ ئىككى ئەمىرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، بۇلار تۇتۇپ تۇرغان ئوردىنىڭ مۇھىم لەشكىريي ھوقۇقىنى قەشقەردىن ئەگەشتۇرۇپ كەلگەن ئۆزىنىڭ سەركەردىلىرىگە ئېلىپ بەرگىنى ئەمەلىيەت ئىدى. چۆپىك مىرزا بىلەن تەڭرىبەردىبەگلەرنىڭ ئۆلۈمى ئىشىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئارىسىدا ئاسىيلار پات - پات چىقىپ تۇردى. يولۋاسخانمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ئۇلار تۇتۇپ تۇرغان مەنسەپكە ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى بىر - بىرلەپ قويدى. ئازغىنە كەم ئىككى يىل ئىچىدە سۇلتان ئابدۇللاخان دەۋرىدە مەنسەپ تۇتقان ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئوندىن توققۇزى ئاسىي بولۇپ كەتتى ۋە يېڭىلاندى.

مانا ئەمدى ئۆزىنىڭ بارا - يالغۇز قېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئاستانە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىر لەشكىرى مىرزا باباقبەگنىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشۈشكە، كاللىسىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ھەربىر قەدىمىنى ئاۋايلاپ پۇختا بېسىۋاتاتتى. ئۇزۇن مەزگىل ئاستانىنىڭ ئەمىرلىكىنى، ئاستانە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىر لەشكەرلىك مەنسىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ كېلىۋاتقاچقا، ئاستانە خەلقى ئارىسىدىمۇ ۋە خىللانغان بىر تۈمەن ئاستانە مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ سەركەردە - لەشكەرلىرى ئارىسىدىمۇ يۈكسەك ھۆرمەت - ئابرۇيى بار ئىدى. ئاستانە پۇقرالىرى بۇ پېشقەدەم ئەمىرنىڭ ئادىللىقى، ئادالەتپەرۋەرلىكى، ئاجىز، كەمبەغەللەرنىڭ ھالىغا يېتىدىغانلىقى ھەققىدە ماختىشىپ ھېكايىلەرنى توقۇشسا،

قاتۇرۇپ يۈرۈپ، مانا مۇشۇ ئەركانى دۆلەتلىك ھىيلىسىنى ئويلاپ تاپقانىدى. ئاستانە ئەمىرلىكى، ئاستانە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىر لەشكەرلىكىدىن ئىبارەت مەمۇرىي ۋە لەشكەرىي ھوقۇقتىن ئايرىلغان مىرزا باباقبەگ تەبىئىي يوسۇندا ئەتراپىدىكى ساداقەتمەن قوللىغۇچىلىرىدىن يىراقلىشاتتى. ئەركانى دۆلەتلىك مەرتىۋىسى ئەمەلىيەتتە بىر نامى ئۇلۇغ، سۇپرىسى قۇرۇق مەنسەپ ئىدى، خالاس. بۇنداق ئەھۋالدا مىرزا باباقبەگنىڭ كاللىسىنى ھەرقاچان ئالغىلى بولاتتى ۋە بۇ ئىشتىنمۇ ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تاپالمايتتى. ئۇنىڭغىچە ھىدايىتۇللا ئىشان ئاستانە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئۈلگۈرەتتى.

مىرزاباباقبەگ مۇشۇلارنى ئويلاپ يەتكەندە يەنە بىر قېتىم قاتتىق چۆچۈدى ـ دە، ئۆزىنىڭ مەھشەر كۈنىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىغا ئىشەندى. بۇ بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرەر ئەپچىل چارىسىنى تېپىش ئۈچۈن، ئوردىغا بىتاب بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوللىۋېتىپ ئۆيدىن چىقماي يېتىۋالدى.

— بۇ جاھاننىڭ كارىدىن، تاشلاپ قاچقىن بارىدىن، دەپلا ـ ھە، ئەمىرى ئاخىر، — دېدى مىرزاباباقبەگنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلىغان ئىسمائىلخان كۈلۈپ كېتىپ، — يا ھەزرەت، بۇ يولۋاسخان بىلەن ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ھىيلە ـ مىكرى نېمىدېگەن كۆپ ـ ھە...

— شۇنى دېسىلە، ئالىيلىرى، — دېدى مىرزاباباقبەگ پىيالىدىكى سوۋۇپ قالغان چايدىن ئوتلاۋېتىپ، — ئاقسۇغا كېلىپ جانابلىرىنى پاناھداش قارارىغا كەلگەندىن كېيىن، ئاستانە قوۋۇقىدىكى سەركەردىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بالا ـ چاقامنى ئېلىپ ئۇدۇل بۇ تەرەپكە يۈگۈردۈم. بەلكىم يولۋاسخان مېنىڭ قاچقىنىمدىن كېچىكىپ خەۋەر تاپقان بولسا كېرەك ياكى قوغلاپ كەلگەن لەشكەرلەر يېتىشەلمىدىمۇ تاڭ، ئۇلارغا يولۇقمىدىم.

لىكى ھەققىدە يارلىق جاكارلىدى.

كۈتۈلمىگەن بۇ كاتتا شان ـ شەرەپتىن مىرزاباباقبەگ بىر ھازا چۈش كۆرگەندەك بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ سۇلتان ئابدۇللاخان دەۋرىدىن باشلاپ ھېچقانداق بىر ئەمىرنى ئەركانى دۆلەتلىك مەرتىۋىسىگە كۆتۈرمەي، بۇ كاتتا مەرتىۋىنى ئۆزىنىڭ خانلىق مەرتىۋىسىگە بىرلەشتۈرۈپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ كەلگەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئەمدى سۇلتان يولۋاسخان قائىدىنى بۇزۇپ، بۇ كاتتا مەرتىۋىنى مىرزا باباقبەگكە تەقدىم قىلغۇسى كېلىپ قاپتا؟!

— ئەركانى دۆلەت مىرزا باباقبەگ ئالىيلىرى يارلىق تاپشۇرۇۋالغاي، — دەپ توۋلىدى يارلىقچى ھېلىغىچە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالغان مىرزا باباقبەگكە قاراپ.

— خان ئالىيلىرىنىڭ شەپقىتىگە ھەشقاللا، — دېدى مىرزا باباقبەگ يارلىقنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ.

— ئاستانىنىڭ ئەمىرلىكىنى، قوشۇمچە ئاستانە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرلەشكەرلىكىنى ھازىرچە قوتبىل ئەقتاب پىر بۇزرۇك خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ھەزرەتلىرى ۋاقىتلىق ئۈستىگە ئالغاي، — دېدى يولۋاسخان ئاغزاكى يارلىق جاكارلاپ.

يارلىقنى ئاڭلاپ ھىدايىتۇللا ئىشان مەمنۇنلۇق بىلەن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ قىمىرلاپ قويىدى. ئەمما، ئەركانى دۆلەتلىك يارلىقىنى تۇتۇپ تۇرغان مىرزاباباقبەگ تۇيۇقسىز بېشىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك چۆچۈپ كەتتى، يۈرىكى دۈكۈرلىدى.

مىرزا باباقبەگ شۇ كۈنى ئوردىدىن چىققاندىن كېيىن قەسىرىگە قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئويلاندى ـ دە، بۇنىڭ ئۈستىلىق بىلەن قۇرۇلغان بىر تۇزاق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالدى.

ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىشقا تەمشىلىپ تۇرغاندا ئارقا سەپتىن خاتىرجەم بولالماي، ھىدايىتۇللا ئىشان بىلەن خېلى ئۇزاق باش

ۋە ئىسمائىلخانغا ئەينى يىلى مەلىكىنىڭ ھىندىقۇش مىرزا بىلەن قەشقەرگەجازا يۈرۈشى قىلىپ بېرىپ، قىزىلىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى سايىدا مىرزا يۈسۈپبەگنى ئۇقيا ئېتىپ يىقىتىپ، نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ بەردى.

— مۇنداق ئىشلارمۇ بارمىتى تېخى، ئەجەب ماڭا سۆزلەپ بەرمەپسىزغۇ، قىزىم، — دېدى ئىسمائىلخان.

— سىلى مەندىن جەڭگە قاتناشقان - قاتناشمىغانلىقىمنى سورىمىغان تۇرسىلا، يەنە تېخى ھە دېگەندىلا مېنى يا مەلىكىگە، يا شاھزادىگە ئوخشاشمايدۇ دەپ تەنبىھ بېرىۋاتسىلا، بۇ ئىشلارنى قانداقمۇ دەپ بېرەي سىلىگە.

مەلىكىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىسمائىلخان بىلەن مىرزا باباقبەگ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

4

ئاستانە.

ئەتىگەنلىك قوبۇلغا چىققان سۇلتان يولۋاسخان شاھىنشىنغا سالامغا كەلگەن ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئارىسىدا ئەركانى دۆلەت مىرزاباباقبەگدىن باشقا يەنە بىرقانچە ئەمىرلەرنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى.

— بىرقانچە ئەمىرلەر سالامغا كەلمەپتىغۇ؟ — سورىدى يولۋاسخان قاپىقىنى تۈرۈپ.

— خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، — دېدى دىۋانبېگى ئالدىغا چىقىپ خانغا تەۋازۇ بىلەن سالام قىلىپ، — ئۈچ كۈن ئاۋۋال ئەركانى دۆلەت مىرزا باباقبەگ جانابلىرى بىتاب بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئوردىغا كېلەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات يوللاپتىكەن.

— ھەر نەرسە بولسا ئاللا ئىگەم تىنچ ـ ئامانلىقنى بېرىپتۇ،— دېدى ئىسمائىلخان خۇش بولۇپ.
— سىلى بۇنداق بىخەۋەر بولۇپ ئولتۇرسىلا بولمايدۇ، ئالىيلىرى، — دېدى مىرزا باباقبەگ مۇھىم بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ، — يولۋاسخاننىڭ جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇنى ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقىپ بولدى، ئېھتىمالىم. دەرھال ھازىرلىق كۆرۈپ قويمىسىلا بولمايدۇ.
— خاتىرجەم بولسىلا، ئەمىر جانابلىرى، — دېدى ئىسمائىلخان چىرايىنى ئۆزگەرتمەي، — بىزنىڭ تەييارلىقلىرىمىزمۇ خېلىدىن بېرى پۈتۈپ قالغان. يولۋاسخان كەلمىسىمۇ مەن باراتتىم. ھازىرلا پەرمان چۈشۈرەي، ئاقسۇ لەشكەرلىرىمۇ بۈگۈنلا ئاستانىگە قاراپ ئاتلانسۇن.
— زىنھار ئۇنداق قىلمىغايلا، خان ئاتا، — دېدى باياتىن بېرى ئىشىك تۈۋىدە بۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ تۇرغان مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم بوسۇغىدىن ئاتلاۋېتىپ، — بىز ئاستانە لەشكەرلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتەيلى، ئۇزۇن يول بېسىپ، ھېرىپ ـ چارچاپ ھالىدىن كەتكەن لەشكەرلەرنى مەغلۇپ قىلماق تېخىمۇ ئاسان.
— ھوي، بۇ مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم ئەمەسمۇ؟ — دېدى مىرزا باباقبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ مەلىكىگە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ،— راست ئېيتتىلا، مەلىكەم، بىز لەشكەرلىرىمىزنى يول ماگدۇرۇپ ھاردۇرۇپ قويمايلى.
— مەيلى شۇنداق قىلايلى ئەمىسە، — دېدى ئىسمائىلخان قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ۋە مەلىكە مۇھتەرەم خېنىمغا قاراپ كۈلدى، — مەن تېخى مەلىكەمنى جەڭنامىلەرنى سۆزلەشنىلا بىلىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن، لەشكىري تەدبىردىمۇ ئىستېداتى بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟
— مەلىكەم جەڭبازلىقىمۇ ماھىر، — دېدى مىرزا باباقبەگ

دىۋانبېگى بىلەن بىكاۋۇلبەگ شاھانە سوۋغا - سالاملارنى بىرنەچچە مۇلازىملارغا كۆتۈرتۈپ، ئاۋۋال مىرزا باباقبەگنىڭ قەسرىگە كەلدى - دە، قەسىر دەرۋازىسىدىكى يوغان قۇلۇپنى كۆرۈپ بىر ئاز تەئەججۇپلەندى. ئەتراپتىكى قولۇم - قوشنىلاردىن سورىۋىدى، ئۇلار مىرزا باباقبەگنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى، ئۈچ كۈندىن بىرى دەرۋازىنىڭ ئەنە شۇنداق قۇلۇپلاقلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ يەردىن باشقا ئەمىرلەرنىڭ قەسرىگىمۇ بېرىشتى ۋە بۇلارنىڭ دەرۋازىسىنىڭمۇ ئوخشاشلا قۇلۇپلاقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈشتى.

ئەسلىدە ئالدىنقى كۈنى ئوردا قارا دىۋاندىكى يوقلامدا مىرزا باباقبەگنىڭ ئەركانى دۆلەتلىك مەنسىپىگە ئولتۇرۇپلا بىتاب بولۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بۇ بىرقانچە كونا ئەمىرلەر، مىرزا باباقبەگنىڭ يېڭى مەنسەپ - مەرتىۋىسىنى قۇتلۇقلاش ھەم كېسىلىنى يوقلاش باھانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىرلىكتە مىرزا باباقبەگنىڭ قەسرىگە كەلدى - دە، قەسىر دەرۋازىسىغا سېلىنغان يوغان قۇلۇپنى كۆرۈپ، دەرگۇماندا بولۇشتى. ئەمما، ئارتۇقچە داۋراڭ سېلىشماي، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى مۇلاھىزە قىلىشتى.

ئۇلار مىرزا باباقبەگنىڭ ئەركانى دۆلەتلىك كاتتا مەنسەپكە كۆتۈرۈلگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان خانلىقنىڭ ئىككى چوڭ ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى، سۇلتان يولۋاسخاننىڭ مىرزا باباقبەگنىڭ قولىدىكى ئەمەلىي ھوقۇقنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەشۇنداق قۇرۇق ئۆستەڭنىڭ مىراپلىقىنى بەرگەنلىكىنى خىرە - شىرە ھېس قىلىشقانىدى. مانا ئەمدى مىرزا باباقبەگنىڭ بىتاب بولۇپ قالدىم، دەپ قويۇپ تۇيۇقسىز غايىب بولۇشى ئۇلارغا بېرىلگەن چوڭ بىر بېشارەت بولۇپ تۇيۇلغانىدى.

— بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار، — دېدى يولۋاسخان قولىنى شىلتىپ، — باشقا ئەمىرلەرچۇ؟...

— ئۇلارمۇ بىتاب بولۇپ قاپتۇ. تۈنۈگۈن كەچ مەلۇمات يوللىغانىدى.

— شۇنداقمۇ؟ — يولۋاسخان گۇمانسىرىغان ھالدا ئوردا ئەركانلىرىغا تەكشى نەزەر تاشلىدى.

بۈگۈن شاھىنشىنىغا سالامغا كەلگەن ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يولۋاسخانغا ئەگىشىپ قەشقەردىن كەلگەن ياكى يولۋاسخان يېڭىدىن مەنسەپكە تەيىنلىگەن ئەمىرلەر بولۇپ، دادىسى سۇلتان ئابدۇللاخان مەنسەپكە تەيىنلىگەن كونا ئەمىرلەردىن بىرىمۇ يوقتەك قىلاتتى. بۇ ئىش ئۇنى بىردىنلا گۇمانغا سالدى.

«توۋا، بۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا ئاغرىپ قالغانمىدۇر ياكى بىرەر ئويۇن ئويناۋاتامدۇ ماڭا تۇيدۇرماي. يېقىندىن بېرى ئاقسۇغا لەشكەر تارتىش ئىشى بىلەن بىرئاز ئالدىراش بولۇپ قېلىپ، ئۇلارغا بولغان نازارەتنى سۇسلاشتۇرۇپ قويدۇم. ئەسلىدە ئاقسۇغا لەشكەر تارتىشتىن ئاۋۋال مىرزا باباقبەگ قاتارلىق بۇ ئەمىرلەرنى بىر تەرەپ قىلىۋېتەرمەن دەپ ئويلىغانىكەنمەن. توغرا، ئۇلارنىڭ راست ياكى يالغان بىتاب بولۇپ قالغانلىقىنى تەكشۈرۈپ بېقىش كېرەك. يوشۇرۇنچە بىرەر شۇملۇق پىلانلاۋاتقان بولمىسۇن يەنە. ئۇلارنىڭ لەشكەر ۋە ئاۋام ئارىسىدىكى ئىناۋىتى بەك يۇقىرى، ھەر ھالدا ئېھتىيات قىلغان تۈزۈك.»

— دىۋانبېگى، سىلى بىكاۋۇلبەگ بىلەن بىرئازدىن كېيىن شاھانە سوۋغا ـ سالاملارنى تەييارلاپ ئەركانى دۆلەت مىرزا باباقبەگ قاتارلىق بىتاب بولۇپ قالغان ئەمىرلەردىن كۆڭۈل سوراپ كەلسىلە. ھە يەنە، ئوردا تېۋىپىنىمۇ بىللە ئېلىۋالسىلا، ئۇلارنىڭ قانداق كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەلسۇن. چۈشتىن بۇرۇن بۇ ئەھۋاللاردىن ماڭا مەلۇمات بېرىشكەيلا.

— خوش.

— ئۇلارنى ئەلۋەتتە ئالىمىز.

— نەگە بارىمىز، تەقسىرلىرىم، شۇنىمۇ دېيىشىۋالايلى.

— ئاقسۇغا، شاھزادە ئىسمائىلخان ئالىيلىرىنىڭ قېشىغا بارايلى. بىلسەم - بىلمىسەم مىرزا باباقبەگ جانابلىرىمۇ شۇ ياققا كەتتى ئېھتىمالىم.

— ئەمىسە لەۋزىمىز شۇنداق بولسۇن، بۈگۈن كەچ ئاستانە قوۋۇقلىرى تاقىلىشتىن بۇرۇن چانمىغۇدەك ياسىنىپ جابدۇنۇپ شەھەردىن چىقايلى.

— ھەممىمىز بىرلا قوۋۇقتىن ئەمەس، بىرنەچچە قوۋۇقتىن چىقايلى. لەشكەرلەر گۇمانلىنىپ قالمىسۇن.

— ماقۇل ئەمىسە. تاغارچىدا[1] ئۇچرىشايلى.

ئۇلار مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ تارقىلىشتى. چاپارمەنلىرىدىن بىتاب بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە ئوردا دىۋانبېگىگە مەلۇمات يوللاشتى.

— نېمە؟ ھەممىسىنىڭ دەرۋازىسى قۇلۇپلاقلىقمىكەن؟ — دېدى دىۋانبېگىنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلىغان يولۋاسخان چىچاڭشىپ، — ماۋۇ ھىيلىگەر ئوغرىلارنى كۆرۈڭ. ئاخىرى تىلىنى بىر قىلىپ جېنىنى ياقىغا ئېلىپ قېچىشىپتۇ - دە.

— ۋاقتىدا جايلىۋەتمىگەن گۇناھ ئۆزىمىزدە، خان ئالىيلىرى، — دېدى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان يولۋاسخاننى باشتا سىلىق سۇسلۇق قىلغان دەپ ئەيىبلىگۈسى بولسىمۇ تىلىنىڭ ئۇچىدىكى گەپنى تېشىغا چىقىرالماي، — ئۇل ئاسىيلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى بۇنچىۋالا كېچىكتۈرۈۋەتمەسلىكىمىز كېرەك ئىدى. ئەمدى بولغۇلۇق بولۇپتۇ مانا.

— مىرزا باباقبەگ دېگەن قۇۋ تۈلكىنى ئەركانى دۆلەتلىك مەرتىۋىسى بىلەن خۇدىنى يوقىتىپ، بىخۇدلىشىپ قالار دەپ

---

① تاغارچى — ھازىرقى يەكەن ناھىيىسىنىڭ مارالبېشىغا بارىدىغان يول ئۈستىدىكى يېزا.

— مىرزا باباقبەگ جانابلىرىنىڭ قىچىپ كەتكەنلىكىنى بىلـ
سە، سۇلتان يولۋاسخان ئالىيلىرى قاتتىق غەزەپلىنىدۇ.
— غەزەپلىنىپلا بولدى قىلسىغۇ مەيلىتى، دەرد ـ ئەلىمىنى
بىزدىن ئالمىسۇن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.
— شۇنداق، ئۇردىدا ئاسىي كەتمىگەن كونا ئەمىرلەردىن
مۇشۇ بىرنەچچىمىزلا قالغاندۇق.
— ئەھۋالدىن قارىغاندا مىرزا باباقبەگ جانابلىرى بىرەر
شەپىنى ئالدىنئالا سېزىپ قالغان ئوخشايدۇ.
— توۋا، ئەمىر جانابلىرىنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ. بىزگە
كۆڭلىنى خېلى يېقىن تۇتۇپ يۈرەتتى. ھايتمۇ دەۋەتمەپتۇيا.
— ناۋادا ئۆزلىرى شۇنداق بىر شەپىنى ئالدىنئالا سېزىۋالـ
غان بولسىلا شۇنداق قىلامتىلا، تەقسىر.
— ئەمدى دەيمىنا.
— مىرزا باباقبەگ جانابلىرىدىن ئارتۇقچە رەنجىپ يۈرمەيـ
لى. سۇلتان يولۋاسخاننىڭ شۇملۇقىدىن قورقۇپ بىزلا ئەمەس،
پۈتكۈل ئاستانە خەلقى بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەس بولدى. ماقۇل
مەنمۇ بولسا ھەرقايسىلىرىگە ئىشەنگەن بولاي. ئەمدى بىز قانداق
قىلىمىز. مىرزا باباقبەگنىڭ قاچقانلىقى ئاشكارىلانسىلا، ئەڭ
ئاۋۋال بىزدەك يېقىنلىرىنىڭ كاللىسى كېتىشى چوقۇم. ئۆلۈمـ
مىزنى كۈتۈپ تۇرامدۇق ياكى بىرەر ئامالىنى قىلامدۇق.
— ئەلۋەتتە بىزمۇ قاچىمىز ـ دە، تەقسىر.
— قاچانلىققا؟
— بۈگۈن كەچتىلا.
— ئەمىسە گېپىمىز گەپ. ئارتۇقچە لاقا ـ لۇقىلارنى ئالـ
مايلى. بولمىسا خۇپىيە ـ پايلاقچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ
قويىمىز. قەسىر ـ ساراي، مال ـ مۈلۈكلىرىمىز يولۋاسخانغا
قالسۇن. بىزگە جېنىمىز ئامان قالسىلا بولدى.
— بالا ـ چاقىلارنىچۇ؟

كۆڭلىدىكى تۇماننى بىراقلا تارقىتىۋەتتى، ئاقسۇغا يۈرۈش قى-
لىش ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ بەك چىڭىتتى.
— قۇتبىل ئەقتاب پىرى بۇزرۇكنىڭ دېگەنلىرى بەر-
ھەق، — دېدى يولۋاسخان مەمنۇنلۇق بىلەن باش لىڭشى-
تىپ، — ئۇنداقتا، ئېيتسىلاچۇ، ئى دانىشمەن پىرىم، ئاقسۇغا
قاچان لەشكەر تارتساق بولۇر؟
— كىچىكتۇرۇشكە بولمايدۇ، — دېدى ھىدايىتۇللا
ئىشان، — بۈگۈن كېچە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ، ئەۋلىيا - ماشا-
يىخلار بىلەن مۇلاقەتتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېشارىتىنى ئالاي،
ئاندىن دەرھال پەرمان چۈشۈرگەيلا، خان ئالىيلىرى، لەشكەرلەر
ئەتىلا يولغا چىققاي.
— بولىدۇ. لەشكىرىي يۈرۈشكە ئەتە ئاتلىنايلى، ئەمما
ئاستانىنى كىمگە تاپشۇرساق بولۇر؟ — دېدى يولۋاسخان ئويلان-
غان ھالدا، — ياكى بولمىسا ھەزرەتلىرى لەشكىرىي يۈرۈشنىڭ
رىيازىتىنى تارتىپ يۈرمەي، ئاستانىگە ئۆزلىرى پاسىبان بولۇپ
تۇراملا - يە؟
يولۋاسخاننىڭ بۇ تەكلىپى ھىدايىتۇللا ئىشانغا ياغدەك ياققان
بولسىمۇ، ئەمما ئاقسۇغا قېچىپ بېرىۋالغان ئەشەددىي دۈشمىنى
مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشاننى ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ،
كاللىسىنى ئۆز خەنجىرى بىلەن تېنىدىن جۇدا قىلىش ۋەسۋەسى-
سى ئاستانىدە قېلىپ قېلىش ئارزۇسىدىن غالىب كەلدى. ئۇ
خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ ئاقسۇدىنمۇ قېچىپ كېتىپ، سەئىدىيە
زېمىنىدا سۇلۇكى ئىسھاقىيە تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆزد-
گە باش ئاغرىقى تېپىپ بېرىشىدىن خەۋپسىرەيتتى. ئۇ بۇ قېتىم
ئاقسۇدا مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشاننى ئۆز قولى بىلەن
ئۆلتۈرۈپ، ئىسھاقىيە سۇلۇكىنى يەر يۈزىدىن پاك - پاكىز
سۈپۈرۈپ تاشلاشنى نىيەت قىلغانىدى.
— بۇ مۇشەققەتلىك لەشكىرىي يۈرۈش رىيازىتىنى

ئويلاپتىكەنمەن. بۇ ئىش بىلەن ئۇنىڭ چۆچۈپ قېلىشىنى نەدىن بىلەي.

— ھېلىقى مەسەلدىكى ئوۋچى تەرىپىدىن زەھەرگە چىلاپ تاش ئۈستىگە قويۇپ قويغان قۇيرۇق مايىنى كۆرۈپ: «بىر بالاسى بولمىسا، قۇيرۇق تۇرامدۇ تاشتا؟» دەپ ئويلاپ، قورسىقى ئېچىپ كەتسىمۇ، مايىنى يېمەي ئامان قالغان قۇۋ تۈلكىگە ئوخشاش، مىرزابابابەگمۇ تۇيۇقسىز كەلگەن ئەركانى دۆلەتلىك مەرتىۋىسىدىن شۈبھىلىنىپ قالغان گەپ، ئالىيلىرى، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان ھەسرەتلەنگەن ھالدا.

— ئۇلارنى قوغلاپ تۇتۇشقا لەشكەر ماڭدۇرايلى بولمىسا، — دېدى لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئەمىرى.

— ھاجەتسىز، — ئېتىراز بىلدۈردى ھىدايىتۇللا ئىشان، — بىكار ئاۋارە بولغىنىمىز قالىدۇ. ئۇلار تۈنۈگۈن كەچ يولغا چىققان بولسا، كېچىچە ھەم بۈگۈن چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا چۇمۇلىدەك ئۆمىلەپ ماڭسىمۇ ئاقساقمارالغا يېتىپ بارالايدۇ. بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز قوغلاپ ئاقساقمارالغا بېرىپ بولغۇچە ئۇل قاچقۇنلار مارالبېشىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. مارالبېشىنىڭ ئۇ تەرىپى خان ئالىيلىرىنىڭ تاغىسى ئىسمائىلخاننىڭ تەسەررۇپىدىكى زېمىن. لەشكەرلىرىمىز ئۇل ئاسىيلارنى قوغلاپ تۇتىمىز دەپ، ئاقسۇ تەۋەسىگە قەدەم قويساق، ئىسمائىلخاننى سەگەكلەشتۈرۈپ قويىمىز. ناۋادا ئىسمائىلخان بىرەر شەپىنى سېزىپ ئالدىن ھازىرلىق كۆرۈۋالسا، جازا يۈرۈشى قىلىپ ئاقسۇنى تەسەررۇپىمىزغا ئالمىقىمىز تەسكە توختايدۇ. مەيلى ئۇلار قاچسا قېچىۋەرسۇن، بەرىبىر ئاقسۇغا بېرىپ توختايدۇ. ئاقسۇنى قولىمىزغا ئالساق، ئۇلارنىڭ كاللىسى بەرىبىر بىزنىڭ قولىمىزدا دېگەن گەپ، ئەجەلدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ناھايىتى بىرنەچچە ۋاخ كۈننىڭ سىرىقىنى ئارتۇقراق كۆرۈشىدۇ.

خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ مۇلاھىزىسى يولۋاسخاننىڭ

لىرى موللا ساقى بىلەن موللا ئەھمەتتىن باشقا مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىنى ئاللىقاچان ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەنىدى.

سۇلتان ئابدۇللاخاندا، شاھزادە يولۋاسخاننىڭ ئىككى پەرزەنتىنىڭ قىساسى ۋە ئۆزىنىڭ شەخسىي ئۆچ ـ ئاداۋىتى بولسا، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئاتا قىساسى بار ئىدى. ئۇ ئاشۇ يىلى قوش گۇمبەزدە دادىسى غوجا مۇھەممەدىيۇسۇپ ئىشاننى ئىسھاقىيەچى سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى بىلسىمۇ، بۇ ئۆلۈمنىڭ سەۋەبكارى ئەينى ۋاقىتتا دادىسىنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلماي، ئۇنى قەشقەرگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇرلىغان سۇلتان ئابدۇللاخان دەپ قارايتتى. شۇڭلاشقا، ئۇ شاھزادە يولۋاسخاننى كۈشكۈرتۈپ، سەئىدىيە تەختىنى تارتىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ھەج قىلىش باھانىسى بىلەن ھىندىستانغا چىقىپ كېتىپ ئامان قالغانلىقىدىن كۆپ ھەسرەتلەنىدى. ھە دېگەندە يولۋاسخاننىڭ يۈرەك يارىسىنى تاتىلاپ، يۈرىكىدىكى دادىسىغا بولغان ئۆچمەنلىك ئوتنىڭ ئۇستىگە ياغ چېچىپ، سېھىر ـ ئەپسۇنلىرى بىلەن بېشىنى ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى دادىسىدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن، كەينىدىن قاتىل ئەۋەتىپ، ئۆلتۈرۈشكە ھە دەپ كۈشكۈرتتى.

ئىككى پەرزەنتىنىڭ ھەسرەت پىراقىدا تەلۋىگە ئايلانغان شاھزادە يولۋاسخان ئىشاننىڭ ئاستىرتىن يول كۆرسىتىشى بىلەن ئىككى نەپەر كاللا كېسەرنى نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن ھىندىستانغا ماڭدۇردى. ئۇلار كېتىپ تولۇق ئۈچ ئاي بولغاندا سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ كاللىسىنى خۇرجۇنغا سېلىپ ئەكەلدى. دادىسىنىڭ تېنىدىن جۇدا بولغان كاللىسىنى كۆرۈپ، يولۋاسخان بىردىنلا ئېسىنى تاپقاندەك بولدى ـ دە، پۇشايمان قىلىپ پەرياد چەكتى ۋە ئالتۇنلۇق مازىرىغا دەپنە قىلدۇردى. ئەمما، بۇ پاجىئەنىڭمۇ ئاساسلىق سەۋەبكارى ئاشۇ پىر بۇزرۇكى ھىدايىتۇللا ئىشان ئىكەنلىكىنى زىنھار خىيالىغا كەلتۈرمىدى. تېخى ھىدايى-

ئۆزلىرىگە ئۇچۇچە تاشلاپ بېرىپ، ئۆزۈم ئاستانىدە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ راھەت كۆرۈشكە قانداقمۇ يۈزۈم چىدىسۇن؟ ئى قىبلە-گاھىم، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان ئەسلىي مۇددىئاسىنى يوشۇ-رۇپ، ياغلىما تىلىنى ئىشقا سېلىپ، — ھەر نە كۆرسەم ئالىيلى-رى بىلەن تەڭ كۆرۈشنى نىيەت قىلغانىمەن. ئاستانىنىڭ ئورۇن-باسار ئەمرى خوجا سەرۋاز ئىشەنچلىك سادىقەتمەن مۇرىتىم-دۇر. ئاستانىنى شۇ كىشىگە تاپشۇرساق خاتىرجەم بولۇرمىز.

پىر ئۇستاز ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ ئاستانىدىكى راھەتلىك تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ، بۇ مۇشەققەتلىك لەشكىرىي يۈرۈشتە ئۆزىگە ھەمراھ بولۇشقا نىيەت باغلىغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ سۇل-تان يولۋاسخاننىڭ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش كەلدى.

شۇ دەقىقىدە ئۇ دادىسى سۇلتان ئابدۇللاخاننى ئەسلەۋاتاتتى. دادىسى نەۋرىلىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ ئوغلىنىڭ يۈرى-كىنى داغلاپ، كۆزلىرىدىن نادامەت ياشلىرىنى ئاققۇزغان بولسا، مۇنۇ شەپقەتلىك ئىشان پىر ئۇنىڭ جاراھەتلەنگەن يۈرىكىگە مەلھەم بولۇپ، ئاشۇ شەپقەتسىز دادىسىدىن چارە مېھرىبانلىقى، كۆيۈم-چانلىقى بىلەن تەسىرلەندۈرۈپ كۆزىدىن ھاياجان ياشلىرىنى ئاق-قۇزماقتا ئىدى.

يولۋاسخان ئاشۇ ئىككى يۈرەك پارىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدى-كى بىردىنبىر سەۋەبكار، ھەقىقىي قاتىل، قان - قەرز ئىگىسى-نىڭ ئۆزى ئەۋلىيا دەپ چوقۇنۇپ سىزغان سىزىقىدىن چىقماي، پېشىدە ناماز ئوقۇپ يۈرگەن مۇشۇ ھىيلىگەر، ئىككى يۈزلىمچى مۇناپىق ۋە ۋەھشىي جاللات ھىدايىتۇللا ئىشان ئىكەنلىكىنى بىل-مەيتتى، بۇنداق بولۇشنى زىنھار خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى، بىلىپ قېلىشىمۇ مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ھەرقان-داق سۈيىقەستنىڭ ئىزىنى پۇختىلىق بىلەن پاك - پاكىز ئۆچۈ-رۈپ ئادەتلەنگەن ھىدايىتۇللا ئىشان بۇ سۈيىقەستلىك پاجىئەگە بىۋاستە قول تىققان ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ سادىقەتمەن مۇخلىس-

— نېمانچە كۆپ لەشكەرلەر بۇ، يولۋاسخان پۈتكۈل قوشۇننى باشلاپ كەلگەندەكلا قىلىدۇ، — دەپ ئاھ ئۇردى ئىسمائىلخان بارگاھ ئالدىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماي. ئىسمائىلخاننىڭ ئۆڭى ئۆچكەن چىرايىنى كۆرۈپ مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ قورقۇنچتىن چىرايى تاتىرىپ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى. بېشىدا ھىدايىتۇللا ئىشان قىلىچ تەڭلەپ تۇرغاندەك بىلىنىپ، ۋۇجۇدىنى سوغۇق تەر باستى، لەۋلىرى تىترەپ، تىلى گەپكە كەلمەي، تەسۋى سىيرىۋاتقان قوللىرىمۇ تۈزۈك قولاشماي، تىترەپ تۇرغان دىقماق بارماقلىرى تەسۋىنىڭ كەھرىۋا دانچىلىرىنى ئايرىيالماي قالدى.

— بۇنچە ئىزتىراپ چېكىپ سەركەردە - لەشكەرلەرنىڭ جاسارىتىگە ھالاقىت يەتكۈزمىگەيلا، ئالىيلىرى، — دېدى مىرزا باباقبەگ خاتىرجەملىك بىلەن، — جەڭدە يېڭىش - يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ، ئەمما غەلىبە - نۇسرەتنى لەشكەرلەرنىڭ سانى بەلگىلىيەلىشى ناتايىن.

— ئارى، — دەپ گەپكە لوقما سالدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم، — ئۇزاقى يىلى خان ئاتام سۇلتان ئابدۇللاخان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى بىلەن شاھزادە يولۋاسخانغا جازا يۈرۈشى قىلغاندىمۇ ھىندىقۇش مىرزا جانابلىرى پەند ئىشلىتىپ، ئازغىنە لەشكەر بىلەن نەچچە ھەسسە كۆپ ياۋ لەشكىرىنى مەغلۇپ قىلغانىدى. شۇنداقمۇ، سەركەردە؟

— شۇنداق، — دېدى ئاشۇ قېتىملىق جەڭدە يەزەك قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى بولغان شىرئەلى باھادىر مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، — جەڭ تەدبىرىنى پۇختا تۈزسەكلا ئۇزاق يول جاپاسى تارتىپ، ھېرىپ، چارچىغان بۇ لەشكەرلەرنى مەغلۇپ قىلمىقىمىز تەس ئەمەس.

— ئەمىسە، ياخشى تەدبىرلىرى بولسا ئوتتۇرىغا قويۇشماملا، تەقسىرلىرىم، — دېدى تېخىچە ئەندىشىسى بېسىلمىغان

تۇللا ئىشاننىڭ ساختا مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ بەرگەن تەسەللىلىرىدىن تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئالدى، ئىشانغا بولغان ھۆرمەت، ئىخلاسى ھەسسىلەپ ئاشتى.

سۇلتان يولۋاسخان بىلەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان قارار قىلغان كۈندە ئىككى تۈمەندىن ئارتۇق ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەر بىلەن بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئىشقىيەچى سوپى لەشكەرنى ئەگەشتۈرۈپ جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن ئاقسۇغا قاراپ دەبدەبە-ئەسئەسە بىلەن يولغا چىقتى.

## 5

يولۋاسخان بىلەن ھىدايىتۇللا ئىشان باشچىلىقىدىكى جازا يۈرۈشى قىلغۇچى ئۈچ تۈمەندىن ئارتۇق قوشۇننىڭ ئاقسۇغا يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ئەھۋال بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق خەۋەر تاپقان ئىسمائىلخان دەرھال ياۋغا تاقابىل تۇرغۇچى بىر تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەرلىرىنى ئاتلاندۇرۇپ، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ سىرتىدىن ئەللىك چاقىرىم يىراقلىقتىكى سايدا قارارگاھ قۇرۇپ تەق بولۇپ تۇردى.

شۇ كۈنى كۈن ئولتۇرۇشتىن ئاۋۋال يېتىپ كەلگەن يولۋاسخان قوشۇنىمۇ ئاقسۇ لەشكەرلىرى بىلەن بەش چاقىرىم ئارىلىق قالدۇرۇپ توختىدى ـ دە، ئۆزقارارگاھ، چېدىر ـ بارگاھلىرىنى جايلاشتۇردى. ئۈچ تۈمەندىن ئارتۇق خان لەشكىرى بۇ كۆزيەتكۈسىز ساينى تولۇق ئىگىلىگەنىدى. ئۆز قارارگاھىدىكى كۆزىتىش مۇنارىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ياۋ قوشۇنىغا نەزەر تاشلىغان ئىسمائىلخان شۇنچە قاراپمۇ ياۋ قوشۇنىنىڭ ئاخىرقى چېتىگە كۆزى يەتمەي ۋۇجۇدىنى غەم باستى. ئۇ ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ بۇنچىۋالا كۆپلۈكىنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

لىرىغا ئەل قىلدۇرۇپ كەلگەيمەن. مۇشۇ تەدبىر بىلەن تۇنجى
جەڭدىلا ياۋ قوشۇنىنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرالىساق كېيىنكى
ئىشلاردىن غەم يېمىسەكمۇ بولىدۇ.
بۇ تەدبىرنى ئاڭلاپ، ئىسمائىلخاننىڭ چىرايىغا سۇس قان
يۈگۈردى.
— ئۇل ئاستانە مۇھەپىزەتچىلەر قوشۇنىدىكى لەشكەرلەر
ئۆزلىرىگە ئەگەشمەي قويسىچۇ، تەقسىرىم، — دېدى تېخىچىلا
قورقۇنچىسى بېسىلمىغان مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللاخان ئىشان.
— مەخدۇمزادە پىرى بۇزرۇك ھەزرەتلىرى خاتىرجەم
بولغاي، — دېدى مىرزا باباقبەگ ئىشەنچ بىلەن، — مەن ئۇزۇن
يىل ئاشۇ لەشكەرلەر بىلەن بىللە بولدۇم، ئۇلار مېنى ناھايىتىمۇ
ئوبدان چۈشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ماڭا بولغان چەكسىز ساداقىتىدىن
ئەنسىرەپلا، شاھزادە يولۋاسخان مېنىڭ ئەرزىمەس كاللامنى ئې-
لىشقا پېتىنالمىغان.
كېچىچە ئۇدا بەش قېتىم ئاقسۇ قوشۇنى قارارگاھىدىن ياڭ-
رىغان داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇناي، چۇقان - سۈرەن ساداسى
ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن يولۋاسخان قوشۇنىنىڭ شېرىن ئۇيقۇسى-
نى بەش قېتىم بۇزۇپ، قاتتىق ۋەھىمىگە سالدى. ئۇلار ئاقسۇ
لەشكەرلىرى كېچە قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، قارارگاھىمىزغا
باسقىن قىلىپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ چاچراپ ئورۇنلى-
رىدىن تۇرۇشۇپ، قورال - ياراغلىرىنى ئېلىپ تەق بولغاندا
داقا - دۇمباق، چۇقان - سۈرەن سادالىرى بىردىنلا بېسىلىپ
قالاتتى. ھېچ ئىش يوقلۇقىنى بىلىپ قايتىدىن ئورۇنلىرىغا كى-
رىپ يېتىپ كۆزلىرى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنسا يەنە چۇقان -
سۈرەن سادالىرى كۆتۈرۈلەتتى.
— ئاقسۇ قوشۇنىنىڭ تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ قارار-
گاھىمىزنى باسقىن قىلماقچى بولغانلىقى ئېنىق، — دېدى يول-
ۋاسخان دەككە - دۈككىدە تۇرغان ھىدايىتۇللا ئىشانغا قاراپ.

ئىسمائىلخان .

— هازىرلا ھۆجۇمغا ئۆتسەك قاراملىق قىلغان بولىمىز ، — دېدى مىرزا باباقبەگ ئويلانغان هالدا ، — گەرچە ياۋ لەشكەرلىرى ھېرىپ - چارچاپ كەتكەن بولسىمۇ ، تېخى ئۇلارنىڭ جاسارىتى سۇنغىنى يوق . لېكىن ، ھۇجۇمغا ئۆتمەي قاراپ تۇرساق ئۇلار بۇ بىر كېچە خاتىرجەم ئۇخلاپ هاردۇق چىقىرىپ ماغدۇرىغا كېلىۋالىدۇ . مېنىڭچە ، بۇگۈن كېچە ئۇلارغا ئارام بەرمىگىنىمىز ياخشى ، — مىرزا باباقبەگ ئىسمائىلخانغا قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — لەشكەرلىرىمىز كېچىدىچە ئاز دېگەندە بەش مەرتەم داقا - دۇمباق ، ناغرا - سۇنايلىرىنى چېلىپ ، چۇقان - سۈرەن سېلىپ ، ياۋ لەشكەرلىرىنى ئاقسۇ لەشكەرلىرى كېچىدىن پايدىلىنىپ قارارگاھىمىزنى باسقىن قىلغان ئوخشايدۇ ، دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ ، پاراكەندە قىلىپ ، خاتىرجەم ئۇخلاپ هاردۇق ئېلىۋېلىشقا يول قويمىسۇن . بۇنىڭ بىلەن بىرىنچىدىن : ياۋ لەشكەرلىرىگە ۋەھىمە پەيدا قىلىپ ، جاسارىتىنى سۇندۇرغىلى بولىدۇ ؛ ئىككىنچىدىن ، ئۇيقۇسىز قالدۇرۇپ جىسمانىي جەھەتتىن هاردۇرغىلى بولىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا بۈگۈن كېچە ئۈچ نەپەر سەركەردە ھەربىرى مىڭدىن لەشكەر ئېلىپ ، ياۋ لەشكەر گاھىنىڭ ئوڭ ، سول ۋە ئارقا تەرىپىگە تۇيدۇرماي ئۆتۈپ بۆكتۈرمىدە تۇرسۇن . ئەتە ياۋ لەشكەرلىرى بىلەن رەسمىي تۇتۇشقان ۋاقتىمىزدا ئۇلارغا دۇمباق چېلىپ بەلگە بېرىمىز . ئۇلار دۇمباق ئاۋازىنى ئاڭلىغان هامان تەڭلا ئاتلىنىپ ، چۇقان - سۈرەن سېلىپ ياۋغا تېگىش قىلغاي ، ئەمما رەسمىي تۇتۇشماي ، ياۋ لەشكەرلىرى قوغلىسا قېچىپ ، كەينىگە يانسا قوغلاپ ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش سېپىنى پاراكەندە قىلىپ ، ئەتراپىمىزدا بۆكتۈرمىدە قويغان نۇرغۇن ئاقسۇ لەشكەرلىرى بار ئوخشايدۇ ، دېگەن گۇمانغا كەلتۈرگەي . مەن مۇشۇ پاراكەندىچىلىكتىن پايدىلىنىپ ، ياۋ قوشۇنى ئارىسىغا كىرىپ ، ئاستانە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنى ئالىي-

غان پېتىچە خورەككە چۇشۇپ كەتكەنلەرنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى. بۇ ھالەت يولۋاسخاننىڭ ئوغىسىنى قايىنتتۇەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمائىلخاننىڭ ۋەسۋەسىگە سېلىش دامىغا چۇشۇپ كەتكەنلىكىنى شۇ چاغدىلا ھېس قىلدى ـ دە، غەزەپتىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى. ئۇزاق يول بېسىپ كەلگەن لەشكەرلىرىنى بىر كېچە ئارام ئالدۇرۇشنى ئويلاپ، تۇنوگۇن كەچتە ياۋ لەشكەرلىرى بىلەن ئۇچراشقان ھامان جەڭگە چىقمىغانلىقىدىن كۆپ ئەپسۇسلاندى. بەربىر ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ئارام ئالالمىغاندى.

ناشتىدىن كېيىن ئۆز قارارگاھلىرىدىن ئىككى چاقىرىم ئىلگىرىلەپ سەپ تۈزگەن ئۈچ تۇمەندىن ئارتۇق لەشكەرنىڭ ئۇيقۇغا ئەسىر بولۇپ، توختىماي بەس ـ بەستە ئەسنەشلىرىدىن بۇ ساينىڭ ئاسمىنىدا غەلىتە بىر سادا پەيدا بولغانىدى.

— لەشكەرلەرنىڭ بۇ ھالىتى بىلەن قانداقمۇ ئۇتۇقلۇق جەڭ قىلغىلى بولۇر، — دېدى يولۋاسخان ئىلاجىسىز قالغان ھالدا بېشى قېتىپ.

— ئۇنداق بولسا بۈگۈن چىقمايلى، كۈندۈزدە ياۋ لەشكەرلىرى تۇيۇقسىز باسقىن قىلىشقا پېتىنالماس. لەشكەرلەر بولسا بىر ئۇخلاپ ئەسلىگە كېلىۋالغاي.

— ئۇنداق قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، پىرىم، — دېدى يولۋاسخان ئېتىراز بىلدۈرۈپ،— بىزنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەكلىرىمىز چەكلىك. ئۈچ تۇمەندىن ئارتۇق لەشكەر مۇشۇنداق جەڭ قىلماي يېتىپ يەۋېرىدىغان بولسا، تاغمۇ توشۇمايدۇ. چاقماق تېزلىكىدە جەڭ قىلىپ، ئاقسۇنى پەتھە قىلمايدىغان بولساق، ئوزۇق ـ تۈلۈك مەسىلىسىمۇ بېشىمىزغا زور بىر بالا بولىدۇ. قورساقتىن ئىبارەت بۇ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرماق ئالدىمىزدا تۇرغان ياۋۇز دۈشمەنگە تاقابىل تۇرماقتىنمۇ بەسى مۇشكۈل.

— ئەمىسە ئۇل مۇرتەتلەر چۇقان ـ سۇرەن سالىدۇيۇ نې-
مىشقا باستۇرۇپ كەلمەيدۇ. بۇنىڭ بائىسى نېمەدۇر، قىبلىگا-
ھىم؟ — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان ھېچ ئىشقا ئەقلى يەتمەي.
ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ يوشۇرۇن قەستلەپ ئادەم ئۆلتۈرۈش
ۋە باشقا ئىشلارغا ھىيلە ـ مىكىر بىلەن تولغان كاللىسى بەك
ئىشلىگىنى بىلەن لەشكىري ئىشلاردىن، جەڭ تەدبىرلىرىدىن
خەۋەرسىز ئىدى.
— ئۇلار بىزنى مۇشۇنداق تەكرار پاراكەندىچىلىككە سېلىش
ئارقىلىق، ياۋ قۇرۇق نەرە تارتقىنى بىلەن باستۇرۇپ كېلىشكە
پېتىنالمايدۇ دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ، بىخۇد تۇرغان ۋاقتىمىز-
دىن پايدىلىنىپ، ئاندىن ھۇجۇم قىلماقچى، يالغانىنىڭ ئاخىرى
راستقا، راستىنىڭ ئاخىرى يالغانغا ئايلىنۇر. ئۇلارنىڭ بۇ ھىيلى-
سىنى باشقىلار بىلمىگىنى بىلەن مەندىن يوشۇرۇپ بولالمايدۇ،
جانابىي قۇتبىل ئەقتابىم .
— دانىشمەنلىكلىرىگە مىڭ ـ مىڭ تەسەننا، خان ئالىيلى-
رى، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان خاتىرجەم بولۇپ، — ئەمىسە
تېزرەك بىر تەدبىر قوللانغايلا.
— ياتىشبەگ! — دەپ توۋلىدى يولۋاسخان مۇگدەپ ئولتۇر-
غان كوسا ئەمىرگە زەردە بىلەن قاراپ، — مۇگدەپ ئولتۇرماي
دەرھال ھەرقايسى قارارگاھلاردىكى سەركەردىلەرگە پەرمان يەت-
كۈزسىلە. بۈگۈن كېچە بىرمۇ لەشكەرنىڭ ئۇخلىشىغا رۇخسەت
يوق. بارلىق سەركەردە ـ سەرۋازلار قورال ـ ياراغلىرىنى تەق
قىلىپ، جەڭگە ھازىر بولۇپ تۇرسۇن. كىمكى پەرمانغا خىلاپلىق
قىلسا كاللىسى ئېلىنىدۇ. مۇگدەپ قالغانلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە.
كېچىچە ئۆرە ئولتۇرغان خان لەشكەرلىرىنىڭ كۆزلىرى
ئۇيقۇسىزلىقتىن قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ
تۆرقى تولىمۇ روھسىز بولۇپ، توختىماي قۇرۇق ئەسنىشەتتى.
ئۇلار بامدات نامىزىنىمۇ روھسىز ئوقۇشتى. سەجدىگە باش قوي-

هۆم ئاللاھ ھۆم ـ ھۆم!
ھۇۋۋى ئاللاھ ھۆم!

ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ لەشكەرلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن تۈزگەن بۇ «جەررە ـ ساما» تەدبىـ ـرى تېزلا ئۇنۇمىنى كۆرسەتتى. لەشكەرلەر جەررە سېلىپ توۋ- لاشقىنىچە روھلىنىپ كېتىپ باراتتى. يەرگە گۈلۈپلىتىپ دەسـ ـسەشلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاچچىق شور ـ بوغۇناقلار كۆزلىرىگە، ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىغا كىرىپ ئېچىشتۇرۇپ، چۈشكۈرتۈپ، ئۇي- قۇلىرىنى قاچۇرۇۋەتكەنىدى. ئۈچ تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەرنىڭ بىرلىكتە توۋلىغان جەررە ـ ساما سادالىرىدىن پۈتكۈل ساي تىترەپ، تاغۇ تاشلار ھەيۋەتلىك ئەكس سادا قايتۇراتتى.

قىيامەتنىڭ بىر كۈنى ئەللىك مىڭ يىلچە بولۇر،
بۇ دۇنيانى سانىچە يىل، قانچە يىل بولۇر.
قىيامەت كۈنى يەتمىش يىل ئۆتتا قالۇر،
تۆۋە قىلغان قۇللار كۆپەيمەس مۆھلەتى بار.②
ھۆم ئاللاھ ھۆم ـ ھۆم!
ھۇۋۋى ئاللاھ، ھۆم!

مانا ئەمدى ئاقسۇ لەشكەرلىرى بۇ ۋەھىملىك جەررە ـ سامادىن ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ئىسمائىلخانمۇ ئات ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇرغىنى بىلەن ئىچىدە مۇزلاپ كېتىپ باراتـ ـتى. مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان بولسا، ئات ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ كۆلكىگە قالماسلىق ئۈچۈن ئېگەرنىڭ قوش بېشىنى ئىككى قولى بىلەن مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى.
— جەررە ـ ساما سېلىپ، تېرىسىگە سىغماي قالغىنىنى كۆرمەمدىغان، بۇ سايىنى خانىقا كۆرۈپ قالدىمۇ ئۇلار. ھېلى

— ئۇنداقتا لەشكەرلەرنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇپ، جاسارە-
تىنى ئۇرغۇتۇشنىڭ ئامالىنى مەن قىلاي، — دېدى ھىدايىتۇللا
ئىشان كۆڭلىگە بىر پىلاننى پۈكۈپ.

ئاقسۇ لەشكەرلىرى ئۆز قارارگاھلىرىدىن ئىككى چاقىرىم
ئىلگىرىلەپ، سەپ تۈزۈپ بولغۇچە، يولۋاسخان قوشۇنىنىڭ سې-
پىدىن كۆتۈرۈلگەن جەررە - ساما سادالىرى پەلەككە يەتتى.
سوپى لەشكەرلەر بىلەن خان لەشكەرلىرىدىن تۈزۈلگەن بىرلەشمە
قوشۇن قوللىرىدا جەڭ قوراللىرىنى مەھكەم تۇتقىنىچە «ھۇم
ئاللاھ، ھۇم - ھۇم!» دېيىشىپ جەررە سېلىشقىنىچە، يەرگە
گۈلۈپ - گۈلۈپ دەسسەپ ھەرە تارتىشماق (ساما) ئۇسسۇلى
ئويناشقا باشلىدى. ھەربىر توپتىن ئىككى - ئۈچ ھاپىز بىر
يەرگە كېلىشىۋېلىپ، ئاۋازىنى بولدى دېگۈچە قويۇپ بېرىپ ھۆك-
مەت ئوقۇشاتتى. باشقا لەشكەرلەر بۇنىڭغا جور بولۇپ، پۈتكۈل
ۋۇجۇدى بىلەن جەررە سېلىشاتتى، يەرگە گۈلۈپ - گۈلۈپ
دەسسىشەتتى.

جانىڭ قىيناپ، زوقۇم چايناپ ئاشىق بولغىن،
ياشىڭ تۆكۈپ، كۆزۈڭ سۈلاپ سادىق بولغىن.
ئاندىن كېيىن دەرگاھىغا لايىق بولغىن،
جانىڭ بەرسەڭ، رەھىم ئەيلىسە جانان بولۇر.
ھۇم ئاللاھ ھۇم - ھۇم!
ھۇۋۋى ئاللاھ ھۇم!
......
تەۋبە قىلىپ ھەققە يانغان ئاشىقلارغا
بېھىشت ئىچرە تۆرت ئېرىقتا شەربەتى بار.
تەۋبە قىلماي، ھەققە يانمىغان غاپىللارغا
تار لەھەدتە قاتتىق ئازاب، ھەسرەتى بار.①

① ②بۇلار كلاسسىك شائىر ئەھمەد يەسەۋىنىڭ شېئىرى.

لىرى قالقانلىرى بىلەن يا ئوقىدىن مۇداپىئەلىنىشتى.
سۇلتان يولۋاسخان لەشكەرلىرىنى ئوقيا ئېتىشتىن توختە-
تىپ، سەركەردىلىرىنى باشلاپ ئالدىغا يۈز قەدەم ئىلگىرىلەپ
توختىدى. خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاندىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى
جەڭ كىيىملىرى كىيىشكەن بولۇپ، پولات دۇبۇلغىلىرىنىڭ
قۇببىلىرى قۇياش نۇرىدا ۋال - ۋۇل قىلىپ كۆز چاقاتتى.
بېشىغا ئاق سەللە ئوراپ، ئاق يەكتەك كىيىپ، ئاق تۇلپار-
غا مىنىۋالغان ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ سۆلەتلىك تۇرقى ئالاھىدە
كۆزگە چېلىقاتتى. ئۇ ھېلىھەم ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قولىدىكى
كەھرىۋا تەسۋىنى توختىماي سىيرىيتتى. لەۋلىرى خۇددى ئەپ-
سۇن ئوقۇۋاتقاندەك توختىماي مىدىرلايتتى. بۇلارنىڭ دەل ئوتتۇ-
رىسىدا تۇرغان يولۋاسخان بېشىدىكى ئالتۇن دۇبۇلغا ئۈچىسىدىكى
زەرباب شاھانە لىباس بىلەن خۇددى ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ ياقۇت
كۆزىدەك ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى تۇغ-
چى لەشكەرلەر كۆتۈرۈۋالغان يۈزلىگەن تۇغ - ئەلەملەر كۆكتە
ھەيۋەتلىك لەپىلدەيتتى.
ئىسمائىلخانمۇ سەركەردىلىرىنى باشلاپ يولۋاسخان بىلەن
يۈز قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ توختىدى. مەلىكە مۆھتەرەم خې-
نىمنىڭ بايا كۆرسەتكەن باھادىرلىقى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى
ۋەھىمە پۈتۈنلەي تارقىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئات ئۈستىدە تولىمۇ
مەغرۇر ئولتۇراتتى. ئىسمائىلخانىنىڭ دۇبۇلغا - ساۋۇت كى-
يىپ، تولۇق قوراللانغان سەركەردىلىرى ئارىسىدا ۋۇجۇدىدىكى
ۋەھىمىسى تېخىچە بېسىلمىغان مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان
ئېتىنىڭ تىزگىنىنى كەينىگە بۇراپ، جېنىنى ياقىغا ئېلىپ قا-
چىدىغاندەك ئەلپازدا تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. كۆزىنى ياۋ لەشكەر-
لىرىگە ئەمەس، ئېتىنىڭ بېشىغا تىكىۋالغانىدى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئى مۆھتەرەم تاغا، — دەپ ئات
ئۈستىدىلا ئىسمائىلخانغا سالام بەردى يولۋاسخان، — ئەھۋاللىرى

كۆرىدۇ تېخى بۇ سايىنىڭ خـانىقا ئـەمـەس، قەبرىگاھ ئىكەنلى-
كىنى،— دېدى ئىسمائىلخاننىڭ قېشىدا ئەينى يىلى سۇلتان
ئابدۇللاخان سوۋغا قىلغان ھېلىقى «قارا تۇلپار» غا مىنىۋالغان
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم مەنىستىمىگەن ھالدا، — قاراپ تۇرسى-
لا، خان ئاتا، مەن ئۇلارنىڭ بۇ جەررە ـ ساماسىنى ھازىرلا
توختىتىمەن.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم شۇنداق دېدى ـ دە، كۆن ئوقدان-
دىن بىر تال ساداقنى ئېلىپ ياغا سالدى ـ دە، ئېتىنى يەڭگىل
بىقىندىدى. شۇ ھامان قارا تۇلپار ياۋ لەشكەرلىرى سېپىگە ئوق-
تەك ئۇچتى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ياۋ سېپىگە قىرىق ـ
ئەللىك قەدەم ئارىلىق قالغاندا، سەپنىڭ ئالدىدىكى ئات ئۈستىدە
بەخىرامان ئولتۇرغىنىچە جەررە ـ ساماغا ماسلىشىپ بېشىنى
ئالدى ـ كەينىگە گىلدىڭلىتىپ تۇرغان سەركەردىنىڭ كۆزىنى
نىشانلاپ يانىڭ كىرىچىنى قويۇۋەتتى. ۋىژىلداپ ئۇچۇپ بارغان
ساداق بىخەستە تۇرغان سەركەردىنىڭ نەق سول كۆزىگە بېرىپ
قادالدى، ھېلىقى سەركەردە يارىلانغان شىردەك دەھشەتلىك ھۆر-
كىرەپ ئات ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ يىقىلدى. شۇ ھامان ياۋ
لەشكەرلىرىنىڭ سېپى قالايمىقانلاشتى. پەلەكنى قوچـقان
جەررە ـ سـاما سـادالىرى باش تەرەپتىن پەسىيىپ بارغىنىچە
ئاستا ـ ئاستا توۋەنلىدى، كېيىن پۈتۈنلەي ئۆچتى.

ئىسمائىلخان يېنىغا چاقماق تېزلىكىدە قايتىپ كەلگەن جى-
يەن قىزى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ بۇ كارامىتىگە ھەم
ھەيران بولدى، ھەم قايىل بولدى. مەلىكىنىڭ بۇ باھادىرلىقىنى
ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئاقسۇ قوشۇنلىرى بارىكاللا ئېيتىشتى.
جەررە سادارىدىن ۋۇجـۇدىنى قـاپلىۋالغان ۋەھىمە تارقىلىپ،
سۈرەن ـ چۇقان سېلىشىپ نەرە تارتىشقا باشلىدى.

ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ ئوقياچىلىرى بىر ـ بىرىگە
قارىتىپ بىر پەس ئوقيا ئېتىشتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەر-

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئالىيلىرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان
ئۆدۈم بويىچە، خانىنىڭ چوڭ ئىنىسى بولمىش ماڭا مەنسۇپ
بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئاكام سۇلتان ئابدۇللاخان بۇ
ئۆدۈمنى بۇزۇپ، ئۆز پۇشتى بولمىش چوڭ ئوغلى بولغان سىز
شاھزادىگە تەختنى ئۆتۈنۈپ بېرىش نىيىتىدە ۋەلىئەھدىلىك يار-
لىقىنى ماڭا ئەمەس سىزگە چۈشۈردى. بىز ئىنىلىرىنى دۈشمەن
قاتارىدا كۆرۈپ، ئوردىدىن چەتلەشتۈرۈش مەقسىتىدە ياقا
يۇرتلارغا ئەۋەتىۋەتتى. خۇدانىڭ بۇيرۇغىنى شۇ ئوخشايدۇ دەپ،
بۇنىڭغىمۇ مەيلى دېدۇق. ئەمما، سىز تەختتە ئولتۇرۇشقا ئالدى-
راپ، پوستىڭىزغا كىرىۋالغان بىر قىسىم سۇخەنچى، قارا يۈز،
ناشۇكۇر مۇناپىقلارنىڭ كۇشكۇرتىشى بىلەن ئۆز ئاتىڭىزغا چاپقۇن
قىلدىڭىز، ھەتتا ھەددىڭىزدىن ئېشىپ ئاستانىگە لەشكەر تارتتى-
ڭىز. ئاتا نەسىھەتىگە قۇلاق سالماي ياتلارنىڭ گېپىگە كىردى-
ڭىز، ئاخىرىدا ئۆز قېرىندىشىڭىز بولمىش سۇلتان ئابدۇمۆمىن-
خان شاھزادىنى ئۆلتۈرۈپ تەختنى تارتىۋالدىڭىز. ئەسلىدە مۇ-
شۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلسىڭىز ياخشى بولاتتى. ئەمما، خان-
لىق قانۇن - جاساقلارغا ئۆز بېشىمچىلىك بىلەن تۈزىتىش كىر-
گۈزۈپ، سۇلۇك تەرغىباتى ۋە سۇلۇك تەقىبى ئېلىپ باردىڭىز.
مۇشۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن بىگۇناھ، ئاددىي ئاۋام رەھىمسىزلەرچە
ئۆلتۈرۈلدى، خانۋەيران بولدى. ئەل - يۇرت ئازاب دېڭىزىدا
قالدى. ئاتا كۆرگەن تەۋەررۈك ئەمىرلەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشلە-
تىشتە يوق ئۇلارغا ئاسىي دېگەن بوھتاننى چاپلاپ كاللىسىنى
ئالدىڭىز، خورلىدىڭىز، مانا ئەمدى نومۇس قىلماي مەندەك ئاتا
يوللۇق تاغىڭىزنى جازالىماق بولۇپ لەشكەر تارتىپ كېلىپسىز.
ئېيتىڭا، ھەممە نىيەت - ئىقباللىڭىز ئوپئوچۇق تۇرسا، ئاۋارە
بولۇپ يوشۇرۇشىڭىز نەھاجەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزدەك بىر ئاتا
قاتىلىدىن قانداقمۇ ۋاپا كۈتكىلى بولسۇن.
— سىزنى ئاشۇ ئاسىي مۇرتەتلەر ئازدۇرۇپ كېتىپتۇ،

ياخشىمۇ؟
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، شاھزادەم، — دېدى ئىسمائىلخان. مۇ سالامنى ئىلىك ئېلىپ، يولۋاسخاننى خان ئالىيلىرى دەپ ئاتىماستىن، — بۇنچە ھەرەج تارتىپ ئاقسۇ دىيارىغا قەدەم كەلتۈرۈشلىرىنىڭ بائىسى نېمىكىن؟
— تەشۋىشلەنمىگەيلا، تاغا، — دېدى يولۋاسخان ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشىپ، — ئاقسۇ دىيارىغا قەدەم كەلتۈرۈشۈمنىڭ بائىسى شۇكى، بىرىنچىدىن، سىزكى قېرىندىشىم بولمىش ئاغائى بۇزرۇكقا سالام بېرىش؛ ئىككىنچىدىن، تەسەررۇپ زېمىنىم بولمىش بول ئاقسۇ ھۇدۇتلۇقىنى كۆزدىن كەچۈرۈش. بۇنىڭدىن ئۆزگە مۇددىئايىم يوقتۇر.
يولۋاسخان ئۆزىنىڭ خاقانلىق ئورنىنى پەش قىلىش ئارقىلىق ئىسمائىلخانغا ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر يۇرتنىڭ نائىبى ۋە ئەمىرى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىۋاتاتتى.
— مېھماندارچىلىققا كەلدىم دېگىنىڭىز بىلەن ئارقىڭىزدا قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇرغان تۈمەنلىگەن لەشكەرلىرىڭىز تۇرسا، نېچۈن تەشۋىشلەنمىگەيمەن، شاھزادەم.
— بۇ لەشكەرلەر سىزگە قىلچىلىك زەرەر يەتكۈزمىگەي، تاغا، — دېدى يولۋاسخان، — پەقەت سىزنىڭ ھامىيلىقىڭىزغا ئېرىشكەن ئەھلى سۇلۇكىمىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى مۇرتەت خوجا ئابدۇللا ئىشان بىلەن خانلىقىمىزنىڭ ئاسىيسى ئەمىر مىرزا باباقبەگ قاتارلىق مۇناپىق، ساتقۇن ئەمىرلەرنى تاپشۇرۇپ بەرسىڭىزلا لەشكەرلىرىم ئاستانىگە قايتىدۇ. سىزمۇ بۇ ھۇدۇتلۇقتا خاتىرجەم نائىب ۋە ئەمىرلىكتە قېلىۋېرىسىز...
— بولدى بەس! — دەپ ۋارقىرىدى ئىسمائىلخان، — تولا ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ، شاھزادەم. كىمنىڭ خانلىقىمىزنىڭ ئاسىيسى ئىكەنلىكىنى مەن ئوبدان بىلىمەن. ئەسلىدە خانلىق سەلتەنىتى ئاكام سۇلتان ئابدۇللاخاندىن كېيىن، بابائى بۇزرۇك

مان يولۋاسخان قوشۇنىنىڭ ئوڭ ـ سول ۋە ئارقا تەرىپىدىن ئۈچ توپ لەشكەرلەر ئاتلىرىنىڭ قۇيرۇقىغا قورۇق شاخلارنى سۆرە-تىپ، سايدا قويۇق توپا ـ تۇمان پەيدا قىلغىنىچە ياۋ قوشۇنىغا ھۇجۇم باشلىدى. ئاسمان ـ پەلەككە كۆتۈرۈلگەن توپا ـ تۇمان ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىققان لەشكەرلەرنىڭ سانىنى بىلەلمىگەن يولۋاسخان لەشكەرلىرى ساراسىمىگە چۈشتى، جەڭ سېپى بۇزۇل-دى. ئۇلار يا ئالدىدىكى ياۋغا تاقابىل تۇرۇشنى، يا كەينىدىن كەلگەن دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىرىدى، جاسارىتى سۇسلاشتى.

بىر توپ قورۇقچى لەشكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا يولۋاسخان لەشكەرلىرىنىڭ سېپىگە باستۇرۇپ كىرگەن مىرزاباباقبەگ ئاۋا-زىنىڭ بارىچە توۋلىماقتا ئىدى:

— ئى ئاستانىنىڭ باھادىر ئارسلانلىرى، مەن سىلەرنىڭ ئەمىرىڭلار مىرزا باباقبەگ بولۇرمەن. ئەدلۇ ئادالەتنى ياقلايدىغا-نىڭلار ماڭا ئەگىشىڭلار. تەخت ئوغرىسى يولۋاسخانغا ئەگىشىپ بىھۇدە قان تۆكمەڭلار. بۈيۈك سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ ھەقىقىي تىنچلىقىنى قوغداشنى خالايدىغىنىڭلار مەن بىلەن يۈرۈڭلار. ئى ئاستانىنىڭ باھادىر ئارسلانلىرى، مەن سىلەرنىڭ ئەمىرىڭلار مىرزا باباقبەگ بولۇرمەن...

مىرزا باباقبەگنى كۆرۈپ تونۇغانلار، ئاۋازىنى ئاڭلاپ پەرق ئەتكەنلەر دەرھال ئەتراپىدىكى سەپداشلىرىغا خەۋەر يەتكۈزۈپ، مىرزا باباقبەگنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى ـ دە، نەيزىسىنىڭ ئۇچىد-نى كەينىگە قاراتتى.

جەڭ سېپىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتكىنىنى، لەشكەرلەرنىڭ جاسارىتىنىڭ سۇسلاپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرگەن يولۋاسخان ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلىپ لەشكەرلىرىگە ئۆز قارار-گاھلىرىغا چېكىنىشكە پەرمان چۈشۈردى.

يولۋاسخان لەشكەرلىرىنىڭ چېكىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،

تاغا، — دېدى يولۋاسخان گەپ يورغىلىتىپ، — شۇ تاپتا سىزگە يۇرەك - باغرىمنى يېرىپ كۆرسەتسەممۇ بىھۇدە ئاۋارە بولىدىغان ئوخشايمەن. سىزگە ئەڭ ئاخىرقى مەسلىھەتىم شۇكى، ئاقسۇدىكى ئاۋام - رەئىيەتنى بالا - قازادىن ساقلاپ قالاي، بۇ ھۇدۇتلۇقتا ئىززىتىم بىلەن يۇرتدارچىلىق قىلاي، دېسىڭىز، ھېلىقى مۇرتەت ئاسىيلارنى ئۆز قولىڭىز بىلەن باغلاپ ماڭا تاپشۇرۇڭ. قالدى ئىشلار سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزچە بولسۇن.

— مېنىڭمۇ شۇنداق قىلغۇم بار. ئەمما، باشقىلار ئۇنىماسمىكىن، — دېدى ئىسمائىلخان يولۋاسخاننى قەستەن كولدۇرلىتىپ.

— كىمكەن ئۇ سىزنىڭ گېپىڭىزگە كىرمەيدىغان؟

— ئەنە ئاۋۇ باھادىرلار، — دېدى ئىسمائىلخان مەسخىرىلىك كۈلگىنىچە ئارقىسىدىكى لەشكەرلەرنى كۆرسىتىپ.

يولۋاسخان تاغىسىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ غەزەپتىن تىترىدى، چىشلىرى غۇچۇرلىدى.

— مەيلى ئەمىسە، ھۆرمەت قىلمىدى دەپ مەندىن رەنجىمىگەيسىز، — يولۋاسخان شۇنداق دېدى - دە، ئارقىسىغا قاراپ قامچىسىنى شىلتىدى، — قېنى سەركەردە، لەشكەرلىرىم، بۇ ئاسىي مۇرتەتلەرنى رەھىم قىلماي قىرىڭلار.

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى بىر - بىرىگە قاراپ شىددەت بىلەن تاشلاندى. قىلىچلار نەق بويۇننى نىشانلاپ چېپىلدى. نەيزىلەر دەل يۈرەكنى نىشانلاپ سانجىلدى. جەڭ قوراللىرىنىڭ بىر - بىرىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلۇشىدىن چىققان جاڭ - جۇڭ، جاراق - جۇرۇق سادالىرى بىلەن تىغ زەربىسىدىن ئېچىنىشلىق نالە قىلغان لەشكەرلەرنىڭ نالە - پەريادى پۈتكۈل ساينى لەرزىگە كەلتۈرمەكتە ئىدى.

شۇ ئەسنادا ئىسمائىلخان قوشۇنىدىن جەڭ دۇمباقلىرى گۈمبۈرلەپ، بۆكتۈرمىدىكى لەشكەرلەرگە بەلگە بەردى، شۇ ھا-

يولۋاسخان سەيخانىسىغا تولدۇرۇپ نەشە سېلىنغان، دەستىـ
ـسىگە قىممەت باھالىق رەڭدار تاشلاردىن كۆز قويۇپ نەقىشلەنگەن
چىرايلىق چىلىمنى خۇمارلىق بىرنەچچىنى شورىۋەتكەندىن كې-
يىن ھىدايىتۇللا ئىشانغا تەڭلىدى.

— چېكىپ قويسىلا، پىرىم، ھاردۇقنى ئالىدۇ.

ئىشان گەپ - سۆزسىز چىلىمنى قولىغا ئالدى - دە،
خۇددى دەم تارتىپ كەتمەكچى بولغاندەك، بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن
شورىۋىدى، ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن يەڭدەك كۆكۈچ تۈتـۈن
تۈرۈلۈپ - تۈرۈلۈپ چىقتى. بارگاھى ئالىيدىكى ئىككى مەھرەم
ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرىنى يۇمشاق تۇتۇۋاتاتتى.

— لەشكەرلەرنى ناماز ئوقۇشقىمۇ قويماي ئۇخلاشقا پەرمان
بەردىلە، ئانھەزرىتىم، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان كۆڭلىدىكى
تۈگۈچنى يېشىشقا ئىرىشىپ، — دېمىسىمۇ ئۇلار بەك چارچاپ
كەتتى، ئارام ئالمىسىمۇ بولماس. ئەمما، ياۋ لەشكەرلىرى بۇر-
نىمىزنىڭ تېگىدىلا تۇرۇپتۇ. تۈنجى جەڭدە نۇسرەت ئۇلارغا يۈز-
لەندى. ئالمادىن ئۇلار قارىنىنى توقلىۋالغاندىن كېيىن، غەلە-
بىسىگە تەمەننا قويۇپ قارارگاھىمىزگە باستۇرۇپ كېلىپ
قالسا...

— خاتىرجەم بولسىلا، بۇزرۇكۋارىم، — دېدى يولۋاسخان
ئىشاننىڭ ئاغزىدىكى گەپنى تارتىۋېلىپ، — ئۇلارمۇ ھاردى،
چارچىدى. لەشكەرلىرىنى تەرتىپكە سالىدۇ، ئەڭ تېز كەلگەندىمۇ
خۇپتەندىن بۇرۇن قارارگاھىمىزغا تېگىش قىلالمايدۇ.

مەھرەملەر داستىخان سېلىپ داستىخان ئۈستىنى دۈملەپ
پىشۇرغان قوزا گۆشى، باچكا كاۋپى، بادام - ياڭاق مېغىزى
ۋە ياغلىق توقاچ بىلەن كۆمۈۋەتتى.

— شاراب كەلتۈرۈڭلار، — دېدى يولۋاسخان قاپىقىنى

ئىسمائىلخانمۇ لەشكەرلىرىگە جەڭنى توختىتىشقا بۇيرۇق بەردى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئېلىپ بېرىلغان شىددەتلىك مەيدان ئۇرۇشىدا يولۋاسخاننىڭ ئۇيقۇسىزلىق، سەپەر هاردۇقى چىرمىۋالغان لەشكەرلىرىدىن ئۈچ مىڭدىن ئارتۇقى جېنىدىن جۇدا بولغانىدى. ئۈچ مىڭغا يېقىن لەشكىرى ئېغىر جاراھەتلەنگەنىدى. مىرزا باباقبەگكە ئەگىشىپ، ئىسمائىلخانغا ئۆتۈپ كەتكەنلەرنىڭ سانىمۇ بەش مىڭدىن ئاشقانىدى. هىدايىتۇللا ئىشاننىڭ سوپى لەشكەرلىرىنىڭ يېرىمى دېگۇدەك قىرىلىپ كەتكەنىدى. ئىسمائىلخان قوشۇنىدىنمۇ مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر ئۆلگەن، ئىككى مىڭغا يېقىن لەشكەر ئېغىر يارىلانغانىدى.

يولۋاسخان لەشكەرلىرىگە يەتكەن بۇ ئېغىر تالاپەتتىن ۋە ئاستانە مۇهاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ قىلغان ئاسىيلىقىدىن قاتتىق غەمگە پاتتى. بارگاھى ئالدىغا يوقلاپ كەلگەن پىر ئۇستازى هىدايىتۇللا ئىشانغىمۇ قاپىقىنى تۈرۈپ چىراي ئاچمىدى.

## 6

— بارلىق قارارگاھلارغا پەرمان، — دېدى يولۋاسخان قورقۇپ تىترەپ تۇرغان ياتىشبېگىگە قاراپ، — لەشكەرلەر قورسىقىنى توقلىۋالغاندىن كېيىن پېشىن، ئەسىر نامازلىرىنى ئوقۇماي، قېنىپ ئۇخلىۋالسۇن.

يولۋاسخاننىڭ بۇ غەلىتە پەرمانى خوجا هىدايىتۇللا ئىشاننى تەئەججۇپكە سالدى. «پېشىن، ئەسىر نامازلىرىنى ئوقۇمىسۇن دېگىنى قانداق گەپ ئۆزى. بۇمۇ لەشكىرىي تەدبىرمىدۇر. بۇنداق ۋاقىتتا نامازنى قازا قىلىش ئەمەس، بەلكىم ۋاقتى - قەرەلىدە ئۆتەپ، ئاللاتائالادىن غەلىبە - نۇسرەت ئاتا قىلىشنى تىلەش كېرەك ئىدىغۇ ...»

# 7

بارگاھى ئالىيغا يىغىلغان ئىسمائىلخاننىڭ بارلىق سەركەر-
دىلىرى غەلىبە تەنتەنىسىگە چۆمگەنىدى.
— ئەمىر مىرزا باباقبەگ جانابلىرىنىڭ بۇ تەدبىرى ھەقىقە-
تەن قالتىس ئۈنۈم بەردى.
— شۇنى دېسىلە، خېلى جەڭلەرنى كۆرگەنمەن. لېكىن،
بۈگۈنكىدەك ئاز لەشكەر بىلەن كۆپ لەشكەرنى ۋەسۋەسىگە سې-
لىپ غەلىبە قىلغاننى كۆرمەپتىكەنمەن.
— تەدبىر پۇختا بولسا، لەشكەرلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىدىن
ئانچە ۋايىم يېمىگۈلۈك ئىكەن.
— مىرزا باباقبەگ جانابلىرىنى مەرھۇم ئەمىرى كەبىر ھىن-
دىقۇش مىرزا جانابلىرى بىلەن بىرقانچە قېتىم جەڭبازلىق ماھا-
رىتىدە بەسلىشىپ بېقىپتىكەن، دەپ ئاڭلىغۇدىم، ھەر ئىككىلى-
رى بىر - بىرلىرىنى يېڭەلمەپتىكەنلا...
— مەرھۇم ھىندىقۇش مىرزا خانلىقىمىزنىڭ ئەڭ بۈيۈك
سەركەردىسى ئىدى، — دېدى مىرزا باباقبەگ ھەسرەتلىك
تىنىپ، — ئول مۆھتەرەم ئۇستاز بىلەن بىرنەچچە قېتىم سىنى-
شىپ باققىنىم راست، ئەمما بۇ خېلى بۇرۇنقى ئىشلار. يىلىكى-
مىز راسا توشقان قىران مەزگىللىرىمىز ئىدى. ھىندىقۇش مىرزا
يالغۇز لەشكىرىي تەدبىردە ئەمەس، ئەخلاق - پەزىلەتتىمۇ كاما-
لەتكە يەتكەن كەڭ قورساق، ئەپۇچان ئادەم ئىدى. شەمشەربازل-
ىق، نەيزەبازلىقتا مەن ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ تەڭتۇشى ئەمەس
ئىدىم.
— ئەمىسە تەڭلىشىپ قاپتىكەنلىغۇ، ئۇستاز، — ئالدىراپ
سورىدى بۇ ئىشقا تولىمۇ قىزىققان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم.
— بۇ ئىش مەرھۇم ھىندىقۇش مىرزا بىلەن ئىككىمىزنىڭلا

تۇرۇپ. شۇ ھامان مەھرەملەر داستىخانغا ئىككى خۇمرا شاراب بىلەن ئىككى كۇمۇش كاسا كەلتۇردى - دە، كاسىغا لىقلاپ شاراب قۇيدى.

— قېنى ئالسىلا، بۇزرۇكۋارىم. شاراب ئىچكەچ قورساقنى راسا بىر ئەستەرلەيلى، — دېدى يولۋاسخان باچكا كاۋپىنى ئىشـتىها بىلەن يېگەچ. ھىدايىتۇللا ئىشان يولۋاسخان بىلەن پات - پات شاراببازلىق قىلىپ ئۇلپەتلىشەتتى. شەرىئەت ئەھكاملىرىغا قاتتىق رىئايە قىلىپ ئادەتلەنگەن ئاددىي خەلق، ئىسلام ئەقىدىسىدە ھارام دەپ چەكلەنگەن شارابنى ئىچىش تۇگۇل، شاراب ئىچىلـگەن قاچىلاردىمۇ تاماق يېيىشنى قاتتىق گۇناھ، دەپ بىلەتتى. دىن پېشۋاسى، سۇلۇك يولباشچىسى، ئەۋلىيا، قۇتبىل - ئەقـتاب، سۇلتانۇل - مۇھەققىقىن، ۋەلىيۇللا دەپ قاتتىق چوقۇنىـدىغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ كۆن ئاتلاپ شارابخورلۇق قىلىدىغانلىقىنى زىنھار بىلمەيتتى، ھەتتا خىيالىغىمۇ كەلتۇرـمەيتتى. يۇمشاق قوزا گۆشى، تەملىك ۋە قۇۋۋەتلىك باچكا كاۋـپىنى تويغۇچە يەپ، شارابنى قانغۇچە ئىچكەن ھىدايىتۇللا ئىشان خېلى ئۇبدان كەيپ بولغان بولۇپ، مۇگدەشكە باشلىغانىدى.

— قانـداق، ئەمـدى بـىرئاز ئارام ئېلىۋالامىلا، بۇزرۇكۋاـرىم، — دېدى يولۋاسخان ھىدايىتۇللا ئىشاننى يەڭگىل نوقۇپ.

ئىشان چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى - دە: «خوش، شۇنداق قىـلايلى» دېگىنىچـە ئورنىدىن قوزغالدى ۋە شاراب كەيپىدە ئەلەڭ - سەلەڭ دەسسىگىنىچە ئۆزىنىڭ خاس چېدىرىغا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا كۈن ئولتۇرغان بولۇپ، زېمىنغا تۈن پەردىسى يېيىلىشقا باشلىغانىدى.

لاپ، سەركەردە - لەشكەرلەر مېنىمۇ خۇددى بۈيۈك ئەمىر ھىن-
دىقۇش مىرزىنى كۆرگەندەك كۆرۈپ، ھۆرمەتلەيدىغان، ھەرقان-
داق بۇيرۇقۇمغا سۆزسىز ئىتائەت قىلىدىغان بولدى. ھىندىقۇش
مىرزىمۇ تىنچ ۋاقىتلاردا لەشكىرىي ئىشلارنى ماڭا تاشلاپ بې-
رىپ، ئۆزى خاتىرجەم ئارام ئالاتتى.

— سەركەردە، لەشكەرلەر ئالدىدىكى يۈز - ئابرۇيلىرىنى
ھىندىقۇش مىرزا تىكلەپ قويۇپتىكەن - دە.

— شۇنداق، مەلىكەم، بۇنداق شەرەپكە ئېرىشكەن يالغۇز
مەنلا ئەمەس، مەرھۇم چۆبىك مىرزا قاتارلىق بىر قانچە سەركەر-
دىلەرمۇ ھىندىقۇش مىرزا بىلەن جەڭبازلىق ماھارىتىدە سىنى-
شىپ تەڭلىشىپ قالغانىدى.

— ھە، ئۇلارغىمۇ ھىندىقۇش مىرزا يۈز - خاتىر قىلىپ،
يېڭىۋالماي تەڭلىشىپ يۈز - ئابرۇيىنى كۆتۈرۈپ قويۇپتى-
كەن - دە.

— ھىندىقۇش مىرزىنى جەڭبازلىق ماھارىتى ۋە لەشكىرىي
تەدبىردە يېگانە ئىستىبدات ئىگىسى دېيىشكە بولاتتى. ئۇ كىشى
قورسىقىدىكى ئىلىم - ماھارىتىنى بىزدىن ئايىغان ئەمەس. شۇ
سەۋەبتىن مەنمۇ ئانچە - مۇنچە جەڭ تەدبىرلىرىنى تۈزۈشنى
بىلىمەن. ھىندىقۇش مىرزا بىر كىمنىڭ ماھارىتىگە ئانچە ئالدى-
راپ قايىل بولمايتتى. ئەمما، مەلىكەمنىڭ ئوقيا ئېتىش ماھارى-
تىگە قايىل بولۇپ، بىرقانچە قېتىم ماختاپ بەرگەن.

— شۇنداق گەپمۇ بارمىتى تېخى، — دېدى مەلىكە مۆھتە-
رەم خېنىم ئۆزىنى ئۇ بۈيۈك سەركەردىنىڭ ماختىغىنىنى
ئاڭلاپ.

— شۇنداق، مەلىكەم. ئەينى يىلى شاھزادە يولۋاسخانغا جازا
يۈرۈشى قىلغاندا قىزىلنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى جەڭدىن خان يارلىقى
بويىچە سىلىنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سىلىنىڭ
جەڭدە ساتقۇن مىرزا يۇسۇپبەگنى ئۆلتۈرۈپ كۆرسەتكەن باھادى-

ئوتتۇرىسىدىكى سىر.

— ئېيتىپ بەرسىلە، ئۇستاز، بىزمۇ بىلىپ قالايلى،— دېدى مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم ئالدىراپ.

— ماقۇل ئېيتىپ بېرەي، — دېدى مىرزا باباقبەگ كۈلۈپ،— ئاشۇ بىر قېتىملىق بەسلىشىشتە ھىندىقۇش مىرزا ئەتراپىمىزدا تاماشا كۆرۈپ تۇرغان سەركەردىلەر ۋە مىڭلىغان لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا مېنىڭ يۈز - ئابرۇيۇمنى ئاياپ، ماھارىتىمنى تولۇق كۆرسەتمەي ئېلىشىپ، ماھارەت سىنىشىشنى مەن بىلەن تەڭلەشكەن ھېسابتا ئاخىرلاشتۇرغانىدى.

— ھە، بۇنداق ئىش ئىكەن - دە، — دېدى مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم ئانچە قايىل بولماي، — بۇ ھىندىقۇش مىرزا تازا قىزىق ئادەم ئىكەن. بۇ دېگەن ئادەتتىكى بىر بەسلىشىش تۇرسا، شۇنىڭغىمۇ يۈز - خاتىر قىلىش كېتەمدۇ ئەمدى.

— ھەممە ئادەم سىلىگە ئوخشاش يۈزسىز ئەمەس، مەلىكەم، — دېدى مىرزا باباقبەگ كۈلۈپ، — ئەينى يىلى سىلى ئوقيا ئېتىش، شاھمات ئويناشتا سۇلتان ئابدۇللاخان ئالىيلىرىدىغىمۇ يۈز - خاتىر قىلمىغان.

— ھە، شۇنداق، — دېدى مەلىكە كۈلۈپ، — شۇ چاغدا خان ئاتام يېڭىلىپ قىلىپمۇ يۈز - ئابرۇيى چۈشۈپ كەتمىدىغۇ، ئەينا.

— ئۇ دېگەن خان ئالىيلىرى - دە، — دېدى مىرزا باباقبەگ، — خان ئالىيلىرى يەڭسە - يېڭىلسە بەرىبىر، يەنە تەختتە ئولتۇرۇپ، پەرمان - يارلىق چۈشۈرۈۋېرىدۇ. ئۇنىڭ ئىجراسىنى بىز ئەمىرلەر بېجىرىمىز، ئەمما ئاشۇنداق ئاددىي بىر سىنىشىشنىڭ بىزدەك ئادەتتىكىدەك ئەمىرلەرگە بېرىدىغان تەسىرى باشقىچە بولىدۇ. ئەينى يىلى ھىندىقۇش مىرزىنىڭ يۈز - خاتىر قىلىشى بىلەن بولغان سىنىشىشتا، سەركەردە - لەشكەرلەرگە تەڭلىشىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىۋىدۇق، شۇ كۈندىن باش-

ده ـ لەشكەرلەرنىڭ تۆھپىسى بار، — دەپ سۆز ئالدى باياتىن بىرى جىم ئولتۇرغان شاھزادە ئىسمائىلخان، — ئەمما، مىرزا باباقبەگ جانابلىرىنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئالاھىدە بولدى. جەڭدە غەلىبە قىلىشىمىزدا دانا تەدبىر كۆرسىتىپلا قالماي، تېخى ياۋ قوشۇنى ئارىسىدىن بەش مىڭدىن ئارتۇق خىللانغان ئاتلىق لەشكەرنى ئەل قىلدۇرۇپ، قوشۇنىمىزنىڭ كۈچىنى زورايتتى. كۆڭلۇمدىكى گەپنى قىلسام، مىرزاباباقبەگ جانابلىرىغا ئاقسۇغا كەلگەن ھامان لايىقىدا بىرەر مەنسەپ ـ مەرتىۋە ھەدىيە قىلىش ئويۇم بار ئىدى. ئەمما، باشقا سەركەردىلەرنىڭ قايىل بولماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، بۇ ئويۇمدىن ۋاقتىنچە ۋاز كەچكەنىدىم. مانا بۈگۈن ئەمىر جانابلىرى ئۆزىنىڭ يېگانە ئىستېداتى بىلەن ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسىتىپ بارلىق سەركەردە ـ سەرۋازلارنى قايىل قىلدى. شۇڭا، قوشۇنىمىزنىڭ ئەمىرۇل ئۆمەرالىقىغا[1] تەيىنلىدىم.

ئىسمائىلخاننىڭ ئاغزاكى پەرمانى ئاخىرلىشىشى بىلەن بارلىق سەركەردىلەر «مۇبارەك بولسۇن» دېيىشىپ مىرزا باباقبەگنى قۇتلۇقلاشتى.

— ماڭىچۇ، ماڭىمۇ بىرەر مەنسەپ ـ مەرتىۋە ئىنئام قىلسىلا، خان ئاتا، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم كۈلۈپ، ئەركىلەپ، — مېنىڭ بۈگۈنكى جەڭدە كۆرسەتكەن تۆھپەمنى كىچىك كۆرۈپ قالىلمۇيا.

— چاقچاق قىلماڭ، مەلىكەم، — دېدى ئىسمائىلخان كۈلۈپ، ـ سىز دېگەن بىر قىز بالا تۇرسىڭىز.

— قىز بالا بولسام نېمە بولۇپتۇ، — دېدى مەلىكە بىر ئاز رەنجىپ، — سىلى مېنى داۋاملىق قىز بالا دەپ كۆزلىرىگە ئىلمايلا. مىرزا باباقبەگ ئۇستاز بىلەن شىرئەلى باھادىر ئارىغا

---

① ئەمىرۇل ئۆمەرا — ئەمىرلەر ئەمىرى، باش قوماندان.

لىقلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ: «ئەگەر ياش ۋاقتىمدىكىدەك كۆزلە-
رىم ئۆتكۈر بولغان بولسا، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بىلەن مەر-
گەنلىكتە سىنىشىپ باققان بولاتتىم. ھەيتاڭەي، شۇ چاغدىمۇ بۇ
مەرگەن مەلىكىدىن يېڭىلىپ قالار بولغىيتتىم. چىنىگەن نەرسى-
سىگە تەگكۈزمەي قويمايدىكەن ئەمەسمۇ بۇ مەلىكە» دېگەنىدى.
بولۇپمۇ سىلىنىڭ ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىپ بارغان قارا تۇلپار-
نىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، شاققىدە كەينىلىرىگە بۇرۇلۇپلا ئوقيا
ئېتىپ، قوغلاپ كېلىۋاتقان مىرزايۇسۇپبەگنىڭ كۆزىنى قويۇۋەت-
كەن ماھارەتلىرىگە بەكمۇ قايىل بولغانىكەن، — مىرزا باباقبەگ
ئەتراپىدىكى سەركەردىلەرگە قاراپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇر-
دى، — مەرھۇم ھىندىقۇش مىرزا: «چېپىپ كېتىپ بارغان ئات
ئۈستىدە كەينىگە قايرىلىپ ئوقيا ئېتىش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ
بۇرۇنقى جەڭبازلىق ماھارەتلىرىدىن بىرى. بۇنداق ماھارەتنى
خېلى مەنمەن دېگەن سەركەردىلەرمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ كۆرستەل-
مەيدۇ. كەينىگە قايرىلىپ ئوقيانى ئاتتى دېگەندىمۇ، چىنىگەن
نەرسىگە دەل تەگكۈزەلىشى ناتايىن. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بۇ
ماھارەتتە ھەقىقەتەن كامالەتكە يېتىپتۇ» دەپ سىلىنى بىرقانچە
قېتىم ماختىغانىدى، مەلىكەم.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ بۇ تەرىپىنى ئاڭلاپ ئاقسۇ
قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرى مەلىكىگە تېخىمۇ بەك قايىل
بولۇشتى.

— راست، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ئوقيا ئېتىش ماھا-
رىتى ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن. بىسمىللا دېمەستىن ياۋ سەر-
كەردىسىنىڭ بىر كۆزىنى يا ئوقى بىلەن قويۇۋەتتى ئەمەسمۇ.

— شۇنداق، مەلىكەمنىڭ بۇ ماھارىتى بىلەن لەشكەرلىرى-
مىزنىڭ جاسارىتى نەچچە ھەسسە كۆچىيىپ كەتتى. بۈگۈنكى
جەڭنىڭ غەلىبىسىدە مەلىكەمنىڭمۇ بىر ئۇلۇش تۆھپىسى بار.

— بۈگۈنكى جەڭدە نۇسرەت قازىنىشىمىزدا بارلىق سەركەر-

— كىچىككىنە بىر ئاجىزەگە سەركەردىلىك مەرتىۋىسى بېرىپ، لەشكىرىي ئىشلارغا ئارىلاشتۇساق، قاملاشمىسىكىن، ئالىيلىرى، — دېدى نارازى بولغان مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

شۇ تاپتا ئىشان مەلىكىنىڭ جەڭبازلىق ماھارىتىگە ۋە سەركەردىلىك مەرتىۋىسىگە ھەسەت قىلىۋاتاتتى. چۈنكى ئىشاننىڭ ئادەتتىكى لەشكەرلەرچىلىكمۇ لەشكىرىي ماھارىتى يوق ئىدى. ئىلگىرى بىرقانچە قېتىملىق لەشكىرىي يۈرۈشلەرگە قاتناشقان بولسىمۇ، قىر - چاپ سادالىرى پەلەكنى قۇچقان، يىگىتلىك جاسارىتىنى سىنايدىغان، جەسەتلەر دۈۋىلىنىپ، قانلار ئېرىق بولۇپ ئېقىۋاتقان جەڭگاھقا بىر قېتىممۇ نەرە تارتىپ كىرىپ باقمىغانىدى. ئىسمائىلخان ئۇنىڭغا قول بېرىپ مۇرىت بولغىنى بىلەن، پىر بۇزرۇك دەپ ئالاھىدە ھۆرمىتىنى قىلغىنى بىلەن، تېخىچىلا ئۇنىڭغا رەسمىي يوسۇندا بىرەر مەنسەپ - مەرتىۋە ئىنئام قىلمىغانىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ مۇنۇ مەلىكىچىلىكمۇ بولالمايۋاتاتتى.

— خاتىرجەم بولسىلا، ھەزرىتىم، — دېدى مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ، — مەن بۇ يىل ئون ئالتە ياشقا قەدەم قويدۇم. ئۆز ۋاقتىدا بابائى ئەجدادلىرىمىزدىن بۈيۈك پادىشاھ بابۇر مىرزا① ئالىيلىرىمۇ يەتتە ياش چېغىدا جەڭگە قاتنىشىپ سەركەردە بولغانىكەن.

مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان ئىسلامى شەرىئەتتىن سۆز ئېچىپ گەپ قىلماقچى بولدىيۇ، لېكىن يەنە مۇنازىرىلەشسە مەلىكىگە گەپ تېپىپ بېرەلمەي يېڭىلىپ قېلىپ يۈز - ئابرۇيىنى تۆكۈۋېلىشتىن ئەنسىرەپ ئاغزىنى ئۈمەللەپ تۇخ-

---

① بابۇر مىرزا — زوھۇرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483 — 1530) ھازىرقى ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستانلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بۈيۈك بابۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان ھەربىي سەركەردە، ھەربىي ئالىم، سۇلتان سەئىدخان بىلەن نەۋرە كېلىدۇ.

چۈشمىگەن بولسا، تاس قالاتتىلە مېنى مۇشۇ جەڭگىمۇ ئەكەلمەي ئاقسۇ قەلئەسىگە قاماپ قويغىلى.

مەلىكىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئۆز ۋاقتىدا سىزگە مەرھۇم ئاكام سۇلتان ئابدۇللاخانمۇ تەڭ كېلەلمەپتىكەن. نۇرغۇن ئىشلاردا رايىڭىزغا بېقىپتىكەن. ئۇلۇغ سەركەردە ھىندىقۇش مىرزىمۇ سىزنى گېپىگە كىرگۈزەلمەي تولا جوراپ ئاخىرى «غەلىۋىخور مەلىكە» دەپ ئاتاپتىكەن، — دېدى ئىسمائىلخان مەلىكىگە قايىللىق نەزىرى بىلەن قاراپ، — ئاشۇ ئۇلۇغلار يول قويغان يەردە مەن يول قويمىسام ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاتىكاچىلىق قىلغان بولۇپ قالغۇدەكمەن. بولۇپتۇ، سىزگە رەسمىي سەركەردىلىك مەرتىۋىسىنى بەردىم. مائاش - تەمىناتىڭىز باشقا سەركەردىلەر بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ھازىرچە بەش يۈز نەپەر خاس نۆكىرىڭىز، بىر يېرىم مىڭ لەشكەرىڭىز بولىدۇ. ئەمما بىر شەرتىم بار، چوقۇم قوبۇل قىلىسىز.

— ھېلىغۇ بىر شەرت ئىكەن. ئون شەرت بولسىمۇ مەيلى. قېنى ئېيتسىلا، خان ئاتا، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم خۇشاللىقتىن سەكرەپ.

— باشباشتاقلىق، ئۆز بېشىمچىلىك قىلمايسىز. ئىلگىرى سىزنى بىر مەلىكە دەپ قاراپ، باشباشتاقلىقىڭىزنى كەچۈرۈۋەتكەن، رايىڭىزغا باققاندۇق. ھازىردىن باشلاپ سىزگە مەلىكە تەرىقىسىدە ئەمەس، رەسمىي سەركەردە تەرىقىسىدە مۇئامىلە قىلىنىدۇ. لەشكىرىي ئىشلاردا ئەمىرۇل ئۆمرانىڭ پەرمانىغا شەرتسىز بويسۇنىسىز. ئۆز بېشىمچىلىق قىلسىڭىز لەشكىرىي جاساقا تارتىلىسىز، ھەتتا كاللىڭىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىڭىزمۇ مۇمكىن.

— بولدى، بۇ شەرتكە مەن رازى. دېگەنلىرىنى بەجانىدىل ئورۇندايمەن، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ۋەدە بېرىپ.

— مەلىكەمنىڭ دېگەنلىرى دۇرۇس، — دېدى مىرزا باباق-
بەگ قايىللىق بىلەن باش لىڭشىتىپ، — يولۋاسخان كۆپ جەڭ
كۆرگەن، لەشكىرىي ئىلىملەرنى خېلى پۇختا ئۆگەنگەن، قۇۋ
ئادەم، جەڭ تەدبىرى تۈزۈشكىمۇ خېلىلا ئېپى بار. مېنىڭچىمۇ
ئۇ بىزنى غەلىبىدىن مەغرۇرلىنىپ بىخۇدلاشتى، دەپ قاراپ
كېچىچە قارارگاھىمىزنى باسقىن قىلىشى مۇمكىن. ئايغاقچىلار-
نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، يولۋاسخان لەشكەرلىرىنىڭ قارارگاھىدىن
پېشىن، ئەسىر نامازلىرىغا توۋلانغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلانماپتۇ-
مىش. بۇ ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى ئۇخلىتىپ ئارام ئالدۇرۇۋاتقان-
لىقىدىن بېشارەت. كۈندۈزى ئۇخلىغان ئادەم چوقۇم كېچىسى
ئۇخلىمايدۇ. دېمەك، يولۋاسخان بۈگۈن كېچە قارارگاھىمىزغا
تېگىش قىلىشى مۇمكىن.

— ئەمىسە مۇۋاپىق بىر تەدبىر تۈزەيلى، — دېدى ئىسمائىل-
خان جىددىيلىشىپ.

سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى مىرزا باباقبەگكە قاراشتى. شۇ
دەقىقىدە شىرئەلى باھادىر بىلەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىممۇ مۇۋا-
پىق بىر تەدبىر ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئالدىن
مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ھەر ئىككىسى تەڭلا ئېغىز ئېچىشتى:

— مېھماننى ساھىبخانىسىز كۈتۈۋېلىش تەدبىرىنى
ئىشلىتەيلى.

ئۇلار گېپىنى دەپ بولۇپ بىر - بىرىگە قاراپ قاقاقلاپ
كۈلۈپ كەتتى. بۇ تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالغان پىكىر بىرلە-
كىدىن باشقا سەركەردىلەر ھەيران قېلىشتى.

«مېھماننى ساھىبخانىسىز كۈتۈۋېلىش» تەدبىرى، ياۋ قو-
شۇنىنىڭ كېچىلىك ھۇجۇمىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەندىن كېيىن
قارارگاھنى ئادەم باردەك ھالەتتە جابدۇپ قۇرۇق قالدۇرۇپ،
لەشكەرلەرنى قارارگاھ سىرتىغا بۆكتۈرمە قىلىپ، كېچىدە باس-
تۇرۇپ كەلگەن ياۋ لەشكەرلىرى قارارگاھتا ئادەم يوقلۇقىنى

تاپ قالدى. ئەمما نارازىلىقى چىرايىدىن مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى.

— مۇبارەك بولسۇن، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم، — دېدى ئەمىرۇل ئۆمىرا مىرزا باباقبەگ مەلىكىنىڭ بېشىنى ئاتىلارچە مېھرى بىلەن سىلاپ، — سەئىدىيە خانلىقى تارىخىدا لەشكىرىي مەرتىۋىگە ئېرىشكەن تۇنجى ئايال سەركەردە بولدىڭىز.

باشقا سەركەردىلەرمۇ بىر ئېغىزدىن مەلىكىنى تەبرىكلەشتى.

— ئەمدى بارلىق سەركەردىلەر ئۆز قارارگاھىغا چىقىپ ئارام ئالغاي، — دېدى بىر ئاز چارچاپ قالغان ئىسمائىلخان.

— بۈگۈنكى غەلىبىمىزدىن مەغرۇرلىنىپ، بىخۇد تۇرساق بولماس، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم، — مېنىڭچە ھەر ئېھتىمالغا قارشى ھازىرلىق كۆرۈپ قويغىنىمىز تۈزۈك. بۈگۈن كېچە، ياۋ لەشكەرلىرى قارارگاھىمىزغا باسقىن قىلىشى مۇمكىن.

— ئۇل مۇرتەتلەر بايا بىزدىن يېڭىلگەن تۇرسا، كېچىدە قارارگاھىمىزنى باسقىن قىلىشقا پېتىنالماس، — دېدى خوجا ئابدۇللا ئىشان مەلىكىنىڭ سۆزىنىڭ شېخىغا ئۇرۇپ. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭمۇ تەدبىرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇشقا ئالدىراپ قالغانىدى.

— لەشكىرىي تەدبىرلەر خاتىرىلەنگەن جەڭنامىلەردە، نۇسرەت قازانغانلارنىڭ مەغرۇرلىنىپ بىخۇدلىشىدىغانلىقى، مەغلۇپ بولغانلار قايتىدىن تەييارلىق كۆرۈپ، بىخۇد تۇرغان غالىب قوشۇن قارارگاھىنى باسقىن قىلىپ، مەغلۇبىيىتىنى غەلىبىگە ئايلاندۇرىدىغانلىقى كۆپ خاتىرىلەنگەن، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ۋە ئەمىرۇل ئۆمىرا مىرزا باباقبەگكە قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بىخۇد تۇرۇشقا بولمايدۇ، ئۇستاز. ھەر ئېھتىمالغا قارشى بىرەر تەدبىر تۈزۈپ قويغىنىمىز ياخشى.

كەرلىرى ئوت يالقۇنلىرىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ۋەھىمىگە چۈشكەن، بىزمۇ ئوت ئارقىلىق ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان بولار ئىدۇق. ئوتتا كۆيمەي ئامان قالغان ياۋ لەشكەرلىرىنى لەشكەرلىرىمىز قىلىچلاپ نەيزىلەپ تەلتۆكۈس يوقاتقان بولاتتى.

— بۇمۇ بولىدىغان تەدبىر ئىكەن، — دېدى مىرزا باباقبەگ مەلىكىنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەمنۇنلۇق بىلەن باش لىڭشىتىپ، — قېنى، سەركەردىلەر، مۇشۇ تەدبىر بويىچە پۇختا تەييارلىق كۆرگەيسىلەر. ئوتئاتار يا ئوقىنى كۆپرەك تەييارلىۋالغايسىزلەر.

— باش ئۈستىگە.

## 8

كۆز يەتكۈسىز چۆل - باياۋاننى زۇلمەت باسقانىدى. سوزسا قولنىڭ ئۇچىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان قاراڭغۇلۇقتا يولۋاسخان يەككە - يېگانە تېنەپ يۈرەتتى.

ئۇ سەركەردە - لەشكەرلىرىنىڭ، خىزمەتكار - مەھرەملىرىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى پەقەتلا ئەسلىيەلمەيتتى. ئۆزىنىڭ بۇ باياۋانغا قانداق كىرىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئەتراپىدىن يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ دەھشەتلىك ھۇۋلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يولۋاسخان بۇ باياۋاندىن چىقىپ كېتىشكە، قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ توختىماي يۈگۈرەتتى، قورسىقى تولىمۇ ئېچىپ كەتكەنىدى، ئۇسسۇزلۇقتىن تاڭلايلىرى چاك - چاك بولۇپ كەتكەنىدى. يولۋاسخان بۇ زۇلمەتلىك باياۋاننى بىردە گۆر، بىردە دوزاخ دەپ قىياس قىلاتتى - دە، بۇ ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈچىنىڭ بارىچە يۈگۈرەيتتى. ئەمما، ئاياغلىرى تولىمۇ جانسىز، ماغدۇرسىز ئىدى، شۇنچە تىرماشسىمۇ قەدىمىنى ناھا-

بىلگەندىن كېيىن چۆچۈپ ساراسىمىگە چۈشكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ يوقىتىش تەدبىرى ئىدى. بۇ تەدبىرنى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىدىكى سەركەردىلەر «مېھماننى ساھىبخانىسىز كۈتۈۋېلىش» تەدبىرى دەپ ئاتايتتى.

بۇ تەدبىر نۇرغۇن جەڭلەردە ئىشلىتىلىپ ئۇنۇمى كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن جەڭنامە ۋە ئۇرۇش تەدبىرلىرىدە خاتىرىلەنگەنىدى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بىلەن شىرئەلى باھادىر بۇ تەدبىرنى تەڭلا ئېسىگە ئېلىشقانىدى.

— بولىدۇ، «مېھماننى ساھىبخانىسىز كۈتۈۋېلىش» تەدبىرىنى ئىشلىتەيلى، — دېدى مىرزا باباقبەگ بۇ تەدبىرنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، — خۇپتەندىن كېيىن بارلىق سەركەردىلەر ئۆز قارارگاھلىرىنى خۇددى لەشكەرلەر ئۇخلاۋاتقاندەك ھالەتتە جابدۇپ چىراغ يېقىپ قويۇپ، قارارگاھ سىرتىدا بۆكتۈرمە بولۇپ تۇرغاي، ياۋ لەشكەرلىرى قارارگاھقا باسقىن قىلىپ تولۇق كىرىپ بولغاندىن كېيىن دۇمباق چېلىپ بەلگە بېرىلگەن ھامان، چۇقان - سۈرەن سېلىپ ياۋ لەشكەرلىرىنى ۋەھىمىگە سالغاچ ھۇجۇمغا ئۆتكەي.

— باش ئۈستىگە، — دېدى بارلىق سەركەردىلەر.

— مېنىڭ بۇ تەدبىرگە ئازراق تۈزىتىش كىرگۈزگۈم كېلىۋاتىدۇ، بىلمىدىم، ئەمىرۇل ئۈمەرا جانابلىرى قانداق قارايدىكىن؟ — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئويچانلىق بىلەن.

— خوش قېنى، — دېدى مىرزاباباقبەگ.

— مېنىڭچە، قۇرۇق قالدۇرۇلغان قارارگاھنىڭ ئەتراپىغا قۇرۇق ئوتۇن - قومۇش، شاخ - شۇمبا قاتارلىق ئاسان كۆيىدىغان نەرسىلەرنى دۆۋىلەپ ئۈستىگە ياغ چېچىپ قويساق ياۋ لەشكەرلىرى قارارگاھقا باسقىن قىلىپ كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئوتئاتار يا ئوقى[1] بىلەن قارارگاھقا ئوت قويۇۋەتسەك، ياۋ لەش-

① ئوتئاتار يا ئوقى — ئوقنىڭ ئۇچىغا پاختا يۆگەپ، پاختىنى ياغقا مىلەپ ئوت يېقىپ ئاتىدىغان ئوق.

كەن. شۇڭا، مەنمۇ ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيۋاتىمەن. سىز قېشىمغا كېلىپ قولۇمنى تۇتۇڭ. مەن سىزنى بۇ يەردىن يېتىلەپ ئاچىقىپ قوياي.

يولۋاسخان دادىسىنىڭ باشسىز گەۋدىسىگە يېقىنلاشماقچى بولۇپ قەدەم ئېلىۋىدى، پۇتىنى مىدىرلىتالمىدى، چۈنكى ھېلىقى يىلان ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى مەھكەم يۆگىۋالغانىدى. يىلاننىڭ كۇشۇلدىغان مۇدھىش ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدە بارغانسېرى ئېنىق ئاڭلىنىۋاتاتتى.

— ئاتا، يىلان پۇتۇمنى مەھكەم يۆگىۋالدى. ماڭالمايۋاتىمەن، سىز قېشىمغا كەلگەن بولسىڭىز، — دېدى يولۋاسخان زارلىنىپ.

— ئى ئوغلۇم، بېشىم بولمىسا، سىزنى قانداق كۆرەلەيمەن. ئۇنداق بولسا، سىز ئاۋۋال مېنىڭ بېشىمنى قايتۇرۇپ بېرىڭ، — دېدى غايىبتىن كەلگەن ئاۋاز.

يولۋاسخان يەنە گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋىدى، يىلان ئۇنىڭ بوينىغا يۆگىشىپ، گېلىنى مەھكەم قىسىۋالدى. مانا ئەمدى يولۋاسخان نەپەسمۇ ئالالمىدى. يىلاننى بوينىدىن ئاجرىتىش ئۈچۈن كۈچسىز قوللىرى بىلەن تىرماشتى، ئەجەللىك خىرقىرىدى.

يولۋاسخان خىرقىرىغان پېتى ئويغىنىپ كەتتى. بايام كۆرگەنلىرىنىڭ چۈش ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەڭگىل تىنىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قىپيالىڭاچ بەدىنىنى قارا تەر باسقانىدى. شاھانە چېدىر ئىچىنى تۆت تال شام كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. ئۇ بۇ چۈشنى ئىلگىرىمۇ ئىككى قېتىم كۆرگەنىدى. بۇ قورقۇنچلۇق چۈشتىن ھەر قېتىم ئويغانغاندا، دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئادەم ئەۋەتكەنلىكىگە ناھايىتى پۇشايمان قىلاتتى، غايىبانە ھالدا دادىسىدىن كەچۈرۈم سورايتتى.

ئۇ بۈگۈن كېچە ئاقسۇ لەشكەرلىرى قارارگاھىنى باسقىن

يىتى تەستە يۆتكەيتتى.

ئۇ، سەركەردە - لەشكەرلىرىنى، خىزمەتكار - مەھرەملىرىنى يېقىنلا بىر جايدا، ئۇلارنى قاراڭغۇدا كۆرەلمەيۋاتىمەن دەپ ئويلاپ توۋلاپ باقتى. ئەمما، ئاۋازى بەكمۇ جانسىز چىقتى. ئۈنى پۈتۈپ قالغاندەك قىلاتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ پۇتىغا بىلەكتەك توملۇقتا، ئارغامچىدەك ئۇزۇن بىر نەرسە يۆگەشكەندەك بولدى. ئۇ ئاستا سىيپاشتۇرۇپ بېقىۋىدى، قولىغا سوغۇق قاسىراقلىق بىر نەرسە ئۇرۇندى. «يىلان» دەپ ئويلىدى يولۋاسخان قورقۇنچتىن دىر - دىر تىترەپ — ئۇ ھاشارات - جانلىقلار ئارىسىدا يىلاندىن قورقاتتى — ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۇتىنى سىلكىۋىدى، يىلان تېخىمۇ بەك يۆگەشتى. يىلان ئۇنىڭ پۇتىغا يۆگەشكىنىچە يۇقىرى ئۆرلەۋاتاتتى، مانا ئەمدى بېلىگە يۆگىشىشكە باشلىدى.

قۇلىقى تۈۋىدە كۇشۇلدىغان مۇدھىش ئاۋاز ئېنىق ئاڭلاندى. «دادا» دەپ جېنىنىڭ بارىچە توۋلىدى يولۋاسخان مەدەت تىلەپ. شۇ ھامان بەش قەدەم يىراقلىقتا چەمبەر شەكىللىك بىر نۇر توچكىسى پەيدا بولدى - دە، ئاشۇ كىچىككىنە يورۇقلۇقتىن دادىسى سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ باشسىز گەۋدىسى كۆرۈندى. بۇنى كۆرۈپ يولۋاسخان تېخىمۇ بەك قورقۇپ كەتتى.

غايىبتىن دادىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— نېمە بولدىڭىز، ئى ئەزىز ئوغلۇم؟

— مەن بۇ زۇلمەتلىك باياۋاندىن قۇتۇلالمايۋاتىمەن، ئاتا. سەركەردە - لەشكەرلىرىمۇ مېنى تاشلىۋەتتى، ئاياغلىرىمغا يىلان يۆگىشىۋالدى. پەقەتلا مىدىرلىيالمايۋاتىمەن. مېنى بۇ يەردىن قۇتقۇزۇۋالسىلا.

غايىبتىن دادىسىنىڭ يەنە ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئى ئەزىز ئوغلۇم، سىزنى قۇتقۇزۇۋالغۇم بار. ئەمما بېشىمنى سىز ئەۋەتكەن ھېلىقى ئىككى جاللات كېسىپ ئەكەت-

قويمىسۇن.

تۇن كېچە بولغان مەھەل. ئاتلىرىنىڭ تۇيىقىغا كىگىز، لاتا يۆگەپ، ئاۋايلاپ دەسسەشكىنىچە شەپە چىقارماي كېلىۋاتقان يول-ۋاسخاننىڭ بىر تۈمەندىن ئارتۇق لەشكىرى ئىسمائىلخان لەشكەر-لىرىنىڭ قارارگاھىغا يېقىنلاپ قالغانىدى. قارارگاھ ئەتراپىغا ئاندا - ساندا مەشئەللەر يېقىلغان بولۇپ، چېدىر - بارگاھلار ئىچىدىن پىل - پىل چىراغ يورۇقى كۆرۈنەتتى، شۇنداقلا قارى-ماققا تىپتىنچ قارارگاھ ئىچىدە لەشكەرلەر خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان-دەك قىلاتتى.

— قارارگاھقا شەپە چىقارماي باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇخلاۋات-قان لەشكەرلەرنى رەھىم قىلماي قىرىپ تاشلاڭلار، — دېدى يولۋاسخان سەركەردىلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ. ئۆزى بولسا، ئې-گىزرەك بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ خاس نۆكەرلىرىنىڭ ھەم-راھلىقىدا كۆزىتىپ تۇردى.

قارارگاھ ئىچىگە باستۇرۇپ كىرگەن سەركەردە - لەشكەر-لەر چېدىر - بارگاھلارغا بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن يېقىنلاشماقتا ئىدى. غۇر - غۇر چىققان كېچە شامىلى ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىنى ئېچىپ روھلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇلار چېدىر - بارگاھلارنىڭ ئى-چىگە كىرىپ، بىرمۇ لەشكەرنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈشتى.

— ئالدىنىپتىمىز، مېھمانىنى ساھىبخانىسىز كۈتۈۋېلىش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپتۇ بۇ مۇرتەتلەر، — دەپ توۋلىۋەتتى سەر-كەردىلەر ۋەھىمىگە چۈشكەن ھالدا، — چېكىنىڭلار، تېزدىن چېكىنىڭلار.

ئۇنىڭغىچە نامەلۇم قاراڭغۇلۇقتىن خۇددى ئاقار يۇلتۇزلار-دەك ئۇچۇپ كەلگەن ئوتئاتار ئوقلىرى چېدىر ئەتراپىغا، قارارگاھ ئىچىگە، شۇمبا دۆۋىلىرىگە سانجىلدى - دە، لاپپىدە يانغان رە-ھىمسىز ئوت يالقۇنى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. تەرەپ - تەرەپتىن

قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ياتقان يېرىدىن چاچراپ
قوپۇپ كەتتى ـ دە، مەھرەمنى تۇۋلىدى.
— قايسىڭ بار، ھوي!
شۇ ھامان ھۇجرىغا مەھرەم يىگىت كىرىپ كەلدى ـ دە،
يولۋاسخاننىڭ قىپيالىڭاچ بەدىنىگە شۇنداقلا قاراپ بېشىنى تۆۋەن
سالدى.
— غۇسۇل قىلىمەن، — دېدى يولۋاسخان قاپىقىنى تۇرۇپ.
مەھرەم يىگىت سىرتقا چىقىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي يوغان داسنى
ئەكىردى، ئاندىن بىر سوغا سۇ بىلەن بىر چۆگۈن تەييارلىدى.
يولۋاسخان ئورنىدىن تۇرۇپ داسقا چۈشتى. يىگىت سوغى-
دىن چۆگۈنگە مىس نوگاي بىلەن سۇ بۆلۈپ، يولۋاسخاننى ئىس-
تىنجا قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدى ـ ئارقىسىغا سۇ قۇيدى، ئاندىن
يولۋاسخاننىڭ قولىغا سۇ بەردى. يولۋاسخان قولىنى يۇيۇپ،
ئېغىز ـ بۇرنىنى چايقاپ بولغاندىن كېيىن، مەھرەم يىگىت بىر
قولىدا يولۋاسخاننىڭ بېشىغا چۆگۈندىكى سۇنى قۇيغاچ، بىر
قولىدا بەدەنلىرىنى يۇمشاق سىلاپ يۇدى. يولۋاسخان بولسا غۇ-
سۇلنىڭ ئايەتلىرىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى.
— كىيىندۇر، — دېدى يولۋاسخان يىپەك رومال بىلەن
بەدىنىنى يەڭگىل سۈرتۈۋاتقان مەھرەم يىگىتكە.
مەھرەم يىگىت يولۋاسخاننىڭ ئاۋۋال ئىشتىنىنى، ئاندىن
يىپەك كۆڭلىكى بىلەن شاھانە تونىنى كىيدۈردى. پۇتىغا پايپاق
كىيدۈرۈپ، يۇمشاق سىپتا تىكىلگەن ئۆتۈكىنى ساپقۇزدى.
— دۇبۇلغا، ساۋۇتۇمنى ئەكەل، — دېدى يولۋاسخان سەل-
لىسىنى قولىغا ئېلىپ بولغان مەھرەم يىگىتكە.
يىگىت سەللىنى قويۇپ، دۇبۇلغا ـ ساۋۇتنى ئەكەلدى.
— ماڭ، ياتىشبېگىگە خەۋەر قىل، ھەرقايسى قارارگاھتى-
كى سەركەردىلەر بارگاھ ئالدىغا كەلسۇن. ھە، يەنە تاپىلاپ
قوي، ئىشان پىرىمگە خەۋەر يەتكۈزىمەن دەپ ئارامىنى بۇزۇپ

يۈپ ئۆلگەندى.

ئاقسۇ لەشكەرلىرى قارارگاھنى تولۇق بىر كۈن تازىلىدى. ياندۇرقى كۈنى سەھەردە ئايغاقچىلار يولۋاسخاننىڭ بارلىق قالدى - قاتتى لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئاستانىگە قاراپ قاچقانلىق خەۋرىنى يەتكۈزدى. بۇ خەۋرنى ئاڭلاپ ئىسمائىلخان بارگاھى ئالدىدا لەشكىرىي كېڭەش چاقىردى.

— ئەغيارلىرىمىز قېچىپتۇ، — دېدى ئىسمائىلخان سۆز قىلىپ، — بىز ئۇلارغا ھاردۇق ئېلىۋېلىشقىمۇ پۇرسەت بەرمەي، قوغلاپ سۈرۈپ - توقاي قىلغىنىمىزچە ئۇدۇل ئاستانىگە يۈرۈش قىلىمىز. جانابىي سەركەردىلەر دەرھال ھازىرلىق كۆرۈشكەي.

— سەركەردە شىرئەلى باھادىر يەزەك قوشىنىنىڭ ئەمىرلىكىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، — دېدى ئەمىر ئۇل ئۆمرا مىرزا باباقبەگ لەشكىرىي يۈرۈشنىڭ تەرتىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، — سەركەردە ئەھمەدبەگ، سەركەردە مىرزا ئابباس، سەركەردە نامانشاھلار يەزەك قوشۇنى بىلەن بىللە ماڭىدۇ. ئىلغار، بەرانغار، جەۋانغار قوشۇنىمۇ يەزەك قوشۇنىنىڭ كەينىدىنلا يولغا چىقىدۇ.

شۇ كۈنى ئىسمائىلخان ئاقسۇنى ساقلاشقا ئوغلى باباچاق سۇلتاننى ئىككى مىڭغا يېقىن لەشكەر بىلەن قالدۇرۇپ، پۈتۈن قوشۇنى بىلەن ئاستانىگە قاراپ ئاتلاندى.

## 9

شىرئەلى باھادىرنىڭ يەزەك قوشۇنى خېلىلا تېز ماڭغان بولسىمۇ قاچقۇن لەشكەرلەرگە پەقەتلا يېتىشەلمىدى. يول بويى ئۇنىڭغا يولۋاسخاننىڭ تاشلىۋېتىلگەن يارىدار لەشكەرلىرى ئىككى - ئۈچتىن، گاھى سەككىز - ئوندىن ئۇچراپ تۇردى.

ياغرىغان چۇقان ـ سۈرەن سادالىرى كېچە ئاسمىنىنى تىترىتىۋەتتى. قاتتىق ساراسىمە، ۋەھىمىگە چۈشكەن يولۋاسخاننىڭ لەشكەرلىرى پاتىپاراق بولۇشۇپ كۆزلىرىگە چاشقان تۆشۈكى ساراي كۆرۈنگىنىچە قاياققا قېچىشنى بىلەلمەي بىر ـ بىرىگە ئۈسۈشەتتى، پۈتلىشاتتى. كىيىم ـ كېچەكلىرىگە تۇتاشقان ئوتنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئېچىنىشلىق داد ـ پەرياد كۆتۈرۈشكىنىچە يەردە دومىلىنىشاتتى. دەقىقە ئىچىدە سانسىزلىغان ئوت دۆۋىسى يەردە دومىلاشقا باشلىدى. بۇ ئوت دۆۋىلىرىدىن ئېچىنىشلىق نالە ـ پەرياد ئاڭلىناتتى. بۆكتۈرمىدە تۇرغان ئاقسۇ لەشكەرلىرى توختىماي ئوتئاتار يا ئوقى ئاتاتتى. رەھىمسىز ئوت يالقۇنى پۈتكۈل قارارگاھقا يامراپ يولۋاسخان لەشكەرلىرىنىڭ قېچىش يولىنى ئېتىۋالغانىدى. لەشكەرلەر ئالاقزادىلىك بىلەن ئۇيان ـ بۇياندا يۈگۈرەيتتى. ئۇلارنىڭ تەگدىن تولىسىغا ئوت تۇتاشقانىدى، قارارگاھتىن قېچىپ چىقىشقا ئۈلگۈرگەن لەشكەرلەرگە ئاقسۇ لەشكەرلىرى ئەجەل قىلىچى، ئەجەل نەيزىلىرىنى سوۋغا قىلىشاتتى. ئىگىسىز قالغان ئاتلار ئوت يالقۇنىدىن ئۈركۈپ، قالايمىقان چېپىپ پىيادە لەشكەرلەرنى دەسسەپ يانجىيتتى. ئېگىز تۆپىلىكتە تۇرۇپ ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرگەن يولۋاسخان، قورۇقچى نۆكەرلىرىنى باشلاپ ئۆزدۈل ئۆزقارارگاھىغا قاراپ تىكىۋەتتى.

تاڭ سۈزۈلۈشكە يېقىن ئاقسۇ لەشكەرلىرىنىڭ قارارگاھىدىكى ئوت ئاستا ـ ئاستا ئۆچۈشكە باشلىدى. ھاۋانى قويۇق ئىس ـ تۈتەك قاپلىغان بولۇپ ئاسماننى كۆرگىلى بولمايتتى. قارارگاھ ئىچى گاھىلىرىنىڭ باش تەرىپى، گاھىلىرىنىڭ ئاياغ تەرىپى كۆيۈپ قوقاسقا، كاۋاپقا ئايلانغان يولۋاسخان قوشۇنىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. پۈتكۈل ساينى كۆيگەن گۆشنىڭ، كاۋاپنىڭ ھىدى بىر ئالغانىدى. يولۋاسخاننىڭ بەش مىڭدىن ئارتۇق لەشكىرى مانا مۇشۇنداق ھالدا ئېچىنىشلىق كۆ-

شىرئەلى باھادىر ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇپ بىرئاز ماغدۇرىغا كەلگەن ياردار لەشكەردىن.

— ئەتىگەن زو ۋاقتى بىلەن بىزنى مۇشۇنداق تاشلاپ قويۇپ، ھاۋا ئىسسىپ قالغۇچە يول ئاۋۇتۇۋالىمەن دەپ كېتىپ قالغان، — دېدى ياردار لەشكەرلەردىن بىرى.

— بىز سىلەرنى بىللە ئېلىپ ماڭالمايمىز، — دېدى شىرئەلى باھادىر، — سىلەرگە ئازراق ئاش، سۇ ۋە ئوزۇق - تۈلۈك بېرەي. ھالىڭلاردىن خەۋەر ئالغىلى ئون لەشكەر قالدۇرىمەن. ئارقىمىزدىن ئىسمائىلخان لەشكەرلىرى كېلىۋاتىدۇ. سىلەرنى شۇلار ئورۇنلاشتۇرغاي.

شىرئەلى باھادىر ياردارلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا قالدۇرغان ئون لەشكەرگە ئۆلۈپ كەتكەن لەشكەرلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ كۆمۈپ قويۇپ، ئەھۋالنى ئىسمائىلخان يېتىپ كەلگەندە مەلۇم قىلىشنى تاپىلاپ، قوشۇننى باشلاپ يۈرۈپ كەتتى.

ئەسىر ۋاقتى بىلەن بۇ يەرگە ئىسمائىلخان باشچىلىقىدىكى ئاساسىي قوشۇن يېتىپ كەلدى. ئىسمائىلخان مەلۇماتنى ئاڭلاپ بۇ يۈزگە يېقىن ياردار لەشكەرنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە ئويلىنىپ قالدى. ياردار لەشكەرلەر ئىسمائىلخاننىڭ ئۆزلىرى مۇشۇ چۆلگە تاشلاپ قويۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ نالە قىلىشقا باشلىدى.

— بىزگە رەھىم شەپقەت قىلسىلا، بەگلىرىم. سۇ، ئوزۇق - تۈلۈك بولغان بىلەنمۇ بۇ باياۋاندىن چىقىپ يۇرت ئىچىگە بارالمايمىز.

— قايسى سۇلۇككە ئىرادەت قىلىسىلەر، ئى بەندىلەر؟ — دەپ سورىدى نېمىنىدۇر خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەكلا. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ سوپى لەشكەرلىرى ئىدى. يولۋاسخان ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ تەلىپى بويىچە پۈتكۈل سەئىدىيە

ئېغىر يارىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىغۇدەك
ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بۇ لەشكەرلەرگە يولۋاسخان ياكى بىرەر
پارچە نان ياكى ئىچكۇدەك بىرەر يۇتۇم سۇمۇ قالدۇرماي چۆل
يولىغا رەھىمسىزلەرچە تاشلىۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆل-
گەن، بەزىلىرى نىمجان ھالەتتە ياتاتتى. شىرئەلى باھادىر ئۇلارغا
بىرەر - ئىككى كۈن يەتكۇدەك سۇ، يېمەكلىك بېرىپ، بەدى-
نىدىكى جاراھەتلىرىنى تاڭدۇرۇپ قويۇپ يەنە يولىنى دا-
ۋاملاشتۇردى.

ئەتىسى چىڭقىچۈش مەھەلدە كۆز يەتكۈسىز چۆل. يولىدا
كېتىپ بارغان شىرئەلى باھادىرنىڭ يەزەك قوشۇنىغا يەنە تاشلىۋې-
تىلگەن يۈزگە يېقىن لەشكەر ئۇچرىدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى
خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ ھەمدەمچى سوپى لەشكەرلىرى ئىدى.
قۇياش چۆلنى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەن بولۇپ، ئۇسساپ ھالىدىن
كەتكەن بۇ لەشكەرلەر يۈزلىرىگە قونۇۋالغان قاشاڭ چىۋىنلارنى
قورۇشقىمۇ ماجالى يەتمەي، ئۆلۈك - تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا يېتىد-
شاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرئاز ماغدۇرى بار بىرنەچچە
لەشكەر شىرئەلى باھادىرنى كۆرۈپ نالە قىلىشتى.

— رەھىم قىلىسىلا، سەركەردە، بىزگە بىر يۇتۇم سۇ
بەرسىلە.

— ئۇلارغا سۇ بېرىڭلار، — دېدى شىر ئەلى باھادىر قېشىد-
دىكى كېرەكياراغ بېگىگە[1] قاراپ. كېرەكياراغ بېگى دەرھال قول
ئاستىدىكى بىرقانچە لەشكەرنى ياردار لەشكەرلەرگە سۇ بېرىشكە
بۇيرۇدى. لەشكەرلەر شۇ ھامان ھەرىكەتكە كېلىپ، يوغان كۆ-
تەك هارۋىلاردىكى ياغاچ تۇڭدىن سۇ بۆلۈپ ياردارلارغا ئىچۈر-
دى. بۇ ياردارلاردىن ئون نەچچىسى ئالىلقاچان جان ئۈزگەنىدى.

— يولۋاسخان بۇ يەردىن قاچانراق ئۆتتى؟— دەپ سورىدى

---

[1] كېرەكياراغ بېگى — ھەربىي قوشۇننى ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك، قورال - ياراغ بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل ئەمەلدارلارنىڭ مەرتىۋە نامى.

ئۇنىڭدىن ھازىرلا ئۆلگىنىمىز ئەۋزەل.
ئىسمائىلخاننىڭ بۇ ياربدارلارنى قوتقۇزۇۋالغۇسى بولسىمۇ ئىشان پىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ جىم تۇرۇۋالدى.
— نېمىلا بولمىسۇن ئاللانىڭ مۆمىن بەندىلىرى، تىرىك جاننى ئۆلۈم گىردابىدىن قوتۇلدۇرۇش چوڭ ساۋابتۇر، — دەپ سالا قىلدى ئەمىر ۋول ئۆمىرا مىرزا باباقبەگ، — بۇ گۇناھكار بەندىلەرگە شەپقەت ساخاۋەتلىرىنى ئايىمىغايلا، پىرىم. ئۇلار ھەزرەتلىرىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى ئويلايمۇ بولسا ئەقىدىسىدىن يېنىپ كېيىنچە سائادەتمەن ئىسھاقىيە سۇلۇكىگە ئىرادەت قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.
— ئەينى مۇددىئا، — دېدى ئىسمائىلخانمۇ دەرھال باباقبەگ-نىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، — بۇ ئازغۇنلارنىڭ كۆڭلىنى زۇلۇم بىلەن ئەمەس، ياخشىلىق بىلەن مايىل قىلغايمىز. ئىشان پىرىم-نىڭ شەپقىتىنى بۇلار ھامان بىر كۈنى چۈشىنىپ قالىدۇ.
خوجا ئابدۇللا ئىشان ئىسمائىلخاننىڭ گېپىنى يىرىشقا پېتى-نالماي، مىرزا باباقبەگكە ئاداۋەت بىلەن ئالىيىپ قويۇپ نېرى كەتتى.
مىرزا باباقبەگ ياربدارلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئاس-تانىگە يەتكۈزۇشكە ئەللىك لەشكەر بىلەن تۆتتىن ئات قېتىلغان ھارۋىنى قالدۇردى.
— سىلەر، — دېدى ئۇ لەشكەر بېشىغا قاراپ، — بۇ ياربدار لەشكەرلەرنى ھارۋىغا سېلىپ، ھالىدىن خەۋەر ئالغاچ ئاستانىگە ئارقىمىزدىن يېتىپ بېرىڭلار. ئۇلارنى دۈشمەن كۆرۈپ، دۆشكە-لىسەڭلار، خورلىساڭلار، يولدا تاشلاپ قويساڭلار، ئاچ - ئۇس-سۇز قالدۇرساڭلار، كاللاڭلار بىلەن جاۋاب قىلىسىلەر.
چوڭ قوشۇن يەنە ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. يۈزلىگەن ئالىيېشىل توغ - ئەلەملەر چۆل ئاسمىنىدا ھەيۋەتلىك لەپىلدەپ. قۇياش نۇرىدا رەڭدار جۇلالايتتى ۋە قوشۇننىڭ سۇر-

تەسەررۇپىغا دەۋىتى ئىشقىيە پەرمانى چۈشۈرگەنلىكى ئۈچۈن خان لەشكەرلىرىمۇ تامامىي دېگۈدەك ئىشقىيە سۇلۇكىگە كىرگەن، كاللىلىرىغا ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ ئەقىدىلىرى ئورناپ كەتكەندى. شۇڭا، ئۇلار مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ مەقسىتىنى تولۇق بىلمىسىمۇ، خاتىرجەم ھالدا جاۋاب بەردى.

— ئەلۋەتتە سائادەتمەن ئىشقىيە سۇلۇكىگە ئىرادەت قىلۇرمىز، قۇتبىل ئەقتاب ھىدايىتۇللا ئىشان ھەزرەتلىرىدۇر.

— بۇ ئازما مۇرتەتلەرگە نان، سۇ بېرىش جايىز ئەمەستۇر، — دېدى خوجا ئابدۇللا ئىشان بىردىنلا چىچاڭشىپ، — ئۇلار بىلەن كارىمىز بولمىسۇن، ئالىيلىرى، لەشكەرلەرنى يۇرۇشكە پەرمان چۈشۈرگەيلا. بۇ ئىشقىيەچى خەرلەرنىڭ[1] تاپى مۇشۇ جەزىرىدىكى قۇزغۇنلارغا يەم - بولغاي.

خوجا ئابدۇلا ئىشاننىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ياردار لەشكەرلەر ئاللا - توۋا سېلىشقىلى تۇردى:

— رەھىم قىلىشقايلا، كاتتىلىرىم، بىزدىن يانمىسا خۇدادىن يانار، يۇرتتا ئاجىزەلىرىمىز، چۆچۈرىدەك نارەسىدەلىرىمىز قالغان، شۇلارغىمۇ بولسا ئىچلىرى ئاغرىسۇن.

— ئۇنداق بولسا ئازما ئىشقىيە سۇلۇكىدىن چىقىپ سائادەت يولىنى كۆرسەتكۈچى ئىسھاقىيە سۇلۇكىگە ئىرادەت قىلىشىسەن، — دېدى خوجا ئابدۇللا ئىشان ئۇلارغا قامچىسىنى شىلتىپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق قىلالمايمىز، غوجام، بىز تەرەت ئېلىپ قۇرئان تۇتۇپ ئاللانىڭ مۇبارەك نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ لەۋزە قىلغانمىز. پىر بۇزرۇكىمىز ھىدايىتۇللا ئىشان قۇتبىل - ئەقتاب ھەزرەتلىرى ھەممىنى كۆرۈپ بىلىپ تۇرىدۇ. پىرىمىزنىڭ قارغىشىغا كەتسەك، ئۇ ئالەمگە بارغاندا بېھىش يۈزى كۆرمەيمىز.

---

① خەر — ئېشەك.

كۆچىيىپ كەتتى.

يولۋاسخان ئاقسۇغا لەشكەر تارتىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئاستانىگە قاراشلىق ئوردامىلىق[1]، گىلداڭ[2] ۋە بەشكەنت[3] قاتارلىق يۇرتلاردىكى «دەۋەتى ئىشقىيە»، «تەقبى ئىسھاقىيە» تەرغىباتى بىلەن بارغانسېرى زۇلۇم تارتىۋاتقان بىر قىسىم يۇرت خەلقى خوجا ئىشانلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولۇپ، بۇ قوزغىلاڭنىڭ تەسىرى تېزدىن كېڭىيىپ قاغىلىق، پوسكام، گۇما قاتارلىق يۇرتلاردىكى خەلقمۇ قوزغالغانىدى. بۇمۇ يولۋاسخان ئۈچۈن يەنە بىر چوڭ تەھدىت پەيدا قىلغانىدى، ئىككى ئوتنىڭ ئارىسىدا قالغان يولۋاسخان تېخىمۇ تەلۋىلىشىپ كەتكەنىدى. كىچىككىنە بىر ئىش دىتىغا ياقمىسا كۆزىگە چېلىققانلىكى ئادەمنى ئۆلۈمگە بۇيرۇۋېتەتتى. قورقۇپ ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھىدايىتۇللا ئىشان بولسا زىندانلىرىنىڭ ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتكىنى بىلەن ھېسابلاشماي غالجىرلارچە ئادەم تۇتاتتى، ئۇراتتى، سولايتتى.

ئۇلار يا شەھەر خەلقىگە، يا لەشكەرلىرىگە، سەركەردە-ئەمىرلىرىگە ئىشەنمەيتتى.

شەھەر سىرتىدا ئىسمائىلخاننىڭ سەركەردىلىرىنىڭ جەڭگە ئۈندەپ چالغان داقا - دۇمباقلىرى توختىماي گۈمبۈرلەيتتى. يولۋاسخان بىلەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ئىنىغا كىرىۋالغان چاشقاندەك ئوردىغا مەھكەم بېكىنىۋالغانىدى.

بۈگۈن قوزىچۇش مەھەللە ئاستانە سېپىلىنىڭ قالغات دەرۋازىسى تەرىپىدىن ئاڭلانغان ھەيۋەتلىك بىر گۈمبۈرلەش پۈتكۈل شەھەرنى تىترىتىۋەتتى. بۇ پارتلاش ساداسىدىن قاتتىق چۆچۈگەن شەھەر خەلقى يا ئۆيىدە تۇرۇشنى، يا سىرتقا قېچىپ چىقىشنى بىلەلمەي قېتىپلا قېلىشتى. ئوردا بېغىدىكى لالىزار راۋاقتا شا-

---

① ئوردامىلىق — يەكەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى يېزا.
② ③ گىلداڭ ۋە بەشكەنت — يەكەن ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى بەشكەنت بازىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى.

ھەيۋىسىنى ئاشۇراتتى. تۇمەنلىگەن لەشكەر ۋە ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ - توزان قۇياشنىڭ يۈزىنى توسۇۋالغانىدى.

## 10

مانا بۈگۈن ئاستانىنىڭ مۇھاسىرىگە ئېلىنغىنىغا ھەپتە بولدى. ئاقسۇدىكى جەڭدە قاتتىق يېڭىلىپ لەشكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىدىن ئايرىلىپ قالغان سۇلتان يولۋاسخان شۇ قاچقىنىچە ئۇدۇل ئاستانىگە كېلىپ توختىدى - دە، ئاستانىنىڭ بارلىق دەرۋازا - قوۋۇقلىرىنى مەھكەم تاقاپ، ئوردا ياساۋۇللىرىدىن باشقا لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەرقايسى دەرۋازا، قوۋۇق - سېپىللارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ جەڭگە چىقماي يېتىۋالدى.

ئاقسۇدىكى تۇنجى جەڭدىلا بەش مىڭدىن ئارتۇق لەشكىرىنىڭ مىرزا باباقبەگكە ئەگىشىپ ئىسمائىلخانغا ئەل بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ ساۋىقىنى ئېسىدە مەھكەم تۇتقان يولۋاسخان يەنە شۇنداق ئاسىيلىقنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، خان لەشكەرلىرى بىلەن ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ سوپى لەشكەرلىرىنى خۇددى بۇغداي بىلەن گۈرۈچنى ئارىلاشتۇرغاندەك ئارىلاشتۇرۇپ سەركەردىلەرگە قايتىدىن تەقسىملەپ بەرگەنىدى ۋە لەشكەرلەر ئارىسىغا نۇرغۇنلىغان خۇپىيە - پايلاقچىلارنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. شۇ سەۋەبتىن لەشكەرلەر بىر - بىرىگە ئىشەنمەي ئۆزئارا گۇمان قىلىشىپ بىرلىك - ئىناقلىق بۇزۇلۇۋاتاتتى. ئاستانىنىڭ ئەمىرلىك دىۋانىدا قايتىدىن ئولتۇرغان ھىدايىتۇللا ئىشانمۇ ئاستانىنى ئىسھاقىيەچى مۇرتەتلەردىن خالىي قىلىش ئۈچۈن چوڭ تازىلاش ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇنلىغان پۇقرالارنى تۇتۇپ ھەپسىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەر ئاھالىسىنىڭ ۋەھىمىسى تېخىمۇ

ئۆزى بىلەن ئۆلپەتلىشىپ شاراب ئىچىشىپ بېرىۋاتقان ئەمىرى كەبىر خوجا جەرراھقا، — ئۇلارنىڭ سېپىلنى پارتلىتىشنى پىلانلىغىنىغا قارىغاندا چوقۇم ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ ئالدىراپ قېلىۋاتقان گەپ، بىزمۇ مۇشۇنداق جەڭگە چىقماي جىملا تۇرۇۋالىدىغان بولساق، يەنە ئون - ئون بەش كۈندە ئۆزلۈكىدىن چېكىنىدۇ.

— ئارى، — دېدى خوجا جەرراھ، — خاتىرجەم بولسىلا، قىبلىگاھىم، بىز سېپىلنى مۇستەھكەم قوغداپ، ئول ئاسىيلارنىڭ بىرمۇ لەشكىرىنى سېپىلنىڭ تۈۋىگە يېقىن يولاتمايمىز.

— لەشكەرلەرگە بولغان كۆز - قۇلاق كۈچەيتىلگەي، ئۇلارنى ئىسھاقىيەچە قارا مۇسۇلمانلارنىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلغايمىز.

— خاتىرجەم بولسىلا، خان ئالىيلىرى، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان ۋەدە بېرىپ، — يالغۇز لەشكەرلەرگىلا ئەمەس، سەركەردە، ئەمىرلەرگىمۇ كۆز - قۇلاق بولۇپ، سۆز - ھەرىكەتلىرىنى تەقىب قىلىپ تۇرىدىغان ئىشەنچلىك خۇپىيەلىرىمىز بار. ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ئىسھاقىيەچى مۇرتەتلەرنىڭ بىر تال چىۋىنىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

— بىرەر يۇتۇم ئۇسسۇزلۇق ئىچىۋالامىلا، بۇزرۇكۋارىم؟ — دېدى خېلىلا خاتىرجەم بولغان يولۋاسخان ھىدايىتۇللا ئىشانغا قاراپ. ھىدايىتۇللا ئىشان تەكەللۇپسىزلا يولۋاسخاننىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى - دە، قاشتېشى جامدىكى مۇزدەك شارابنى كالا سۇ ئىچكەندەك پۇشۇلداپ تۇرۇپ بىراقلا ئىچىۋەتتى.

شۇ ئەسنادا لالىزار راۋاقتا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ خەلىپىسى موللا نەقى ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا پايپاسلاپ يېتىپ كەلدى - دە، ھىدايىتۇللا ئىشاننى بىر ياققا شەرەتلەپ قۇلىقىغا تېز - تېز پىچىرلىدى. موللا نەقىنىڭ گېپىنى تولۇق ئاڭلاپ بولغان ھىدايىتۇللا ئىشان دەرھال يولۋاسخاننىڭ قېشىغا كەلدى.

راب ئىچىپ ئىچ - پۇشۇقىنى چىقىرىۋاتقان يولۋاسخان لىققىدە شاراب تولدۇرغان ئالتۇن قەدەھنى ئاغزىغا ئاپارغىنىچە تۇرۇپلا قالدى. ياۋ لەشكەرلىرى ھازىرلا باستۇرۇپ كىلىدىغاندەك دەھ-شەتلىك بىر ۋەھىمىدىن ۋۇجۇدىنى سوغۇق تىترەك باستى، يۈرى-كى قىپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ دۈكۈرلىدى. ئۇسسۇل ئويناۋاتقان رەققاس قىزلار چۇرقىراشقىنىچە بىر يەرگە غۇژمەك-لىشىۋالدى. نەغمە قىلىشتىن ئاللىقاچان توختىغان سازەندىلەر يەنە چالايمۇ، چالمايمۇ، دېگەندەك قىلىپ يەر تېگىدىن يولۋاسخان-غا قورقۇمسىراپ قاراشتى. ئوردا قىزىقچىسىنىڭ داۋاملىق ھى-جىيىپلا تۇرىدىغان كۈسا چىرايىدا كۈلكىدىن ئەسەرمۇ قالمى-غانىدى.

— نېمە ئىش بوپتۇ؟ تېز بېرىپ، خەۋەر ئېلىپ كەل.

بىرئازدىن كېيىن ئېسىگە كەلگەن يولۋاسخان ۋەھىمىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن سازەندىلىرىگە سەت گۆلەيگىنىچە تىل سالدى. سازەندىلەر ئۇدۇل كەلگەن بىر پەدىگە نەغمە باشلىدى.

بىر چۆگۈن چاي قاينىمىچىلىك ئارىلىقتا ئوردا ياساۋۇلبېگى ھىدايىتۇللا ئىشان بىلەن بىللە قايتىپ كەلدى.

— ھېچ گەپ يوق، خان ئالىيلىرى، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان يولۋاسخاننىڭ ئۆمسە چىرايىغا قارىماسلىققا تىرىشىپ، — ئول ئاسىي مۇرتەتلەر يەر ئاستىدىن لەخمە كولاپ كېلىپ سېپىل-نى پارتلاتماقچى بولغانىكەن.

— ھە، قانداق بولدى، ھەزرىتىم؟ — دېدى يولۋاسخان تەقەززالىقىنى يوشۇرماي.

— سېپىل مۇستەھكەم بولغاچقا ھېچقانداق زەرەر يەتمىدى، خاتىرجەم بولسىلا، خان ھەزرىتىم. ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۇلار سېپىلنى ھەرگىز پارتلىتالمايدۇ.

— سېپىلنىڭ مۇداپىئەسى كۈچەيتىلسۇن، قىلچىلىك بى-خۇدلۇق قىلىشقا بولمايدۇ، — دېدى يولۋاسخان باياتىن بېرى

— ئىچكىرىدىن بىزگە كىممۇ ماسلىشىپ بېرەر، — دېدى ئىسمائىلخان ئېغىر ئۇھسىنىپ، — ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك تۈگەي دەپ قالدى. كۆپ بولغاندا يەنە ئون كۈن بەرداشلىق بېرەلىشىمىز مۇمكىن ياكى مۇھاسىرىنى بىكار قىلىپ ئاقسۇغا قايتىپ تۇرۇپ، پۇختا تەييارلىق قىلىۋېلىپ، كۈزچە قايتا كېلەمدۇق - يا؟

— شۇنداق قىلساق نۇرغۇن ئەجرىمىز بىكار كەتمەمدۇ، ئالىيلىرى، — دېدى مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان كۆز ئالدىدىكى تەييار ئولجىنى تاشلاپ كەتكۈسى كەلمىگەن يىرتقۇچ ھايۋانغا ئوخشاش تىت - تىت بولۇپ، — لەشكەرلەرنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى قالمىغان بولسا، ئەتراپتىكى ھەر قايسى يۇرت، بەگلىكلەردىن ئالايلى. قېنى كىم بىزنىڭ بۈيۈك سۇلۇكى ئىسھاقىيە غازاتچىلىرىمىزغا ئوزۇق - تۈلۈك بەرمەسلىككە پېتىنالايدىكەن، ماڭا بىرەر مىڭچە لەشكەر بەرسىلە، ئۈچ كۈن ئىچىدە لەشكەرلىرىمىزگە يەنە بىرەر ئاي يەتكۈدەك ئوزۇق - تۈلۈك تېپىپ كېلەي.

— ئەل - رەئىيەتنىڭمۇ كۈنى قاق، — دېدى مىرزاباباقبەگ ئىشاننىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلماي، — ئۇلار ئەتىيازنىڭ سېرىقتالچىلىقىدىن ئەمدىلا قۇتۇلۇپ، ئاران تەستە ئۆرۈككە ئۇلاشتى. ئېتىزلىرىدىكى بۇغدايلىرىنىڭ پىشىشىغا يەنە بىرەر ئايچە ۋاقىت بار. ئۇلارغا زۇلۇم سېلىپ بىر ۋاخلىققا تاپسا، بىر ۋاخلىقىغا يوق تۇرغان ئازغىنە لوقمىسىنى تارتىۋالدىغان بولساق، ئاۋامنى نارازى قىلىپ قويىمىز. ھەر قايسى يۇرتلاردا يولۋاسخانغا قارشى قوزغالغان ئاۋامنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ يول باشلىغۇچىلىرىنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالىمىز. بىزدىنمۇ كۆڭلى سوۋۇپ كېتىدۇ. ئاۋام دېگەن كۆرۈنۈشتە تولىمۇ سەۋرلىك، ئىنتايىن ياۋاش كۆرۈنگىنى بىلەن، سەۋر قاچىسى تولۇپ قوزغالغاندا ھېچنېمە تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيندەك قۇدرىتىمىز

— خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، خوپپيەلىرىمىز بايىلا ئاسىي ئىسمائىلخان بىلەن خەت ـ ئالاقىدە بولغان بىر قىسىم ساتقۇن لەشكەرلەرنى .بايقاپتۇ.

— قەيەردە، كىملەر ئىكەن ئۇ؟ — سورىدى يولۋاسخان چۆچۈپ..

— قالغات دەرۋازىسىنى قوغداۋاتقان خان لەشكەرلىرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ لەشكەر بېشى سەركەردە مىرزا ئەۋەزبەگمۇ گۇمانلىقتەك قىلىدۇ.

— دەرھال قالغات دەرۋازىسىغا بارايلى، — دېدى يولۋاسخان غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ.

## 11

ئاستانىنى مۇھاسىرىگە ئالغاندىن بېرى بىر نەچچە قېتىم شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، سېپىل تاملىرىنى پارتلىتىپمۇ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن ئىسمائىلخان بىلەن مىرزا باباقبەگنىڭ ئاستانىنى ئېلىشقا كۆزى يەتمەي بېشى قاتتى. شەھەر سېپىلى ئېگىز ھەم مۇستەھكەم، مۇداپىئەسى تولىمۇ قاتتىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر قانچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، سېپىل ئۈستىگە ئوق ـ دورا، ياغاچ ـ تاشلار دۆۋىلەپ، پۇختا مۇداپىئەدە تۇرغان يولۋاسخان لەشكەرلىرى ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ تۇردى. ئۇلار ھەر قېتىملىق ھۇجۇمدا بىرەر ـ ئىككى يۈزدىن لەشكەرنىڭ جېنىنى بىكاردىن ـ بىكارغا سېلىپ بەردى. ئەمما، سېپىلنىڭ ئۈستىگە پەقەتلا چىقالمىدى.

— بىردىنبىر چارە ئىچ ـ تېشىدىن ماسلىشىش، — دېدى مىرزاباباقبەگ لەشكىرىي كېڭەشتە، — بۇنىڭدىن باشقا ئامالىمىز قالمىدى.

# 12

يولۋاسخان ئاستانە سېپىلىنىڭ ئالتۇن دەرۋازىسى، قەشقەر دەرۋازىسى، خانىقا دەرۋازىسى، قالغات دەرۋازىسى ۋە مەسخىرە دەرۋازىسىدىن ئىبارەت بەش دەرۋازىنىڭ ھەربىرىگە بىردىن سەر- كەردىنى لەشكەربېشى، ئىككىدىن سەركەردىنى ئورۇنباسار قىلىپ، ئۈچ مىڭدىن لەشكەر بىلەن مەھكەم ساقلاۋاتاتتى. ھەر- قايسى دەرۋازىنى قوغداۋاتقان سەركەردىلەرنىڭ زىممىسىدە قو- ۋۇقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سېپىللارنى قوغداش دائىرىسىمۇ بار ئىدى.

بۈگۈن قالغات دەرۋازىسىنى ساقلاۋاتقان سەركەردە مىرزا ئەۋزبەگنىڭ لەشكەرلىرى سىرتتىن تۇيۇقسىز ئۇچۇپ كېلىپ سېپىلنىڭ قوختىسىغا سانجىلىپ قالغان يا ئوقىنى كۆرۈپ، ئوققا يۆگىلىپ، ئۈستىدىن قىزىل شوينا بىلەن چىگىلگەن خەتكە كۆزى چۈشتى ـ دە، ئوقنى ئېلىپ، خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاستانىدىكى مۆھتەرەم رەئى- يەت، باھادىر سەركەردە ـ لەشكەرلەر...

بىزلەركىم يەكەن سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ ھەقىقىي تەخت ۋارىسى سۇلتان ئىسمائىلخان ۋە ئۇنىڭ باھادىر سەركەردە ـ لەشكەرلىرىدىن يېتىپ مەلۇم بولغايكى، بۈيۈك خانلىقىمىزنىڭ ئەشەددىي ئاسىيسى، ئاتا قاتىلى، تەخت ئوغرىسى، شاھزادە يولۋاسخان ۋە ئۇنىڭ سۇخەنچى، رىياكار گۇپپاڭچىلىرىنىڭ مەھشەر كۈنى يېقىنلىشىپ قالدى. ئاللا ئىگەم بۇيرۇسا پات يېقىندا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرگۈسىز

بولسىمۇ بىكار. شۇڭلاشقا، ئاۋامنى نارازى قىلىدىغان ئىشنى زىنهار قىلمىغان تۈزۈك.

— ئەمىسە قانداق قىلغان تۈزۈك، جانابىي ئەمىر ۋۆل ئۆمەرا، — دېدى خوجا ئابدۇللا ئىشان تېرىكىپ، — قولىمىزغا كىرەيلا دەپ قالغان ئاستانىنى تاشلاپ كېتەمدۇق ئەمدى.

— پەقەت بولمىغاندا شۇنداقمۇ قىلماي چارە يوق، — دېدى مىرزا باباقبەگ خاتىرجەملىك بىلەن، — بىر تەدبىر ئويلاپ قويدۇم. ئۇنۇمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا تازا ئىشەنچىم يوق. شۇنداق بولسىمۇ يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال دەپ، بىر سىناپ كۆرەيلى.

— قېنى تېزرەك، ئۇستاز، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئالدىراپ.

— هازىرلا ئاستانىدىكى رەئىيەتنىڭمۇ، لەشكەرلەرنىڭمۇ يولۋاسخانغا بولغان ئىشەنچىسى سۇسلاشتى. بىز ئۇلارغا هازىرقى ۋەزىيەتنى ئوبدان بىلدۈرۈپ، پايدا - زىيىنىنى چۈشەندۈرۈپ، مەكتۇپ تەييارلايلى - دە، بۇ مەكتۇپلارنى يا ئوقىغا يۆگەپ سېپىل ئۈستىدىكى لەشكەرلەرگە قارىتىپ ئاتايلى. خەتنى كۆرگەن سەركەردە - لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىدىن بىز بىلەن ماسلىشىدىغانلار چىقىپ قالار.

— بۇ بولىدىغان تەدبىر ئىكەن، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم.

— مەيلى، سىناپ كۆرۈپ باقايلى، — دېدى ئىسمائىلخان.

— ئەمىسە بۇ مەكتۇپلارنى ئاستانە سېپىلىنىڭ هەرقايسى قوۋۇقلىرىدىكى لەشكەرلەرگە ۋە شەهەردىكى ئاۋامغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى سەركەردە مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ئوقياچى مەرگەنلىرى ئۈستىگە ئالسۇن.

— باش ئۈستىگە، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم، — خاتىرجەم بولسىلا، مەكتۇپلارنى ئوقياچى مەرگەنلىرىم كۆزلىگەن نىشانغا تولۇق يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ.

— سەنلەر مۇرتەت ئىسھاقىيەچى تونگوزلارغا يان بېسىشۋا-
تىسەن.

— سەن لەشكىرىي يوسۇننى بىلمەيدىكەنسەن. لەشكەر دې-
گەن ئۆز سەركەردىسىگە ساداقەتمەن بولۇشى، لەشكىرىي يوسۇن-
دىن چىقىپ كەتمەسلىكى، لەشكىرىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك
بۇنداق ئىشلاردىن ئەڭ ئاۋۋال ئۆز سەركەردىسىنى خەۋەردار قى-
لىشى كېرەك.

بۇلاردىن خەتنى تارتىۋېلىشقا كۆزى يەتمىگەن ھىدايىتۇللا
ئىشاننىڭ سوپى پايلاقچىسى ئەھۋالنى دەرھال ئاتارمىنى خەلپە
موللا نەقىگە يەتكۈزگەن، موللا نەقى بولسا ئۇدۇل ھىدايىتۇللا
ئىشاننىڭ قېشىغا يۈگۈرگەندى.

سۇلتان يولۋاسخان ھىدايىتۇللا ئىشان قاتارلىق ھەمراھلى-
رىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوردىدىن چىققىنىچە قالغات دەرۋازىسىغا يې-
تىپ كەلگەندە، سەركەردە مىرزا ئەۋەز بەگ ھېلىقى خەتنى ئو-
قۇپ ئولتۇراتتى.

— قېنى ئول ئاسىيلارنىڭ مەكتۇپى، — دېدى يولۋاسخان
ئەۋەز بەگكە غەزەپ بىلەن ھومىيىپ.

— خەت مانا، خان ئالىيلىرى، — دېدى سەركەردە ئەۋەز-
بەگ يولۋاسخانغا خەتنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ.

يولۋاسخان خەتكە چالا - بۇلا كۆز يۈگۈرتتى - دە، ھېلىقى
پايلاقچى سوپى لەشكەرلەردىن سورىدى:

— مۇرتەتلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خەت - ئالاقە قى-
لىشقان ئاسىي لەشكەرلەر قايسى؟

پايلاقچى سوپى لەشكەر بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ئەللىككە
يېقىن لەشكەرنى كۆرسەتتى.

— ئاشۇلار شۇ، ئانھەزرىتىم.

— كېلىڭلار، بۇ مۇناپىقلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ھەرقاي-
سى قوۋۇقلارغا ئاپىرىپ سازايى قىلىڭلار. خانغا ئاسىيلىق قىل-

گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاۋام ئالدىدا جاۋاب قىلىدۇ ۋە تېگىشلىك جازاسىنى تارتىدۇ. ئەمما، بۇ ئىشلار ئاددىي ئاۋام، لەش-كەرلەر ۋە بىر قىسىم ۋىجدانلىق، خانلىقىمىزغا ساداقەتمەن سەركەردە ئەمىرلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىزدۇر. شۇڭلاشقا، سىزلەر ئۇشبۇ مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاسىي-لارغا يانتاياق بولماي قولۇڭلاردىكى ئەجەل شەمشىرىڭلارنى تاشلاپ، خانلىقىمىزدا تىنچ ـ ئاسايىشلىقنىڭ تېزرەك ئەسلى-گە كېلىشى ئۈچۈن بىز بىلەن ھەمكارلاشقايسىلەر. تۆھ-پە كۆرسەتكۈچىلەر تارتۇقلىنىپ ئەتىۋارلىنىدۇ. بالا ـ چا-قا، جەددى ـ جەمەتى خانلىقنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىدۇ. جاھىللىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزىگە. سىلەرنىڭ يا-مان يولدىن يېنىپ، تېزرەك بىر قارارغا كېلىپ، بىزگە جاۋاب قايتۇرۇشۇڭلارنى كۈتىمىز.

ئاللاتائالا سىلەردىن رەھمىتىنى ئايىمىغاي. ئىسمائىل-خان سۇلتاندىن دەپ بىلەرسىلەر.»

خەتنى ئوقۇپ لەشكەرلەر غۇلغۇلىغا چۈشتى. شەھەر بوسۇ-غىسى تۇۋىگە باستۇرۇپ كەلگەن كۈچلۈك ياۋغا تەڭ كېلەلمەيدى-غانلىقىنى بىلىپ يەتكەن لەشكەرلەر ئاللىقاچان ئىشەنچىسىنى يوقاتقانىدى. خەت ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ بەك تەۋرى-تىۋەتكەنىدى.

— ئۇل مۇرتەتلەرنىڭ خېتىنى ماڭا بېرىڭلار، — دېدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر سوپى لەشكەر، — ئۇنى دەرھال قوت-بىل ئەقتاب پىر بۇزرۇكىمىز ھىدايىتۇللا ئىشان ھەزرەتلىرىگە تاپشۇرىمىز.

— ياق، ئاۋۋال سەركەردە ئەۋەز بەگكە تاپشۇرىمىز، — دېدى بىر قىسىم لەشكەرلەر، — خەتنى ئىشان پىرىمىزغا تاپشۇ-رۇش ـ تاپشۇرماسلىق سەركەردىنىڭ ئىختىيارى.

رۇپ كەلگەن بەش يۈز نەپەر خاس ياساۋۇلىغا قاراپ، — ئاۋۇ ئاسىيلارنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار. سەركەردە ئەۋەزبەگ لەشكەرلىرىگە كۆز - قۇلاق بولۇپ، ياخشى باشقۇرمىغانلىقى ئۈچۈن ئەللىك دەررە ئۇرۇلسۇن.

بۇ تەلۋە خانغا يېلىنىشنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمايدىغانلىقىنى سەزگەن سەركەردە ئەۋەزبەگ لەۋلىرىنى مەھكەم چىشلىگىنىچە كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ياساۋۇللار لەشكەرلەرنىڭ «بىزگە ئۇۋال بولدى» ، «خان ئالىيلىرى، رەھىم قىلسىلا» دەپ نالە - پەرياد قىلىشلىرىغا پەرۋامۇ قىلماستىن، نەق مەيداندىلا تىزلاندۇرۇپ كاللىسىنى ئالدى. سەركەردە ئەۋەزبەگنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ چۈشكەن ياش يارىشىملىق قويۇلغان قاپقارا ساقاللىرىنى يۇدى.

ياساۋۇللار ئەللىككە يېقىن بىگۇناھ لەشكەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، سەركەردە ئەۋەزبەگنى ساناپ تۇرۇپ، دەررىگە باستى. ئەۋەزبەگ دۈمبىسىگە تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان دەررە ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ، ۋارقىراپ تاشلىماسلىق ئۈچۈن لەۋلىرىنى چىشلەپ قانىتىۋالغانىدى. ئون ئالتىنچى دەررە ئۇرۇلۇۋاتقاندا ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ ئاتلىق يېتىپ كەلگەن ئالتۇن دەرۋازىسىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى لەشكەرلەرنىڭ سەركەردىسى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى - دە، سۇلتان يولۋاسخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ قول باغلىدى.

— سەركەردە ئەۋەزبەگنى ئەپۇ قىلغايلا، ئالىيلىرى.

يولۋاسخان قاپىقىنى تۈرۈپ، تەتۈر قاراپ تۇرۇۋالدى. سەركەردە مىرزا ھەيدەر دوغلاتى خاندىن يەنە ئۆتۈندى.

— ياۋ لەشكەرلىرى بوسۇغىمىز تۈۋىدە تۇرۇۋېپتۇ. مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە، خان ئالىيلىرى، سەركەردە - لەشكەرلەرنىڭ گۇناھىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن كەچۈرۈم قىلىپ، مېھىر - شەپقەتلىرىنى نامايان قىلسىلا، سەركەردە - لەشكەرلەرنىڭ جاسا-

غۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى باشقىلار كۆ-
رۈپ قويسۇن.

— رەھىم قىلغايلا، خان ئالىيلىرى، — دېدى سەركەردە
ئەۋەزبەگ دەرھال يولۋاسخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، قول باغلاپ
تۇرۇپ، — لەشكەرلەردە گۇناھ يوقتۇر.

— ئۇلارنىڭ گۇناھى يوقمىكەن تېخى، — دېدى خوجا ھىدا-
يىتۇللا ئىشان چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — ئۇلار گۇناھسىز
بولسا، نېمىشقا خەتنى يوشۇرماقچى بولىدۇ؟

— ئۇلار يوشۇرغان ئەمەس، ئىشان پىرىم، — دېدى مىرزا
ئەۋەزبەگ ئاچچىقىدىن گەدەنلىرىگىچە قىزىرىپ، — خەتنى ئاۋ-
ۋال ماڭا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولغان، ھەر قانداق ئەھۋال كۆ-
رۈلسە ئەڭ ئاۋۋال ئۆز سەركەردىسىگە مەلۇم قىلىش ئەقەللىي
لەشكىرىي يوسۇندۇر.

— سىلى لەشكىرىي يوسۇننى پەش قىلىپ، تولا گەپ يورغى-
لاتمىسىلا، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان چىچاڭشىپ، — ھەر
ھالدا جانابلىرىنىڭ ئول ئاسىيلار بىلەن تىللىرى بىر ئەمەستۇر،
سەركەردە ئەۋەزبەگ.

— ئۇۋۋال قىلمىغايلا، ئىشان پىرىم. بىراۋغا تۆھمەت قى-
لىش ئىسلامى شەرىئەتتە ئەڭ ئېغىر گۇناھتۇر.

— ئۇنداقتا بۇ خەتنى قانداق چۈشەندۈرىسىز، سەر-
كەردە، — دېدى يولۋاسخان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— خەتنى مۇبارەك نەزەرلىرىدىن قايتا ئۆتكۈزگەيلا، خان
ئالىيلىرى، بۇ خەت قانداقتۇر بىراۋلارنىڭ شەخسىي نامىغا يېزىل-
مىغان.

— تېنىۋالماقچىمۇسىز، سەركەردە، — دېدى يولۋاسخان
چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ، — قول ئاستىڭىزدىكى لەشكەرلەرگە
ياخشى كۆز - قۇلاق بولمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزمۇ جازادىن
قېچىپ قۇتۇلالمايسىز. كېلىڭلار، — دېدى يولۋاسخان ئەگەشتۇ-

يېرىنى قويمىغانىدى، بېلى سىرقىراپ ئاغرىۋاتاتتى.

— سەۋر قىلسىلا، سەركەردە، — دېدى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى، — خاننىڭ يېرىمى يولۋاس دەيدىغان تەمسىل بار ئەمەسمۇ، يولۋاسخاننىڭ يىرتقۇچلۇقى تۇتسا ئادەم يېمەي قالمايدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما ئاشۇ شورپېشانە لەشكەرلەردە نېمە گۇناھ دەيلا، سەركەردە، — دېدى مىرزا ئەۋەزبەگ كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى توختىتالماي، — قاراپ تۇرۇپلا زەبەردەس ئەللىك يىگىتنىڭ كاللىسىنى ئالدى. بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە خۇنىرىزلىق بولامدۇ جاھاندا.

— ئۆزىنىڭ دادىسى بىلەن بىر قورساق قېرىندىشىنى ئۆلتۈرگەن ئادەمدىن يەنە نېمە مېھىر - شەپقەت كۈتكۈلۈك. ئامان قالايلى دەيدىكەنمىز، ئېھتىيات قىلماقلىق كېرەك، سەركەردە، بولۇپمۇ ھىدايىتۇللا ئىشانىدىن. لەشكەرلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ خۇپىيە - پايلاقچىلىرى يامراپ كەتتى. قاتتىقراق بىرنى تىنغىلىمۇ بولمايدۇ ھازىر.

— ئېھتىيات قىلىش دەملا؟ ئېھتىيات قىلىش دېگەنلىك، ياۋاشلىق بىلەن ئۆلۈمنى كۈتۈش دېگەنلىك، — دېدى ئەۋەز بەگ چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ، — ئەسلىدىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا يولۋاسخانغا ئەگەشكىنىمىز خاتا بولغان. بىز بۇ خۇنخور تەلۋىنىڭ خوي - پەيلىنى بىلەتتۇق ئەمەسمۇ. سۇلتانۇل مۇھەققىنىمىش تېخى ھېلىقى ئىشان. ۋۇجۇدىدا قىلچىلىك مېھىر - شەپقەت يوق بىر يالماۋۇزغا قول بېرىپ مۇرىت بولۇپتۇق. پىر بۇزرۇك ئەۋلىيا دەپ پېشىدىكى چاڭلارنى كۆزىمىزگە سۈرتۈپتۇق. شىرئارسلاندەك ئەللىك يىگىتنىڭ جېنىنى تىلىۋالماقتا يوق، ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىپ كەتتا ئەجەب. ئۇ ئالەمگە بارغاندا ۋەيلۇن دوزاختا كۆيۈپ كۆل بولۇپ كەتسەممۇ مەيلى، كەچتىم بۇنداق پىردىن، كۆتۈرسۇن ئۇنداق سۇلۇكى ئىشقىيەسىنى.

— ئاستىراق سۆزلىسىلە، سەركەردە، — دېدى مىرزا ھەي-

رىتى ھەسسىلەپ ئېشىپ، ئالىيلىرىنىڭ چەكسىز مېھىر ـ شەپ-
قىتىدىن سۆيۈنگەن بولاتتى. ناۋادا ئانچىكىم گۇناھ ئۈچۈن سەر-
كەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ دىلىغا ئازار بېرىلسە، ئۇلارنىڭ كۆڭلى
سوۋۇپ كېتىدۇ ـ دە، ياۋ بىلەن ئېلىشىشقىمۇ رايى بارمايدۇ.
ياۋ بىلەن ئېلىشقان تەقدىردىمۇ، خان ئالىيلىرى ئۈچۈن باھادىر-
لىق كۆرسىتەلمەيدۇ. ھازىر دوستلارنىڭ دىلىنى رەنجىتىدىغان
ئەمەس، بەلكى ئەغيارلىرىمىزغا زەربە بېرىدىغان پەيت. خان
ئالىيلىرى، ئەرزىمەس سەركەردىلىرىنىڭ ئىلتىماسىنى ئويلى-
شىپ كۆرگەيلا.

مىرزا ھەيدەر دوغلاتنىنىڭ ئورۇنلۇق سۆزلىرى يولۋاسخانغا
تەسىرىنى كۆرسەتتى ـ دە، سەركەردە مىرزا ئەۋەزبەگنىڭ دۈم-
بىسىگە يىگىرمە سەككىزنىچە دەررە چۈشۈۋاتقاندا زۇۋانغا
كەلدى.

— بوپتۇ، سەركەردە مىرزا ھەيدەر دوغلاتنىنىڭ يۈزىنى
قىلاي. جازا توختىتىلسۇن. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇشۇنداق
ئىشلار يۈز بەرسە قەتئىي يۈز ـ خاتىر قىلمايمەن. قوۋۇق ـ
سېپىللارنىڭ مۇھاپىزىتى كۈچەيتىلسۇن، بىخەستەلىك قىلغۇچى-
لارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ.

يولۋاسخان گېپىنى تۈگىتىپلا ھەمراھلىرىنى باشلاپ قالغات
دەرۋازىسىدىن ئايرىلدى.

## 13

— بۇ قانخورنىڭ قولىدا ئۆلۈپ تۈگەيدىغان ئوخشايمىز، —
دېدى سەركەردە ئەۋەزبەگ لەشكەرگاھقا كىرگەندىن كېيىن، قول-
تۇقىدىن يۆلەپ تۇرغان سەركەردە مىرزا ھەيدەر دوغلاتنىغا قاراپ.
رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇرۇلغان دەررە ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ساق

ئېلىپ ئەۋەزبەگكە كۆرسەتتى، — ئىسمائىلخان ئالىيلىرىنىڭ يا ئوقىغا باغلاپ ئەۋەتكەن خېتىنى باياتىن مەنمۇ تاپشۇرۇۋالغان. سىلى بىلەن مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق مۇلاقەتتە بولۇپ كېلەي دەپ ئاتنى ئېگەرلىتىپ تۇرسام، باشلىرىغا كەلگەن بۇ دىشۋارچىلىقـ تىن خەۋەر تاپتىم. خۇدا ئىككىمىزنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىنى بىر قىلغانىكەن.

— ئەمىسە نېمىگە قاراپ تۇرىمىز، سەركەردە، دەرھال دەرۋازىنى ئاچايلى، — دېدى سەركەردە ئەۋەزبەگ.

— بۇنداق ئالدىراقسانلىق قىلساق ئەجرىمىز بىكار كېتىدۇ. ئىشنى پۇختا قىلغىنىمىز ياخشى. سەل ـ پەللا چاندۇرۇپ قويـ ساق، بۇ دۆرەم ئەللىك ئەمەس، مىڭلاپ يىگىتلىرىمىزنىڭ قېنى بىھۇدە تۆكۈلىدۇ.

— قۇلىقىم سىلىدە، تەدبىرلىرى بولسا كۆرسەتسىلە.

— بىز ئىسمائىلخان ئالىيلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالمايلا دەرۋازىنى ئاچىدىغان بولساق، نىيىتىمىزدىن بىخەۋەر ئىسمائىلـ خان بۇنى بىر ھىيلە ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، لەشكەر تارتىپ كېلىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ ـ دە، يولۋاسخانىنىڭ قولىغا نەقلا چۈشىمىز. شۇڭا، ئاۋۋال بۇگۈن كېچە ئىشەنچلىك يىگىتلىرىـ مىزدىن بىرىنى مىرزا باباقبەگ ئالىيلىرىنىڭ قېشىغا ئەۋەتەيلى. ئۇ كىشى بىزنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. شۇلارنىڭ جاۋابىغا قاراپ كېلىشىۋالغان مۆھلەتتە ئاندىن دەرۋازىنى ئاچايلى، — دېدى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى، — سەركەردە جانابلىرى، ھەرەج تارتىپ قالدىلا. شۇڭا، سىلى خاتىرجەم يېتىپ جاراھەتلىرىنى ئەملەتسىـ لە. بۇ ئىشنى لەشكەرگاھقا قايتىپ ئۆزۈم بېجىرەي.

— ماقۇل ئەمىسە، شۇنداق بولسۇن، كۆپ ئېھتىيات قىلـ غايلا، سەركەردە، — دېدى ئەۋەزبەگ.

— خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى، — بۇگۈن كېچە لەشكەرلەر ئارىسىدىكى پايلاقچى سوپى

دەر دوغلاتى ئەتراپقا ئېھتىياتچانلىق بىلەن قارىۋېتىپ. ئۇ كۆزىنى ئەۋەزبەگنىڭ چىرايىغا سىناش نەزىرى بىلەن تىكتى.

— بۇ سۆزلەرنى دەرد ئازابىغا چىدىماي دەۋاتاملا ياكى چىن سۆزلىرىمۇ؟

— دادام مېنى ئوغۇل بالا دەپ تاپقان، — دېدى ئەۋەزبەگ تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، — بۇ گەپلەرنى ئۇنچىلىك دەرد ئازابىغا چىدىماي دېگەن بولسام، ئوغۇل بالا، ئەركەك بولماي كېتەي، ئاشۇ ئەللىك يىگىتنىڭ ئۆلۈمى يۈرەك - باغرىمنى خۇن قىلىۋەتتى، سەركەردە. ئۇلار مېنى سەركەردىمىز، پاسىبانىمىز دەپ ھۆرمەتلەيتتى، ئۇتقا دېسەم ئۇتقا، سۇغا دېسەم سۇغا كىرىشتىن باش تارتمايتتى. ئۇلارنى قاراپ تۇرۇپ قوغدىيالمىدىم مەن.

— ئەمدى قانداق قىلماي دەيلا، سەركەردە؟ — سورىدى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى يەنە كوچىلاپ.

— ھامىنى بىر ئۆلۈم، — دېدى ئەۋەز بەگ قەتئىيلىك بىلەن، — ئېھتىيات قىلىپ دەككە - دۈككىدە چاشقاندەك ياشايدىغان ئاشۇ خۇنخور خاننىڭ يالىقىنى لالما ئىتتەك يالايدىغان بۇنداق جاندىن كەچتىم. سېپىلنىڭ سىرتىدىكى ئىسمائىلخان لەشكەرلىرىگە دەرۋازىنى ئاچىمەن. ئاشۇ خۇنخور، يالماۋۇز خان بىلەن ئەركەكلەرچە ئېلىشىپ، ئۆلۈمۈم ئارقىلىق بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتكەن لەشكەرلىرىم ئالدىدىكى گۇناھىمنى يۇيىمەن.

— ھەببەللى، مانا، ئەمدى ھەقىقىي ئوغۇل بالا، ئەركەك، باھادىر ئەۋەزبەگدەك گەپ قىلدىلا، — دېدى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى چىرايىغا قايىللىق بىلەن كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — ئەگەر مۇشۇ نىيەتلىرى راست بولسا، مانا مەن سىلىگە ھەمدەمدە بولىمەن.

— راست گەپ قىلىۋاتاملا، سەركەردە؟ — دېدى ئەۋەزبەگ ھاياجان بىلەن.

— شۇنىڭغا ئىشەنسىلىكى، مېنىمۇ دادام ئوغۇل بالا دەپ باققان، — مىرزا ھەيدەر دوغلاتى قويىنىدىن بىر پارچە خەتنى

ئىشانىنىڭ تاپىنىدىن كىرگەن بىر مۇز بېشىدىن چىقىپ كەتتى، ئىككى چېكىسى پۇررىدە تەرلىدى، چىرايى تاتاردى. ئۇنىڭغا ھازىر پۈتكۈل ئالەم - جاھان ئۆڭتۈرۈلۈپ كەتكەندەك كۆرۈنۈۋاتاتتى.

— سۇلتان يولۋاسخان ئالىيلىرىغا خەۋەر بېرىۋېتەمدۇق، پىرىم؟

مولla ساقىنىڭ سورىغان بۇ سوئالىدىن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان دەرھال ئېسىگە كەلدى.

— بولغۇلۇق بوپتۇ. ئەمدى ئۆز بېشىنىڭ غېمىنى ئۆزى يېسۇن، ئۇ بەختى قارا شاھزادە، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان ئاران قوپۇرغان ئىمارىتىنىڭ غۇلاپ چۈشكىنىنى كۆرگەن ئادەمدەك ھەسرەتلەنگەن ھالدا، — دەرھال قەسىردىكى ئېرىغ ماللارنى يىغىشتۇرۇپ، ئات - ئۇلاغلارنى جابدۇڭلار، ھەرەمدىكى ئاغىچا - بۈۋىملەرنى خەۋەرلەندۈرۈڭلار. خوجىزادىلەر جابدۇنۇپ تەييار بولسۇن. ئاستانىدىن خانىقا دەرۋازىسى ئارقىلىق چىقىپ كېتىمىز.

ئىككى دەرۋازىدىن يولۋاستەك باستۇرۇپ كىرگەن ئىسمائىلخان قوشۇنى سەركەردە مىرزا ئەۋەزبەگ بىلەن سەركەردە مىرزا ھەيدەر دوغلاتنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ يول باشلىشىدا ئۇدۇل ئوردىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئوردا سېپىلىنى قوغداۋاتقان ياساۋۇللار ئۇر - چاپ بىلەن كېلىۋاتقان بۇ ھەيۋەتلىك قوشۇن بىلەن ئېلىشا - ئېلىشمايلا جېنىنى ياقىغا ئېلىپ قېچىشتى.

شاھنىشىندىكى تەختتە نېمە ئىش بولغانلىقىنى تېخى تولۇق ئاڭقىرالماي، ھىدايىتۇللا ئىشاننى كۈتۈپ ئولتۇرغان يولۋاسخان شاھنىشىنغا باستۇرۇپ كىرگەن سەركەردە مىرزا ئەۋەزبەگنى كۆرۈپ، رەڭگى ئۆچتى - دە، چىرايى ئۆلۈكتەك سارغىيىپ كەتتى. ۋۇجۇدى ناھەق ئۆلۈپ كەتكەن لەشكەرلىرىنىڭ قىساس ئوتى بىلەن لەرزىگە كەلگەن ئەۋەزبەگ تەختكە قىستاپ

لەشكەرلەرنى تامامىي نەزەربەند قىلغايلا ھەمدە بىرمۇ لەشكەرنىڭ لەشكەرگاھتىن چىقىشىغا رۇخسەت قىلمىغايلا. خۇدا بۇيرۇسا، بامداتتىن بۇرۇن خۇش خەۋەر يەتكۈزگەيمەن.

## 14

بامدات نامىزىدىن كېيىن، ئاستانىنىڭ قالغات دەرۋازىسى بىلەن ئالتۇن دەرۋازىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ھەيۋەتلىك چۇقان - سۈرەن ساداسى پۈتكۈل ئاستانىنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئۆز ھەرەملىرىدە كېچىدىن بېرى قىلغان ئىشرەتۋازلىقلىرىنىڭ تەسىرىدىن ئېزىلىپ ئۇخلاپ كەتكەن سۇلتان يولۋاسخان بىلەن ھىدايىتۇللا ئىشان بۇ چۇقان - سۈرەن ساداسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىشتى.

ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلغان ۋەھىمىدىن بەدەنلىرىنى شۈررىدە قارا تەر باستى ۋە لاغ - لاغ تىترىدى، شۇئان ئالدىراپ - تېنەپ كىيىنىشتى - دە، ھەر ئىككىلىسى ئوردىغا — شاھنىشىنغا قاراپ يۈگۈرۈشتى.

— ئەھۋال چاتاق، پىرىم، مۇرتەت ئىسھاقىيەچىلەر شەھەر ئىچىگە باستۇرۇپ كىردى، — دېدى ئىشان قەسرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا دوقۇرۇشۇپ قالغان موللا ساقى بىلەن موللا نەقىخەلپە ھاسىراپ - ھۆمۈدىگىنىچە ھىدايىتۇللا ئىشانغا قاراپ.

— نېمە ئىش بولدى؟ ئالدىرىماي سۆزلىسىلە، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان پۈت - قولىدا جان قالمىغان ھالدا.

— سەركەردە ئەۋەزبەگ بىلەن سەركەردە مىرزا ھەيدەر دوغلاتى ئاسىيلىق قىلىپ قالغات دەرۋازىسى بىلەن ئالتۇن دەرۋازىسىنى ئاقسۇ لەشكەرلىرىگە ئېچىپ بەردى. ئۇلار ھازىر شەھەر ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىۋاتىدۇ.

— جانابىي پىر بۇزرۇك خوجا ئابدۇللا ئىشان ھەزرەتلىرى كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى ئىسمائىلخان شاھنىشىندىكى سەركەردە-لەرنى بىر قۇر نەزىرىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن.

— مەلۇم بولغاي، — دېدى تاۋاچىبەگ[1] مىرزا ئابدۇراخمان ئالدىغىراق چىقىپ، — مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان ھەز-رەتلىرى بىر توپ سوپى لەشكەرلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، ئاستانىدىكى ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى نامۇسۇلمان ئازمىلارنى جازالاۋاتىدۇ.

تاۋاچىبەگنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلاپ، ئەمىرۇل ئۆمىرا مىرزا باباقبەگ چۆچۈپ كەتتى-دە، ئالدىغىراق چىقىپ، ئىسمائىلخانغا قول باغلاپ تۇرۇپ مۇراجىئەت قىلدى.

— خان ئالىيلىرى، ئىشان ھەزرەتنى ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى-لەرنى جازالاشتىن توختىتىشقا پەرمان چۈشۈرگەيلا، ھىدايىتۇللا ئىشانغا قول بېرىپ سۇلۇكى ئىشقىيە يولىنى تۇتقان ئاۋام گۇناھ-سىزدۇر. بۇنداق پاجىئە ئىلگىرى شاھزادە نۇردۇنخان قەشقەرنى پەتىھ قىلغاندىمۇ، شاھزادە يولۋاسخان ئاستانىگە كېلىپ، تەخت تارتىۋالغاندىمۇ يۈز بەرگەن. مىڭلىغان بىگۇناھ رەئىيەتنىڭ قېنى بىھۇدە تۆكۈلگەن. خان ئالىيلىرى ئەمدىلا ئاستانىنى پەتىھ قى-لىپ، ئوردىغا كىرگەن مۇشۇنداق خاسىيەتلىك كۈندە يەنە بۇنداق پاجىئەنىڭ تەكرارلىنىشى ئاۋام ئارىسىدا پىتنە-پاساتقا سەۋەب بولىدۇ. ئەل-رەئىيەتنىڭ كۆڭلى سەلتەنەتتىن سوۋۇيدۇ. سەلتەنەتىمىز سۇلۇكتىن مۇستەسنا بولۇشى كېرەككى، زىنھار سۇلۇك-مەزھەپكە ھامىي بولمىغاي.

ئىسمائىلخانمۇ خېلى بۇرۇنلا كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەئىدىيە تەختىدە ئولتۇرۇش نېسىپ بولۇپ قالسا، سەلتەنەتنى سۇلۇك-مەزھەپتىن خالىي تۇتۇش نىيىتىگە كەلگەنىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ مىرزا باباقبەگنىڭ ئىلتىماسىنى دەرھال قوبۇل قىلدى.

---

① تاۋاچىبەگ — ھەربىي يۈرۈشلەردە مۇھاپىزەتچىلىك، يىغىن ئىشلىرىغا، تىنچ شارائىتتا لەشكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل سەركەردە.

كېلىۋاتاتتى.

— ئۆزلىرىنى بېسىۋالغايلا، سەركەردە، — دېدى شىرئەلى باھادىر ئەۋەزبەگنىڭ يولۋاسخاننى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، — شاھزادە يولۋاسخاننى قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا سۇلتان ئىسمائىلخان ئالىيلىرى ئۆزى پەرمان چۈشۈرگەي.

شىرئەلى باھادىرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، يولۋاسخاننىڭ پۇت - قولىغا ئازراق جان كىردى - دە، ئەۋەزبەگكە قاراپ، تەكەببۇرلۇق بىلەن ۋارقىرىدى:

— پەيلىڭدىن ياي، چۇپرەندە ئەۋەزبەگ! ئۆز سۇلتانىڭغا قىلىچ تەڭلەپ گۇناھقا پاتما!

—ھەي ھەججاج! سەن ئۆز ئاتاڭنى، ئۆز قېرىندىشىڭنى ئۆلتۈرسەڭ گۇناھقا پاتمايسەنۇ، مەن سەندەك بىر خۇنرىزنى ئۆلتۈرسەم گۇناھقا پاتامدىمەن؟ سېنى ئۆلتۈرگەن گۇناھىم ئۈچۈن كاللام كەتسىمۇ مەيلى. ئىت كاللاڭنى ئۆز قولۇم بىلەن ئالغىنىم ئالغان.

ئەۋەزبەگ شۇنداق دېدى - دە، دەھشەتلىك بىر نەرە تارتقىنىچە سەكرەپ بېرىپ، يولۋاسخاننىڭ بويىنىغا قىلىچ چاپتى. شۇ ھامان يولۋاسخاننىڭ باشسىز تېنى تەختتە قىڭغىيىپ قالدى. ئۈزۈلگەن بېشى بولسا، ئاۋۋال شاھ سۇپىسىغا، ئاندىن يەرگە دومىلاپ چۈشتى. شىرئەلى باھادىر ئەۋەز بەگنى توسۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى.

ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدە ئىسمائىلخاننىڭ سەركەردە - لەشكەرلىرى ئاستانىنى تولۇق قولىغا ئالدى. ئىسمائىلخان ئوردىغا كىرىپ، شاھنىشىندىكى تەختتە ئولتۇردى. جەڭدىن يانغان سەركەردىلەر شاھنىشىنغا كىرىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەجىر - تۆھپىلىرىنى مەلۇم قىلىشتى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىممۇ يولۋاسخاننىڭ ئەمرى كەبىر خوجا جەرراھنىڭ بېشىنى بىر نۆكەرگە كۆتۈرگۈزۈۋالغانىدى.

بويالغانىدى.

شۇنداق قىلىپ مىلادىيە 1670 ـ يىل يازدا سۇلتان ئابدۇرە-شىدخاننىڭ ئون ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇرەھىمخاندىن بولغان ئىك-كىنچى نەۋرىسى سۇلتان ئىسمائىلخان جىيەن ئوغلى شاھزادە يولۋاسخاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى خان دەپ جاكارلاپ، سەئىدىيە تەختىدە ئولتۇردى.

بۇ چاغدا خانىقا دەرۋازىسىنى قوغداۋاتقان سوپى لەشكەرلەر-نىڭ ھىمايىسىدە ئاستانىدىن بىخەتەر قېچىشقا مۇۋەپپەق بولغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان قەشقەرگە قاراپ ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي كېتىپ باراتتى. ئاق ئات ئۈستىدە كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەن ئىتتەك شۇمشىيىپ ئولتۇرغان ئىشاننىڭ كاللىسى ھەس-رەتلىك خىيال ۋە قىساسخورلۇققا تولغان قەسەملەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

«... ئاھ تەڭرىم، ئى مازار پادىشاھى پەدەرى بۇزرۇك، مىڭ جاپالاردا قولغا كەلتۈرگەن بۇ سەلتەنەت يەنە قولدىن كەتتى. مەنكى كاج تەلەي پەرزەنتلىرىدىن مەدەتلىرىنى ئايىمىغايلا. خا-تىرجەم بولسىلىكى، ئى پەدەرى بۇزرۇكۇم، بۇ سەلتەنەتنى ئازغى-نە كۈندە يەنە قايتۇرۇۋالىمەن. سەئىدىيە تەسەررۇپىدا سائادەتمەن سۇلۇكى ئىشقىيەنىڭ تۇغ ـ شەددىسىنى يەنە جەۋلان قىلدۇرى-مەن. ئەشەددىي رەقىبىمىز ئىسھاقىيەچى قارا مۇسۇلمانلارنىڭ نىجىس تېنىنى ئۆزلىرىنىڭ قانلىرىغا غەرق قىلىمەن...»

— پەرمان، — دېدى ئۇ، — سەركەردە شىرئەلى باھادىر پىر بۇزرۇك ھەزرىتىمنى ئوردىنغا قايتۇرۇپ كەلگەي.

— پەرمانبەردارمەن، — دېدى شىرئەلى باھادىر ۋە مېڭىشقا تەمشەلدى.

— سەركەردە، توختاپ تۇرسىلا، — دېدى مىرزا باباقبەگ شىرئەلى باھادىرنى توختىتىپ ۋە ئىسمائىلخانغا قاراپ، يەنە مۇ-راجىئەت قىلدى، — ئىشان ھەزرەتلىرى ئادەتتە سەركەردىلەرنىڭ گېپىگە ئانچە قۇلاق سېلىپ كەتمەيدۇ. خان يارلىقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن شىرئەلى باھادىرنىڭ گېپىگە كىرمەسلىكى مۇمكىن. شۇ-ڭا، ئالىيلىرى مالال كۆرمەي بەللىرىدىكى شاھانە قاشتېشى كە-مەرنى پەرمانلىرىنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە شىرئەلى باھادىرغا بەر-گەن بولسىلا.

ئىسمائىلخان دەرھال قاشتېشى كەمەرنى يەشتى.

— شىرئەلى باھادىر بىلەن مەنمۇ بىللە باراي، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم.

— ئىجازەت، — دېدى مىرزا باباقبەگ مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ھەمدەمگە بېرىشتىكى مۇددىئاسىدىن سۆيۈنۈپ.

شىرئەلى باھادىر بىلەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم مەخدۇمزا-دە خوجا ئابدۇللا ئىشاننى ئىزدەپ تاپقاندا، ئاللىقاچان ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ قەسىرىگە باستۇرۇپ كىرگەن خوجا ئابدۇللا ئىشان قەسىردىكى ھىدايىتۇللا ئىشان بىلەن بىللە قېچىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن بارلىق قېرى - ياش، ئەر - ئايال، سوپى خىز-مەتكارلارنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپ، كوچا - رەستىلەردىكى «ئىش-قىيە سۇلۇكىدىكى ئازغۇنلار» دەپ قارىغان ئىككى مىڭغا يېقىن بىگۇناھ خەلقنى قىرىپ تاشلاشقا ئۈلگۈرگەنىدى. گەرچە مىرزابا-باقبەگ ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكىلەرنىڭ ئىشقىيە سۇلۇكىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈشىدەك ئېچىنىشلىق پاجىئە يەنە تەكرارلانغان، ئاستانە كوچىلىرى قانغا

ئۆيلىرىدىن كوچا - كويلارغا چىقىشقا، خاتىرجەم تىرىكچىلىك
قىلىشقا باشلىغانىدى. نەلەرگىدۇر غايىب بولغان چەت ئەللىك
سودىگەرلەرمۇ تۆگە كارۋانلىرىنى يېتىلىشىپ شەھەرگە كىرىشكە
باشلىغانىدى.

شۇ كۈنلەردە مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان يېڭىلا تەخت-
كە ئولتۇرغان سۇلتان ئىسمائىلخاندىن خېلىلا رەنجىپ قالغان-
دى. چۈنكى، ئىسمائىلخان تۇنجى تۇركۇمدە مەنسەپكە تەيىنلىگەن
ئوردا ئەمىرلىرىنىڭ ئارىسىدا نېمە سەۋەبتىندۇر بۇ پىرى بۇزرۇ-
كىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئۇ سۇلتان ئىسمائىلخانغا مەرھۇم دادى-
سى خوجا شادى ئىشاننىڭ سۇلتان ئابدۇللاخان زامانىسىدا، ئور-
دىنىڭ نەجىبلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ، خاننىڭ سول تەرىپىدە
ئولتۇرۇشقا مۇشەررەپ بولغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتكەن، شۇ
ئارقىلىق ئۆزىنىڭمۇ بۇ ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشىش تەمەسىنىڭ
بارلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ئەپسۇس، ئىسمائىلخان پىرى بۇزرۇك-
نىڭ بۇ ئارزۇسىنى قاندۇرمىغانىدى. ئەجەبا، ئىسمائىلخان شۇن-
چە ئاشكارا بىلدۈرۈلگەن بېشارەتنى بىلەلمىگۈدەك دەرىجىدە كال-
ۋالىشىپ قالغانمىدۇر. ياق، بۇنىڭ تېگىدە چوقۇم بىر ئويۇن
بار. مىرزا باباقبەگ دېگەن مۇرتەت ھارام تاماق خاننىڭ بۇرنىدىن
يېتىلەۋاتىدۇ. سەئىدىيە تەسەررۇپىدا دەۋەتى ئىسھاقىيەنى چەك-
لەشكە پەرمان چۈشۈرۈشكە يول كۆرسەتكەنمۇ شۇ، پىرى بۇزرۇك
بىلەن خاننىڭ ئوتتۇرىسىدا توسۇق بولۇپ تۇرۇۋالغانمۇ شۇ، خەپ
مىرزا باباقبەگ...

بۇ ئىشلارنى ئويلىغانسېرى پىغان چېكەتتى خوجا ئابدۇللا
ئىشان ھەشەمەتلىك ئىشان قەسرىدە خۇددى ئىچىدە يادا تېشى
بار ئېشەكتەك توختىماي ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ خىيال سۇ-
رەتتى. خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ پەرىزى توغرا ئىدى.

سۇلتان ئىسمائىلخان رەسمىي تەختتە ئولتۇرۇپ ھەپتە ئۆت-
كەندە، تۇيۇقسىز مىرزا باباقبەگنى مەرىپەت سارىيىغا تەكلىپ

# ئالتىنچى باب

## سۇلۇك تۇمانلىرى

### 1

خۇشاللىقىدىن كۆرە غەم ـ قايغۇلىرى كۆپىيىپ قالغان، شۇ سەۋەبلىك خىلىلا چۆلدەرەپ قالغان ئاستانە كوچىلىرى يېقىن- دىن بېرى يەنە قايتىدىن ئاۋاتلىشىپ، جانلىنىپ قالغانىدى. سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ «سەلتەنەتنى سۇلۇك مەزھەپتىن مۇس- تەسنا تۇتۇش» سىياسىتىنىڭ تەسىرىدە، سۇلۇكى ئىسهاقىيە تەرغىباتىنى بوشاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولغان مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشانىنىڭ خەلىپە ـ سوپىلىرىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ بىر ئاز خاتىرجەملىككە ئېرىشكەن شەھەر ئاھالىسى خىلىلا كۆڭۈل ئازادىلىكىگە چىقىپ قالغانىدى. سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۇشى، دۇمبالىنىشى، جازالىنىشى، مال ـ مۇلكىنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىشى، ئۆيۋاقلىرىنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى، يېقىن- دىن بېرى ئاساسەن توختىتىلغانىدى. شۇڭلاشقا، سودىگەرلەر، دۇكاندارلار، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار، ئۇششاق تىجارەتچىلەر، چار بازارچىلار، بېدىكلەر قايتىدىن تىجارەت باشلىغان، بىر مەز- گىل تاقىلىپ قالغان سەرراپ بازىرىدىكى ئالتۇن سارىيى، تىللا سارايلىرى قايتىدىن ئېچىلغانىدى. ئاددىي خەلق بېكىنىۋالغان

مىرزاباباقبەگ مەخمەل كۆرپىگە قايتىدىن جايلاشتى. سۇلتان ئىسمائىلخان شىرە ئۈستىدىن ئىككى ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ مىرزا باباقبەگكە ئۇزاتتى.

— ئىككى كۈندىن بېرى باش قاتۇرۇپ بۇ تىزىملىكنى تۈزۈپ چىقتىم. ئەمىر جانابلىرى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن كۆڭلىدە قانداق ئوي - خىياللىرى بولسا يوشۇرماي بايان قىلغاي.

مىرزاباباقبەگ تىزىملىكنى ئىككى قوللاپ ئالدى - دە، ئىچىدە ئاستا ئوقۇشقا باشلىدى.

«مىرزا باباقبەگ — ئەركانى دۆلەت، ئەمىرى كەبىر؛ مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان پىرى بۇزرۇك — نەجىب[1]، سۇدۇرلار سەدرى[2]».

مىرزاباباقبەگ سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ ئۆزى بىلەن ئىشانغا ئىنئام قىلغان مەرتىۋىسىنى ئوقۇپ بىرئاز تەئەججۇپلەنگەندىن كېيىن كۆز قىرىدا خانغا شۇنداقلا قارىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى.

مىرزاباباقبەگ تىزىملىكنى تولۇق كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن شىرە ئۈستىدىكى قەلەمنى قولىغا ئېلىپ سىياھقا مىلىگەندىن كېيىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئىسمىغا، ئاندىن مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ ئىسمىغا دۈگىلەك سىزدى، يەنە بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مىرزا ئىدرىسبەگ، مىرزا ھەيدەربەگ، مىرزا خوجايار، مىرزا قاسىمبەگ قاتارلىق تۆت ئادەمنىڭ ئىسمىغىمۇ دۈگىلەك سىزىپ بولۇپ، تىزىملىكنى خانغا ھۆرمەت بىلەن ئۇزاتتى. ئىسمائىلخان تىزىملىكنى قولىغا ئېلىپ، دۈگىلەك سىزىلغان ئىسىملارغا قايتا نەزەر تاشلىدى.

---

① نەجىب — لەشكىرىي يۈرۈش، قوشۇن يۆتكەش ئىشلىرىغا مەسئۇل يۇقىرى دەرىجىلىك لەشكىرىي مەنسەپ.

② سۇدۇرلار سەدرى — بارلىق دىنىي مەرتىۋىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى، خانلىقنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا مەسئۇل مەنسەپ.

قىلدى. مىرزا باباقبەگ سارايدا سۇلتان ئىسمائىلخاندىن بۆلەك ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ خاننىڭ ئۆزى بىلەن خاس مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىشى بارلىقىنى پەملىدى.

سالام - سەھەتتىن كېيىن ئىسمائىلخان مىرزا باباقبەگنى يېنىدىكى تەتىللا كۆرپىدە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— ئانھەزرىتىمنىڭ قانداق پەرمانى بار ئىكەن؟ — دېدى مىرزا باباقبەگ خان بىلەن بىر كۆرپىدە ياندىش ئولتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي، پەگاھ تەرەپتىكى مەخمەل كۆرپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ.

— ئاۋۋال ياراتقان ئىگەمنىڭ ئىنايىتى بىلەن، ئاندىن قالسا ئەمىر جانابلىرىنىڭ كاتتا پەم - پاراسىتى بىلەن بۈيۈك سەئىدىيە تەختىدە ئولتۇرۇشقا مۇشەررەپ بولدۇم، — دېدى ئىسمائىلخان ئالدىرىماي سۆزلەپ، — ئەمما يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرۇش مەن بىر ئادەم ئۈچۈن بەسى مۇشكۇلدۇر، تەسەررۇپىمىزدا نىسپىي تىنچلىق ھۆكۈم سۈرگىنى بىلەن ئەل رەئىيەتنىڭ كۆڭلىنى بىزگە پۈتۈنلەي مايىل دېگىلى بولمايدۇ. تەسەررۇپىمىزدىكى ھەرقايسى يۇرت، شەھەر، بەگلىكلەر ھېلىمۇھەم شاھزادە يولۋاسخان تەرەپدارىدىكى ئەمىر، ھاكىم، بەگلەرنىڭ قولىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئوردىدىكى ھەرقايسى دىۋان، سارايلارغا ئەمىر - ساھىبلار، مۈلكىي ئەمەلدارلار تېخى تولۇق بېكىتىلگىنى يوق. شۇ خۇسۇستا جانابلىرى بىلەن مۇلاقەتتە بولغۇم بار.

— ئارى، — دېدى مىرزا باباقبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ خانغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، — دۆلەتپاناھىمىزنىڭ بۇ خۇسۇستىكى مۇددىئاسىنى ئاڭلاپ باقسام.

— قېنى كۆرپىگە مەرھەمەت قىلسىلا، ئەمىر جانابلىرى، — دېدى ئىسمائىلخان مىرزا باباقبەگنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، — ئارتۇقچە تۈزۈت قىلمىسىلىمۇ بولىدۇ، كەڭ - كۇشادە مەسلىھەتلىشەيلى.

پىتنە ـ پاسات پەيدا بولۇپ، تۈگىمەس نىزا ـ ئاداۋەتلەر قايتىدىن باش كۆتۈردى. ئەل رەئىيەتنىڭ ئانەزرىتىمگە بولغان ئىشەنچىسى سۇسلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پىرى بۇزرۇك خوجا ئابدۇللا ئىشان ھەزرەتلىرى دەۋەتى ئىسھاقىيە تەرغىباتىدىن تېخىچە يانغىنى يوق. ھېلىمۇ ھەم ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنىڭ تەقىبىدىن نۇرغۇنلىغان ئاددىي، بىگۇناھ ئىشقىيە مۇرىتلىرى يۈرەكئالدى بولۇپ ياشاۋاتىدۇ.

— بۇ دېگەنلىرىمۇ توغرا، ئەمىر، ئەمما پىر بۇزرۇك خوجا ئابدۇللا ئىشان ھەزرەتلىرى ماڭا بىرنەچچە قېتىم مۇشۇ خۇسۇستىكى ئارزۇسىنى بىلدۈرۈپ، ئوچۇق ـ ئاشكارا بېشارەت بەرگەنىدى، — دېدى ئىسمائىلخان تەڭقىسلىقتا قالغان ھالدا، — ئىشان پىرىمىزنىڭ بۇ ئارزۇ ـ مۇددىئاسىنى بىلىپ تۇرۇپ قاندۇرمىساق بىزدىن رەنجىپ قالماسمۇ؟

— ئىشان پىرىمىزنىڭ ئارزۇ ـ مۇددىئاسىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، — دېدى مىرزا باباقبەگ مۇلاھىزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — پىرغا قول بېرىش مەرھۇم سۇلتان سەئىدخان ئالىيلىرىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆدۇم. ئەمما، مەيلى سۇلتان سەئىدخان ئالىيلىرى، مەيلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئالىيلىرى ۋە ياكى كېيىنكى خان ـ سۇلتانلار بولسۇن ھەممىسى پىرغا قول بەرگەن بىلەن، ئۇلارنى سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئوردىدا مەنسەپ، مەرتىۋە بەرگەن ئەمەس. پەقەت ئاكىلىرى جەننەتماكان سۇلتان ئابدۇللاخان ئالىيلىرى ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلىرىنى تىنچىتىشقا ئامالسىز قېلىپ، سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈنلا خوجا شادى ئىشان ھەزرەتلىرىگە نەجىبلىك مەرتىۋىسىنى ئىنئام قىلغانىدى. ئەمما، بۇ ئىش سۇلتان ئابدۇللاخان ئالىيلىرىغا تېخىمۇ كۆپلەپ باش ئاغرىقى تېپىپ بەردى. چۈنكى، قەشقەردىكى ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ پىر ئەزىمى خوجا مۇھەممەديۈسۈپ ئىشان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى

— ئەمىر جانابلىرىنىڭ ئۆزلىرى ۋە پىرى بۇزرۇك قاتارلىق ئالتە كىشىنىڭ ئىسمىغا دۇگىلەك سىزىپ قويۇشىنىڭ بائىسى نېمىكىن؟ — سورىدى ئىسمائىلخان تەئەججۇپ ئىلكىدە مىرزاباباقبەگكە قاراپ.

— دۆلەتپاناھىم ماڭا ئىشىنىپ سەلتەنىتىمىزنىڭ كاتتا ھەم مۇھىم ئىشىنى مەسلىھەتىمگە سالغانىكەن، ئاتىكاچىلىق بولسىمۇ كۆڭلۈمدىكىنى ئۇدۇللا دەۋېرەي، — دېدى مىرزا باباقبەگ خانغا تەۋازۇ بىلەن باش ئېگىپ، — ئەركانى دۆلەتلىك مەرتىۋىسىنى ئىنئام قىلىپ پېقىرنى ئەتىۋارلىغانلىقلىرى ئۈچۈن قىبلىگاھىمغا چەكسىز مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن، ئەمما، بۇيۇك سەئىدىيە تەختىدە ئالىيلىرىدەك پەزىلەتلىك، ئىستىبداتلىق، پاراسەتلىك، ئەدلۇ ئادالەتلىك باھادىرخان پاسىبان بولۇپ تۇرغانىكەن، ئەركانى دۆلەتلىك مەرتىۋىسى ئەلۋەتتە ئۆزلىرىگىلا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك. بۇ مەرتىۋە باشقىلارغا زىنھار خوپ كەلمەس. مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان پىرى بۇزرۇكقا گەرچە ئالىيلىرى قول بېرىپ مۇرىت بولغان بولسىلىمۇ، بىراق ئۇ زات خانلىقىمىز تەسەررۇپىدىكى بارلىق ئاۋام رەئىيەت ئېتىراپ قىلىدىغان ئىسلامى شەرىئەتنىڭ ئەمەس، بەلكى سۇلۇكى تەرىقەتنىڭ، يەنە كېلىپ دەۋەتى ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ پېشۋاسىدۇر. مۆھتەرەم ئانھەزرىتىمگە مەلۇملۇق، سەئىدىيە تەسەررۇپىدا دەۋەتى ئىسھاقىيە، دەۋەتى ئىشقىيەدىن ئىبارەت ئىككى سۇلۇككە ئىرادەت قىلىدىغان ئاۋامدىن باشقا يەنە سۇلۇكتىن مۇستەسنا ياشاپ، شەرىئەت ئەھكاملىرى بويىچە مۇسۇلماندارچىلىق قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان ئاۋام باردۇر. ناۋادا مۇشۇلارنى ئويلاشمايلا ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ پېشۋاسى بولمىش ئىشان پىرىمىزغا خانلىقىمىزنىڭ نەجىب، سۇدۇرلار سەدرىلىقىدىن ئىبارەت ئىككى يۇقىرى مەنسەپنى ئىنئام قىلىسىلا، يالغۇز ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى ئاۋاملا ئەمەس، سۇلۇكتىن مۇستەسنا ئاۋاممۇ قايىل بولمايدۇ - دە، ئەل - يۇرت ئارىسىدا

چوڭ تەسەللىدۇر. بۇ ئىشتىن خوجا ئابدۇللا ئىشان ھەزرەتلىرى سەلتەنەت بىلەن قارشىلاشىسا ئىززەت - ئابرۇيىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئالىيلىرىغا يېقىنلىشىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك ھازىرچە سەلتەنەتكە پايدىسىز ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. بىز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سەلتەنەتنى سۇلۇكتىن مۇستەسنا تۇتۇش سىياستىمىزنى ھەقىقىي ئەمەلدە كۆرسىتىشىمىز، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ قەشقەردە ۋە مەكىت شېھىتدۆڭدىكى ئاتا مىراس زېمىنلىرىنى قولىغا قايتۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلساق ھەر ئىككى سۇلۇكتىكى ئەزىزلەر سەلتەنەتكە قارشى ھەرىكەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. دېمەك، بىرى ئارقىلىق يەنە بىرىنى چەكلەپ تۇرىمىز. ئۇنىڭغىچە سەلتەنىتىمىزنىڭ ئاساسىنىمۇ خېلىلا پۇختىلىۋالىمىز.

— بۇ بولىدىغان تەدبىر ئىكەن، — دېدى ئىسمائىلخان قايىل بولۇپ، — ئەمما، ئىشان پىرىمىزنى تارتۇقسىز قالدۇرساقمۇ بولماس.

— خوجا ئابدۇللا ئىشان پىرىمىزنىڭ قەشقەردە پەيزئاباد[1]، ئاستانىدە توققۇز كەنت[2]، خوتەندە ئاقساراي[3] قاتارلىق ئاتا مىراس زېمىنلىرى بار. شۇ زېمىنلىرىنى قولىغا قايتۇرۇپ بەرگەندىن سىرت خوتەندە يەنە سانجۇ[4] تەۋەسىنى ئابىي نىياز قىلىپ تارتۇق قىلسىلا كۇپايە قىلۇر. پىر بۇزرۇكىمىز تولىمۇ خۇداگۆي، پانىي ئالەمنىڭ مەئىشەتلىرىنى تەرك ئەتكەن زاتتۇر، ئارتۇقچە دەپنە - دۇنيانى لازىم قىلماس.

مىرزاباباقبەگ كېيىنكى سۆزلىرى ئارقىلىق سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ سېخىيلىق قىلىپ مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشانغا

---

① پەيزئاباد — ھازىرقى پەيزاۋات ناھىيىسى.
② توققۇز كەنت — ھازىرقى يەكەن ناھىيىسىنىڭ بەشكەنت، ئېكەچى يېزىلىرى.
③ ئاقساراي — ھازىرقى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئاقساراي يېزىسى.
④ سانجۇ — ھازىرقى گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجۇ يېزىسى

خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ئىلگىرى خوجا شادىنى بىردىنبىر دۈشمىنى دەپ قارىغان بولسا، خوجا شادى نەجىبلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا ئارىلاشقاندىن كېيىن سۇلتان ئابدۇللاخان ئائىلىلىرىنىمۇ ئەشەددىي رەقىبى قاتارىدا سانىدى، سۇلتان ئابدۇللاخان ئائىلىلىرىنىڭ سەلتەنىتىنى سۇلۇكتىن، مەزھەپتىن مۇستەسنا تۇتۇش سىياسىتىگە ئىشەنمىدى، ئاخىرىدا شاھزادە يولۋاسخاننى قۇترىتىپ ئاتا بىلەن بالىنى ئۆزئارا قىلىچ ياڭاچلاشقا مەجبۇر قىلدى. كېيىنكى پاجىئەلەر قىبلىگاھىمغا سىر ئەمەس. خۇلاسەكالام، ئائىلىلىرى سەلتەنەت تەختىگە ئەمدىلا بەرقارار بولدىلا، سەئىدە تەسەررۇپى قالايمىقانچىلىق، ئۇرۇش ۋەھىمىسىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى. ئاۋامنىڭ كۆڭلىمۇ خاتىرجەم ئەمەس، سەلتەنەتتە مۇقىملىق، ئاسايىشلىق تولۇق ئەمەلگە ئاشمىدى، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا سەلتەنەتنىڭ مۇھىم ئىككى مەنسىپىنى پىر بۇزرۇكقا تاپشۇرسىلا، بۇ ئىش خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان باشچىلىقىدىكى سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرى ئۈچۈن ئوبدان باھانە بولۇپ بېرىدۇ - دە، پىتنە - پاسات تارقىتىپ ئەلنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزىدۇ.

— ناۋادا ئىشان پىرىمىزنى رەنجىتىپ قويساق سەلتەنىتىمىز ئۈچۈن ئوخشاشلا خەۋپ بولۇپ قالامسىمۇ، جانابىي ئەمىر، — دېدى ئىسمائىلخان كۆڭلىدىكى ئەندىشىنى يوشۇرماي.

— ئەلۋەتتە، بۇمۇ ئوخشاشلا چوڭ خەۋپ، — دېدى مىرزا باباقبەگ خاتىرجەملىك بىلەن، — ئەمما ئول مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان پىر بۇزرۇكنى يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرمىغانلىقلىرىنىڭ ئۆزىلا ئىشقىيە سۇلۇكىدىكىلەر ئۈچۈنمۇ، سۇلۇكتىن مۇستەسنا ئاۋام ئۈچۈنمۇ چوڭ خاتىرجەملىك ئەكەلگۈسى، بۇ بىردىن كېچىپ ئىككىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش دېگەنلىكتۇر. ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنىڭ ئىشقىيە مۇرىتلىرىنى جازالىشىنى توسقانلىقلىرىنىڭ ئۆزىلا خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ئۈچۈن

— قېنى سۆزلەۋەرسىلە، ئەمىر جانابلىرى، — دېدى ئۇ ئالتۇن جامدىكى ئانار شەربىتىدىن ئوتلىغاچ.

— قەشقەر سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرى ئەڭ كۆپ توپلاشقان يۇرت، شۇنداقلا تەسەررۇپىمىزدىكى مۇھىم چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى. بۇ شەھەرگە مىرزا ئىدرىسبەگدەك ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ ساداقەتمەن مۇرىتىنى نائىبلىققا، قوشۇمچە ئەمىرلەشكەرلىك مەنسىپىگە قويساق، مىرزا ئىدرىسبەگ قەشقەرگە نائىب ئەمىر بولغاندىن كېيىن، ئىشقىيە سۇلۇكىنى چەكلەپ، سۇلۇكى ئىسھاقىيە تەرغىباتىنى يولغا قويمايدۇ دەپ ھېچكىم ھۆددە قىلالمايدۇ. چۈنكى، مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان پىر بۇزرۇكىمىزنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى ئۇنىڭ ئۈچۈن خان يارلىقىغا ئوخشاش مۇقەددەستۇر. بۇ قەشقەرنىڭ تىنچلىقى، قەشقەر ئاھالىسىنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن پايدىسىزدۇر. شۇڭلاشقا، مېنىڭچە قەشقەرگە سۇلۇكتىن مۇستەسنا سەركەردىدىن بىرنى نائىب ئەمىرلىككە قويغىنىمىز ياخشى. مىرزا ھەيدەربەگنى ئاستانىنىڭ ئەمىرلىكىگە قوشۇمچە ئاستانە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرلەشكەرلىكىگە قويۇش ئىشىغا كەلسەك، بۇ ھەقتە مېنىڭ قارىشىم باشقىچە، ئاستانىنىڭ ۋەزىيىتى پۈتكۈل خانلىقىمىزنىڭ ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر تۇمەندىن ئارتۇق ئاستانە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى بولسا خان لەشكەرلىرىنىڭ ئەڭ سەرخىلى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق مۇھىم ئورۇننى مىرزاھەيدەربەگدەك ساداقىتى نائېنىق بىر كىشىگە بېرىش تولىمۇ يەڭگىلتەكلىك بولۇر. مىرزا خوجايارنى خوتەننىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلىسەك مەيلى، ئەمما ئەمىر لەشكەرلىك مەنسىپىنى باشقا بىر سەركەردە ئۈستىگە ئالغىنى تۈزۈك. شۇنداق بولغاندا ئۇلار بىر - بىرىنى چەكلەپ، سەلتەنىتىمىزگە ئالا كۆڭۈللۈك قىلالمايدۇ. ئەمدى مىرزا قاسىمبەگنى ئىشكىئاغىلىق مەرتىۋىسىگە قويۇش ئىشىغا كەلسەك، بۇنىمۇ ئوبدان ئويلاشمىساق بولمايدۇ. بىز خانلىقى-

كۆپلەپ زېمىن سۇيۇرغال قىلىپ بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشۋاتاتتى.

— مەيلى شۇنداق قىلايلى ئەمىسە، — دېدى ئىسمائىلخان ئارتۇقچە ئويلىنىپ ئولتۇرماي ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، — ئەمما، بۇ تۆت ئەمىرنىڭ ئىسمىغا دۈگىلەك سىزىپ قويۇشلىرى-نىڭ بائىسى نېمىكىن، جانابىي ئەمىر؟

— بىلمىدىم، بۇ ئەمىرلەرنىڭ سۇلۇككە ئىرادە قىلىدى-غان - قىلمايدىغانلىقىنى مۆھتەرەم دۆلەتپاناھىم بىلەمدىكىن؟

— ئەلۋەتتە بىلىمەن، — دېدى ئىسمائىلخان ئويلىنىپ تۇرمايلا جاۋاب بېرىپ، — بۇلار ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ ساداقەت-مەن مۇرىتلىرى، پىر بۇزرۇكىمىز خوجا ئابدۇللا ئىشان ھەزرەت-لىرىنىڭ ئەڭ يېقىن خىش - ئەقرىبالىرىدۇر.

— بۇلارنى يۇقىرى، مۇھىم مەنسەپ - مەرتىۋىلەرگە قو-يۇشنىمۇ ئىشان پىرىمىز تەۋسىيە قىلغانغۇ دەيمەن، دۆلەتپانا-ھىم، — دېدى مىرزاباباقبەگ خانغا سىناش نەزىرى بىلەن قاراپ.

— ئەلۋەتتە، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان، — بۇ ئەمىر-لەر پىر بۇزرۇكىمىزنىڭ يېقىنلىرى بولۇپلا قالماستىن، سەلتە-نىتىمىزگىمۇ ئىنتايىن سادىق كىشىلەردۇر.

— بىر قىسىم سەركەردىلەرنىڭ سەلتەنىتىمىزگە سادىق - سادىق ئەمەسلىكىگە ھازىرچە بىرنېمە دېمەك تەس، — دېدى مىرزا باباقبەگ چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلغان ھالدا، — ئەمما بۇ ئەمىرلەرنىڭ مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان بۇزرۇكۋارىمىز-غا، ئىسھاقىيە سۇلۇكىگە ساداقەتمەن ئىكەنلىكىدە زىنھار شەك يوق. شۇل سەۋەبلىك بۇ ئەمىرلەرنى مۇھىم ئورۇنلارغا مەنسەپكە قويۇشقا بولمايدۇ، قىبلىگاھىم.

ئىسمائىلخان ھەيرانلىق بىلەن مىرزا باباقبەگكە قارىدى - دە، ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى تەپسىلىي بىلىپ بېقىپ بىرنېمە دېيىش-نى كۆڭلىگە پۈكتى.

مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرلەشكەرلىكىگە، مىرزا ھەيدەر-
بەگنى ئورۇنباسارلىققا تەيىنلىگىنىمىز توزۇك.

— ئۇنداقتا ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرلىكىگە
كىمنى قويساق بولۇر؟ — دېدى ئىسمائىلخان، — مەن دەسلەپتە
ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىگەنىكەنمەن. مانا ھازىر ئويلاپ باقسام
بۇ ئورۇن ئىنتايىن مۇھىم ئىكەن. بۇ ئورۇننى ساداقەتمەن
سەركەردىلەردىن بىرىگە تاپشۇرمىساق بولمىغۇدەك.

— ئەينى مۇددىئا، — دېدى مىرزا باباقبەك رازىمەنلىك
بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، — بۇ ئورۇنغا مەن باشتىلا بىر
سەركەردىنى دىتلاپ قويغان، بىلمىدىم خان ئالىيلىرى قانداق
قارايدىكىن؟

— ئول سەركەردىنىڭ ساداقىتىگە ئىشەنچ قىلالىسىلا مېنىڭ
باشقا پىكرىم يوق، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان.

— ئول سەركەردىنىڭ جانابىي دۆلەتپاناھىمغا، سەلتەنىتى-
مىزگە بولغان ساداقىتىمگە ھەرقانداق سەركەردە - ئەمىرنىڭ
ساداقىتىنى تەڭلەشتۈرۈپ بولماس.

— ئېيتسىلىچۇ، ئەمىر، ئول سەركەردە زادى كىم؟ —
دېدى ئىسمائىلخان تەقەززالىق بىلەن.

— ئول سەركەردە مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم...

— مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم؟ — ئىسمائىلخان بىردىنلا
ئۈمىدسىزلەندى - دە، لاسىدە بوشاشتى، چىرايىنى پۈرۈشتۈر-
دى، مىرزاباباقبەگكە نارازىلىق بىلەن تىكىلدى.

— ئەجەبا خان ئالىيلىرى سەركەردە مەلىكە مۆھتەرەم خې-
نىمنىڭ ساداقىتىدىن گۇمانلانغان بولسا...

— يېڭىلىشتىلا، ئەمىر جانابلىرى، — دېدى ئىسمائىلخان
مىرزاباباقبەگنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ، — مېنىڭ مەلىكە مۆھ-
تەرەم خېنىمنىڭ ساداقىتىدىن گۇمانلانغىنىم يوق. ئۇ مەن ئۇ-
چۇن ئۆزپەرزەنتىم بىلەن ئوخشاش. بىراق، ئۇ دېگەن مۇشتۇم-

مىرزىنىڭ بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇدۇمىنى بۇزۇپ، ئە-
شىكئاغىلىق مەرتىۋىسى بىلەن ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ
ئەمىرلىكىنى ئالىيلىرىغا ھەقىقىي ساداقەتمەن سەركەردىلەردىن
بىرى ئۇستىگە ئالسۇن، شۇنداق قىلغاندىلا ئوردىنىڭ ۋە جانابىي
دۆلەتپاناھىمىنىڭ ئامانلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك
قىلغىلى بولىدۇ.

— ئەمىر جانابلىرىنىڭ ئورۇنلۇق مۇلاھىزىلىرى كۆڭلۈم-
دىكى تۈگۈچلەرنى تولۇق يېشىۋەتتى، — دېدى ئىسمائىلخان
قايىللىق بىلەن، — ئېيتسىلىچۇ، جانابىي ئەمىر، بۇ ئورۇنلارغا
قويغۇدەك مۇۋاپىق سەركەردە - ئەمىرلەر تېپىلارمۇ؟

— ئەلۋەتتە تېپىلىدۇ، — دېدى مىرزاباباقبەگ تېخىمۇ
جانلىنىپ، — ناۋادا خان ئالىيلىرى ئاڭلاشنى خالىسىلا مەن
بىرقانچە كىشىنى تەۋسىيە قىلاي، كۆڭۈللىرىگە مەقبۇل كەلسە
يارلىق چۈشۈرگەيلا.

— قۇلىقىم سىلىدە، ئەمىر.

— بىزگە ئەل بولۇپ ئوردا قوۋۇقىنى ئېچىپ بەرگەن
يولۋاسخانىنىڭ سەركەردىسى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى سۇلۇكتىن
مۇستەسنا، جىگەرلىك ئادالەتپەرۋەر ھەم پەم - پاراسەتلىك زات،
ئۇنىڭ سەلتەنىتىمىزگە بولغان ساداقىتىدىن گۇمانلانمىساقمۇ بو-
لىدۇ. ئۇنى قەشقەرنىڭ نائىبلىقى، قوشۇمچە ئەمىرلەشكەرلىك
مەنسىپىگە تەيىنلىسىلە قەشقەر تەرەپتىن كېلىدىغان باش ئاغرىقى-
دىن تولۇق پارىغ بولىدىلا. خوتەننىڭ ئەمىرلەشكەرلىگىگە سەر-
كەردە شىرئەلى باھادىرنى تەيىنلىسىلە ئەمىر خوجا ياردىن خاتىر-
جەم بولغىلى بولىدۇ. ئەل بولغان يەنە بىر سەركەردە مىرزا
ئەۋەزبەگ ئادىللىقى، كۆيۈمچانلىقى، شۇنداقلا جەڭبازلىق ۋە
لەشكىرىي ماھارىتىنىڭ ئۇستۇنلۇكى بىلەن خېلى بۇرۇنلا ئەل
ئارىسىغا نامى تارقالغان، ئاۋام - لەشكەرلەر ئارىسىدا يۇقىرى
ئىناۋەت تىكلىگەن، ئۇنى ئاستانە ئەمىرلىكىگە، قوشۇمچە ئاستانە

لوشقا مەجبۇر بولدى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك قوبۇلدا، ئەمىر - سەركەردىلەرنى ھەرقايسى دىۋان - مەھكىمە، يۇرت — شەھەرلەرگە مەنسەپكە تەيىنلەش خۇسۇسىدىكى خان يارلىقى جاكارلاندى.

يارلىق تاماملانغاندىن كېيىن، ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئەمىرلەر خاننىڭ ھىممەت - شەپقىتىگە ھەشقاللا ئېيتىشتى ۋە ئۆزئارا بىر - بىرىنى مۇبارەكلەشتى.

خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ نارازىلىقى چىرايىدىن مانا مەن دەپلا چىقىپ قالغانىدى. شۇ دەقىقىدە خاندىن تەمە قىلغان مەرتىۋىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن غەزەپلىنىپ ئاچچىق يۇتسا، خانغا ئالايىتەن تەۋسىيە قىلغان ئەمىرلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا ئەمەلىي ھوقۇق بېرىلمىگەنلىكىدىن ھەسرەتلەندى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمدەك بىر قىز بالىغا شۇنچىۋالا مۇھىم لەشكىرىي مەرتىۋىنىڭ ئىنئام قىلىنغانلىقىدىن قورسىقى كۆپتى، شۇنداقتىمۇ مۇراسىم ئاخىرلاشقۇچە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئاران ئولتۇردى.

مانا بىر ھەپتىدىن بېرى مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان بىتاب بولۇپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئىشان قەسرىگە مەھكەم بېكىنىۋالغانىدى. ئۇ ئۆزى جىم تۇرغىنى بىلەن ۋۇجۇدىدىكى مىكىر قۇزغۇنلىرى، يۇرىكىدە بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرغان ئوغىنى ئىچىپ، ئاللىقانداق شۇم تەدبىرلەرنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن قانات قېقىۋاتاتتى.

## 2

بالا - چاقا، خەلىپە - سوپىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاستانىدىن شەرمەندىلەرچە قاچقان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ھېچ يەردە توختىماي كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ ئۇدۇل قەشقەرگە كەلدى - دە،

دەك بىر قىز بالا تۇرسا، مۇشۇنداق مۇھىم ئورۇننىڭ ھۆددىسى-
دىن چىقالارمۇ؟ ئايال زاتىنى يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا ئارىلاش-
تۇرساق كۈلكىگە قالماسمىزمۇ؟

— مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنى ئاقسۇدىكى جەڭدە سەركەردى-
لىك مەرتىۋىسىگە كۆتۈرگەنلىكلىرى ئەسلىرىدىن چىقىپ قالدى-
غاندۇر؟ ئانھەزرىتىم، — دېدى مىرزا باباقبەگ ۋەزمىن ئاھاڭدا
سۆزلەپ، — مەلىكىنىڭ لەشكىري ماھارىتى سەلتەنىتىمىزدىكى
مەنمەن دېگەن سەركەردىلەردىن قېلىشمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئالىيلىرىنىڭ سەئىدىيە تەختىدە ئولتۇرۇشىدا مەلىكە مۆھتەرەم
خېنىمنىڭ كۆرسەتكەن ئەجىر - تۆھپىسى ئاز ئەمەس. ئۇنىڭغا
سەركەردىلىك مەرتىۋىسىنىلا بېرىپ، مۇقىم بىر دىۋان - مەھكى-
مىگە ئىگە قىلمىساق ئۇۋال قىلغان بولىمىز. ئوردا ئامانلىق
مەھكىمىسىنىڭ ئەمىرلىكى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئۈچۈن ئەڭ
مۇۋاپىق ئورۇن. بىرىنچىدىن، مەلىكە يانلىرىدا تۇرىدۇ؛ ئىك-
كىنچىدىن، باشباشتاقلىق قىلىپ ئوردىدىن ئايرىلمايدۇ؛ ئۈچىن-
چىدىن، كۆرسەتكەن ئەجىر - تۆھپىسىگە لايىق تارتۇق - مەرتى-
ۋىگە ئېرىشكەن بولىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، ئەڭ مۇھىمى مەلىكە
سىلىدىن باشقا ھەرقانداق كىشىگە يۈز - خاتىر قىلمايدۇ. بۇ
دېگەنلىك، ئوردا قابىل بىر قورۇقچىنىڭ قولىدا مۇستەھكەم
مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ. ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئوردىغا سەۋەبسىز،
پەرمان، يارلىقسىز كىرىپ - چىقىشىغا چەك قويۇلىدۇ دېگەن-
لىك. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ يېتىشەلمىگەن يەرلىرىگە
پېقىر ھەمدەمدە بولىمەن. ئايال زاتىنىڭ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرى-
غا ئارىلىشىش ئىشىغا كەلسەك، بۇ كۈلكىگە قالغۇدەك چوڭ ئىش
ئەمەس، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىدا نۇرغۇن ئايال سەركەردىلەر،
يۇرت پاسىبانلىرى ئۆتكەن.

سۇلتان ئىسمائىلخان مىرزاباباقبەگنىڭ كۆرسەتكەن ئورۇن-
لۇق سەۋەبلىرى ئالدىدا گەپ تېپىپ بېرەلمەي ئىلاجسىز قوشۇ-

خانىسىغا چىڭداپ بېسىلغان نەشىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ ئىچ پۇشۇقىنى بېسىپ ئولتۇرغان ھىدايىتۇللا ئىشان سىرتتىن ئاڭلانـ غان شەپىدىن سەگەكلىشىپ چىلىمنى قويدى ـ دە، بەلۋېغىغا ئېسىۋالغان غىلاپلىكى خەنجىرىنىڭ سېپىغا قولىنى ئۇزاتتى. شۇ ئەسنادا ئىشىك ئېچىلىپ خۇتبىخانىغا موللا ساقى بىلەن موللا نەقى كىرىپ كەلدى. ئىشان بۇ ئىككىسىنى كۆرۈپ خاتىرجەملىك بىلەن يەڭگىل تىن ئالدى. خۇتبىخانا ئىچىنى مەززىلىك كەندىر پۇرىقى قاپلىغان بولۇپ، قويۇق كۆكۈچ ئىس لەيلەپ تۇراتتى.

بىردىنلا نەشە خۇمارى تۇتۇپ كەتكەن ئىككى خەلپە ئۆي ئىچىدىكى ئىس ـ تۈتەكنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن دەم تارتىشقا باشلىدى. ئىشان تېخى چېكىپ بولالمىغان چىلىمنى ئۇلارغا ئۇزىتىپ تۇرۇپ سورىدى:

— ھە، ئاستانىدە نېمە گەپ بار؟

چىلىمنى كۆرگەن ئىككى خەلپە خوجىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ خۇددى ئاچ بۆرە قوزىغا ئېتىلغاندەك چىلىمغا چاڭگال سالدى ـ دە، قولىدىن چىلىمنى تالىشىپ، يۇلۇپ دېگۇ-دەك ئېلىپ ئاچ كۆزلۈك بىلەن شوراشقا باشلىدى. چىلىمنىڭ سەيخانىسى لاپ ـ لاپ ئوت ئېلىپ ئاخىرى ئۆچتى. خۇمارى بىرئاز بېسىلغان ئىككى خەلپە بىر ئاز ھاردۇقى چىققاندەك بولۇپ ئۆزلىرىگە سوئال نەزىرىدە مىختەك تىكىلىپ تۇرغان ئىـشان خوجىسىغا قاراپ جاۋاپ بەردى.

— يامانلىقتىن ياخشىلىق كۆپتۇر، پىرىم.

— ھە، قېنى؟ — دېدى ئىشان ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىشكە ئالدىراپ.

موللا ساقى بىلەن موللا نەقى ئاستانىگە مەخپىي بېرىپ ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى بەس ـ بەستە سۆزلەشكە باشلىدى.

— ئوردىدىكى ئىشەنچلىك مۇرىتلارنىڭ ئېيتىشىچە، سۇل-تان ئىسمائىلخان قارا مۇسۇلمان، ئازغۇن، مۇرتەت مەخدۇمزادە

سۇلتان ئىسمائىلخانىنىڭ ھامىيلىقىغا ئېرىشكەن ئەشەددىي رەقىبى مەختۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشانىنىڭ لەشكەر باشلاپ قوغلاپ كې-لىپ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىشىدىن قورقۇپ، موللا ساقى بىلەن موللا نەقىدىن ئىبارەت ساداقەتمەن ئىككى خەلىپىسىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان ئىشان قەسىرىنىڭ بېغىدىكى راۋاقنىڭ ئاستىغا، ئۆز ۋاقتىدا ھەر ئېھتىمالغا قارشى ياساتقۇزۇپ قويغان ھەشەمەتلىك يەر ئاستى سارىيىغا خۇددى مۈشۈكتىن قاچقان تو-لۇمچاشقاندەك مەھكەم بېكىنىۋالغانىدى. ئامبار، ئىسكىلاتىدىن باشقا ئىككى خانىگە بۆلۈنگەن يەر ئاستى سارىيىنىڭ ھاۋا ئۆتۈ-شۈپ تۇرىدىغان تۆشۈكچىلىرى، كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدىغان مەخپىي پەنجىرىلىرى بار ئىدى. قوۋۇ تولكىنىڭ ئىككى يەردە ئۇۋىسى بار دېگەندەك، ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ بۇ يەر ئاستى سارى-يىنىڭ ئىككى يەردە ئېغىزى بار ئىدى. بىر ئېغىزى ئىشان سارىيىنىڭ خۇتبىخانىسىدىكى سۇپا بىلەن لەخمە ئارقىلىق تۇتى-شاتتى، يەنە بىر ئېغىزى باغنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئېگىزرەك دۆڭدىكى قۇچاق يەتكۈسىز قېرى سۆگەتنىڭ كاۋىكى ئارقىلىق لەخمە بىلەن تۇتىشاتتى.

ھەر ئىككىلى ئېغىزدىن كىرگىلىمۇ، چىققىلىمۇ بولاتتى. ئىشان يەر ئاستى سارىيىنىڭ ئىسكىلاتىدا ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق قىممەتلىك ماللىرىنى ساقلايتتى.

ھىدايىتۇللا ئىشان يەر ئاستى سارىيى پۈتكەندىن كېيىن، ساراي قورۇلۇشىغا قاتناشقان بارلىق ھۈنەرۋەن - كاسىپ ۋە ئىشلەمچىلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆجۈقتۇرۇۋەتكەن، بىر قىسمىنى گاچا، قارىغۇ، پاڭقاي قىلىۋەتكەنىدى.

شۇ كۈنلەردە خۇددى چاشقاندەك ئىنىغا كىرىۋالغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى پەقەت موللا ساقى بىلەن موللا نەقى خەلىپىلىرى ئارقىلىقلا بولۇۋاتاتتى.

يــەر ئــاستى سارىيىنىڭ خــۇتبىخانىســدا چىلىمنىڭ سەي-

كىگە تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.
— بۇ بىر ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى، پىرىم. بۇ ئىككى سەر-كەردە سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىدىن ئەمەس.
— بىلىشىمچە، بۇ ئىككى سەركەردە ئۆز ۋاقتىدا پىرىمغا قول بېرىپ ئىشقىيە سۇلۇكىمىزگە ئىرادەت قىلغانغۇ دەيمەن.
— ئۇل ئىككى ئاسىي مۇرتەتنىڭ سائادەتمەن ئىشقىيە سۇلۇ-كىمىزگە ئىرادەت قىلمىقى ئۆزلۈكىدىن ئەمەس ئىدى، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — ئۇلار سۇلتان يولۋاسخان ئائىلىرىنىڭ سىر - ھەيۋىسىدىن قورقۇپلا بىزگە قول بەرگەن، بولمىسا بىزگە ئاسىيلىق قىلىپ دەھرىي سۇلتان ئىسمائىلخانغا دەرۋازا ئاچامتى ئۇل قارغىش تەگكۈرلەر. ھەر ھالدا مىرزا ھەيدەر دوغىلاتىنىڭ قەشقەرگە نائىب ۋە ئەمىر بول-غىنى ياخشىلىقتىن بېشارەتتۇر. سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىمىز ئىسھاقىيەچى قارامۇسۇلمانلارنىڭ زۇلۇم - ستەملىرىگە ئۇچرى-مىغۇدەك، بىلگۈچى ئاللا، سۇلتان ئىسمائىلخان نېمە ئۈچۈن پىرى بۇزرۇكنىڭ تەۋسىيىسىگە قۇلاق سالمىدىكىن.
ئىككى خەلپە بىر - بىرىگە قاراپ پارقىرىشىپ تۇرۇشتى. خۇتبىخانا ئىچىدە بىر پەس تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈردى.
— ھە راست، ئىشان پىرىمغا بىر پارچە مەكتۇپ ئەكىلىۋى-دىم، — دېدى موللا ساقى سەللىسىنىڭ قېتىدىن پىلىكتەك يۆگەلگەن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ، — ئوردىدىكى ھېلىقى سادا-قەتمەن ئەمىر جانابلىرى يېزىپ بەرگەنىدى.
ئىشان چاقانلىق بىلەن خەتنى قولىغا ئالدى - دە، شامنىڭ يورۇقىغا ئەكېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

«ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئى ئەھلى تەرىقەتنىڭ بىناسىنى قۇرغۇچى، ساخاۋەتنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى، ئەدلۇ ئادالەتنىڭ خالىس شەمشىرى، ئەھلى سۇلۇكنىڭ يول

خوجا ئابدۇللا ئىشانغا خوجا تەقىبىنى توختىتىش، سۇلۇكى ئىش-
قىيە مۇرىتلىرىنى جازالىماسلىق ھەققىدە پەرمان
چۇشۇرگەنمىش.

— ئۆزىنىڭ شاھانە قاشتېشى كەمىرىنى شىرئەلى باھادىر
ناملىق سەركەردىسىگە بېرىپ، ئىشقىيە مۇرىتلىرىنى جازالىغان،
ئۆلتۈرگەن ھەرقانداق ئىسھاقىيەچى قارا مۇسۇلمانلارنى خانغا
مەلۇم قىلمايلا كاللىسىنى ئېلىش ھەققىدە يارلىق چۇ-
شۇرگەنمىش.

— مۇرتەت خوجا ئابدۇللا ئىشانىنىڭ نەجىبلىك، سۇدۇرلار
سەدرىلىق مەرتىۋىسىگە ئولتۇرۇش تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئوردا
ئىشلىرىدىن چەتلەشتۇرگەنمىش.

— نېمە؟ ئىسمائىلخان پىرى بۇزرۇكى بولمىش خوجا ئاب-
دۇللا ئىشانغا ئوردىدا ھېچقانداق مەنسەپ - مەرتىۋە ئىنئام
قىلماپتىما؟ — سورىدى ھىدايىتۇللا ئىشان ئەجەبلىنىپ.

— شۇنداق، پىرىم، خوجا ئابدۇللا ئىشان ئىسمائىلخاندىن
يامانلاپ، بىتاب بولۇپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئوردىغا ئاياغ
باسماپتىمىش.

— خەيرۇن ۋە شەررۇن مىنەللاھ تەئالا[1]، — دېدى ھىدايە-
تۇللا ئىشان رازىمەنلىك بىلەن.

— يەنە تېخى خوجا ئابدۇللا ئىشان ئىسمائىلخانغا يېقىن مۇ-
رىتى مىرزا ئىدرىسبەگنى قەشقەرنىڭ نائىب ئەمىرلىكىگە، قو-
شۇمچە ئەمىرلەشكەرلىككە تەۋسىيە قىلغانىكەن، ئەمما خان قەش-
قەرگە مۇرتەت، قارا مۇسۇلمان ئىدرىسبەگنى ئەمەس، سەركەردە
مىرزا ھەيدەر دوغلاتنىنى نائىب ئەمىرلىككە يارلىق چۇشۇرۇپتۇ.

— سەركەردە مىرزا ئەۋەزبەگنى ئاستانىنىڭ ئەمىرلىكىگە،
قوشۇمچە ئاستانە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرلەشكەرلى-

---

① ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ھەممىسى ئاللاتائالادىن.

ۋىسگە ئېرىشىش مۇددىئاسىنى نائۈمىد قويدى. شۇل سە-
ۋەبلىك مەخدۇمزادە ئىشان ئىسمائىلخاندىن يامانلاقلىق.
خان ئالىيلىرى بىرنەچچە قېتىم سىلى جانابىي پىر بۇزرۇ-
كۇمنىڭ مۇبارەك نامىنى تىلغا ئېلىپ ھەزرەتلىرىنى سەلتە-
نەتكە زىممىيلىك بىلدۇرسە① باشقا ئىشلارنى سۇرۇشتە قىل-
مايدىغانلىقى ھەققىدە ئېغىزلاندى. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇل
دەھرىي سۇلتانىنىڭ كۆڭلىگە پىر بۇزرۇكۇمنىڭ ھىدايەت
ئاپتىپى چۈشكەن ئوخشايدۇ.

ئى جانابىي قۇتبىل ئەقتابىم، پېقىر ئەرزىمەس مۇرىت-
لىرىنىڭ نەسىھەتىگە كىرىپ قەشقەرنىڭ يېڭى تەيىنلەنگەن
ئەمىرى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى ئارقىلىق سۇلتان ئىسمائىل-
خانغا زىممىيلىك بىلدۇرۇپ مەكتۇپ يوللىغايلا، بۇنداق
قىلسىلا بىرنەچچىدىن، مىرزاھەيدەر دوغلاتىنىڭ يۈزىنى
قىلغان بولىدىلا؛ ئىككىنچىدىن، ئۇل قەشقەر ئەمىرى
جانابلىرىنى مېنى چوڭ بىلىدىكەن دېگەن تۇيغۇغا
كېلىدۇ - دە، قەشقەردىكى سۇلۇك تەرغىباتلىرى ئۈچۈن
شارائىت ھازىرلىيالايدىلا؛ ئۈچىنچىدىن، جانابلىرىنىڭ ئا-
مانلىقى مىرزا ھەيدەر دوغلاتىنىڭ قولىدا بولىدۇ، ئىسھاقى-
يەچى قارا مۇسۇلمانلارنىڭ يوشۇرۇن قەستىدىن خالىي بو-
لىدىلا؛ تۆتىنچىدىن، پۇرسەت قەرەلى يېتىپ كەلگەندە
مىرزا ھەيدەر دوغلاتى ئارقىلىق سۇلتان ئىسمائىلخانغا يې-
قىنلاشماقلىرى ئاسان بولىدۇ. قالدى ئىشلار ھەزرىتى ئى-
مامى ئەزەم رەھمەتۇللا ئەلەيھىنىڭ سۆزلىرىدىن بېشارەت
بەرگۈچى خۇش ئاۋازلىرى بىلەن ئۇل دەھرىيلەرنىڭ قەلبى-
دىكى قارا داغلارنى ئېرىتىپ، ھىدايەت نۇرلىرى بىلەن
ئىشقىيە سۇلۇكىمىزنىڭ سائادەتمەن يولىغا باشلىيالايدىغا-

① زىممىيلىك بىلدۈرۈش — ئۆز ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا مەمۇرىيلارغا بويسۇنۇش.

ئاچقۇچىسى، ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى، شەرىئەتنىڭ، تەرىقەتنىڭ، ھەقىقەتنىڭ، ئۇممەتلەرنىڭ شاھى تاجى، قۇتبىل - ئەقتاب مەقامىغا يەتكەن سەئىدىل ئىشان پىر ھەزرىتىم مۇبارەك تەنلىرى ئېسەنمۇ؟

جانابلىرى ئاستانىدىن بىۋاقىت ئايرىلغاندىن كېيىن، بىزلەركىم مۇرىت - مۇخلىسلىرىنىڭ يۈرەك - باغرى خۇن - زەردابقا تولدى. گەجگىمىزگە رودۇپايدەك مىنىۋالغان ئازغۇن، قارا مۇسۇلمان ئىسھاقىيەچىلەرنىڭ ئېشەك باشلىرىغا مالامەت تاشلىرىنىڭ يېغىشىنى ئاللاتائالادىن كېچەيۇ كۈندۈز تىلەپ كەلدۇق. ئاۋۋال سىلى جانابىي سۇلتانۇل مۇھەققىقىن ئىشان پىر بۇزرۇكنىڭ كەشپۇ - كارامەتلىرى، ئاندىن قالسا ئاللاتائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن دەھرىي سۇلتان ئىسمائىلخان ئىنساپقا كەلدى ۋە ئاخىرەتلىكى ئېشەكنىڭ قارىنىدا بولىدىغان مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشانىنىڭ خوجا تەقىبىنى قاتتىق چەكلىدى.

سەلتەنەتنى سۇلۇك مەزھەپتىن مۇستەسنا تۇتۇش دېگەن پەرماننى جاكارلاپ، بىزلەركىم سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنى، سۇلۇكى ئىسھاقىيەچى قارا مۇسۇلمان مۇرتەتلەرنىڭ زۇلۇم - سىتەملىرىدىن ساقلاپ قالدى. جانابلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ تۇتۇشقا سەركەردە - لەشكەرلىرىنى ئەۋەتمەسلىكنىڭ بائىسىمۇ ھەم شۇلدۇر. ئىسمائىلخان گەرچە ئىسھاقىيە سۇلۇكىگە ئىرادەت قىلسىمۇ، تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق، تەدبىرلىك سۇلتان ئىكەن. ئۇ ئوردىنىڭ مۇھىم دىۋان - مەھكىمىلىرىدە ئىسھاقىيەچى مۇرتەت ئەمىرلەرنىڭ مەنسەپ تۇتۇشىنى چەكلەپ، سۇلۇكتىن مۇستەسنا ئەمىرلەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىۋاتىدۇ. مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشانىنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا بىلدۇرگەن نەجىبلىك، سۇدۇرلار سۇدرىلىق مەرتە-

— خوش.
ئىككى خەلپە دەرھال سىرتقا قاراپ ماڭدى. پۈتكۈل دەپنە - دۇنيالىرىنى يوشۇرغان بۇ يەر ئاستى سارىيىنى خوتۇن - بالىلىرىغىمۇ بىلدۇرگۈسى كەلمىگەن ھىدايىتۇللا ئىشان ئىككى خەلپىسىنى ئەھۋال ئىگىلەپ كېلىش ئۈچۈن ئاستانىگە يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن بىر ھەپتە يەتكۈدەك سۇ، ئوزۇق - تۈلۈكنى ئەكىرىۋېلىپ تالا - تۈزگە چىقماي ياتقانىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۆلۈم ۋەسۋەسىسى، يالغۇزچىلىق، مىڭ بىر مۈشكۈلاتتا قولغا كەلتۈرگەن سەلتەنەتنىنى تارتقۇزۇپ قويۇش ھەسرىتى ئۇنى خۇددى دوزاخ ئازابى تارتقاندەك قىينىغانىدى. مانا ئەمدى ئىككى ساداقەتمەن خەلپە ئەكەلگەن مىش - مىش خەۋەرلەردىن كۆرە، سۇلتان ئىسمائىلخان ئوردىسىغا سۇقۇنۇۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان «غايىب يۇلتۇز» لەقەملىك مۇرتىنىڭ ئەۋەتكەن مەكتۇپى ئۇنى بۆلەكچىلا جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. شۇڭا، بىردىنلا مەي - شاراب، غىزاغا كۆڭلى تارتىپ قالغانىدى.
«...زاتىل ئەقتاب مۇرتىم غايىب يۇلتۇزنىڭ ئېيتقانلىرى كەلگەي، ئىلاھىم. مەنچە بولسا دەھرىي سۇلتان ئىسمائىلخان بىلەن مۇرتەت مەختۇمزادە يامانلىشىپلا ئەمەس، بەلكىم كېلىشتۈرگەسىز ئاداۋەتلىشىپ قان بولۇشۇپ كەتكەي، ئىلاھىم. ئى ياراتقان ئاللا ئىگەم، ئى جەننەتماكان مازار پادشاھى پەدەرى بۇزرۇكۇم، كۆزدىن ئايرىسالىمۇ ھاسىسىدىن ئايرىمايدىغان ساخاۋەت ۋە ئىنايىتىڭ بار.
سەئىدىيە تەسەررۇپىدا ھەرقاچان ئىسھاقىيەچىلەرنىڭ ئوشۇقى سىيا چۇشۇپلا تۇرۇۋاتىدۇ. سەلتەنەت، نۇسبەت ھەرقاچان ماڭا يۈزلەنسە، شۇ ھامان ئارقىسىنى قىلىپ كەلدى. دەھرىي سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ ئول مۇرتەت مەختۇمزادىگە ھېچقانداق مەنسەپ - مەرتىۋە ئىنئام قىلماسلىقىدا، سەلتەنەت - يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا يېقىنلاشتۇرماسلىقىدا، ھەتتا ئىسھاقىيە سۇلۇكى-

لىقلىرىغا ئىشىنىمەن.
ئاز بولسىمۇ خەلىپە موللاساقى، موللا نەقىلەردىن ئەل-لىك سەر چوكا ئالتۇن ئەۋەتتىم، سۇلۇكى ئىشقىيە تەرغىبا-تى ئۇچۇن ساخاۋەت قىلغايلا.
جانابىي پىر بۇزرۇكۇمنىڭ تېنىنىڭ ئامان ـ ئېسەنلى-كى ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ تۇرغۇچى مۇخلىسلىرى غايىب يۇلتۇزدىن. نامە تامام ۋەسسالام.»

ھىدايىتۇللا ئىشان مەكتۇپنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئىك-كى خەلىپىگە «قېنى ئامانەتنى تاپشۇرۇڭلار» دېگەننى قىلىپ تىكىلىپ قارىدى، ئەمما ئىككى خەلىپە غېمىدە يوق سالپىيىپ ئولتۇراتتى.
ـــ جانابىي خەلىپىلىرىم، ئامانەتنى ئۆز قەرەلىدە ئىگىسىگە تاپشۇرماق ئىمانى پەزىلەت جۈملىسىدىندۇر، ـــ دېدى ئەللىك سەر ئالتۇننىڭ ۋەسۋەسىسىدە تاقىتى تاق بولغان ھىدايىتۇللا ئىشان.
ـــ ئېسىمىز قۇرسۇن، ئىشان پىرىم، ـــ دېدى موللا ساقى ۋە دەرھال قويۇن يانچۇقىدىن ئاق ماتاغا ئورالغان بىر كاللەك نەرسىنى ئىشانغا ئۇزاتتى. ئىشان تۈگۈنچەكنى قولىغا ئېلىپ ئالدىراپ يەشتى. ماتادا ھەر بىرى ئون سەرلىكتىن بەش چوكا ئالتۇن تۇراتتى. ئامانەتنىڭ ساق ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن ئى-شان قايتىدىن ئوراپ قويىنىغا سالدى.
ـــ ھەپتىدىن بېرى، ـــ دېدى ئىشان، ـــ بۇ يەردە ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇرۇپ غىزا تائامغا پەقەتلا كۆڭلۈم تارتمىدى. مانا بۈگۈن سىز ئىككى زاتىل ئەقتابلىرىمنى كۆرۈپ ھەم ئەكەلگەن مەلۇماتلىرىڭلارنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى. يېگۈدەك بىر نەرسە تەييارلاتقۇزساڭلار بىرلىكتە غىزالىنايلى.
ـــ خوش، ـــ دېدى موللاساقى بىلەن موللا نەقى دەس ئورنى-دىن تۇرۇپ، ـــ شارابتىن ئالغاچ كىرسۇنلار.

بىر قوزا گۆشى ۋە ئون نەچچە دانە باچكا گۆشىنى قويدى.

كۆتۈرۈپ كەلگەن يوغان ئىككى كوزىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋدى، كۈچلۈك ئېچىتىلغان شارابنىڭ پۇرىقى خۇتبىخانىنىڭ ئىچىنى بىر ئالدى. ئۇلار ئىشان خوجىسىنىڭ قولىغا سۇ بەرگەندىن كېيىن داستىخاندىكى نېمەتلەرگە تەكەللۇپسىزلا قول ئۇزاتتى. بىر چۈگۈن چاي قايىنىغۇچىلىك شالاپ - شۇلۇپتىن كېيىن، ئۇلار كار - كار كېكىرىشىپ ئۆرە بولۇشتى. ئوغلاق، قوزا كاۋاپلىرىنىڭ ئازلا بىر قىسمى بىلەن بىرنەچچە باچكىلا ئېشىپ قالغانىدى.

— قېنى ئەمدى شاراب ئىچەيلى، تەقسىرلىرىم، — دېدى كاۋاپقا تويۇپ تازا ئۇسسىغان ئىشان.

مۇزدەك شاراب يوغان جانان چىنىلەرگە بۇلدۇقلاپ تۆكۈلۈپ، ئىشان بىلەن ئىككى خەلىپىنىڭ ئارىلىقىدا ئايلىنىپ تۇردى.

— ئەتە ئەتىگەن بىر پارچە مەكتۇپ پۈتۈپ قويىمەن، موللا ساقى خەلىپە، سىلى مەكتۇپنى ئېلىپ قەشقەرنىڭ يېڭى ئەمىرى مىرزا ھەيدەر دوغلاتقا تاپشۇرۇپ بەرسىلە.

— خوش، — دېدى موللا ساقى جانان چىنىدىكى لىپمۇلىق شارابنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۈمۈرگەچ.

— ئەمىرگە مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن قەشقەردىكى مۇرىت - يارەنلەرگە ئەتىدىن باشلاپ ھەزرەت خانىقاسىدا داش قايىنىتىدىغانلىقىمىز توغرۇلۇق خەۋەر بېرىۋەتكەيلا، ئەمماكى بىزلەركىم پىرى بۇزرۇكلىرى توغرۇلۇق ئېغىزلانمىغايلا.

— خوش، — دېدى موللا ساقى بوشىغان جانان چىنىنى موللا نەقىگە ئۇزىتىپ تۇرۇپ، — جەررە - ساما، ھەلقە - سۆھبەت ئېلىپ بارامدۇق، پىرىم؟

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئىشان، — مەركىت، شېھىتدۆك، مارالبېشى، ئارتۇچ، سېرىققولدىكى سۇلۇك مەسئۇللىرىمىزغا

دىكى سەركەردە ئەمىرلەرنى مۇھىم مەنسەپلىرىگە قويماسلىقىدا
چوقۇم بىر گەپ بار. ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى خان ـ سۇلتانلار-
نىڭ ساۋىقىنى ئېسىدە مەھكەم تۇتقان. شۇ سەۋەبلىك سەلتەنەت
بىلەن سۇلۇك ئارىلىقىدا بوشلۇق قالدۇرماقچى بولغان. ئۆزىگە
كۆپ ياردەملەرنى قىلغان ئىسھاقىيەچىلەرنى ئۇنۇملۇك چەكلەپ
تۇرۇش ئۈچۈن بىزلەركىم سۇلۇكى ئىشقىيەچىلەرگە كەڭ قول-
لۇق، سىلى رەھىم قىلغان گەپ. ئىسمائىلخان ھەقىقەتەن پەم
ـ پاراسەتلىك، قۇۋ ھىيلىگەر سۇلتان ئىكەن. ئەمما، مەن بۇ
كاۋاكتىن ياخشى پايدىلىنىشىم، پەم بىلەن ئارىغا نىزا ـ ئاداۋەت
ئۇرۇقىنى تېرىپ مەخدۇمزادە بىلەن سۇلتاننى ئىت بىلەن
مۈشۈكتەك ئۆچلەشتۈرۈشۈم كېرەك. مېنىڭ شۇنچىۋالا قىلغان
ئەجىر ـ مېھنەتلىرىم نېمە ئۈچۈن شۇنچە تېز بىكارغا كەتتى؟
توغرا، مەن بارلىق ئۈمىدىمنى ئۆزۈم قوللىغان، يۆلىگەن خانزادە
يولۋاسخانغا باغلىدىم، ئەمما، ئۇ مەقسىتىگە يېتىپلا، تەختتە
ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆزى بىلگەننى قىلدى. مەنسەپ ـ مەرتى-
ۋە، ئىمتىيازدا مەن يەنىلا ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇپ
قالدىم، سۇلتان ئىسمائىلخانمۇ مەخدۇمزادىگە ۋاپا قىلماپتىغۇ،
ئەينا. بولدى بەس. ئەمدى ھەر قانداق خان، خانزادىلەرگە بېقىن-
مايمەن. ئۇلاردىن پايدىلىنىپ بولسىلا ئەسكى كالاچنى سېلىپ
تاشلىغاندەك ئۇلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، سەئىدىيە تەختىدە ئۆزۈم
ئولتۇرىمەن. پادىشاھ ئىشان خان بولىمەن. شۇنداق قىلسىلا
سەئىدىيە تەسەررۇپىدا سۇلۇكى ئىشقىيەنىڭ تۇغ شەددىسىنى ئەبە-
دىلئەبەد لەپىلدىتەلەيمەن. ئى مازار پادىشاھى پەدەر بۇزرۇكۇم،
يەنە بىر قېتىم نۇسرەت قازىنىشىم ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل
تۆلەشكە مەن رازى، قالغىنىغا ئۆزۈڭ مەدەت قىلغايسەن...»

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە موللا ساقى بىلەن موللا
نەقى خەلىپىلەر كىرىپ كەلدى ـ دە، سۇپىغا داستىخان راسلى-
دى. داستىخانغا پۈتۈن سېلىپ كاۋاپ قىلىنغان بىر ئوغلاق،

ئاشكارا خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ - دە، سۇلتان بىلەن مەختۇمزا-
دىلەر ئوتتۇرىسىدا نىزا - ئاداۋەت ئۇرۇقى چېچىلىدۇ. ئون -
يىگىرمە يارانلىرىمىزنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، ماكانسىز قېلىشى مۇد-
دىئا - مەقسەتلىرىمىزنى روياپقا چىقىرىشىمىز ئۈچۈن ھېچ گەپ
ئەمەس. چۈشىنىشلىك بولدىمۇ، خەلىپەم؟

— چۈشىنىشلىك بولدى، — دېدى موللا نەقى خەلىپە ئىشان
پىرىنىڭ مۇددىئاسىنىڭ تېگىگە تولۇق يېتىپ.

ھىدايىتۇللا ئىشان بۇ ئىككى خەلىپىنىڭ مۇھىم تەدبىر،
ھىيلە - مىكىرلەرگە كاللىسى يەتمىگىنى بىلەن، پىلان - مۇددى-
ئاسىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ، يول كۆرسىتىپ قويسا، بۇيرۇ-
غان ھەرقانداق ئىشنى مۇددىئاسىدىن ئاشۇرۇپ، ھەقدادىغا يەتكۈ-
زۈپ ئورۇندايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، يەنە ئارتۇقچە
ئېزىپ - ئېچۈرۈپ ئولتۇرمىدى.

— خانىقادا خېلى كۆپ يارانلار دىدارلىرىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇ-
رۇپتۇ، — دېدى موللاساقى، — ئەمدى بۇ خۇپىيانە خانىدا
تۇرۇۋەرمەي ئۈستىگە چىقسىلا بولۇرمۇ، پىرىم.

— ھازىرچە چىقماي تۇراي، قەشقەر ئەمىرى مىرزا ھەيدەر
دوغلاتىنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسىنى بىلىپ بېقىپراق بىر گەپ
بولۇر.

— بايام خوجىزادىلەر ئۆزلىرىنى كۆپ سوراپ كەت-
تى. ئوغۇللىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىشانىنىڭ كۆزلىرى ئاتىلىق
مېھرىدىن ئوت بولۇپ ياندى. ئارىلىقى شۇنچە يېقىن تۇرۇپ
ئىشانىنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن كۆرۈشمىگىنىگە خېلى كۈنلەر بو-
لۇپ قالغانىدى. شۇ دەقىقىدە ئىشان بۇ گۆرگە ئوخشايدىغان يەر
ئاستى سارىيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئوغۇللىرىنى باغرىغا باس-
قۇسى، پېشانىسىدىن سۆيگۈسى كېلىپ كەتتى، ئەمما يەنىلا ئۆ-
زىنى تۇتۇۋالدى، ھاياجاندىن لەۋلىرى تىترىدى.

— خوجىزادىلەرگە پەدەر بۇزرۇكلىرى پات يېقىندا يوقلاپ

چاپارمەن ماڭدۇرغايلا، ئول يۇرتلاردىكى مۇرىت - يارانلىرىمىز ھەزرەتكە كېلىپ تاۋاپتا بولغاي، بىزلەركىم پىرى بۇزرۇكلىرى-نىڭ سېغىنىشلىق سالىمىنى يەتكۈزگەي.

— خوش.

— تەقسىرىم، — دېدى ئىشان موللا نەقى خەلىپىگە يۈزلى-نىپ، — ئۆزلىرى ئەتىلا ئاستانىگە يولغا چىقىپ، ئاستانىدىكى مۇرىت - يارانلارنى ھەرىكەتلەندۈرگەيلا.

— خوش، — دېدى موللا نەقى.

— ئاستانىدىكى مۇرىت - يارانلار ئىسھاقىيەچى مۇرتەتلەر-نىڭ ئۆيۋاقلىرىغا ئوت قويسۇن، مال - چارۋىلىرىنى ئۆلتۈر-سۇن.

— بۇ ... قانداق بولار، پىرىم، — دېدى موللا نەقى ئىشاننىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنمەي، — ئاستانىدە ئىسھاقىيەچى-لەر ئىتتىنىڭ قۇرتىدەك مىغىلداپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىر تۇياق مال چارۋىسىغا زەخمە يەتكۈزسەك، بىزنىڭ ئون يارەنىمىزنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. بىر ئىسھاقىيەچى مۇرتەتنىڭ ھويلا - قورۇسىغا ئوت قويساق، يۈزلەپ ئىشقىيەچى يارەنلىرىمىز ماكانسىز قالىدۇ...

— مەنچە بولسا ئىسھاقىيەچى مۇرتەتلەر ئۇنڭدىنمۇ ئاشۇ-رۇپراق ئۆچ ئالغاي، — دېدى ئىشان خىرقىراپ كۈلۈپ، — كاللىلىرىنى ئىشلەتسىلە، تەقسىرىم، سۇلتان ئىسمائىلخان سۇ-لۇكى ئىشقىيە تەقىبىنى چەكلەش، دەۋەتى ئىسھاقىيە تەرغىباتىنى توختىتىش خۇسۇسىدا پەرمان جاكارلاپتىغۇ. بىز مەختۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشاننى خاننىڭ بۇ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىشقا مەجبۇرلايمىز. دېمەككى، بىز خۇپپىيانە ئوت قويىمىز، ئۆلتۈرى-مىز، غەلىبە نۇسىبىتىدىن ئىشتىنىغا پاتماي قالغان ئىسھاقىيە-چى ئازغۇنلار بولسا نېرى - بېرىسىنى ئويلىمايلا ئاشكارا ئوت قويىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ. نەتىجىدە ئىسھاقىيەچىلەر خان يارلىقىغا

ئىككى خەلپە قىزنى يېنىدا ئولتۇرغۇزغىنىچە مۆگدەۋاتقان
ياپچانلىق دېھقانىنىڭ قېشىغا كەلدى.
— ئىشان بۇزرۇكۋارىمىز بەيتۇل مۇقەددەسنى تاۋاپ قىلىش
ئۈچۈن ئۆتكەن ھەپتە كەشپۇ كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ شور
دەرياسى تەرەپكە ئۇچۇپ كەتكەنىدى، — دېدى ئۇلار ئابلىز سو-
پۇمغا قاراپ، — پىرىمىنىڭ شۇ تاپتا ئەرشتە ياكى زېمىندا ئىكەن-
لىكىنى بىزمۇ بىلمەيمىز. چاھار باغدا بىر تۈپ خاسىيەتلىك
سۆگەت بار. پىرىمىزغا چىن يۈرىكىدىن ساداقەتمەنلىكىنى بىل-
دۈرگەن مۇرىتلارلا يۈرىكىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ نالە قىلسا، شۇ
خاسىيەتلىك سۆگەتنىڭ قارىنىدىن پىرىمىزنىڭ مۇبارەك ئاۋازىنى
ئاڭلىيالايدۇ. بېرىپ سىناپ باقسىلا، سوپۇم. خاسىيەتلىك سۆ-
گەت ئارقىلىق قۇتبىل ئەقتابىمىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا مۇشەر-
رەپ بولۇپ قالسىلا، ئاللاتائالا ئىككىلى ئالەملىكلىرىنى بېرىدۇ.
— ئۇنداق بولسا ئاشۇ خاسىيەتلىك سۆگەتنىڭ قېشىغا تېز-
رەك بارايلى، خەلپىلىرىم، — دېدى ئابلىز سوپۇم ئۈمىدلەنگەن
ھالدا.
ئىككى خەلپە ئابلىز سوپى بىلەن قىزنى قېرى سۆگەتنىڭ
يېنىغا باشلاپ كەلدى.
— قېنى ئەمسە يۈرەكلىرىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ ئىشان
پىرىمىزنىڭ مۇبارەك نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇۋلىسىلا،
سوپۇم، — دېدى موللا ساقى.
ئابلىز سوپى تۇۋلاش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ يەنە توخ-
تاپ قالدى. ئىككى خەلپىگە قاراپ تارتىنىپ سورىدى:
— ئىشان پىر بۇزرۇكنىڭ نامىنى بىتەرەت تىلغا ئالسام
قانداق بولۇر، مۆھتەرەم خەلپىلىرىم.
— پىرىمىزنىڭ نامىنى ئاللىقاچان تىلغا ئېلىپ بولدىلا، —
دېدى موللانەقى ئابلىز سوپىنىڭ ئەزمىلىكىدىن تېرىكىپ.
— بولسىلا، چاققان تۇۋلىسىلا، پىرىم ھەممىنى كۆرۈپ،

كەلمەكچى دەپ ئېيتىپ قويسىلا، — دېدى ئىشان موللا ساقىغا قاراپ.

— ياپچانلىق يارانلىرىمىزدىن ئابلىز سوپۇم پىر بۇزرۇكىمىز بىلەن دىدار مۇلاقەتتە بولۇپ ئىككى ئالەملىك ساۋاب ئىزدەپ دۇئا ئېلىش ئۈچۈن بىر ئاجىزەسىنى ئەكەلگەنىكەن، ئۆزلىرىنى يوق ئىدى دېسەك، تەلىيىم كاج ئىكەن، ئىشان پىرىم بىلەن كۆرۈشەلمەيدىغان ئوخشايمەن دەپ قاقشاپ تۇرىدۇ.

— ئاجىزەسىنى دۇئا قىلدۇرماقچىمىكەن؟ — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان قولاقلىرى دىڭ بولغان ھالدا.

— ئول ئاجىزەسىنى مەن ئۈچۈن تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنى قايتۇرۇۋېتىڭلار.

— بايا بىزمۇ شۇنداق ئويلىغان، لېكىن ئول ياران پىرىمنىڭ جامالىنى كۆرەلمىسەممۇ مۇبارەك ئاۋازىنى ئاڭلىسام بولاتتى دەپ كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋالدى. تۇرقىدىن قارىغاندا قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك بىر قىز ئىكەن دېسىلە ئۇ، پىرىم.

بىر ھەپتىدىن بېرى يەر ئاستى سارىيىدا ئىنسۇ جىنىنى كۆرمەي يالغۇز ياشىغان ئىشانىنىڭ مانا ئەمدى شاراب تەسىرىدە ھايۋانىي نەپسى ئويغىنىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ تاقىتى تاق بولغان ھالدا جاۋاب بەردى.

— ئۇنداق بولسا ئول ساداقەتمەن مۇرشىدىمنى باغدىكى خاسىيەتلىك سۆگەتنىڭ تۈۋىگە باشلاپ كېلىڭلار، ئاۋازىمنى ئاڭلاپ مۇرادى ھاسىل بولغاي.

— خوش، — موللا ساقى بىلەن موللا نەقى سىرتقا قاراپ ماڭدى.

ھىدايىتۇللا ئىشان يەر ئاستى قەسرىنىڭ باغقا تۇتىشىدىغان لەخمە يولى بىلەن بىر تال شامنى قولىغا ئېلىۋالغىنىچە قېرى سۆگەتنىڭ ئاستىغا كەلدى ـ دە، يۇلەپ قويۇلغان شوتا بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلەپ سۆگەتنىڭ قارنىغا چىقتى.

سىدا كۆرۈشكەيمىز، ئامىن.

ھاياجاندىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ئابلىز سوپى شۇ دەقىقىدە ئۆزىنىڭ نەدىلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. موللا ساقى بىلەن موللانەقى ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ باغدىن ئاچىقتى - دە، خانىقانىڭ ئالدىدىكى سۇپىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— ئاجىزەلىرىنى ئىشان پىرىمىنىڭ ھەرىمىگە ئەكىرىپ قويساق بولۇرمۇ؟ زاتىل ئەقتابىم، — دېدى ئۇلار.

— بولسا شۇنداق قىلغايلا، — دېدى بىر ئاز ئېسىگە كەلگەن ئابلىز سوپى، — توۋا، ئىشان پىرىمىزنىڭ كەشپۇ كارامەتلىرى نېمىدېگەن كاتتا - ھە، مېنى كۆرمەي تۇرۇپلا ئىسمىمنىڭ ئابلىز سوپى ئىكەنلىكىنى ئەجەب بىلىۋاپتا؟ ئى ياراتقان ئىگەم، كېلەركى جۈمە كۈنى پىرى بۇزرۇكۇمنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرۈۋالغۇچىلىك ئۆمۈر نېسىپ قىلغايسەن. زاتىل - ئەقتابلىقىم بىلەن جامالىڭنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلغايسەن...

ئابلىز سوپى ئىككى ئالىقىنىنى جۈپلەپ ئاللاغا ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بايان قىلىپ تۇرغاندا ئىككى خەلپە ئۇنىڭ ئەمدىلا ئون ئىككى - ئون ئۈچ ياشلارغا كىرگەن قىزىنى يېتىلەپ ئىشان قەسرىنىڭ خۇتبىخانىسىغا ئەكىردى - دە، بەلۋېغى بىلەن نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي تۇرغان قىزنىڭ كۆزىنى مەھكەم تېڭىپ، يەر ئاستى سارايغا تۇتىشىدىغان لەخمىگە چۈشۈردى. لەخمە ئارقىلىق بىتاقەت بولۇپ ئولتۇرغان ئىشاننىڭ ئالدىغا ئەكىردى.

— ئەتە ئەتىگەن كۆرۈشەيلى، پىرىم، — دېدى ئۇلار ئىشانغا ئېگىلىپ سالام قىلىپ.

ئۇلار لەخمىنىڭ چىقىش ئېغىزىغا يېتىپ كېلەي دېگەندە يەر ئاستى سارىيىنىڭ خۇتبىخانىسىدىن قىزنىڭ «ئانا!» دەپ چىرقىرىغان ئېچىنىشلىق نالىسى ئاڭلاندى. ئىككى خەلپە بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ كۈلۈپ قويۇشتى ۋە بۇ ئېچىنىشلىق نالىدىن خۇددى يېقىملىق مۇزىكا ئاڭلانغاندەك زوقلىنىپ كېتىشتى.

بىلىپ تۇردۇ. مۇشۇنداق ئەزىمىلىك قىلىپ تۇرۇۋەرسىلە ئىشان پىرىمىز ئاجىزەلىرىنى قوبۇل قىلماي بەتتە دۇئا قىلىپ قويمىسۇن يەنە.

موللانەقىنىڭ ۋەسۋەسىگە سېلىشىدىن ئابلىز سوپى ۋەھىمىگە چۈشتى، ئەزايىنى قارا تەر باستى، قېرى سۆگەتكە قاراپ نىدا قىلدى.

— پىرىم، ئى ئىشان ۋەلىيۇللا خوجام، مەنكى ياپچانلىق مۇرىتلىرى ئابلىز سوپۇم بولۇرمەن، تونلىرىنىڭ پېشىدىكى مۇبارەك چاڭلىرىنى كۆزۈمگە سۈرتۇش ئۈچۈن ئالايىتەن كېلىۋىدىم، ئىككى ئالەملىك دۇئالىرىنى سېغىنىپ ... ئاجىزەمنى باشلاپ كېلىۋىدىم...

ئابلىز سوپى ھاياجاندىن بوغۇلۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى، كۆزلىرىدىن بوراندەك ياش تۆكۈلدى، قېرى سۆگەتنى قۇچاقلاپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

— ئى ساداقەتمەن مۇرىتىم ئابلىز سوپى، — دېگەن سادا كەلدى قېرى سۆگەتنىڭ قارنىدىن، يەرنىڭ تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك ئاڭلانغان بۇ ئاجايىپ سىر - مۆجىزىدىن ئېسىنى يوقاتقان ئابلىز سوپى سۆگەتنىڭ تۈۋىگە موككىدە يىقىلىپ تىزلاندى، — جانابلىرىنىڭ بىزلەركىم قۇتبىل - ئەقتابى پىرى بۇزرۇكلىرىغا بىلدۇرگەن ساداقەتمەن، خالىس نىيەت - ئىقباللىرى ئىككى كۈن ئاۋۋال كۆڭلىمىزگە ئايان بولغان. مەن بەيتۇل مۇقەددەستە تۇرۇپ ئۆزلىرىگە كۆپ دۇئالارنى قىلدىم. ئەۋلىيا - ماشايىخلارغا بۇيرۇپ جەننەتۇل - مەئۋادىن بىر كىشىلىك ھەشەمەتلىك قەسىر راسلاتقۇزدۇم ھەم ئۆزلىرىگە زاتىل ئەقتابلىق ئۇنۋانىنى ھەدىيە قىلدىم. سائادەتمەن ئىشقىيە سۇلۇكىمىز يولىغا ئۆزلىرىنى ئاتاپ، ھەققە يېتىش ئۈچۈن تىرىشقايلا. مەن ھازىر ئەرشتە ئەۋلىيا - ماشايىخلار بىلەن مۇلاقەتتە بولۇۋاتقانلىقىم ئۈچۈن كۆپ ۋاقتىم يوق. ئاللا خالىسا كېلەركى جۈمە كۈنى ھەزرەت خانىقا-

مۆھتەرەم خېنىم ئىدى. خىزمەتچى سىياقىدا كىيىنىشۋالغان ئىككىلەن بىلەن ھارۋىكەش ۋە ئاتلىقلار ئىسمائىلخاننىڭ خاس قورۇقچى يىگىتلىرى ئىدى. ئۇلار مۇشۇنداق تۇرقى بىلەن سالاھىيىتىنى يوشۇرۇپ ئوردىدىن مەخپىي چىققاندىن بېرى ئەل ئارىسىنى ئارىلاپ، ئاۋامنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى.

— ئەمىرى كەبىر جانابلىرىنىڭ مەسلىھەتىگە كىرىپ بۇ قېتىمقى خۇپىيانە زىيارەتنى ئىختىيار ئەتكىنىمىز ياخشى بولغانىكەن، — دېدى ئىسمائىلخان بۇرنىدىن ئېقىۋاتقان سۇنى يىپەك قولياغلىقى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ. زۇكامداپ قالغانلىقى ئۈچۈن خاننىڭ ئاۋازى غاراڭ ـ غۇرۇڭ چىقاتتى، — ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام رەئىيەت كۈنىنىڭ بۇ دەرىجىدە بەتتەرلىكىگە زىنھار ئىشەنمىگەن بولاتتىم.

— ئەپسۇس، خان ئاتامغا تۇمۇ تېگىپ قېلىپ سەپىرىمىزنى خوتەنگىچە داۋاملاشتۇرالمايدىغان بولدۇق ـ دە، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم.

— خۇدا خالىسا يازىچە خوتەن تەرەپلەرنىمۇ ئارىلايمىز، — دېدى مىرزا باباقبەگ، — ئەسلىدە قارغىلىققا بارماي خوجائېرىقدىنلا[1] ئوردىغا قايتقان بولساق ياخشى بولاتتى. خان ئالىيلىرىغا تەگكەن تۇمۇ شىپا تاپماي كۆپ ھەرەج تارتقۇزدى.

— مۇشۇنداق زىمىستاندا رەئىيەتنىڭ تارتقان ئازابلىرى ئالدىدا مېنىڭ بۇنچىلىك ھەرەج تارتىشىم قانچىلىك ئىشتى دەيلا، ئەمىرى كەبىر، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان، — كۆرمەملا ئول بىچارىلەرنىڭ يا يېگىلى يوق، يا كىيگىلى يوق تۇرقىنى، قىش سوغۇقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆلۈپ ـ تارتىپ قالسا ئۇۋالى بىزلەركىم خان ـ سۇلتانلارغا بولمامدۇ، ياراتقان ئىگەم بۇ گۇناھلىرىمىزدىن ئۆتكەيمۇ؟...

---

① خوجائېرىق — قاغىلىق ناھىيىسىگە تەۋە، تىزناپ دەرياسى بويىغا جايلاشقان بىر يېزا.

## 3

مىلادىيە 1671 ـ يىل، يىل بېشى.

بامدات ۋاقتى بىلەن يېغىشقا باشلىغان قار تېخىچىلا لەپىلـ. دەپ چۈشۈۋاتاتتى. شۇ سەۋەبلىكمۇ يولدا يولۇچىلار تولىمۇ شاـ. لاڭ ئىدى. مەھەللە ـ قىشلاقلاردا قار پومزىكى ئېتىشىپ ئوينا ـ ۋاتقان بالىلاردىن باشقا چوڭ ئادەملەر كۆزگە چېلىقمايتتى. تۆت ئېگەرلىك ئات، ئىككى تۆگە، بىر مەپە ۋە ئىككى يۈك هارۋىسى لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قارغا قارىماي سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ چاهارباغ[1]تەۋەسىگە يېقىنلاپ قالغانىدى. تۆگىلەرنىڭ بۇرنىدىن ئۆتكۈزۈلگەن چۇلۇك يۈك هارۋىسىغا چېتىپ قويۇلغانىدى. ئاتـ. لارنىڭ ئىككىسىگە ئادەم مىنىۋالغان بولۇپ، بىردىن ياياق ئاتنى يېتىلىۋالغانىدى. ئاتلىق ئادەملەر ۋە هـارۋىكەشـلەر قېلىن جوـ. ۋىلارغا مەهكەم ئورىنىۋالغان بولسىمۇ سوغۇقتا يەنىلا دۈگدىيىـ. شىپ كەتكەنىدى. ئادەملەرنىڭمۇ، ئـات ـ ئـۇلاغلارنـىڭمۇ ئاغـ. زى ـ بۇرنىدىن هەر نەپەستە پۇرقىراپ هور چىقىپ ساقال ـ بۇرۇت، تۇمشۇقلىرى قىراۋداپ، چوكا مۇز تۇتقانىدى. ئۈستى كۆن رەخت بىلەن چۈمكەلگەن مەپە خۇددى كۆچمە ئۆيگىلا ئوخـ. شايتتى. تۆت ئات قېتىلغان بۇ مەپە ئادەتتىكى مەپىلەردىن خېلىلا چوڭ بولۇپ ئىچى تولىمۇ ئازادە ئىدى. مەپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان چويۈن ئاتەشداندىكى ئۆرۈك ئوتۇنىنىڭ كۆمۈرى يېلىنـ. جاپ يالقۇن تارتىپ مەپە ئىچىنى ئىلىلىتىۋەتكەنىدى. ئۈچ كىشى ئاشۇ ئاتەشداننى چۆرىدەپ ئازادە ئولتۇرۇشاتتى.

سودىگەرلەر سىياقىدا كىيىنىۋالغان بۇ ئۈچ كىشى — سۇلتان ئىسمائىلخان، ئەمىرى كەبىر مىرزا باباقبەگ ۋە مەلىكە

---

[1] چاهارباغ — هازىرقى قاغىلىق ناهىيىسىنىڭ چارباغ يېزىسى.

تى، ئەدناسى يېگەن تامىقى ئاغزىنى كۆيدۈرۈۋەتسىمۇ، گېلىغا
تۇرۇپ قالسىمۇ ئۆزگە سۇلۇكتىكىلەردىن يامانلىشىدۇ. كۆزدىن
ئىشقىيە سۇلۇكىدىكىلەرنىڭ پىر ئەزەمى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان
ھەزرەتلىرى سەلتەنىتىمىزگە زىممىلىك بىلدۈرۈپ قەشقەر ئەمە-
رى مىرزا ھەيدە دوغلاتى ئارقىلىق ئوردىغا مەكتۇپ يوللىغاندىن
بېرى، مەختۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان پىر بۇزرۇكىمىزمۇ
خوجا تەقىبىنى توختاتتى. سۇلۇك غوۋغالىرىمۇ ئاساسەن بېسى-
قىپ قالغاندى...

— ئەمما يېقىندىن بېرى مەكىت، ئېلىشقۇ، پوسكام...
قاتارلىق يۇرتلاردا ئىككى سۇلۇكتىكىلەر بىر - بىرىنىڭ مال -
چارۋىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان، ئۆيۋاقلىرىغا ئوت قويۇۋېتىدى-
غان ئەھۋاللار يۈز بېرىۋېتىپتۇدەك، — دېدى مىرزا باباقبەگ
خاننىڭ ئاغزىدىن گەپنى تارتىۋېلىپ.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئىسمائىلخان، — ئەجەب بۇ ئىش
توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات تاپشۇرۇۋالمىدۇقۇ ئەمسە.

— بەلكىم ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئەمىرلەر بۇ ئىشنى
كىچىك چاغلاپ، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار ئۈچۈن ئالىيلىرى-
نىڭ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزمايلى دېيىشكەندۇر ئېھتىمالىم.

— خان ئاتامدىن بۇ ئىشلارنى يوشۇرغىنى ياخشى بولماپ-
تۇ، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم، — مۇشۇنداق چوڭ -
كىچىك سۇلۇك ماجىرالىرىنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا، كېيىن بارغان-
سېرى ئەدەپ، سەلتەنىتىمىز ئۈچۈن بالا - قازا بولىدۇ. بۇ
ئىشلارنى ۋاقتىدا سۈرۈشتە قىلىش كېرەك. خوجا ھىدايىتۇللا
ئىشاننىڭ زىممىلىك بىلدۈرۈپ مەكتۇپ يوللىشىمۇ خان ئاتام-
نىڭ سەلتەنەتنى سۇلۇكتىن مۇستەسنا تۇتۇش سىياسىتىنى قات-
تىق ئىجرا قىلىپ، مەختۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشانغا يۈز -
خاتىر قىلمىغانلىقىغا قايىل بولغانلىقى سەۋەب بولغان.

— ئارى، — دېدى مىرزا باباقبەگ، — خوجائىرىقتىكى سۇ-

— كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، قىبلىگاھىم، — دېدى
مىرزا باباقبەگ، — ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن ھەرقايسى
يۇرت - ئايماقلاردىكى ئەمىر - بەگلەرگە كەمبەغەل، يېتىم -
يېسىر، تۇل خوتۇن، يېتىم - ئوغۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر
ئېلىپ، خانلىق خەزىنىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك خىراجەتتىن
خەير - ساخاۋەت قىلىشقا يارلىق چۈشۈرسىلە، ئۇلارنىڭ قارا
قىشتىن ئامان - ئېسەن چىقىشىغا كۆپ ياردىمى بولىدۇ.
— ھېلىمۇ ئىككى ھارۋىدا لىق ئېلىپ ماڭغان كىيىم -
كېچەك، ماتا - رەخت، پۇل - پۇچەكلىرىمىز تۈگەيلا دەپ
قالدى، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم. ئۇ يىگىتلەردەك
ياسىنىۋالغان بولۇپ، قۇلىقىغىچە چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان يېڭى-
سارچە كۆرپە تەلپىكى چىرايىغا خويمۇ ياراشقانىدى.
— ھېلىمۇ يول بويى سېتىۋالغان، تېگىشكەن ماللىرىمىز-
نىڭ تايىنى يوق، ئەكەلگەن ماللىرىمىزنى ئاشۇ موھتاجلىققا قال-
غان بىچارىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ ماڭدۇق. بىزگە ئوبدانىراق زەن
سالغان كىشى سودىگەر ئەمەسلىكىمىزنى بىر قاراپلا بىلىۋالالاي-
دۇ. ئەلمىساقتىن تارتىپ بىزدەك زىيان تارتىشنى ياخشى كۆرى-
دىغان سېخىي سودىگەرلەر بولۇپ باقمىغان بولغىيتتى ھەرقاچان.
ئەل - رەئىيەت ئەھۋالىنىڭ بۇنچىلىك قاتتىقلىقىنى بىلگەن بول-
ساق، ئىككى ھارۋا ئەمەس يىگىرمە ھارۋا يۈك تەييارلىۋالغان
بولار ئىكەنمىز.
— خوجائېرىق قىشلىقىدىكى ھېلىقى ئون نەچچە ئۆيلۈك
سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ ئۆيىنى راستتىنلا سۇلۇكى ئىس-
ھاقىيە مۇرىتلىرى كۆيدۈرۈۋەتكەنمىدۇ؟ — دېدى مىرزا باباق-
بەگ ئويچانلىق بىلەن.
— بىرنېمە دېمەك تەس، — دېدى ئىسمائىلخان.
— ھازىر ھەرقانداق پېشكەللىكنى، بالا - قازانى بىر سۇ-
لۇكتىكىلەر يەنە بىر سۇلۇكتىكىلەردىن كۆرىدىغان بولۇۋېلىش-

سۇر ـ ھەيۋىسىگە تايىنىش كېرەك.

— مەسىلەن، قانداق قىلساق بولىدۇ، مەلىكەم؟ — دېدى مىرزا باباقبەگ، گەرچە كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ خانغا يۈز تۇرانە دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىغان گەپلەرنى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ دەۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ، مەلىكىنى سۆزلەشكە دەۋەت قىلىپ.

— مەسىلەن، — دېدى مەلىكە، — خانلىقىمىز تەۋەسىدىكى ھەرقانداق رەئىيەت سۇلۇك ماجىرالىرىنى پەيدا قىلسا، بۇ ماجىرانىڭ مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ماجىرا تۇغدۇرغۇچىلارنىڭ بىردەك كاللىسى ئېلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ھەرقايسى يۇرت ـ بەگلىكلەرگە يارلىق چۈشۈرۈپ، يارلىقنى جانلىق، قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەك.

— ھەق ـ ناھەقنى ئايرىمايدىكەنمىز ـ دە، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان ئىستىھزالىق كۈلۈپ.

— ھەرقانداق مەزھەپ ماجىرالىرىنىڭ ھەق ـ ناھەقنى ئايرىماق بەسى مۈشكۈلدۇر، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم كۆز قاراشلىرىنى شەرھلەپ، — ئەمما بۇ سۇلۇك ـ مەزھەپ ماجىرالىرىنىڭ سەلتەنىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى، ئاۋامنىڭ خاتىرجەملىكى، تىنچلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغانلىقى قىل سىغماس ھەقىقەتتۇر. شۇنداق ئىكەن، ھەر يىلى سۇلۇكتىكى كۆكەرمە، ئۇششۇق، جېدەلخورلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىش ناھەقچىلىق بولمايدۇ. پەقەت پەرماننى، قانۇن ـ جاساقنى ئىجرا قىلغۇچى ئەمىر ـ بەگلەر بىر تەرەپكە ئېغىپ كەتمىسىلا بولىدى.

مىرزا باباقبەگ قايىل بولغان ھالدا سۇلتان ئىسمائىلخانغا قارىدى. ئەمما، خان ئىپادىسىز ھالدا كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغىنىچە ئولتۇراتتى.

شۇ ئەسنادا مەپە تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. ئەجەبلەنگەن مىرزا باباقبەگ مەپىنىڭ ئالدى پەنجىرىسىنى توسۇپ تۇرغان خۇ-

لۈكى ئىشقىيەچىلەرنىڭ ئۆي - ماكانلىرىنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى كى-
چىك ئىش ئەمەس. باشقىسىنى دېمىگەندىمۇ ئون نەچچە ئۆيلۈك،
بىرەر يۈزگە يېقىن ئادەم مۇشۇنداق قاراقىشتا ماكانسىز قالدى،
گەرچە قىبلىگاھىمىز ئۇلارغا مېھىر - شەپقەت قىلىپ، ئۆي -
ماكانلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىپ قىشتىن ئامان - ئېسەن
چىقىۋالغۇدەك پۇل - پۇچەك، كىيىم - كېچەك، رەخت - ماتا
بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى سۇلۇكى ئىسھاقىيەچىلەر-
گە بولغان ئۆچمەنلىكنى تېخى بېسىلغىنى يوق. ئۇلارنىمۇ ئۆچ
ئالمايدۇ دەپ ھېچكىم ھۆددە قىلالمايدۇ.
— ئاستانىگە قايتقاندىن كېيىن مەختۇمزادە بۇزرۇكۋارىمىز-
غا ئەھۋالنى ئېيتايلى. ھەرقايسى يۇرتلاردىكى مۇرىت - مۇخ-
لىس، سۇلۇك مەسئۇللىرىغا خان پەرمانىغا بويسۇنۇپ، سۇلۇكى
ئىشقىيە مۇرىتلىرى بىلەن ئۆچەكەشمەسلىك ھەققىدە پەرمان يول-
لىغاي، — دېدى ئىسمائىلخان.
— بۇنىڭلىق بىلەن كۈندىن - كۈنگە ئەدەۋاتقان سۇلۇك
ماجىرالىرىنى ئۈنۈملۈك توسقىلى بولمايدۇ، خان ئاتا، — دېدى
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم، — مەختۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان
بۇزرۇكچە بولسا پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىدا بىرمۇ سۇلۇكى
ئىشقىيە مۇرىتى بولمىسا ياخشىدى دەيدۇ. ئۇ ھېلىھەم سىلىنىڭ
سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىغا قىلغان كەڭچىلىكلىرىدىن تولىمۇ
خاپا، ئاغزىدىن ئاشكارا چىقىرالمىغىنى بىلەن كۆڭلۈدە غومى
بار. ئول ئىشان ھەزرەتنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەچكىلا ھەرقايسى
يۇرتلاردىكى سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنىڭ خورىكى ئۆس-
تۈن، خانلىق قانۇن - جاساقنى، يارلىق - پەرماننى كۆزگە
ئىلمايدۇ، ئوچۇق - ئاشكارا خىلاپلىق قىلىدۇ. مېنىڭچە، بۇ
ماجىرانى ئۈنۈملۈك چەكلەيمىز دەيدىكەنمىز، مەختۇمزادە خوجا
ئابدۇللا ئىشاننىڭ مۇرىت - مۇخلىسلىرىغا پەرمان چۈشۈرۈشنى
كۈتۈپ تۇرماستىن، خانلىق قانۇن - جاساققا، سەلتەنەتنىڭ

تۇرغان ئىسمائىلخاننىڭ مەپىگە چىقىشقا رايى بارمىدى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئاللىقاچان ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۇقياسى بىلەن ساداقنى بوينىغا ئېسىۋالغان بولۇپ، پولات نەيزىسىنى نەشتەردەك سانجىلىۋاتقان شىۋىرغانغا قارىماي قولىغا ئېلىۋالغان-دى. ئۇزاق ئۆتمەي ياساۋۇل يىگىت قايتىپ كەلدى.

— سۇلۇكتىكىلەرنىڭ ماجىراسى ئىكەن، — دېدى يىگىت ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈۋېتىپ، — سەۋەبىنى ئېنىق ئۇقالمىدىم، ھەرقايسى سۇلۇكتىكى مۇرىتلار بىر - بىرىنىڭ ئۆيلىرىنى كۆي-دۈرۈشكەن ئوخشايدۇ. يەردە قانغا مىلىنىپ بىر قانچە ئادەم ياتىدۇ. ئۆلۈك - تىرىكلىكى نامەلۇم. يۇرت خەلقى ئىككى قاش بولۇپ بىر - بىرىگە ھازىرلا ئېتىلىدىغاندەك ئەلپازدا تۇرۇشۇۋې-تىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا دەرھال بېرىپ جەڭگى - جېدەلنىڭ ئالدى-نى ئالايلى، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم يېنىدىكى ئاتنىڭ ئۈزەڭگىسىگە دەسسەپ شاققىدە ئاتقا مىنىپ.

— ئالدىرىمىسىلا، مەلىكەم، — دېدى مىرزا باباقبەگ.

— بۇ جېدەلنى توسۇيمىز دەپ بېرىپ ئارىلىشىپ قالساق، خان ئالىيلىرىنىڭ ئامانلىقىغا تەسىر يېتىپ قالمىسۇن.

— بۇنىڭدىن ۋايىم يېمىسىلە، ئەمىرى كەبىر ئاتا، — دېدى مەلىكە، — خان ئاتام مەپىدىن سىرتقا چىقماي ئولتۇرسۇن، ئىكك-كى نۆكەر مەپىدىن ئايرىلماي خان ئاتامنى قوغدىسۇن، بۇ ماجىرا سىلىنىڭ دېگەنلىرىدەك ئۇنچە چوڭىيىپمۇ كەتمەس.

مىرزا باباقبەگنىڭمۇ بۇ جېدەلنى توسقۇسى بولسىمۇ ئاغزى-دىن چىقىرالمىغانىدى. ئۇ سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ ئىپادە بىل-دۈرمەي تۇرغىنىنى كۆرۈپ سورىدى:

— سىلىچە قانداق قىلساق بولۇر؟ قىبلىگاھىم، ناۋادا كارد-مىز بولماي كېتىپ قالساق، مۇشۇنداق قاتتىق شىۋىرغاندا ئۆلۈم - يېتىم بولۇپ قالمىسۇن دەيمىنا.

رۇم قاپقاقنى بىر ياقىغا قايرىپ مەپىكەشكە تىۋۇلىدى.

— نېمە ئىش بولدى؟ ئەجەب توختاپ قالدىڭلارغۇ؟

— مەلۇم بولغاي، ئالدىمىزدىكى مەھەللىدە چوڭ بىر جەڭ-گى - جېدەل بولغاندەك قىلىدۇ، — دېدى مەپىكەش، — ئۇدۇل مېڭىۋېرىمىزمۇ ياكى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىمىزمۇ؟

مەپىدىكىلەر دەرھال يەرگە چۈشۈشتى. شىۋىرغانغا ئايلانغان قار توختىماي يېغىۋاتاتتى. ئالدى تەرەپتىكى ئانچە چوڭ بولمىغان كۆجۈم مەھەللىنى قويۇق ئىس - تۈتەك قاپلىغان بولۇپ، قوللى-رىغا غولدا - توقماق ئېلىۋالغان بىر توپ ئادەم ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى.

— بۇ قايسى يۇرت؟ — سورىدى ئىسمائىلخان تەشۋىشلەنگەن هالدا.

— خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، — دېدى يول باشلىغۇچى ياساۋۇل قول باغلاپ تۇرۇپ، — بۇ قاغىلىق قەلئەسى ئەتراپىدى-كى چاھارباغ يېزىسى، مەھەللە ئىچىدە بىرەر توپىلاڭ بولغان ئوخشايدۇ.

— بېرىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ كەل؟ — دېدى مىرزا باباقبەگ ياساۋۇلغا.

يىگىت دەرھال ئاتقا مىندى - دە، ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى.

شىۋىرغان ئادەمنىڭ قولاق، بۇرنىغا رەھىمسىزلىك بىلەن چاڭگال سالغان بولۇپ، خۇددى ھەرە چاققاندەك ئېچىشتۇراتتى. سۆسەر جۇۋىغا مەھكەم قىمدالغان سۇلتان ئىسمائىلخان دۈگدى-يىپلا قالغانىدى.

— بۇ شىۋىرغان سالامەتلىكلىرىگە زىيانلىق، ئالىيلى-رى، - دېدى مىرزا باباقبەگ ئىسمائىلخانغا قاراپ، — مەپە ئىچىگە كىرىۋالسىلا، قىبلىگاھىم.

يۇرت ئىچىدە نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى بىلگۈسى كېلىپ

رۇۋەتتى، ئۇنىڭ خۇن قىساسىنى ئالماقچىمىز.

— سەن ئىسهاقىيەچى قارامۇسۇلمان توڭگۇزلارمۇ بىزنىڭ ئۆي ـ ماكانلىرىمىزغا ئوت قويۇپ يارۇ بۇرادەرلىرىمىزنى دۇمبالاشتىڭغۇ، بىلىپ قويۇش، بىزمۇ خۇن قىساسىمىزنى ئالماي تۇرۇپ پەيلىمىزدىن هەرگىز يانمايمىز.

— بۇنداق جېدەل ـ ماجىرا قىلىشساڭلار بىهۇدە قان تۆكۈلۈشتىن باشقا هېچقانداق پايدا ئالالمايسىلەر، — دېدى مىرزا باباقبەگ سالام قىلىپ، — ئۇنىڭدىن كۆرە قاغىلىققا بېرىپ بەگكە ئەرز قىلساڭلار هەق ـ ناهەقنى لىللا ئايرىپ قويسا ياخشى ئەمەسمۇ، قېرىنداشلىرىم.

— بۇ بەگ سورايدىغان دەۋا ئەمەس، — دېدى ئىسهاقىيەچىلەر توپىدىن ئەللىك ياشلاردىكى، سۆلەتلىك كىيىنگەن بىر سوپى سۇپەت ئادەم ئالدىغا چىقىپ، — بۇ دەۋانى مانا ئۆزىمىز سورايمىز.

— ئۆزلىرى بۇ يۇرتنىڭ نېمىسى، تەقسىر؟ — سورىدى مىرزا باباقبەگ تەمكىنلىك بىلەن.

— مەن ئۇلۇغ پىر بۇزرۇكىمىز مەختۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان ئەۋلىيا هەزرەتلىرى بېكىتكەن بۇ يۇرتتىكى سۇلۇكى ئىسهاقىيە مۇرىتلىرىنىڭ سۇلۇك مەسئۇلى خەلىپىسىدۇرمەن.

— دېمەك، خانلىق تەرىپىدىن قويۇلغان يۇرت ئاقساقىلى ئەمەس ئىكەنلا ـ دە.

— ئەسلىدە سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ قاغىلىقتىكى بەگلىرى بىزدەك ساداقەتمەن ئىسهاقىيە مۇرىتلىرىنى يۇرت ئاقساقاللىقىغا بەلگىلەپ پەرمان چۈشۈرۈشى كېرەك ئىدى، تەقسىر، سىلى ياقا يۇرتلۇق سودىگەر ئوخشايلا، — دېدى هېلىقى سۇلۇك مەسئۇلى كۆرەڭلىك بىلەن سۆزلەپ، — ئەمما دەھريي سۇلتان ئىسمائىلخان مەخدۇمزادە پىر بۇزرۇكىمىزغا ۋاپاسىزلىق قىلىپ، سۇلۇكى ئىسهاقىيە مۇرىتلىرىنى سەلتەنەت ئىشلىرىغا يېقىن يولاتمى-

— مەيلى بارساق بارايلى، ئەمما تولىمۇ ئېھتىيات قىلىڭلار، — دېدى ئىسمائىلخان مەپىگە چىقىۋېتىپ. شۇ ھامان مىرزا باباقبەگمۇ ئاتتىن بىرىگە مىندى - دە، ھارۋىكەشلەرگە قاراپ:

— ھەر ئېھتىمالغا قارشى ياراغلىرىڭلارنى يېنىڭلارغا ئېلىۋېلىڭلار، — دېدى.

ئۇلار ئالتوپىلاڭ بولغان يەرگە كەلگەندە ئىككى تەرەپكە بۆلۈنگەن ئادەملەر بىر - بىرىگە قار - ياMغۇردەك تىل سېلىشىۋاتاتتى.

— ئەي نامۇسلۇمان ئىشقىيەچى خەرلەر، دەرھال چاھارباغ تەۋەسىدىن چىقىپ كېتىش، بولمايدىغان بولسا خوتۇن - قىزلىرىڭلارغا كۆرستىپ تۇرۇپ سەنلەرنى كۆت قىلىۋېتىمىز.

— ئەي قارامۇسۇلمان ئىسھاقىيەچى توڭگۇزلار، چاھارباغ بابائى ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ بىز ئىشقىيەچىلەرنىڭ ماكانىدۇر، ياخشىلىقچە گۆرىدە توڭگۇز سۇرەتلىك بولۇپ قوپىدىغان مەختۇمزادەڭنىڭ قېشىغا كېتىۋېلىش، بولمايدىغان بولسا خوتۇن - قىزلىرىڭنى كۆزلىرىڭگە كۆرستىپ تۇرۇپ بوغاز قىلىمىز.

ھەر ئىككى سۇلۇكتىكىلەرنىڭ پەيلى تولىمۇ يامان ئىدى. ھەر ئىككى تەرەپتىكى ئادەملەرنىڭ قوللىرىدا تاياق - توقماق، پالتا - كەكە، ئارا - ئورغاق، پىچاق بار ئىدى. ئادەم سانىمۇ بىر - بىرىدىن ئانچە پەرق قىلمايتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئى مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم، — دەپ سالام بەردى مىرزا باباقبەگ دەۋرەپ تۇرغان ئىككى توپنىڭ دەل ئوتتۇرىغا كېلىپ، — مۇشۇنداق شۇرغانلىق كۈنلەردە ئىسسىق ئۆيلىرىڭلاردە ئولتۇرماي، بىر - بىرىڭلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشىڭلارنىڭ بائىسى نېمىكىن؟

— ئاۋۇ ئىشقىيەچى خەرلەر يارانلىرىمىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۇ-

سانجىلدى.

سۈلۈك مەسئۇلىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەن ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا قاراپ ئېتىلدى.

— خەلىپىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. تۇتۇڭلار ئاۋۇ مۇرتەتنى.

— خەلىپىمىزنىڭ خۇنىنى تۆلىتەيلى.

سۈلۈكى ئىشقىيە مۇرىتلىرى سۈلۈكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ بالا - قازادىن خۇش بولۇشۇپ بىر چەتتە تاماشا كۆرۈشۈپ تۇراتتى. مىرزا باباقبەگ بىلەن ھارۇۋەكەش سىياقىدا ياسىنىۋالغان ياساۋۇللار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىشىپ دەۋرەپ كەلگەن ئادەملەرنى توسۇشقا باشلىدى. ئاچچىقى تېخىلا بېسىقمىغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئېتىنى بىرلا بىقىنداپ ئۆزىگە ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئادەملەر توپىغا تاشلاندى - دە، ھايت - ھۇيت دەپ بولغۇچە بىرنەچچە ئادەمنى نەيزىلەپ، ئاتقا دەسسىتىپ ئۆلگۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان قانلىق توقۇنۇشنىڭ يۈز بېرىشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىلا قالدى. دەل شۇ پەيتتە بىر توپ ئاتلىق خان لەشكەرلىرى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولدى - دە، ئالامانىنى چاقماق تېزلىكىدە قورشىدى. ئون نەچچە ئاتلىق لەشكەر توپ ئارىسىغا باستۇرۇپ كىرگىنىچە مىرزا باباقبەگ بىلەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنى قوغدىدى. لەشكەر بېشى بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى:

— خالايىق پەيلىڭلاردىن يېنىڭلار. خان لەشكەرلىرى بىلەن قارشىلاشساڭلار ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسىلەر.

كۈتمىگەن يەردىن قانلىق بىر پاجىئەدىن قۇتۇلۇپ قالغان مىرزا باباقبەگ يەڭگىل تىن ئالدى - دە، لەشكەر بېشىغا شۇنداق بىر قاراپلا تونۇدى. بۇ ئاستانە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى مىرزا پازىل باھادىر ئىدى. نۇرغۇنلىغان ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى پەيلىدىن ياندى. ئاتلىق لەشكەرلەر ئىككى

دى. شۇ سەۋەبلىك ئىشان پىرىمنىڭ دىلى كۆپ رەنجىدى. خۇدا بۇيرۇسا پىرىمىزنىڭ قارغىشىغا كەتكەن ئول سۇلتان پات يېقىندا بېشىنى يەيدۇ.

— تىللىرىنى يىغىسىلا! — دەپ ۋارقىرىدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بۇ ئادەمنىڭ سۇلتان ئىسمائىلخاننى ھاقارەتلىشىگە چىداپ تۇرالماي، — خانلىق قانۇن - جاساقنى بىلەملا سىلى، خانغا ھاقارەت قىلىش كاللا كېتىدىغان ئېغىر گۇناھ.

سۇلۇك مەسئۇلى ياپياشلا بىر يىگىتنىڭ ئۆزىگە ئاتىكاچىلىق قىلىپ، خانلىق قانۇن - جاساقتىن ساۋاق بەرگىنىگە چىداپ تۇرالمىدى - دە، بارغانسېرى ھەددىدىن ئاشتى.

— خانغا ھاقارەت قىلسام مانا مەن قىلدىم، سىلىدەك تېخى قوڭىغا تۇك چىقمىغان سېرىق سويمىغا نېمە دەخلى. مەنچە بولسا مەختۇمزادە پىر بۇزرۇكىمىزنى رەنجىتىپ، ئىشقىيەچى خەرلەرنى جازالىماي، ئۇلارنىڭ پوردىقىنى يوغىنىتىپ قويغان ئاشۇ دەھرىي خاننى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتسەم دەيمەن.

— ئەي مۇناپىق، زۇۋانىڭنى يىغ دەيمەن، بىكار تىلىڭنى كېسىپ تاشلىماي يەنە، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم غەزەپىنى بېسىۋالالماي.

— تىللايمەنغۇ قانداق، — دېدى ھېلىقى سۇلۇك مەسئۇلى كۆكەرمىلىك بىلەن، — ئەھۋالدىن قارىغاندا سەنمۇ ئاشۇ ئىشقىيەچى خەرلەرنىڭ تەخسىيى ئوخشىمامسەن؟ سەن بۇ يۇرتلۇق بولمىغاندىن كېيىن غىت قىسىپ ئاستا كېتىۋال. بولمىسا كۆتۈڭگە...

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئۆمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان بۇ ھاقارەتكە پەقەتلا چىداپ تۇرالمىدى. قولىغا قانداقىسىغا ئوقياسىنى ئالغىنىنى، سادىقتىن ئالغان ئوقنى ياغا قانداق بەتلىگىنىنى بىلمەيلا قالدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ۋاقىتتا ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ بارغان ئوق ھېلىقى سۇلۇك مەسئۇلىنىڭ دەل كارنىيىغا

— مەلۇمات قېنى؟ — سورىدى ئىسمائىلخان جىددىي تەرزدە، ئۇ مەپىدە تۇرۇپ مىرزا پازىل باھادىرنىڭ گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلىغانىدى.

مىرزا پازىل باھادىر قوينىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ خانغا ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى. خان خەتكە باشتىن - ئاخىرى كۆز يۈگۈرتتى - دە، مىرزا باباقبەگكە ئۇزىتىپ تۇرۇپ ئەمىر قىلدى:

— دەرھال ئاستانىگە قايتايلى.

مىرزا باباقبەگ خەتنى ئوقۇپ بولۇشىغا مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئېلىپ ئوقۇدى - دە، غەزەپ بىلەن قول سىلكىدى:

— يەنە شۇ سۇلۇك ماجىراسى ئىكەنغۇ بۇ، نېمانچە ئارام تېپىشمايدۇ بۇ خەلىپە - سوپىلار، تېخى مەخدۇمزادە پىر بۇزرۇكنىڭمۇ ئارىلاشقىنىنى كۆرمەمدىغان.

— سەركەردە، — دېدى مىرزا باباقبەگ مىرزا پازىل باھادىرغا قاراپ، — بۇ يەردىمۇ خۇددى ئاستانىدىكىگە ئوخشاشلا سۇلۇك ماجىراسى يۈز بەرگەن. ھەر ئىككى سۇلۇكتىكىلەرنىڭ پەيلى تولىمۇ يامان. ئوت قويۇش، ئۆلۈم - يېتىم ئەھۋاللىرى يۈز بېرىپتۇ. بىر بۆلۈك لەشكەرلەر بىلەن خان ئائىلىلىرىنى قوغداپ ئاستانىگە قايتقاچ تۇرايلى. سىلى قالغان لەشكەرلەر بىلەن بۇ يەردە قېلىپ، قاغىلىق ھاكىمبېگى چىقىپ بۇ ۋەقەنى بىر ياقلىق قىلىپ بولغۇچە تەرتىپ ساقلاپ تۇرۇپ تۇرسىلا. ئاۋۇ ئىككى ھارۋىدا بىر قىسىم كىيىم - كېچەك، رەخت - ماتا، پۇل - پۇچەكلەر بار. ئۆيۋاقى كۆيۈپ ماكانسىز قالغانلارغا ۋە كەمبەغەل، ئاجىز، تول خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارغا مۇۋاپىق تارقىتىپ بەرسىلە، ئېسىلىرىدە بولسۇنكى، ھېچقايسى سۇلۇكتىكىلەرگە يان باسىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرمىسۇن.

سۇلۇكتىكى قۇتربغان ئادەملەرنى تارقىتىۋەتتى.

— ئەسساالامۇئەلەيكۇم، ئەمىر جانابلىرى، ئەسساالامۇ ئەلەيكۇم سەركەردە مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم، — دېدى مىرزا پازىل باھادىر ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ سالام قىلىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسساالام، — دېدى مىرزا باباقبەگ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ ۋە ئەجەبلەنگەن ھالدا سورىدى، — بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىلا، سەركەردەم؟

— ئەمىرى كەبىر جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي، — دېدى مىرزا پازىل باھادىر، — تۈنۈگۈن كەچتە ئاستانە ئەمىرى مىرزا ئەۋەزبەگ جانابلىرىنىڭ خان ئالىيلىرىغا يوللىغان جىددىي مەلۇماتىنى ئېلىپ يولغا چىققانىدىم. يۇرت ـ مەھەللىدىن سوراپ، توختىماي يول يۈرۈپ بۇ جەڭگى ـ جېدەلگە كۆزۈم چۈشتى...

— ئاستانىدە بىرەر ئەھۋال يۈز بەرمىگەندۇر؟ — سورىدى مىرزا باباقبەگ خاۋاتىرلىنىپ.

— تۈنۈگۈن پېشىن نامىزىدىن كېيىن ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى بىلەن ئىشقىيە مۇرىتلىرى ئارىسىدا قىرغىنچىلىق يۈز بەردى. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ، بۇلاپ ـ تالاپ، ئۆلتۈرۈپ چېپىشتى. بۇ قىرغىنچىلىقتا مەختۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان پىرى بۇزرۇك ھەزرەتلىرى ئارىلاشقانلىقى ئۈچۈن ئەمىر ئەۋەزبەگ ئامالسىز قېلىپ، ماڭا بىر پارچە مەلۇماتنامە يېزىپ بەردى ـ دە، خان ئالىيلىرى سودىگەر سىياقىدا ياسىنىپ خوتەن تەرەپكە ئەل ـ ئاۋامنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى خۇپىيانە بىلىپ كېلىشكە چىقىپ كەتكەن، سىلى نەدىن بولمىسۇن دەرھال ئىزدەپ بېرىپ خانغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلسىلا دېگەنىدى...

مەيدىن سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مىرزا پازىل باھادىر گېپىنى توختىتىپلا قول باغلاپ خانغا سالام بەردى.

— ئەسساالامۇئەلەيكۇم، خان ئالىيلىرى.

مەسئۇللىرىدىن بولۇپ بىرەر يۈزگە يېقىن ئادەمنى تۇتقۇزۇپ ھەپسىگە ئالدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىرغىنچىلىق بېسىقتى. ئەمما، مەختۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان ھەزرەتلىرى قاماقتىكى سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنى قويۇپ بېرىش توغرۇلۇق قاتتىق بېسىم ئىشلىتىۋاتىدۇ.

— شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى قويۇپ بەرگەن ئوخشىماملا، ئەمىر جانابلىرى، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم.

— يوقسۇ، ئۇنداق قىلسام سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ بالاسىغا قالمامدىمەن، مەلىكەم. خان ئالىيلىرى كېلىپ ئۆزى بىر تەرەپ قىلغاي دەپ قويۇپ بەرمىدىم.

— ناھايىتىمۇ ياخشى قىلىپلا، ئەمىر، — دېدى مىرزا باباقبەگ رازىمەنلىك بىلەن، — خانلىق قانۇن - جاساقنى، پەرمان - يارلىقىنى كۆزگە ئىلمىغان ھەرقانداق سۇلۇك، مۇرىتلىرىغا يۈز - خاتىر، سىلى - رەھىم قىلىشقا بولمايدۇ.

— بۇ ئىشقا خان ئالىيلىرى قانداق قارايدىكىن، ئەمىرى كەبىر جانابلىرى، — سورىدى تازا خاتىرجەم بولالمىغان ئەۋەزبەگ.

— خان ئالىيلىرىغا يولدا قاتتىق تۇمۇ تېگىپ قالغاچقا ئوت - كاۋاپ بولۇپ قىزىپ كەتتى. ھازىرچە ئارامىنى بۇزۇشقا بولمايدۇ. قالدى ئىشلارنى ئەتە ئوردىغا كىرگەندە مەسلىھەتلىشەيلى.

— خان ئاتامنىڭ رايىغا باقسا، پىر بۇزرۇكى بولمىش مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشانغا يۈز كېلەلمەي، ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكىلەرگە يان بېسىشى مۇمكىن، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئويلانغان ھالدا.

— ناۋادا كېچىچە قىزىتمىسى يېنىپ، سالامەتلىكى ياخشىلىنىپ قالسىغۇ ئەتە ئوردىدىن چىقىپ شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆيۈپ كۆلگە ئايلانغان ئۆي - ماكانلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسە

## 4

سۇلتان ئىسمائىلخان ھەمراھلىرىنى باشلاپ چاقماق تېزلىكىدە يول يۈرۈپ نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن ئاستانىگە يېتىپ كەلدى. ئەمما، ئېغىر زۇكامداپ كەتكەن خاننىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن شاھنىشىنغا كىرىپ تەختتە ئولتۇرغۇدەك ماجالى قالمىغانىدى.

— خان ئالىيلىرى، ئاۋۋال ئوردا تېۋىپىغا كۆرۈنۈپ كېچىچە تەرلىنىپ ياخشىراق ئارام ئالسىلا، قالدى ئىشلارنى تاڭلا سەھەردە بىر ياقلىق قىلساقمىكىن، — دېدى مىرزا باباقبەگ.

كۆزىدىن ياش، بۇرنىدىن سۇ ئېقىپ تۇرغان ئىسمائىلخان ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى.

خاننى ھەرەمگە ئۇزىتىپ قويغان مىرزا باباقبەگ بىلەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئۇدۇل ئاستانە ئەمىرى مىرزا ئەۋەزبەگنىڭ قەسرىگە قاراپ ماڭدى.

— قايسى سۇلۇكتىكىلەرنىڭ ئاۋۋال ئوت قويۇپ ئاداۋەت تۇغمىنىگە سۇ باشلىغانلىقى نامەلۇم، — دەپ سالام - سەھەتتىن كېيىن ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى مىرزا ئەۋەزبەگ، — ئەمما بۇ جەڭگى - جېدەل پىرى بۇزرۇك مەختۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ ئارىلىششى بىلەن پۈتكۈل ئاستانىدە قىيامەت قايىم بولدى. ئاستانە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنى ئىشقا سېلىپ بېسىقتۇرغان بولساقمۇ يەنىلا يۈزدىن ئارتۇق بىگۇناھ پۇقرا ئۆلۈپتۇ. سوپىكا، كۆنچىلىك مەھەللىلىرىدىكى ئۆيلەر ئاساسەن كۆيۈپ كۆل بولۇپتۇ.

— جېدەلخورلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلدىلا، ئەمىر؟ — سورىدى مىرزا باباقبەگ.

— بۇيرۇقىا بويسۇنماي خان لەشكەرلىرى بىلەن قارشىلاشقان ھەر ئىككىلى سۇلۇكنىڭ يولباشچىسى، خەلىپىسى، سۇلۇك

ياستۇققا يۆلەنگىنىچە ياتقان سۇلتان ئىسمائىلخان ئاستانە ئەمىرى مىرزا ئەۋەزبەگ سۇنغان مەلۇماتنى ئاستا ئوقۇۋاتاتتى. خاننىڭ قىزىتمىسى بىر ئاز چۈشكەن بولسىمۇ كۆزىدىن ياش، بۇرنىدىن سۇ ئېقىپ تۇراتتى. مىرزا ئەۋەزبەگ، مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم قاتارلىق ئەمىرلەر بىر چەتتە خان ئالىيلىرىنىڭ مەلۇماتنى ئوقۇپ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

— شۇ دەرىجىدە ۋەھشىيلىكلەرنى قىلغۇدەك، ئۇلار نېمە تالىشىدۇ زادى، — دېدى مەلۇماتنى كۆزىدىن كەچۈرۈپ بولغان سۇلتان ئىسمائىلخان غەزەپلەنگەن ھالدا، — ئۇلارنىڭ نەزىرىدە خان ۋە خانلىق قانۇن - جاساقلار يوقمىدۇر؟ ئېيتسىلا، ئەمىر ئەۋەزبەگ، مەلۇماتتا دېيىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى راستمۇ؟

— نەئۇنبىللاھ، — دېدى مىرزا ئەۋەزبەگ قول باغلاپ بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە، — ئانەزىرىتىمنى ئالداشقا ھەددىم ئەمەس.

— پۇت - قولۇم ماغدۇرسىزلىنىپ، بېشىم قېيىپ تۇرىدۇ، — دېدى ئىسمائىلخان زورۇقۇپ سۆزلەپ، — بۇ ئىشلارنى ئوردىغا چىقىپ ئۆز قولۇم بىلەن بىر تەرەپ قىلغۇدەك ماجالىم يوق. پەرمان، ئەمىرى كەبىر جانابلىرى بۇ ئىشلارنى لىللا بىر تەرەپ قىلغاي. مەختۇمزادە پىر بۇزرۇك ھەزرەتلىرىنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ قويمىغاي.

— پەرمانبەردارمەن، — دېدى مىرزا باباقبەگ ۋە ئالدىغا بىر قەدەم مېڭىپ خاندىن سورىدى، — بۇ ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلساق بولۇر؟ قىبلىگاھىم، ئېنىق بىر يول كۆرسىتىپ بەرگەيلا.

— ھەر ئىككى سۇلۇكتىكى ئاساسلىق گۇناھكارلارغا رەھىم - شەپقەت قىلىنمىغاي، بېرىلگەن جازادىن بارلىق ئەھلى سۇلۇك مۇرىتلىرى ئىبرەت ئالغاي.

— مۇمكىن بولسا مۇشۇ خۇسۇستا يارلىق چۈشۈرۈپ بەرگەن

ياخشى بولاتتى.

— ئۆلگەنلەردىن باشقا پېيى قىرقىۋېتىلگەن، ئاختا قىلىۋېتىلگەنلەرمۇ خېلى بار، — دېدى ئەمىر ئەۋزبەگ ئىچىنغان ھالدا، — ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرى تۇرۇپ بىر - بىرىگە نېمانچە ئۆچمەنلىك قىلىدىغاندۇر بۇ ئادەملەر.

— مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا تىغ تەگلەش ئاللا كەچۈرمەيدىغان گۇناھلاردۇر، — دېدى مىرزا باباقبەگ.

— خان ئالىيلىرىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئەته ئورنىدىن تۇرۇپ ئوردىغا چىقالىشى ناتايىن، شۇڭا ئەمىر ئەۋزبەگ جانابلىرى ئاستانىدە يۈز بەرگەن بۇ پاجىئەنى تەپسىلىي يېزىپ خان ئالىيلىرىغا مەلۇمات يوللىغايلا.

— پەي قىرقىش، ئاختا قىلىشقا ئوخشاش ۋەھشىيلىكلەرمۇ قېلىپ قالمىسۇن، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم.

## 5

بۈگۈن بامداتتىن يېنىپلا شاھىنشىنغا يىغىلغان ئوردا ئەركانلىرى سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. مەختۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان بولسا، قولتۇقىغا قىسىپ ئەكىرگەن كىگىز جايىنامازنى شاھ سۇپىسىنىڭ تۆۋىگە سېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە كۆزىنى يېرىم يۇمغان ھالدا قولىدىكى كەھرىۋا تەسۋىنى تىنىمسىز سىيرىغىنىچە ئىچىدە ئاللىقانداق دۇرۇتلارنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. تولىمۇ سۆرۈن چىرايىدىن كۆڭلىدە نېمە خىياللىرى بارلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئەمىرلەر ئىشانىدىن تەپ تارتىپ ئاستانىدىكى پاجىئە ھەققىدە يېنىدىكىلەر بىلەن پەس ئاۋازدا كۇسۇرلىشاتتى.

شۇ دەقىقىدە ئارامبەخش سارىيىدىكى خاس ھۇجرىسىدا پەي

ئىسمائىلخاندىن باشقا ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان بۇ تەكەببۇر ئىشان شۇ تۇرقىدا خان يارلىقىغا ئانچە ئېرەن قىلمايۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

قارا دىۋانبېگى تېخىچە ئورنىدىن مىدىرلىمىغان ئىشانغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ يەنە بىر قېتىم تۇۋلىدى.

— بارلىق ئوردا ئەركانلىرى خان يارلىقىغا قۇلاق سالغاي.

ئىشان كۆزلىرىنى سەل - پەللا ئېچىپ بىر ئاز قىمىرلاپ قويدى - دە، يەنە كۆزىنى يۇمغىنىچە گەۋدىسىنى ئىككى تەرەپكە تەڭ ئىرغاڭلىتىپ كەھرىۋا تەسۋىنى يەنە سىيرىشقا باشلىدى.

«يارلىق ئوردا ئەركانلىرىغا چۈشۈرۈلگەنىكەن، مەندەك ئەھلى سۇلۇك پېشۋاسى بىلەن ئەلۋەتتە مۇناسىۋەتسىز. كانىيىڭ يىرتىلىپ كەتكۈچە تۇۋلىساڭمۇ بىكار، ئەي دىۋانبېگى. چۈنكى، مەن ئوردا ئەمىرى ئەمەس. سەنلەر ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىشىپ خانىنىڭ ماڭا مەنسەپ - مەرتىۋە ئىنئام قىلىشىنى توسۇشتۇڭ. مەن بولمىغان بولسام ئەقلىسىز ئىسمائىلخانغا بۇ تەخت - سەلتەنەت نەدە تۇرۇپتۇ. خان يارلىقىنى جاكارلاۋەر. مەن جايىنامازدا ئولتۇرۇپ ئاڭلايمەن. خان يارلىقىغا بىھۆرمەتلىك قىلدى دەپ گۇناھقا ئارتىشقا ھەددىڭ ئەمەس. ۋاقتى كەلگەندە خان ئالىيلىرىنىڭ سالامەتلىكى، سەلتەنەتنىڭ ئاسايىشلىقى ئۈچۈن دۇئاگۇيلۇق قىلىۋاتاتتىم دەپ ئۆزۈمنى ئاسانلا ئاقلىيالايمەن. نوچى بولۇشساڭ پالان - پۇستان دەپ باقە قېنى...»

مىرزا باباقبەگ خوجا ئابدۇللا ئىشانىنىڭ قەستەن غوۋغا كۆتۈرمەكچى بولغانلىقىنى پەملەپ قارا دىۋان ئەمىرگە «كارىلىرى بولمىسۇن» دېگەننى قىلىپ كۆز ئىشارىسى قىلىپ قويدى. ئەمىر كەبىرنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن قارا دىۋان ئەمىرى ئوردا پەرمانچىسىنى يارلىقنى ئوقۇشقا بۇيرۇدى.

بولسىلا، خان ئاتا، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم مىرزا باباقبەگنى تەكەلسىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىسمائىلخانغا ئىلتىجا قىلىپ، — سەلتەنەتنىڭ سىر - ھەيۋىسىنى راسا بىر كۆرسەتمەي تۇرۇپ، ئەل - يۇرتتا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان سۇلۇك ماجىرالىرىنى تۈپ يىلتىزىدىن بېسىقتۇرۇش بەسى مۈشكۈلدۇر.

— مىرزا دىۋاننىڭ ئەمىرى كىرگەي، — دېدى ئىسمائىلخان مەلىكىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ. ئۇزاق ئۆتمەي مىرزا دىۋاننىڭ ئەمىرى، قوشۇمچە خاننىڭ مۆھۈردارى ئارامبەخش سارىيىغا كىرىپ كەلدى ۋە خاننىڭ ئاغزاكى بايانلىرى بويىچە يارلىق تەييارلاش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن مىرزا باباقبەگ، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ۋە مىرزا ئەۋزبەگلەرمۇ خانغا ئېسەنلىك تىلەپ، ئارامبەخش سارىيىدىن ئايرىلدى - دە، شاھنەشىنغا كىرىپ ئوردا ئەركانلىرى بىلەن سالام - سەھەت قىلىشتى. ئۇلارنىڭ سالىمىنى كىگىز جايىنامازدا كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ ئولتۇرغان مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان ئولتۇرغان ئورنىدىن سەل - پەل قىمىرلاپ قويۇپ سوغۇقلا ئىلىك ئالدى. بىردەملىك ئۆرتتۆپىدىن كېيىن شاھنىشىن ئىچى يەنە تىنچىدى. ئەمىرلەر خان ئائىلىرىنىڭ قوبۇلغا چىقىدىغان ياكى چىقمايدىغانلىقىنى بىلەلمەي ئۆز خىياللىرى بىلەن بەند بولۇپ ئولتۇرۇشاتتى. شۇ يوسۇندا بىر چۆگۈن چاي قاينىمىچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن شاھنىشىنغا مىرزا دىۋاننىڭ ئەمىرى بىلەن ئوردا پەرمانچىسى كىرىپ كەلدى.

— بارلىق ئوردا ئەركانلىرى خان يارلىقىغا قۇلاق سالغاي، — دېدى قارا دىۋانبېگى.

ئەمىرلەر دەررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قول باغلاشقىنىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىشتى. مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان بولسا جايىنامازدا قىمىر قىلماي ئولتۇرۇۋەردى. ئوردىدا سۇلتان

جازا ئىجرا قىلىنىپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنى جازادىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن شۇنچە ھەرىكەت قىلىپمۇ، سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشەلمە. گەن مەختۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان ئىسمائىلخاندىن يامانلاپ. ئوردىغا قايتا ئاياغ باسمىدى.

شۇنداق قىلىپ سۇلۇكى ئىسھاقىيەچىلەر بىلەن سەلتەنەت ئوتتۇرىسىدا ئاشكارا زىددىيەت پەيدا بولدى. ئەمما، ئۇلار سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ جازاسىدىن قورقۇپ، سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلى. رى بىلەن ئاشكارا دۈشمەنلىشىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشتى.

6

سۇلتان ئىسمائىلخان ھاكىمىيىتى بىلەن مەختۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان باشچىلىقىدىكى سۇلۇكى ئىسھاقىيەچىلەر ئوتتۇر. سىدا نىزا - ئاداۋەت پەيدا قىلىش مەقسىتىگە يەتكەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكى خۇپىيە - پايلاقچىلار. نىڭ تەقىبىدىن رەسمىي قۇتۇلۇپ، خاتىرجەم ھالدا يەر ئاستى سارىيىدىن قايتىپ چىقىپ، سۇلۇكى ئىشقىيە تەرغىباتىنى ئاشكا. را يۈرگۈزۈشكە باشلىغانىدى. خان يارلىقىنى تاپشۇرۇۋالغان قەشقەرنىڭ نائىب ئەمىرى ھەيدەر مىرزا دوغلاتى، خان يارلىقى. دىن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننى خەۋەردار قىلىش ۋە ئىشاننى سۇلۇكى ئىسھاقىيەچىلەر بىلەن دۈشمەنلەشمەي ئۆم - ئىناق بولۇپ ئۆتۈشكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن، ياغدۇدىكى ھەزرەت قەسى. رىگە ئالايىتەن زىيارەتكە چىقتى.

— ئەمىر جانابلىرىنىڭ مۇبارەك پايە قەدەملىرىگە تەسەننا، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان، ئۆز ۋاقتىدا ئۆزى بىلەن شاھزادە يولۋاسخانغا ئاسىيلىق قىلىپ، سۇلتان ئىسمائىلخانغا

— خان يارلىقىغا پەرمانبەردارمىز، — دېيىشتى بارلىق ئوردا ئەركانلىرى يارلىق جاكارلىنىپ بولغاندىن كېيىن.

— مەلۇمات بولسا يوللاڭلار، بولمىسا قايتىڭلار، — دېدى قارا دىۋانبېگى.

— ئى ئاللا، ناپاك بەندىلىرىڭنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەيسەن، — دېدى خوجا ئابدۇللا ئىشان خان يارلىقىغا نارازى بولغانلىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئىپادىلەپ ۋە جايىنامازدىن تۇرۇۋېتىپ داۋام قىلدى، — نەئۇزەبىللاھ مىنھا، سۇممۇم بۇكمۇم ئومىيۇن فەھۇم لايەئقىلۇن[1].

ئىشاننىڭ بۇ تەنىسىنى ئاڭلاپ ئەمىر كەبىر مىرزا باباقبەگ گەدەنلىرىگىچە قىزاردى، ئەمما يۈز ئاياپ جاۋاب قايتۇرمىدى. ئىشان سۇلتان ئىسمائىلخانغا بولغان قورساق كۆپۈكىنى مانا مۇشۇنداق چىقىرىۋاتاتتى. باشقا ئەمىرلەرمۇ بىر - بىرىنىڭ چىرايىغا مەنىلىك قارىشىپ قويۇپ بېشىنى تۆۋەن سېلىشتى. ئەمما، بۇ ئوچۇق - ئاشكارا ھاقارەتكە مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم چىداپ تۇرالمىدى.

— خەيرۇن ۋە شەررۇن مىنەللاھ تەئالا، — دېدى ئۇ ئىشانغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ.

ئىشان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا قاراپ نەپرەت بىلەن بىرنى ئالايدى - دە، جايىنامازنى قولتۇقىغا قىستۇرغىنىچە شاھنىشىندىن تېز - تېز مېڭىپ چىقىپ كەتتى. ياندۇرقى ھەپتىسى يەكشەنبە چۈشتىن كېيىن مىرزا باباقبەگنىڭ پەرمانى بويىچە ھەپسىگە ئېلىنغان يۈزگە يېقىن سۇلۇكى ئىسھاقىيە ۋە سۇلۇكى ئىشقىيەچى جېدەلخور، ئەشەددىي مۇرتلاردىن ئوتتۇز تۆت كىشىنىڭ كاللىسى پوتكول ئاستانە خەلقىنىڭ ئالدىدا تېنىدىن جۇدا بولدى، قالغانلىرى دەررىگە بېسىلىپ ياقا - يۇرتلارغا پالاندى.

---

① كۆپىرلار ھەقنى ئاڭلاشتىن گاستۇر، ھەقنى سۆزلەشتىن گاچىدۇر، ھەقنى كۆرۈشتىن كوردۇر. ئۇلار ۋەز - نەسىھەتنى چۈشەنمەيدۇ. «قۇرئانى كەرىم» سۈرە بەقەرە 171 - ئايەت.

سەئىدىيە سەلتەنىتى سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ رەقىبى ئەمەس، بەلكىم ھامىيىسىدۇر. بىز پەقەت مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان باشچىلىقىدىكى سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىدىن ھەزەر ئەيلەيمىز، خالاس.

— ھەزرەتلىرى، خاتىرجەم بولغايلا، — دېدى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى ۋەدە بېرىپ، — سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى ھەرقايسى سۇلۇك - مەزھەپلەر بىلەن ئىناق - ئىجىل ئۆتۈش سۇلتان ئىسمائىلخان ئالىيلىرىنىڭمۇ ئارزۇسى. بۇ قېتىمقى ئاستانىدىكى سۇلۇك نىزاسىدىن كېلىپ چىققان پاجىئە سەۋەبىدىن خان ئالىيلىرى بىلەن مەخدۇمزادە ئوتتۇرىسىدا ئازراق ئاۋارىچىلىك بولغان ئوخشايدۇ. ئەمما، خان ئالىيلىرى سىلى جانابىي بۇزرۇك ئەزىزدىن كۆپ ئۇمىدۋار.

سۇلتان ئىسمائىلخان بىلەن مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان ئوتتۇرىسىدا ئاۋارىچىلىك كۆرۈنگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىشاننىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن ئويناپ كەتتى. تەپسىلىيرەك ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن گەپ كوچىلىدى.

— سەلتەنەت بىلەن سۇلۇك ئوتتۇرىسىدا ئانچە - مۇنچە ئارازچىلىقنىڭ بولۇشى چوڭ ئىش ئەمەس. مەخدۇمزادە خان ئالىيلىرىنىڭ پىرى بۇزرۇكى بولغاندىن كېيىن كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭ تۇتۇشى، سەلتەنەت، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى قوللاپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇستازى ئەپۇچان بولمىسا، شاگىرتى كەڭ قورساق بولالمايدۇ.

— ھەممە گەپ مەخدۇمزادە پىرى بۇزرۇكنىڭ ئەپۇچان بولماسلىقىدىن كېلىپ چىققان گەپ، — دېدى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى ئىختىيارسىز ئوردا مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاپ، — شۇ سەۋەبلىك مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان ھەزرەتلىرى ئوردىغا ئاياغ باسماپتىمىش، سۇلتان ئىسمائىلخان ئالىيلىرىنىڭ زىيارىتىنىمۇ قوبۇل قىلماپتىمىش. شۇ سەۋەبلىك ھازىر خان ئالىيلى-

خۇشامەتگۈيلۈق بىلەن، — ئاۋۋال سۇلتان ئىسمائىلخان ئالىيلىرى، ئاندىن قالسا ئۆزلىرىدەك باھادىر سەركەردە ئىستىبداتلىق ئەمىر ھامىيلىق قىلىپ تۇرغان يەردە ئەغيارلىرىمىزدىن زىنھار خەۋپسىرىمەيمىز ھەمدە خان ئالىيلىرىنىڭ يارلىقىغا بويسۇنۇپ، ئۆزگە سۇلۇكتىكىلەر بىلەن ئىجىل ـ ئىناق ئۆتكەيمىز، ئەمىر جانابلىرى شۇنچىۋالا ئەتىۋارىمىزنى قىلىپ ئوردىغا تەكلىپ قىلغان يەردە بارماسلىقىقا نېمە ھەددىمىز. ئەمىر جانابلىرىنىڭ تەڭداشسىز ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ ئالدىدا، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىپ، رەھنەما[1] بولغۇدەك سالاھىيىتىمىز بولمىسىمۇ، پات ـ پات ھەمداستىخانچىلىق قىلىشىپ، دىدار ـ مۇلاقەتتە بولۇشمۇ بىز ئۈچۈن چوڭ شەرەپ.

ئىشانىڭ پاساھەتلىك سۆزلىرى مىرزا ھەيدەر دوغلاتىنى ئۇيالدۇرۇپ قويۇۋاتاتتى.

«ئىنسان بىر قېتىم بۇرنىغا يېسە بىر قېتىم ئەقىل تاپىدۇ دەيدىغان كونىلار. ئۇ بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيىتىدىن ئەقلىنى تاپقان ئوخشىمامدۇ، مەن ئەھۋالنى تازا بىلمەي تورۇپ قوپاللىق قىلىپ قويدۇممۇ، قانداق، ھەرقانداق ئىنساپ، دىيانەت، ياخشىلىقنى بەندىسىگە ياراتقان ئاللا ئىگەم ئۆزى بېرىدۇ. ئىشانىنىڭ نىيەت ـ ئىقبالى مۇشۇنداق ئەزگۈلۈككە يۈزلەنسىلا، مەن ئۇنىڭغا قول بېرىپ مۇرىت بولمىسامۇ بىر ئۆمۈر ھۆرمەتلەپ دوست بولۇپ ئۆتىمەن، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئاشۇرۇپ قىلىمەن. شۇنداق قىلسام سۇلتان ئىسمائىلخان ئالىيلىرىمۇ خۇش بولىدۇ ھەم خاتىرجەم بولىدۇ...»

— سۇلتان ئىسمائىلخان ئالىيلىرىغا مەقسەت ـ مۇددىئالىرىمىزنى بىلدۈرۈپ ئىككى ئېغىز تەرىپىمىزنى قىلىپ قويارلا، — دېدى ئىشان يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، —

---

① رەھنەما — يول كۆرسەتكۈچى.

خان ئالىيلىرىدىن كىچىكلەرنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلدى،
دەپ رەنجىگەن ئوخشايدۇ.

— ئوردىدا بۇنچىۋالا زىددىيەتنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئويلى-
مىغانىكەنمەن. مەخدۇمزادىنىڭ خان ئالىيلىرىدىن رەنجىشى تو-
لىمۇ ئورۇنسىز بولۇپتۇ، — دېدى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان.

— ئەمىر جانابلىرىدىن گەپ يوشۇرمايمەن. راستىنى دې-
سەم، ئاشۇ چاغدا سۇلتان ئىسمائىلخان ئالىيلىرى مىرزابابابەگ-
دەك ئىستىبدات ئىگىسىگە تايانمىغان بولسا، مەرھۇم بەختسىز
شاھزادە يولۋاسخان ئالىيلىرىدىن سەئىدىيە تەختىنى سويۇپ ئالال-
مىغان بولاتتى.

ھىدايىتۇللا ئىشان بۇ چاغدا مىرزا باباقبەگنى ئۆلتۈرۈۋې-
تىش ھەققىدە شاھزادە يولۋاسخان بىلەن مەخپىي كېڭەشكىنىنى
ئېسىگە ئالدى - دە، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشقاندەك
بولدى. ئوردىنىڭ مۇھىم، چوڭ ھوقۇقلىرىنى قولىغا ئېلىشقا
ئالدىراپ، مىرزا باباقبەگدەك ئىستىبدات ئىگىسىدىن پايدىلىنىش-
نى بىلمەي، ئالدىراپ قولدىن چىقىرىپ قويغىنىغا يەنە بىر قېتىم
پۇشايمان قىلدى. ئەمما، ئىشانىنىڭ بۇ خىياللىرىنى مىرزا ھەي-
دەر دوغلاتى زىنهار بىلمەيتتى.

— شۇڭلاشقا، مىرزا باباقبەگ جانابلىرىنىڭ قەدرىگە خان
ئالىيلىرى يەتتى.

مىرزا ھەيدەر دوغلاتىنىڭ ئويلىماي قىلغان بۇ گېپىدىن
ھىدايىتۇللا ئىشان خۇدۇكسىرىدى.

«چايان تىللىق مۇرتەت، بىر قېتىم نەشتەر سېلىۋال-
دىڭ - دە ماڭا، يالغۇز مىرزا باباقبەگنىڭلا ئەمەس، سەركەردە
ئەۋەزبەگ بىلەن مېنىڭ قەدرىمگىمۇ يەتمىگەنىدىڭلار، مانا ھازىر
سۇلتان ئىسمائىلخان قەدرىمگە يېتىۋاتىدۇ دېمەكچىمغۇ سەن. جا-
ھانىنىڭ بۇنداق بولارىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، سەنلەرنى
شاھزادە يولۋاسخانىنىڭ قولى ئارقىلىق ئۆلۈمگە بۇيرۇماق قانچە-

رىنىڭ كۆڭلىمۇ تازا ئارامىدا ئەمەس ئوخشايدۇ. مەخدۇمزادە پىرى بۇزرۇك خان ئالىيلىرى ئۈستىدە «چوڭلارنىڭ گېپىگە كىرمەي، كىچىكلەرنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلدى» دەپ يامانلاپ يۈرگۈدەك.

— بۇ مەخدۇمزادىنىڭ نېمە دېگىنى ئىكەن؟ — سورىدى ھىدايىتۇللا ئىشان ئىچكى ھاياجىنىنى زورىغا بېسىپ تۇرۇپ.

قەدەممۇ قەدەم ئىشان قۇرغان قاپقانغا دەسسەۋەتقانلىقىنى بىلمىگەن مىرزا ھەيدەر دوغلاتى ئىشانغا ھەممە سىرنى تۆكۈپ تاشلىدى.

— مەخدۇمزادە پىرى بۇزرۇك ئۆزىنىڭ سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئارىلىشالماسلىقىنى پۈتۈنلەي ئەمىرى كەبىر مىرزا باباقبەگ جانابلىرىدىن كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىمقى ئاستانىدىكى سۇلۇك پاجىئەسىدىن كېيىن ئوردىدىكى تالاش - تارتىشتا مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئوردا ئەركانلىرى ئالدىدا پىرى بۇزرۇكىمىزنىڭ يۈزىنى تۆككەن ئوخشايدۇ. مىرزا باباقبەگ بولسا سۇلتان ئابدۇللاخان دەۋرىدىن تارتىپلا ئوردىدا يۇقىرى مەنسەپ - مەرتىۋە تۇتۇپ كەلگەن كاتتا ئىستىبدات ئىگىسى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بولسا يېشى كىچىك، مەزلۇم كىشى بولغىنى بىلەن ئەلەم ۋە قەلەم ماھارىتىدە تەڭ يېتىشكەن. ئۇنىڭ ئىستىبداتىغا سۇلتان ئابدۇللاخان ئالىيلىرىدىن تارتىپ، ھىندىقۇش مىرزا، چۆپەك مىرزا قاتارلىق پېشۋالارمۇ قايىل بولۇشقانىكەن. ئادەتتىمۇ مىرزا باباقبەگ بىلەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ گېپى داۋاملىق بىر يەردىن چىقىدىكەن. بۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىقنى پەيدا قىلغان ھەرقايسى سۇلۇك يولباشچىلىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلىشنىمۇ ئاشۇ ئىككىسى ئوتتۇرىغا قويۇپ خان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىنى ئالغانىكەن. مەخدۇمزادە ھەزرەتلىرى ئول ئىككى ئەمىر بار يەردە ئۆزىنىڭ باش كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسا كېرەك. شۇڭلاشقا،

تىم، — دېدى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى.
— ئۇنداقتا مەكتۇپنى ئەتىلا ھۇزۇرلىرىغا ئەۋەتىپ بېرەي، — دېدى ئىشان.

## 7

مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان پىر بۇزرۇكى بىلەن ئازارلىشىپ قالغانلىق سەۋەبلىك ئۇدا ئۈچ مەرتەم مەخدۇمزادە قەسىرىگە زىيارەتكە بېرىپمۇ پىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشەلمىگەن سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى. يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدە خۇددى قۇرتتەك ئارامسىز قىمىرلاپ تۇرغان، پىر قارغىشىدىن ئىبارەت مۇدھىش بىر ۋەھىمە كۆڭۈل ئارامىنى بۇزۇپ تۇراتتى.
بۈگۈن خاسىيەتلىك نورۇز ئايەم كۈنى بولغىنىغا قارىماي بارلىق ئوردا ئەركانلىرى ۋە ئاستانە پۇقرالىرىنىڭ خۇشاللىقىغا يات ھالدا سۇلتان ئىسمائىلخان تولىمۇ غەمكىن ئىدى. ئەتراپىدىكى ئەمىر - بەگلىرىنىڭ كەيپىياتىغا، نورۇز بەزمىسىنىڭ خۇشاللىقىغا ھالاقىت يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ھەرقانچە تىرىشقان بولسىمۇ، يەنىلا ئېچىلالمايۋاتاتتى. گەرچە ئۇ بۈگۈن تاڭ سەھەردىلا ئۆزىنىڭ سەلتەنەتتە ئولتۇرغان مەزگىلىدىكى تۇنجى نورۇز بايرىمىنى ئاستانە خەلقى بىلەن خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈپ يېڭى يىل باھار خۇشاللىقىنى ئەل - ئاۋام بىلەن بىرلىكتە تەنتەنە قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن، شۇ سەۋەبلىك نورۇز دۆڭدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەبرىكلەش مۇراسىمىغا مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشاننى بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، كاج، گىدى - ئاداۋىتى كۈچلۈك ئىشان خاننىڭ تەكلىپىنى يەنىلا رەت قىلغانىدى. ئىسمائىلخان نورۇز دۆڭدىكى ئالايىتەن ياسالغان شاھ سۇپىدا خانىش، شاھبانۇ، شاھزادە، مەلىكىلىرىنىڭ ھەمدە بارلىق

لىنىڭ ئىش ئىدى. خەپ ماڭىمۇ يەنە بىر قېتىم نۆۋەت كېلىپ
قالار...»
— شۇنداق، ئەمىر جانابلىرى، سۇلتان ئىسمائىلخان ئالىي-
لىرى ئىستىبدات، ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ قەدرىگە ھەقىقىي
يەتتى، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان كۆڭلىدىكىنى چاندۇرماي.
—قېنى، ھەزرىتىم، بىر دۇئا كەلتۈرۈپ بەرسىلە، پۇر-
سەت بولسا يەنە كېلىپ مۇلاقەتتە بولۇرمەن، — دېدى مىرزا
ھەيدەر دوغلاتى مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىپ.
— ئۆزلىرىدىن كەلسۇن، — دېدى ئىشان تەكەللۇپ
قىلىپ.
— قېنى يەنىلا ئۆزلىرى مەرھەمەت قىلغايلا.
ئىشان «ئامىن» دەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ھەر ئىككىلى-
سى تەڭلا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ يۈزلىرىنى سىيپاشقاندىن كې-
يىن، مىرزا ھەيدەر دوغلاتى ئورنىدىن قوزغالدى.
— ئالدىمىزدىكى جۈمەدە، ھېيتگاھ جامەسىدە جۈمە نامىزى-
نى باشلاپ بېرىشكە ئىمكانىيەتلىرى بولارمۇ، ھەزرىتىم، —
دېدى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى ئىشان بىلەن خوشلىشىۋېتىپ.
— ئىنشائاللا، ئەمىر جانابلىرىنىڭ دېگىنىدەك بولغاي، —
دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان بۇ كۈتۈلمىگەن پۇرسەتتىن
ھاياجانلىنىپ.
— ماقۇل ئەمىسە، جۈمە كۈنى كۆرۈشكۈچە ئال-
لاغا ئامانەت، — دېدى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى.
— ئەرزىمەس بىر پارچە مەكتۇپىم بىلەن خان ئالىيلىرىنىڭ
پەرىشان كۆڭلىگە تەسەللى بەرگۈم بار ئىدى، — دېدى ھىداي-
تۇللا ئىشان تولىمۇ ئەستايىدىل قىياپەتتە، — بىلمىدىم، ئەمىر
جانابلىرىنىڭ خان ئوردىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەرھەمىتى بار-
مىكىن؟
— ئىنشائاللا، خىزمەتلىرىدە بولۇشقا تەييارمىز. ھەزرى-

شائىرلىرىنى، ھەممە ـ ھەممىنى ئۇنتۇدى. پەقەت ئەل يۇرتىغا بەخت، خۇشاللىقىنىلا تىلىدى. سۇلتان ئىسمائىلخان ئوردا ئەركانلىرىنى، خانىش، شاھبانۇ، خانزادە ـ مەلىكىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوردىغا قايتقان ۋاقتىدا توختىماي گۇمبۇرلەپ، ياڭراپ تۇرغان داقا ـ دۇمباق، ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى پۈتكۈل ئاستانە ئاسمىنىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتكەنىدى.

خېلىلا روھلىنىپ قالغان سۇلتان كەچتە ئوردا بېغىدىكى ھۇزۇرى نورۇز ناملىق باھار پەسىللىك سارىيىدا ئاستانىدىكى شائىر ـ قەلەمكەشلەرنى، مۇقامچى ـ مۇغەننىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، بىر قىسىم ئوردا ئەركانلىرى بىلەن بىرلىكتە نورۇزلۇق بەزمە ـ مۇشائىرە ئۆتكۈزدى.

سورۇننىڭ باشلىنىشى مۇقامچىلارغا بېرىلدى. تەمبۇر، ساتار، غېجەك، راۋاب، ئۇد، چىلتار، باربىت، نەي، داپ، قالۇن، چەڭ... قاتارلىق چالغۇلار بىلەن ئورۇندالغان سېھىرلىك مۇقام كۈيلىرى بارلىق سورۇن ئەھلىنى ئەسىر قىلغانىدى. مۇغەننىلەر بارلىق ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ مۇقام ئېيتاتتى:

جانىم كۆرگەن جەفانىڭ مىڭدە بىرىن،
بولۇرگەر كۆرسە سەندان پارە ـ پارە.
كۇلۇردە كۆرسە ئاغزىن بىرلە تىشىن،
بولۇرگۇلنارى خەندان پارە ـ پارە[1].

مۇقام مەرغۇللىرى يېڭىلىنىپ تۇراتتى. سېھىرلىك كۈيلەر ئاڭلىغۇچىلارنى گاھ ئاجايىپ ئىقلىم، مۆجىزاتلار دۇنياسىغا باشلاپ شادلاندۇرسا، گاھ تىلسىم باياۋانلارغا تاشلاپ يۈرەك ـ باغرى-

① ئەگەر مەن كۆرگەن جاپانىڭ مىڭدىن بىرىنى كۆرسە،
تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىمۇ پارە ـ پارە بولۇپ كېتىدۇ.
ئۇنىڭ ئاغزى بىلەن چىشىنى، كۈلگەن چېغىدا كۆرسە،
كۈلۈپ تۇرغان ئانار گۈلى قات ـ قات يېرىلىدۇ.
— بۇ كلاسسىك شائىر سەككاكىنىڭ شېئىرى.

چوڭ ـ كىچىك ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بەيگە، ئوغ-
لاق تارتىشىش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، سارغايدى، چېلىشىش،
چاۋگەن ئويۇنلىرىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپمۇ باشقىلارغا ئوخشاش
قاقاقلاپ كۈلەلمىدى. ئات بەيگىسىدە ئىككىنچى بولۇپ قالغان
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ بالىلارچە چىدىماسلىق بىلەن دوم-
سىيىشلىرىمۇ، جەڭبازلىق ماھارىتى كۆرسەتكەن مىڭلىغان لەش-
كەرلەرنىڭ يۇقىرى ماھارىتىمۇ ھېچقانداق تەسىر قىلمىدى. مە-
لىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ئوقيا ئېتىش ماھارىتىنى بىرلىكتە
كۆرسىتىش تەكلىپىنىمۇ سىلىقلا رەت قىلدى. ئاخىرىدا يۇقىرى
ماھارەت بىلەن كۆرسىتىلگەن دارۋازلىق ئويۇنىغا مەھلىيا بو-
لۇپ، بىرئاز كەيپى كۆتۈرۈلگەندەك بولدى. شۇ سەۋەبلىكمۇ
مۇراسىم ئاخىرىدىكى مەشرەپنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا خېلى
ئۇزۇنغىچە كۆرۈپ ئولتۇردى.
«خۇشاللىق، غەمسىزلىك يەنىلا ئاددىي ئاۋامدا ئىكەن، —
دەپ خىيال سۈردى خان قايناق مەشرەپ ئەھلىگە قاراپ ئولتۇ-
رۇپ، — شۇ تاپتا ئاشۇ ئاددىي ئاۋام مېنىڭ مۇشۇ ئورۇن -
مەرتىۋەمگە ھەۋەس قىلىۋاتقاندۇر، مېنى دۇنيادىكى ئەڭ بەخت-
لىك، ئەڭ غەمسىز، ئەڭ بەختىيار ئادەم دەپ ساناۋاتقاندۇر.
خان سۇلتانلارنىڭ غېمىنى پەقەت خان ـ سۇلتانلارلا بىلىدىغان
ئوخشايدۇ. پەقەت ئاشۇلارنىڭ بىر كۈنلۈك خۇشاللىقىنى سېتى-
ۋالغىلى بولسىدى، كاشكى...»
نورۇز بايراملىق مۇراسىم قىزغىن كەيپىياتتا داۋاملاشماقتا
ئىدى. نورۇزدۆڭدىكى كەڭرى سەينادا يۈزلىگەن داش قازانلاردا
قاينىغان نورۇز ئېشىغا سۇلتان ئىسمائىلخانمۇ ئاشۇ ئاددىي ئاۋام
بىلەن بىرلىكتە ئېغىز تەگدى. غىزادىن كېيىن ئاۋام بىلەن
بىرلىكتە دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، خەلقنىڭ يىل بېشىدىكى باشلى-
غان ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى، سەلتەنىتىنىڭ تىنچ،
مۇقىم، ئەبەدىلئەبەد روناق تېپىشىنى تىلىدى. ھەئە، دۇئاغا قول
كۆتۈرگەن ۋاقىتىدا بارلىق دىل ئاۋارىچىلىكلىرىنى، كۆڭۈل پەرى-

مۇقام كۈيلىرى ئەۋجىگە چىقىپ مەشرەپ بىلەن ئاخىرلاش-
تى. ئەمدى نۆۋەت شائىرە ـ ئەدىبلەرگە كەلگەنىدى. ئۇلار
ئاۋۋال ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە نورۇزنامىلەرنى ئوقۇشتى:

ئىپتىدا قىلدۇق نورۇزدىن ياخشى كۈننى باشلىدۇق،
كۆڭلىمىزنىڭ خۇشلۇقىدىن بۇ ئويۇننى باشلىدۇق،
شاتاۋادا تۇننى كىيىپ، جۇۋا ـ تۇماقنى تاشلىدۇق،
سايىلەردە ئولتۇرۇپ، نەغمە ـ ناۋانى باشلىدۇق،
ئات ئېلىپ، ئوغلاق ئالىپ، مەشرەپ قىلۇر كۈندۈز بۈگۈن.

بۇنىڭغا ئەگىشىپلا يەنە بىر ياش شائىر نورۇزنامىنىڭ ئاخى-
رىنى ئۇلاپ كەتتى:

كەلدى نەۋرۇز يىل باشى، كەتتى كۆڭۈلنىڭ چىركىنى،
نەۋرۇز دېبان كېلۇرلەر خاتۇنلارنىڭ تۈركىنى.
گۈللەر قىسۇر قىز ـ ئوغۇل، ئەگرى ـ قويار بۆركىنى،
مەجلىس قىلىپ ئويناشۇر، ئاچار كۆڭۈل مۈلكىنى.
قايغۇ ـ مېھنەتلەر كېتىپ ئويناشۇر كۈندۈر بۈگۈن...

مانا شۇ يوسۇندا نورۇزنامىلەر ئوقۇلغاندىن كېيىن رەسمىي
مۇشائىرە باشلاندى.

— مۇشائىرىنى خان ئالىيلىرى باشلاپ بەرگەن بولسا، —
دېدى مىرزا باباقبەگ، ئىسمائىلخاننى بەزمە ئىچىگە سۆرەپ كىر-
مەك بولۇپ.

— ھە، قېنى خان ئالىيلىرىغا مەرھەمەت، — دېدى شائىر
ـ ئەدىبلەرمۇ خانغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ.

— تۇگمەن بار يەردە يارغۇنچاقنىڭ نېمە ئىشى دەپتىكەن
ئاتا ـ بوۋىلار، — دېدى ئىسمائىلخان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ

نى ئېيزەتتى.

جامالۇ ھۇسنىڭە سۆز يوق، ۋەفا كېرەك بولسە،
مېنى خۇد ئۆلتۈرەدۇرسەن رەۋا كېرەك بولسا.
......
كۆڭۈلنى ئۆزگىگە بەرگىل دېمەڭكى، مۇشكىلدۇر،
جەھاندە سىز كەبى بىر دىلرەبا كېرەك بولسا.
......
جامالۇ جاھ ئىلىدىن يۈز فەراغەتىم باردۇر.
ئۇراموڭ ئىتى ماڭا ئاشنا كېرەك بولسا①.

سۇلتان ئىسمائىلخان مۇقام كۇيلىرىگە ئەسىر بولۇپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئېرىپ، يۈرىكىدىكى دەرد ـ ھەسرەتلىرى سەل بولۇپ ئاقماقتا ئىدى.

يىللار تۇتۇبان شەيخ ماقالاتىغا گۇش،
نە كۆڭلۈمە زەۋق يەتتى، نەجانىمە جۇش،
جانىمە نەۋا سالدى، كۆڭلىمە خۇرۇش،
بىر جۇرئە بىلەمۇغبەقەئى بادەفۇرۇش.②

---

① ژاپا قىلغانلىكى بولساڭ ھۆسن جامالىڭدا گەپ يوق.
راۋا كۆرسەڭ مېنى ئۆز.ڭ ئۆلتۈرسەن.
كۆڭۈلنى باشقىغا بەرگىن دېمە، جاھاندا ساڭا ئوخشاش،
بىر دىلرەبا كېرەك بولۇپ تۇرغاندا، بۇ ماڭا ئاسان ئەمەس.
ساھىبجامالالار بىلەن مەنسەپ ئىگىلىرىدىن پۈتۈنلەي ئازادمەن،
كېرەك بولسا كوچاڭدىكى ئىت بىلەن ئاشنا بولاي.
— بۇ شائىر لۇتفىنىڭ شېئىرى.

② قانچە يىللار شەيخلەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدىم،
ئۇنىڭدىن نە كۆڭلۈم زوقلانمىدى، نەجېنىم ھوزۇرلانمىدى.
پەقەت مەيپۇرۇش گۈزەل بىر ئوتلام شاراب تۇتۇپلا،
جېنىمغا راھەت، كۆڭلۈمگە ھوزۇر بەخش ئەتتى.

ئى راست قەدىڭ سەرۋى رەۋان جان چەمەنىندە،
يۈزۈڭ كەبى گۈل يوق گۈلىستان چەمەنىندە.

سۇلتان ئىسمائىلخان بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ نەزمىنىڭ ئاخىرى-
نى ئوقۇدى:

بۇ شىۋە بىلەن سەن يۈرۈسەن ھەر چەمەن ئىچرە،
ھۆر يۈرۈمەگەي ئالتىنە رىزۋان چەمەنىندە.

بۇنىڭغا ئۇلاپلا شائىر ھىجرانى داۋاملاشتۇرۇپ كەتتى:

قۇللۇقىغە بىتىك بىرۇرۇ يۈز شادلىق ئەيلەر،
زۇلفۇڭ قەدىگە سۇنبۇلۇ رەيھان چەمەنىندە.

مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولغۇچە سۇلتان
ئىسمائىلخان نەزمىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈردى:

يۈز پارە قىلۇر گۈل يۈزۈڭ ئالىندە ئۆزىنى،
چۈن تاپمادى ئول رەۋنەقۇ قان چەمەنىندە[1].

مۇشائىرە دەسلەپ سەككاكىنىڭ غەزىلى بىلەن باشلىنىپ،
ئاخىرى ھەممەيلەن ئۆزىنىڭ شېئىر - نەزمىلىرىنى ئوقۇشتى.

---

[1] بۇ كلاسسىك شائىر سەككاكىنىڭ شېئىرى بولۇپ، مەنىسى:
كېلىشكەن بويۇڭ جان چىمەندە، ئۆسكەن بىر گۈزەل سەرۋى،
گۈلىستان چىمەنلەردە يۈزۈڭدەك چىرايلىق بىرمۇ گۈل يوق.
بۇ شوخلۇق بىلەن چىمەنلەردە يۈرسەڭ،
جەننەتنىڭ ھۆر - پەرىلىرىمۇ ئالدىڭدا يۈرۈشتىن خىجىل بولىدۇ.
چىمەندىكى سۇمبۇل بىلەن رەيھان، چېچىڭ بىلەن بويۇڭغا
بىز قۇل بولساق دەپ، خۇشاللىق بىلەن خەت بېرىدۇ.
يۈزۈڭ ئالدىدا گۈل ئۆزىنى يۈز پارە قىلىدۇ،
چۈنكى ئۇنىڭ چىمەندە، گۈللەپ ياشنىشىغا كۈزى يەتمەيدۇ.

ۋە شائىر - ئەدىبلەرگە قاراپ ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، — خانلىقىمىزنىڭ كاتتا ناۋاكەش بۇلبۇللىرى تۇرغان يەردە، ماڭا ئاتىكاچىلىك قىلىپ، نەزمە ئوقۇشنى كىم قويۇپتۇ. مۇشائىرە ئاۋۋال مۆھتەرەم شائىرلىرىمىزدىن باشلانغىنى ئەۋزەل.

— بۇ دېگەن خاسىيەتلىك نورۇز ئايەملىك بەزمە سورۇنى، سورۇن ئەھلىنىڭ شېئىرىي ئىستىبداتىنى سۈرۈشتۈرۈش بىهاجەت، — دېدى ھىجرانى تەخەللۇسلۇق پېشقەدەم شائىر خانغا مەدەت بېرىپ، — پەقەت توقۇغان نەزمە - بېيىتلىرىمىزنىڭ قاپىيىلىرى پىستان چاقمىسىلا بولدى.

— راست دەيدىلا، جانابىي ئۇستاز، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىممۇ سۇلتان ئىسمائىلخاننى مۇشائىرە باشلاشقا دەۋەت قىلىپ، — ناۋادا خان ئاتام مۇشۇنداق جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالىدىغان بولسا، بىزمۇ تاڭ ئاتقۇچە زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇۋالىمىز. قېنى، خان ئاتامنىڭ نورۇز بەزمىسىنىڭ كەيپىياتىنى بۇزغۇسى بارمىكىن.

— سىز جاۋىلداشتىن باشقىنى بىلمەيسىز، قىزىم، — دېدى ئىسمائىلخان كۈلۈپ، — بىر چوڭدىن، بىر كىچىكتىن دەپتىكەن. سىز بەزمە ئەھلىنىڭ ئەڭ كىچىكى بولغاندىكىن مۇشائىرە باشلاش نۆۋىتى سىزدىن بولسۇن. قانداق دېدىم، نورۇز ئەھلى.

ھەممەيلەن بىردەك خاننىڭ تەكلىپىنى قوللاشتى.

— قېنى مەلىكەم، باشلىسىلا.

— قاراپ تۇرىلىغۇ، تىللىرى چاپلىشىپ قالمىغاندۇر.

— ماقۇل ئەمىسە، مۇشائىرىنى مەن باشلىسام باشلاي، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم سورۇن ئەھلىگە تەۋاززۇ بىلەن ئېگىلىپ سالام قىلىپ، — ئەمما بىر شەرتىم بار. مەن باشلىغان مۇشائىرەنىڭ ئاخىرىنى خان ئاتام چۈشۈرىدۇ.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ بۇ تەلىپىنى سورۇن ئەھلى بەس - بەستە قوللاشتى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ نەزمە باشلىدى:

سۇلتان ئىسمائىلخان شارابنى ئىچىپ بولۇشىغا، شائىر ھىجرانىمۇ جانان چىنىدىكى شارابنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، ئۆمەر ھەييامنىڭ يەنە بىر رۇبائىيسىنى ئوقۇدى:

كوزىچى قېشىغا باردىم مەن يېتىپ،
تۇراتتى دۇكاننىڭ چاقىنى تېپىپ.
باش ياسار كوزىغا شاھنىڭ بېشىدىن،
گادايىنىڭ قولىدىن ئاڭا پۇت ئېتىپ.

ئوردا بېغىدىكى ھۇزۇرى نورۇز نامىلىق، باھار پەسلىلىك قەسرىدە ئۆيۈشتۈرۇلغان نورۇز ئايەملىك بەزمە تاڭ ئاتقۇچە داۋاملاشتى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ۋە باشقا شاھبانۇ، ئاغىچا خېنىملار مۇشائىرە ئاخىرلاشقان ھامان قايتىشقانىدى. بۇ كۈنى سۇلتان ئىسمائىلخان بارلىق غەم - غۇسسە ۋە پەرىشانلىقلىرىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىپ، قانغۇچە شاراب ئىچتى. كەيپلىكتە بەزمە ئەھلى بىلەن بىرلىكتە مۇقام توۋلىدى.

## 8

نورۇز ئايەملىك بەزمىدە شارابنى زىيادە كۆپ ئىچىۋەتكەن سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ بېشى قاتتىق ئاغرىپ كەتكەنلىكتىن بۇ-گۈن ئەتىگەنلىك قوبۇلغا چىقالمىغانىدى. ئۇ قوزىچۇش مەھەل بىلەن خارامۇش ھالەتتە ئورنىدىن تۇردى - دە، بىكاۋۇلبەگ ئالاھىدە تەييارلاتقۇزغان مەستلىكنى قايتۇرۇپ، ھارغىنلىقنى تو-گىتىدىغان سوغۇق، چۇچۇمەل، ئەبجەش شەربەتتىن ئىككى جام ئىچىپ خېلىلا روھلىنىپ قالدى.

— مۇھىم ئىش - پىشلەر بارمۇ، ئەمىر؟ — سورىدى ئۇ

— ئاپىرىن، ئاپىرىن، ھەممىلىرىنىڭ نەزمىلىرى تولىمۇ پاساھەتلىك چىقتى، — دېدى مىرزا باباقبەگ.

سورۇن ئەھلى بۇ مۇشائىرىدىن ھاياجانلىنىپ، قىيقاس - سۈرەن سېلىشتى، بىر قىسىم ياش شائىرلار، خەتتاتلار بۇ نەز- مىنى نەق مەيداندىلا خاتىرىلىۋېلىشتى.

شۇ يوسۇندا مۇشائىرە داۋاملىشىپ تولۇق بىر ئايلانغاندىن كېيىن، ئوردا بىكاۋۇلبېگى كەلتۈرگەن شاھانە شارابلار جانان قەدەھلەرگە قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

— مۇشائىرە ئېيتىشۋېرىپ تاماقلىرىمىزمۇ قۇرۇپ كەتتى. ئەمدى گېلىمىزنى ئازراق نەمدىۋالايلى، — دېدى مىرزا باباقبەگ ۋە ئالتۇن قەدەھتىكى شارابنى سۇلتان ئىسمائىلخانغا ئۇزىتىپ تۇرۇپ ئۆمەر ھەييامنىڭ بىر پارچە رۇبائىيسىنى ئوقۇدى. ئور- دىدىكى بەزمە سورۇنلىرىدا ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنى ئوقۇش ئادەتكە ئايلانغانىدى.

مەي، نەغمە ھۆركەبى ئۇلپىتىڭ بولسا،
سۇ بويى چىمەندە سۆھبىتىڭ بولسا.
ھۇزۇرلان بۇنىڭدىن ئويلىما دوزاخ،
بۇنچىلىك بولغاي ئۇ جەننىتىڭ بولسا...

سۇلتان ئىسمائىلخان مىرزا باباقبەگنىڭ قولىدىن ئالتۇن قەدەھنى ئالدى - دە، شارابنى لېۋىگە ئازراق تەگكۈزۈپ قويۇپ، جاۋابەن ئۆمەر ھەييامنىڭ يەنە بىر رۇبائىيسىنى ئوقۇدى:

سۈپسۈزۈك ئەي شاراب، ئەي تۇسى رەئنا،
مەن شۇنداق ئىچەيكىم، ساڭا مەن شەيدا.
كۆرگەنلەر دېيىشسۇن نەدىن كەلدىڭىز؟
شارابنىڭ ئەي كۇپى، كېلىڭ مەرھابا...

سەر كۈمۈش، بىر تۈمەن چارەك ئاشلىق، بىر تۈمەن گەز
ماتا ئاجرىتىپ، ئۇلارنىڭ قارا قىشتىن، ئەتىيازنىڭ سىرىق-
تالچىلىقىدىن ئامان - ئېسەن چىقىۋېلىشى ئۈچۈن تەخلەپ،
خان ئائىلىلىرىنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى ۋە ساخاۋىتىنى
يەتكۈزدۇق. ئۇرۇش ۋە سۇلۇك ئىزالىرىنىڭ مالىمانچىلى-
قىدا سودا - تىجارەتلەر توختاپ، كوچا - رەستىلىرى
چۆلدەرەپ قالغان قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاۋات - ئاسايىشلىق
ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن سودىگەرلەردىن،
قوشنا ئەللەردىن كەلگەن كارۋانلاردىن، ھۈنەرۋەن - كا-
سىپلاردىن ئېلىنىدىغان باج - سېلىقلارنى ۋاقتىنچە كەچۈ-
رۈم قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر رەستىلىرىنىڭ ئاۋاتلى-
قى يەنە ئەسلىگە كېلىپ، سودا - تىجارەت، تۈرلۈك
ھۈنەر - كەسپلەر قايتىدىن جانلاندى. سۇلۇكلەر ئوتتۇر-
سىدىكى ئاداۋەت - ماجىرالارغا قاتتىق چەك قويۇلۇپ،
سەلتەنەتنىڭ سۈرى ھەقىقىي تۈردە نامايان قىلىندى.
قانۇن - جاساقلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ پېشۋاسى خوجا ھىدايىتۇللا ئى-
شان ئەزىزىلەرنىڭ دەرگاھىغا زىيارەتكە بېرىپ، خان يارلى-
قىدىن خەۋەردار قىلدۇق. ئۇل ئىشان بۇزرۇك خان يارلى-
قىغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە سەلتەنەتكە بولغان
چەكسىز ساداقىتىنى بىلدۈردى. ئىلگىرىكى گۇناھلىرى ئۈ-
چۈن كۆپ پۇشايمان يېدى.

ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكىلەر بىلەن بولغان ئىزا - ئادا-
ۋەتلىرىنى يۇيۇپ تاشلاپ، دۈشمەنلىك، قىساسخورلۇق ھە-
رىكىتىنى توختىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇل ئىشان ھەز-
رەت قىبلىگاھىغا تەييارلىغان مەكتۇپىنى يەتكۈزۈپ بېرى-
شىمنى ئۆتۈنگەندى. قوبۇل قىلىپ، مەزكۇر مەلۇمات بى-
لەن قوشۇپ ھوزۇرلىرىغا ئەۋەتتىم.

بىر چەتتە قول باغلاپ تۇرغان دىۋانبېگىگە قاراپ.

— ئانچە مۇھىم ئىشلارمۇ يوق، قىبلىگاھىم، — دېدى دىۋانبېگى، — ئەمما قەشقەرنىڭ نائىب ئەمىرى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى جانابلىرىنىڭ ئالىيلىرىغا ئەۋەتكەن بىر پارچە مەكتۇپى بار.

قەشقەردىن كەلگەن مەكتۇپ سۇلتان ئىسمائىلخاننى بىرئاز قىزىقتۇردى.

— مەكتۇپ قېنى؟

دىۋانبېگى خەت - چەك تەللىسىدىن قەشقەر ئەمىرى مىرزا ھەيدەر دوغلاتنىڭ مۆھۈرى بېسىلىپ پېچەتلەنگەن نەپىس ئىشلەنگەن بۇلغار قاپچۇقنى ئېلىپ خانغا ئۇزاتتى. ئىسمائىلخان قاپچۇقنىڭ پېچىتىنى ئۆز قولى بىلەن بۇزۇپ قارىۋىدى، ئىچىدىن ئىككى پارچە خەت چىقتى. خەتنىڭ بىرىدە مىرزا ھەيدەر دوغلاتنىڭ، يەنە بىرىدە ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئىمزاسى بار ئىدى.

خان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئىمزاسى قويۇلغان خەتكە خېلىلا قىزىققان بولسىمۇ، يەنىلا مىرزا ھەيدەر دوغلاتنىڭ مەكتۇپىنى ئاۋۋال ئېچىپ ئوقۇدى:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئى ئەدلۇ ئادالەتنىڭ زۇلپىقارى، مېھرىبان شاھى جاھان قىبلىگاھىم، ئەزىز تەنلىرى سالامەتمۇ؟

ئالىيلىرىنىڭ چەكسىز مېھىر - شەپقىتى سايىسىدە قەشقەردىكى چوڭ - كىچىك رەئىيەت خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلماقتا. ئوردا چۈشۈرگەن يارلىققا بىنائەن، مەخسۇس بەگ، خىزمەتكارلارنى تەيىنلەپ قەشقەر زېمىنى تەۋەسىدىكى كەمبەغەل، ئاجىزلارنى، يېتىم ئوغۇل، تۇل خوتۇنلارنى، مېيىپ - مەجرۇھلارنى ئېنىقلاپ خەزىنىدىن ئىككى تۈمەن

شىدىنىڭ گۇناھىكەبىرى پىرىغا بولۇر، ئەلۋەتتە. شول سەۋەبلىك ياراتقان ئىگەمدىن گۇناھىمنى تىلەپ، كېچەيۇ كۈندۈز ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ دۇئاگۇيلۇق بىلەن مەشغۇل بولماقتىمەن. بىزلەركىم ئەھلى سۇلۇك پېشۋاسى سۇلتانۇل مۇھەققىقىنلىق كامالىغا يەتكەن قۇتبىل ئەقتاب ۋەلىيۇللا بولغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ دۇنيانىڭ پۇچۇق تەڭگىگە ئەرزىمەيدىغان ئالتە كۈنلۈك راھەت - پاراغىتىدىن قول ئۈزگەنمەن. شۇڭلاشقا، سەلتەنەت - يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا زىنھار قىزىقمايمەن. ياراتقان ئىگەم ئەل - رەئىيەتنىڭ بەختىنى، ئاسايىشلىق تۇرمۇشىنى كۆزلەپ جانابلىرىدەك كامالى ئىستىبدات ئىگىسىگە خانۇ خاقانلىق مەرتىۋىسىنى بەرگەن، يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى تاپشۇرغان، بىزلەركىم پىرى بۇزرۇكلارنى دۇئاگۇيلۇق قىلىپ ئاللانىڭ پەرىز- ۋاجىپلىرىنى دىللىرىغا سىڭىپ تۇرۇشقا مۇئەككەل قىلغان. شۇڭا پىرى بۇزرۇكلارنىڭ سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمىقى، قول تىقمىقى، مەنسەپ - مەرتىۋە تەمە قىلمىقى ھەقنىڭ ئاشۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قىلغان خىيانىتىدۇر. بۇنداق پىر بۇزرۇكلارنىڭ قىلغان ئىبادىتى هارامدۇر، دۇئا - تەلەپلىرى بىمەقبۇلدۇر.

مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان ئەزىزلەرنىڭ سەلتەنەت ئىشلىرىغا قىزىقىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك ئالىيلىرى بىلەن ئارازلىشىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم.

پىر بىلەن مۇرىت ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشمەسلىكى كېرەك ئىدى. گەرچە بىزلەركىم تاغا قېرىندىشى بولمىش قۇتبىل ئەقتابىنىڭ ئول جىيەنىم بولمىش مەخدۇمزادىگە ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلىش، ھەقنىڭ پۈتمىشىنى سەمىگە سېلىش، ئەھلى سۇلۇك ئەھكاملىرىدىن تەلىم بې-

مۆھتەرەم قىبلىگاھىم قـەشقەردىن، قەشقەردىكـى ئاۋام ـ رەئىيەتتىن خاتىرجەم بولغايلا. ئاۋامنىڭ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشى ۋە سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ روناق تې-پىشى ئۈچۈن كېچەيۇ كۈندۈز جېنىمنى پىدا قىلىمەن. ئالىيلىرىنىڭ كۆپلەپ كۆرسەتمە بېرىشىنى سورايمەن.

ئەزىز تەنلىرىگە سالامەتلىك تىلەپ كەمىنە قەشقەر ئە-مىرى مىرزا ھەيدەر دوغلاتىدىن، دەپ بىلۈرلا.»

سۇلتان ئىسمائىلخان مەلۇماتنى ئوقۇپ بولۇپ، رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى ـ دە، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ مەكتۇپىنى قولىغا ئالدى.

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم:

ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى ئۇلۇغ ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالاغا ھەمدۇسانالار ئېيتىمەن، شۇنداقلا مەدھىيىلەشكە تىلىم ئا-جىزلىق قىلىدىغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەل-لەمگە بىسيار سالاملاردىن كېيىن بۈيۈك سەئىدىيە سەلتەنە-تىنىڭ خاقانى سۇلتان ئىسمائىلخان ئالىيلىرىغا دوستلۇق گۈلشەنىمنىڭ خۇشبۇيي ھىدلىق گۈل ـ غۇنچىلىرىدىن سا-داقەتمەن گۈلدەستەمنى يوللايمەن.

ئى جانابىي قىبلىگاھىم، جاھاندىكى بارلىق مەردلىك، كەڭ قورساقلىق، مېھىر ـ شەپقەت، ئىلىم ـ ئىستېدات، پەزىلەت ـ ئەخلاق، ياخشىلىق ۋە ساخاۋەت، ئادىللىق ۋە دىيانەتنىڭ مۇبارەك ۋۇجۇدلىرىغا مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى ھېس قىلغان شۇ دەقىقىلەردە، ئۆزۈمنىڭ نائىنساپ، بەختى قارا شاھزادە يولۋاسخانغا پىر بۇزرۇك بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇل زالىم دىيانەتسىز مۇرىتىمنى يامان يولدىن توسۇيالمى-غانلىقىمغا چەكسىز پۇشايمەن قىلماقتىمەن. مۇرىت ـ مۇر-

شان ئەزىزلەرگە ۋە ئۇل باشلاپ ماڭغان سۇلۇكى ئىسھاقىيە-
چىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ، مېھىر - شەپقەت ئاتا قىلغاي.
گەرچە بىز جانابىي خان ئالىيلىرىغا پىر - ئۇستاز
بولغۇدەك سالاھىيىتى يوق ئەرزىمەس ئادەم بولساقمۇ، خادى-
لىقىمىزنىڭ ئىشلىرى ئۇچۇن قىبلىگاھىمىغا ئىككى سۆز
ھەدىيە قىلاي. ئالىيلىرى مەقبۇل كۆرۈپ قالسا، ئەجەب
ئەمەس.

يېقىندىن بېرى ئالىيلىرىنىڭ سۇلۇك ماجىرالىرىنى
بېسىقتۇرۇش سەۋەبىدىن ھەر قايسى يۇرت - ئايماقلارغا
يارلىق چۇشۇرۇپ، بىر قىسىم سۇلۇك تەرغىباتچىلىرىنىڭ
كاللىسىنى ئالغانلىقىنى، ئاستانىدىمۇ ئوتتۇزدىن ئارتۇق
سۇلۇك تەرغىباتچىلىرىنىڭ بىراقلا كاللىسى ئېلىنغانلىقىنى
ئاڭلاپ تولىمۇ ئىزتىراپ چەكتىم. مۆھتەرەم قىبلىگاھىم،
سەلتەنەتنىڭ ئىشلىرى ئادەملەر بىلەن ئاباتتۇر، ئادەملەر
بىلەن ھەر قانداق مۆجىزە - مۆجىزاتلار مۇجەسسەمدۇر.
ئەگەر ئانچىكىم گۇناھلار تۇپەيلى ئادەملەر قىرىلسا، سەلتە-
نەتنىڭ ئۇلى تەۋرەنمەي قالمايدۇ. ئىككىلا ئالەملىك خاسى-
يەت ۋە ساۋاب تاپماقنى نىيەت قىلغان ھەربىر بەندىنىڭ
ئىنسانلىق قەرزى، مۇسۇلمانلىق ۋاجىباتى ئەخلاق يولى
بىلەن ئادا بولغاي، بۇ ئەخلاق يولىدا ئىنساننى ئىنسان
يولىغا باشلىغان پىر ئۇستازغا، ئىنساننى ئىنسان قىلغان
ئاتا - ئانىلارغا، ئىنساننى پەزىلەت، ۋاپا، ئەقىدە دۇرداند-
لىرى بىلەن تەسىرلەندۇرگەن دوست - يارانلەرگە، ئىنسان-
نى توغرا يولغا باشلاپ ساخاۋەت، مېھىر - شەپقەت،
ئىلىم - ئىستىبداتى بىلەن خاتىرجەم، پاراۋان، باياشات،
تىرىكچىلىككە ئېرىشتۇرگەن خان - سۇلتانلارغا، ئىنساننى
ۋىجدان، ئادالەت، ئىلىم - ھۇنەر گۇلىستانىغا باشلاپ كىر-
گۇچى دانىشمەن زاتلارغا، نامرات قوۋم - ھەقەمسايىلىرىگە

رىش يولۇم بولسىمۇ، گىنە ـ ئاداۋەت ساقلاشقا ھېرىسمەن
مەخدۇمزادىنىڭ زىنھار قۇلاق سالمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىم
ئۈچۈن، يەنىلا جانابىي ئانھەزرىتىمنىڭ پەرىشان كۆڭلىگە
تەسەللى بېرىشنى لايىق كۆردۈم.

يېقىندىن بېرى سۇلۇك ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرالار سە-
ۋەبىدىن سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى ئاۋام ئارىسىدا كۆپ خا-
تىرجەمسىزلىك پەيدا بولدى. ئەمدىلا سەئىدىيە تەختىگە بەر-
قارار بولغان ئالىيلىرىغا كۆپ باش ئاغرىقى تېپىپ بەردى.

گەرچە مەن سۇلۇكى ئىشقىيە مۇخلىسلىرىغا ئەپۇچان-
لىق، كەڭ قورساقلىق، ساداقەتمەنلىك خۇسۇسىدا كۆپ
ۋەزخانلىق قىلىپ، سۇلۇكى ئىسھاقىيەچىلەر بىلەن بولغان
گىنە ـ ئاداۋەتنى يۇيۇپ تاشلاشنى تاپىلاپ كەلگەن بولسام-
مۇ، ئەمما جانابلىرىدەك خانۇ خاقاننىڭ ھامىيلىقىغا ئېرىش-
كەن سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى ئۆزلىرىنى ئەزىز، كات-
تا ھېسابلاپ، بىزلەركىم سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ
بېشىغا كۆپ دىشۋارچىلىقلارنى سالدى. قەستەنگە سۇرك-
لىپ ئاداۋەت تۇگمىنىگە سۇ باشلىدى، جەڭگى ـ جېدەل
گۇلخانىنى ئۇلغايتتى. يۇزلىگەن بىچارە ئىشقىيە مۇرىتلى-
رىنى ئۆلتۈردى. مال ـ دۇنيالىرىنى تارتىۋېلىپ، ئۆي ـ
ماكانلىرىغا ئوت قويدى. ئاختا قىلىش، پېيىنى قىرقىش
جازالىرى بىلەن مەجرۇھ قىلىپ تاشلىدى. بەختىمىزگە
يارىشا، جانابلىرىنىڭ سەلتەنىتىنى سۇلۇك ـ مەزھەپتىن
مۇستەسنا تۇتۇش، سۇلۇكلەر ئوتتۇرىسىدىكى نىزا ـ
ئاداۋەتلەرنى تۈگىتىش پەرمانىنىڭ سايىسىدە سۇلۇكى ئىس-
ھاقىيەچىلەرنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇق. خۇشاللىقىمىزدا
كۆزلىرىمىزدىن دەريادەك ياشلارنى ئاققۇزۇپ، ئۇلۇغ ئاللا-
دىن ئەزىز تەنلىرىگە سالامەتلىك، سەلتەنەتلىرىگە كۈچ ـ
قۇدرەت تىلىدۇق. ئاللاتائالا مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئى-

جۇدىنى كۈچلۈك ھاياجان چىرمىۋالدى. خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان-
نىڭ سېھرىي ئەپسۇنلىرى ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان-
دى. ناتىقلىق، سۆھبەتدىشىنى جەلپ قىلىش، كۆڭۈلدىكىنى
تېپىش، قەلبىگە ھۇجۇم قىلىپ تۇيدۇرماي مايىل قىلىش ھىدا-
يىتۇللا ئىشاننىڭ ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقى ئىدى. شۇ تاپتا،
سۇلتان ئىسمائىلخان مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان بىلەن
خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننى كۆڭۈل تارازىسىغا سېلىپ دەڭسەپ،
سېلىشتۇرۇۋاتاتتى. تارازىنىڭ ھىدايىتۇللا ئىشان ئولتۇرغان تە-
رىپى سالماق، ئېغىرراق ئىدى.

— قەشقەر ئەمىرى مىرزا ھەيدەر دوغلاتىغا بىر ياقا شاھانە زەرباب تون ئىنئام قىلىنغاي، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان قارا دېۋانبېگىگە قاراپ، — قەشقەر ئەمىرىگە سۇلۇكى ئىشقىيە پېشىۋاسى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ئەزىزلەرنىڭ ئىززەت - ئاب-رۇيلىرىنى قىلىپ، ئامانلىقىنى قوغداپ، ئۆزگە سۇلۇكلەرنىڭ زىيان - زەخمىتىدىن ساقلاش خۇسۇسىدا پەرمان يوللانغاي. خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانغا ۋاقتى يەتسە ئاستانىگە قەدەم تەشرىپ قىلىش خۇسۇسىدا شاھانە تەكلىپ ئەۋەتىلگەي.

## 9

باھار قۇياشىنىڭ ئالتۇن نۇرىدا يۇيۇنغان ئوردا بېغى باھار بىلەن تەڭ بىر - بىرلەپ قايتىپ كەلگەن پەسىل قۇشلىرىنىڭ نەغمە - ناۋالىرى بىلەن ئۆزگىچە ئارامبەخش تۇسكە كىرگەنىدى. ھۆزۈرى نورۇز قەسرى ئەتراپىدىكى باھار بىلەن تەڭ ئەڭ ئاۋۋال ئېچىلىدىغان رەڭمۇرەڭ گۈللەر، ياشىرىشقا باشلىغان چوكانتال-لاردىن تارقىغان خۇشبۇي ھىد دىماغلارنى لەززەتلىك غىدىقلاپ، ئادەمنى باشقىچە روھلاندۇراتتى. قەسرنىڭ ئالدىدىكى لىپمۇ

ۋاپا - ساخاۋەت قولىنى تەڭلىگەن سېخىيلارغا ئاللانىڭ
ئىنايىتى، مېھىر - شەپقەت خەزىنىسى ھەرقاچان باردۇر.
ئىنسان ئۈچۈن ئەخلاق، ۋىجداننى ئىپادە ئەتمەك، دىيا-
نەت - پەزىلىتى بىلەن سۆيۈنمەك، پەخىرلەنمەك ھەق ھەم
ۋاجىپتۇر. بۇنىڭسىز مەيلى شاھ، مەيلى گاداي بولسۇن
خۇدا ئالدىدا ئۆز گۇناھىدىن ساقىت بولالماس. ئەمدى
ئورۇنسىز قان تۆكۈش، جەبىر - زۇلۇم سېلىش ئىشلىرى-
غا كەلسەك، بۇنى ئاللا ھەرگىز مەقبۇل كۆرمەس.

زىيادە خۇنزىرلىقنىڭ ئۆزى ئادالەتسىزلىكتىن بىشا-
رەتتۇر. بولۇپمۇ ئالىيلىرى ئەمدىلا سەئىدىيە تەختىگە بەر
قارار بولغان مۇشۇنداق خاسىيەتلىك پەيتتە ئاۋامنىڭ كۆڭ-
لىنى ئۈتۈش كېرەككى، نەئۇزۇبىللاھ، رەئىيەتنى چۆچۈتۈ-
ۋەتمىگەي. ئاللاتائالا خان - سۇلتانلار ئۈچۈن ئىنساپ ۋە
ئادالەتنى جەزىم ئەتكەندۇر. بىھۇدە قان تۆكۈش بولسا،
خان - سۇلتانلار ئۈچۈن ئاپەت ۋە جاھالەتتۇر. بۇنىڭدىن
ئاۋام - رەئىيەت، دىن ۋە شەرىئەتىمىز ياخشى ئاقىۋەت
كۆرمەيدۇ. قان تۆكۈلۈشنى ئەدلۇئادالەت دەپ بىلگەن سەل-
تەنەتتىن ئاۋام رەئىيەت يۈز ئۆرۈيدۇ. ئۇ ھەرقانچە بۈيۈك،
ئادىل بولسىمۇ، ئەل - رەئىيەت بىزار بولىدۇ. ياراتقان
ئىگەم كۆڭۈللىرىگە تىخىمۇ كۆپ ئىنساپ، رەھىم - شەپقەت
ۋە تەۋپىق ئاتا قىلغاي.

مۇبارەك جاماللىرىنى سېغىنىپ، ئالىيلىرى بىلەن
زىكرى - سۆھبەت قۇرۇپ، مۇلاقەتتە بولۇشنى كېچە -
كۈندۈز تىلەپ تۇرغۇچى سۇلتانۇل مۇھەققىقىن قۇتبىل ئەق-
تابى ۋەلىيۇللا خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان پىر بۇزرۇكتىن
دەپ بىلۇرلا...»

مەكتۇپنى ئوقۇپ تاماملىغان سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ ۋۇ-

رۇشقا ئۇندەپ، تۈركىي تىلىنىڭ پارس تىلىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى، ھەتتا يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى شەرھلەپ يازغان شاھانە ئەسىرى «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين»[①]دە، بۇنىڭدىن بىر يۈز ئاتمىش نەچچە يىل ئىلگىرىلا «تۈركىي ھۈنەرۋەست»[②] دەپ جاكارلىغانىدى، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم سۆز ئېلىپ، — ھەمدە «مەھبۇبۇل - قۇلۇپ»، «خەزائىنۇل - مەئانى»، «خەمسە» قاتارلىق شاھانە ئەسەرلىرىنى ساپ تۈركىي تىلىدا يېزىپ، تۈركىي تىلىدىمۇ كاتتا ئەسەرلەرنى يېزىش مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان.

— راست ئېيتتىلا، مەلىكەم، — دېدى يەنە بىر ئوتتۇرا ياش ئەدىب قولىدىكى «مۇھاكەمەتۇل - لۇغەتەين» ناملىق كىتابنىڭ باياتىن قاتلاپ قويغان يېرىنى ئېچىپ تۇرۇپ، — مانا بۇ شاھانە كىتابنىڭ مۇنۇ قۇرلىرىنى ئوقۇپ كۆرەيلى. نەۋائى ھەزرەتىم شۇنداق دەپتۇ: «... بۇ سۆزلەردىن دۇشمەنلەر بىلەن مۇخالىپلىرىم مېنى ئۆزىنىڭ تەبىئىي تۈركىي تىلىغا مايىل بولغىنى ئۈچۈن، بۇ تىلنىڭ تەرىپىدە مۇبالىغا قىلىۋاتىدۇ ۋە پارس تىلى بىلەن ئانچە ئالاقىسى بولمىغاچقا ئۇنى رەت قىلىشتىمۇ گەپنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى، دەپ گۇمان قىلىشمىسۇن. ھالبۇكى پارس تىلى تەتقىقاتىدا ۋە پارسچە سۆزلەردىن پايدىلىنىشتا ھېچكىم تېخى مەنچىلىك ئىش قىلالىغىنى يوق. بۇ تىلنىڭ ئارتۇق ۋە كەم تەرەپلىرىنى ھېچكىم مېنىڭدىن ئارتۇقراق بىلمەس...»

— شۇنداق، ئۇستاز، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم، — شۇڭا، نەۋائى ھەزرىتىم ئۆزىنى «سۆز ئەھلى خامىنىنىڭ باش تەرگۈچىسى، سۆز گۆھەرلىرى خەزىنىسىنىڭ ئامانەت ساقلىغۇچىسى» دەپ ئاتىشىمۇ ئاساسسىز ئەمەستۇر.

---

① «مۇھاكەمەتۇل - لۇغەتەين» — ئىككى تىل توغرىسىدا مۇھاكىمە.
② تۈركىي ھۈنەرۋەست — تۈركىي تىل ھۈنەر - سەنئەت تىلى.

لىپ سۇ تولدۇرۇلغان كۆلنىڭ بويىدىكى ئالا كۆنەسلىككە راسلانغان سورۇندا سۇلتان ئىسمائىلخان ئەمىرى كەبىر مىرزاباقبەگ، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىملار، خانلىق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى مەۋلانا جالالىدىن قۇتلۇق ھەزرەتلىرى قاتارلىق بىرقانچە ئەدىب - ئۆلىمالار بىلەن سۆھبەتكە چۈشكەنىدى. ئۇلاردىن تۆت - بەش قەدەم يىراقلىقتا بىرقانچە ئوردا سازەندىلىرى باياتىن بېرى مۇقام توۋلاپ قۇرۇپ كەتكەن گاللىرىنى نەمدىۋېلىش ئۈچۈن شەربەت ئىچىپ ئولتۇراتتى.

— خانلىقىمىزدىكى بىر قىسىم ئەدىب - قەلەم ساھىبلىرى ئارىسىدا، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى قوشلاپ سېلىنغان تەتىللا كۆرپىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان سۇلتان ئىسمائىلخان سۆھبەتداشلىرىغا قاراپ، — پارسىي شەكەرەست[1]، ئەرەبى ھەسەلەست[2] دەيدىغانلار ھېلىھەم مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ شېئىر - نەزمىلىرىدە ئەرەب، پارسچە سۆز - ئىبارىلەر سامانەك تولا. بۇنداق نەزمىلەرنى ئوقۇغان كىشى تاشتىن تېيىلىپ، داڭگالغا پۇتلاشقاندەك قەدەمدە بىر ئاشۇ پارسچە، ئەرەبچە سۆز - ئىبارىلەرگە پۇتلىشىپلا تۇرىدۇ.

— ئارى، — دېدى مەۋلانا جالالىدىن قۇتلۇق ھەزرەتلىرى خانىنىڭ قاراشلىرىنى قۇۋۋەتلەپ، — ئول نەزمىلەردە پاساھەتتىن ئېغىز ئېچىش ئەمەس، ھەتتا تۈزۈك مەنتىقىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. ئەمما، ئۇلار ئاشۇ غەيرىي تىللارنى ئانا تىلىمىزغا قانچە ئارىلاشتۇرۇپ، ئەبجەش قىلىپ يازسا، نەزمىلىرىنى شۇنچە پاساھەتلىك چىقتى دەپ ماختىنىدۇ.

— ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرى ئاشۇ ئەرەبىي، پارسىي تىللارنىڭ جىنى چاپلاشقان ئەبجەش تىللىق ئەدىبلەرنى ئۆز ئانا تىلىمىز بولغان تۈركىي ئەدەبىي تىلنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇ-

---

① پارسىي شەكەرەست — پارس تىلى شېكەردەك.
② ئەرەبى ھەسەلەست — ئەرەب تىلى ھەسەلدەك.

شى دەيدىغان ئاشۇ جانابلارغا بۇ شاھانە كىتابنى كۆپرەك ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلغىنىمىز ياخشى، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم.

مۇھاكىمە تازا ئەۋجىگە چىققان ۋاقىتتا، يۈگۈرۈپ كىرگەن مۇلازىم سۇلتان ئىسمائىلخانغا ئېگىلىپ تۇرۇپ سالام بەردى.

— پىر بۇزرۇك مەخزۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان ھەزرەتلىرى ئانھەزرىتىم بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلىپ كەپتۇ.

بۇ تاسادىپىي خەۋەردىن سۇلتان ئىسمائىلخان بىر ئاز تەئەججۇپلەندى، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى خاندىن يامانلاپ، خان بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگەن ئىشاننىڭ مانا ئەمدى تويۇقسىز ئۆزى ئالايىتەن ئىزدەپ كېلىشى بىر يېڭىلىق ئىدى.

— دەرھال باشلاپ كەل، پىر بۇزرۇكنى، — دەپ ئەمىر قىلدى ئىسمائىلخان.

بىر پىيالە چاي ئۇتلىغۇچىلىك ۋاقىتتا قارا تەقىيە ئۈستىدىن يوغان يېشىل سەللە ئورىۋالغان، قارا كىمخاب تون ئۈستىدىن ھاۋارەڭ رومال باغلىۋالغان مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان بىرقانچە خەلىپىنىڭ ھەمراھلىقىدا كەھرىۋا تەسۋىسىنى دىقماق بارماقلىرىدا سىيرىغىنىچە سالماق قەدەملەر بىلەن يېتىپ كەلدى. پىر ئۇستازنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن سۇلتان ئىسمائىلخان قوللىرىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ تۇرۇپ، ھۆرمەت بىلەن سالام بەردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۆھتەرەم پىرى بۇزرۇكۇم، مۇبارەك پايە قەدەملىرىگە مەرھابا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى ئىشان خاننىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ.

خان ئىشاننى يېنىغا تەكلىپ قىلدى.

ئىشان خاننىڭ ئىلتىپاتىنى ئېتىبارسىز قالدۇرۇپ، خاننىڭ سۆھبەتداشلىرىغا ۋە سازەندىلەرگە سوغۇقلا نەزەر تاشلىغىنىچە خاننىڭ ئۇدۇلىدىن ئورۇن ئالدى. پاتنەگە قول كۆتۈرۈپ قىس-

— تۈركىي سۆزلەرنىڭ ئىگىلىرى كۆپ هاللاردا ئەڭ ئۇششاق ئۇقۇملار ئۈچۈنمۇ مۇبالىغە يولى بىلەن مەخسۇس سۆزلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، — دەپ، «مۇهاكىمەتۇل لۇغەتەين» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى مەۋلانا جالالىدىن قوتلۇق هەزرەت، — بۇنى شۇ تىلنىڭ ئىگىلىرى ياكى ئالىملىرى چۈشەندۈرۈپ بەرمىگۈچە باشقىلار ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ.

— ئارى، — دېدى ئەمىرى كەبىر مىرزا باباقبەگ سۆز قىستۇرۇپ، — نەۋائى هەزرەتلىرى بۇ كاتتا ئەسىرىدە تۈركىي تىلىنىڭ ئاجايىپ نازۇك ئۇقۇملارنى ئىپادە قىلالايدىغان ئەۋزەللىكىنى ئىسپاتلىغان.

— نەۋائى هەزرەتلىرى تۈركىي تىلىنىڭ هۈنەرەست تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ مۇنداق بايانلارنى يازغان، — دېدى باياقى ئوتتۇرا ياش ئەدىب كىتابىنى ئېچىپ، رەھلىگە قويۇپ تۇرۇپ، — «يىغىپ ئېيتقاندا، تۈركىي تىلدا مۇنداق ئىنچىكىلىك ۋە نەپىسلىك ناهايىتى كۆپ. بۇگۈنگىچە هېچ كىشى ئۇنى چىن مەنىسى بىلەن مۇلاھىزە قىلمىغىنى ئۈچۈن ئاشكارا بولماي كەلمەكتە... ئەگەر كىشى ياخشىلاپ مۇلاھىزە ۋە تەھلىل قىلىدىغان بولسا، تۈركىي سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن نەقەدەر كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقىنى، ئۇسلۇب جەھەتتىن نەقەدەر پەسىھ ئىكەنلىكىنى، بۇ تىلدا مەنىنى راۋان، ئېنىق، ئوچۇق، ئىپادىلەشنىڭ ئاسانلىقىنى بىلگەن بولاتتى. تۈركىي تىلنىڭ كەڭ مەنىلىكى، هەر تەرەپلىمىلىكى، شۇنچە دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغان هالدا، ئەمدى بۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئارىسىدىكى شائىرلار ئۆزىنىڭ شۇنداق گۈزەل ۋە باي تىلى تۇرۇقلۇق ئۆز قابىلىيەت ۋە ماهارىتىنى باشقا تىل بىلەن كۆرسىتىمەن، دەپ ئاۋارە بولمىسا ئىدى. ئەگەر ئىككى تىلدا يېزىش ئىقتىدارى بولسا، ئۆز تىلىدا كۆپرەك يازسا ئىدى...»

— شۇنداق، پارسىنىڭ ئىشىكى، تۈركىنىڭ تۇلپارىدىن ياخ-

كېلىپ سۆھبەتنى بۇزغىنىنى ئاز دەپ، ھە دېگەندە سۇلتان ئىس-
مائىلخانغا تەنە قىلىۋاتقىنىغا چىداپ تۇرالماي، — خان ئالىيلى-
رى پۇتكۇل سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى بارلىق ئاۋام - رەئىيەتنىڭ
پاسىبانىدۇر. ھەركىمنىڭ ئەرز - شىكايىتىنى ئاڭلاپ، دەردۇ-
ھالىغا يېتىش مەجبۇرىيىتى ھەم باردۇر.
—چوڭلارنىڭ سۆھبىتىگە كىچىكلەرنىڭ خالىغانچە لوقما
سېلىشى ئەدەپسىزلىكتۇر، — دېدى ئىشان مەلىكىگە قاراپ تەرد-
نى تۇرۇپ ۋە يەنە سۇلتان ئىسمائىلخانغا يۈزلىنىپ گېپىنى
داۋاملاشتۇردى، — ئەسلىدە خان ئالىيلىرى بىلەن خاس ئولتۇ-
رۇپ مۇلاقەتتە بولۇش نىيىتىم بار ئىدى. تازا بىئەپ ۋاقىتتا
كېلىپ قالغان ئوخشايمەن، — ئۇ شۇنداق دېگەچ ئورنىدىن
تۇردى، — نەغمە - ناۋا، مەي - شاراب ۋە كىچىكلەرنىڭ
سۆھبىتى ئېسىل نەسەبلىك زاتلارغا ۋە سائادەتمەن سۇلۇكى ئىس-
ھاقىيە مۇرىتلىرىغا جايىز ئەمەستۇر، خوش، ئامان بولغايلا.
ئىشان پىرىمنىڭ يەنە يامانلاپ قالغىنىنى كۆرۈپ سۇلتان
ئىسمائىلخان نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. بىكاۋۇلبەگ
ئۇزىتىپ قويۇش ئۇچۇن ئىشاننىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.
—ھىم، ئۆزىنى چوڭ چاغلاپ كەتكىنىنى، پىر ئۇستاز،
دەپ ھۆرمىتىنى قىلساق، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم
تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، — نەسەبىنىڭ قانداقلىقىنى كىم بىلىدۇ ئۇ
ئىشاننىڭ...
— بىرنەچچە ئېغىز گەپنى ئازراق قىلسىڭىز بولمامدۇ،
مەلىكەم! — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان.
ئۇ مەختۇمزادە بىلەن ئارىسىدىكى كۆڭۈل ئاغرىقىنى تۈگى-
تىۋالىدىغان بۇ پۇرسەتنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىگە تېرىكىپ
قالغانىدى.
شۇنداق قىلىپ سورۇننىڭ قىزغىن كەيپى بىردىنلا سوۋۇ-
دى، سورۇن ئەھلى غەش بولغان ھالدا تارقىلىشتى.

قىلا دۇئا قىلغاندىن كېيىن يۈزىنى سىيپىدى.

— ئەھۋاللىرى ياخشىمۇ، ئى پىرى بۇزرۇك، — دېدى ئىسمائىلخان ئىشاندىن ئىبسەنلىك سوراپ.

— ئىنشائاللا، مۇشۇنچىلىك تۇرۇپتىمەن، — دېدى ئىشان چىرايىغا خالار ـ خالىماس تەبەسسۇم يۈگۈرتۈپ، — خان ئالىيـ لىرىمۇ ياخشى تۇرۇپلا.

— ئاۋۋال خۇدا، ئاندىن قالسا جانابىي پىرىمنىڭ دۇئاسى بىلەن ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى ئىسمائىلخان، — تەلىملىرىنى ئايىمىغايلا، پىرىم.

— خان ئالىيلىرىغا ئەمدى بىزلەركىم پىر بۇزرۇكلىرىنىڭ تەلىمى بىھاجەتتۇر، — دېدى ئىشان قانداقتۇر بىر قورساق كۆپۈـ كىنى چىقىرىشقا ئالدىراۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا، — ئاڭلىساق سۇلۇـ كى ئىشقىيەچى نامۇسۇلمان، مۇرتەت ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ تەـ لىملىرى ھۇزۇرلىرىغا يېتىپ كەپتۇدەك. پىر بۇزرۇكى تېخى ھايات تۇرۇپ، ئۆزگە پىرلار بىلەن مۇلاقەتتە بولۇش ياخشى ئىش ئەمەستۇر.

سۇلتان ئىسمائىلخان مەخدۇمزادە ئىشاننىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق تۇيۇقسىز ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى دەرھاللا چۈشەندى. خوجا ئابدۇللا ئىشان سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلغانلىقىنى، قەشقەر ئەمىرى مىرزا ـ ھەيدەر دوغلاتىغا سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنى قوغداش، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش خۇسۇسىدا پەرمان چۈـ شۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ چايان چېقىۋالغاندەك چۆچۈدى ـ دە، ۋۇجۇدى ئاچچىق ھېسلارغا تولدى. خاندىن يامانلاپ ئولتۇرۇۋەرـ سە ئاردىن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ پايدىلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئالدىراپ ئوردىغا يېتىپ كەلگەنىدى.

— ئۆزگە سۇلۇكلەرمۇ سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ پۇقرالىرىـ دۇر، — دېدى مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم ئىشاننىڭ بىمەھەل

ھاقىيە بىناسىنىڭ ئۇلىنى ئۆز قولۇم بىلەن كولاپ غۇلىتىپ تاشلىغىلى قىل قاپتىمەن. خان - سۇلتانلارنىڭ يۈزسىزلىكىنى، ئىمانىنىڭ سۇسلۇقىنى بىلەتتىمغۇ بولمىسا، نېمە قىلىمەن پىر قەدرىنى بىلمەيدىغان ئىسمائىلخانغا ئۇنچە باتناپ، ھەئە، ئۇنىڭغا زىيادە ئىشەنگىنىم، ئۈمىد باغلىغىنىم، ئۆزۈمگە ئارتۇقچە تەمەننا قويغىنىم خاتا بولغان. ئەسلىدە ئىسمائىلخاننى ئەركە - تايتاڭ بالىنى پەپىلىگەندەك پەپىلىشىم، قەغىش بالىنىڭ رايىغا بېرىپ تۇرۇپ جورۇقا كىرگۈزگەندەك پايدىلىنىشىم، ئىككى ئىلىك ئۆپرىماس تىلىمنى ئىشقا سېلىپ، توختىماي ماختاپ تۇرۇپ نەپ ئېلىشىم، پەرمان - يارلىقلىرىنى قوللىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، مەقسەت - مۇددىئالىرىمنى روياپقا چىقىرىشىم كېرەك ئىدىغۇ. مانا ئاخىرقى ھېسابتا پايدا كىمگە بولدى؟ يەنە شۇ دوزاخقا تۇتۇرۇق بولغۇر ھىدايىتۇللاغا بولدى. توشقاندەك مۆكۈنۇپ ئىنىغا كىرىۋالغان ئول دوزىخى مۇناپىق بۇنىڭدىن تولۇق پايدىلاندى. مۆكۈنۈۋالغان ئۇۋىسىدىن چىقتى، ھەتتا ئىسمائىلخانغا ئوچۇق - ئاشكارا مەكتۇپ يوللاپ، كۆڭلىنى مايىل قىلدىۋالدى. سەئىدىيە تەسەررۇپىدا پۇت دەسسەپ تۇرالىغۇدەك ئورۇنغا، ئىمتىيازغا قايتىدىن ئېرىشىۋالدى. شۇنداق، تاش چىشلەپ، قۇم چالمىغا دەسسەپ ئۆزۈمنى چوڭ تۇتۇپ تۇرۇۋالغىنىم بىلەن قانچىلىك ئاچچىق ھەسرەت يۇتقىنىمنى، دەرد - ئازاب ئىلكىدە پۇچىلانغىنىمنى، پۇشايمان يېگىنىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. يەنىلا ئاخىر سىلى جەننەتماكان پەدەرۇ بۇزرۇكۇم مەدەت قىلدىلا. ئۇلۇغ روھىناتلىرى يۆلىدى، ئىلگىرىكى بىرنەچچە قېتىملىق زىيارەتلىرىنى، شاھانە تەكلىپلىرىنى رەت قىلىۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن، ئىسمائىلخان ناۋادا بۈگۈنمۇ قەسرىمگە قەدەم باسمىغان بولسا، ئاران - دەسسەپ تۇرغان قۇم چالمام ئېزىلىپ كېتەتتى - دە، يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ، پىر بۇزرۇكلۇك ئاتاق - ئابرۇيۇمنى پايمال قىلىپ، خان ئوردىسىغا ئۆزۈم زىيا-

## يەتتىنچى باب

# تۆندىكى قىساسخورلار

## 1

بۈگۈن مەخدۇمزادە قەسرىنىڭ كاتتا بېغىدىكى قات - قات سېلىنغان مەخمەل كۆرپە ئۈستىدە يانپاشلىغىنىچە كاككۇكنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىغا مەستانە بولۇپ ئاللىقانداق تاتلىق خىيال-لارغا ئەسىر بولغان مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشانىنىڭ كەيپى تولىمۇ چاغ ئىدى، بايىلا سالاملارنى كۆتۈرۈپ، زىيارەت باھانى-سىدە كەچۈرۈم سوراپ كەلگەن سۇلتان ئىسمائىلخاننى قوبۇل قىلىپ، خېلىدىن بېرى ئازار يېگەن كۆڭلىنى تەسەللى تاپقۇزغان ئىشان خۇددى قېنىپ نەشە چېكىۋالغاندەك خۇش كەيپ بولۇپ قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭۈل قەپىسىگە بەند بولغان خىيال قۇشلىرى باغدىكى ئاشۇ كاككۇكتەك يېقىملىق سايرايتتى.

«ئى ئۇلۇغ ئاللا ئىگەم، ئى پەدەرى بۇزرۇكۇم، مۇلھىد سۇلكى ئىشقىيەچى ئەغيارلىرىم ئالدىدا شەرمىسار بولۇشتىن ساقلاپ قالغانلىقىڭغا يۈز مىڭ قەتلە شۇكرى. مىڭ بىر جاپالار بىلەن قوپۇرغان سەلتەنەت تىزگىنىنى قىيامەتلىك رەقىبىم خوجا ھىدايىتۇللاغا تارتقۇزۇپ قويغىلى، زىيادە تەكەببۇرلۇق قىلىپ سەئىدىيە تەسەررۇپىدا ئاران تەستە قۇرۇپ چىققان سۇلۇكى ئىس-

مەي كار ـ كار كېكىرىپ تۇرۇپ.

سوپى خىزمەتكارلار بىردەمدىلا سۇپىنىڭ ئەتراپىدىكى دەل ـ دەرەخلەرگە ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان چىراغپايلارغا شام ياقتى.

شۇ ئەسنادا مەخدۇمزادىنىڭ ئىشەنچلىك، يېقىن خەلىپىسى رەجەپ دەرۋىش باغقا كىرىپ كەلدى ـ دە، سوپى خىزمەتكارلىرىغا پۇت ـ قولىنى تۇتقۇزۇپ كېرىلىپ ياتقان ئىشاننىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى.

ئاللىقانداق خىياللارغا غەرق بولغان ئىشان رەجەپ دەرۋىشنىڭ كەلگىنىنى تۇيمىدىمۇ، كۆزىنى يېرىم يۇمغىنىچە خىياللىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. رەجەپ دەرۋىش كەلگىنىنى بىلدۇرۇپ، يۆتىلىپ قويدى. يۆتەل ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئىشان ئاستا كۆزىنى ئاچتى ـ دە، رەجەپ دەرۋىشنى كۆرۈپ ئالدىراپ سورىدى:

— ھىجابۇل غەيبلەرنىڭ[1] ھەممىسى تولۇق كېلىپ بولدىمۇ؟

— نېمەتلىك پىرىمغا مەلۇم بولغاي، — دېدى رەجەپ دەرۋىش تېخىمۇ بەك ئېگىلىپ، — ھىجابۇل غەيبلەرنىڭ ھەممىسى تاشقىرىقى سارايدا پەرمانلىرىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

— ئۇلارنى مەشەگىلا باشلاپ كەلسىلە، خەلىپەم، — دېدى ئىشان ئورنىدىن تۇرۇشقا خۇشياقماي.

رەجەپ دەرۋىش كەينىگە بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن پۇتىنى تۇتۇۋاتقان ياش سوپى خىزمەتكارغا گۆلەيدى:

---

① ھىجابۇل غەيب — XIII ئەسىردىن باشلاپ ئىشانىزىم ئېقىمىدا ئەۋج ئالغان يوشۇرۇن قەست قىلغۇچى قاتىللار. غايىب پىردىكىلەر ياكى نامەلۇم قەستچىلەر دېگەن مەنىدە. خوجا ـ ئىشانلار مۇرىتلىرى ئارىسىدىن سۇلۇككە ۋە ئۆزىگە چەكسىز ساداقەتمەن، كۆچتۈڭگۈر، قولىدىن قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق كېلىدىغان، جەڭبازلىق ماھارىتى بىلەن تەربىيىلەنگەن ياشلارنى تاللاپ، كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارغا «ھىجابۇل غەيب» دېگەن نامنى بېرىپ ئەڭ ئەشەددىي رەقىبلىرىنى، سۇلۇك تەرغىباتچىلىرىغا ئىشەنمىگەن كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈشكە، جازالاشقا سالىدۇ. ئاشۇلار ئارقىلىق ئاددىي خەلقنى ۋەھىمىگە سالىدۇ، كەشپۇ كارامەتلىرىگە ئىشەندۈرىدۇ.

رەتكە بارغان، خاننىڭ ئەتراپىدىكى ئاشۇ پەس، ئاسىيلارنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى تېخىمۇ بەك پەسلەشتۈرگەن، شەرمىسار بولغان بولاتتىم. ئۇ چاغدا ۋاپاسىز، دىيانەتسىز، ئىمانى سۇس ئىسما-ئىلخانلا ئەمەس، ئەتراپىدىكى ئاشۇ مۇرتەت ئەمىرلىرىمۇ مېنى تېخىمۇ كۆزگە ئىلمىغان بولاتتى. يۈز مىڭ شۈكرى، بۇ بالالار-دىن ئامان قالدىم. ئەمدى نېمە قىلىشىمنى بىلىۋالدىم، خاتىرجەم بولسىلىكى، پەدەرۇ بۇزرۇكۇم، سۇلتان ئىسمائىلخاننى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، مېنى سەلتەنەتتىن چەتلەشتۈرۈپ، يۈرەك - باغرىمى-نى داغلىغان، تۇگىمەس ئازابلارغا دۇچار قىلغان ئاشۇ ئەمىرلەر-نى ھەر ئاماللار بىلەن بىر - بىرلەپ كۆزدىن يوقىتىپ، سۇلتان ئىسمائىلخاننى سويغان پىيازدەك، يالغۇز دەرەختەك قىلىپ قويىمەن. ئەنە شۇ چاغدا سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ مېنى سەلتەنەتكە يېقىن يولاتمىغىنىنى بىر كۆرەي. قەسەمكى، بۇ نىيىتىمدىن ھەرگىز يانماسمەن. ئى پەدەرۇ بۇزرۇكۇم، ئۆز قوللىرى بىلەن قۇرۇپ چىققان سۇلۇكى ئىسھاقىيە بىناسىنىڭ سەئىدىيە تەسەر-رۇپىدا تېخىمۇ مۇستەھكەم قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن مەدەت-كار بولغايلا. . . »

كەچكى ئۇپۇق مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ ئادا-ۋەت، قىساسقا تولغان خىيانەتكارانە كۆزلىرىدەك قىزىرىپ كەتكە-نىدى. دەل - دەرەخلەرنىڭ ئاراچلىرىدىن، شاخ - يوپۇرماقلارنى رەڭدار جۇلالىتىپ، باغ ئىچىگە تۆكۈلۈۋاتقان قىزغۇچ نۇرلار ئاستا - ئاستا سۇسلىشىپ، كېيىن بىراقلا يوقالدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ مەخدۇمزادە قەسىرىنىڭ بۇ كاتتا بېغىنى، قاراڭغۇلاش-قان قويۇق دەل - دەرەخلەرنىڭ سايىسىدە، خۇددى خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ كۆڭلىدەك بىر مۇدھىش قاراڭغۇلۇق ئۆزقويىنىغا ئالغانىدى.

— چىراغ يېقىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى ئىشان بايامقى خۇشلۇقىدا تويغىنىنى بىلمەي يەۋەتكەن غىزانى سىڭدۈرەل-

— نېمەتلىك پىرىمىنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا.

يىگىتلەر ئىشان خوجىسىنىڭ ئۆزىگە مۇھىم بىر ۋەزىپە تاپشۇرماقچى بولغانلىقىنى پەملەپ، ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلمايلا سۇپىغا چىقىپ ئىشاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى.

— خەلىپەم، ئۆزلىرى مۇنۇ سوپىلارنى باشلاپ باغنى چارلىسىلا، ياتلاردىن ھەزەر ئەيلىگىنىمىز ياخشى. قىچقارمىغۇچە قىشىمغا ھېچكىم كەلمىسۇن، — دېدى ئىشان، رەجەپ دەرۋىشكە قاراپ.

— خوش، — دېدى رەجەپ دەرۋىش ۋە سوپى خىزمەتكارلارنى باشلاپ قاراڭغۇلۇققا سىڭىپ كەتتى.

سۇپىدا ھىجابۇل غەيىبلىرى بىلەن خاس قالغان ئىشان ئاۋازىنى ئىمكان بار پەس چىقىرىشقا تىرىشىپ، شىۋىرلاشقا باشلىدى. ھىجابۇل غەيىبلەر ئىشان خوجىسىنىڭ پەرمانىنى تولۇق ئاڭلىۋېلىش ئۈچۈن باشلىرىنى ئىشان تەرەپكە سوزۇشتى. گەرچە ئىشان پەس ئاۋازدا كۇسۇرلاپ سۆزلىسىمۇ «مىرزا باباقبەگ»، «مىرزا ئەۋەز بەگ»، «مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم» دېگەن سۆزلەرنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا قاتتىقراق تەلەپپۇز قىلىۋاتاتتى.

## 2

شۇ كۈنلەردە رەقىبلىرىنى قەستلەپ يوقىتىش تەدبىرلىرى ئۈستىدە توختىماي باش قاتۇرۇۋاتقان مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ كۆڭلىمۇ تازا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئوغرى گۇماندىكى كېلىدۇ دېگەندەك، كېچىلىرى ئالاھىدە ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى كۆرۈپ ئاندىن ياستۇققا باش قوياتتى. «كەلىمە تەمجىت»، «ئايەتەلكۇرسى» نى تەكرار - تەكرار ئوقۇپ، ئۆرۈپ ياتقىنىغا قارىماي، قارا باسقاندەك دەھشەتلىك چۈشلەرنى كۆرەتتى.

— مىجىقلاپ ئادەمنىڭ قىچىقىنى كەلتۈرمەي چىڭ - چىڭ
تۇتسىلا، سوپۇم.
ھايال ئۆتمەي، رەجەپ دەرۋىش بەستلىك، بىر - بىرىدىن
قاۋۇل، تەمبەل كەلگەن ئون نەچچە يىگىتنى باشلاپ كەلدى.
«ھىجابۇل غەيىب» دەپ نام ئالغان بۇ يىگىتلەر سۇپىدىكى مەخ-
مەل كۆرپە ئۈستىدە يانپاشلاپ ياتقان ئىشاننىڭ قېشىغا كېلىپلا
چىناردەك بەستلىرىنى ئورغاقتەك ئېگىپ سالام بەردى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، نېمەتلىك پىرىمنىڭ ئالتۇن بويلى-
رى ئېسەنمىكىن؟
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى ئىشان يانپاشلىغان سې-
مىز گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇپ، — ھارمىغايسىزلەر، سۇ-
لۇكى ئىسھاقىيەنىڭ غازىلىرى.
ئادەتتە مۇرىتلىرىغا تولىمۇ تەكەببۇر، سۇرلۇك، سۆرۈن
مۇئامىلە قىلىدىغان ئىشان بۇ يىگىتلەرگە ئالاھىدە ئىلتىپات
كۆرسىتىپ ئەھۋال سورايتتى. باشقا مۇرىت - سوپىلىرىنى دۆش-
كەلەپ، ھاقارەتلىگىنى بىلەن بۇلارغا قاپىقىنى تۈرۈپمۇ قارىمايت-
تى. ئائىلە، بالا - چاقىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇراتتى.
پىخسىقلىقىغا يات ھالدا باشقىلاردىن ئېلىپلا كۆنگەن خۇينىڭ
ئەكسىچە بۇلارغا پات - پاتلا ھەميان - ھەميانلاپ ئالتۇن -
كۈمۈش ئىنئام قىلىپ تۇراتتى. تاتلىق - يېقىشلىق سۆزلىرى،
سىلىق - سىپايە مۇئامىلىسى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە
رام قىلىشقا، ساداقىتىنى چىڭىتىشقا ئۇرۇناتتى. ئۆزلىرىنى ئى-
شان پىرىنىڭ ئەڭ يېقىن مۇرىتلىرى دەپ بىلگەن بۇ يىگىتلەر
خوجىسىغا چەكسىز سادىق ئىدى. ئوتقا دېسە ئوتقا، سۇغا دېسە
سۇغا كىرەتتى. خوجىسى بۇيرۇغان ھەرقانداق ئىشنى بەجان-
دىل، تولۇق ئورۇندايتتى.
— قېنى سۇپىغا چىقىپ، يېقىنراق ئولتۇرۇڭلار، — دېدى
ئىشان ھىجابۇل غەيىبلىرىگە يېنىدىن جاي كۆرسىتىپ.

ئاۋازسىز، ئىشارەتسىز ھالدا ھەرىكەتكە كەلدى. ئاۋۋال بىرى تام تۈۋىدە زوڭزايدى، يەنە بىرى ئۇنىڭ دولىسىغا چاقچاقلىق بىلەن دەسسەپ چىقتى - دە، تامغا مەھكەم يېپىشتى. زوڭزايغىنى ئاستا - ئاستا ئورنىدىن تۇردى، كېيىن پۈتۈنلەي ئۆرە بولدى. شۇنداقتىمۇ شۇنچە ئېگىز ئىككى ئادەمنىڭ بويى باغنىڭ ئېگىز سوقۇلغان قورۇق تېمىغا بويلاشمىدى. ئۈستىدىكىسى يېنىدىن ئىككى دانە قىسقا، ئەمما تولىمۇ مەزمۇت سوقۇۋالغان خەنجەرنى ئالدى - دە، تامغا چاقچاقلىق بىلەن سانجىپ، خۇددى بىرى ئۈستى تەرەپتىن تارتىۋاتقاندەك، قىينالمايلا تامنىڭ ئۈستىگە چىقتى. تامنىڭ ئۈستىگە يانتاق، جىگدە، ئۆرۈك شاخلىرى، ئوغرىتىكەن قاتارلىق نەرسىلەر كىرپىنىڭ تىكىنىدەك سانجىۋېتىلگەنىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى ئۇنىڭغا پەقەتلا كار قىلمىدى. ئۇ تام ئۈستىگە مەزمۇت جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن قوينىدىكى باشمالتاقچىلىق تومۇلۇقتىكى بىر تال ئارغامچىنى ئېلىپ، تۆۋەنگە ساڭگىلاتتى. پەستىكى ھەمراھى ساڭگىلاپ تۇرغان ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى قولىغا يۆگەپ، بىر - ئىككىنى كۇچەپ تارتىپ باققاندىن كېيىن، شېرىكىنىڭ تام ئۈستىدە تۇرۇپ، تانىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرالىشىغا كۆزى يەتمىدىمۇ قانداق، تانىنى تاشلاپ قويۇپ، يېنىدىن شېرىكىنىڭكىگە ئوخشاش ئىككى دانە قىسقا ساپلىق خەنجىرىنى چىقاردى - دە، شېرىكىنىڭ بايىقىدەك ھەرىكىتىگە ئوخشاش چاقچاقلىق بىلەن خەنجەرنى تامغا تېز - تېز سانجىپ، خۇددى مۇشۈككە ئوخشاش كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە تام ئۈستىگە چىقىپ بولدى - دە، شېرىكى بىلەن بىرلىكتە پەسكە ئاستا سىيرىلدى، پۇتى يەرگە تېگىشى ھامانلا تام تۈۋىدىكى قورۇق شاخ شۇمبىلار سۇنۇپ غاراسلاپ كەتتى.

ئۇلار پەسكە چۈشۈپ بولۇپ، باغنى كۆزىتىپ، يەنە بىر ئاز تۇرۇۋېلىشتى - دە، ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمىغاندىن كېيىن خۇد-

تى. چۈشلىرىدە بىردە ھىدايىتۇللا ئىشاننى ئۆز قولى بىلەن بوغۇزلىسا، بىردە ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ خەنجىرى كۆكرىكىگە سانجىلىپ ۋەھىمىلىك قارا تەرگە چۆمۈلگىنىچە ئويغىنىپ كېتەتتى.

تېخى ئۆرۈك ئالا بولا - بولمايلا باشلانغان تومۇزنىڭ دىمىق ھاۋاسىدا تەرلەپ ياتالمىغان ئاستانە ئاھالىسىنىڭ كۆپىنچىسى ھويلا - ئاراملىرىغا، باغلىرىغا ۋە ئۆگزىلىرىگە جاي راسلاپ ئۇخلايتتى. مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشانمۇ ئىسسىقتىن قېچىپ باغقا كۆچۈپ چىقىۋالغانىدى. تۇلكىدىنمۇ قۇۋ، كەمەك ھەييارغا دەرس بېرەلىگۈدەك ھىيلىگەر مەخدۇمزادە كەڭرى بېغىنىڭ ئۈچ جايىغا ئۆزى ئۈچۈن داكىدىن پاشىلىق ياساتقۇزۇپ، ھەشەمەتلىك تۆشەك راسلاتقان بولۇپ، بۇ ئورۇنلاردا ھەر كۈنى دېگۈدەك ئالمىشىپ ئۇخلايتتى. بىر ئورۇندا ئۇدا ئىككى كېچە ھەرگىز يېتىپ قالمايتتى. باغنىڭ قايسى تەرىپىدىكى ئورۇندا يېتىشنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ ئەشەددىي رەقىبى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭمۇ ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش ھىجابۇل غەيىب ئۇنۋانلىق خۇنخور قاتىللىرىنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرقاچان پەيت - پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭلاشقا، ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى تولىمۇ پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇۋاتاتتى.

بۈگۈن كېچە ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، ئاسماندا بىرەر تالمۇ يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. مەخدۇمزادە قەسرىنىڭ بۇ كاتتا بېغى سوزسا بارماقنى ئىلغا قىلغىلى بولمىغۇدەك تۈن پەردىسىگە ئورالغانىدى. تەڭ كېچە بولغاندا ئەگرى - بۈگرى خالتا كوچىلار بىلەن تام ياقىلاپ، تىمىسقىلاپ كەلگەن بەستلىك ئىككى گەۋدە باغنىڭ تولىمۇ ئېگىز ھەم مۇستەھكەم قورۇق تېمى تۈۋىگە كېلىپ توختىدى - دە، بىرئاز دەم ئېلىۋالغاچ ئەتراپتا غەيرىي شەپىنىڭ بار - يوقلۇقىغا قۇلاق سالدى. ئەتراپ تىپتىنچ ئىدى. ئۇلار

كەتمىسۇن، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى رەجەپ دەرۋىش.
شۇ ھامان قايسىبىر قاراڭغۇلۇقتىن خۇددى غايىبتىن پەيدا بولغاندەك پەيدا بولغان يىگىرمە - ئوتتۇزچە ئادەم سوپىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى - دە، مەشئەللەرگە ئوت يېقىپ، باغ ئىچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتتى ۋە تۆت - بەشتىن بولۇپ باغنىڭ ئىچى-نى ئاختۇرۇشقا كىرىشتى.
ئۇنىڭغىچە خوجا ئابدۇللا ئىشانمۇ قوللىرىغا مەشئەل كۆتۈ-رۈۋالغان ئالتە نەپەر قورۇقچىنىڭ ھەمراھلىقىدا يېتىپ كەلدى.
ئەسلىدە ھېلىگەر ئىشان بىكار قالغان ئىككى ئورۇنغا بىر-دىن سوپى خىزمەتكارنى ياتقۇزۇپ قويغان بولۇپ، قاتىللارغا خۇددى ئۆزى ئۇخلاۋاتقاندەك تۇيغۇ بەرگەنىدى. شۇڭلاشقا، ھازىر شور پېشانە سوپى خىزمەتكار خوجىنىڭ ئورنىدا قۇربانلىق بولۇپ ئەجەل يۇتقانىدى.
— ئېيتە، ئى مۇرتەت، مېنى قەستلەشكە سېنى كىم ئەۋەت-تى؟ — سورىدى ئىشان غەزەپتىن غال - غال تىترەپ تۇرۇپ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى تېخىچە تارقىمىغان ئىشاننىڭ چىرايى تولىمۇ خۇنۇك كۆرۈنەتتى.
ئالدىنىپ قالغانلىقىنى بىلگەن قاتىل ئىشانغا قاراپ نەپرەت بىلەن بىرىنى چەكچەيدى - دە، لام - جىم دېمىدى.
— گەپ قىل، مۇرتەت، پىرىم سەندىن گەپ سورا-ۋاتىدۇ، — دېدى بەستلىك قورۇقچىدىن بىرى قاتىلنىڭ يۈزىگە بازغاندەك مۇشتۇمى بىلەن بىرىنى سېلىپ.
شۇ ھامان قاتىلنىڭ مەڭزى يېرىلىپ، بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. ئەمما، قاتىل غىڭ قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپمۇ قويمىدى.
— زۇۋانغا كەلگۈچە دۇمبالاڭلار بۇ مۇرتەتنى، — دېدى رەجەپ دەرۋىش ئاپئاق ساقاللىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ.
بىر دەمدىلا قاتىلنىڭ باش - كۆزىگە مۇشت يامغۇرى تاراس-

دى شامالدەك يەڭگىل، مۇشۇكتەك چاققان ھەرىكەتلىرى بىلەن تېز - تېز قەدەم ئېلىپ باغ ئىچىگە شۇڭغۇدى. بىر چۆگۈن چاي قايىنىمچىلىك ۋاقىتتا باغنىڭ ئىچىدىكى ئىشاننىڭ كېچىلىك ئا- رامگاھى بولغان سۇپىغا يېقىنلاشتى. سۇپىدىن بەش - ئالتە قەدەم يىراقلىقتىكى ئۆرۈككە پاشا - كۇمۇتا، پەرۋانىلەرنى جەلپ قى- لىش ھەمدە ئازراق يورۇقلۇقتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئېسىپ قويۇلغان چىراغپايدا بىر دانە قارا چىراغ پىل - پىل يېنىپ، ئەتراپنى گۇڭگا يورۇتۇپ تۇراتتى. سۇپا ئۈستىدىكى پاشىلىق ئىچىدە بىر ئادەم يەڭگىل خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ھېلىقى ئىككى يوچۇن ئادەمنىڭ بىرى ئەتراپىغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن تېزلا قارىۋەتكەندىن كېيىن پەم بىلەن سۇپىغا يېقىنلاشتى - دە، بىر سەكرەپلا سۇپا ئۈستىگە چىقىپ، ئۇخلاۋاتقان ئادەمگە تاشلان- دى. ئۇنىڭ ئوڭ قولىدىكى ئىككى غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى خاس قاتىللىق قورالى — يېڭىسار خەنجىرى قارا چىراغنىڭ گۇڭگا يورۇقىدا سوغۇق يالتىرىدى. چاقماق تېزلىكىدە، زەرب بىلەن ئۇرۇلغان خەنجەر بەخىرامان ئۇخلاپ ياتقان ئادەمنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. باشتىن ئايرىلغان تەن ۋەھىملىك خارتىلدىدى. پۇت - قوللىرى بىر - ئىككىلا تېپىرلاپ، جىم بولدى.

— تىرىك تۇتۇڭلار بۇ مۇرتەتنى؟

قولاق تۇۋىدە تۇيۇقسىز ناغرا چالغاندەك ئاڭلانغان بۇ مۇد- ھىش ئاۋاز قاتىلنى قاتتىق چۆچۈتۈپ، سوغۇق تەرلەتتى. قاتىل بىرنەچچە دەقىقە ئىنكاسسىز تۇرۇپ قالدى. شۇ دەقىقىدە خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك سۇپىنىڭ ئۈستىگە سايە تاشلاپ تۇرغان قېرى ئۆرۈكنىڭ ئۈستىدىن بىر - بىرىدىن بەستلىك تۆت ئادەم سەكرەپ چۈشتى - دە، قاتىلنى قىمىر قىلدۇرماي يەرگە بېسى- ۋالدى. بۇ چاغدا قاتىلنىڭ يەنە بىر شېرىكى ئاللىقاچان غايىب بولغانىدى.

— باغنى قاتتىق ئاختۇرۇڭلار، يەنە بىر شېرىكى قېچىپ

— ئېيتە، مۇرتەت، سېنى كىم ئىشان پىرىمنى
ئەۋەتتى؟
قاتىلدىن يەنە سادا چىقمىدى.
رەجەپ دەرۋىش قولىدىكى ئۇستىرىنىڭ تىغىنى
ئاستا سۇركىدى. ئۇرۇقداننىڭ تېرە خالتىسى يېرىلـ
ئۇرۇقدان خۇددى ئاجرىغان شاپتۇلنىڭ ئۇچكىسـ
چىقتى. رەجەپ دەرۋىشـىنىڭ سول قـولى قىپـقـ
بويالغانىدى.
رەجەپ دەرۋىش ئەمدى تېرە خالتىسىدىن ئاجراپ
تال ئۇرۇقداننى مەھكەم چىمداپ تۇتۇپ، ئۇرۇقدا
ئۇستىرىنى تەگلەپ تۇرۇپ سورىدى:
— دەمسەن، دېمەمسەن؟
قاتىلدىن يەنە سادا چىقمىدى. ئۇنىڭ چىشلىرى
پېتىپ كەتكەنىدى.
— مانا ئەمىسە، — رەجەپ دەرۋىش ئۇستىرىنى
تىپلا ئۇرۇقداننى كېسىۋالدى.
ئاغرىق ئازابىغا چىدىمىغان قاتىل دەھشەتلىك ب
رىدى ـ دە، بارلىق كۈچى بىلەن تېپىرلاپ يۇلـقۇن
پۇت ـ قوللىرىنى ئالتە ئادەم بېسىپ تۇرغانلىقى ئۇ
لاشلىرى بىكارغا كەتتى. رەجەپ دەرۋىش قانغا بويالغا
خالتىسىنى سىيرىپ، يەنە بىر ئۇرۇقداننىمۇ باشمال
بىگىز بارمىقى ئارىلىقىغا قىسىۋالدى ـ دە، يەنە
تۇرۇپ سورىدى:
— دەمسەن، دېمەمسەن؟
قاتىلنىڭ زۇۋانى ئۇچكەنىدى.
رەجەپ دەرۋىش ئاۋۋالقى ئۇسۇل بىلەن يەنە بىر
ىمۇ كېسىۋالدى. بۇ قېتىم قاتىل تېپىرلاپمۇ قويمـ
— ئۆلدىمۇ نېمە بۇ مۇرتەت، — دېدى سوپى قور

لاپ چۈشۈشكە باشلىدى.
— بولدى قىلىڭلار، ئۆلۈپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى ئى-
شان. سوپىلار ئۇرۇشتىن توختىدى.
يۈز - كۆزلىرى كۆكىرىپ، ئىششىپ كەتكەن قاتىل يەنىلا
زۇۋانسىز ئىدى.
— گەپ قىلە، سېنى كىمنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى دەپ بەرسەڭلا
تاياقتىن قۇتۇلۇپ قالىسەن، — دېدى ئىشان.
— مەندىن گەپ ئالىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىلا، — دېدى
قاتىل بىردىنلا زۇۋانغا كېلىپ، — مەن بۇنچىلىك ئازابقا چىدى-
مىسام، پىچاق كۆتۈرۈپ باغلىرىغا چۈشمىگەن بولاتتىم. ھەقىقە-
تەن تۇلكىدىنمۇ قۇۋ ئادەم ئىكەنلا، مەخدۇمزادە، ئالدانغىنىمغا
ئىقرارمەن، ئەمدى مېنى نېمە قىلسىلا ئىختىيارلىرى.
— ئۆلۈپلا قۇتۇلۇشۇپ كېتىمەن دەپ خام خىيال ئەيلە-
مە، — دېدى مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان چىشلىرىنى
غۇچۇرلىتىپ، — سېنىڭ زۇۋانىڭنى ئاچالايدىغان چارەم بار، —
ئىشان سوپى چوماقچىلىرىغا قاراپ ۋارقىرىدى، — كېلىڭلار بۇ
مۇرتەتنى ئاختا قىلىپ تاشلاڭلار.
قاتىل دىڭگىدە چۆچۈدى - دە، يەنە دەرھال ئاۋۋالقى خاتىر-
جەم قىياپىتىگە قايتىپ، كۆزىنى يۇمۇۋالدى.
سوپىلار چەمبەرچاس باغلانغان قاتىلنى سۇپىغا ياتقۇزۇپ،
ئىشتىنىنى پۇتۇنلەي سالدۇرۇۋەتتى. بىر پۇتىغا ئىككىدىن ئادەم
مەھكەم ئېسىلغىنىچە چېتىنى كەردى. ئۇنىڭغىچە نەدىندۇر بىر-
تال ئۇستىرىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن رەجەپ دەرۋىش بېشىنى گىل-
دىڭلاتقىنىچە قاتىلنىڭ ئۇرۇقدىنىنى سول قولى بىلەن تۇۋۇد-
دىن قاماللاپ تۇتتى - دە، زەرب بىلەن تارتتى. خوۋەينى ئۇرۇك-
تەك چوڭلۇقتىكى ئىككى تال ئۇرۇقدان رەجەپ دەرۋىشنىڭ باش-
مالتىقى بىلەن بىگىز قولىنىڭ ئارىلىقىدا قىسىلىپ، سىرتقا
پۇلتىيىپ چىقتى. قاتىل ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي ئىڭرىۋەتتى.

مۇستەھكەم سوقۇلغان ئوردا سېپىلىنىڭ ئۈستىدە ئىككى سەپ تىزىلغان لەشكەرلەر قورال - ياراغلىرى بىلەن بىر - بىرىگە پۈتلاشماي ئۇياقتىن - بۇياققا بىمالال يۈگۈرەپ ماڭالايتتى. سېپىلنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئادەمنىڭ بېلىگە كەلگۈدەك تام سوقۇلغانىدى. لەشكەرلەر ھەرقانچە تېز يۈگۈرسىمۇ، يىقىلىپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىلمىسىمۇ بولاتتى. سېپىل ئۈستىگە قوپۇرۇلغان ئاشۇ بەل بويى ئېگىزلىكتىكى تامغا ماڭدامدا بىردىن قوختا ياسالغان بولۇپ، لەشكەرلەر ئاشۇ قوختىلاردىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ تۇرۇپ، ياۋغا بىمالال مىلتىق، ئوقيا ئېتىپ زەربە بېرەلەيتتى. سېپىل ئۈستىگە ھەر يۈز ماڭدام ئارىلىقتا بىردىن قۇببە شەكىللىك مۇنار ياسالغان بولۇپ، ئوردا قاراۋۇللىرى بۇ مۇناردىن ھەم كۆزەتچىلىك قىلاتتى ھەم يامغۇر - يېشىن، قار- بوراندىن دالدىلىناتتى.

ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرلەشكەرلىكىگە تەيىنلەنگەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قىرىق نەپەر خاس جانباز قىزنىڭ ھەمراھلىقىدا، پات - پات ئوردىنىڭ كېچىلىك مۇھاپىزىتىنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ ئالدىدىمۇ كۆڭلىدىن نېمە كەچسە شۇنى دېيەلەيدىغان، جەڭبازلىق ، بولۇپمۇ ئوقيا ئېتىش ماھارىتى ئالاھىدە يۇقىرى بۇ مەلىكىنى ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىدىكى بارلىق سەركەردە - سەرۋازلار ئالاھىدە ھۆرمەتلەيتتى، كىچىككىنە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشتىنمۇ ئېھتىيات قىلاتتى. چۈنكى، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قول ئاستىدىكى ھەربىر ياساۋۇل - لەشكەرلەرنى خۇددى ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىدەك كۆرۈپ، بىر - بىرىنى بوزەك قىلىشىغا يول قويمايتتى، ھال - ئەھۋالىغا يېتىپ، ئەرز - دادىنى تىڭشايتتى. ئەمما، قىلچىلىك سەۋەنلىك سېزىلسا رەھىم قىلماي جازالايتتى.

يېقىندىن بېرى ئاستانىدە ۋە باشقا يۇرتلاردا يۈز بەرگەن سۇلۇك ماجىرالىرىدىن كېيىن، ئوردا مۇھاپىزىتىنى قاتتىق

بىرى قاتىلنىڭ يۈزىگە مەشئەلنى يېقىن ئەكېلىپ.

قاتىل ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەنىدى.

— يۈزىگە سۇ چېچىڭلار، — دېدى رەجەپ دەرۋىش بارماقلىرىدىكى قان يۇقىنى بەلۋېغىغا سۈرتۈپ تۇرۇپ.

سوپى خىزمەتكار بىر نوگاي سۇنى قاتىلنىڭ يۈزىگە چاچتى. قاتىل ئاستا - ئاستا ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى - دە، بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن تۈكۈردى. شۇ ھامان ئۇنىڭ ئاغزىدىن قىپقىزىل قان پۈركۈلۈپ چىقتى. قان بىلەن بىللە بىر تال قاقتەك گۆشى جاۋغىيىدا ساڭگىلاپ قالدى. قاتىل ئېچىنىشلىق بىر ئىڭرىدى - دە، يەنە ھوشىدىن كەتتى.

— تىلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋاپتۇ بۇ مۇرتەت، — دېدى مەشئەلنى قاتىلنىڭ يۈزىگە يېقىن تۇتقان سوپى خىزمەتكار قاتتىق چۆچۈپ.

— بوغۇزلاپ تاشلاڭلار، — دېدى قاتىلنى زۇۋانغا كەلتۈرۈش ئۈمىدى يوققا چىققان مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان تېرىككەن ھالدا.

— ئەتتەڭ، بۇ دوزىخنىڭ جېنى ئەجەب چىڭكىنا. خوجىسىنىڭ كىملىكىنى بىلەلمىدۇق - دە، — دېدى رەجەپ دەرۋىش.

— كىم بولاتتى، ئاشۇ مۇلھىد نامۇسۇلمان ھىدايىتۇللا دېگەن توڭگۇز بولمامدۇ، — دېدى ئىشان بوغۇلغان ھالدا، — مېنى جەننەتماكان پەدەرى بۇزرۇكۇم ۋەلىيۇللا ھەزرەتلىرى بۇ قەستتىن ساقلاپ قالدى، خەپ، ھىدايىتۇللا، قەست قىلىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ساڭىمۇ كۆرسەتمەيدىغان بولسام.

## 3

ئاستانە سېپىلىدىن قېلىشمىغۇدەك ئېگىز، ھەيۋەتلىك،

كىشىلەرنى راست سۆزلەشكە، راست سۆزدىن ئىبارەت بۇ گۆھەرنى قەدىرلەشكە چاقىرىق قىلىنغان تۆۋەندىكى ئابزاسقا كۆز يۈگۈرتتى:

«... راست گەپ ئەتىۋا، ياخشى سۆز قىسقا بولىدۇ.

... سۆزكى گۈزەللىك جەھەتتىن زىننەتلىك ئەمەستۇر.

ئۇنىڭغا چىنلىق كۆركى بەستۇر. يالغانچىنىڭ سۆزى قانچىكى گۈزەلدۇر، سۆزىدە قەبىھلىك شۇنچىكى تۈگەلدۇر. راست سۆز قانچىكى تۈز ئېيتىلىپتۇر، ئۇنىڭ ساددىلىقىدىن ئىشەنچكە گۇمان يوقتۇر. گۈلگە يىرتىق كىيىمدىن نېمە زىيان، گۆھەرگە كۆرۈمسىز سەدەپتىن نېمە نۇقسان؟! ... كىمنىڭ سۆزى راست ئەمەس، راستچىللار كۆڭلىگە ماس ئەمەس. يالغانچى سۆزىنى بىر - ئىككى قېتىم ئۆتكۈزگەي، باشقا نېمە قىلالىغاي؟!

يالغىنى ئاشكارا بولغاندىن كېيىن رەسۋا بولغاي... راست سۆزنى يالغانغا چۇلغىما، راست سۆزلۈك تىلنى يالغان بىلەن بۇلغىما. يالغانچى كىشى ئەمەس، يالغان سۆزلەمەك ھەقىقىي ئادەملەر ئىشى ئەمەس. يالغان سۆز سۆزلىگۈچىنى ئېتىبارسىز قىلۇر، گۆھەرنى ساپالدەك خار قىلۇر. كىمكى يالغان سۆزنى راست سۆزگە قاتار، قىممەتباھا مەرۋايىتنى نىجاسەتكە ئاتار...»

شۇ دەقىقىدە ھويلىدا ئاڭلانغان ۋەھىملىك بىر چىرقىرىغان ئاۋاز كىتابقا بېرىلىپ كەتكەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ دىققىتىنى چالغىتتى. مەلىكە كىتابتىن بېشىنى كۆتۈردى -دە، كىتابنى ئېچىقلىق پېتى رەھىل ئۈستىدە تاشلاپ قويۇپ تامغا ئېسىقلىق ئەگمە قىلىچنى غىلاپتىن سۇغۇرۇۋېلىپ سىرتقا يۈگۈردى.

چىڭگىتقان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بىر قاتار ئېھتىيات تەدبىرلە-
رىنى يولغا قويدى. ئۆزى كېچىلىك تەكشۈرۈشكە چىقالمىغان
ۋاقىتلاردا ئورۇنباسار سەركەردە ياكى مۇھاپىزەتچى قوشۇننىڭ
ياتىشبېگىنى تەكشۈرۈشكە چىقارتىپ، ئۇلاردىن بىر قېتىم مەلۇ-
مات ئائلىمىغۇچە ئۇخلىمايتتى.

مانا بۇگۈنمۇ ئۇ كېچىلىك تەكشۈرۈشكە چىقىپ كەتكەن
ياتىشبېگىنىڭ ئەھۋال مەلۇم قىلىپ كېلىشىنى ساقلىغاچ ئەلى-
شىر نەۋائىنىڭ «مەھبۇبۇل - قۇلۇب»[①] ناملىق كىتابىنى شام
يورۇقىدا ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئا-
خىرقى مەزگىللىرىدە يازغان بۇ كاتتا ئەسىرىدىكى مول ھايات
تەجرىبىلىرى ۋە بىلىملىرىنىڭ يەكۈنى، زور ئىجتىمائىي مەسى-
لىلەر ھەققىدە يۈرگۈزگەن پەلسەپىۋى ھۆكۈملىرى مەلىكە مۆھ-
تەرەم خېنىمنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي رام قىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭغا بۇ
شاھانە ئەسەر ھەر قېتىم يېڭى تۇيۇلاتتى.

شۇڭا، بۇ ئەسەردىكى بىر قىسىم رۇبائىيلار، مەسنەۋىلەر
ئۇنىڭغا يادا ئىدى. ئۇ يالغۇز قالغان چاغلىرىدا بۇ ئەسەرنى
ئوقۇغاچ تەپەككۇر ئالىمىگە ئەسىر بولاتتى. بىر قىسىم مۇلاھى-
زە، نەسىھەتلەرنى تەكرار - تەكرار ئوقۇيتتى. دەسلەپتە ئىچىدە
ئوقۇيتتى، كېيىن ئاۋازى ئىختىيارسىز يۇقىرىلاپ كېتەتتى:

ئەرەنلەر خىزمەتىدىن چەگمەگىل باش،
ئەگەر باشىڭغە گەردۇندىن ياغار تاش.
گەر ئول تاشلار بىلەن باشىڭ ئۇشالغاي،
سائادەت خەتتىدۇر گەر زەخمى قالغاي[②].

① «مەھبۇبۇل - قۇلۇب» — «كۆڭۈللەر سۆيگىنى».

② كىشىلەر خىزمىتىدىن تارتمىغىن باش،
پەلەكتىن ياغسىمۇ باشىڭغا گەر تاش.
ئەگەر شۇ تاش بىلەن بېشىڭ يېرىلسا،
بەختىڭ بەلگۈسى دەپ بىل تاتۇغى قالسا.

— كىمنىڭ ئۆچ ـ ئاداۋىتى بار بولغىيتى.

— رەھمەتلىك ئەجەب ياۋاش قىز ئىدى.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئايىنىيازخاننىڭ ئاغزىغا قولىنى يېقىن ئەكېلىپ، ئالىلقاچان نەپەستىن قالغانلىقىنى بىلدى ـ دە، غەزەپتىن تىترەپ كەتتى ۋە شۇئان كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى.

— بىرنەچچىڭلار ئايىنىيازخاننى ھۇجرىغا ئەكىرىڭلار، — دېدى مەلىكە قىزلارغا قاراپ، — قالغانلىرىڭلار مەن بىلەن يۈرۈڭلار.

ئۇلار قەسرىنىڭ ئالدىغا ئون نەچچە لەشكەر بىلەن پالاقلاپ كەلگەن ياتىشبېگى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— مەلۇم بولغاي، — دېدى ياتىشبېگى جىددىي قىياپەتتە قول باغلاپ تۇرۇپ، — قاراۋۇللار سېپىلغا يامىشىپ خۇپيانە سىرتقا چىقماقچى بولغان بىر ئادەمنى تۇتۇۋاپتۇ، تۇرقىدىن ئوردا مەھرەملىرىدەك قىلمايدۇ...

— قېنى ئۇ مەلئۇن؟ — سورىدى مەلىكە ياتىشبېگىنىڭ گېپىنىڭ داۋامىنى كۈتمەيلا.

— قاماپ قويدۇق.

— يۈرۈڭلار، — دېدى مەلىكە.

ياتىشبېگى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ غەزەپلىك ئەلپازىنى كۆرۈپ، نۆكەر قىزلارنىڭ چىرايىدىكى ئەنسىزچىلىكتىن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىدى. ئۇلار ئوردا سېپىلىگە يانداش سېلىنغان لەشكەرگاھقا يېتىپ كەلدى.

— ئاچقىڭلار ئول مەلئۇننى، — دېدى مەلىكە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ. خىزمەتكار قىزنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى مەلىكىنى قاتتىق غەزەپلەندۈرگەنىدى.

چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان ياتىشبېگى ساراسىمىگە چۈشكەن ھالدا مەلىكىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— مەلۇم بولغاي... ھېلىقى... ھېلىقى...

ئۈنىڭغىچە مەلىكىنىڭ خاس جانباز قىز نۆكەرلىرىمۇ ھويلىغا چىقىپ بولغانىدى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — سورىدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قىزلارغا قاراپ.

— تازا ئاڭقىرالمىدۇق، سەركەردەم، — دېدى نۆكەر بېشى قارىمۇتۇق جانباز قىز. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قول ئاستىدىكى بارلىق نۆكەر، سەركەردە - لەشكەرلەرنى ئۆزىنى مەلىكەم دېمەي، سەركەردەم دەپ ئاتاشقا كۆندۈرگەنىدى.

— ئەتراپنى ئاختۇرۇڭلار، — دەپ ئەمر قىلدى مەلىكە.

ھاۋا تۇتۇق بولۇپ ئەتراپ قازان كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ ئىدى. نۆكەر قىزلار شام - مەشئەللەرنى ياندۇرۇپ قەسىرنىڭ ئىچىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

— بۇ يەردە بىرى ياتىدۇ، — دەپ توۋلىدى قىزلارنىڭ بىرى.

ھەممەيلەن دۇررىدە شۇ يەرگە يۈگۈردى. قىزلار شۇنداقلا قاراپ قاتتىق چۆچۈشتى. چۈنكى، يەردە كۆكرىكىگە خەنجەر تىقىلغان بىر قىز قانغا بويالغان ھالەتتە ياتاتتى.

نۆكەر قىزلار مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ قاتتىق تەلەپ قويۇپ مەشىقلەندۈرۈشى بىلەن جانبازلىقنى پۇختا ئىگىلىگەن، يېگىتلەرگە خاس قورقۇمسىزلىق يېتىلدۈرگەن بولسىمۇ، جەسەت بىلەن قاننى كۆرگەندە، بىر قىسىم قىزلارنى يەنىلا سۈر باستى.

— بۇ ئاينىيازخان ئىكەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى نۆكەر بېشى قىز، قانغا مىلىنىپ ياتقان قىزنىڭ يۈزىنى توسۇۋالغان روملىنى قايرىپ.

بۇ قىز راستتىنلا مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قەسرىنىڭ خاس خىزمەتكارلىرىدىن بىرى ئىدى. قىزلار ھەمشىرىسىنىڭ ئېچىنىشلىق تۈرقىنى كۆرۈپ ئاھ ئۇرۇشتى.

— قايسى نائەھلىنىڭ ئىشىدۇر بۇ.

نەچچە يۈزلىگەن سوپى ـ دەرۋىشلەر ۋە ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغان تاۋاپچى، زىيارەتچىلەر بىلەن قىزىپ كەتكەنىدى. ئۆيدەك يوغانلىقتىكى تۆت دانە داش قازان كۈن بويى توختىماي قايناپ تۇراتتى. تەييار ئاشقا كۆنۈپ قالغان ھارام تاماق سوپىلار، دەرۋىشلەر، ھۇرۇن ـ تېجىمەل بىكارچىلار، ئەبگار دىۋانە ـ قەلەندەرلەر بىكار تاماقنى يەپ، خۇشياقسا ھەلقە ـ سۆھبەت قۇرۇپ، جەررە ـ ساما قىزىتىپ، خۇشياقمىسا ھەزرەت خانىقاسى ئالدىدىكى مەيداندا، شەربەتكۆلنىڭ ئەتراپىدىكى سۆگەتلەرنىڭ سايىسىدە ئەسنەپ يېتىپ بەدەنلىرىدىكى پىت ـ بۈرگە، سىركىلەرنى سەمىرىتىشەتتى.

خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ھەزرەت بېغىدىكى تال باراڭنىڭ سايىسىدىكى سۇپىغا قوشلاپ سېلىنغان مەخمەل كۆرپىنىڭ ئۈستىدە پەي ياستۇققا يۆلەنگىنىچە يانپاشلاپ ياتاتتى. ياش سوپى خىزمەتكارنىڭ بىرى ئىشاننىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرۇپ غاز پېيىدە ياسالغان يەلپۈگۈچ بىلەن ئىشاننى توختىماي يەلپۈيتتى. يەنە بىر خىزمەتكار ئىشاننىڭ پۇتىنى يۇمشاق مۇجۇپ تۇتۇۋاتاتتى. سۇپىدىكى پاكار شىرە ئۈستىدە بەشكېرەمدىكى مۇرىتلىرى كىرگۈزگەن ۋىل ـ ۋىل قىلىپ پىشقان ئاق ئۆرۈك ۋە پىچقىلىق قوغۇن تۇراتتى. ئىشان كۆزىنى يېرىم يۇمغىنىچە ئاللىقانداق خىياللارغا غەرق بولغانىدى.

شۇ ئەسنادا پايپاسلاپ ماڭغىنىچە باغقا كىرىپ كەلگەن موللا ساقى خەلپە سۇپىنىڭ تۆۋىگە كېلىپ ئىشانغا سالام بەردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، نېمەتلىك پىرىم.

— خوش، — دېدى ئىشان كۆزىنى ئېچىپ، بېشىنى خۇشياقمىغان ھالدا كۆتۈرۈپ.

— ئەتىگەندىن بېرى خانىقاغا يوچۇنلا ئىككى ساياق پەيدا بولۇپ قالدى.

بۇ خەۋەر ئىشاننىڭ دىققىتىنى تارتتى، سېمىز گەۋدىسىنى

لاغ ـ لاغ تىترەپ تۇرغان ياتىشىپگىنىنىڭ زۇۋانى گەپكە كەلمىدى.

— تىللىرىنى چاينىماي گەپ قىلسىلا...

— ئۆل ... مەلئۇن... ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ. لەشكەرلەر سولاپ... ئىشىكنىڭ سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قويغانىكەن... يېنىدىكى خەنجىرى بىلەن ئۆزىنى بوغۇزلىۋاپتۇ...

— نېمە ئۆزىنى بوغۇزلىۋاپتۇ؟

مەلىكىنىڭ قەھر ـ غەزەپكە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ياتىشىپگى بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەن ئەگدى.

چوڭ بىر سۇيىقەستنىڭ يىپ ئۇچى شۇنىڭ بىلەن پۇتۇنلەي يوقالغانىدى.

## 4

سېھرىي ئەپسۇنلىرى پۇتۇلگەن مەكتۇپلىرى بىلەن سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىپ، ياغلىما سۆزلىرى بىلەن قەشقەر ئەمىرى مىرزا ھەيدەر دوغلاتنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان قەشقەردە سۇلۇكى ئىشقىيە تەرغىباتىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېلىپ بېرىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ ھازىرقى دەبدەبىسى ئەينى ۋاقىتتا شاھزادە يولۋاسخان زامانىسىدىكىدىن قېلىشمايتتى.

بىرەر ـ ئىككى يۈز سوپى ـ دەرۋىشنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاق ئارغىماقـقا مىنىپ قەشقەر شەھىرىگە خـالىغانـچە كىرىپ ـ چىقالايتتى.

سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ جـەررە ـ سـامـالىرى قەشقەرنىڭ كوچا ـ رەستىلىرىدە ھەيۋەتلىك گۈرۈلدەيتتى. بىر مەزگىل چۆلدەرەپ قالغان ھەزرەت خانىقـاسى قايتىدىن ئاۋاتلىشىپ،

— تېخىچە خەۋەر يوق، پىرىم، — دېدى موللا ساقى شىرە-دىكى ئۆرۈك - قوغۇنغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراپ قويۇپ، — ئەجەب كېچىكىپ كەتتىغۇ ئۇلار، قايتىپ كېلىدىغان قەرەلى يەتتى بولمىسا.

— ئول قارا مۇسۇلمان مەخدۇمزادىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانمىدۇر، يا؟

موللا ساقى خەلپە بۇ سوئالغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي كۆزىنى چىمچىقلاتتى.

— ئەتىگىچە ساقلاپ باقايلى، — دېدى ئىشان خەلپىدىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن، — يەنە خەۋىرى بولمىسا ئاستانىگە تىڭتىڭچى ماڭغاي.

— خوش، — دېدى موللا ساقى خەلپە.

ئېغىر ئەلياتقۇ مەھەل. ھەزرەت خانىقاسىدىن كۆتۈرۈلگەن جەررە - ساما سادالىرى ھەيۋەتلىك گۈرۈلدەپ ئىشان قەسرىنىڭ ئىشىك - پەنجىرىلىرىدىن كىرىپ، بۇلۇڭ - بۇلۇڭغا تارقىلاتتى. ھېلىقى يوچۇن تاۋاپچىدىن ئېھتىيات قىلغان ھىدايىتۇللا ئىشان بۈگۈن باغدىكى سالقىن سۇپىدا ئۇخلاشتىن ۋاز كېچىپ خابگاھىغا كىرىپ ياتقانىدى. گەرچە ئىككى سوپى خىزمەتكارى ئۇنى توختىماي يەلپۈپ تۇرسىمۇ ئۆي ئىچى تولىمۇ دىمىق ئىدى. ئىسسىقتا ئۇخلىيالماي قىينىلىپ تۇرغان ئىشاننىڭ قۇلىقىغا خانىقادىن كۆتۈرۈلگەن جەررە - ساما سادالىرى كىرىۋېلىپ ئارامىنى بۇزۇ-ۋەتكەنىدى. ئىشان جىلە بولۇپ ئۇ ياندىن - بۇيانغا توختىماي ئۆرۈلەتتى. بۇ جەررە - سامانىڭ تېزرەك تامام بولۇشىنى تىلەيت-تى. ئەمما، ئۇ ھەر قانچە قىينالسىمۇ بۇ جەررە - سامانى توختىتىشقا بۇيرۇق بېرەلمەيتتى. چۈنكى، مۇشۇ ھەلقە - سۆھ-بەت، جەررە - ساما ئارقىلىق ئاشۇ بىر توپ كىشىلەرنى خانىقاغا جەلپ قىلىپ، ئەتراپىغا نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرا-لايدىغانلىقىنى ئىشان ئوبدان بىلەتتى. ھەر ئاخشىمى ھەلقە -

پەي ياستۇقىدىن كۆتۈرۈپ ئۆرە بولدى.

— ئۇل ساياقلار نەدىن كەپتۇ؟ — دېدى ئىشان قىزىقىپ.

— شەھىدانە خوتەندىن جەننەتماكان مازار پادىشاھى ھەزرىتىمىنىڭ[①] توغ - شەددىلىرىنى قېقىپ، مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلدۇق دېيىشىدۇ. ئەمما تۇرقى تولىمۇ يوچۇن، گەپ - سۆزلىرىدىن قارىغاندا خوتەنلىكتەك قىلمايدۇ.

— ئۇل ساياقلار ھازىر نېمە ئىش قىلىشىۋاتىدۇ؟

— ھەلقە - سۆھبەتكە داخىل بولمىدى. قورسىقىنى تويدۇرۇۋالغاندىن كېيىن بىرى كۆلنىڭ بويىدىكى سۆگەتنىڭ سايىسىدە باش كۆتۈرمەي ئۇخلاۋاتىدۇ.

— كۈندۈزى ئۇخلىغان ئادەم كېچىسى ئۇخلىمايدۇ، — دېدى ئىشان ئويلانغان ھالدا، — ھىجابۇل غەيىبلەردىن ئىككىسى ئۇلارغا كۆز - قۇلاق بولسۇن. قالغانلار خابگاھىمىنىڭ[②] ئەتراپىنى ئوبدانراق قورۇقدىسۇن. قىلچىلىك بىخەستەلىك كۆرۈلمىسۇن.

شۇ كۈنلەردە ھىدايىتۇللا ئىشان تولىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ كەتكەنىدى.

ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان خۇپىيەلىرى، پايلاقچىلىرى ھەزرەتكە كېلىپ - كېتىپ تۇرغان تاۋاپچى، زىيارەتچىلەرنى يوشۇرۇن پايلايتتى. ئىش - ھەرىكەت، گەپ - سۆزلىرىنى كۆزىتەتتى. قىلچىلىك گۇمانلىق ئەھۋال سەزسە ئۇدۇل ئىشانغا مەلۇم قىلاتتى.

بولۇپمۇ ياقا - يۇرتتىن كەلگەن ناتونۇش كىشىلەردىن كۆپرەك ئېھتىيات قىلىشاتتى.

— ئاستانىگە كەتكەن ھىجابۇل غەيىبلەردىن خەۋەر بارمۇ؟ — سورىدى ئىشان.

---

① ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ دادىسى خوجا مۇھەممەديۈسۈپ ئىشاننىڭ مازىرىنى دېمەكچى.
② خابگاھ — ئىشاننىڭ كېچىلىك ھۇجرىسى.

بۇ جەررە ـ ساما سادالىرىدىن زېرىكىپ كۆزىگە ئۇيقۇ كەل-تۈرەلمىگەن ئىشان توختىماي ئۆرۈلەتتى. ئىشاننى يەلپۈپ ئۇخ-لىتالماي ھالىدىن كەتكەن ئىككى سوپى خىزمەتكار پات ـ پات مۈگدەيتتى. خانىقادىن كۆتۈرۈلگەن جەررە ـ ساما ساداسى ئىشان قەسرىگە خۇددى كەلكۈندەك بېسىپ كىرەتتى.

خانىقادىكى ھەلقە ـ سۆھبەت سورۇنىدىن غىپپىدە يېنىپ چىققان يوچۇن ئىككى ئادەم ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قاراشتى ـ دە، سەللىلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن يۈزىنى ئوراپ، قويۇنلىرىغا سېلىۋال-غان يوغان خەنجەرنى قوللىرىغا ئېلىپ، ئىشان قەسرىنىڭ يان تەرىپىدىكى باغقا قاراپ شامالدەك تېزلىك بىلەن يۈگۈردى. باغ-نىڭ ئېگىز قورۇق تېمىدىن چاققانلىق بىلەن ئارتىلىپ چۈشۈپ، ئىشان قەسرى تەرەپكە ئىلگىرىلىدى. باغنىڭ ئىشان قەسرىگە كىرىپ ـ چىقىدىغان ئىشىكى تاقاقلىق ئىدى. ئۇلار تام تۈۋىدىكى ئۆرۈككە چىقتى ـ دە، ئۆرۈك شاخلىرىدىن مايمۇندەك چاققانلىق بىلەن سەكرەپ تام ئۈستىگە چىقىۋالدى. تامغا مىنىپ تۇرۇپ قەسىر ئىچىنى بىردەم تىڭشىدى. قەسىر ئىچىدىكى بارلىق ئۆي-لەرنىڭ چىراغلىرى پۈتۈنلەي ئۆچكەن بولۇپ، خىزمەتكارلارمۇ ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇلار تامدىن سىيرىلىپ پەسكە چۈشتى، پۈتلىرى ئەمدىلا يەرگە تېگىپ تۇرۇشىغا خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك پەيدا بولغان ئون نەچچە گەۋدە ئۇلارغا بىراقلا تاشلاندى. قىسقىغىنە شىددەتلىك ئېلىشىشتىن كېيىن ئۇ ئىككە-سى پۈتۈنلەي باش ئەگدۈرۈلدى.

ئۇنىڭغىچە مەشئەللەر يېقىلىپ ئىشان قەسرى يورۇپ كەتتى.

— يان سارايغا ئاچىقىپ تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇڭلاربۇ مۇل-ھىدلەرنى، — دېدى موللا ساقى خەلپە ھەمراھلىرىغا قاراپ، — مەن ئىشان پىرىمغا خەۋەر قىلاي.

سۆھبەتتىن خېلى بۇرۇنلا پارىغ بولىدىغان سوپى - دەرۋىشلەر بۈگۈن خۇددى ھىدايىتۇللا ئىشان بىلەن قېرىشىۋاتقاندەك توختاش تۈگۈل بارغانسېرى قىزىپ كەتكەنىدى. ھاپىزلار بىرى ھېرىپ قالسا، بىرى ئۇلاپ ھۆكمەت ئوقۇيتتى.

تەرىقەتكە سىياسەتلىغ مۇرشىد كېرەك،
ئول مۇرشىدقا ئېتىقادلىق مۇرىد كېرەك،
خىزمەت قىلىپ پىر رىزاسىن تاپماق كېرەك،
مۇنداق ئاشىق ئۇلۇشلەرىن ئالار ئەرمىش.
ھۆم ئاللاھ ھۆم - ھۆم!
ھۇۋۋى ئاللا ھۆم؟

پىر رىزاسى ھەق رىزاسى بولۇر دوستلار،
ھەقتائاللا رەھمەتىدىن ئالۇر دوستلار،
رىيازەتتە سىر سۆزىنى بىلۇر دوستلار،
ئانداق قۇللار ھەققە ياۋۇق[1]بولار ئەرمىش.
ھۆم ئاللاھ ھۆم - ھۆم!
ھۇۋۋى ئاللاھ ھۆم!

ئانداق ئىشان پەيدا بولسا جانىڭ بەرگىل،
ھەربىر باسقان ئىزلارىنى كۆزگە سۇرگىل.
پىرى كامىل مۇكەممەلدۇر بى شەك بىلگىل،
كىنلەرەۋلەر پىر قەدرىنى بىلگەن يوق[2].
ھۆم ئاللاھ، ھۆم - ھۆم!
ھۇۋى ئاللاھ ھۆم !
......

---

① ياۋۇق — يېقىن.
② يۇقىرىقىلار كلاسسىك شائىر ئەخمەت يەسەۋىينىڭ شېئىرى.

— ھەرقانچە بولسىمۇ بىر ـ ئىككى مۇشت ـ پەشۋاغا بۇنچە ئاسان ئۆلۈپ قالماس، — دېدى موللا نەقى ۋە يەردىكى ناسۋال قاپىقىنى ئېلىپ، يۇراپ بېقىپ چۆچۈپ كەتتى، — ئاپلا، زەھەر ئىچىۋاپتۇ ئەمەسمۇ بۇ جوھۇت.

— ياخشىراق قارىسىلا بولمامدۇ، خەلپەم، — دېدى موللا ساقى تاپا قىلىپ، ئۇ تۇۋرۇككە مەھكەم تېڭىلغان چوقۇر يۈزگە كۆز يۈگۈرتۈپ ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ ئالدىغا قول باغلاپ كەلدى، — بۇ مۇرتەتلەرنىڭ بىرى ئۆلگەن بولسىمۇ يەنە بىرى ھايات ئىكەن. سوراق قىلىپ كۆرگەيلا، پىرىم.

— ئەي بەختى قارا بەندە، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان يىلاننىڭكىدەك سۇرلۇك كۆزلىرىنى چوقۇر يۈزگە تىكىپ تۇ-رۇپ، — پىرىم كېچىدە تام ئاتلاپ بۇ مۇقەددەس قەسىرى مۇبا-رەككە خۇپىيانە چۇشۇشۇڭنىڭ بائىسىنى سۆزلە.

چوقۇر يۈزنىڭ كانىيى تۇۋرۇككە مەھكەم باغلانغانلىقى ئۇ-چۇن نەپەس ئالالماي خارتىلداپ قالغانىدى:

— ئۇ... ئى... ئى... ، ـ دەپ ئىنجىقلىغىنىچە زوۋان سۇرەل-مىدى.

— باغلاقنى بىرئاز بوشىتىڭلار، — دېدى ئىشان.

باغلاقتىن بىرئاز بوشانغان چوقۇر يۈز كۆكرىكىنى تولدۇ-رۇپ، تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى.

— ئىشان پىرىمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەر، — دەپ ۋارقىرى-دى موللا ساقى خەلپە.

— ئىشان بۇزرۇكۋارنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئېرىخ ماللى-رىدىن ئازراق ئالايلى دەپ ئوغرىلىققا چۈشكەندۇق، — دېدى چوقۇر يۈز ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا.

— يالغان سۆزلىمە، ئى قارا كۆڭۈل بەندە، — دېدى ئىشان، چوقۇر يۈزنىڭ جاۋابىغا قايىل بولماي، — راست سۆزلى-سەڭ ئازابتىن خالاس بولىسەن، جاھىللىق قىلساڭ يارانلىرىمىز-

ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ قورۇقچىلىرى ئىككى يوچۇن ئادەمنى قەسىرنىڭ دەرۋازىسى تۈۋىدىكى سارايغا ئەكىرىپ تۈۋرۈككە باغلاشقا تۇتۇندى. شۇ ئارىلىقتا يوچۇن ئادەمنىڭ بىرى قويىنىدىن چاققانلىق بىلەن بىر خەنجەرنى ئالدى-دە، يېنىدىكى بەستلىك يىگىتنىڭ كۆكرىكىگە تىقىۋەتتى. ھوشىنى تاپقان قورۇقچىلاردىن بىرنەچچىسى قارىمۇتۇق يۈزىدە تۈكۈچ سالغاندەك چوقۇرى بار يەنە بىر يوچۇن ئادەمنى تۈۋرۈككە مەھكەم تېڭىۋەتتى. قالغانلىرى قولىغا خەنجەر ئېلىۋالغان كەكە ساقالنى بۇلۇڭغا قاپسىۋالدى.

— قايسىڭ كېلىشسەڭ ئۆلىسەن، — دېدى كەكە ساقاللىق.

— ياۋاشلىق بىلەن پىچاقنى تاشلا، — دېدى موللا نەقى خەلىپە ھەيۋە قىلىپ، — بەربىر قولىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن. ھايات قالاي دېسەڭ قارشىلاشما.

كەكە ساقاللىق ئۆزىگە قەدەممۇ قەدەم قىستاپ كەلگەن يەتتە-سەككىز نەپەر بىر-بىرىدىن بەستلىك ئادەملەرگە شۇنداقلا نەزەر تاشلىدى-دە، ئۇلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، قويىنىدىن كىچىككىنە بىر ناسۋال قاپىقىنى ئالدى-دە، ئاغزىنى چاققانلىق بىلەن ئېچىپ، قاپاقتىكى نەرسىنى ئاغزىغا قۇيدى. ئۇنىڭغىچە موللا نەقىنىڭ ھەمراھلىرى ئېتىلىپ بېرىپ كەكە ساقاللىقنىڭ قولىدىكى خەنجىرىنى تارتىۋالدى-دە، ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپ-تېپىشكە باشلىدى.

— بولدى ئۇرماڭلار، ئىشان پىرىم كەلدى، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشاننى باشلاپ كەلگەن موللا ساقى.

قورۇقچىلار يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان كەكە ساقاللىقنى يۆلىدى. لېكىن، كەكە ساقاللىق پەقەتلا يەر دەسسىيەلمىدى. ئۇنىڭ ئاغزى-بۇرنىدىن ۋە قۇلىقىدىن قان ئېتىلىپ چىققانىدى.

— ئۆلگەن ئوخشامدۇ بۇ ئەبگار، — دېدى موللا ساقى.

لىق داد - پەريادىغا جور بولاتتى.
— دەمسەن، دېمەمسەن؟ — دەپ ۋارقىرايتتى موللا ساقى خەلپە چوقۇر يۈزنىڭ تىرنىقىغا مىخ قېقىپ تۇرۇپ.
ئەنە شۇ يوسۇندا چوقۇر يۈزنىڭ ئون بارمىقىغا بىر قېتىمدىن مىخ قېقىلدى. چوقۇر يۈز بولسا داد - پەرياد كۆتۈرگىنىدىن باشقا پەقەتلا گەپ قىلمىدى. شۇنچىۋالا قىيناقنىڭ كار قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىشان غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغانىدى. موللا ساقى بىلەن موللا نەقى ئامالسىز قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئىشانغا قارىدى.
— قىل قىيناققا ئېلىڭلار بۇ مۇرتەتنى، نوچى بولسا زەبان سۈرمەي تۇرۇپ باقسۇن، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان غەزەپ بىلەن قول شىلتىپ.
شۇ ھامان ئىشاننىڭ قورۇقچىلىرى چوقۇر يۈزنىڭ ئىشتىنىنى سالدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئىككى پۇتىنى تىزىدىن تۈۋرۈككە مەھكەم تاڭدى. ئۇنىڭغىچە ئاتنىڭ ئىككى غېرىچ كەلگۈدەك قۇيرۇق قىلىنى ئاچقان موللا ساقى چاپارمەنلىرى ئارىسىدىكى جىنايەتچىلەرنى جازالاپ كۆڭۈل ئېچىشقا ئادەتلەنگەن، بويىنىدا چىلگىدەك پوقىقى بار، كوسا، بەستلىك كەلگەن قىرىق بەش - ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى سوپىغا قىلنى تەڭلەپ تۇرۇپ بۇيرۇدى:
— قېنى، سوپىم، بۇ مەلئۇننى زەبانغا كەلتۈرۈش ئۆزلىرىنىڭ كارامەتلىرىگە باغلىق بولۇپ قالدى.
پوقاق سوپى موللا ساقىنىڭ قولىدىن قىلنى ئېلىپ بىر ئۇچىنى ئوڭ قولىنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىغا يۆگەپ، يەنە بىر ئۇچىنى باش بارمىقى بىلەن بىگىز بارمىقىدا چىمداپ تۇتۇۋالدى - دە، سول قولى بىلەن چوقۇر يۈزنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان زەكىرىنى مەھكەم قاماللاپ تۇتۇپ، زەكەرنىڭ كۆزىگە قىلنى تىقىپ كىرگۈزۈشكە باشلىدى. چوقۇر يۈز ئاۋۋال تىپىرلىدى، كېيىن لەۋ-

نىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلالمايسەن. كۆرۈپ تۇرۇپسەن ئۇلار تاش ـ تۇپراقتىمۇ زەبان[1] كىرگۈزەلەيدۇ.

ئىشاننىڭ سۆزلىرى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە موللا نەقى قولىدىكى ئالتە ئۆرۈملۈك شىر قامچا بىلەن تاراسلىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. زەرب بىلەن ئۇرۇلغان قامچا چوقۇر يۈزنىڭ بەدەنلىرىنى تىلىۋەتتى.

— بۇنداق زۇلۇم سالمىسىلا، ئىشان خوجام، — دەپ يالۋۇردى چوقۇر يۈز، — راستىنىلا ئوغرىلىققا چۈشكەن، ئۇنىڭدىن باشقا مۇددىئايىم يوق.

— ئەمىسە شىرىكىڭ نېمىشقا زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى؟

— بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ، ئىشان خوجام.

— قويىنىنى ئاختۇرۇپ بېقىڭلار.

موللا نەقى چاچراپ بېرىپ چوقۇر يۈزنىڭ قويىنىنى ئاختۇردى. ئۇنىڭ قويىنىدىن بىر تال خەنجەر بىلەن شېرىكىنىڭكىگە ئوخشاش بىر تال ناسۋال قاپىقى چىقتى.

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى ئىشان ناسۋال قاپىقىنى كۆزى بىلەن ئىما قىلىپ.

چوقۇر يۈز لام ـ جىم دېمەي تۇرۇۋالدى.

— قېنى سەن تېجىمەلىنىڭ زۇۋانغا كەلمىگىنىڭنى بىر كۆرەي، — دېدى ئىشان غەزەپلىنىپ، — تىرنىقىغا مىخ قېقىڭلار.

موللا نەقى بىلەن موللا ساقى چاپارمەنلىرىگە بۇيرۇپ دەرھاللا جازا قوراللىرىنى تەييار قىلدى ـ دە، چوقۇر يۈزنىڭ توم ھەم ئۇزۇن بارماقلىرىنى ئايرىپ تۇرۇپ، تىرنىقىغا يوتقان يىڭنىسىدەك مىخلارنى قېقىشقا باشلىدى. چوقۇر يۈز بارمىقىغا قېقىلغان مىخ ئازابىغا چىدىماي دەھشەتلىك ناله قىلاتتى. ھەزرەت خانىقاسىدىن ئاڭلانغان جەررە ـ ساما سادالىرى ئۇنىڭ ئىچىنىش-

---

① زەبان — زۇۋان، تىل.

تۇتۇۋالدۇق.

— يەنە بىرىنچۇ؟

— يەنە بىرى قاراڭغۇلۇقتا كۆزىمىزدىن غايىب بولدى. تاڭ ئاتقۇچە ئىزدەپمۇ باغدىن ئۇنى تاپالمىدۇق.

— ھېلىقى تۇتۇۋالغان بىرىنچۇ؟

— ئۇ ئاغزى بەكمۇ چىڭ نېمىكەن. شۇنچە قىيناققىمۇ غىڭ قىلمىدى. ئاخىرى مەخدۇمزادىمىز ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىش ئۈچۈن ئاختا قىلىشقا بۇيرۇدى. رەجەپ دەرۋىش ئۇنى ئاختا قىلىپ تاشلىدى. ئەمما، ئۇ پەقەتلا ئېغىز ئاچمىدى، كېيىن بىلسەك تىلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالغانىكەن.

— كېيىن قانداق بولدى؟

— ئۇنى ئىشان پىرىمنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بوغۇزلىۋەتتۇق. پىر بۇزرۇكۋارىمىز بۇ خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ سۆيىقەستى دېدى ـ دە، ئۈچ ئېلىش ئۈچۈن، ئىشان ھەزرەتلىرىنى قەتلە قىلىشقا بايام زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان بۇرادىرىمىز بىلەن مېنى ئەۋەتكەنىدى.

— ئىككىڭلاردىن باشقا يەنە ئادەم بارمۇ؟ — سورىدى ئىشان.

— يوق، پەقەت ئىككىمىزلا، — دېدى چوقۇر يۈز ۋە ئىشانغا يېلىنىشقا باشلىدى، — مېنىڭ چۆچۈرىدەك يەتتە بالام بار. سىلىگە دەيدىغانىنىڭ ھەممىسىنى دەپ بەردىم، ئەمدى مېنى قويۇۋەتسىلە، ھەزرىتىم، باللىرىم يېتىم بولۇپ قالمىسۇن.

— خوتۇن ـ باللىرىڭ نەدە تۇرىدۇ؟ — سورىدى ئىشان نېمىنىدۇر خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ.

— پىر بۇزرۇكىمىزنىڭ ئاغىچىلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلغاچ مەخدۇمزادە قەسرىدە تىرىكچىلىك قىلىدۇ.

چوقۇر يۈزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ نېمىنىدۇر خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن ئىشان يەنە قايتۇرۇپ سورىدى:

لىرىنى مەھكەم چىشلەپ قانتىۋالدى. قىلىنىڭ ئىچكىرىلەپ كى-
رىشىگە ئەگىشىپ، ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي ۋارقىرىۋەتتى.
— گەپ قىلە، مۇرتەت، مۇددىئايىڭنى تېزرەك ئېيت دەي-
مەن،— دەيتتى پوقاق سوپى زەكەرنىڭ كۆزىگە تىققان قىلنى
بىردە تارتىپ، بىردە ئىتتىرىپ تۇرۇپ، بىردەمدىلا زەكەرنىڭ
كۆزىدىن جىرتىلداپ قان چىقىشقا باشلىدى. ئىنسان قېلىپىدىن
چىققـان بۇ دەھشەتلىك قىيناققا بەرداشلىق بېرەلمىگەن چوقۇر
يۈز داد- پەرياد كۆتۈردى.
— رەھىم قىلىشسىلا، خوجىلىرىم، راستىنى دەي.
پوقاق سوپى زەكەردىن قىلنى سۇغۇرۇۋالدى. زەكەرنىڭ
كۆزىدىن قان تېمىپ چۇشۇشكە باشلىدى.
— ھە، راستىڭنى دە، مۇرتەت، — دېدى پوقاق سوپى
پوقىقىنى گىلدىڭلىتىپ تۇرۇپ.
— مەن ئاستانىدىكى مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان پىر
بۇزرۇك ئەۋلىيا ھەزرىتىمنىڭ ھىجابۇل غەيىبلىرىدىن بولىمەن،
— دېدى چوقۇر يۈز ئىقرار قىلىپ، — ئۆتكەن ھەپتە مەخدۇمزا-
دىمىز قەستكە ئۇچراپ ئامان قالغاندا...
— مەخدۇمزادەڭنى كىم قەستلىدى؟ — ئالدىراپ سورىدى
ھىدايىتۇللا ئىشان.
— ئېنىق بىلەلمىدۇق، — دېدى چوقۇر يۈز، — ئۇ كۈنى
ۋەلىيۇللا پىر بۇزرۇكىمىز ئۆزىگە بىر بالا - قازانىڭ يېقىنلاپ
كېلىۋاتقانلىقىنى ئالدىنئالا تۇيۇپ، باغدىكى داۋاملىق ياتىدىغان
سۇپىدا بىر بۇرادىرىمىزنى ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى باغنىڭ باشقا
تەرىپىدىكى سۇپىدا ياتقانىدى. بىز كېچىدە باغقا يوشۇرۇن ئادەم
چۈشكەنلىكىنى سېزىپ ئۆزىمىزنى دالدىغا ئېلىپ تۇردۇق. ھې-
لىقى ئىككى مۇرتەت سۇپىدا ياتقان بۇرادىرىمىزنى مەخدۇمزادە
ئوخشايدۇ دەپ قالغان چېغى، ھايت - ھۇيت دەپ بولغۇچىلا
بوغۇزلاپ تاشلىدى. ئۇنىڭغىچە بىز ئۇلاردىن بىرنى باسماقداپ

## 5

بۈگۈن بامداتتىن يانغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان، چوقۇر يۈزنى باغلاتقۇزۇپ، بىر قىسىم سوپى - دەرۋىشلىرىنى ئەگەش-تۈرگىنىچە قەسىرىدىن چىقتى - دە، تۆشۈك دەرۋازىسى ئارقى-لىق قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ، ئەمىر مىرزا ھەيدەر دوغلاتىنىڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئىشان پىرىم، — دەپ سالام بەردى ئوردا دەرۋازىسىنى قوغدىغۇچى سەرۋازلارنىڭ باشلىقى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى ئىشان ئاق ئارغىماقنىڭ ئۈستىدىلا سالامنى ئىلىك ئېلىپ، — ئەمىر جانابلىرى بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم، خەۋەر قىلىپ قويسۇنلار.

— كىرىۋەرسىلە، پىرىم، ئوردا دەرۋازىسى ھەزرەتلىرى ئۈچۈن ھەرقاچان ئوچۇق.

ئىشان سوپى - دەرۋىشلىرىنى سىرتتا قالدۇرۇپ قويۇپ، چوقۇر يۈز بىلەن موللا نەقى خەلىپىلىرىنى ئەگەش-تۈرۈپ ئوردىغا كىردى - دە، قوبۇلخاندا بەگ - سىپاھلارنىڭ مەلۇماتلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان مىرزا ھەيدەر دوغلاتىنىڭ ئالدى-غا پايپاسلاپ كەلگىنىچە داد - پەرياد كۆتۈردى.

— داد، ئەمىر جانابلىرى، سۇلتان ئىسمائىلخاندەك ئادالەت-لىك خانلارنىڭ زامانىسىدىمۇ بىراۋلار خان يارلىقىنى كۆزگە ئىلماي بىراۋلارنىڭ جېنىغا قەست قىلىشىۋاتىدۇ. مەن ئەمىر جاناب-لىرىنىڭ ئالدىغا ئادالەت ئىزدەپ كەلدىم.

مىرزا ھەيدەر دوغلاتى تەئەججۈپ ئىلكىدە ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىشانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ھال - ئەھۋال سورىدى.

— ھەزرەتلىرىگە نېمە خاپىلىق كەلدىكىن؟ مۇمكىن بولسا

— بايا دېگەنلىرىڭنى ئەتە قەشقەر ئەمىرى مىرزا ھەيدەر دوغلاتىغا يەنە بىر قېتىم دەپ بەرسەڭ سېسىق جېنىڭدىن كېچەمەن — دېدى ئىشان.

— بىر مەرتەم ئەمەس، ئون مەرتەم دە دېسىلىمۇ دەيمەن، ھەزرىتىم. پەقەت جېنىمنى ئامان قويسىلا بولدى.

ھىدايىتۇللا ئىشان رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتتى.

— بۇ مۇرتەتكە ئوبدان قاراڭلار، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ يۈرمىسۇن، — دەپ تاپىلىدى ئىشان كەينىدىن ئەگىشىپ چىققان موللا ساقى بىلەن موللا نەقىگە.

— خوش، — دېدى ئۇلار قۇللۇق بىلدۈرۈپ.

كۆڭلى خېلىلا خاتىرجەم بولغان ئىشان بېغىدىكى تال - باراڭ ئاستىغا راسلانغان تۆشەككە قاراپ ماڭدى. ئىككى سوپى خىزمەتكار ئەمدى ئىشان پىرىنىڭ پاشىسىنى قورۇش ئۈچۈن ئارقىسىدىن ئەگەشتى. بۇ چاغدا ھەزرەت خانىقاسىدىكى جەررە - ساما تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققانىدى. ھاپىزلار بوغۇق ئاۋازدا ھۆكمەت ئېيتىۋاتاتتى:

تەن سۆزلىمەس، جان سۆزلىمەس، ئىمان سۆزلەر،
جاندىن كەچكەن چىن ئاشىقلا ھەقنى كۆزلەر،
ئارىفلارغا خىزمەت قىلىپ يولىن تۈزلەر،
ئول ئاشىقنى خالايىققا سۇلتان قىلۇر①.
ھۆم ئاللاھ ھۆم - ھۆم!
ھۇۋى ئاللاھ، ھۆم!
......

① بۇ كلاسسىك شائىر ئەھمەد يەسەۋىنىڭ شېئىرى.

مۇسۇلماننىڭ لەۋزى ھالال دەپتىكەن.

— كۆردىلىمۇ، ئەمىر جانابلىرى، بۇ مۇلھىدنىڭ ئۆكتەملىكىنى، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان ئۇششۇقلۇق قىلىپ، — ئىسھاقىيەچىلەر گۇناھ ئۆتكۈزسە كەچۈرۈم قىلىنىدىغان يارلىق يوقتۇر ھەرقاچان.

— مىرغەزەپ! — دەپ تۇۋلىدى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى.

شۇ ھامان ئىككى نۆكەر يۈگۈرۈپ كىرىپ، داد - پەرياد كۆتۈرگەن چوقۇر يۈزنى دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە ئېلىپ ماڭدى.

— توختاپ تۇرۇڭلار، — دېدى ئىشان بىردىنلا جاللاتلارغا ۋارقىراپ ۋە مىرزا ھەيدەر دوغلاتىغا قاراپ قول باغلاپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەمىر جانابلىرىنىڭ ئادالىتىگە ھەشقاللا، جانابلىرى ھەقىقەتەن سۇلۇك - مەزھەپلەرگە يان باسماي، سۇلتان ئىسمائىلخان ئالىيلىرىنىڭ يارلىقىنى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىدىكەنلا. بايام ئەمىر جانابلىرىنى سىناپ باققانىدىم. شۇ تاپتا خان ئالىيلىرىغا، بۈيۈك سەئىدىيە سەلتەنىتىگە بولغان ساداقەتلىرىدىن ئىنتايىن قايىل بولدۇم. مەن بۇل ئازغۇن بەندىگە راستىنلا لەۋزى قىلغانىدىم. شۇڭا، ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى ئەمىر جانابلىرىدىن تىلىمەكچىمەن.

— بۇ گۇناھكار ئەزىز جانلىرىغا قەست قىلماقچى بولغان تۇرسا، يەنە تىلىۋالماقچى بولغانلىرى نېمىسى، ھەزرىتىم، — دېدى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى ئىشاننىڭ كەڭ قورساق، مەردلىكىگە قايىل بولۇپ.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان ئۆزىنى تېخىمۇ ئالىيجاناب كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، — ئەمما، بەندىنىڭ تەقدىرى ياراتقان ئىگىسىنىڭ قولىدا. ئاللاتائالا خالىسا بەندىسىنى ھەر سەۋەبلەر بىلەن يېنىغا چاقىرىدۇ. خالىسا ھەر بالادىن ئامان - ئېسەن ساقلايدۇ. چۈنكى، ھەقنىڭ قۇدرىتى

ئەرزلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان بولسىلا.

— بىز سۇلتان ئىسمائىلخان ئالىيلىرىنىڭ سەئىدىيە تەسەررۇپىدا سۇلۇك، مەزھەپ ماجىرالىرىنى چەكلەش يارلىقىغا ئەمەل قىلىپ كەلگەن بولساقمۇ، ئەمما ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ پېشۋاسى بولمىش مەخدۇمزادە خان يارلىقىنى كۆزگە ئىلماي، بىزلەركىم سۇلۇكى ئىشقىيە قۇتبىل ئەقتابىغا كۆڭلىدە گىنە - ئاداۋەت، خۇسۇمەت ساقلاپ يوشۇرۇن قەستلىگۈچى قاتىللىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ھېلىمۇھەم كېچە يارانلىرىمىز بۇ شۇملۇقنى ئالدىن سېزىپ قېلىپ، تەييارلىق كۆرۈپ ھوشيار تۇرغانلىقى ئۈچۈن بۇ بالا - قازادىن ئامان قالدۇق. قاتىلنى بىللە ئەكەلدىم. ئەمىر جانابلىرى سوراق قىلىپ تەھقىقلەپ كۆرگەيلا.

ئىشان ئەرزىنى تۈگىتىپ، موللا ساقى بىلەن موللا نەقىنىڭ ھەمراھلىقىدا سىرتتا قالدۇرۇپ قويغان چوقۇر يۈزنى سارايغا باشلاپ كىردى.

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، ئەمىر جانابلىرى، — دېدى چوقۇر يۈز كېچىدىكى دەھشەتلىك قىيناقتا ئىششىپ كەتكەن زەكىرىنى ئاۋايلىغىنىچە پۈكلىنىپ تۇرۇپ.

مىرزا ھەيدەر دوغلاتى چوقۇر يۈزنى قايتىدىن سوراق قىلدى. ھايات قېلىش ۋەسۋەسىسىدە ھېچنېمىنى ئويلىمىغان گۇناھكار بارلىق قىلمىشلىرىنى تولۇق ئىقرار قىلدى. گۇناھكارنىڭ ئىقرارىنى ئاڭلاپ سارايدىكى بەگ - سىپاھلار غۇلغۇلىغا چۈشتى.

— ئەھۋالنى تولۇق بىلدىلە، — دېدى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان مىرزا ھەيدەر دوغلاتىغا قاراپ، — بۇ گۇناھكارنى خان يارلىقى بويىچە جازالاپ بەرگەيلا.

چوقۇر يۈز ئىشاننىڭ ئاخشامقى ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ يۈزسىزلىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— مېنى ئۆلتۈرمەسلىككە ۋەدە قىلغانىدىلىغۇ، ھەزرىتىم. ئەمدى ۋەدىلىرىدىن يېنىۋالغانلىرى نېمىسى، ئۇنداق قىلمىسىلا،

سۈيىقەستتىن خان ئالىيلىرىنى خەۋەردار قىلىپ قويغان بولسى-
لا، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان.
— بۇ ئىشلاردىن خان ئالىيلىرىغا ئەلۋەتتە مەلۇمات يوللاي-
مىز، — دېدى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى.
شۇ تاپتا ئىشان، مىرزا ھەيدەر دوغلاتىنىڭ سۇلتان ئىسما-
ئىلخانغا يوللىغان مەلۇماتىغا ئۆزىنىڭ ئەشەددىي رەقىبىنى
كەچۈرگەنلىكىدەك ئالىيجانابلىقىنىمۇ قالدۇرماي يازىدىغانلىقىغا
تولۇق ئىشەنچ باغلىغانىدى. مىرزا ھەيدەر دوغلاتى بولسا ھىداي-
ىتۇللا ئىشاننىڭ كۆز ئالدىدىلا ئوينىغان بۇ سېھىرگەرلىكىدىن
قىلچىلىك گۇمانلانمىغانىدى.
— ھىممەتلىرىگە ھەشقاللا، ئەمىر جانابلىرى، ئىجازەت
بەرسىلە، ئەمدى مەن قايتاي.
ھىدايىتۇللا ئىشان شۇنداق دېگىنىچە چوقۇر يۈزنى، موللا
ساقى بىلەن موللا نەقىگە يۆلەتكۈزۈپ قوبۇلخانىدىن يېنىپ
چىقتى.
— بۇ مەلئۇننى ئۆلۈمدىن تىلىۋالغانلىقلىرىنىڭ بائىسى
نېمىكىن، پىرىم؟ مۇمكىن بولسا، چۈشەندۈرۈپ قويغان
بولسىلا، — دېدى ئىشان قەسرىنىڭ خۇتبىخانىسىدا ئىشان بى-
لەن يالغۇز قالغان موللا ساقى خەلىپە.
— كېيىن بىلىپ قالىلا، خەلىپەم، — دېدى ئىشان ھىيلى-
گەرلىك بىلەن كۈلۈپ، — جەننەتماكان مازار پادشاھى پەدەر
بۇزرۇكۇم ماڭا مەدەت بېرىۋاتىدۇ. ئى خەلىپەم، بىز بۇمۇرتەتنى
ئاشۇ ئاسىي ئەمىرسىزمۇ ئۆلۈمگە بۇيرۇيالايمىز، ئەمما ئول
دوغلاتى ئەمىرنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ گۇناھىنى تىلىشىم بۇ مۇرتەت-
نىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈندۇر. مۇلھىد مەخدۇمزادىنىڭ سا-
ناقلىقلا كۈنى قالدى، خۇدا خالىسا پات يېقىندا ئۆلۈم خەۋرىنى
ئاڭلايمىز.
— ئېيتقانلىرى كەلسۇن، نېمەتلىك پىرىم، — دېدى موللا

پاختىنىڭ ئارىسىدا ئوت ساقلاشقا قادىر. گەرچە بۇل ئازغۇن بەندە ناشۇكۇر، قارا نىيەت خوجىسىنىڭ پەرمانى بىلەن مېنى قەستلە- مەكچى بولغان بولسىمۇ، ياراتقان ئىگەم ئامان - ئېسەن ساقلاپ قالدى. مانا بۇ ئاللاتائالانىڭ چەكسىز ھىممىتى. بىزلەركىم قۇتبىل ئەقتاب ۋەلىيۇللا بولمىش سائادەتمەن ئەھلى سۇلۇكنىڭ يولباشچىسى بولغان كىشى قاراپ تۇرۇپ بەندىنى زۇلۇمدىن، ئازغۇننى تۇيۇق يولدىن قۇتۇلدۇرمىساق بۇنى ئاللا زىنھار راۋا كۆرمەيدۇ. ئاللا مېنى بالا - قازادىن ساقلىغانىكەن، مېنىڭ بۇ بەندىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرمىقىم ۋاجىپتۇر. شۇڭا، ئەمىر جا- نابلىرىنىڭ يەنە بىر قېتىم ھىممەت قىلىپ بۇ ئازغۇن بەندىنىڭ ئاجىزەسىنىڭ تۇل قېلىشىدىن، چۆچۈرىدەك نارەسىدە بالىلىرى- نىڭ يېتىم بولۇپ قېلىشىدىن ساقلاپ قېلىشلىرىنى تىلەيمەن. زىيادە خۇنزىرلىق ئاللانىڭ ئىرادىسى ئەمەس. مېھربانلىق، سىد- لى - رەھىم، كەڭ قورساقلىق، مەردلىك ۋە ساخاۋەت زاتى ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ پەزىلىتىدۇر. بەتئەخلاقلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالغاي ۋە توغرا يولغا قايتقاي. ياراتقان ئىگەمدىن بۇل ئازغۇن بەندىنىڭ دىلىغا ئىنساپ ۋە ئىمان تىلىمەكتىن ئۆزگە مۇددىئايىم يوقتۇر.

— ھەزرىتىم شۇنچىۋالا كەڭ قورساقلىق قىلغان يەردە، مەن جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالسام بولماس، — دېدى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى ئىشاننىڭ دەبدەبىلىك نۇتقىدىن تەسىرلەنگەن ھال- دا ۋە جاللاتلارغا قاراپ ۋارقىرىدى، — بولدى، گۇناھكارنى قويۇۋېتىڭلار، ھەزرىتىم ئۇنىڭ دىلىنى ئىمان نۇرى بىلەن يورۇتقاي.

— ئەمىر جانابلىرىغا ھەشقاللا، ئىشان ھەزرەتلىرىمگە ھەش- قاللا، — دېدى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلغان چوقۇر يۈز كاللى- سىنىڭ تېخىچىلا ئامان قالغىنىغا ئىشەنمىگەن ھالدا.

— مۇمكىن بولسا، ئەمىر جانابلىرى، بۇگۈنكى ئۇشبۇ

بۇزرۇكى مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشاندىن تولۇق يۈز ئۆرۈ-دى. ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ سىپھىر - ئەپسۇنلىرىنىڭ تەسىرىدە مەخدۇمزادىگە چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولدى.

ئۇلار خۇتبىخانىدا بىر ئاش پىشىمغىچە كۇسۇرلاشتى. ئارى-لىقتا سوپى خىزمەتكارلاردىن ئەكىرگەن باچكا باسقان پولۇنى بىر لېگەندە ئولتۇرۇپ يېيىشتى. شۇنچە يىللاردىن بېرى مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشاننى پىر تۇتۇپ، خىزمىتىنى قىلىپمۇ بىر تاۋاقتا ئاش يېيىش شەرىپىگە ئېرىشەلمىگەن چوقۇر يۈز، بۇ كاتتا ئىلتىپاتتىن قاتتىق تەسىرلەنگەنىدى. ئۇ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى.

تاماقتىن كېيىن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان چوقۇر يۈزگە كۇسۇرلاپ تۇرۇپ يەنە بىرمۇنچە ئىشلارنى جېكىلىدى. چوقۇر يۈز توختىماي «خوش، خوش» دەپ باش لىڭشىتىپ تۇردى.

— ئەمىسە ئىشلار شۇنداق بولسۇن، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان چوقۇر يۈزگە ئاشۇ كۈنى كېچىسى ئاختۇرۇپ قوينىدىن تېپىۋالغان زەھەر قاچىلانغان ناسۋال قاپىقىنى قايتۇرۇپ بېرىپ تۇرۇپ، — نۇسرەت خەۋىرىنى تېزرەك يەتكۈزگەيلا.

— خاتىرجەم بولسىلا، پىرىم، جېنىم بىلەن ئورۇندايمەن، — دېدى چوقۇر يۈز يۈرىكىدىن چىقىرىپ ۋەدە بېرىپ، ئىشان ئىنئام قىلغان ئەللىك سەر ئالتۇننى قوينىغا سېلىپ تۇرۇپ.

## 6

شاھنىشىنغا يانداش سېلىنغان ئەمىرى كەبىر دىۋانى سۇر-لۇكلۇكى بىلەن ئوردىدىكى باشقا دىۋان - سارايلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئوردىدىكى چوڭ - كىچىك ئەمىرۇل ئۇمە-

ساقى خەلپە چىرايىغا خۇشامەت كۈلكىسىنى يۇگۈرتۈپ.

— ھېلىقى بەتبەختنى ئوبدان غىزالاندۇرۇپ، قىيناق يارد-

سىنى جەرراھقا ئەملىتىپ، تېزرەك ساقايتقايلا. ئوبدان كۆز -

قۇلاق بولۇپ قاچۇرۇپ قويماڭلار.

— خوش، — دېدى موللا ساقى.

ھەپتە ئۆتكەندە جاراھىتى خېلىلا ساقىيىپ قالغان چوقۇر

يۈزنى ھىدايىتۇللا ئىشان خۇتبىخانىسىدا قوبۇل قىلدى.

— ئى ئازغۇن بەندە، — دېدى ئىشان چىرايىغا سۇرلۇك

تۈس بېرىپ، ئاۋازىنى ۋەزمىن چىقىرىپ، — ئېيتقىنا ھېلىمۇ

ھەم ئۆز سۇلۇكۇڭگە ئىرادەت قىلغۇڭ بارمۇ؟ كۆڭلۈڭدىكى گې-

پىڭنى بىلگۈم بار.

— مېنى ھەزرىتىم ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان

ئاشۇ سائەتتىن باشلاپ ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىن قول يۇغانمەن، —

دېدى چوقۇر يۈز ئىشاننىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ يۇم - يۇم

يىغلاپ، — كۆزۈمنىڭ كورلۇقىدىن ئۇلۇغلارنى پەرق ئېتەلمەي

پىرنى خاتا تاللاپتىمەن. ناۋادا پىر بۇزرۇكۇم لايىق كۆرۈپ مېنى

مۇرىتلىققا قوبۇل قىلسا، بىر ئۆمۈر پىرىمنىڭ پېشىنى تۇتۇپ،

خىزمىتىنى قىلغۇم بار.

— گۇناھىڭغا توۋا قىلامسەن؟

— مىڭ - مىڭ مەرتىۋە توۋا قىلدىم، پىرىم. پىر رىزاسى

خۇدا رىزاسى دەپتىكەن. گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغايلا، پىرىم.

موللا ساقى بىلەن موللا نەقىنىڭ گۇۋاھلىقىدا ھىدايىتۇللا

ئىشان چوقۇر يۈزنى مۇرىتلىققا قوبۇل قىلدى. چوقۇر يۈز تەرەت

ئېلىپ، «قۇرئان كەرىم»نى تۇتۇپ تۇرۇپ، ھىدايىتۇللا ئىشانغا

مەڭگۈ سادىق بولۇشقا، بارلىق بۇيرۇقلىرىنى بەجانىدىل ئورۇن-

داشقا قەسەم قىلدى. چوقۇر يۈز ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ شەپقىتى-

دىن، مېھرىبانلىقىدىن، مەردلىكىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەنىدى.

شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى ئىشانغا پۈتۈنلەي ئاتىۋەتتى. ئىلگىرىكى پىر

مۇشاۋىرەتكە[1] تەكلىپ قىلىنغان سەركەردىلەردىن جەڭ كېيىملە-
رىنى كىيىشىپ، تولۇق قوراللىنىپ كېلىش تەلەپ قىلىناتتى.
— خانلىقىمىزدىكى باھادىر سەركەردىلەرنىڭ ھەيۋىسى ۋە
جاسارىتىدىن يىراق - يېقىندىكى خانلىقلار سەئىدىيە تەسەررۇپىغا
كۆز قىرىنى سېلىشقا پېتىنالمايۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا
لەشكىري مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، ئېھتىيات قىلمىقىمىز
زۆرۈر، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ئەمىرىكەبىر مىرزا
باباقبەگ، — لەشكەر، سەرۋازلارنىڭ مەشىقى كۈچەيتىلىپ،
جەڭبازلىق ماھارىتى ئۆستۈرۈلگەي، دۆلەتپاناھىمىز سۇلتان
ئىسمائىلخان ئالىيلىرى سەئىدىيە تەختىگە بەرقارار بولغاندىن
بېرى ئىچكى قىسىمدىكى سۇلۇك - مەزھەپ جېدەللىرىنى ئۈنۈم-
لۈك تەدبىر قوللىنىپ چەكلەپ، سەئىدىيە تەسەررۇپىدا تىنچلىق-
نى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن سۇلۇك پېشۋالىرى
ئوتتۇرىسىدىكى نىزا - ئاداۋەتلەر تېخى تەلتۆكۈس تۈگىگىنى
يوق. ئۇلار ھەرقاچان بىر - بىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن چىشلىرىنى
بىلەشمەكتە. سەلتەنەت تىزگىنىنى قوللىرىغا ئېلىۋېلىش ئارقى-
لىق خان ئالىيلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن يۇقىرى دەرى-
جىلىك ئوردا ئەركانلىرىغا قەست قىلىشماقتا. يېقىندا يۈز بەر-
گەن سەركەردە مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم ۋە سەركەردە مىرزا
ئەۋەزبەگ قەسرىدە يۈز بەرگەن سۇيىقەست بۇ پەرىزىمىزنى دە-
لىللەپ تۇرۇپتۇ. گەرچە قاتىللار ئۆلۈۋالغان ياكى قېچىپ قۇتۇل-
غان بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ سەلتەنەت دۈشمەنلىرىنىڭ قارا قولى
مۇھىم سەركەردىلىرىمىزگە سوزۇلغانلىقى ئېنىق. شۇڭا، ئوردا
مۇھاپىزىتى كۈچەيتىلگەندىن تاشقىرى ھەرقايسى ئەمىر - سەر-
كەردىلەرنىڭ قەسرى قوغدىلىشى، ئاستانىنىڭ كوچا - رەستى-
لىرىدىكى كېچىلىك جىسەكچىلەر كۈچەيتىلىپ، يوچۇن ساياقلار-

[1] مۇشاۋىرەت — لەشكەر كېڭىشى.

را، بەگۇ بىگاتلار باشقا دىۋان - سارايلارغا خالىغانچە كىرىپ - چىقالىغىنى بىلەن ئەمىرى كەبىر دىۋانىغا ئۇنداق خالىغانچە كىرىپ - چىقالمايتتى. پەقەت بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي سەركەردىنىڭلا ئەمىرى كەبىر دىۋانىغا رۇخسەتسىز، خالىغانچە كىرىپ - چىقىش ئىمتىيازى بار ئىدى. باشقا دىۋان - سارايلار تۇرلۇك گۇل - نەقىشلەر بىلەن، ئالتۇن - كۇمۇش، مىس، قاشتېشى ۋە ياغاچتىن ياسالغان تۇرلۇك سەنئەت بۇيۇملىرى بىلەن بېزەلگەن بولسا، ئەمىرى كەبىر سارىيىنىڭ تاملىرى، ئويۇق - مېھرابلىرى تۇرلۇك جەڭ قوراللىرى بىلەن بېزەلگەندى. شۇڭىمۇ ئادەتتىكى كىشلەرگە بۇ ساراي تولىمۇ سۇرلۇك، سوغۇق تەسىر بېرەتتى. سارايىنىڭ تۆر تەرىپىدىكى ئۇچ پايلىق مەرمەر سۇپىنىڭ ئۇستىدىكى ھەشەمەتلىك كۇرسىغا يولۋاس تېرىسى، پەستىكى ئۇڭ - سول تەرەپكە قاتار قويۇلغان كۇرسلارغا ئارسلان، بۆرە، قاپلان... قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تېرىسى سېلىنغانىدى.

بۇگۇن ئەمىرى كەبىر دىۋانىغا ئىلغار، جەۋانغار، بەرانغار قوشۇنلىرىنىڭ ئەمىرلىرى، ئىككى نەپەر مۇشاۋىر[1]، ئاستانە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرى مىرزا ئەۋەزبەگ، ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي سەركەردىلەر يىغىلغانىدى. تۆردىكى يولۋاس تېرىسى بىلەن تاشلانغان كۇرسىدا ئەمىرى كەبىر مىرزا باباقبەگ چىرايىغا سۇرلۇك تۇس بېرىپ ئولتۇراتتى. مىرزا باباقبەگ بىلەن ئىككى مۇشاۋىربەگدىن باشقىلار، دۇبۇلغا، ساۋۇت قاتارلىق ھەربىي كىيىملەر بىلەن تولۇق جابدۇنۇشقان بولۇپ، يانلىرىغا ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان جەڭ قوراللىرىنى ئېسىۋېلىشقانىدى. ئادەتتە ئەمىرى كەبىر دىۋانىدىكى لەشكىرىي

[1] مۇشاۋىر — يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي مەسلىھەتچى.

غان بولسا، سۇلۇك ـ مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرادىن ساقلانماق تەسكە توختايدۇ.

— قولىمىزدا خان ئالىيلىرى چۈشۈرگەن يارلىق بار، — دېدى مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم، — تولا يۈز ئاۋايلاپ ئولتۇرماي يارلىق بويىچە ئىش قىلغىنىمىز تۈزۈك. ۋاقتى كەلگەندە ئاشۇ پىرى بۇزرۇك بولمىش مەخدۇمزادىنىمۇ چۆچۈتۈپ قويماقلىق كېرەك.

— زىنھار ئۇنداق قىلمىسۇنلار، — دېدى ئەمىرى كەبىر مىرزا باباقبەگ، — بۇ ھەقتە خان ئالىيلىرىنىڭمۇ كۆپ باش ئاغرىقى بار. جانابىي سەركەردىلەرگىمۇ مەلۇملۇق، سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى ئاۋامنىڭ كۆپ قىسمى دېگۈدەك ئەھلى تەرىقەت يولىنى تۇتقان. ئۇلارنىڭ ئۆز پىرى بۇزرۇكلىرىغا بولغان ھۆرمەت ئىخلاسى ئىنتايىن كۈچلۈك. ئاشۇ پىرى بۇزرۇكلارنى سەلتەنەت سورىغە تايىنىپ، مۇنداقلا رەنجىتىپ قويىدىغان بولساق، ئەھۋالدىن بىخەۋەر ئاددىي رەئىيەت قوزغىلىپ كېتىدۇ. بۇ سەلتەنەت ئۈچۈن چوڭ بىر ئاپەت. سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ سۈكۈتتە تۇرمىقىنىڭ بائىسىمۇ ھەم شۇ. شۇڭا، بۇل ئىشتا تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەدبىر كۆرمەكلىك كېرەك، — مىرزا باباقبەگ ئاستانە ئەمىرى مىرزا ئەۋەزبەگكە قاراپ سۆزلىدى، — ئاستانە مۇھاپىزىتى كۈچەيتىلىپ، سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقى چەكلەنگەندىن سىرت، مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ مەنپەئەت، ئىمتىيازى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىمىغاي، بىز پەقەت ئىككى سۇلۇكتىكى ئەشەددىي مۇخلىسلارنىڭ جېدەل ـ ماجىرالىرىنى ئۇنۇملۇك توسۇپ، خان ئالىيلىرىنىڭ، شۇنداقلا ئوردىدىكى يۇقىرى مەنسەپتىكى ئەمىرلەرنىڭ ئامانلىقىنى قوغدىساقلا، بۈيۈك سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى نىسپىي تىنچلىقنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ قالالايمىز.

نىڭ كېچىدە يول يۈرۈشى چەكلىنىشى لازىم.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قەسرىدە خىزمەتكار قىز ئاينىيازخان پاجىئەسى يۈز بەرگەن كېچىسى، ئاستانە ئەمىرى مىرزا ئەۋەزبەگ قەسرىدىمۇ ئىككى قاراۋۇل ئېغىر يارىلانغان، مەقسىتىگە يېتەلمىگەن سۇيىقەستچى قېچىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قاراۋۇللا كۆپەيتىلىپ، مۇھاپىزەت كۈچەيتىلگەن بولسىمۇ، ئەمىرى كەبىر مىرزا باباقبەگ لەشكىري دىۋانغا بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك سەركەردىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، ئالاھىدە كېڭەش چاقىرغانىدى.

— ئايغاقچىلارنىڭ يەتكۈزگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، قەشقەردىكى ھىدايىتۇللا ئىشان باشچىلىقىدىكى سۇلۇكى ئىشقىيە تەرغىباتچىلىرىنىڭ پائالىيىتى يەنە جانلىنىپ قاپتۇدەك، — دېدى سەركەردە ئەۋەزبەگ سۆز ئېلىپ، — گەرچە قەشقەر ئەمىرى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى جانابلىرىنىڭ كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىشى ۋە ئۈنۈملۈك چەكلىشى بىلەن سۇلۇك - مەزھەپ قىرغىنچىلىقلىرى يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىشقىيەچىلەرنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشى ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس. دۆلەتپاناھ خان ئالىيلىرى مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ قەسىرگە قايتا - قايتا زىياپەتكە بېرىپ، ئوتتۇرىدىكى سوغۇقچىلىقنى پەسەيتكەندىن بېرى، ئاستانىدىكى سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى يەنە ھەددىدىن ئېشىشقا باشلىدى. ئۇلار مەخدۇمزادىنىڭ ھامىيلىقىدا تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، سۇلۇكتىن مۇستەسنا ئاددىي ئاۋامنى ئىسھاقىيە سۇلۇكىگە كىرىشكە ۋە سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنى سۇلۇكتىن يېنىشقا مەجبۇرلاپ، بوزەك قىلماقتا. خانلىق قانۇن - پەرمانلار بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا قارشىلاشماقتا. يەنە بىرەر چوڭراق ماجىرا يۈز بېرىپ قالسا خان ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولمىسۇن دەپ ئۇلارغا كۆپ يول قويۇپ كېلىۋاتىمىز. ئەھۋال مۇشۇنداق داۋاملىشىپ كېتىۋېرىد-

— ماشائاللا[①]، پىر بۇزرۇك ھەزرەتلىرى ئىككى مەخدۇمزا-
دىسى بىلەن بىللە چاھارباغدا ئارام ئېلىۋاتىدۇ، — دېدى رەجەپ
دەرۋىش. ئۇ چوقۇر يۇزنىڭ قانداق ۋەزىپە بىلەن قەشقەرگە كەت-
كەنلىكىدىن خەۋەردار ئىدى. شۇڭا، كوچىلاپ سورىدى، —
سەپەرلىرى نۇسبەتلىك بولدىمۇ؟ بۇرادەر.
— پىرىمغا خەۋەر قىلىپ قويغان بولسىلا، دىدار مۇلاقەتتە
بولغۇم بار، — دېدى چوقۇر يۇز رەجەپ دەرۋىشنىڭ سوئالىنى
جاۋابسىز قالدۇرۇپ.
— يۇرسىلە باشلاپ باراي، — دېدى رەجەپ دەرۋىش چوقۇر
يۇزنىڭ ۋەزىپىنى ئورۇنداپ كېلەلمىگەنلىكىنى پەملەپ.
ئۇلار باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياسالغان ھەشەمەتلىك ئارامگاھقا
يېتىپ كەلدى. تال باراڭ ئۈستىدىكى سۇپا ئۈستىگە سېلىنغان
مەخمەل كۆرپە ئۈستىدە مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان ئىككى
ئوغلىغا سۇلۇكى ئىسھاقىيە ئەھكاملىرى ھەققىدە ساۋاق بېرىۋاتات-
تى. ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتىشقا باشلىغان ئون
سەككىز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان شۇئەيب خوجا بىلەن ئەمدىلا
ئون بەش ياشقا قەدەم قويغان دانىيال خوجا دادىسىنىڭ ھەربىر
ئېغىز سۆزىنى دىلىغا مەھكەم ئورنىتىۋېلىشقا تىرىشىپ، بارلىق
ۋۇجۇدى بىلەن دادىسىنىڭ تەلىپىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى.
كىچىكىدىن باشلاپ سۇلۇكى ئىسھاقىيە تەرغىباتلىرى بىلەن كال-
لىسىنى قۇراللاندۇرۇپ چوڭ بولۇۋاتقان بۇ يىگىتلەر دادىسى
خوجا ئابدۇللا ئىشاننى ئەھلى تەرىقەتنىڭ كەم ـ كۈتىسىز مەقامى-
غا يەتكەن پېشۋاسى، ئەۋلىيا، تىرىك مازار ـ ماشايىخ دەپ
بىلەتتى ۋە كەلگۈسىدە ئۆزلىرىنىڭمۇ ۋەلىيۇللالىق مەقامىغا يې-
تىپ، سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى بىلەن ئاللانىڭ ئوتتۇرىسى-
دا ئەلچىلىك قىلىدىغانلىقىغا شەك ـ شۈبھىسىز ئىشىنەتتى.

① ماشائاللا — كۆز تەگمىسۇن.

— يا ئۇل پىرى بۇزرۇك· ئەزىزلەرگە چىقىلغىلى بولمىسا، يا خان يارلىقىنى ئۇنۇملۇك ئىجرا قىلغىلى بولمىسا، تازىمۇ بىر تەس ئىش بولدىغۇ بۇ، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم غۇدۇراپ.

— قاقشىمىسىلا، سەركەردە، — دېدى مىرزا باباقبەگ مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — يېقىندىن بېرى ئەل ئارىسىدا تارقالغان «ئۇرغىلى بولماس خوجىنى، تىللىغىلى بولماس خوجىنى، خۇدا ئۇرسۇن خوجىنى» دەيدىغان سۆزلەرنىڭ تارقىلىپ يۈرگەنلىكىنى سىلىمۇ ئاڭلىغان بولغىيتتىلە ھەرقاچان.

— ئەمىسە خۇدانىڭ ئۇرۇشىنى كۈتۈپ ساقلاپ تۇرساق بولىدىكەن - دە، — دېدى مەلىكە چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

سارايدا شۇ ھامان كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

## 7

كەچ - پېشىن بىلەن ئالتۇن دەرۋازىسى ئارقىلىق ئاستانىگە كىرىپ كەلگەن چوقۇر يۈز يول بويى ئارقىسىدىن تەقىب قىلىپ ئەگىشىپ كەلگەن موللا نەقى خەلپىگە قاراپ، كۆزلىرى ئارقىلىق خوشلىشىش ئىشارىسى قىلدى - دە، ئۇدۇل مەخدۇمزادە قەسرىگە قاراپ ماڭدى.

— ھارمىغايلا، بۇرادەر، — دېدى دەرۋازا ئالدىدىكى چىنارنىڭ تۈۋىدە سايىداپ ئولتۇرغان رەجەپ دەرۋىش چوقۇر يۈزنى كۆرۈپ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خەلپەم، نېمەتلىك ئىشان پىرىم ئىبسەنمۇ؟ — دېدى چوقۇر يۈز رەجەپ دەرۋىشنىڭ سالىمىنى سالقىنلا ئىلىك ئېلىپ.

كەيلا، پىرىم.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى خوجا ئابدۇللا ئىشان ئەشەد-دىي رەقىبىنىڭ ئامان قالغانلىقىدىن مەيۈسلىنىپ، — ئۇل مەل-ئۇن ھامان بېشىنى يەيدۇ ، ھـال ـ ئـەھۋالى قانداقراقكىن ئۇل مۇرتەتنىڭ؟

— نەچچە يۈزلىگەن مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى جەررە ـ ساما سېلىپ، خانىقاسىنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ، — دېدى چوقۇر يۈز، —ئۇل مولھىد قەشقەر ئەمىرى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى بىلەن تولىمۇ يېقىنىدەك قىلىدۇ. مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىغا مەسلە ـ مەرۇپ قىلغاندا سائادەتمەن ئىسھاقىيە سۇلۇكىنى سۆكۈپ، سىلى جانابىي پىر بۇزرۇكىمىزنى ھاقارەتلەيدىكەن. ئېھتىيات قىلماقلى-رى كېرەككى، پىرىم، ئۇل مەلئۇن جانابلىرىنى قەستلەش نىيد-تىدىن يانمىغاندەك قىلىدۇ.

— خەپ، خوجا ھىدايىتۇللا دېگەن توڭگۇزنى ئۆز قولۇم بىلەن بوغۇزلاپ تاشلىمايدىغان بولسام، — دېدى چوقۇر يۈزنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگەن دانىيال خوجا مۇشتۇمىنى مەھ-كەم تۈگۈپ.

— ئىنشائاللا، ياراتقان ئىگەم پىرى بۇزرۇكىمىزغا كۆپلەپ نۇسبەت ئاتا قىلغاي، — دېدى چوقۇر يۈز خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن.

— ئى ئاتا، سىلى ۋاپاسىز ئىسمائىلخاننى يۆلەپ تەختكە چىقارغان ئەمەسمىدىلە، — دېدى دانىيال خوجا يەنە، — ئوردىغا بېرىپ ئەرز قىلايلى، ئىسمائىلخان خوجا ھىدايىتۇللا دېگەن توڭ-گۇزنى ئۆلتۈرۈپ ئەتتىمىزنى ئېلىپ بەرسۇن.

— ئالدىرىمىسىلا، مەخدۇمزادەم، — دېدى خوجا ئابدۇللا ئىشان ئوغلىغا قاراپ، — ھازىر خاننىڭ ئەتراپىنى بىر تۈركۈم رىياكار ئەمىرلەر مەنسەپ تۇتۇپ قورشىۋالدى. خۇدا خالىسا ئاشۇ ئاسىيلارنى بىر ـ بىرلەپ كۆزدىن يوقاتقاندىن كېيىن بۇ مەقسەت-

خوجا ئابدۇللا ئىشان چوڭ ئوغلى شۇ ئەيىب خوجىغا «پەيزۇلئەنۋەر»①، كىچىك ئوغلى دانىيال خوجىغا «بالاگەردان»② دەپ رەسمىي ئىشانلىق ئۇنۋانى بەرگەنىدى.

مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان رەجەپ دەرۋىش باشلاپ كەلگەن چوقۇر يۈزنى كۆرۈپ، رەھىل ئۇستىدىكى كىتابنى ياپتى ـ دە، چىرايىغا يېقىملىق كۈلكە يۈگۈرۈتتى.

— ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كەلدىڭمۇ، ئى باھادىر غازى؟

— جانابىي ۋەلىيۇللا پىرى بۇزرۇكۇمنىڭ دۇئاسى بىلەن ئامان قالدىم، — دېدى چوقۇر يۈز ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە ئىشاننىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ.

تاپشۇرغان پەرماننىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندالمىغانلىقىنى پەملىگەن ئىشان، چوقۇر يۈزگە تەسەللى بېرىپ بېشىنى بىر ـ ئىككى قېتىم سىلاپ قويدى.

— سەۋر قىلسىلا، باھادىرىم، — دېدى ئىشان، — بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن پىر بۇزرۇكلىرىنى تولۇق خەۋەردار قىلغايلا.

چوقۇريۈز يولدا كەلگۈچە كۆڭلىدە پىشۇرۇۋالغىنى بويىچە تەمتىرىمەيلا دادىلىدى.

—... خوجا ھىدايىتۇللا تۇلكىدىنمۇ قۇۋ، بۆرىدىنمۇ يىرتقۇچ مولھىد ئىكەن، — دېدى چـوقـۇر يـۈز سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — بىز ئول مەلئۇننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قەسىرىگە كىرىشكە مۇۋەپپەق بولغان بولساقمۇ، قوغداپ ياتقان چوماقچىلىرى سېزىپ قالدى. بۇرادىرىمىزنى تۇتۇۋېلىپ قىيما ـ چىيما قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. مەن قېچىپ ئاران قۇتۇلدۇم. بىر ھەپتىدەك پۇرسەت كۈتۈپ، يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بولساممۇ، ئول مۇرتەتنى چۆچۈتۈپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈن قايتا قول سېلىشقا ئەپلىك پۇرسەت تاپالمىدىم. پەرمانلىرىنى ئورۇندىيالمىغىنىم ئۈچۈن گۇناھىمدىن كەچ-

---

① «پەيزۇلئەنۋەر» — پەيزى نۇرى چاچقۇچى.
② «بالاگەردان» — بەندىلەرنى بالا ـ قازادىن ساقلىغۇچى.

پىرىمغىمۇ قول بېرىپ، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلغانىمەن. ئۇل شەپقەتلىق زات گۇناھىمدىن كەچمىگەن بولسا، شۇ تاپتا سىلى بىلەن مۇشۇنداق سۆزلىشىپ ئولتۇرمىغان بولاتتىم.

— ئاشۇ ئىككى ئەزىزلەردىن قايسىسى ئۇلۇغراقتۇر؟

— ئەلۋەتتە خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ۋەلىيۇللا ئۇلۇغ. كۆرگەنسەن، مەخدۇمزادىمىز سۇلتان ئىسمائىلخانغا شۇنچە ھەمدەمدە بولغان بولسىمۇ، خانغا ئىككى ئېغىز گېپىنى يېگۈزەلمىدى، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانىنى ئۆلتۈرگۈزەلمىدى. مانا ھازىر خان مەخدۇمزادىگە قارىغاندا خوجىزادە پىرىمىزغا بەكرەك قايىل. مەن شۇنچە يىل خىزمەت قىلىپمۇ مەخدۇمزادىمىزدىن ئېرىشەلمىگەن زاتىل ئەقتابلىق دەرىجىگە ئاشۇ خوجىزادە پىرىمدىن ئېرىشتىم. مانا ئەمدى مەخدۇمزادىنى يوقاتساق، دارىلباقىيغا سەپەر قىلغاندا جەننەتۇل - رىزۋانغا كىرىشىمىزدە گەپ يوق.

— بۇ ئىشقا قولۇم بارماسمىكىن...

— مەن سىلىنىڭ نېمىلىرى؟

— ھالال جۈپتۈم.

— نەزەرلىرىدە پىر ئۇلۇغمۇ، ھەقلەپ - نىكاھلاپ ئالغان ھالال جۈپتىلىرىمۇ؟

— ئەلۋەتتە ئۆزلىرى، خوجام.

— ھەببەللى، ئەر كىشى دېگەن خوتۇن كىشىنىڭ پىرىم خۇداسىدۇر. دېمەك، ئەرنىڭ ئەمرىنى تۇتماقلىق مەزلۇم كىشى ئۈچۈن ۋاجىپ.

— قولۇم تىترەپ، چاندۇرۇپ قويۇشۇمدىن ئەنسىرەيمەن.

— خاتىرجەم بولسىلا، سىلى دېگەن ئاغىچا بۇۋىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى. شۇل سەۋەبلىك سىلىگە قەسىردىكى ھەممە ئادەم ئىشىنىدۇ، مەخدۇمزادىنىڭ مۇسەللەس خۇمارى تۇتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، مۇسەللەس كوزىسىغا بايام مەن بەرگەن ناسۋال قاپىقىدىكى زەھەرنى سېلىۋەتسىلىلا بولدى.

لىرىمىزگىمۇ يېتەرمىز، — ئىشان چوقۇر يۈزگە قاراپ ئەمىر قىلدى، — هازىرچە قايتىپ بىر نەچچە ۋاخ ئارام ئالسۇن-لا، ئىش - پىشلەر چىقسا خەۋەر قىلغايمەن.

— نېمەتلىك پىرىمغا ھەشقاللا، — دېدى چوقۇر يۈز ئارقى-سىغا يېنىپ تۇرۇپ.

كېچە قوينى ھەقىقەتەن سۈرلۈك بولىدۇ. ئىنسانلار ئاللا ھەممىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرغۇچى دەپ تۇرسىمۇ، ئەمما سىر-لىق، باشقىلاردىن يوشۇرىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرىنى، جىنايەتكا-رانە قىلمىشلىرىنى ئاشۇ تۈن قوينىدىن پايدىلىنىپ رويابقا چىقى-رىدۇ. پادىشاھ - خاقانلار ئادالەتسىزلىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئەلنى مەھكۇم قىلىدۇ. ئەمىر - بەگلەر ئاشۇ زۇلمەتتىن پايدى-لىنىپ، ئەل - ئاۋامغا زۇلۇم سالىدۇ، خەلقنىڭ قېنىنى شوراپ، ئىلىكىدە سۇ ئىچىدۇ. پاھىشىۋازلار زۇلمەت تۈندىن پايدىلىنىپ قىپيالىڭاچ ھالەتتە ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇشىدۇ، ئوغرى - قاراقچىلار كۈندۈزى ئۇخلاپ، كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ. ئاددىي ئاۋام ئۈچۈن زۇلمەت قورقۇنچلۇق. ئەمما، ئادالەتسىز خاقان - پادىشاھلار، نائىنساپ ئەمىر - بەگلەر، ئوغرى - قاراقچى، پاھىشىۋازلار ئۈچۈن زۇلمەت جەننەتنىڭ، بەخت - سائادەتنىڭ تىمسالى.

تۈن كېچە، ئىچكىرى قازناقتا بېكىنىۋالغان چوقۇر يۈز ئايالىنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى مەھكەم يېقىپ تۇرۇپ پىچىرلىماقتا.

— سىلىگە دېمەكچى بولغان گەپنىڭ ھەممىسى مۇشۇ، خو-تۇن. مېنىڭ، بالىلىرىمىزنىڭ جېنى سىلىنىڭ قولۇڭلىدا.

— بۇنىڭدىن باشقا يول يوقمۇ زادى؟ — دېدى ئايال ۋەھىمى-گە چۈشۈپ، — نېملا دېگەنبىلەن مەخدۇمزادىمىزگە قول بېرىپ مۇرىت بولغانمىز. پىرنىڭ قىساسىغا قىلىپ لەنەتگەردى بولمايلى دەيمىنا.

— ئۇنداق بولمايدۇ، قۇتبىل ئەقتاب ھىدايىتۇللا ئىشان

تەرزدە يالغۇز ئۇلتۇرغان ئىشاننىڭ بىردىنلا مۇسەللەس ئىچىپ
ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغۇسى كېلىپ قالدى.
— قايسىڭ بار ! ؟
نېرىراقتا مۆگدەپ ئۇلتۇرغان سوپى خىزمەتكار چۆچۈپ بې-
شىنى كۆتۈردى.
— يۈگۈر بېرىپ بىر كوزا مۇسەللەس ئەكەل.
سوپى خىزمەتكار باغنىڭ دەرۋازىسىدا رەجەپ دەرۋىش بىلەن
دوقۇرۇشۇپ قالدى.
— شۇنچە ئالدىراش مېڭىپ نەگە؟ — سورىدى رەجەپ
دەرۋىش.
— ئىشان پىرىمنىڭ مۇسەللەسكە كۆڭلى تارتىپ قاپتۇ.
مەخدۇمزادە قەسىرىنىڭ باش غوجىدارلىقىنى ئۈستىگە ئال-
غان رەجەپ دەرۋىش، ئىشاندىنمۇ ئۆتە پىخسىق، چاشقانغىمۇ
كېپەك ئالدۇرمايدىغان خەسىس ئادەم ئىدى. ئۇ كۈن بويى ئارام
ئالماي ئىمىسقىلاپ يۈرۈپ باغ، قەسىر ۋە ئاشخانا ئوتتۇرىسىدا
قاترايتتى. سوپى خىزمەتكارلارنىڭ باغنىڭ بىرەر تال يېمىشىگە
قول تەگكۈزۈشىدىن تارتىپ، ئاشخانىدىكى ئاشپەزلەرنىڭ بىرەر
بۇردا نانغا ئېغىز تېگىشىگىچە كۆز قۇلاق بولاتتى.
— سىلى بېرىپ پىرىمنىڭ خىزمىتىدە بولسىلا، مۇسەللەس-
نى هازىرلا ئۆزۈم يەتكۈزۈپ بېرىمەن.
رەجەپ دەرۋىش شۇنداق دېدى - دە، ئاشخانىغا يانداش سې-
لىنغان يېمەك - ئىچمەك ئىسكىلاتىدىن ياخشى ئېچىغان بىر كوزا
مۇسەللەسنى ئالدى - دە، كۆنگەن ئادىتى بويىچە ئاشخانىنى بىر
تىنتىۋېتىپ ئاندىن باغقا بارماقچى بولۇپ ئاشخانىغا كىردى.
ئاشخانىدا چوقۇر يۈزنىڭ ئايالى باشقا ئاياللار بىلەن بىرلىكتە
چۆشلۈك غىزا تەييارلاۋاتاتتى.
— بىرەر نەرسە لازىممىكىن، خەلپەم؟ — دېدى چوقۇر
يۈزنىڭ ئايالى رومىلى بىلەن يۈزىنى يېرىم يۆگەپ تۇرۇپ.

— ناۋادا زەھەر تەسىر قىلماي قالسىچۇ؟
— مەخدۇمزادە زەھەر سېلىنغان مۇسەللەستىن بىر جام ئىچسىلا كۇپايە. بۇ زەھەر بەكمۇ ئۆتكۈر. مەخدۇمزادە نېرى - بېرىسىنى بىلىپ بولغۇچە باردىغان يېرىگە بېرىپ بولىدۇ.
ئۇلار يەنە خېلى ئۇزاق پىچىرلاشقاندىن كېيىن ئۇخلاپ قېلىشتى.
بۈگۈن ئوردىغا زىيارەتكە كەلگەن مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ تۈنۈگۈن ئەتىگەندىلا بىر قىسىم بەگ - سىپاھىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ شىكارغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ تولىمۇ رەنجىدى. چۈنكى، پىر بۇزرۇكىنىڭ دۇئاسىنى ئالماي، پىر بۇزرۇكنى تەكلىپ قىلماي ھېچقانداق باراۋەت، شىكارغا چىقمايدىغان ئىسمائىلخاننىڭ، ئىشان پىرىغا خەۋەرمۇ بېرىپ قويماي، شىكارغا چىقىپ كېتىشى ئۇنىڭ كۆڭلىگە يەنە تەشۋىش سېلىپ قويغانىدى.
«... ئوتتۇرىمىزدىكى ئاداۋەت تۇگىگەن، خان ئائىلىرى ماڭا قايتىدىن ئىخلاس قىلىشقا باشلىغان ئەمەسمىدى. ئەلۋەتتە خەۋەر بېرىپ قويغان بولسا، شىكارغا بىللە چىقىپ، ئىچ پۇشۇ-قۇمنى چىقىرىپ كەلمەمدىم. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بىلەن مىرزا باباقبەگنى قەستلەش ئىشىنىڭ شەپىسىنى بىلىپ قالدىمۇ ياق؟ ياق، مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا بۇ ئىشتىن ئازدۇر - كۆپتۇر خەۋەر تاپقان بولاتتىم. ھەرقاچان مىرزا باباقبەگ دېگەن جوھۇت قېرى خانغا مەندەك پىر بۇزرۇكنى بىللە ئاچىقماسلىققا كۈندۈرگەن گەپ. ئەجەب كىچىكلىرىنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ، بىزدەك كاتتا پىرى ئەزىزلەرنى چەتتە قالدۇرىدىغان بولۇۋالدىغۇ بۇ يۈزسىز سۇلتان. خەپ مۇشۇ ئىش-لىرىنىڭ قازاسىنىمۇ تارتىپ قالار بىر كۈنى...»
خوجا ئابدۇللا ئىشان ئۆيلانغانسېرى قورساق كۆپۈكى بولات-تى، قورساق كۆپۈكى بولغانسېرى ئىچى پۇشاتتى. باغدا شۇ

— قېنى ئالسىلا، خەلىپەم، — ئىشان شۇنداق دەپ قويۇپ مانتىدىن بىرنى ئىشتىھاسىزلا قولىغا ئالدى - دە، قايتا قول ئۇزاتمىدى. رەجەپ دەرۋىش ئاچ كۆزلۈك بىلەن پېتىر مانتىغا تېگىش قىلىشقا باشلىدى. مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان بولسا سوپى خىزمەتكار قويۇپ بەرگەن مۇسەللەستىن ئارقىمۇ ئارقا ئۈچ جام ئىچىۋەتتى.

ئۇسساپ تۇرغان ئىشانغا مۇزدەك سوغۇق مۇسەللەسنىڭ تە-مىنىڭ ئۆزگىچە تېتىشى ئانچە بىلىنمىدى. مۇسەللەس تىلىنى ئازراق قورۇغان بولسىمۇ، باشقىچە خىيالدا بولمىدى. تۆتىنچى جام مۇسەللەسنى گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋاتقان ئىشاننىڭ مەيدىسى بىردىنلا پىچاق تىققاندەك ئاغرىپ، تىلى سەمرىپ قالغاندەك بولدى.

كۆزى تورلىشىپ، پۈتۈن بەدىنى قولاشتى - دە، بېشى قېيىپ كۆڭلى ئاينىشقا باشلىدى. ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەپ چىق-قان قەيگە ئىشان بەرداشلىق بېرەلمەي داستىخانغىلا ياندۇ-رۇۋەتتى.

— ھۆ!...

شۇ ھامان ئىشاننىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن قاتتىق چۆچۈگەن رەجەپ دەر-ۋىش بىر نەچچە دەقىقە داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. كېيىن سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىشاننىڭ بېشىنى يۆلىدى.

— پىرىم، نېمە بولدى سىلىگە. . ئاھ خۇدايىم، ئۆزۈڭ پاناھىڭدا ساقلىغايسەن...

— مەخدۇمزادەم ... مەخدۇمزادەم ...، — دەپ ئۆزۈپ - ئۆزۈپ ئىڭرىدى ئىشان تىلى كالۋالىشىپ.

— دەرھال مەخدۇمزادىلەرنى چاقىرىڭلار، — دەپ ۋارقىر-دى رەجەپ دەرۋىش سوپى خىزمەتكارلارغا.

ھايال ئۆتمەي چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان ئىككى مەخ-

— ھېچ... ھېچنېمە، — دېدى رەجەپ دەرۋىش ئوغرى مۇ-شۈكتەك ئەتراپقا سەپ سېلىپ.

— قوللىرىدىكى نېمە ئۇ، خەلىپەم؟ — دېدى ئايال يەنە كوچىلاپ سوراپ.

— ئىشان پىرىمنىڭ ئۇسسۇزلۇققا كۆڭلى تارتىپ قاپتىكەن، — دېدى رەجەپ دەرۋىش، — پىرىمغا ئېلىپ ماڭدىم.

ئايالنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن دۈكۈرلەپ كەتتى.

— چۈشلۈك غىزا ئۈچۈن پىتىر مانتا قىلدۇرغانىدىم، — دېدى ئايال، — خەلىپەم كوزىنى كۆتۈرۈپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسىلە، مانتا ھازىرلا پىشىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى مانتا بىلەن قوشۇپ خىزمەتكارلاردىن ئەۋەتىپ بېرەي. سىلىمۇ ئىشان پىرىم بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ ئېغىز تەگسىلە.

مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان بىلەن بىر داستىخاندا غىزالىنىشنى كاتتا ئابرۇي دەپ بىلىدىغان رەجەپ دەرۋىشكە بۇ تەكلىپ ياغدەك ياقتى.

— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى ئۇ كوزىنى يەردە قويۇپ تۇرۇپ، — مەن پىرىمغا پىچىپ بېرىش ئۈچۈن قوغۇن ئېلىۋېلىپ بارغاچ تۇراي، ھايال بولماي ئەۋەتىپ بېرەرلا، مانتا كۆپرەك بولسۇن.

ئايال رەجەپ دەرۋىشنى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىردى - دە، نەچچە كۈندىن بېرى قويىنىدىن ئايرىماي كېلىۋاتقان ناسۋال قاپىقىنى ئېلىپ، كوزىنىڭ ئاغزىنى ئاۋايلاپ ئاچتى - دە، زەھەرنى كوزىنىڭ ئىچىگە قۇيۇۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى.

بىر چۆگۈن چاي قاينىمىچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە مۇسەللەس بىلەن مانتىغا ئىشتىھا ساقلاپ ئولتۇرغان ئىشان بىلەن رەجەپ دەرۋىشنىڭ ئالدىغا بىر لېگەن مانتا بىلەن بىر كوزا مۇسەللەس كەلتۈرۈلدى.

«ئاشۇ خوتۇن... ھەئە، چوقۇم ئاشۇ خوتۇندا بىر گەپ بار...»

رەجەپ دەرۋىشنىڭ قولاق تۈۋىدە مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا «مېنى خوجا ھىدايىتۇللا زەھەرلىدى» دېگەن سۆزلىرى قايتىدىن جاراڭلىدى - دە، كاللىسى تېز - تېز ئىشلەشكە باشلىدى. توغرا ئاشۇ خوتۇننىڭ ئېرى ھىدايىتۇللا ئىشاننى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە بېرىپ، بىر ھەمراھىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى ساق - سالامەت قايتىپ كەلدى. ئاشۇ خوتۇن مەن ئەۋەتىپ بېرەي دەپ مۇسەللەس كوزىسىنى ئېلىپ قالدى. بىر - بىرىگە باغلىق بۇ ئىشلار رەجەپ دەرۋىشنىڭ گۇمانىنى بارغانسېرى ئايدىڭلاشتۇرماقتا ئىدى.

مەخدۇمزادە قەسرىدە يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە رەجەپ دەرۋىشنى بارلىق سولۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيتتى. رەجەپ دەرۋىش ھىجابۇل غەيىبلەردىن يەتتە - سەككىزنى بىر يانغا تارتىپ قولىقىغا كۇسۇرلىدى. ئۇلار رەجەپ دەرۋىشنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيرانلىق ئىلكىدە بىر - بىرىگە قاراشتى.

— پەرمانىنى ھازىرلا بەجا كەلتۈرگەيسىزلەر، — دېدى رەجەپ دەرۋىش تەئەججۇپلىنىپ تۇرغان ھىجابۇل غەيىبلەرگە قاراپ، — پىر بۇزرۇكىمىزنىڭ قاتىلىنى تۇتۇش ھەممىدىن مۇھىم، بۇ ئىشنىڭ ھەق - ناھەقلىقىنى كېيىن ئايرىيمىز.

— خەلىپەمگە پەرمانبەردارمىز.

ھىجابۇل غەيىبلەر شۇنداق دېيىشكىنىچە چوقۇر يۈزنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرۈشتى.

ئۇلارنى چوقۇر يۈز بىلەن ئايالى ئۆكسۈلى ئۆچكەن ھالدا كۈتۈۋالدى.

— ئىككىلىرىگە خەلىپەمنىڭ گېپى بار ئىكەن، — دېدى ئۇلارنىڭ يولباشچىسى.

دۇمزادە يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ داد ـ پەرياد كۆتۈردى.

— مېنى... خوجا... ھىدايىتۇللا دېگەن... مەلئۇن... زەھەرلىدى... قىساسىمنى...

ئىشان گېپىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۈلگۈرمەيلا تىنىقتىن قال. دى. باغ ئىچىنى بىردىنلا ئېچىنىشلىق ھازا پەريادى قاپلىدى.

مىلادىيە 1671 ـ يىلى قوغۇن پىششىقىدا ئىسھاقىيە سۇلۇ. كىدىكىلەرنىڭ پېشۋاسى مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان ئىشقى. يە سۇلۇكىدىكىلەرنىڭ پېشۋاسى بولغان تاغىسى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ سۇيىقەستى بىلەن زەھەرلىنىپ ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلۇكى ئىسھاقىيەچىلەر ئۆزىنىڭ پېشۋاسىدىن ئايرىلىپ، يول. باشچىسىز قالدى.

مەخدۇمزادە قەسىرىدىكى ھازا بىر ئاز بېسىققاندىن كېيىن، خوجىسىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىش سەۋەبى ھەققىدە باش قا. تۇرغان رەجەپ دەرۋىشنىڭ ئېسىگە مانتا بىلەن مۇسەللەس كەل. دى. ھەئە، مانتىنى رەجەپ دەرۋىش يېگەن، ئەمما ھازىرغىچە ساپساق تۇرۇپتۇ. ئۇنداقتا چوقۇم ئاشۇ مۇسەللەستە بىر گەپ بار.

رەجەپ دەرۋىش چاچراپ قوپقىنىچە باغقا يۈگۈردى. باغدىكى داستىخان شۇ پېتىچە، يىغىشتۇرۇلمىغان ئىدى. تېخى يەپ بولۇن. مىغان مانتىنىڭ ئۈستىدە يۈزلىگەن چىۋىنلەر گىژىلدايتتى. رە. جەپ دەرۋىش مۇسەللەس كوزىسىنى قولىغا ئېلىپ سىلكىپ باق. تى. كوزىنىڭ يېرىمىدا يەنە مۇسەللەس قالغان بولۇپ، يەڭگىل شالاقلايتتى. مۇسەللەسكە زەھەرنى كىم سېلىۋەتكەندۇر؟ رەجەپ دەرۋىش يېمەك ـ ئىچمەك ئىسكىلاتىنىڭ ئاچقۇچىنى ھېچكىمگە تۇتقۇزمايتتى. مۇسەللەسكە ئۆزىنىڭ زەھەر سېلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنداقتا... رەجەپ دەرۋىشنىڭ كاللىسى. دىن تۇيۇقسىز بىر مۇدھىش خىيال كەچتى.

پىيالىنى ئېلىپ مۇسەللەسنى غورتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى.
— يەنە بىرنى ئىچسىلە، — دېدى رەجەپ دەرۋىش پىيالىگە مۇسەللەس قۇيۇپ تۇرۇپ.
چوقۇر يۈز زەھەر سېلىنغان بىر پىيالە مۇسەللەسنى ئالدىراپ تەسىر قىلماس دەپ ئويلاپ ئىككىلەنمەيلا ئىچىۋەتكەنىدى، ئەمما قاقۋاش رەجەپ دەرۋىش ئۇنى يەنە ئىچىشكە زورلاۋاتاتتى.
چوقۇر يۈزنىڭ قوللىرى تىترەپ، ۋۇجۇدىنى قارا تەر باستى.
— قېنى مەرھەمەت، — دېدى رەجەپ دەرۋىش.
چوقۇر يۈز يەنە بىر پىيالە مۇسەللەسنىمۇ ئىچىۋەتتى.
— يەنە بىرنى ئىچسىلە، بۇرادەر.
— بۇ... بۇ نېمە قىلغانلىرى، خەلىپەم؟ — دېدى چوقۇر يۈز چىرايى تاتارغان هالدا، — مېنى مەجبۇرلاپ مۇسەللەس ئىچۈرۈشكە چاقىرتقۇزمىغان بولغىيتتىلە ھەرقاچان؟
— ھەممىسى كۆڭۈللىرىگە ئايان، بۇرادەر، — دېدى رەجەپ دەرۋىش چوقۇر يۈزگە مىختەك تىكىلىپ تۇرۇپ، — رەھمەتلىك پىر بۇزرۇكۇممۇ مۇشۇ مۇسەللەستىن تۆت جاملا ئىچكەنىدى. سىلى تېخى ئەمدىلا ئىككى جام ئىچتىلە. قېنى خوش، پىرىمىنىڭ مۇبارەك لېۋى تەگكەن مۇسەللەس بۇ.
— ئەمدى ھەرگىز ئىچمىسىلە، — دېدى ئالاقزادە بولغان ئايال ئېرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ.
چوقۇر يۈز سىرىنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىغا كۆزى يەتتىدە، ئۆلۈپلا تۇگىشىپ، خوتۇن - بالىلىرىنى بالا - قازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى، پىيالىدىكى مۇسەللەسنى گۈپپىدە كۆتۈرۈۋەتتى. شۇ ھامان ئۇنىڭ قورسىقى مۇجۇپ ئاغرىپ، يۈرىكىگە مىخلاپ پىچاق سانجىلدى، تىلى سەمرىپ، يۈز مۇسكۇللىرى قىمىلداپ قىچىشىشقا باشلىدى. ئۇ بىردىنلا غارقىرىتىپ قان قۇستى - دە، ياتقان يېرىگە پالاققىدە يىقىلدى.
— ھەممىنى... مەن قىلغان... خوتۇن... بالىلىرىمىنىڭ...

— ھەرقايسىلىرى بارغاچ تۇرۇشسىلا، سەل تۇرۇپ ئارقى-لىرىدىن بارايلى، — دېدى چوقۇر يۈز ئالاقزادىلىكىنى يوشۇ-رۇشقا تىرىشىپ.

— خەلىپەم بىللە ئەكىلىڭلار دېگەن، يۇرۇشسىلە.

چوقۇر يۈز ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ قارشىلىق كۆر-ستىشكە تەمشىلىۋىدى، ئۇلار چاقچاقلىق بىلەن ئۇنى باغلى-ۋالدى - دە، داد - پەرياد كۆتۈرگەن ئايالى بىلەن يەتتە بالىسىنى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى.

رەجەپ دەرۋىش ئۇلارنى باغدا ساقلاپ تۇراتتى. شۇئەيب خوجا بىلەن دانىيال خوجا تېخىچىلا ئۆپكىدەپ يىغلاشقىنىچە رە-جەپ دەرۋىشنىڭ قېشىدا ئۆرە تۇراتتى.

— بىزگە ئۇۋال بولدى، خەلىپەم، — دەپ پەرياد كۆتۈردى چوقۇر يۈز.

— ئۇۋال بولغان - بولمىغانلىقى ھازىر مەلۇم بولىدۇ، بۇرادەر، — دېدى رەجەپ دەرۋىش ئاپئاق ساقاللىق بېشىنى گىلدىڭلىتىپ تۇرۇپ خىرقىرىغان ھالدا. ئۇ كوزىدىكى مۇسەل-لەستىن بىر پىيالە قۇيۇپ، چوقۇر يۈزنىڭ ئايالىغا تەڭلى-دى، — قېنى بۇ مۇسەللەسنى ئىچىۋەتسىلە.

— ئەقىللىرى جايىدىمۇ، خەلىپەم، — دېدى چوقۇر يۈز غەزەپ بىلەن توۋلاپ، — ئايال كىشىنىڭ مۇسەللەس ئىچكىنىنى نەدە كۆرگەن سىلى.

— شۇنداق، مەن ئەقلىمدىن ئېزىپتىمەن. ئايال كىشى مۇسەللەس ئىچىشكە بولمايدۇ، — دېدى رەجەپ دەرۋىش چىشلى-رىنى غۇچۇرلىتىپ، — ئەمسە سىلى ئىچسىلىغۇ بولار.

— ئىچسەم ئىچتىم، — دېدى چوقۇر يۈز.

— ئۇنى يېشىۋېتىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى رەجەپ دەرۋىش.

باغلاقتىن بوشانغان چوقۇر يۈز رەجەپ دەرۋىشنىڭ قولىدىكى

تەڭلىدى. قورقۇپ كەتكەن قىزچاق قىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى.

— بالىنى قويۇۋەتسىلە، خەلىپەم، نارەسىدە بالىدا گۇناھ يوق، — دېدى ئايال ئالاقزادىلىك بىلەن تېپىرلاپ.

— ئەمىسە ئېيتە، سېنى زەھەر سېلىشقا كىم بۇيرۇدى؟

— مەن قىلمىدىم، — دېدى ئايال يەنە تېنىۋېلىپ.

— مانا ئەمىسە، — رەجەپ دەرۋىش بالىنىڭ بوينىغا خەنجەرنى زەرب بىلەن ئۇردى. شۇ ھامان بالىنىڭ نازۇك تېنى يەرگە يىقىلىپ، چىلگىدەك كىچىككىنە بېشى رەجەپ دەرۋىشنىڭ قولىدا گىلدىڭلاپ قالدى. بالىنىڭ بوينىدىن چاچراپ چىققان قان رەجەپ دەرۋىشنىڭ مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرغان ئاپئاق ساقىلىنى قىپقىزىل بويىدى.

— خۇش بولاي، مەن دەي!...

ئانا ئەنە شۇنداق ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىغىنىچە قىزىنىڭ باشسىز گەۋدىسىگە ئۆزىنى ئاتتى.

سىڭلىسىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىنى كۆرگەن ئاكا - ھەدىلەرى قورقۇنچتىن بىر - بىرىگە يېپىشىپ، غۇژمەكلىشىۋالدى. دەھشەتلىك ۋەھىمىدىن بالىلار يىغلاشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

— ئاۋۇ جادىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇڭلار، — دېدى رەجەپ دەرۋىش قولىدىكى بالىنىڭ بېشىنى خۇددى بىر تال چامغۇرنى تاشلىغاندەك چۆرۈپ تاشلاپ.

چاپارمەنلەر ئايالنى يۆلىۋىدى، بېشى بىر يانغا قىيسىيىپ قالدى.

— بۇ جادى ئۆلگەن ئوخشايدۇ، خەلىپەم، — دېدى بىر چاپارمەن ئايالنىڭ ئاغزىغا قولىنى تۇتۇپ بېقىپ.

— ئۆلۈپتۇ؟ — دېدى رەجەپ دەرۋىش ئىشەنمىگەن ھالدا كېلىپ ئايالنىڭ ئاغزىغا قولىنى ياقتى. ئاندىن بويۇن تومۇرىنى

بۇ ئىش بىلەن... ئالاقىسى يوق...
— سىلىنى بۇنداق قىلىشقا كىم بۇيرۇغان، بۇرادەر، — سورىدى رەجەپ دەرۋىش يەردە جان تالىشىپ ياتقان چوقۇر يۈزنىڭ بېشىغا كېلىپ.
چوقۇر يۈز ئاغزىنى بىر - ئىككى قېتىم ئۆمەللىدى - دە، جان ئۈزدى. ئېرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەن ئايال داد - پەرياد كۆتۈرۈۋىدى، رەجەپ دەرۋىش تۇۋلاپ توختاتتى. چوقۇر يۈزنىڭ چوڭى ئون تۆت ياش، كىچىكى ئەمدى ئىككى ياشقا كىرگەن باللىرى كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ دەھشەتلىك پاجىئەدىن قورقۇپ يا يىغلاشنى، يا كۈلۈشنى بىلەلمەي قېتىپ قېلىشقانىدى.
— ئېيتە، ئى قارا كۆڭۈل مەزلۇم، زەھەرنى مۇسەللەسكە نېمە ئۈچۈن سالدىڭ؟ — دېدى ئىشان ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كەتكەن ئايالغا نەشتەردەك تىكىلىپ تۇرۇپ.
— ئۇۋال قىلمىسىلا، خەلپەم، زەھەرنى مەن سالمىدىم، — دېدى ئايال قەتئىيلىك بىلەن.
— ئەمىسە كىم سالدى؟
— خۇدا بىلىدۇ.
— ئاللانىڭ مۇبارەك نامىنى تىلىڭغا ئالغۇچى بولما، جادى، — دېدى رەجەپ دەرۋىش بىردىنلا غەزەپكە كېلىپ، — ئەگەر راست گېپىڭنى قىلمايدىغان بولساڭ مۇنۇ كۈچۈكلىرىڭنى بىرنى قويماي بوغۇزلاپ تاشلايمەن.
ئايال ۋەھىمىگە تولغان كۆزلىرى بىلەن بىردە رەجەپ دەرۋىشكە، بىردە پوتلا - ماڭقىلىرىنى ئېقىتىشىپ ئۈنلۈك يىغلاشقىمۇ پېتىنالماي، ئۆپكىدەپ تۇرغان باللىرىغا قارىدى، ئەمما زۇۋان سۈرمىدى. سەۋر قاچىسى تولغان رەجەپ دەرۋىش ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەن قىزنىڭ كىچىككىنە كوكۇلىسىدىن قامالاپ تۇتتى - دە، ئوڭ قولىدىكى خەنجەرنى باللىنىڭ كېكىردىكىگە

خۇددى قوزىغا ئېتىلغان بۆرىدەك تاشلاندى ـ دە، غىلىپىدىن سۇغۇرۇۋالغان خەنجىرىنى بالىنىڭ كۆكرىكىگە تىقىۋەتتى.

— مەنمۇ بۇ توڭگۇزنىڭ كۇچۇكلىرىنى ئۆز قولۇم بىلەن بوغۇزلىمىسام ھەرگىز دەردىم چىقمايدۇ، — دېدى شۇئەيىب خوجىمۇ ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەن ئوغۇل بالىنىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ تۇتۇپ.

— قېنى، يارەنلەر، پىر بۇزرۇكىمىزنىڭ قىساسىنى ئالايلى!

قايسىبىر تەلۋە سوپىنىڭ كۇشكۇرتۇشى بىلەن قالغانلىرىمۇ بىر توپ يىرتقۇچلاردەك تۆت بالىغا تاشلاندى ـ دە، بىردەمدىلا ئۇلارنى پارە ـ پارە قىلىپ تاشلىدى. يەردىكى ياپيېشىل كوكاتلار قىپقىزىل قانغا بويالدى.

شۇ دەقىقىدە ئوپئوچۇق ئاسماندا ھاۋا گۈلدۈرلەپ دەھشەتلىك چاقماق چاقتى. باغ تەۋرىگەندەك بولدى. باغدىكى دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلار سىلكىندى. چاقماق بىر قانچە دەقىقە چاققاندىن كېيىن، قانداق تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق تۇيۇقسىز غايىب بولدى. سوپى ـ دەرۋىشلەر بۇ تۇيۇقسىز كارامەتتىن قاتتىق چۆچۈشتى، قورقۇنچتىن لاغ ـ لاغ تىترىدى.

— ئىشان پىرىمىزنىڭ قىساسىنى ئالغانلىقىمىز ئۈچۈن ئەرشتىكى مالائىكە ـ ماشايىخلار تەنتەنە قىلىۋاتىدۇ، — دېدى رەجەپ دەرۋىش ئىچكى قورقۇنچىنى بېسىپ تۇرۇپ ۋە ئىككى مەخدۇمزادىگە قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەسلىرىدە مەھكەم تۇتۇشسىلا، مەخدۇمزادىلىرىم، جەننەتماكان پەدەرۇ بۇزرۇكلىرىغا نا مۇسۇلمان، ئەشەددىي ئەغيارىمىز خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان دېگەن توڭگۇز قەست قىلدى. خۇدا بۇيرۇسا، ئول مۇلھىدنىمۇ مانا مۇشۇنداق بۇردا ـ بۇردا قىلىپ سەگكە① تاشلاپ بەرگەيمىز.

① سەگ — ئىت.

تۇتۇپ باقتى ـ دە، بىر ياندا تېغىچىلا مىشىلداپ تۇرغان ئىككى مەخدۇمزادىگە قاراپ دېدى، — ئەتتەڭ، بۇ جادىنىڭ جېنى ئە-جەب بوشكىنا.

كۆز ئالدىدىلا يۈز بەرگەن پەرزەنتىنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئە-سىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن شور پېشانە ئانىنىڭ يۈرىكى يېرى-لىپ كەتكەندى.

— ئى جەننەتماكان پىرى بۇزرۇكۇم، قاتىللىرىنىڭ ئاتارمى-نىنى ئېنىقلاپ، ئۆز قولۇم بىلەن بوغۇزلاپ تاشلىمىسام دوزىخى بولۇپ كېتەي، — دەپ پەرياد چەكتى رەجەپ دەرۋىش.

باشقىلارمۇ رەجەپ دەرۋىشكە ئەگىشىپ قايتىدىن ھازا ئې-چىشتى.

— ئاھ، ئىشان پىرىم!

— بىزنى تاشلاپ كەتتىلىغۇ...

— يۈرەك ـ باغرىمىزنى داغلىلىغۇ...

— ھەزرىتى داۋۇت ئەلەيھىسسالامدەك خۇش ئاۋازلىرىنى نەدىن ئاڭلايمىز ئەمدى.

— ئاھ مېھىر ـ شەپقەتلىك ۋەلىيۇللا خوجام.

— شېھىت كەتكەن خوجام.

— ......

سوپى ـ دەرۋىشلەر بىر پەس ھازا ئېچىشقاندىن كېيىن جىم بولۇشتى.

— مەخدۇمزادىلىرىمىزنى قەسرىگە ئاپىرىپ قويۇڭلار، چارچاپ قالمىسۇن، — دېدى رەجەپ دەرۋىش.

— ياق، مەن ھەزرىتى پەدەرىمنى قەستلىگەن قاتىلنىڭ كۆچۈكلىرىنى ئۆز قولۇم بىلەن بوغۇزلىمىسام ھەرگىز پۇخادىن چىقمايمەن.

دانىيال خوجا شۇنداق دېدى ـ دە، نېمە پاجىئە بولغانلىقىنى تازا ئاڭقىرالماي شۇمشىيىپ تۇرغان تۆت ياشلىق ئوغۇل بالىغا

گوماندار ئاللىقاچان بالا - چاقىلىرى بىلەن تولۇق قىرىپ تاشلاز-
غان. خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانغا گۇناھ ئارتقۇدەك پاكىت يوق.
شۇڭا، خان ئالىيلىرى يالقۇنغا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئاداۋەت
ئوچقۇنىنى ئۆچۈرۈپ، ئەلنى بالايىئاپەتتىن خالاس قىلىش ئۈچۈن
شەخسەن ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقمىقى زۆرۈر.
— تەپسىلىيرەك سۆزلىسىلە، ئەمىرى كەبىر، — دېدى
سۇلتان ئىسمائىلخان.
— دېمەكچىمەنكى، — دېدى مىرزا بابـاقبەگ چـۈشەز-
دۈرۈپ، — ئانھەزرىتىم ئەتە بامداتتىن يېنىپلا مەخدۇمزادە قە-
سرىگە پاتىھەگە بارغاچ، ئىككى مەخدۇمزادىگە تەسەللى بېرىپ،
پىر بۇزرۇكنىڭ ھەققىي قاتىلىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، قىساس
ئالىدىغانلىق توغرۇلۇق ۋەدە بەرگەيلا ھەمدە خەلىپە رەجەپ دەر-
ۋىشكە ئاساسسىز گۇمانلارنى قالايمىقان سۆزلەپ ئەل ئارىسىدا پىتـ-
نە - ئىغۋا تارقاتماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلغايلا ھەمدە مەرھۇم
مەخدۇمزادىنىڭ ئۆلۈمى توغرۇلۇق ئاغزىغا كەلگىنىچە قالايمىقان
پىتنە - ئىغۋانى باشقىلارغا يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ كاللىسى ئېلىنى-
دىغانلىقى ھـەققىدە يـارلىق چۈشـۈرگەيلا. شۇنـداق قىلـساق
پىتنە - ئىغۋانىڭ ئەل ئارىسىغا تارقىلىپ كېتىشىنى توسۇپ،
سۇلۇك مۇرىتلىرى ئارىسىدىكى ماجىرانىڭ ئالدىنى ئالغىلى،
سۇلۇكلەر ئوتتۇرىسىدىكى پارتلاش ئالدىدا تۇرغان قىرغىنچىلىق-
نى توسۇپ قالغىلى بولىدۇ. ئاۋام - رەئىيەتمۇ زىيادە گۇمانلار-
دىن خالىي بولىدۇ.
— ئارى، — دېدى مىرزا ئەۋەزبەگ مىرزابابـاقبەگنىڭ خانغا
بەرگەن مەسلىھەتىنى قوللاپ، — ئەمىرى كەبىر جانابلىرىنىڭ
ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئەينى مۇددىئادۇر. مېنىڭچە، يەنە خان
ئالىيلىرى پۈتكۈل ئەلنى پىرى بۇزرۇككە ماتەم بىلدۈرۈپ قارى-
لىق تۇتۇش، قىرىق كۈنگىچە توي - تۆكۈن، بەزمە - مەشرەپ
قىلماسلىق، ھازا - قارىلىق كىيىملىرىنى كىيىش خۇسۇسىدا

## 8

مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان پاجىئەسىدىن خەۋەر تاپقان
سۇلتان ئىسمائىلخان قاتتىق چۆچۈدى. ئۇ شىكارنى دەرھال يى-
غىشتۇرۇپ خانىمازدىن ئالا پېشىن بىلەن يولغا چىقىپ كېچىلەپ
ئوردىغا قايىپ كەلدى - دە، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوردا ئەركانلى-
رى بىلەن جىددىي كېڭەش ئۆتكۈزدى.
— جانابىي ئەمىرلەرگە مەلۇملۇق، — دېدى سۇلتان ئىسما-
ئىلخان قايغۇرغان ھالدا، — پىرى بۇزرۇكىمىز سۇيىقەستكە
ئۇچراپ قازا قىلىپتۇ، مەرھۇم بۇزرۇكۋارىمىزنىڭ ياتقان يېرى
جەننەتتە بولغاي. ھەرقايسىلىرىنى جىددىي كېڭەشكە چاقىرتى-
شىمدىكى مەقسەت، پىر بۇزرۇكىمىزنىڭ بىئەجەل ئۆلۈمى سە-
ۋەبلىك سەئىدىيە تەسەررۇپىدا ئەمدىلا تىنچىغان سۇلۇك - مەز-
ھەپ ماجىرالىرى قايتىدىن باش كۆتۈرۈشى، بۇ ماجىرا ھەتتا
چوڭ بىر قىرغىنغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، بۇ يوشۇ-
رۇن خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن بىرەر تەدبىر كۆرسەتكەي-
سىزلەر.
— ئالىيھەزرىتىمنىڭ پەرىزى بەرھەق، — دېدى ئەمىرى كە-
بىر مىرزا باباقبەگ، — مەخدۇمزادىمىزنىڭ سۇلۇك مەسئۇلى
خەلىپە رەجەپ دەرۋىش «بۇ پاجىئەنىڭ سەۋەبكارى سۇلۇكى ئىش-
قىيە پېشۋاسى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاندۇر» دەپ يۇرگۇدەك.
ئەگەر بۇ گەپ ئەل - يۇرتقا تارقىلىپ كەتسە، ئىككى سۇلۇكتىكى
ئاۋام ئارىسىدا ھەقىقەتەن چوڭ قىرغىنچىلىق كېلىپ چىقىدۇ.
گەرچە مەرھۇم مەخدۇمزادىمىزنىڭ زەھەرلىنىپ ئۆلگىنى راست
بولسىمۇ، زەھەر سالغۇچىنىڭ مەقستى ھازىرغىچە نائېنىق.

ئەتىسى ئەتىگەندە ھازا كىيىمى كىيگەن سۇلتان ئىسمائىل-
خان بارلىق ئۇردا ئەركانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ مەخدۇمزادە قەسى-
رىگە كەلدى - دە، ئىككى مەخدۇمزادىدىن ھال سوراپ پەتە
ئوقۇدى. خەلىپە رەجەپ دەرۋىش بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈپ،
پاكىت - ئىسپاتى يوق سۆزلەرنى قىلىپ ئەل ئارىسىدا پىتنە -
پاسات تارقاتماسلىقنى جېكىلىدى. مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا
ئىشاننىڭ مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئىككى
مەخدۇمزادىنى ئوڭ - سول تەرىپىگە ئېلىپ تاۋۇتنىڭ ئالدىدا
ھازا ئېچىپ ماڭدى.

سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ شۇ دەرىجىدە كۆرسەتكەن ئىلتىپا-
تىدىن تەسىرلەنگەن ئىككى مەخدۇمزادە، شۇئەيب خوجا بىلەن
دانىيال خوجا كۆزلىرىگە مىننەتدارلىق ياشلىرىنى ئېلىشتى.
ئاتىسىنىڭ قاتىلىنى تېپىپ جازالاپ بېرىشنى خاندىن قايتا - قايتا
ئۆتۈندى. ئىسمائىلخان ئۇلارغا ۋەدە بەردى ۋە ئىككى مەخدۇمزا-
دىنى پىر ئۇستاز تۇتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، شۇ يەردىلا ئۇلارغا
قول بەردى. بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئىسھاقىيە قىساسچى-
لىرى خان يارلىقىغا ئەمەل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئىشلارنى
ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان رەجەپ دەرۋىش ئىشقىيە سۇلۇ-
كىدىكىلەردىن قىساس ئېلىشنى سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ چەكلەپ
قويغانلىقىدىن كۆڭلىدە نارازى بولسىمۇ، داۋراڭ كۆتۈرۈشكە
ئامالسىز قالدى.

شۇنداق قىلىپ، مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان پاجىئە-
سى ئەنە ئاشۇنداق بېسىقتۇرۇلدى.

يارلىق چۈشۈرگەيلا. بۇنداق قىلساق، بىرىنچىدىن، مەخدۇمزا-
دىلەر قىبلىگاھىمدىن مىننەتدار بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، كۆڭلى
خاتىرجەم بولۇپ ئارتۇقچە ئوي - خىيال، بەتگۇمانلاردا بولمايدۇ.
ئۈچىنچىدىن، ئانەزرىتىمنى ئىسھاقىيە سۇلۇكىگە ھامىيلىق قى-
لىدىكەن دېگەن تۇيغۇغا كېلىدۇ - دە، ئوردىنىڭ يارلىقى بىلەن
قارشىلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. تۆتىنچىدىن، قىساس ئېلىش-
قا پېتىنالمايدۇ.

— پىر بۇزرۇكنىڭ مۇسىبىتىنى خاتىرجەم ئۇزىتىۋالساقلا،
بۇ باش ئاغرىقىمۇ بارا - بارا بېسىقىدۇ، — دېدى مىرزا باباق-
بەگ، — ئىككى مەخدۇمزادە تېخى كىچىك. ئۇلارنىڭ ئىسھاقىيە
سۇلۇكىگە باشچىلىق قىلىپ ئىش تەۋرىتىشىگە يەنە بەش - ئون
يىل ۋاقىت بار. ئۇنىڭغىچە سەلتەنەت سۈرىگە تايىنىپ سۇلۇكى
ئىشقىيە پېشۋاسى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ھەزرەتلىرىنى چەكلەپ
تۇرساقلا، سەئىدىيە تەسەررۇپىنىڭ ئىچكى تىنچلىقى مۇقىم دا-
ۋاملىشىۋېرىدۇ.

— مەخدۇمزادىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن خان ئاتام بىر باش ئاغرى-
قىدىن قۇتۇلىدىغان بولدى، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم
خېنىم، — ئەمدى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانغا تاقابىل تۇرماق
ئاسان. ئول ھەزرەت خانلىق قانۇن - جاساقىقا بويسۇنسا بويسۇنۇ-
دى، بولمىسا ئەدەپ - جازاسىنى بېرىمىز. ئىشقىلىپ مەخدۇم-
زادە ئىشاننىڭ ئۆلۈمى سەلتەنىتىمىزنى سۇلۇك بالاسىدىن قۇتۇل-
دۇردى.

گەرچە مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ
كۆڭلىدىكى گەپنى قىلغان بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر خان ئۇنىڭغا
نارازىلىق بىلەن ئالايدى.

ئۇلار پىكىر بىرلىكىگە كەلگەندىن كېيىن، مىرزا دىۋاننىڭ
باش مىرزىسىنى ئەتىگىچە ئىككى پارچە يارلىق تەييارلاشقا بۇي-
رۇپ كېچەشتىن تارقىلىشتى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: ھەجەرگۈل تۇرسۇن
مۇقاۋا رەسىمىنى سىزغۇچى: ئابدۇشۇكۇر كېرىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# جاللات خېنىم

(تارىخىي رومان)

ئاپتورى: ياسىنجان سادىق چوغلان
مۇھەررىرى: ئەركىن ئىبراھىم

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىنبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم،
باسما تاۋىقى: 29.75، قىستۇرما بېتى: 20
2003 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2003 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN7 — 228 — 08354 — 7/I
تىراژى: 1—5000
ئومۇمىي باھاسى (2 قىسىم): 52.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز